چىڭغىز ئايتماتوۋ

# قىيامەت



چىڭغىز ئايتماتوۋ

قىيامەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7 — 228 — 01467 — 7
I · 493（民文）定价：4.70元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ئۇيغۇر كىتاب تورىستانى
www.uyghurkitap.com

چىڭگىز ئايتماتوۋ
سوۋېت ئىتتىپاقى

# قىيامەت

ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: خەلىم سالىخ



# قىيامەت

چىڭگىز ئايتماتوۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)
ئۆزبېكچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: خەلىم سالىخ
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنگو كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 17.25، قىستۇرما ۋارىقى: 2
1991 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
1991 - يىل 1 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 2.800
ISBN 7—228—01467—7/I·493
باھاسى: 4.70 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تەرجىماندىن

مەشھۇر سوۋېت قىرغىز يازغۇچىسى چىنگىز ئايتماتوۋ 1928 - يىل 12 - دېكابىر كۈنى قىرغىزىستاننىڭ تالاس ئوبلاستىدىكى شېكەر يېزىسىدا زىيالىي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەسەرلىرىنى رۇسچە ۋە قىرغىزچە يازىدۇ. ئۇ «جەمىلە» (1958 - يىل)، «ئانا — يەر» (1963 - يىل)، «ئەلۋىدا، گۈلسارى!» (1966 - يىل)، «ئاق پاراخوت» (1970 - يىل) قاتارلىق ئەسەرلىرىدە زامانىمىزدىكى ئۆتكۈر ئىجتىمائىي ئەخلاق مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، بۇ ئەسەرلەردە خەلق ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، رىۋايەتلەردىكى ئوبرازلاردىن پايدىلىنىش پىسخىك تەھلىل بىلەن چىڭ بىرلەشتۈرۈلگەن.

يازغۇچىنىڭ «قىيامەت» رومانى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر، پاجىئەلىك ۋەقەلىكلەر ۋە تەسىرلىك دراماتىزم ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىنسانىيەتنى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان قىيامەت تەقدىرى ۋە كېلىش ئالدىدا تۇرغان بالايىئاپەتتىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. ئۆزگىچە ئەدەبىي ئۇسلۇپتا يېزىلغان بۇ روماندا تەقدىر ۋە ئازادلىق، جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر تەسۋىرلىنىدۇ. يازغۇچى بوستون، ئاۋدىي، پونتىي پىلات قاتارلىق ئوبرازلار ئارقىلىق ھايات ھەققىدە پەلسەپىۋى پىكىر يۈرگۈزىدۇ.

«قىيامەت» رومانى سوۋېت ئەتتىپاقىدا چىقىدىغان «يېڭى دۇنيا» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 6 -، 8 - ۋە 9 - سانلىرىدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەمئىيەتتە كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى، بۇ ئەسەرنى چۆرىدىگەن ھالدا، ئۇنىڭغا باھا بېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. نۇرغۇن ئوبزورچىلار، بۇ جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەر پاش قىلىنغان پەند - نەسىھەت خاراكتېرلىك ئەسەر، ئۇنىڭدا زامان ۋە ماكان چېكى بۇزۇپ تاشلىنىپ، تۈرلۈك ۋەقەلىكلەر بىر - بىرىگە گىرەلەشتۈرۈۋېتىلگەن، «يات» ۋە «سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن چۈشىنىشكە تۇغرا كېلىدىغان» ئالاھىدە شەكىلدىكى بىر سەنئەت گۈلدەستىسى، دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار، بۇ رومان ھازىرقى سوۋېت جەمئىيىتىنىڭ «ئەجەللىك يېرى»گە تەگكەن، بۇ جەھەتتە ئايتىماتوۋ ھېچنېمىدىن قورقمىغان؛ ئەسەردىكى مۇلاھىزىلەر مۇرەككەپ، كىنايىلەر ناھايىتى چوڭقۇر، ئۇنىڭ «يازغۇچىنىڭ قەلبىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك»، دەپ كۆرسەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر، موينىقۇم چۆلىنىڭ قىيامەت كۈنى توغرىسىدىكى تەسۋىرلەر كارامەت ياخشى يېزىلغان، دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار بوستوننى يېڭى دەۋر ئاچالايدىغان چارۋىچى، روشەن ۋە مۇكەممەل ئوبراز دېيىشتى. رومانىنىڭ 3 - قىسمىنى «رېئاللىقتىكى ئايتىماتوۋ»، «بۈيۈك يازغۇچىنىڭ ئۇسلۇبى» دەپ قاراپ، سوۋېت ھېكايىچىلىكىدە «تېخى بوۇنداق ئەسەر يېزىلمىغان»، «يازغۇچىنىڭ ئۆز مەقسىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ يېڭى ئەسەر ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن» دەپ ھېسابلىدى.

رومان نەشىردىن چىقىشى بىلەنلا كۈچلۈك بەس - مۇنازىرىلەرنى قوزغىدى. بەزى ئوبزورچىلار بۇ ئەسەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بەزى بابلىرىدىن ھەتتا «چۇۋچۇپ كەتكەن»، ئۇنى «چۈشەنمىگەن»، «ياخشى

كۆرمىگەن»، ئۇنىڭدىن «ئاز - تولا ئۈمىدسىزلەنگەن»، شۇنىڭدەك «بىزار بولغان». ئومۇمەن ئالغاندا، «چۈشەنمەسلىك» ئاساسەن «ئىنجىل»غا دائىر ۋەقەلىككە مەركەزلەشكەن. ئۇلار، ئاپتورنىڭ بىر خرىستىئاننى باش قەھرىمان قىلىۋالغانلىقى ئادەمنى «گاڭگىرىتىپ قويىدۇ»، ئەسەردە خرىستىئۇس توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر ۋە ئىنجىل قىسسىلىرى «ئۆرپ - ئادەتكە مۇۋاپىق ھالدا بىر تەرەپ قىلىنغان»، شۇڭا روماننىڭ بۇ قىسمىدىن «سەل - پەل مودا قوغلاشقانلىق» چىقىپ تۇرىدۇ، دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار، بۇنداق ۋەقەلىكلەر «ئاتېئىزملىق دۇنيا قاراش بىلەن سىغىشالامدۇ - يوق؟» ئاپتور «خرىستىئان دىنىي ئەنئەنىلىرىنى قوغداش» تەرەپدارىمۇ - قانداق؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى. بەزىلەر، ئايتماتوۋ «قىيامەت» رومانىدا نېمە ئۈچۈن بىر جۈپ بۆرىنى يازىدۇ؟ يەنە كېلىپ، ئۇلارنى نېمىشقا «سەمىمىي - ساداقەتلىك»، «ئاق نىيەتلىك ۋە جاسارەتلىكنىڭ سىمۋولى» قىلىپ يازىدۇ؟ دېيىشتى. بەزىلەر، نېمىشقا «ئالتەيلەن ۋە يەتتىنچى»دىكى ساندرو ئۆزىنى - ئۆزى ئېتىۋالىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈۋېلىشى «شەخسىي بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچىمىنىڭ بىردەك بولماسلىقى»دىن دېرەك بېرەمدۇ - قانداق؟ كىتابنىڭ ئىسمىنى نېمىشقا «قىيامەت» قويىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇ نۇرغۇنلىغان «چۈشەنمەسلىك»لەرنى «ئەسەرنىڭ غەلىتىلىكى ياكى تۇرمۇشنىڭ غەلىتىلىكى»گە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ.

بۇ «رومان ئوخشىمىغان پىكىر ۋە ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى». ئايتماتوۋ «ئەدەبىيات گېزىتى» مۇخبىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، «قىيامەت»نىڭ بەس - مۇنازىرە قوزغىشى مۇمكىنلىكىنى پەملىگەنىدى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ مەن جىددىي ئەدەبىي تەنقىدكە ئىنتىزارمەن، لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتمىسەم بولمايدۇكى، مۇبادا، ئوبزورچىلار ئەسەردە دىنغا بولغان ئامراقلىقنىڭلا ئىپادىلەنگەن ـ ئىپادىلەنمىگەنلىكىگە ئاساسلانسا ياكى ئەسەرنى ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان بىر يۈرۈش فورمۇلىغا سېلىپلا ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ ۋەقەلىكلەرنى قانداق قىلىپ «تامامەن دىنغا يات مەقسەت ۋە پىكىردە ئىشلەتكەن»لىكىگە دىققەت قىلمىسا، ئۇ ھالدا، «ئۇلار ئىككى كۆزىنى كىتابقا تىكىپ تۇرغىنى بىلەن، ھېچنېمىنى چۈشەنمەيدۇ» دېگەندى.

«قىسمەتنى ھاياتلىقتا» دېگەن تېمىدىكى زىيارەت خاتىرىسىدە، ئايتماتوۋ «قىيامەت»نى يېزىشتىكى ئىدىيىسى ۋە كىتابخانلارنىڭ چۈشەنمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە چۈشەنچە بەرگەنىدى. كىتابخانلارنىڭ بۇ ئەسەرنى چۈشىنىشىگە ياردىمى تېگىپ قالار دېگەن مەقسەتتە، تۆۋەندە شۇ زىيارەت خاتىرىسىدىن بىرنەچچە ئۈزۈندە ئالىمىز:

بەش قەھرىمان توغرىسىدا. «خرىستىئان دىنى ئىنتايىن قۇدرەتلىك بىر شەخسنى ــ ئەيسا پەيغەمبەرنى ياراتتى... ئەيسا پەيغەمبەر مېنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە مەلۇم يوشۇرۇن نەرسىلەرنى بايان قىلىپ بېرىشىمگە ئاساس بولدى. شۇڭلاشقا، مەن ئاتېئىست بولساممۇ ئىجادىيەت يولۇمدا ئەيسا بىلەن ئۇچراشتىم. مېنىڭ باش قەھرىمان تاللاشتىكى سەۋەبىم ئەنە شۇ»، «شۇنداق، ئاۋدىي ئۆزى رۇس، لېكىن مەن ئۇنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە كۆرىمەن، بىر خرىستىئان مۇرىتى سۈپىتىدە كۆرىمەن... مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مەن ئادەمگە تۇتىشىدىغان بىر يولنى دىن ئارقىلىق پۈتكۈزۈپ چىقماقچى بولدۇم. تەڭرىگە تۇتىشىدىغان يولنى ئەمەس، ئادەمگە

ئۆتمىشىدىغان يولىنى! ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، رومانىدىكى ھەممە يىپ ئۇچلىرىدىن بىر ئاساسلىق يىپ ئۇچى چىقىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئاۋدىي ۋە ئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرى».

پونتىي پىلات بىلەن ئەيسانىڭ سۆھبىتى توغرىسىدا، «مەن بەزى يېڭى نەرسىلەرنى، بىز بۈگۈنكى كۈندە تونۇشقان نەرسىلەرنى كىرگۈزمەكچى بولدۇم، بولۇپمۇ ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ دۇنياۋى ئاجىزلىقلىرىنى سۆزلىمەكچى بولدۇم. مەن زادىلا، كۆپچىلىك مەھشەر كۈندىكى سوراقنى دۇنيانىڭ يادرو قىيامىتى دەپ چۈشەنسۇن، دېگەن ئويدا ئەمەسمەن، لېكىن دەل شۇنداق تەھدىتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغانلىقىم ئۈچۈن، قورقۇشقا تېگىشلىكى دۇنيانىڭ ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، سىرلىق قىيامەت كۈنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىز قىلىپ قويۇشىمىز ئېھتىمالى بولغان، قورقۇنچلۇق رېئاللىق بولۇپ قالىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىسپاتلاشقا مەجبۇر بولدۇم».

«ئالتەيلەن ۋە يەتتىنچى» توغرىسىدا، «بۇ يەردە زەنجىرسىمان رېفلېكس مەۋجۇت: ئالتە ئادەم شىددەتلىك قارشىلىق كۆرسىتىپ ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، يەتتىنچى ئادەم شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى جازالايدۇ. ئۇلارنى ئۇجۇقتۇرغاندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەم سۈپىتىدىكى ئۆزىنى يوقاتقانلىقىنى سېزىدۇ، ئاخىرى تۇيۇق يول ۋە تراگېدىيە بىلەن نەتىجىلىنىدۇ»، «مەن بۇ كىچىككىنە ھېكايە ئارقىلىق، ئىچكى ئۇرۇشنىڭ مىللىي تراگېدىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچىدىم».

كىتابىنىڭ ئىسمى توغرىسىدا، «كىتابىنىڭ ئىسمىغا كەلسەك مېنىڭچە بۇ رومانىنىڭ مەزمۇنىدىن كەلگەن».

«قىيامەت» ئىنتايىن مۇرەككەپ ئەسەر. پۈتۈن ئەسەرگە

ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتا ئوخشاش پەلسەپىۋى تەپەككۇر سىڭدۈرۈلگەن، ئاپتور سىمۋوللاشتۇرۇش ۋە كىنايە ۋاستىلىرىنى كەڭ قوللانغان. ئۇنىڭ ئېستېتىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئوبزورچىلارنىڭ بۇ ئەسەرگە بەرگەن باھاسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا «قىيامەت»نىڭ بەس ـ مۇنازىرە قوزغىشى ناھايىتى تەبىئىي بىر ئەھۋال. بەس ـ مۇنازىرە كىتابخانلارنىڭ ئەسەرنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ، خالاس.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بىرىنچى قىسىم

www.uyghurkitap.com

# I

قىشنىڭ قىسقا كۈنى نارەسىدىنىڭ نەپەسىدەك بىرپەسلا ئىللىپ تۇردى - دە، ئۇزاق ئۆتمەيلا تاغلارنىڭ كۈنگەي قاپتاللىرىدا ھاۋا بۇزۇلۇشقا باشلىدى. مۇزلۇقلاردىن سوغۇق شامال ئۇرغىلى تۇردى، جىلغا ۋە ئۆڭكۈرلەرنى بالدۇر چۈشكەن قاراڭغۇلۇق ناھايىتى تېزلا قاپلىدى. قار - شىۋىرغانلىق كېچىنىڭ ئىزغىرىن سوغۇقى بارغانسېرى كۈچەيدى.

ئەتراپنى قېلىن قار قاپلىغان بولۇپ، بۇ بەگباش تەبىئەتنىڭ ئۆز خاھىشى بويىچە، تۆت ئەتراپقا ئوت قويغاندەك، بۈگۈندىن ئىككى كۈن ئىلگىرى توساتتىن شىددەتلىك قار - بوران بىلەن كۆمگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى، ئىسسىقكۆل تاغ تىزمىلىرى قار كۆرپىلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. تاغلار قارا قۇيۇن ئىچىدە قالغان بولۇپ، ئاسمان گۈمبىزى كۆرۈنمەيتتى، غۇۋالىشىپ كەتكەن ئەتراپ سۈكۈناتتا چۆمگەنىدى. ھاۋانىڭ رەڭگى بىردىنلا ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىش بورىنى تىنچىپ، پۈتۈنلەيلا قار تېگىدە قالغان تاغلار يېتىمسىرىگەن ھالدا ھومايغان پېتى قېتىپ قېلىشتى.

مانا شۇ كۈن پېتىۋاتقان پەيتتە ئۈزۈنچات دەرياسىنى بويلاپ، ئاسمان گۈمبىزىدە، سەللىلىك بۇلۇتلار قوينىدا قىزىرىپ تۇرغان ئالاۋۇنگۇ مۇز داۋىنىنى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئېغىر تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى دەممۇ دەم يېقىنلىشىپ، بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ

ئاۋاز پۈتۈن ئەتراپنى، تاۋۇش ۋە يورۇقلۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە يېتىپ بارالمايدىغان چوققىلار، تاغ تىزمىلىرى ۋە مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان كۆك مۇزلۇقلارنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى. تاغۇ تاشلارغا ئۇرۇلۇپ، بۇرۇنقىسىدىن نەچچە ھەسسىلەپ كۈچەيگەن ئاۋازلار باش ئۈستىدە شۇنچىلىك ئايىماستىن دەھشەت سالاتتىكى، يەنە ئازراقلا شۇنداق داۋام قىلىدىغان بولسا، يەر ئۆكتۈرۈلۈپ كېتىدىغاندەك... قىيامەت قايىم بولىدىغاندەك قىلاتتى.

جىددىي پەيتمۇ يېقىنلىشىپ قالدى — تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقىنىدا، گۈلدۈرلەشنىڭ زورى تۈپەيلىدىن، يول ئۈستىدىكى شامال يالاپ كەتكەن تىك قىيا باغرىدىن قورام تاشلار كۆچۈپ ئورنىدىن قوزغالدى - دە، ئاندىن شۇ زاماتلا خۇددى قان ئۇيۇغاندەك ئايلىنىپ توختىدى. بىقارار، مۇئەللەق تاشلار خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك بىر نەچچە ئېغىر، تولىمۇ ئېگىز ھاڭدىن ئارقىمۇئارقا چاڭ - توزان كۆتۈرۈپ، شىددەت بىلەن گۈرۈلدەپ، ئايلىنىپ ئۇچۇپ غۇلىدى. تاغ يانباغرىغا كەلگەندە، تاشلار خۇددى زەمبىرەك ئوقىدەك ۋىژىلداپ چۈشۈپ، قىزىل تال ۋە قارىقات پۈتاقلىرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، قارا توزانلىرىنى كۆككە سورۇغان پېتى ئېگىزدىن ئېسىلىپ تۇرغان قىيا تۈۋىدە، قويۇق پۈتاقلار بىلەن قاپلانغان ئويماندا، ئىككى تەرىپى مۇز تۇتۇپ كەتكەن جىلغا بويىدىكى بۆرە ئىنى ئاغزىدا توختىدى.

چىشى بۆرە ئەكبەرە ئۈستىدىن غۇلاپ چۈشكەن تاشلار ۋە قار ئۇيۇملىرىدىن چۆچۈپ، ئۆزىنى ئارقىغا ئالدى - دە، قاراڭغۇ ئۆڭكۈر تەرەپكە چېكىندى، يەلكىسىدىكى ياللىرى تىكلىشىپ، كۆزلىرى ۋال - ۋۇل قىلىپ ۋەھشىيانە ئوت چېچىپ، قانداقلا بالا كەلمىسۇن، ئۇنىڭغا قارشى ئېتىلىشقا تەييارلىنىپ تۇردى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن، ئۇ بىكارغا خاۋاتىرلەنگەنىدى. ئوچۇق دەشت، يامان، ئۈستۈڭدە قوغلاۋاتقان تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن ھېچنەگە قې-چىپ قۇتۇلالمايسەن، ئۇ تىنماي، كەينىڭدىن قالماي ئىزمۇ ئىز تەقىپ قىلىپ كېلىۋېرىدۇ، تىك ئۇچار ئايروپىلان پىلدىرلىغۇچ-لىرىنىڭ قويۇنى، ئاپتوماتتىن يامغۇردەك ياغدۇرۇۋاتقان ئوقلارنىڭ ۋىژىلدىشى يۈرىكىڭنى ئازاب ۋە قورقۇنچ بىلەن تولدۇرىدۇ. يوروق دۇنيادا تىك ئۇچار ئايروپىلاندىن ئامانلىق كۈتمە، قېچىپ قۇتۇلىدىغان، شورلۇق بېشىڭنى پاناھ قىلىدىغان تۆشۈك – يۆ-شۈكمۇ يوق، قوغلاپ كېلىۋاتقانلاردىن جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسەڭ، يەرمۇ يېرىلمايدۇ.

تاغلارنىڭ يولى باشقا. ئۇ يەرلەردە دائىم قېچىپ قۇتۇ-لۇشقا بولىدۇ. تاكى خېيىم – خەتەر ئۆتۈپ كەتكۈچە يوشۇرۇ-نۇپ ياتقۇدەك بىرەر جاي تېپىلىدۇ. بۇ يەرلەردە تىك ئۇچار ئايروپىلان قورقۇنچلۇق ئەمەس، تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ ئۆزى تاغلاردىن قورقىدۇ. بىراق، قورققانغا قوش كۆرۈنەر دېگەن گەپ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىم يۈرەك ئالدى بولغان يېرى بار. تىك ئۇچار ئايروپىلان يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقىنىدا ئەكبەر قاتتىق غەڭشىشقا باشلىدى، ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، تۈگۈلۈۋالدى، لېكىن بەرىبىر بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئاجىز، ئېچىنىشلىق قانداقتۇر بىر قورقۇنچقا چۈشۈپ، بىردىنلا بار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ھۇۋلاپ تاشلىدى؛ ئەلەم – ھەسرەت دەستىدە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا قاتتىق ئېلىشىشقا ھازىرلىنىپ، قورسىقى بىلەن غارنىڭ ئاغزى تەرەپكە سۈرۈلدى، ئۇنىڭ نەزەرىدە شۇنداق قىلسا، تۆمۈر يالماۋۇز ئۇ-زۇنچاتتىن قېچىپ كېتىدىغاندەك، تاغۇ تاشلار تىنچىيدىغاندەك، زىلزىلىلەر توختاپ قالىدىغاندەك ئىدى.

ئەكبەر قورقۇپ ھۇۋلاپ، غەڭشۇرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ

جۈپتى تاشچايلار غار ئىچىگە بېشىنى تىقتى. ئەكبەرە ئېغىر ئاياغ بولۇپ قالغاندىن بېرى تاشچايلار كۆپ ۋاقتىنى ئىنىدە ئەمەس، ئۆڭكۈردىن ئۇزاق كەتمەي قىلىپ ۋە تىنچ قارىقات چاتقاللىرى ئارىسىدا ئۆتكۈزەتتى. چىشلىرى خەنجەردەك ئۆتكۈر بۇ بۆرە ھەرقانداق نەرسىنى چايناپ - تىتىپ تاشلاشقا تەييار بولغىنى ئۈچۈن، شۇ ئەتراپتىكى چوپانلار ئۇنىڭغا تاشچايلار دەپ نام بەرگەنىدى. تاشچايلار جۈپتىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى - دە، ئۇنى بالا - قازالاردىن قۇتقۇزۇپ قالماقچى بول-غاندەك، گەۋدىسى بىلەن توسۇپ، تەسەللى بەرگەندەك غىڭشىدى. ئەكبەرە ئۇنىڭ قويىنىغا مەھكەمرەك تىقىلدى - دە، ئادالەتسىز ئاسماندىنمۇ ياكى باشقا بىراۋدىنمۇ ۋە ياكى شور پېشانە قىسمىتىدىنمۇ نالە - پەرياد قىلغاندەك غىڭشىدى. تىك ئۇچار ئايروپىلان ئالامۇڭگىنىڭ ئاق قارلىق، كۆك مۇزلۇق داۋىنىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بۇلۇتلار كەينىدە كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىنمۇ ئەكبەرە يەنە خېلىغىچە ئۆزىگە كېلەلمەي، غال - غال تىترەپ تۇردى.

كائىناتنى باسقان سۈكۈت پۈتۈنلەي مۇشۇ تاغلارنى بېسىۋال-غاندەك، ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمدى. ئەكبەرە كۈتۈلمىگەندە ئىچىدە نېمىنىڭدۇ قىمىرلاۋاتقانلىقىنى، تۈرتۈۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى. ئەكبەرە بىر كۈنى — بۇ تېخى ئۇۋغا ئەمدىلا چىقىۋاتقان چاغلىرى ئىدى — بىر سەكرەپلا يوغان توشقاننى بېسىۋالغانلى-قىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا، ئۇ توشقاننىڭ قورسىقىدا قانداقتۇ كۆزگە كۆرۈنمەس كىچىك مەخلۇقلارنىڭ قىمىرلاۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك بولغانىدى، بۇ نەرسە ياش چىشى بۆرىنى ھەيران قالدۇرغان، ئۇ قۇلاقلىرىنى دىڭگايتقان پېتى، ئولجىسىغا ھاڭۋې-قىپ قاراپ قالغانىدى. ئۇ بۇنىڭغا شۇنچىلىك تاڭ قېلىپ قىزىقىپ كەتكەنىدىكى، خۇددى مۇشۇك چالا ئۆلۈك چاشقاننى

ئوينىغاندەك، ئۇمۇ ئاشۇ ئۆزى كۆرۈنمەي قىمىرلاۋاتقان مەخلۇقلار بىلەن ئويناشماقچى بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆز قورسىقىدا كۈتۈلمىگەندە تىرىكلىك ھامىلىسىنى ھېس قىلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئامان - ئېسەنچىلىك بولسا، بىر يېرىم - ئىككى ھەپتىدىن كېيىن دۇنياغا كېلىدىغانلارنىڭ ئۆزلىرىدىن بېرىۋاتقان خەۋىرى ئىدى. لېكىن ھازىرچە تېخى يورۇق يۈزى كۆرمىگەن قىپقىزىل كىچىك كۈچۈكلەر ئانا قورسىقىدىن چىقمىغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ تۇراتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئانىنى قورقۇتۇۋەتكەن، تەھلىكە ۋە دەككە - دۈككىگە سالغان بايىقى ھاللارنى ئۇلارمۇ قورساقتا ياتقان پېتى سەزگەن، باشتىن كەچۈرگەنىدى. ئۇلار تاشقى ئالەم بارلىقىنى، ئۇنىڭدا ياۋۇز مۇھىت مەۋجۇتلۇقىنى شۇ تەرىقىدە تۇنجى قېتىم سەزگەنىدى. ئۇلار ئانىنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، قورساقتا ھەرىكەتكە كېلىشتى. ئۇلارمۇ قورقۇپ كېتىشتى، قورقۇنچ ئۇلارغا ئانا قېنى بىلەن ئۆتتى.

تېنى ئىچىدە يەنە بىر جاننىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى سەزگەن ئەكبەرە تىنچلىنالماي قالدى - دە، يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. كۆكرىكى ئاستىدا ۋايىغا يېتىۋاتقان بالىلىرىنى خەۋپ - خەتەردىن ساقلاش ۋە قوغداش ئىشتىياقىدا غەيرەت - شىجائەتكە تولدى. ئۇ ھازىر ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتمايتتى. ئۇنىڭ تەبىئەت ئاتا قىلغان نەسلىنى ئاسراش سېزىمى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. شۇ چاغدا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا مېھىر - مۇھەببەتنىڭ ئىسسىق قاندەك يۈگۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ ئەمدى دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان بالىلىرىنى ئەركىلەتكۈسى، باغرىغا بېسىپ ئىسسىتقۇسى، ئۇلارنى قاندۇرۇپ - قاندۇرۇپ ئېمىتكۈسى كەلدى. بۇ ئانىلىقنىڭ ئەڭ بىرىنچى بەختى ئىدى. ئۇ قورسىقى ئاستىدا ئىككى قاتار بولۇپ

تىزىلىپ، قىزىرىپ، ساڭگىلاپ تۇرغان ئەمچەكلىرىدىن توختىماي
سۈت تېمىپ تۇرۇشىنى ئويلاپ زارىقىپ كەتتى، ھەتتا مەززە
قىلغىنىدىن ئىڭراپ تاشلىدى ۋە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ ئىنى
ئىمكان بەرگىنىچە بەدىنىنى سوزۇپ، ئاستا - ئاستا ئەركىلەشكە
باشلىدى، شۇنىڭدىن كېيىن يۈرىكى بىراقلا جايىغا چۈشۈپ،
يەنە ئۆزىنىڭ كۆك يالىلىق تاشچاينارىغا يېقىنراق سۈرۈلدى.
تاشچاينار يالىلىرى قېلىن ئۆسكەن ھەيۋەتلىك ۋە بەقۇۋۋەت
بۆرە ئىدى. شۈنچىلىك قەيسەر ۋە قورقماس ئىكەنلىكىگە
قارىماي، ئۇمۇ جۈپتىنىڭ كۆڭلىدىن نېمىلەر كېچىۋاتقانلىقىنى
سەزدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە جۈپتىنىڭ قورسىقىدا بىرەر ھادىسە
يۈز بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇنى ئويلاپ ئۇنىڭ چىرايى ئېچىل-
دى. تاشچاينار قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ قاپاقتەك يوغان كاللى-
سىنى كۆتۈردى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئورىدەك چوڭقۇر قارامتۇل
كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقلىرىدىن سوغۇق نۇر چېچىلىپ، ئۇلاردىن
قانداقتۇر بىر شەپە، ئاللىقانداق يېقىملىق سېزىم كۆرۈنگەندەك
بولدى. ئۇ ئاستا تامىقىنى قىرىپ ھۇۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن
جۈپتىگە مېھىر - مۇھەببىتىنى، ئۇنى ھەرقانداق بالا - قازا-
دىن ساقلاشقا تەييار ئىكەنلىكىنى، كۆك كۆز قانجۇقىغا غىڭ
قىلماي بويسۇنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن
ئەكبەرەنىڭ بېشىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆك كۆز-
لىرىنى ۋە تۇمشۇقىنى يوغان، ئىسسىق شۆلگىيى ئېقىپ تۇرغان
تىلى بىلەن ئەركىلىتىپ يالاپلا كەتتى. ئەكبەرە تاشچاينارنىڭ
تىلىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭ قېنى قايناپ، بىتاقەت بولۇپ
خىرىس قىلىدىغان چاغلىرىمۇ تىلىنىڭ يىلاندەك يۇمشاق تول-
غىنىپ، جانلىنىپ كېتىشىنى ياقتۇراتتى، لېكىن ئۆزىنى ھېچ نەر-
سىنى سەزمىگەندەك بىپەرۋا قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئۇ گۆش - مايغا
راسا تويۇپ، خاتىرجەم راھەتلىنىپ ياتقان چاغلىرىدىمۇ تاش-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چايىنارنىڭ شۆلگىيى ئېقىپ تۇرغان يىپەكتەك يۇمشىغان تىلىنى ياخشى كۆرەتتى.

بۇ ئىككى جانىۋارنىڭ باشچىسى، ئەقىلچىسى ئەكبەرە ئىدى. ئۇۋنى ئۇ باشلاپ بېرەتتى. تاشچايىنار بولسا ئۇنىڭ قارا قولى بولۇپ، ئەمر - پەرمانىنى غىڭ دىمەي بەجا كەلتۈرەتتى، ئۇنىڭ ئىشەنگەن تىغى ئىدى. تاشچايىنارمۇ ھېچقاچان ھېرىش - چارچاشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى شۇنداق مۇئامىلە زادىلا بۇزۇلغان ئەمەس. پەقەت بىر كۈنى كۈتۈلمىگەن ھادىسە يۈز بەردى. تاشچايىنار كىچىككىنە يوق بولۇپ كەتتى - دە، تاڭ سەھەردە يۈتۈنلەي باشقا بىر قانجۇقنىڭ بەتبۇي ھىدىنى ئۆزىگە چاپلاشتۇرغان پېتى قايتىپ كەلدى. تەمتىرەپ يۈرگەن ئەركەك بۆرىلەرنى ئون چاقىرىم يىراق يەرلەردىن مەرەز ھىدىغا چاقىرىدىغان ئاشۇ يەپ تويمايدىغان يوھا بۆرىنىڭ پۇرىقىغا ئەكبەرە زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى. قاتتىق غەشلىكى كېلىپ، ئاچچىقى تۇتتى، نەپرىتى قوزغالدى، تۇساتتىن شارتلا قىلىپ تاشچايىنارنىڭ يەلكىسىگە چىشلىرىنى قاتتىق پاتۇردى. ئاندىن بىرنەچچە كۈنگىچە ئۇنىڭغا ئوچۇق چىراي بەرمەي، كەينىدىن يالۋۇرغۇزۇپ يۈردى. سولاشقان، ئابرويىنى تۆككەن ئەخمەقنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرمىدى. ئۇ دادلاپ، ھەرقانچە خۇشامەت قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق ئالاقىسى يوقتەك، گويا ئەمدى ئۇنى ئۆلۈپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ، قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى. ئەگەر تاشچايىنار شۇ چاغدا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ۋە كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن يەنە ئېسىلغۇدەك بولسا، ئەكبەرە ئۇنىڭ بىلەن تەپ تارتماي ئېلىشقان بولاتتى. ئەسلىدە، بۇ ئىككى مەخلۇقنىڭ بېشى ئۆزى بولۇپ، تاشچايىنار بولسا، پۇتى ئىدى.

ئەمدى بولسا، ئۇ تاشچايىنارنىڭ كەڭ كۆكسىدە يېتىپ،

بىرئاز ھوشىغا كەلدى. ئۇ قورقۇنچلۇق پەيتلەردە ئەركىنىنىڭ بىللە بولغانلىقىدىن، ئۆزىگە دالدا بولۇپ بەرگەنلىكىدىن رازى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تاشچاينارنىڭ ئەركىلىتىشلىرىگە قارشىلىق قىلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا جاۋابەن ئۆزىمۇ ئۇنىڭ تۇمشۇقىنى بىر — ئىككى قېتىم يالاپ قويدى. لېكىن بايىقى ۋەھىمىنىڭ ئاسارىتى تېخى كەتمىگەچكە، دەممۇ دەم بەدىنىگە تىترەك ئولىشاتتى، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، تېخى تۇغۇلمىغان بالىلىرىنىڭ نېمە سەۋەبتىندۇ ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىغا قۇلاق سالاتتى، ھەممىسىگە: ئىنىنىڭ بارلىقىغىمۇ، تاغلارغا قاتتىق قار چۈشكىنىگىمۇ، سوغۇق تۈننىڭ شىددەت بىلەن باستۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغىمۇ شۈكۈر قىلاتتى.

چىشى بۆرىنى قاتتىق قورقۇتۇۋەتكەن كۈن ئەنە شۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى. ئانىلىق تەبىئىتىنىڭ ھەممە غەيرىتى سېزىملىرىگە ماس ھالدا، ئۇ ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بالىلىرىنى دەپ، مانا شۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈردە يېقىندا تۇغۇلىدىغان بۆرىچاقلىرىنى دەپ قورقتى. ئۇ ئىككىسى دەل شۇلارنى دەپ، قىدىرىپ يۈرۈپ، مانا مۇشۇ ھەيۋەتلىك تىك قىيا ئاستىدىكى قېلىن چاتقاللار ۋە تاش پارچىلىرى بىلەن توسۇلغان خالىي ئۆڭكۈرنى باشپاناھ قىلغانىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار بۇ يەرلەرگە كەلگىنىدى ئىدى. ئۇلار مۇشۇ يەرلىك بۆرىلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئالدى بىلەن، ئۇلارنىڭ يەلكە ياللىرى كۆكرەك تۈكلىرىگە قويۇندەك ئايلىنىپ چۈشكەن بولۇپ، پۈتۈن يەلكىلىرىنى باشلىرىغا قەدەر قېلىن يۇڭ قاپلىغانىدى، خۇددى چۆل بۆرىلىرىنىڭكىدەك ياللىرى ئاقۇچ — كۆكۈچ تۈستە تاۋلىنىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇلارنى ئاقيال دەپ ئاتىشاتتى. ئاقياللار ئىسسىقكۆلنىڭ تاغ ئەتراپلىرىنى ماكان تۇتقان يەرلىك بۆرىلەردىن

www.uyghurkitap.com

چوڭراق، گەۋدىلىكرەك ئىدى. ئەگەر ئەكبەرەنى يېقىندىن بىرەرى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ تىنىق كۆزلىرىدىن پۈتۈنلەي ھەيران قالغان، بۇندىقىنى باشقا يەردە ھېچقاچان ئۇچرىتىمىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. شۇ يەرلىك چوپانلار بۇ چىشى بۆرىنى ئاقدال دەپ يۈرۈشتى. كېيىن - كېيىن بىرسى ئەكبەرە دېيىشتى، يەنە بىرمۇنچە ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن بولسا، ئەكبەرە — ئۇلۇغ — دەپ ئاتاشتى. كىم دېگەن بولسىمۇ دېگەندۇ، لېكىن ئۇنىڭغا شۇنداق نام بېرىلىشى بىكار ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدا ياراتقۇچىسىنىڭمۇ ھۆكمى باردەك قىلاتتى...

بۇلتۇر بۇ يەرلەردە كۆك ياللار يوق ئىدى. ئۇلار كېلىشى كەلدى، لېكىن ھېچكىمگە قوشۇلماي بۆلەك يۈرۈشتى. ئۇلار باشتا بۇ يەرلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايلى دەپ، كۆپىنچە ئىگىسىز يەرلەردە چەتلەپ يۈرۈپ، بارىغا قانائەت قىلىپ جان ساقلاشتى. كېيىنچە، ئۇلجا ئىزدەپ ئادەملەر ياشايدىغان پەستكىنى جايلارغىمۇ پۇت تىقىشقا باشلىدى. لېكىن، بەربىر، يەرلىك بۆرە توپلىرىغا قوشۇلالمىدى. كۆك كۆز بۆرە ئەكبەرە ئاچلىقتىن ئۆلسە ئۆلەتتىكى، باشقىلارغا يالۋۇرۇپ ۋە بېقىندى بولۇپ ياشاشقا ئۇنىمايتتى.

ھەممە نەرسىنى ۋاقىت ھەل قىلىدۇ. بارا - بارا كەلگىنىدى كۆك ياللار مەھكەم پۇت تىرەپ تۇرۇشتى. سان - ساناقسىز خەتەرلىك جەڭلەردە ئىسسىق كۆل ئېدىرلىرىدىكى كۆپ يەرلەرنى تارتىۋېلىشتى، ھەممە نەرسىگە ئىگە بولۇۋېلىشتى. يەرلىك بۆرىلەر ئۇلارنىڭ ئايماقلىرىغا زادىلا يېقىن يولىيالماس بولدى. جان ساقلاش ئۈچۈن ياقا يۇرتلاردىن قېچىپ كەلگەن كۆك ياللارنىڭ ھاياتى ئىسسىقكۆلدە ئەنە شۇ تەرىقىدە ئىزغا چۈشۈپ كەتتى. لېكىن شۇنىڭغىچە ئۇلار قانچىلىغان ۋەقەلەرنى باشلىرىدىن كەچۈرۈشمىدى دەيسىز. سەزگۈر، زېرەك ئەكبەرە

ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قايتا بېشىدىن كەچۈرگەندەك بولۇپ، پات - پات ئەسلەپ يۈردى. ئۇ مۇشۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئەسلىگەن چاغلىرىدا، بەزىدە كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈشى، قايغۇ - ئەلەم بىلەن ئىڭراپ كېتىشى تامامەن مۇمكىن...

قولدىن كەتكەن مۇشۇ دۇنيا مويىنقۇمنىڭ بۇ يەردىن يىراقتىكى سۆكسۆكلۈك داللىرىدا قالدى. پايانسىز مويىنقۇم سەھرالىرىدا كېپىكلەرنىڭ سان - ساناقسىز توپلىرىنى سان - ساناقسىز قېتىم سۈرۈپ - قوغلاپ يۈرگەن ئۇ ئۇۋ كۈنلىرى ئەمدى ئارقىدا قالدى. ئاتا - بوۋا زامانلىرىدىن تارتىپ قاقشال سۆكسۆكلۈك سەھرالاردا توپ - توپ بولۇپ ئۆمۈر كەچۈرىدىغان، خۇددى چەكسىز ۋاقىتنىڭ ئۆزىدەك تولىمۇ قەدىم، چېپىپ ھارمايدىغان، ئاچا تۇياقلىق، جۈپ مۈڭگۈزلۈك، دۆڭ تۇمشۇقلۇق شۇ جانىۋارلار، بۇرۇندىن ئوكيان سۇلىرىنى پۈركۈگەن كىتلەردەك، بۇرۇنلىرى بىلەن پىشىلداپ نەپەس ئېلىپ، پۇشقۇرۇپ ھاۋا چىقىرىپ، كۈن يورۇغاندىن تارتىپ كۈن پاتقۇچە يۈگۈرەلەيتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھلىرى بولغان بۆرىلەرنىڭ تەقىبىگە ئۇچراپ، بىردىن ھەرىكەتكە كېلىشكىنىدە يۈرەكلىرى ئاغزىغا تىقىلغان باشقا بىر توپنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ ئۆز كەينىدىن ئەگەشتۈرگەندە، ئاندىن ئۇلارغا يەنە بىر، يەنە ئىككى، يەنە ئۈچ كېپىك توپلىرى ھۈركۈپ قوشۇلغاندا، ئاندىن يەنە، يېڭى - يېڭى چوڭ - كىچىك توپلار دەممۇ دەم قوشۇلۇۋەرگەندە ئېدىرلار، پەس دۆڭلۈكلەر، يالىڭاچ قۇملۇقلاردىن خۇددى يەر يۈزىگە چۈشكەن توپاندەك تاشقان چاغدا، زېمىن گويا تەتۈر ئايلىنىۋاتقاندەك بولاتتى، ياز پەسلىدە بوران - چاپقۇنلار ۋە مۆلدۈرلەر ئۇرۇۋاتقاندەك تۇياقلار ئاستىدىن تىنىماستىن گۈپۈرلىگەن سادالار چىقاتتى. شۇنداق چاغلاردا ھاۋا قۇيۇنغا ئوخشاش ھەرىكەتكە كېلىپ، ئاسمانغا چاقماق چېقىلغاندەك

ئۇچقۇنلارنى چاچاتتى، ھەممىلا ياقنى ھاۋان توپىلىرىنىڭ پۇراقلىرى، ھايات - مامات ئۈچۈن كېتىۋاتقان تەلۋە بەيگىنىڭ پۇراقلىرى قاپلاپ كېتەتتى. بۆرىلەر كېيىك توپلىرىنىڭ ئىككى بىقىنىدىن ۋە كەينىدىن ئۇچقاندەك چېپىپ، كېيىك توپلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ پىستىرمىلىرى ئىچىگە ھەيدەپ كىرگۈزۈشكە ئۇرۇناتتى، پىستىرمىلاردا بولسا، بىچارە قوغلاندىلارنى ئەشەددىي، تولىمۇ ۋەھشىي بۆرىلەر كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇلار سۆكسۆكلەر ئارىسىدىن كېيىكلەرگە تاشلىنىپ، قىرغىنچىلىق قىلاتتى، ئۆزلىرىمۇ ئۇلار بىلەن تەڭلا قارا تۇپراققا دومىلىشىپ كېتەتتى ۋە شۇ ئاندا كېيىكلەرنىڭ كېكىردىكىنى شارتلا ئۈزۈپ تاشلايتتى، بۇقۇلدىتىپ قېنىنى ئاققۇزاتتى، ئاندىن يەنە قېچىۋاتقان توپنىڭ كەينىدىن قوغلاشنى داۋاملاشتۇراتتى. بىراق كېيىكلەر قانداقتۇر يوللار بىلەن بۆرىلەر بېكىنىپ ياتقان يەرلەردىن خەۋەردار بولۇشاتتى ۋە كۆپىنچە شۇ جايلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ كېتەتتى؛ قوغلا - قوغلا شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ شىددەتلىكرەك جەڭ ئەۋجىگە چىقاتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى — قېچىۋاتقانلىرىمۇ، قوغلاۋاتقانلىرىمۇ — شۇ رەھىمسىز مەۋجۇدىيەتنىڭ بالا - قازالىرى ئىچىدە ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، تىللىرىنى بىر غېرىچ ساڭگىلىتىپ، ئۆلەر ھالەتكە يېتىپ جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرۈشەتتى. قانداقلا بولمىسۇن، ئىشقىلىپ، ياشاش، ئامان قېلىش ئۈچۈن ئەزىز قانلىرىنى ئوت قىلىپ يېقىشاتتى. بۇ قوغلىنىۋاتقانلار بىلەن قوغلاۋاتقانلارنى خۇدانىڭ ئۆزى توختاتمىسا، بۇ ئىش باشقا ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. قىسقىسى، گەپ ئۆلۈش ياكى ھايات قېلىش ئۈستىدە بارىدۇ، بولۇپمۇ، بۇنداق كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلىمىغان قوغلا - قوغلاغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن، ئېلىشىش ئۈچۈن يارىتىلمىغان كېيىكلەرنىڭ يۈرەكلىرى يېرىلىپ كېتىدۇ ۋە چاڭ - توزانغا پاتقان پېتىچە يەرگە غۇلاي-

دۇ، جان تەسلىم قىلىدۇ، قوغلاش - قېچىش بولسا، بىر دەممۇ بوشاشمايدۇ. ئاسمان بوران - چاپقۇن كۆتۈرۈلگەندەك قارا توزان بىلەن قاپلىنىدۇ، مادارىدىن كېتىپ يىقىلغان بۆرىلەر مۇبادا، ئۆلمەي قالغان تەقدىردىمۇ، بۇ يەرلەردە تۇرماي، باشقا ياقىلارغا باش ئېلىپ كېتىدۇ، كېيىن قىلچىمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغان، ھەتتا قېچىشقىمۇ ئۇرۇنۇپ كۆرمەيدىغان ياۋاشقىنا قوي پادىلىرىنى بوغۇزىدىن ئېلىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. بۇ يەرلەرنىمۇ خەتەرسىز دېگىلى بولمايدۇ — تېخى بۇنىسى بارچە خەتەرلەر ئىچىدە ئەڭ خەتەرلىكى بولىدۇ — بۇ يەرلەردە پادىلارغا ئادەملەر قارايدۇ، قوي - قوزىلارنىڭ خوداسىمۇ، قوي - قوزىلارنىڭ قۇلىمۇ شۇلار. بۇلار ئۆزلىرىگۇ جان باقىدۇ، لېكىن باشقىلارغا زادىلا كۈن بەرمەيدۇ، بولۇپمۇ، ئۆزلىرىگە قاراشلىق بولمىغانلارنى، ئۆز ئەركى بىلەن ياشاشقا ئۇرۇنغانلارنى بوش قويمايدۇ...

ئەي ئادەملەر، ئادەملەر — ئادەمخۇدالار! مۇشۇ ئادەملەرمۇ ئەزەلدىن مويۇنقۇم كېيىكلىرىنى ئوۋلاپ كېلىۋاتىدۇ. دەسلەپتە ئۇلار ئاتلارغا مىنىپ، ئۇستىلىرىگە تېرە يېپىنىپ، ئوقيا ئېتىپ كېلىشتى، كېيىن مىلتىق كۆتۈرۈپ پاڭ - پۇڭ ئوق چىقىرىپ ئەيىۋھەنناس كۆتۈرۈشتى، ئۇياقتىن - بۇياققا ئوۋچىنىڭ ئېتىدەك ئات قويۇپ چېپىشتى. كېيىكلەر بولسا، توپ - توپ بولۇپ، بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا قېچىشاتتى، ئاخىرىدا چەكسىز سۆكسۆكلۈكلەر ئىچىدە غايىب بولۇشاتتى. مانا، ئەمدى ئۇلارنى تېپىپ بېقىڭچۇ! بۇلارمۇ ئۆتۈپ، ئادەمخۇدالار كېيىن كېيىكلەرنى ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ قىرىشقا باشلىدى. خۇددى بۆرىلەرگە ئوخشاش، كېيىكلەرنى ئالدى بىلەن ھالىدىن كەتكۈزۈپ، ئاندىن مىلتىقلىرى بىلەن قىرغىن قىلىشتى. ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتۈپ، ئادەمخۇدالارنىڭ تىك ئۇچار ئايروپىلانلاردا ئۇچۇپ كېلىپ، كېيىكلەرنى

ئوتلاپ يۈرگەن جايلىرىدىن تېپىشىپ، بەلگىلەنگەن جايلىرىغا
ھەيدەپ، قورشاپ ئېلىپ كېلىشەتتى، بۇ چاغدا يەردىكى ماشى-
نىلاردا پايلاپ تۇرغان مەرگەنلەر تېزلىكنى يۈزدىن ئاشۇرۇپ
تەقىب قىلىشقا چۈشەتتى، تىنىك ئۇچار ئايروپىلانلار بولسا،
يۇقىرىدىن ئۇلارغا يول ۋە نىشان كۆرسىتىپ بېرىشەتتى. ماشى-
نىلار، تىنىك ئۇچار ئايروپىلانلار، تېز ئاتار مىلتىقلار دەستىدىن
موينىقۇمنىڭ ھاياتى ئاستىن — ئۈستۈن بولۇپ كەتتى. كېيىكلەر
ئۈچۈن قىيامەت باشلاندى.

كۆككۆز ئەكبەرە ئۇ كەمدە تېخى ياش ئىدى. بولغۇسى
جۈپتى تاشچاينار بولسا ئۇنىڭدىن سەل چوڭراق ئىدى. ئۇلار
بۆرە توپلىرىغا قوشۇلۇپ ئوۋ قىلىشنىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە
باشلىدى. باشتا ئۇلار ئالغۇر بۆرىلەر بىلەن تەڭلىشەلمەي،
يەرگە يىقىلغان، نىمجان بولۇپ يىقىلغان كېيىكلەرنى بوغۇزى-
دىن ئېلىپ، قارنىنى يىرىپ يۈرۈشتى. ئاندىن ئۆزلىرى كۈچ-
قۇۋۋەتكە تولۇپ، ئۇرغۇن بۆرىلەرنى، بولۇپمۇ قېرى بۆرىلەرنى
كەينىدە قالدۇرۇپ كېتىشتى. ھەممىسى تەبىئەتنىڭ ئۆز يولى
بىلەن ماڭغان بولسا، ئۇلار ئۇزاق ئۆتمەيلا بۆرە توپلىرىنىڭ
سەركىسى بولغان بولاتتى. بىراق ئىككى ئارىلىقتا ھېچ خىيالى-
غا كەلمىگەن ئىشلار يۈز بەردى...

يىل يىلغا توغرا كەلمەيدىكەن. شۇ يىلى كۆكلەمدە كېيىكلەر
ناھايىتى بەرىكەتلىك قۇلۇنلاشتى، ئۇرغۇنلىرى قوشكېزەك تۇغدى.
ئۆتكەن كۈز ئايلىرى، كېيىكلەرنىڭ كۈيلىگەن چاغلىرى كۈنلەر
يىللىق، ياخشى كەلدى، ئۈست — ئۈستىلەپ يامغۇر ياغدى،
شۇنىڭدىن كېيىن، قۇرۇپ كەتكەن چەكسىز دالالاردا ئىككى
قېتىم مايسا كۆكلىدى. كېيىكلەرنىڭ جىق تۇغقانلىقى شۇنىڭ
شاراپىتىدىن ئىدى. كۆزى يورۇيدىغان پەيت كەلگەندە، كېيىكلەر
باش ئەتىيازدىلا موينىقۇمنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى قار چۈشمەي-

دىغان قۇملۇقلارغا كېتىپ قېلىشتى. نېمىشقىدۇر، بۇ ياقلارغا بۆرىلەر يېقىن يولىيالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم بارخانلىرىدا كېيىكلەرنى قوغلاپ يېتىدىغان نەرسە يوق ئىدى. قۇملۇقلاردا كېيىك قوغلاشقا نەدە يول بولسۇن. بىراق كۈز ۋە قىش ئايلىرىدا كېيىكلەر چۆل ۋە چەت سەھرالارغا كەلگەن مەھەللەردە كۆك يال توپىلىرى ئۆز ئۈلۈشلىرىنى ئوشۇقى بىلەن ئالاتتى. خۇدا بەردى بۆرىلەرگە، دېگىنى ئەنە شۇ چاغدا بولىدۇ. يازدا كۈنلەر قاتتىق ئىسسىپ كەتكەندە، بۆرىلەر كېيىكلەرگە تەگمەيدۇ. بۇ ياقلاردا باشقا يەيدىغان نەرسىلەر، تۇمشۇقلىرى ئاستىدا تولۇپ - تېشىپ ياتىدۇ ئەمەسمۇ. سۇغۇرلار قىشلىق ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، پۈتۈنلەي سەھرا بويلاپ تىمىسقىلىشىپ يۈرۈشىدۇ. باشقا مەخلۇق ۋە جانىۋارلار يول بويى تەمىنلەنگەن نەرسىلەرگە ئۇلار پەقەت يازدىلا يېتىشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا سۇغۇر توپلىرىنىڭ راھەتلىنىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈشكەنلىكلىرىنى كۆرۈڭ. ئۇلار خەۋپ - خەتەرگىمۇ قارىماي قويىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا بۆرە دېگەننىڭ كۈنى تۇغىدۇ. سۇغۇر ئوۋى باشلىنىدۇ. ھەر نەرسىنىڭ ئۆز ۋاقتى - سائىتى بار - دە. قىسقىسى سۇغۇر دېگىنىڭ ئەنقانىڭ تۇخۇمى. ياز ئايلىرىدا بۆرىلەر سۆلەيسۇن، كەكلىك قاتارلىق جانىۋارلارنى ئولجا قىلىپ كۈن كەچۈرۈشىدۇ. لېكىن ئەڭ ئۇلۇغ ئوۋ — كېيىك ئوۋى كۈزدە باشلىنىدۇ. ئاندىن تا قىش ئاخىرلاشقۇچە سوزۇلىدۇ. ھەر نەرسىنىڭ ۋاقتى - سائىتى كېلىدۇ. چۆل - دەشتلەردە ھاياتنىڭ شۇ تەرىقىدە تەۋرىنىپ تۇرۇشى تەبىئەتنىڭ ئادالىتىدىن بولسا كېرەك. مويىنقۇمدا ئەزەل - ئەزەلدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تىرىكچىلىكنىڭ بۇ قانۇنىيىتىنى ياكى تەبىئىي ئاپەت ۋە ياكى ئىنسان بالىسىلا ئىزىدىن چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# II

تاڭغا يېقىن چۆلگە سالقىن چۈشتى. يەر يۈزىدە قىمىر-
لىغانلىكى مەخلۇقلارنىڭ ھەممىسى يېنىك نەپەس ئالدى.
ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مۇشۇ پەيت تىنجىق تۈن بىلەن شور باسقان
تالا - تۈزنى ئۆرتەپ، ئاپتاپنىڭ ئاپئاق يالقۇنىدا يېنىپ كېتى-
دىغان كۈندۈز ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ راھەت پەيت ئىدى. يەرگە
كۆك سۈرمە رەڭ شولىلارنى چېچىپ، مويىنقۇم ئاسمىنىدا سېرىق
تولۇنئاي چىقتى. قەيەردىن قارىماڭ، بۇ يەرنىڭ بېشىمۇ،
ئايىغىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تۆت ئەتراپ يىراق - يىراقلارغىچە
قارىيىپ باراتتى ۋە يۇلتۇزلۇق ئاسمان بىلەن قوشۇلۇپ كېتەت-
تى. كېچىلىك ئۆلۈك جىمجىتلىقتا جان كىردى، يىلاندىن باشقا
ھەممە جانىۋارلار تاڭ پەيزىدىن بەھىر ئېلىش ئۈچۈن قىمىرلاپ
قالدى. غۇجمەك - غۇجمەك بولۇپ ئۆسكەن يۇلغۇن شاخلىرى-
نىڭ ئاستىلىرىدا چۈجىلىرى ۋىچىرلاپ قۇشلار ئويغاندى. كىرى-
پىلەر يەر پۇراپ چېپىشقا باشلىدى. تۈن بويى تىنماي چىرىل-
دىغان قارا چېكەتكىلەرگە يېنە باشقىدىن جان كىردى. ئۇيقۇ-
سىدىن ئويغانغان سۇغۇرلار باشلىرىنى ئىچىدىن چىقىرىپ، ھەر-
نەرىپكە ئالاق - جالاق قاراپ، سۆكسۆكلەر تېگىدە تۆكۈلگەن
ئۇرۇقلارنى تەرسەكىمكىن - تەرمىسەكىمكىن دېگەندەك ئۇيقۇ-
سىراپ ئولتۇرۇشتى. يوغان مۈشۈكياپىلاق بەش دانە ئاق بالى-
سى بىلەن بىللە چاقچاقلىشىپ، چاقىرىشىپ، بىر - بىرىدىن
ئايرىلماي بىردەم ئۇچۇپ، بىردەم قوناتتى. باشقا تۈرلۈك -
تۈمەن جانىۋارلار بىلەن مەخلۇقلار سۈزۈلۈپ كېلىۋاتقان چۆل
تېگىدا بىر ئېگىزلەپ بىر پەسلەپ ئۇلارغا جور بولاتتى...
كۆك كۆز ئەكبەرە بىلەن تاشچايىنارنىڭ باشلىرى قوشۇل-

غان تۈنجى ياز كۈنلىرى ئىدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ چوڭ ئۇۋۇلاردا چىپىپ ھارمايدىغان چوڭ بۆرە ئىكەنلىكلىرىنى كۆر- سىتىشكەن ۋە موينىقۇم بۆرىلىرى ئارىسىدا تونۇلغانىدى. ئىككىسىنىڭ بەختىگە — چۆل جانىۋارلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بەخت- لىك ھەم بەختسىزلىرى بولسا كېرەك — تەبىئەت ئەكبەرە- گىمۇ، تاشچاينارغىمۇ چۆل جانىۋارلىرىغا تونىمۇ زۆرۈر بولغان مۇھىم سۈپەتلەرنى مول - كۆل بەرگەن بولۇپ، ئىككىلىسىمۇ ئىنتايىن سەزگۈر، ئوۋنى ئالدىن ھېس قىلىدىغان ۋە كۆزلەيدى- غان، كۈچلىرى تەنلىرىگە پاتمايدىغان، چاپقۇر ۋە باسقۇر، شىددەتلىك ئىدى. ھەممىسى كەلگۈسىدە بۇ ئىككى بۆرىنىڭ ئوۋى ئوڭىدىن كېلىشىدىن، ئۇلارغا تىرىكچىلىكنىڭ ھەممە ئازاب- لىرى ۋە راھەتلىرىمۇ تولۇق يار بولۇشىدىن، پېشانىلىرىگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا، ھەممىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالماسلىقلىرىدىن دېرەك بېرەتتى. ھازىرچە ئۇلارنىڭ موينىقۇم چۆللىرىدە يالغۇز ھۆكۈمران بولۇشىغا ھېچقانداق كۈچ توسقۇنلۇق قىلالمايتتى. تېخى ئادەملەر بۇ چۆللەرگە كۆپ قەدەم باسمىغان ۋە بۆرىلەر- مۇ ئۇلار بىلەن زادىلا توقۇنۇشمىغانىدى. تەبىئەتنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان يەنە بىر ئىنئامى شۇ ئىدىكى، باشقا ھەممە جان- ۋارلارغا ئوخشاش بۇ يىرتقۇچلارمۇ ئەتە نېمە بولىدۇ دەپ تەشۋىشلەنمەي، قورقماي، تەمتىرىمەي كۈن كەچۈرۈشەتتى. ئادىل تەبىئەت ئەزەلدىن مەخلۇقلارنى تىرىكچىلىكنىڭ بۇ قار- غىش تەگكۈر تەشۋىشىدىن خالاس قىلغانىدى. تەبىئەتنىڭ دەل مانا شۇ ئىنئامى ئىچىگە جىسمىي موينىقۇم جانىۋارلىرى- نىڭ بېشىغا قارا كۈن، قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت سالىدىغان بىر كۈچمۇ يوشۇرۇنغانىدى. لېكىن جانىۋارلارنىڭ ھېچبىرى بۇنى پەملىمەيتتى. باش - ئايىغى يوق موينىقۇم قانچىلىك چەكسىز بىپايان كۆرۈنگىنى بىلەن، ئاسىيا قىتئەسىنىڭ خەرىتى-

www.uyghurkitap.com

بىسىدە سۇس سېرىق رەڭدە بويالغان بارماقچىلىك بىر جاي ئىكەنلىكىنى ئايدىڭ ئىدى. بېقىلىدىغان ماللار يىلدىن - يىلغا كۆپىيىۋاتىدۇ، يېڭى قۇدۇقلار كولىنىپ، ئوتلاق جايلار ئىزدىشىپ، مويىنقۇمنى تۆت تەرىپىدىن قىسىپ كېلىۋاتىدۇ، قاناللار قېزىلىۋاتىدۇ، يوللار ئۆتۈشۈۋاتىدۇ. مويىنقۇم ئەتراپلىرىغا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ گاز تۇرۇبىلىرى ياتقۇزۇلۇپ، ئادەملەر تېخنىكا بىلەن قاتتىق قورالىنىپ، ماشىنا ۋە باشقا ماتورلۇق قاتناش قوراللىرىغا ئولتۇرۇپ، يانلىرىغا سۇ غەملىۋېلىپ، رادىئو ئالاقىسى ياردىمى بىلەن ھەرقانداق دەشتۇ سەھرا ئىچىگە، جۈملىدىن، مويىنقۇمغا شىددەت بىلەن كىرىپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن بۇلار كەلگۈسىدە ئەۋلادلار پەخىرلىنىپ يۈرىدىغان كەشپىياتلارنى ئىجاد قىلىدىغان پىداكار ئالىملار ئەمەس، ھەرقانداق ئادەملەرنىڭمۇ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىشنى بېجىرىدىغان ئاددىي كىشىلەر. چەك - چېگرىسى كۆرۈنمەيدىغان، ھېچقانداق بالا - قازا يولىيالمايدىغاندەك تۇيۇلغان مويىنقۇم چۆلىنى مانا شۇ ئاددىي ئادەملەر تەرەپ - تەرەپتىن قىسىپ كېلىشكە باشلىدى. بىراق ئىنسان ھاياتىنىڭ تولىمۇ ئاددىي ۋە ساددا كۆرۈنگەن ئىشلىرىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى مويىنقۇم جانىۋارلىرى نەدىن بىلسۇن. بۇ يەردە ھەممىلا نەرسە ئادەملەرگە باغلىق ئىدى — ئۇلار ئىنسان جامائەتچىلىكى ئۈچۈن ئادەت بولۇپ قالغان بۇ نەرسىلەرنى نېمىلەرگە باغلايدىكىن: ياخشىلىقىمۇ ياكى يامانلىقىمۇ، قۇرۇشقىمۇ ياكى بۇزۇشقىمۇ؟ بۇنى سەھرا مەخلۇقلىرى نەدىن بىلسۇن. ئادەملەر ئەقىل - ئىدراك بىلەن ئىش قىلىشقا باشلىغان زامانلاردىن بېرى ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى بىلىشكە ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقانلىقلىرىنى، ئۆزلىرىنىڭ چىگىش ئىشلىرىدىن زادىلا قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى ۋە ئەزەلدىن تارتىپ نېمە ئۈچۈن

يامانلىق دائىم ياخشىلىق ئۈستىدىن غالىب چىقىدۇ دېگەن ئەقىدىنى، باشلىرىنى قاتۇرۇپ كېلىۋاتقان تېپىشماقنى يېشەلمەيۋاتقانلىقىنى تىلسىز مەخلۇقلار نەدىن بىلسۇن...

ئىنسان بالىسىنىڭ مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلىرى، قانۇن - نىزاملىرى مۇيىنقۇم جانىۋارلىرىغا مۇتلەق قاراڭغۇ ئىدى. بولۇپمۇ، بۇ نەرسىلەر ئۇلارنىڭ سېزىمى، تەجرىبىسى ۋە تەبىئىتىدە ئومۇمەن يوق ئىدى. ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، هازىرقى كۈنلەرگىچە ئاسىيانىڭ ئاشۇ يېرىم چۆل، يېرىم سەهرا دەشتلىرىدە دەرەخ دېسە دەرەخ ئەمەس، ئوت - چۆپ دېسە ئوت - چۆپ ئەمەس، ئەمما تاشتەك قاتتىق، مىتىندەك مۇستەهكەم، تۆمۈر ئارغامچىدەك ئېشىلگەن، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق يۇلغۇنلۇقلىرى، چىگىش سۆكسۆكلىرى، كەكرە ئوتلىرى ۋە هەممىدىنمۇ بەك ئاي شولىسىدا، قۇياش نۇرىدا ئالتۇن رەڭلىك سۇپسۈزۈك ئورمانىدەك لاۋۇلداپ يانىدىغان، ئىچىگە كىرگەن هەرقانداق زات بېشىنى كۆتۈرگەن هامان تۆت تەرەپتىن بىراقلا دەرهال كۆزگە تاشلىنىدىغان چىغ - قومۇشلۇقلارغا تولغان شۇ دەشتلەردىكى جانىۋارلارنىڭ هايات كەچۈرۈشىگە هېچ نەرسە توسقۇنلۇق قىلالماي كېلىۋاتاتتى.

يېڭى بۆرە ماكانى — تاشچاينار بىلەن ئەكبەرەنىڭ قىسمەتلىرى مانا مۇشۇ يەرلەردە كەچكەنىدى. مۇشۇ ئارىلىقتا مەخلۇقلار هاياتىدا ناهايىتى مۇهىم بىر ۋەقەمۇ بولۇپ ئۆتتى — ئەكبەرە ئۈچنى تۇغقانىدى. بۇ ئۇنتۇلماس ۋەقە مويىنقۇمدا مۇشۇ كۆكلەم چاغدىكى ئىرماش - چىرماش چاتقاللار ئارىسىدا، قېرى سۆكسۆك تېگىدىكى ئۆڭكۈردە يۈز بەرگەنىدى. بۇ ئۇۋا بۆرە بالىلىرىنى سەيلىگە ئېلىپ چىقىشقا تولىمۇ ئەپلىك ئىدى. بۆرە كۈچۈكلىرىدىگە خېلى جان كىرىپ قالغان بولۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ تۇرۇشاتتى، لېكىن

بىر - بىرى بىلەن ئوينىشقان، دومىلاشقان چاغلىرىدا قۇلاقلىرىنىڭ سالپىيىپ كەتكىنى بىلەن كارى بولمايتتى. ئۇلار ھازىر خېلى پۇت دەسسەپ تۇرالايدىغان، ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە يارىشا خۇي - پەيلىنى يېتىشتۈرۈۋاتقان بولۇپ، چوڭ بۆرىلەر ئوۋغا چىققان چاغلاردا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگىشىپ يۈرەتتى.

يېقىندا بۆرىلەر بىر كېچە - كۈندۈز ئوۋدا بولدى. ئوۋ كۈتۈلمىگەن پالاكەت بىلەن ئاخىرلاشقىلى تاسلا قالدى.

شۇ كۈنى ئەكبەرە تاڭ قاراڭغۇسىدا كۈچۈكلىرىنى ئەگەشتۈرگەن پېتى مويۇنقۇمنىڭ خىلۋەت بىر جايىغا يول ئالدى. بۇ يەرلەردە، پايانسىز دەشتلەردە، بولۇپمۇ غوۋا قاراڭغۇ سايلار ۋە ئويمان - چوڭقۇر يارداڭلاردا ئادەمنى ھوشسىزلاندۇرۇپ، بېشىنى ئايلاندۇرىدىغان غەلىتە ئوت - چۆپلەر بولۇق ئۆسۈپ كەتكەنىدى. مانا شۇ ئېگىزلىكى بەلگە كېلىدىغان، قارىيىپ ياتقان، چىگىش ئوت - چۆپلەر ئىچىدە ئۇلارنىڭ غەلىتە چاڭ - توزانلىرىنى بىردەم دىمىغىڭىزغا تارتىدىغان بولسىڭىز، بىردىنلا ئۆزىڭىزنى ئاسماندا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك، ھاۋادا ئۈزۈۋاتقاندەك يېنىك ۋە خۇش كەيپ سېزىسىز، ئاندىن ھالسىزلىنىسىز، پۇتلىرىڭىزدىن ماغدۇر كېتىدۇ، كۆزلىرىڭىزنى ئاجايىپ ئۇيقۇ باسىدۇ. ئەكبەرە بۇ يەرلەرنى كۈچۈك ۋاقتىدىن تارتىپلا بىلەتتى. ئۇ كەندىر چېچەكلەيدىغان چاغلاردا بۇ يەرگە بىر كېلىپ كەتكەنىدى. ئۇ يولدا يولۇققان ئۇششاق چۆل جانىۋارلىرىنى چاڭگىلىدىن ئۆتكۈزۈپ، قويۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرۈشنى، ئۇلارنىڭ تۆپىسىدە ئېغناپ يېتىش، ئۆتكۈر پۇراقلىرىنى ئىچىگە تارتىش، ئاندىن قانات چىقارغاندەك بولۇپ ئۇچۇش ۋە پەيزى قىلىپ ئۇخلاپ قېلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

هازىر بولسا ئۇ تاشچاينار بىلەن يالغۇز ئۆزىلا ئەمەس،
ئارقىسىدىن، پۈتلىرى قولاشمىغان ۋە ئۇزۇن كىچىككىلىرىمۇ
ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بۇنداق سەپەر پەيتلىرىدە بۆرە
بالىلىرى ئىلاجىنىڭ بارىچە كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىپ،
ئۆزلىرىگە تېگىشلىك ھۈنەرلەرنى كىچىكىدىنلا ياخشى ئۆزلەش-
تۈرۈۋېلىشلىرى كېرەك ئىدى. چىشى بۆرە ئەگەشتۈرۈپ
كېتىۋاتقان جاينىڭ چېتىدىكى خۇش بۇي ئوتلاقلارغىمۇ شۇ
بۆرىلەر ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. ئۇنىڭدىن ئۇ يېقى يات ماكانلار
ئىدى، ئۇ ياقلاردا ئادەملەرگە دۈچ كېلىپ قېلىش ئادەتتىكى
ئىش ئىدى. مۇشۇ كۆز يەتمەيدىغان تەرەپلەردىن گاھىدا كۈز
شامالىرىنىڭ ھۇۋۇلىشىدەك پاراۋوز ئاۋازلىرى قۇلاققا كىرىپ
قالاتتى، ئۇ ياقلار بۆرىلەرگە مۇتلەق يات ئىدى. ئۇلار
ئەكبەرەنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز يەرلىرىنىڭ ئەڭ چەت
ياقىسىغا كېتىپ باراتتى.

ئەكبەرەنىڭ كەينىدىن تاشچاينار لوكۇلداپ باراتتى.
بۆرە بالىلىرى بولسا جانلىرى تېنىگە سىغماي، تىنماي
شوخلۇق قىلىشاتتى، ئوينىشىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى.
لېكىن ئەكبەرە ئۇلارنىڭ بەڭباشلىق قىلىشىغا يول قويمايتتى،
ھېچقانداق مەخلۇق ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتمەسلىكى كېرەك ئىدى.

ئۇلار باشتا سۆكسۆكلەر ۋە چۆل شىۋاقلىرى قاپلاپ
كەتكەن قۇملۇق يەرلەردىن مېڭىشتى. قۇياش ئاستا - ئاستا
يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋانىڭ ئادەتتىكىدەك ئوچۇق ۋە ئىسسىق
بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. كەچكە يېقىن بۆرە تۈپى
چۆلنىڭ چېتىگە يېتىپ كەلدى. كۈن تېخى يورۇق ئىدى. ئوت-
چۆپلەر بۇ يىل ئېگىز ئۆسكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە
يۈرگەن بۆرىلەرنىڭ ياللىرىلا كۆرۈنەتتى. كەندىرنىڭ ئاپتاپتا
قىزىپ كەتكەن تۈك باسقان شاخلىرىدىكى كۆزگە ئۇنچىۋالا

www.uyghurkitap.com

تاشلانمايدىغان كۆللىرى كۈچلۈك پۇراق تارقىتاتتى، بولۇپمۇ، ئوت - چۆپ قېلىن ئۆسكەن جايلاردا پۇراق تولىمۇ ئۆتكۈر ۋە قويۇق ئىدى. ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەن بۆرىلەر كىچىككىرەك بىر ساي ئىچىدە دەم ئېلىشتى. تىنىمسىز بۆرە باللىرى ھېرىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئەتراپتا دولىلاق ئېتىشاتتى، يەرنى پۇراپ، تۈرلۈك پۇراقلارنى ئاجرىتاتتى، ئۇلارغا ھەممىلا نەرسە قىزىق تۇيۇلاتتى. بۆرىلەرنىڭ قورسىقى توق، شۇڭلاشقا، كېچىسى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تۈنەپ قالسىمۇ بولىۋېرەتتى. ئۇلار يول بويى بىرنەچچە سېمىز سۇغۇر بىلەن بىر توشقان تۇتۇپ يېيىشكەن، بىرنەچچە قۇش چاڭگىلىرىنى تىنتىپ ئۆتۈشكەن، ئاندىن يولدا ئۇچرىغان يارداڭلىقتىكى بۇلاقتىن قانغۇچە سۇ ئىچىشكەنىدى. لېكىن ئارىلىقتا كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن بۆرىلەر بۇ يەرلەردىن تېزلىكتە ۋاز كېچىشكە، ئارقىسىغا — سەھرانىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئۇۋىسىغا قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار تۈن بويى يول بېسىشتى.

ۋەقە مۇنداق بولدى: كۈن پاتماقتا ئىدى، ئەكبەرە بىلەن تاشچاپىنار كەندىرنىڭ ھىدىدىن مەستخۇش بولۇپ ئوت - چۆپلەر ئارىسىدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. شۇ چاغدا يېقىن ئەتراپتىن قۇلاقلىرىغا ئادەم تاۋۇشى ئىشىتىلدى. ئادەمنى باشقىلاردىن بۇرۇن يار بويىدا ئويناپ، قوغلىشىپ يۈرگەن بۆرە باللىرى كۆردى. ئۇلار ۋاقىتسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ غەلىتە نەرسىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمىدى. قىسقىغىنا ئىشتان، يالاڭ پۇتىغا شۇەك، بېشىغا يېڭى ۋاقتىدا ئاق، ھازىر بولسا تامامەن كىرلىشىپ كەتكەن پانامە كىيگەن مەخلۇق يالىڭاچ ھالدا كەندىرلەر ئارىسىدا تەلۋىلەردەك چېپىپ يۈرەتتى. ئۇ ئوت - چۆپلەر قېلىن ئۆسكەن جايلارنى

تاللاپ بىردەم ئۇ ياققا، بىردەم بۇياققا چېپىپ بۇنىڭدىن مەززە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇنداق ئىشنى ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقان بۆرە بالىلىرى بىر چۆچۈپ، بىر ئەجەبلىنىپ ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى. ھېلىقى مەخلۇق بولسا، خۇددى جىن تەگكەندەك، يۈگۈرۈشتىن توختىمايتتى. بۆرە بالىلىرى قورقۇشتىن ئۆزلىرىنى ئوڭلاپ، يۈرىكىنى توختىتىۋالدى، ئۆلارنىڭ پالاقلاپ چېپىپ يۈرگەن، بەدىنىدە تۈكى يوق، ئىككى پۇتلۇق ئاجايىپ مەخلۇق بىلەن ئويىنىغۇسى كەلدى. دەل شۇ چاغدا قىپيالىڭاچ ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ بۆرە كۈچۈكلىرىنى كۆرۈپ قالدى. ھەيران بولىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ بۇ يەردە بۆرە بالىلىرى نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلىماي، ھوشيار بولماي، ئېسىنى يوقاتقان ھالدا قوللىرىنى ئالدىغا سوزۇپ، بۆرە بالىلىرىنى ئەركىلەتكىلى تۇردى.

— ۋاي، بۇلار نېمە؟ — دەيتتى ئۇ يۈزىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان تەرنى سۈرتۈپ، — بۆرە بالىلىرى ئەمەسمۇ؟ يا بېشىم قېيىپ، كۆزۈمگە شۇنداق كۆرۈنۈۋاتامدۇ؟ ياقەي، ئۇچىلىسىلا چوڭ بولۇپ قالغان بۆرە بالىلىرىغۇ! ۋاي، مېنىڭ بۆرىبايلىرىم! يول بولسۇن! نەدىن كەلدىڭلار؟ نەگە بارىسىلەر؟ بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرىسىلەر؟ مېنىڭغۇ ئەسكىلىكىم بۇ يەرلەرگە ھەيدەپ كەلدى، سىلەرچۇ؟ بۇ چۆللەردە، قارغىش تەگكەن بۇ كەندىرلەر ئىچىدە نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ قېنى، بېرى كېلىڭلار، قورقماڭلار، قورقماڭلار، مەھ‌مەھ! ۋاي، تەنتەك بۆرىبايلىرىمەي!

كاللىسى يوق بۆرە بالىلىرى ئادەمنىڭ ئەركىلەتكىنىگە راستتىنلا ئىشىنىپ، قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ، قورساقلىرىنى يەرگە تەگكۈزۈپ قوغلاشماق ئويناش ئىشتىياقىدا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. لېكىن شۇ چاغدا يار ئىچىدىن

ئەكبەرە ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ۋەزىيەتنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ئىچىدە ھېس قىلىپ بولدى. ئەكبەرە تەمكىن ھالدا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، چۆل قۇياشىنىڭ قىزغۇچ شەپەقلىرىگە چۆمگەن يالىڭاچ ئادەمگە تاشلاندى. ئۇنىڭغا ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلاش ياكى كېكىردىكىنى ئۈزۈپ ئېلىش ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ھېلىقى ئادەم ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بۆرىنى كۆرۈپلا، قورقىنىدىن كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كەتتى، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، بېشىنى قۇچاقلىغان پېتى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. ئۇنى شۇ قۇتقۇزدى. ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتقان ئەكبەرەنىڭ پىكىرى چاقماق تېزلىكىدە ئۆزگەردى. ئۇ يالىڭاچ ۋە ھىمايىسىز، بىر تېپىككە يارىمايدىغان ئادەمنىڭ ئۈستىدىن قۇيۇندەك ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىنى، قورقىنىدىن قېتىپ قالغان كۆزلىرىنى كۆردى. ئەكبەرە ئادەم تېنىنىڭ ھىدىنى سەزدى. ئۇ يەنە بىر تاقلاپ ئۆزىنى ئادەمنىڭ ئۈستىدىن كەينىگە ئېتىپ باللىرى يېنىدا پەيدا بولدى، ئۇلارنى قۇيرۇقلىرىدىن ئاغرىتىپ چىشلەپ، شىددەت بىلەن يار بويىغا سۈرۈپ قوغلىدى ۋە تاشچاينارنىڭ ئۇدۇلىدىن چىقتى. تاشچاينارمۇ ئۇ ئادەمنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك يالىلىرى دەھشەتلىك ھۈرپەيگەنىدى. ئەكبەرە ئۇنىمۇ نېرى سۈرۈپ، بىر چىشلىۋالدى ۋە كەينىگە ياندۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسى يار ئىچىگە چۈشۈپ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولدى...

شۇنىڭدىن كېيىنلا بايىقى ئادەمنىڭ ھوشى جايىغا چۈشتى، ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ قېچىشقا باشلىدى... كەينىگە قارىماي، نەپەس چىقارماي چۆلدە خېلى يەرگىچە چېپىپ باردى...

ئەكبەرە توپىنىڭ ئادەم بىلەن تونۇشۇشى مانا شۇنداق

ۆتكەنىدى... بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بىلەن تۈگەيدىغانـ
لىقىنى كىم بىلىدۇ دەيسىز...

*　*　*

كۈن يانپاشلىدى. پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشتىن چوغدەك ھارارەت ياغاتتى، ئۇنىڭغا كۈن بويى قىزىپ ياتقان يەردىن كۆتۈرۈلگەن، تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ئىسسىق ھور قوشۇلۇپ تۇراتتى. قۇياش ۋە چۆل ئەزەلدىن تارتىپلا خىيالدا: چۆل كۈنگە قاراپ ئاپتاپ ئۆز نۇرلىرىنى يايغان ماكانىنىڭ نەقەدەر چەكسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. چۆل ئاسمىنىنىڭ بىپايانـ لىقى بولسا، سازلارنىڭ ئېگىز پەرۋازلىرىدىن ئايان. مۇشۇ كۈن پاتار چاغدا مويىنقۇم چۆللىرىدىكى كۆز يەتمەيدىغان ئېگىزلىكلەر ئۈستىدە بىر توپ سار ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلار ھېچنېمىنى مولجالىغا ئالماي، قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۈكە پەرلىرىدەك پەردە بىلەن قاپلانغان، دائىم سالقىن بولىدىغان ئاسمان دېڭىزىدا راھەتلىنىپ ئۈزۈشەتتى. خۇددى مۇشۇ ۋاقىت ۋە مۇشۇ ئاسمانىنىڭ قەدىمىيلىكى ھەممە ئۆزگەرمەسلىكىدىن خەۋەر بەرگەندەك، ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ھالقا شەكىللەندۈرۈپ ئايلىناتتى. مۇشۇنداق پەيتلەردە سارلار ئۆزلىرىدىن يىراقتا، پەستە، قاناتلىرى ئاستىدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى جىمغىنا تاماشا قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۆتكۈر، ھەممە نەرسىنى كۆرىدۇ (ھە، ئاۋۋال كۆرىدۇ، ئاندىن ئاڭلايدۇ). دەل مانا شۇنىڭ ئۈچۈن چۆل ئاسمىنىنىڭ ئەڭ بۈيۈك يىرتقۇچلىرى ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار گۇناھكار يەر ئۈستىگە بولسا، پەقەت ئولجا ئىلىش ۋە تۈنەش ئۈچۈنلا قونىدۇ.

ئەھۋالدىن قارىغاندا، مۇشۇ دەقىقىلەردە مۇشۇ كۆز يەتمەس ئېگىزلىكتىن ئۇلارغا كىچىكرەك دۆڭلۈك ئۈستىدە ئالا - بۇلا بولۇپ ئۆسكەن يۇلغۇنلار ۋە تىللادەك ۋاللىداپ تۇرغان چىغلار ئارىسىغا جايلاشقان چىشى بۆرە، ئەركەك بۆرە ۋە ئۈچ بۆرە بالىسى ئوچۇق - ئېنىق كۆرۈنگەن بولسا كېرەك. بۆرىلەر ئېگىزدىكى سارلارغا تاماشا بولۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، ئىسسىقتىن تىللىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە دەم ئېلىپ ياتاتتى. تاشچاينار ئۆزىگە تولىمۇ ياقىدىغان ھالەتتە، ئالدىنقى پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن پېتى سوزۇلۇپ ياتاتتى. بۇ تەييارتاپ بۆرە باشقىلاردىن ھەيۋەتلىكلىكى، قامىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن ئاجرىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدا دىقماق، يوغان قۇيرۇقىنى ئاستىغا بېسىپ، خۇددى تاشتىن يونۇلغان سەنەمدەك بولۇپ، چىشى ئەكبەرە ئىككى كۈچلۈك قولىنى يەرگە مەھكەم تىرىگەن پېتى سوزۇلۇپ ياتاتتى. قانجۇقنىڭ ئاقىرىپ كۆرۈنگەن كۆكرىكى، ئەمدى ساڭگىلاپ قالغان ئەمچەكلىرى، ئېچىگە كىرىپ كەتكەن ئىككى بىقىنى ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغانلىقى ۋە بېلىنىڭ تولىمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۆرە بالىلىرى بولسا، شۇ ئەتراپتا غۇجمەك بولۇپ ئويناۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ تىنىمسىزلىقلىرى، شوخلۇق - تەنتەكلىكلىرى، توختىماي سۈركىلىپ ئېسىلىشلىرى چوڭ بۆرىلەرنىڭ زىغىرچە بولسىمۇ چىشىغا تەگمەيتتى. مەيلى، قانغۇچە تويۇپ ئويناۋالسۇن، دېگەندەك قىلىپ قارىشاتتى...

سارلار بولسا ھامان كۆكتە پەرۋاز قىلغان پېتى پەستە، مويىنقۇمدا، كۈن پاتار چاغدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىغا سوغۇق نەزەر تاشلىشاتتى. بۆرىلەر توپى جايلاشقان يەردىن سەل نېرىراقتا كەڭ يۇلغۇنلۇقنى ئارىلاپ كېيىكلەر ئوتلاپ يۈرەتتى.

بۇ توپتىن سەل - پەل نېرىدا قامغاقلىقلار ئىچىدە يەنە بىر چوڭ پادا يېيىلغانىدى. سارلار كېيىكلەرگە قىزىقىپ قارىغان چاغلىرىدىمۇ ئونلاپ چاقىرىمغا سوزۇلغان چۆلنىڭ ئىككى تەرىپىمۇ يۈزلەپ - مىڭلاپ كېيىك پادىلىرى بىلەن تولغانلىقىنى بايقىشاتتى. كېيىكلەر يېرىم سەھرا - يېرىم چۆل بولغان مانا مۇشۇ ئەپلىك يەرلەردە قەدىم زامانلاردىن بېرى ماكان تۇتۇپ ياشاپ، كۆپىيىپ كەلمەكتە ئىدى. كېيىكلەر كەچكى ئىسسىقنىڭ يېنىشىنى كۈتۈپ، تۈن سالقىنىدا يىراق - يىراقلارغا جايلاشقان بۇلاقلارغا قاراپ يول ئېلىشتى. ئايرىم كېيىك پادىلىرى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا توپلىشىپ سۇ ئىچكىلى يولغا چۈشمەكتە ئىدى. ئۇلار سۇ ئۈچۈن تولىمۇ ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ ئۆتەتتى.

كېيىك توپلىرىدىن بىرى بۆرىلەر ياتقان دۆڭلۈك يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، شىلدىرلىغان قۇرۇق چىغلار ئارىسىدىن ئاققۇيرۇقلارنىڭ ۋىژ - ۋىژ قىلىپ ئۆتۈپ تۇرغان ساغرىلىرى ۋە بىقىنلىرى، تېكە كېيىكلەرنىڭ مۈڭگۈزلىرى بۆرتۈپ چىققان، يەرگە قاراپ ئېگىلگەن كاللىلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇلار ھاۋانىڭ ئوشۇقچە قارشىلىقىغا ئۇچرىماسلىق ئۈچۈن، دائىم باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ يۈرەتتى ۋە بىردەمنىڭ ئىچىدىلا شىددەت بىلەن يۈگۈرۈپ كېتەتتى. تەبىئەتنىڭ ئۆزى ئۇلارنى شۇنداق قىلىپ ياراتقان، ئۇلار ھەرقانداق خەۋپ - خەتەردىن بىمالال قېچىپ قۇتۇلالايدۇ. كېيىكلەرگە بېرىلگەن ئۇستۈنلۈكمۇ شۇنىڭدا. كېيىكلەر ئۆزلىرىگە تىنىچ تۇيۇلغان پەيتلەردە كېتىۋاتقىنىدا، بىر قېلىپتا، ھېرىش - چارچاشنىڭ نېمىلىكىنى سەزمەي، بۆرىلەردىن باشقا ھېچبىر مەخلۇققا تۇتۇق بەرمەي يورتۇپ كېتىۋېرىدۇ. كېيىكلەرنىڭ سان - سانىقى يوق، ئۇلارنىڭ كۈچىمۇ مانا شۇنىڭدا...

www.uyghurkitap.com

ھازىر ئۇلار قامغاقلار ئارىسىدا ياتقان ئەكبەرە توپىنىڭ نېرىسىدىن ئۆتمەكتە، ئۇلارنىڭ كەينىدىن شامال كۆتۈرۈلەتتى، شامالغا پادىنىڭ چاڭ - توزانلىرى ۋە بەدبۇي تەر پۇراقلىرى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. تۇمشۇقلىرىغا ئۇرۇلغان بۇ پۇراقلاردىن بۆرە بالىلىرىنىڭ قانلىرى قىزىيتتى. ئۇچىلىسىمۇ ھاۋانى قاتتىق پۇراپ، نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا قانلارنى جۇشقۇنلاشتۇرىدىغان پادا پۇرىقى كېلىۋاتقان تەرەپكە، چىغلىقلارنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سىمىز تەنلەرگە تاشلانماقچى بولاتتى. بىراق چوڭ بۆرىلەر — نە ئەكبەرە، نە تاشچاينار ئورۇنلىرىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

ۋەھالەنكى، ئۇلار بىر سەكرەپلا پادىغا يېتىشىۋېلىشى، ئۇلارغا دەھشەت ۋە قورقۇنچ سېلىپ ئۆتۈپ كېتىشى، ھايات - مامات ئېلىشىشىدا جانىۋارلارنى پۈتۈنلەي ھالسىدىن كەتكۈزۈپ، ئاندىن بىرنەچچىسىنى چەبدەسلىك بىلەن يەرگە ئېغىنىتىپ، بوغۇزىدىن ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلسا بولاتتى، بۇنىڭ قىيىن يېرى يوق ئىدى. لېكىن ئامېتى كەلمەي، ئولجىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. لېكىن ئەكبەرەمۇ، تاشچاينارمۇ توپنىڭ كەينىدىن قوغلاشنى خىيالىغا كەلتۈرۈشمىدى. ئولجا يانلىرىدىن شۇنداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، ئورۇنلىرىدىن قىمىرلىمىدى. بۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا سەۋەبلىرى بار ئىدى. شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ قورسىقى توق ئىدى. قورساقنىڭ توقلۇقىدا، كۈننىڭ شۇنداق ئىسسىقىدا كېپىكلەرنى قوغلاش، قۇتىراپ ئوۋ قىلىش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. لېكىن، گەپ باشقا ياقتا. مۇھىمى، بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان پەيتى تېخى كەلمىگەنىدى. ئۇلار قوغلا - قوغلا، چاپ - چاپقا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئولجا ئالالماي، ئوۋ قىزغىنلىقىنى

يوقىتىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. يۈرىكىنى ئالدىرىپ قويغان، رايى قايتقان بۆرە بولمايدۇ. قىش كىرسۇن تېخى، چوڭ ئوۋلار باشلىنىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا كۈچكە تولغان، ۋايىغا يەتكەن بۆرىلەر نېمىلەرگە قادىر ئىكەنلىكلىرىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، ئىشەنچىنى ئاشۇرىدۇ. ھازىردىنلا ئىشنى بۇزۇشنىڭ ھاجىتى يوق. لېكىن ۋاقتى - سائىتى كەلسۇن، ئوۋلارنى شۇ چاغدا كۆرۈڭ! چوڭ مەرىكە ئەنە شۇ چاغدا بولىدۇ!

ئەكبەرە ئوۋ تەمەسسىدە ئويىناقلاپ، سەكرەپ ئۆزىگە ئېسىلىۋەرگەن كۈچۈكلىرىدىن بىزار بولۇپ، باشقا جايغا سەكرەپ ئۆتتى. چىغلارنىڭ كۈمۈش پۈپۈكلىرىنى ئارىلاپ خۇددى ئۇچقۇيدىغان پەيتلەردە دەريادىن يۇقىرىغا قاراپ ئۆزگەن بېلىقلاردەك ھەممىسى بىر ياققا قاراپ كېتىۋاتقان كېپىكلەردىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى. كېپىكلەرنى بىر - بىرىدىن زادى ئاجراتقىلى بولمايتتى. ئەكبەرەنىڭ قاراشلىرىدىن، مەيلى ھازىرچە ئۆتتۈۋېرىڭلار، ياشىغىنىڭلارچە ياشاڭلار، لېكىن ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە، سەھرادا نېمىلا بولسا، يەنە ھەممىسى سەھرانىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەسلا قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، دېگەن مەنىنى ئۇقۇش مۇمكىن ئىدى. مۇشۇ پەيتتە بۆرە كۈچۈكلىرى مۈدرىگەن تاشچايىنارغا ئېسىلىپ، تىرمىشىپ، ئۇنى ئورنىدىن قوزغاش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى.

شۇ چاغدا ئەكبەرە بىردىنلا بۈيۈك سەھراغا چۈشىدىغان بىرىنچى قىش كۈنلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدى. تاڭغا يېقىن ھەممە ياق ئاپئاق قار بىلەن قاپلىنىدۇ، ئۇ يېرىم كۈن، كۆپ بولسا بىر كۈن تۇرۇپ، ئاندىن ئېرىپ كېتىدۇ. لېكىن شۇ قار بۆرىلەرگە چوڭ ئوۋلارنىڭ پەيتى كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۆرىلەرنىڭ ئەس - يادى

كېيىك ئۇۋىدا بولىدۇ. كېلىدۇ شۇ كۈنلەر تېخى! سايىلارنى تۇمان قاپلايدۇ. ئاپئاق، مۇكلۇق چېغىلارنى قىش قىراۋلىرى باسىدۇ. يۇلغۇنلارنىڭ قېلىن شاخلىرى قار يۈكىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كېتىدۇ. هارارىتى قايتقان چۆل قۇياشىنىڭ يۈزى هورلىشىپ تۇرىدۇ. چىشى بۆرە شۇ كۈننى كۆز ئالدىغا شۇنچىلىك ئېنىق كەلتۈرۈپ، بىردىنلا سەسكىنىپ كەتتى. ئۆپكىسىگە مۇزدەك قىش هاۋاسى كىرگەندەك تۇيۇلدى، گويا غۇجەك يۇلتۇزدەك مەزمۇت پەنجىلىرى قار يۈزىگە چۈشكەندەك، ئۆزىنىڭ تونۇش ئىزلىرىنىمۇ، ئۆسۈپ - چوڭىيىپ، سىجەز - خۇلقلىرىمۇ خېلى بەلگىلىك بولۇپ قالغان بالىلىرىنىڭ ئىزلىرىنىمۇ، بۇلارنىڭ هەممىسىگە يانمۇ يان تۇرغان يوغان، قۇدرەتلىك، تىرناقلىرى خۇددى يوغان قوشنىڭ قايرىلغان تۇمشۇقىدەك بۆرتۈپ چۈشكەن ئىزلارنى — تاشچاينارنىڭ ئامانلىق بەرمەيدىغان ئىزلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرگەندەك بولدى. كەڭ يەلكىلىك، بۇدۇر تۆشلۈك تاشچاينارنىڭ پەنجىلىرى قارغا چوڭقۇر پاتىدۇ، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى باسقان ئىزىدىنمۇ بىلىنىپ تۇرىدۇ. تاشچاينار كېيىكلەرنىڭ كېكىردەكلىرىگە قادالغان خەنجەر. ئۇ يىقىتىپ ئۆتكەن كېيىك گويا قانغا مىلەنگەن قوش قاناتلىرىنى تېپىرلىتىپ قار يۈزىدە ياتقاندەك، قىزىل قېنى بىلەن چۆلدىكى قارلارنى بويايدۇ. بىراۋنىڭ قېنى باشقا بىرىگە يەم بولىدۇ. بىرىنىڭ قېنىنى ئىچمىسە، ئىككىنچىسى ياشيالمايدۇ. ئەزەلدىن تارتىپ شۇنداق، تىرىكچىلىكنىڭ باشقا يولى يوق. بۇنىڭغا هېچكىم قارشىلىق قىلالمايدۇ. كىم بىراۋنىڭ قېنىنى ئۆزىگە بىرى ئۈچۈن يەم قىلىپ ياراتقان بولسا، ئەيىب شۇنىڭدا (پەقەت ئادەم بالىسىلا باشقىچە قىسمەت بىلەن يارالغان: ئۇ يەيدىغان - ئىچىدىغىنىنى زەخمەت چېكىپ تاپىدۇ. ئادەم ئۆز تەبىئىتىنى ئۆزى بەرپا قىلىدۇ).

مويىنقۇمنىڭ دەسلەپكى قارلىرىغا چۈشكەن بايىقى جۈپ يۇلتۇزدەك چوڭ - كىچىك ئىزلار — بۆرىنىڭ توپ - توپ پەنجىلىرى سايلاردىكى تۇمانلارنى ئارىلاپ بارىدۇ - دە، شامالدىن پاناھ بولغان بىر جىلغا بويىدا، قامغاقلار ئارىسىدا توختايدۇ. بۇ يەردە بۆرىلەر مەسلىھەت مەرىكىسى قىلىدۇ؛ كىم قوغلاشقا بارىدۇ، كىم پىستىرمىدا قالىدۇ...

زارىقىپ كۈتكەن ئاشۇ دەملەرمۇ كېلىدۇ: ئەكبەرە قار ئىچىدە قورسىقى بىلەن سۆرىلىپ، ئۈششۈپ قالغان ئوت - چۆپلەرگە سۈركىشىپ، بىلىنەر - بىلىنمەس نەپەس ئېلىپ، ئوتلاپ يۈرگەن كېيىكلەرگە ئاستا يېقىنلىشىپ بارىدۇ، كۆزى ئۇلارنىڭ ھازىرچە تەشۋىشسىز باققان كۆزلىرىگە چۈشىدۇ ۋە شۇندا بىردىنلا سايىدەك چاپچىيدۇ. بۆرىنىڭ كۈنى تۇغۇلغىنىنى شۇ چاغدا كۆرۈڭ! ئەكبەرە كۈچۈكلىرىگە ساۋاق بولىدىغان مۇشۇ تۇنجى ئوۋنى شۇنچىلىك ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلدىكى، ئىختىيارسىز ئىڭراپ تاشلىدى ۋە سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشتىن ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋالدى.

ئاھ، مۇشۇ دەسلەپكى قىش كۈنلىرىدە بولىدىغان چۆلدىكى ئوۋ! كېيىك توپلىرى ئوتتىن قورققاندىن بەتتەر قورقۇپ، قۇتراپ قېچىشقا باشلايدۇ. قارنىڭ ئاپئاق يۈزى بىردەمدىلا قارا چوقۇرغا ئايلىنىدۇ. ئەكبەرە ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلايدۇ. ياش بۆرىلەر — ئۇنىڭ قېنىدىن تۆرەلگەن نەسىل كەينىدىن قالماي چاپىدۇ. تەقدىر - ئىرادە ئۇلارنى دەل مانا شۇ سائەت، مانا شۇ ئوۋ ئۈچۈن دۇنياغا كەلتۈرگەن؛ ئۇلاردىن سەل نېرىدا ھەيۋىتىدىن ئات ئۈركۈيدىغان، شامالدەك تېز، قۇدرەتلىك تاشچاينار ياتىدۇ. ئۇنىڭ مەقسىتى بىرلا: كېيىكلەرنى پىستىرما قىلىپ ياتقان تەرەپكە ھەيدەپ بېرىش، ئەنە شۇ يەردە ئۇ ئوغلانلىرىغا ئوۋنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىدۇ. ئەنە قوغلاشماق، ئەنە ئوۋ! ئەكبەرە ئۈچۈن بۇ يەردە ئولجا ئېلىشتىنمۇ قىزىقراق باشقا نەرسىمۇ بار. ھەي، ئوۋ پەسلى تېزرەك يېتىپ كەلسىدى، چۆل باغرىدا ھايت ـ ھۇيت دەپ ۋارقىراپ، قوشتەك ئۇچۇپ كەتسە... بۆرە ھاياتى-نىڭ قىزىقى شۇنىڭدا، لەززىتى، خۇمارى شۇنىڭدا...

تەبىئەت چىشى بۆرىگە ئەنە شۇنداق خىيال ئاتا قىلغان. يەنە تېخى كىم بىلسۇن، شۇ سىرلىق خىياللارنى كېيىنچىرەك ئاچچىق ئەلەم، چىدىغىلى بولمايدىغان ئۆكۈنچ بىلەن ئەسلەپ قالار. ئەجەب ئەمەس، بۇلار دەردلىك ئارمانغا ئايلىنار ۋە پات ـ پات چۈشلىرىگە كىرەر... شۇ خىياللاردىن بەلكى پەقەت نادامەتلا قالار، تەشۋىشلىك ياشلارلا قالار. خىيال دېگەن نەر-سىنىڭ ئۆزى باشتا كۆڭۈل دۇنياسىدا شۇنداق قاناتلىنىپ پەيدا بولىدۇ ـ دە، ئاندىن، خۇددى بەزى گۈللەر ۋە دەرەخ-لەردەك، كۆپىنچە يىلتىز تارتماي يوپۇرماق چىقارغانلىقى ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا ھالاكەتكە يۈز تۇتىدۇ. قۇرۇق خىيالنىڭ قىسمىتى باشقا نېمىمۇ بولاتتى. ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ نىسبىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ ئاچچىق زۆرۈرىيىتى ئەنە شۇنىڭدەك...

## III

مويىنقۇمغا قىش كەلدى. بىر قېتىم قارمۇ يېغىپ ئۆتتى. قار خېلى قېلىن ياغدى، بىراق ئۇزاق تۇرمىدى. ئەتىگەنلىكى جىمىكى چۆلۇ سەھرا خۇددى دولقۇنلىرى دولقۇنلاۋېتىپ بىر-دىنلا قېتىپ قالغاندەك ئاپئاق ئوكيانغا ئايلاندى. ئاق مۇھىتقا قامغاقلارنى ۋىژىلدىتىپ قوغلاپ يۈرگەن شاماللارلا ھاكىم بولۇپ قالدى. قۇملۇقلارغا نەم سىڭدى. بەدىنىگە ھۆل تېگىپ

قېتىپ كەتكەن تاقىر يەرنىڭ باغرى يۇمشىدى. چۆلنى كائىناتنىڭ — چەكسىز ئاسمانىنىڭ جىمجىتلىقى قاپلىدى... بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى سەھرا ئۈستىدىن غازلار غاقىلداپ ئۇچۇپ ئۆتكەنىدى. ئۇلار مويىنقۇم ئۈستىدە تولىمۇ ئېگىزلىكتە قاتتىق ئاۋاز چىقىرىپ، ھىمالايا تەرەپلەرگە كەتكەنىدى، ئۇلار شىمالنىڭ دەريا ۋە دېڭىزلىرىدىكى يازلىق قارارگاھلىرىدىن ھىند ۋە براخماپۇترانىڭ ئەزەلدىن - ئەزەل ئېقىپ كېلىۋاتقان سۇلىرىنى مولجال قىلىپ ئۇچۇشقانىدى. چۆل جانىۋارلىرىدىمۇ قانات بولغان بولسا، ئۇلارمۇ، ئەلۋەتتە، غازلارنىڭ مۇڭلۇق قىچقىرىشلىرىغا جاۋابەن ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن بولاتتى. بىراق ھەر مەخلۇقنىڭ پېشانىسىگە ئۆز جەننىتى پۈتۈپ قويۇلغان... ھەتتا يۈكسەك پەرۋازلارغا ئۆگەنگەن چۆل سارىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئۇچار جايلىرىدىن ئۇنچىلىك يىراقلاپ كەتمەيتتى...

ئەكبەرەنىڭ باللىرى قىش باشلىنىشىغا ۋايىغا يېتىپ، كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇي - پەيلى بار ئىدى. راست، ئەكبەرە ئۇلارغا ئىسىم، ئاتاق قويغىنى يوق. خۇدانىڭ ئۆزى بۇيرۇمىغاندىن كېيىن، چاڭگىلدىن چىقىپ نەگىمۇ بارىدۇ. لېكىن ئەكبەرە باللىرىنى ئادەملەر بىلمەيدىغان ھىد - پۇراقلىرىدىن ۋە باشقا ئۆزىگە تونۇشلۇق بەلگىلەردىن ئوبدان پەرق قىلالايتتى ۋە ھەر بىرىنى ئاداشماستىن ئېنىق چاقىرالايتتى. بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى خۇددى تاشچاينارغا ئوخشاش يوغان باش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «خۇمكاللا» دەپ پەرقلەندۈرەتتى. ئوتتۇرانچىسىمۇ تۈرگۈن ۋە يوغان بولۇپ، پۇتلىرى ئۇزۇن ۋە كۈچلۈك ئىدى. ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئۇ ئوۋدا ھەيدىگۈچىلەرگە باش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «ئىلدام» دەپ تونۇيدۇ. ئۈچىنچى كىچىكى بولسا، ئەكبەرەنىڭ ئۆزىلا — كۆك كۆز،

يانپىشىدا ئاق تەڭگىسى بار بولۇپ، ئانىسىنىڭ سۆيۈملۈك قارىچۇقى. ئەكبەرە ئۇنى ئۆز نەزەرىدە «سۆيۈن» دەپ ئاتىۋالغان. ئۇ ۋايىغا يەتسۇن تېخى، ئېھ - ئېھ، نى - نى ئۇمىدۋار ئاشىقلار ئۇنى دەپ بىر - بىرىگە قىرغىنچىلىق سالىدۇ...

كېچىسى بىلىندۇرمەي ياغقان قار ھەممىنىڭ كۆڭۈل - كۆكسىنى ئېچىۋەتتى. بۆرە باللىرى ئالدى بىلەن ئىنلىرىنىڭ ئەتراپىنى پۈتۈنلەي باشقىچە قىلىۋەتكەن، ئۆزلىرىگە نامەلۇم بولغان بۇ غەلىتە نەرسىنى كۆرۈپ، دىماغلىرىغا ئۇنىڭ ھىدىنى چوڭقۇر - چوڭقۇر تارتىپ، سەل - پەل ئۈركۈپ تۇرۇشتى. كېيىن قارنىڭ راھەتبەخش مۇزدەك سالقىنى قانلىرىنى جۇشقۇنلاشتۇرۇۋەتتى، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، خىرىلدىشىپ، قارغا دومىلىشىپ، بېسىشىپ، جېنىغا جان قوشۇلغىنىدىن ئىگرىشىپ، ياپىراپ كېتىشتى. شۇ قىش تۇنجى بۆرە باللىرى ئۈچۈن ئەنە شۇنداق باشلاندى. قىش ئاياغلاشقاندا، ئۇلار بىر - بىرىدىن، ئاتا - ئانىلىرىدىن ئايرىلىپ چىقىدۇ، ھەر بىرى مۇستەقىل ھاياتقا قەدەم بېسىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

كەچكە يېقىن يەنە قاتتىق قار ياغدى. ئەتىسى سەھەردە، تېخى قۇياش چىقماي تۇرۇپلا، چۆل تامامەن يورۇشۇپ كەتتى. ھەممىلا ياق جىمجىتلىقتا چۆمدى. قىش سوغۇقى ئۇلارنىڭ ئىشتىھاسىنى ئېچىۋەتتى. بۆرىلەر توپى قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ، ئەتراپقا تىڭشىلىشتى — ئولجا ئىزدەپ چىقىدىغان ۋاقىت كەلگەنىدى. ئەكبەرە باشقا بۆرە توپلىرىدىن كېيىك ئوۋىنى باشلاش ھەققىدە خەۋەر كۈتمەكتە ئىدى. ھازىرچە ھېچقانداق ئىشارەت يوق. لېكىن ھەممە شۇنىڭغا ئىنتىزار بولۇپ تۇرىدۇ. خۇمكاللىنىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆرۈڭ. ئۇ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتقان پېتى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتۈۋېتىپتۇ. لېكىن تېخى ئوۋنىڭ

قانچىلىك مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ئەنە، ئىلدامۇ
تەييار تۇرۇپتۇ؛ مانا، سۆيۈنئاي ئانىسىنىڭ كۆزلىرىگە تىك ۋە
ساداقەت بىلەن قاراۋاتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ يېنىدا تاشچاينار، نېرى
بېرىپ، بېرى كېلىپ تۇرۇپتۇ. ھەممىسىلا ئەكبەرەنىڭ ئەمرىگە
قاراشلىق. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈستىدىن يەنە بىر
بۈيۈك ھاكىم — ئاچلىق، نەپس ھاكىمى ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا.
ئەكبەرە ۋاقتى بولدى دېگەندەك قىلىپ ئورنىدىن قوز-
غالدى - دە، يورتۇپ، يولغا چۈشتى. ئوشۇقچە كۈتكىلى
بولمايتتى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.
ئەكبەرە باللىرى تېخى كىچىككىنە چاغدا ئوۋنى قانداق
ئىلرزۇ قىلغان بولسا، ئەمدى شۇنداق باشلايدۇ. بۇ — توپ -
توپ بۆرىلەر بىر جايغا يىغىلىپ، چۆلدە چوڭ ئوۋنى باشلىۋې-
تىدىغان پەيت. يەنە جىنەدەك ۋاقىت ئۆتسۇن، قارا سوغۇق
باشلىنىدۇ، شۇ چاغدا يالغۇز يۈرىدىغان بۆرىلەر جەم بولۇپ
بىرلىشىدۇ ۋە قىش ئاخىرلىرىغا قەدەر بىرلىكتە ئوۋ قىلىشىدۇ.
ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار ئاڭغىچە تۇنجى پەرزەنتلىرىنى
سىناپ بېقىش ئۈچۈن، بىرىنچى چوڭ كېيىك ئوۋىغا ئېلىپ
چىقماقتا ئىدى.
بۆرىلەر بىردەم مېڭىپ، بىردەم سوكۇلداپ چۆلگە قاراپ
ئىچكىرىلىدى، ئۇلارنىڭ ئىزلىرى تەپتەكشى ماموق قارغا
خۇددى يېگانە كۈچ ۋە ئىرادە بەلگىسىدەك چوڭقۇر پاتاتتى.
يىرتقۇچلار يوللىرىدا قامغاق يولۇقسا، ئەگىپ ئۆتۈشەتتى،
لازىم بولغاندا، خۇددى سايىدەك تاۋۇش چىقارماي سەكرەيتتى.
ئەمدى ھەممىسى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە باغلىق، ئامىتىگە قارايدۇ...
بىر يەرگە كەلگەندە، ئەكبەرە ئەتراپنى كۆزىتىش ئۈچۈن
دۆڭ ئۈستىگە يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، كۆك كۆزلىرىنى چۆلنىڭ
يىراق - يىراقلىرىغا قادىغان پېتى تىك تۇردى. ئۇ شامال

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇرۇپ كەلگەن پۇراقلارنى دىمىغى بىلەن پەرقلەندۈرەتتى. ئۇلۇغ سەھرا ئويغانماقتا ئىدى. كۆز ئىلغا قىلغۇدەك يېنىك، نېپىز تۇمانلار ئىچىدە كېپىك توپلىرى ئوتلاپ يۈرەتتى. كېپىك توپلىرى تولىمۇ چوڭ ئىدى؛ ئۇلارغا بىر ياشقا تولغان توقلا پادىلىرىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئۆزلىرى ئالاھىدە توپ بولۇپ ئايرىلىپ چىقىدۇ. شۇ يىلى كېپىكلەر مول قوزىلىغانىدى، بۇ، بۆرىلەرگىمۇ بىر بەرىكە.

ئەكبەرە چىغلىق دۆڭدە بىرئاز تۇرۇپ قالدى: مولجالنى توغرا ئېلىش، شامالنىڭ سوقۇشىغا قاراپ ئۇۋنى قايسى تەرەپتىن باشلاشنى ئېنىق بىلىش كېرەك ئىدى.

دەل مانا شۇ پەيتتە ئاللىقاياقلاردىن، ئاسمان تەرەپتىن غەلىتىلا گۈلدۈرلىگەن تاۋۇش چىقتى. چۆلنى گۈلدۈر - غاراس باستى. لېكىن ئۇ زادىلا گۈلدۈرماما ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى. ناتونۇش شاۋقۇن بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى، تاشچاينارمۇ جايىدا تۇرالماي، سەكرەپ ئەكبەرەنىڭ يېنىغا كەلدى، ھەر ئىككىلىسى قورقۇپ كەينىگە داجىدى. ئاسماندا قانداقتۇ بىر ئىشلار بولماقتا ئىدى. يىراقتا قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ گۈرۈلدەۋاتقان قانداقتۇ بىر تۆمۈر قۇش پەيدا بولدى. ئۇ تۇمشۇقىنى قۇمغا تىقىۋالاي دېگەندەك، پەسلەپ، ئېگىشىپ، قىڭغىيىپ ئۇچاتتى. ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتا خۇددى شۇنىڭدەك يەنە بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. كېيىن ئۇلار كۆزدىن يىراقلاپ كەتتى. شاۋقۇن - سۈرەن ئاستا ـ ئاستا تىندى. بۇلار تىك ئۇچار ئايروپىلان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، خۇددى سۇدا ئىز قالدۇرمايدىغان بېلىقلاردەك ئىككى تىك ئۇچار ئايروپىلان مويىنقۇم ئاسمىنىنى تىلىپ ئۆتتى. بىراق نە كۆك، نە يەردە بىرەر نەرسىمۇ ئۆزگەرمىدى. بۇ ھاۋادىن قىلىنغان چارلاش ئىدى. مۇشۇ تاپتا

ئۇچقۇچىلار قەيەردە، قايسى دائىرىدە قانچە نەرسە كۆرگەنلىكى توغرىسىدا رادىئو ئارقىلىق تېگىشلىك جايغا خەۋەر بەرمەكتە ۋە موينىقۇمغا كىرىدىغان دالا ئاپتوموبىللىرى بىلەن يۈك ماشىنىلىرىغا يول كۆرسەتمەكتە ئىدى...

بۆرىلەر بىردەملىك ساراسىمىدىن كېيىن تېك ئۇچار ئايروپىلانلارنى تېزلا يادىدىن چىقىرىپ قويدى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىش بىلەن نېمە كارى؟ ئۇلار كېيىكلەر ئوتلاۋاتقان ماكانلارغا قاراپ سوكۇلداپ جۆنەشتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى، بارلىق چۆل جانىۋارلىرى ۋە يىرتقۇچلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەپتەرگە چۈشكەنلىكىنى ھەمدە پۈتۈنلەي قىرغىن قىلىشقا مەھكۇم قىلىنغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن. بۇ ئۇلارنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى، ئۇلار بۇلارنى بىلىش ۋە ئۇقۇشتىن مەھرۇم ئىدى. ھالبۇكى، ئۇلارنى قىرىشنى پىلانلىغان ئادەملەر مۇشۇ تاپتا قانچە-قانچىلىغان ماشىنىلار بىلەن بۇ ياقلارغا قاراپ يول ئېلىشقانىدى...

چۆل بۆرىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن بۇيانقى تامىقى — كېيىكلەرنىڭ ئادەملەرگە گۆش تاپشۇرۇش پىلانىنى بېجىرىش ئۈچۈن لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن. «ھەل قىلغۇچ» يىلنىڭ ئاخىرقى پەسلىدە ئوبلاستىنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى چاتاق بولدى، ئەتراپتا ئەسەبىي ھالەت ھۆكۈمران ئىدى. «بەش يىللىق پىلان» ئورۇندالمايۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئوبلاست باشقارمىسىدىكى ئەقىللىق ماھىرلاردىن بىرى موينىقۇم گۆش زاپاسلىرىنى «ئېچىش» تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ پىكىرنى، مۇھىمى گۆش ئىشلەپچىقىرىشلا ئەمەس، بەلكى يۇقىرىغا گۆش تاپشۇرۇش پىلانىنى ھەقىقىي تۈردە ئورۇنداش، دېگەنگە يېغىنچاقلاشقا بولاتتى. خەلق ۋە تەلەپچان يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئالدىدا يۈزنى يورۇق قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى شۇ ئىدى. لېكىن بۇلارنى چۆل بۆرىلىرى

نەدىن بىلسۇن. مەركەزلەردىن ئوبلاستلارغا توختىماستىن تېلېفون بېرىشەتتى. تەلەپمۇ قاتتىق ئىدى: قانداقلا بولمىسۇن، يەرنىڭ تېگىدىن بولسىمۇ گۆش تېپىپ، تاپشۇرۇلغان پىلاننى ئورۇنداش كېرەك ئىدى، ۋەسسالام. شۇنچىلىك كەينىگە سۆرىگىنىمۇ يېتەر. بەش يىللىق يەكۈنلىنىدىغان يىل بۇ، بىز خەلققە نېمە دەيمىز؟ قېنى پىلان، قېنى گۆش، قېنى مەجبۇرىيەتلەر؟ ئەمما بۇلارنى چۆل بۆرىلىرى نەدىن بىلسۇن.

«پىلاننى ئەلۋەتتە ئورۇندايمىز، — جاۋاب يوللايتتى ئوبلاست باشقارمىسى، — يېقىنقى ئون كۈن ئىچىدە بېجىرىمىز. جايلاردا قوشۇمچە زاپاسلار مەۋجۇت، ئامالىنى قىلىمىز، تەلەپ قىلىمىز...»

بۇ ئارىلىقتا ھېچ نەرسىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان چۆل بۆرىلىرى ھامان ئەكبەرەنىڭ يېتەكچىلىكىدە يۇمشاق قار ئۈستىدىن ئۇن - تىن چىقارماي مېڭىپ، چەت - ياقا، خالىي جايلارنى پاناھلاپ، ھۇجۇم باشلايدىغان يەرلىرىگە يېتىپ كېلىشتى. ئۆزلىرىنى ئېگىز ئۆسكەن چىغ توپلىرى ئارىسىغا ئېلىشتى. ئۇلارنى چىغلارنىڭ قوڭۇر يىلتىز توپلىرىدىن زادىلا پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ئەكبەرەنىڭ توپىغا بۇ يەردىن ھەممىسى ئوچۇقلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يارىتىلغىنىدىن بېرى ھەممىسى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولغان قورساقلىرى ئاق، يەلكىلىرى سۇس جىگەر رەڭلىك كېيىكلەر① نىڭ سان - ساناقسىز پادىلىرى خەۋپ - خەتەردىن خالىي كەڭ يۇلغۇنلۇق ۋادىدا يېڭى چۈشكەن قار ئاستىدىكى ئەرمەن، شىۋاقلارنى ئىشتىھا بىلەن چىمدىپ يۈرۈشەتتى. ئەكبەرە پەيت كۈتەتتى. پەيت كۈتمىسە بولمايتتى. ھۇجۇم ئالدىدا نەپەسنى رۇسلىۋېلىش

① ئايرىم تۇردىكى خەلقلەر، جۈملىدىن قىرغىزلار بۇ كېيىكلەرنى بۆكەن دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

كېرەك. ئاندىن كېيىن ھەممىسى بىراقلا كېيىك توپلىرىغا ئېتىلدۇ ۋە شۇ زامات قوغلا - قوغلانى باشلىۋېتىدۇ. شۇ ھالەتتە قوغلاپ كېتىۋېتىپ يەنە نېمىلەرنى قىلىش كېرەكلىكى ئۆز - ئۆزىدىن ئايدىڭلىشىدۇ. ياش بۆرىلەرنىڭ تاقىتى تاق، ئۇلار قويرۇقلىرىنى ئەسەبىيلىك بىلەن شىپپاڭشىتىدۇ، قۇلاقلىرىنى بىردەم دىڭ قىلىپ، بىردەم سالپايتىدۇ. ئېغىر - بېسىق تاش چاينارنىڭمۇ قېنى قىزىدى، چىشلىرىنى ئولجىسىنىڭ بىقىنلىرىغا سانجىش ئارزۇسىدا غۇچۇرلاتتى. بىراق، ئەكبەرە كۆزلىرىدىن چاقنىغان ئوتنى يوشۇراتتى، بۆرىلەرنى تېخى ھۇجۇمغا باشلىماي، ئەڭ قولاي پەيتنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا، ئوۋ ئوڭدىن كېلەتتى. ئەكسىچە بولغاندا، كېيىكلەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا شامالدەك ئۇچۇپ، كۆزدىن غايىب بولاتتى. باشقا ھېچقانداق ھايۋان ئۇلاردەك تېز يۈگۈرەلمەيتتى. ھە پەيت كۈتۈش كېرەك.

شۇ چاغدا خۇددى يازدىكى چاقماقتەك يەنە بايىقى تىك ئۇچار ئايروپىلانلار كۆرۈندى. بۇ قېتىم ئۇلار تېز پەسلەپ ئۇچۇپ كېلىشتى. بىمالال ئوتلاپ يۈرگەن كېيىكلەرنىڭ قېلىن توپلىرى ئۈستىگە يوپۇرۇلۇشتى. كېيىكلەر قاتتىق ئۈركۈپ كېتىشتى. ھەممە ئىش بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يۈز بەردى. يۈز- لىگەن - مىڭلىغان قورقۇپ كەتكەن كېيىكلەر سەركىلىرىدىن ئايرىلىپ، كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ، ئۆزلىرىنى قالايمىقان ھەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىدى. ئازلا يېمىگەن مەخلۇقلار ئاس- ماندىن چۈشكەن تۆمۈر بالاغا تاقەت قىلالمىدى. تىك ئۇچار ئايروپىلانلارغا بولسا دەل شۇنىڭ ئۆزى كېرەك ئىدى. ئۇلار قوتراپ تۇزۇپ كەتكەن كېيىك توپلىرىنى يەرگە قىسىپ، ئوراپ، ئاندىن ئالدىغا ئۆتۈپ، بىر توپنى نېرىدا ئوتلاپ يۈرگەن باشقا بىر پادا بىلەن توقۇنۇشتۇرۇپ، قالايمىقان

قىلىپ تاشلىدى. ھېچقاچان بۇنداق ئاپەتكە دۇچ كەلمىگەن، توزۇپ كەتكەن مىڭلىغان چۆل كېيىكلىرى ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى، مويىنقۇمدا بەئەينى جەھەننەم بولغانغا ئوخشايتتى، چۆلدە ھېچقاچان بۇنداق ئىش بولمىغانىدى. جۈپ تۇياقلىقلارلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ ھەمراھى بولۇپ كەلگەن بۆرىلەرمۇ شۇنداق ئەھۋالغا چۈشتى.

تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ بۇ مۇدھىش باسقۇنچىلىقىنى كۆرگەن بۆرىلەرمۇ ئەس - ھوشىنى يوقاتقىنىچە، ئۆزلىرىنى پاناھلاپ، چىغلارنىڭ تومپىيىپ چىققان يىلتىز تۈپلىرىنىڭ ئاستىغا مۆكۈندى. لېكىن، بەربىر. يۈرەكلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي، لەنىتى جايلاردىن ھەدەپ قېچىشقا باشلىدى. بۆرىلەر بۇ يەردىن ئىلاجىنىڭ بارىچە تېز باش ئېلىپ كېتىشى، كۆزدىن يوقىلىشى، بىخەتەر جايلارغا يېتىۋېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، دەل مانا شۇنىڭ ئىلاجى تېپىلماي قالدى. ئۇلار تېخى قېچىپ ئۇزاقمۇ بارمىغانىدى، توساتتىنلا توپان كۆچكەندەك يەرنىڭ گۈلدۈرلىگىنى، ۋىژىلدىغىنى ئاڭلاندى. تىك ئۇچار ئايروپىلانلار مولجاللىغان تەرەپكە ھەيدەپ كېتىۋاتقان سان - ساناقسىز كېيىكلەر ئەقلىگە سىغمايدىغان تېزلىك بىلەن بۆرىلەر تەرەپكە باستۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۆرىلەر يا بىرياققا قېچىپ چىقالمىدى، يا ئۆزلىرىنى پاناھقا ئالالمىدى. ئۇلار يولى ئۈستىدە نېمىلا ئۇچرىسا، ھەممىسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ، مىجىپ تاشلايدىغان، قارا بۇلۇتتەك شىددەت بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ۋەھىمە ئاستىدا قېلىشتى. ئەگەردە ئۇلار شۇ پەيتتە بىردەملا توختايدىغان بولسا، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا كېيىكلەرنىڭ تۇياقلىرى تېگىدە دەسسىلىپ، قارا يەرگە پېتىپ كەتكەن بولاتتى. باشلامچىسىنى يوقاتقان، ئۆزلىرىنى زادىلا

باشقۇرالماي قالغان بۇ كېيىك تويلىرى خۇددى جانلىق كەلكۈندەك دەھشەت سېلىپ كېلىۋاتاتتى. بۆرىلەر قەدەملىرىنى ئاستىلاتماي، ئەكسىچە ۋەھىمىنىڭ كۈچى بىلەن تېخىمۇ چىداشلىق بىرىپ قېچىشقا باشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلمەي ئامان قېلىشتى. لېكىن ئەمدى ئۇلارمۇ ئەقلىگە سىغمايدىغان مانا شۇ بۈيۈك قاچقۇندا سىرتماققا چۈشكەندى. رەھىمسىز ۋەھشىي ئېقىم ئۇلارنى توختىماستىن قوغلاپ كەتتى. ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرى بايىلا قوغلاپ، قىرغىن قىلىپ، گۆشىنى بىر بۇردىدىن تالاشماقچى بولغان كېيىكلەر بىلەن بىللە جانلىرىنى ئالغىنىغا ئېلىپ، يانمۇ يان ئۇمۇمىي ياۋۇز خەتەردىن قاچماقتا ئىدى. تەڭشەلمىگەن قىسمەت ئۇلارنى تەپمۇ تەڭ قىلىپ قويغانىدى. بۆرىلەر بىلەن كېيىكلەرنىڭ مانا شۇنداق بىر توپ ئىچىدە قاچقانلىقىنى قېرى مويىنقۇم ھەتتا ئەڭ ئۇلۇغ يانغىن پەيتلىرىدىمۇ كۆرمىگەنىدى.

ئەكبەرە بىرنەچچە قېتىم توپ ئىچىدىن چىقىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن ئېپىنى قىلالمىدى. يانمۇ يان چېپىپ كېتىۋاتقان كېيىكلەرنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا قېلىش ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ئەكبەرەنىڭ بۆرىلىرى قۇترىغان بۇ دالادا ھازىرچە توپلىشىپ قاچماقتا ئىدى. ئەكبەرە ئۇلارنى كۆز قىرى بىلەن كۆرۈپ تۇراتتى — ئەنە، ئۇلار كېيىكلەر ئارىسىدا تېخىمۇ ئىلدامراق يۈگۈرمەكتە؛ ئەنە، كۆزلىرى قورقۇنچتىن چەكچىيىپ كەتكەن تۇنجىلىرى — ھە ئەنە خۇمكاللا، ھە ئەنە ئىلدام، ئەنە، ماغدۇرىدىن كېتىپ ئارانلا يېتىشىپ كېلىۋاتقان سۆيۈنئاي، ئەنە، مويىنقۇمنىڭ قەھرلىك باتۇرى تاشچاينار، ئوھۇي. ئۇمۇ دەھشەتلىك قورقۇنچ ئىچىدە پايپاسلاپ قېچىپ كېلىۋاتىدۇ. كۆك كۆز بۆرە ئەكبەرە مۇشۇنداق بولىدۇ دەپ ئويلىغانمىدى؟ قاراڭ، چوڭ ئوۋنىڭ ئورنىغا ئۇلار كېيىكلەرگە قوشۇلۇپ

www.uyghurkitap.com

قېچىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا چارىسىمۇ يوق، گويا دەريا پىر-پىر قىلىپ ئايلاندۇرۇۋاتقان خەشەكتەك... بىرىنچى بولۇپ سۆيۈنئاي كۆزدىن ئۆچتى. قۇترىغان توپىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا قالدى. پەقەت بىر چىرقىراش ئاڭلاندى، ئاندىن بۇ ئاۋاز مىڭلىغان تۇياقلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ئىچىدە يوق بولۇپ كەتتى.

قوغلاشقا چۈشكەن تىك ئۇچار ئايروپىلانلار چوڭ قاچقۇن توپىنىڭ يېنىدا ئۇچاتتى، توپ چېچىلىپ كەتمىسۇن، چۆلدىن يەنە قايتۇرۇپ كېلىش تەس بولىدۇ دەپ، ئۇنى يانىدىن قىسىپ كېلەتتى، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن سىمسىز رادىئو ئارقىلىق خەۋەرلىشەتتى، بىر-بىرىگە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلاتتى، جانىۋارلارنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ چاپسانراق چېپىشقا مەجبۇر قىلاتتى. كانايلاردىن قوغلىغۇچىلارنىڭ قۇلاقنى پاڭ قىلىدىغان خىرقىراق ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى: «يىگىرمىنچى، ماڭا قارا، يىگىرمىنچى! قېنى، يەنە بىر غەيرەت قىل! يەنە، يەنە!» تۆپىدە ئۇچۇپ يۈرگەن تىك ئۇچار ئايروپىلانلارغا پەستە ئاپئاق قار ئۈستىدە سەلدەك ئېقىپ كېتىۋاتقان قۇترىغان قارا دەريا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇلاقچا قۇلىقىدىن يىگىرمىنچىنىڭ قەتئىي ئاۋازى ئاڭلاندى: «بولىدۇ، غەيرەت قىلىمىز! ھا-ھا-ھا! ھە، كۆرۈۋاتامسەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۆرىلەرمۇ بار ئىكەن! خوپ بولدى! قولغا چۈشتۈڭلار، كالتە قۇيرۇقلار! جىنىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈزۈش، بەچچىغەرلەر! بىز سەن نېمىلەرگە چاقچاق قىلىۋاتقىنىمىز يوق!»

قوغلىغۇچىلار ھايۋانلارنى ھاردۇرۇپ ماغدۇرىدىن كەتكۈچە قوغلىدى. شۇنداق قىلىش ئالدىنئالا كۆزلەنگەنىدى، دەل كۆزلەنگەندەك بولدى.

قوغلاندى كېيىكلەر چوڭ، تەپتەكشى تۈزلەڭلىككە كىرىپ كەلگىنىدە ئۇلارنى قورال تۇتقان ئاتقۇچىلار كۈتۈۋالدى. تىك

ئۇچار ئايروپىلانلارنىڭ ئەتىگەندىن بېرى قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرى مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدى. بۇلار ئوۋچىلار ئەمەس، قىرغۇچىلار. ئۈستى ئوچۇق جىپ ماشىنىلارغا ئولتۇرۇۋالغان ئاتقۇچىلار كېيىكلەرنى قوغلاپ كېتىشتى. ئۇلار كېيىكلەرنى يول بويى ئاپتوماتلاردىن بىراقلا ئوت ئېچىپ، ھەتتا مولجالغىمۇ ئالماستىن قىراتتى، جانىۋارلارنى خۇددى قالدۇرۇق يەرلىرىدە ئوت ئورغاندەك ئوروپ تاشلىشاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈك ماشىنىلىرى ماڭاتتى — ئولجىلارنى كوزۇپقا بىر - بىرلەپ ئىرغىتىپ تاشلايتتى، ئادەملەر ئاسانلا ھوسۇل ئالاتتى. ئەپچىل ۋە كۈچلۈك يىگىتلەر دەرھاللا بۇ ئىشنىڭمۇ ئېپىنى ئېلىشتى. ئۇلار تېخى جېنى چىقمىغان كېيىكلەرنى بوغۇزلايتتى، يارىدارلىرىنىڭ كەينىدىن قوغلايتتى، ئاندىن ئۇلارنىڭ بوغۇزلىرىغا پىچاق سۇرەتتى. لېكىن قىلىدىغان ئاساسلىق ئىشى يەردە قانغا مىلىنىپ ياتقان كېيىكلەرنى كۆتۈرۈپ، پۇتلىرىدىن سىلكىشتۈرۈپ، ئاندىن بىر كۈچەپلا ماشىنا كوزۇپىغا تاشلاشتىن ئىبارەت ئىدى. چۆل چۆل بولغىنى ئۈچۈنلا خۇداغا مانا شۇنداق قانلىق سېلىق تۆلىمەكتە ئىدى. قانغا مىلەنگەن كېيىكلەر كوزۇپلارغا تاغدەك دۆۋىلەندى.

قىرغىن داۋام قىلىۋاتاتتى. ماشىنىلاردىكى ئاتقۇچىلار ماغدۇرىدىن كەتكەن كېيىكلەرنىڭ قېلىن توپلىرىغا يېرىپ كىرىپ، ئوڭ - سولىغا قارىماي ئۇلارنى ئېتىپ يىقىتاتتى، جانىۋارلارنى تېخىمۇ بەتتەر ۋەھىمە ۋە دەھشەتكە سالاتتى. قورقۇنچ ئاسارىتى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدىكى، گويا قىيامەت قايىم بولۇۋاتقاندەك، ئاتە - ئاتلاردىن قۇلىقى پاك بولغان ئەكبەرەگە گويا ئالەمنىڭ ئۆزى ساگرو ۋە كېكەچكە ئايلانغاندەك، يەر - ئاسمان ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندەك، ھەتتا كۆكتە ئۈن - تىنسىز نۇر چېچىپ تۇرغان

www.uyghurkitap.com

قۇياشنىڭ نۇرىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە قۇترىغان قىرغىنغا ئۈچرىغاندەك ۋە ئۆزىنى تۆت تەرەپكە ئۇرۇپ نىجادلىق ئىزدەۋاتقاندەك. ھەتتا تىنىك ئۇچار ئايروپىلانلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ۋىژىلدىغان، گۈلدۈرلىگەن، چىرقىرىغان ئاۋۇشلىرىدىن ئايرىلىپ، پاك بولۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇلار پايانسىز زۇلمەتكە چۆمگەن سەھرا ئۈستىدە ۋەھىمىلىك قارا سارلاردەك ئاۋاز چىقارماي ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى... ئاتقۇچىلار بولسا، تىزلىنىپ تۇرۇپمۇ ئاتاتتى، ئۈستى ئوچۇق ماشىنىلاردا ئۆرە تۇرۇپمۇ ئاتاتتى، لېكىن ئوق ئاۋۇشى ئاڭلانمايتتى، ماشىنىلار شامالدەك چاپاتتى، سەكرەيتتى، كۆتۈرۈلەتتى، ئۆرۈلۈپ چۈشەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى، سارالڭ بولۇپ قالغان كېپىكلەر قانات چىقارغاندەك ئۇچاتتى، لېكىن ئاۋازى چىقمايتتى، مۆلدۈرلەپ ياغدۇرۇلغان ئوقلاردىن قانغا مىلىنىپ يىقىلاتتى، پۇتلىشاتتى، لېكىن ئاۋازى چىقمايتتى... بۇ ئىلخىر زامان جىمجىتلىقىغا ئوخشايتتى. شۇ چاغدا ئەكبەرنىڭ كۆزىگە ئادەم قىياپىتى كۆرۈندى. بۇ ئادەمنىڭ قورقۇنچلۇق بەشىرىسىتى شۈنچىلىك يېقىندىن، شۈنچىلىك ئېنىق - ئوچۇق كۆرۈپ، شۈنچىلىك دەھشەتكە چۈشتىكى، ماشىنا چاقلىرى ئاستىغا كىرىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. بۇ ئۈستى ئوچۇق ماشىنىنىڭ يېنىغىلا كېلىپ قالغانىدى. ھېلىقى ئادەم بېلىدىن يۇقىرىسىنى ماشىنىدىن سىرتقا چىقارغان پېتى ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۇ كۆزىنى شامالدىن ئاسراش ئۈچۈن، يوغان كۆزەينەك تاقىۋالغانىدى. ئۆپكىدەك قىپقىزىل يۈزىنى شامال يالاپ كەتكەن بولۇپ، قارىيىپ كۆرۈنگەن ئاغزىغا مىكروفون تۇتقان پېتى ئولتۇرغان جايىدا تىنىماستىن سەكرەيتتى، پۈتۈن چۆلگە ئاڭلانسۇن دەپ ئاللىنېمىلەرنى بوغۇلۇپ ۋارقىرايتتى، لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاڭلانمايتتى. ئەپتىدىن قارىغاندا، ئۇ ھۇجۇم ۋە قوغلاشنى

باشقۇراتتى. ئەگەر شۇ چاغلاردا ئەكبەرە شاۋقۇن - سۈرەن تاۋۇشلىرىنى ئاڭلىغان ۋە ئادەم بالىسىنىڭ تىلىنى چۈشەنگەن بولسىدى، ئۇنىڭ كانايدىن چىقىرىۋاتقان مۇنۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولاتتى: «چېتىدىن ئېتىڭلار! چېتىدىن! ھەي! ئوتتۇرىسىغا ئاتماڭلار! ھە، نېمە قىلىۋاتىسىلەر! ھەممىسى ئاياغ ئاستىدىلا قېلىپ كەتتىغۇ!» ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن كېيىكلەرنىڭ گۆشلىرى يەردە پايخان بولۇپ كەتمىسۇن دەيدۇ - دە...

شۇ چاغدا مىكروفونغا ۋارقىراۋاتقان كىشى ماشىنا بىلەن يانمۇيان قېچىپ كېتىۋاتقان كېيىكلەرنىڭ ئارىسىدا بىر بۆرە، ئۇنىڭ كەينىدىن بولسا يەنە بىرنەچچە بۆرە چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىر سىلكىنىدى، ئاللىنېمىلەرنى دەپ خىرىلداپ ۋارقىرىدى، ھە، ئالدىرىماي تۇر، دېگەندەك قىلىپ مىكروفوننى تاشلىدى - دە، قولىغا مىلتىق ئالدى ۋە شۇ زاماتلا ئۇنى بەتلىدى. ئەكبەرەنىڭ قولىدىن نېمىشۇ كېلەتتى، كۆزەينەك تاقىغان بۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى مولجالغا ئېلىۋاتقانلىقىنى ئۇ چۈشەنمەيتتى، چۈشەنسە، بىلىسىمۇ، خوش، نېمە قىلالايدۇ؟ توپىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. ئۆزىنى پاناھقا ئالالمايدۇ، ئادەم بولسا، ھامان مولجالغا ئالىدۇ. ئەكبەرەنىڭ پۇتى ئاستىغا نېمىدۇر تاراسلاپ ئۇرۇلدى، ئۇ بېشى بىلەن موللاق ئېتىپ چۈشتى، لېكىن توپىنىڭ تېگىدە قالماسلىق ئۈچۈن دەرھال سەكرەپ قوپتى، ئۇنى شۇ قۇتقۇزدى. شۇ چاغدا، ئۇ تۇنجى بالىسى خۇمكاللىنىڭ ئاسمانغا ئېگىز چاپچىپ، ئاندىن يەرگە يىقىلغانلىقىنى كۆردى. ئۇنى چېپىپ كېتىۋاتقىنىدا ئاتقانىدى. ئۇ گەۋدىسى سوزۇلۇپ ئۆكتۈرۈلگەن پېتى ئۆز قېنىغا پېتىپ كەتتى. بەلكىم ئۇ ئاغرىققا چىدىيالماي ھۇۋلاپ تاشلىغاندۇ، بەلكىم ئۆلۈم خەۋپىدە داد - پەرياد كۆتۈرگەندۇ، لېكىن بۇنى بۆرە ئاڭلىمىدى. ئاتقان ئادەم ئىنتايىن خۇشال

بولۇپ مىلتىقنى بېشىغا كۆتۈرۈپ، توختىماي سىلكىتەتتى. يەنە بىر دەقىقىدىن كېيىن ئەكبەرە ئۆلۈپ قالغان بالىسىنىڭ جەسىتى ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قۇلىقى يەنە ئېچىلدى، ئالەمنىڭ پۈتۈن قىي - چۇلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى — ئەنە شاۋقۇن، ئەنە سۈرەن، ئەنە پاڭ - پۇڭ ئوق ئاۋازلىرى، ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەشلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشلىرى، جان تالىشىۋاتقان كېيىكلەرنىڭ خىرقىراشلىرى... نۇرغۇنلىغان كېيىكلەر يەرگە توپ - توپ بولۇپ يىقىلاتتى، پۇتلىرىنى تىپىرلىتىپ يەردە ياتاتتى، ئورنىدىن تۇرۇشقا مادارى يەتمەيتتى، ئۇلارنىڭ ئۆپكىلىرىگە ھاۋا تىقىلغان بولۇپ، يۈرەكلىرى يېرىلىپ كەتكەنىدى... ئادەملەر شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارنىڭ تاماقلىرىغا شارتتىدە پىچاق سۈرۈپ بوغۇزلايتتى، ئاندىن تېخى جېنى چىقمىغان، تىترەپ قاقشىغان كېيىكلەرنى پۇتلىرىدىن تۇتۇپ، يۈك ماشىنىلىرىنىڭ كۇزۇپلىرىغا تاشلايتتى. بېشىدىن ئايىغىغىچە قانغا پاتقان بۇ ئادەملەرگە قاراش قورقۇنچلۇق ئىدى.

ئەگەر چەكسىز ئاسمان قەرىدىن بىر كىمنىڭ سەگەك كۆزلىرى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆزىتىپ تۇرغان بولسا، ئۇ قىرغىنىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ۋە مويۇنقۇمنىڭ شۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك ئەبگار ئەھۋالغا چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن بولاتتى. لېكىن، بۇنىڭدىن كېيىن، نېمىلەرنىڭ روي بېرىشى، بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشى، ئۇ ئادەمگە قاراڭغۇ بولۇپ قېلىۋېرەتتى...

مويۇنقۇمدىكى قىرغىن كەچكە يېقىن توختىدى. قوغلىغانلارمۇ، قاچقانلارمۇ تامامەن ھالىدىن كەتتى. چۆلگە قاراڭغۇ چۈشتى. ئەتە تېك ئۇچار ئايروپىلانلار بازىدىن ماي قاچىلاپ كەلگەندىن كېيىن قىرغىننى يەنە داۋام قىلدۇرماقچىدى: ئۇلارنىڭ پەرىزىچە، بۇ يەردە تېخى ئۈچ - تۆت كۈنلۈك ئىش

بار ئىدى. تىنىك ئۇچار ئايروپىلانلاردا قىلىنغان تەكشۈرۈشلەرگە
قارىغاندا، موينىقۇمنىڭ ئەڭ قۇملۇق غەربىي قىسمىدا تېخى
ھېچ تېگىلمىگەن كېيىك توپلىرى سان ـ ساناقسىز ئىدى. ئادەمـ
لەر ئۇلارنى ئولجىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان زاپاسلىرى دەپ ئاتىشاتتى.
شۇڭلاشقا، زاپاس مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنى تېزلىكتە ئۆلكىنىڭ
گۈللەپ ـ ياشنىشى يولىدىكى پىلانىغا كىرگۈزۈش كېرەك.
موينىقۇم «يۈرۈش»نىگە دەل مانا شۇ نەرسە رەسمىي ئاساس
بولغانىدى. لېكىن، مەلۇمكى، ھەرقانداق رەسمىي خۇلاسىلەرنىڭ
كەينىدە، ئەلۋەتتە، تارىخنىڭ ھەرىكىتىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان
ئۇنداق ياكى بۇنداق ھاياتىي شەرت ـ شارائىتلار تۇرىدۇ. شەرت ـ
شارائىت دېگىنىمىز بولسا، بۇ ئالدى بىلەن، ئادەملەر، ئۇلارنىڭ
ئىنتىلىشلىرى ۋە ھاياجانلىرى، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلىرى،
نېمە بىلەن ئاخىرلىشىشنى بىلگىلى بولمايدىغان ئىزدىنىشلىرى
ۋە باش ـ ئايىغى يوق زىددىيەتلىرى. شۇ مەنىدىن ئالغاندا
موينىقۇم پاجىئەسى مۇستەسنا بىر ھادىسە ئەمەس ئىدى. شۇ
كېچىسى ئۆزى خالاپمۇ ياكى خالىمايمۇ، شۇ ۋەھشىيلىكنى
قىلغان كىشىلەر چۆلدە تۈنەپ قېلىشتى.
بۆرە توپى ئىچىدە ئەكبەرە بىلەن تاشچاينارلا بالا ـ قازا
ئىچىدىن ئامان ـ ئېسەن چىقىپ، ئەمدى تۈن بويى تەمتىرەپ،
قىرغىن بولغان جايلاردىن يىراققا كېتىپ بارماقتا ئىدى.
قىيامەت بولغان دالا ـ تۈزدە قېچىۋېرىپ كۆكرەكلىرى، دۈۋسۈنـ
لىرى تا ساغرىسىغىچە لاي ـ پاتقاقتا پاتقان بۆرىلەر زورمۇ
زور قەدەم تاشلايتتى. تىلىنگەن، شىلىنگەن، يارىلانغان پۇتلىرى
تىنىماي زىڭىلداپ ئاغرىيتتى، كۆيگەندەك ئېچىشاتتى، ھەر بىر
قەدەم تاشلىماق مىسالى بىر ئازاب ئىدى. قېنى ئەمدى، تېز-
رەك ئىنىمىزغا يېتىۋالساق، شورلۇق بېشىمىزغا چۈشكەن بۇ ئېغىر
كۈننى تېزرەك ئۇنتۇساق، پۇتلىرىمىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ، كۆزـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مىزنى يۇمشاق — بۆرىلەرنىڭ مۇشۇ تاپتىكى بىردىنبىر ئىستىكى ئەنە شۇ ئىدى.

لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ يەردىمۇ ئامىتى كەلمىدى. ئىنىغا يېقىنلىشىپ قالغاندا، ئۇلار ئادەملەرنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. قەمىردان ئىنىنىڭ يېنىدىلا يوغان يۈك ماشىنىسى قارىيىپ كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ چاقلىرى يۇلغۇن شاخلىرى ئارىسىغا يېرىپ كىرگەنىدى. ئۇ يەردىن ئادەملەرنىڭ ئاۋازى، گۇڭگۇر - مۇڭغۇرلىرى ئاڭلىناتتى. بۆرىلەر بىردەم جىم قۇلاق سېلىپ تۇرۇشتى، ئاندىن غىلىڭ قىلماي ئوچۇق چۆلگە قاراپ كېتىشتى. نېمىشقىدۇر، دەل شۇ پەيتتە تۈن قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ، ماشىنىنىڭ ئۆتكۈر چىراغلىرى ياندى. گەرچە ئۇلارنىڭ نۇرلىرى نېرىقى ياققا چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشاتتى. بۆرىلەر ئاقساپ، ئاغرىق ئازابىدىن دىڭكاڭلاپ بېشى قايغان تەرەپكە كېتىشتى. ئەكبەرەنىڭ بولۇپمۇ ئالدىنقى تاپانلىرى ئېچىشىپ ئاغرىيتتى... زېدە بولغان پۇتلىرىغا ئازراق بولسىمۇ ئارام بېرىش ئۈچۈن، ئۇ ئىرىمەي قالغان قارلار ئۈستىدىن قەدەم بېسىشقا ئۇرۇناتتى. بۆرە تاپانلىرىدىن چۈشكەن سولغۇن گۈللەر قاردا ئەلەملىك، مەيۈس سۆرۈلۈپ باراتتى. بالىلىرى ئۆلدى. باشپاناھ يولى ئېتىك. چۆلدە ئادەملەر قۇتراپتۇ...

ئۇلار ئالتەيلەن ئىدى. شوپۇر كېپانىمۇ قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئۇلار تاسادىپىي بىر جايغا يىغىلىپ قالغان ئولجا توپلىغۇچىلار. ئۇلار ئەتە ئىشنى ئەتىگەنرەك باشلايمىز دەپ، چۆلدە تۈنەپ قالغانىدى. ئىشمۇ ئۇلارغا تازا ئوڭىدىن كەلدى. ماشىنىغا تاشلانغان ھەر بىر كېيىك ئۈچۈن ئەللىك تىيىن بېرىلەتتى. بۈگۈن ئۈچ كوزۇپنى لىق تولدۇرۇشتى. لېكىن، ھەر قانچە قىلغان بىلەن، قاراڭغۇ چۈشكۈچە ھەممە ئېتىلغان،

يىقىلغان كېپىنەكلەرنى يىغىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. ئەتىگەندە يىغىلماي قالغانلىرىنى تېپىپ، ماشىنىغا تاشلاپ، ئاندىن پرىنسىپلىق قاتناش ۋاسىتىلىرىگە جايلاشتۇرىدۇ. ئۇلار ئۇلجىلارنى مويىنقۇمدىن يىراق ـ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ.

شۇ كېچىسى ئاي تولغانىدى. تولۇن ئاي يىراق ئۇپۇقتىن ناھايىتى بالدۇر كۆتۈرۈلدى. ئاي بەختى ئۆچكەن، قارلىرى پۈتۈنلەي ئېرىپ كەتمىگەن چۆلنىڭ ھەممە يېقىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تىنىق نۇرلىرى چۆلدىكى قامغاقلار، ئوي ـ چوڭقۇرلار، دۆڭ ـ تۆپىلەرنى دەم يورۇتۇپ، دەم قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. لېكىن شۇ ھۇۋۇلاپ تۇرغان، ئىنس ـ جىن يوق جايلاردا يوغان يۈك ماشىنىسىنىڭ قارىيىپ تۇرغان قارىسى كۆزگە ھېچ سىغمايتتى. ئۇ بۆرىلەرنىڭ جېنىغا دەھشەت سالاتتى: ھەر قېتىم ئۇنى كۆرگەندە، بۆرىلەرنىڭ يۈرەكلىرى كەينىگە تارتىشىپ كېتىدۇ، قۇيرۇقلىرىنى چاتراقلىرىغا قىسىپ، قەدەملىرىنى تېزلىتىدۇ. شۇنىڭغا باقماي، ئۇلار ھە دېسە توختاپ، يەنە كەينىگە تىكىلىپ قارايتتى، نېمە بولۇۋاتقاندۇ، نېمىشقا ئادەملەر ئۇلارنىڭ ئىنى ئالدىدا توختايدۇ، نېمە بار ئۇلارغا؟ ئاۋۇ قورۇنچلۇق چوڭ ماشىنا بۇ يەردە خېلى ئۇزاق تۇرامدىكىن ياكى كېتەمدىكىن؟ دەرۋەقە، بۇ ماشىنا ھەربىي بۇيرۇق بويىچە چىقىرىلغان، ئۈستى بىرزېنت بىلەن يېپىلىدىغان، ھەيۋەتلىك چاقلىرى يۈز يىل يۈرسىمۇ يېرىلىپ كەتمەيدىغان، خالىغان يېردە بىمالال مېڭىپ كېتىۋېرىدىغان دالا ئاپتوموبىلى «МАЗ» ئىدى. كوزۇپتا ئەتە ماڭغۇزۇش ئۈچۈن قالدۇرۇلغان ئونلىغان كېيىك مۆردىلىرى ئارىسىدا قوللىرى خۇددى ئەسىر ئېلىنغاندەك باغلاپ قويۇلغان بىر ئادەم ياتاتتى. ئۇ تېگىدىكى ۋە يانلىرىدىكى كېيىكلەرنىڭ جەسەتلىرى ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سوۋۇپ، قېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەر نېمە بولسىمۇ،

ئۇلارنىڭ تىرىسى ئۇنى ئىسسىتىپ، جېنىغا ئارام بېرىپ تۇراتتى، بولمىسا، ئەھۋالى تولىمۇ چاتاق ئىدى. ماشىنا ئۈستىگە يېپىلغان بىرىزىنتىنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئاي مارىلايتتى، لېكىن ياتقان ئادەمنىڭ كۆزىگە بوشلۇقتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيتتى، بەختى قاچقان چېھرىسىدە ئازاب - ئوقۇبەت ئەكس ئېتەتتى.

ئەمدى ئۇنىڭ تەقدىرى مانا شۇ ئادەملەرگە باغلىق. ئۇ بۇ يەرگە ئۇلار بىلەن بىللە كەلدى، ئۇ شۇلارغا ئوخشاشلا موينىقۇم قىرغىقىدىن پۇل تېپىپ كەتمەكچىدى...

ئادەمنىڭ ئۆمرى نېمە، دېگەن سوئالغا جاۋاب تېپىپ بەرمەك تەس. ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتى شۇنچىلىك غەلىتە، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى، مىجەز - خۇلقى شۇنچىلىك رەڭمۇ رەڭ ۋە مۇرەككەپكى، ھەتتا ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ زامانىۋى ھېسابلاش سىستېمىلىرىمۇ ئەڭ ئاددىي ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئومۇمىي سىزىقىنى سىزىپ بېرەلمەيدۇ. مانا مۇشۇ ئالتە كىشىنى ئالايلى. توغرىراقى، بەش كىشى، چۈنكى دالا ئاپتوموبىلىنىڭ شوپۇرى كېپيا ئايرىمچىلا. ئۇ بۇلارغا ماشىنا ھەيدىگۈچى بولۇپلا قوشۇلغان، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر بالا - چاقىلىق ئادەم، لېكىن ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، شېرىكلىرىدىن ئۇنچىلىك پەرقىمۇ يوق، شۇلارنىڭ بىرى، خالاس. مانا شۇ ئالتەيلەننىڭ ھاياتىدا بىر- بىرىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى ھالەتلەرنىڭ بولۇشى ۋە بۇنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن ھېسابلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوقلۇقى، شۇنىڭدەك، گەپ ئادەملەرنىڭ ئەڭ كىچىك، ئەرزىمەس كوللېكتىپى ئۈستىدە كېتىۋاتقىنىدا، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، ئاڭلاش قىيىن بولغان ھاللارنىڭمۇ كۆپ بولىدىغانلىقى شۈبھىسىز. خۇدانىڭ خاھىشى شۇ ئىكەن - دە، ئەكسىچە بولغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنى تەئەججۈپكە سالىدىغان تەرزدە بىر خىلدىكى ئادەم بولۇپ چىقاتتى. يەنە كىم بىلىدۇ،

ھەر ھالدا، ئۇلار مويىنقۇمغا ئاتلانغان چاغلىرىدا ئەھۋال شۇنداق ئىدى...

بۆدۈنىنىڭ ئۆيى يوق، نەگە بارسا ۋىتىۋالىدىغان دېگەندەك بۇلارمۇ تايىنى يوق، شامال قەيەرگە ئۇچۇرتسا شۇ يەرگە كېتىۋېرىدىغان قامغاقتەك بىر نېمىلەر ئىدى. پەقەت كېپالا بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىنى خوتۇنى تاشلاپ كەتكەن، ھەممىسىلا يا بىر كىمنى جۆندىگەن، يا ئۆزلىرى جۆندەلگەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ جاھاندىن تويغان، ھەممە نەرسىدىن نارازى ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشقىنا بىر يىگىت ئاجرىلىپراق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىسمىمۇ غەلىتە — ئاۋدىي ئىدى. بۇ نام قەدىمىي كىتابلاردا بار: ئىنجىلنىڭ ئۈچىنچى مۆلۈك پۈتۈكىدە ئېيتىلغان. ئۇ ئەسلىدە دىياكوننىڭ ئوغلى بولۇپ، پىسكوۋ تەرەپلەردىن ئىدى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، چېركاۋ خادىمىنىڭ ئەۋلادى دەپ، تەھسىل ئۈچۈن دىنىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغان، ئەمما ئىككى يىلدىن كېيىن كۇپۇرلۇققا يول قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردىن ھەيدەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئىككى قولى باغلانغان ھالدا «MA3» نىڭ كوزۇپىدا جاجىسىنى كۆتۈرۈپ يېتىپتۇ. ئوبېرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئۇ كېمىدە ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغان.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى، ئاۋدىينى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆلگۈدەك ھاراقكەش ئىدى. كەسپىمىز ھاراق ئىچىش دەيتتى ئۆزلىرى. بىراق بۇ يەردىمۇ كېپا ئۇلارغا جىق قوشۇلالمايدۇ، شوپۇرلۇق قەغىزىنى ئاسرىمىسا بولمايدۇ، ئەكسىچە بولغاندا خوتۇنى ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇۋېلىشتىن يانمايدۇ. لېكىن شۇ كېچىسى، ئۇ مويىنقۇمدا باشقىلاردىن ئەسلا قېلىشقىنى يوق، تويغۇچە ئىچتى. پەقەت ئاۋدىي، ئاۋدىيۇخا، شۇ دەردىسەرلا ئىچمىگەن، دەپ تورۇپلىشۋالدى. بۇ ئوبېرنىڭ بەتتەر غەزىپىنى قوزغىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ قولى ئاستىدىكى كىيىك يىغقۇچىلارغا ئۆزىنى قىسقىغا قىلىپ، ئوبېر، دەپ چاقىرىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ قويغانىدى. ئېھتىمال، بۇ سۆز چوڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى كۆزلەپ شۇنداق قىلغاندۇر. ئۇ ھەقىقەتەن ھەم جازالىنىشتىن بۇرۇنلا جازالاش باتالىيونىنىڭ چوڭ لېيتېنانتى ئىدى. ئۇ ئۇنۋانىدىن مەھرۇم قىلىنغان چاغدا، خەيرىخاھ كىشىلەر: خىزمىتىنى ئاشۇرۇپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن كۆيدى بىچارە، دەپ خېلىلا خاپا بولۇپ يۈرۈشتى. ئۆزىمۇ باشقىلار ماڭا نىسبەتەن ئادالەتسىزلىك قىلدى دەپ ھېسابلايتتى، سورىغانلارغا شۇنداق دەپ چۈشەندۈرەتتى، ئىچ - ئىچىدىن تىت - تىت بولاتتى. لېكىن ئارمىيىدىن قوغلىنىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبلەر ھەققىدە ھەرگىز ئېغىز ئاچمايتتى. ئۆتكەننى ئەسلىسەڭ، ئەقلىڭدىن ئازىسەن. نېمە قىلىدۇ ئەسلەپ. ئوبېرنىڭ ھەقىقىي فامىلىسى كانداۋلوۋ، ئەسلى خانداۋلوۋ بولۇشىمۇ مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭ بىلەن خەقنىڭ نېمە كارى. ئوبېرمۇ، بولدى، بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە كېرەك.

بۇ توپ ئۆزىنى قانخور دەپ ئاتايدۇ، ھەممىسى شۇنداق دېيىشكە كېلىشكەن. پەقەت ئوبلاستلىق دراما تىياترىنىڭ سابىق ئارتىسى گاملېت - گالكىنلا «قانخور» دەپ ئاتاشقا ئېتىراز بىلدۈرگەن: «ھەي، قويۇڭلار شۇ قانخور - پانخورنى. كۆڭلۈم ياقتۇرمايدۇ شۇ قانخور دېگەننى، بالىلار. بىز سەپەرگە ئاتلىنىۋاتىمىز. كېلىڭلار، نامىمىزمۇ ‹سەپەر› بولسۇن!» لېكىن گاملېت - گالكىننىڭ بۇ تەكلىپىگە ھېچكىم قوشۇلمىدى. «سەپەر» سۆزى ئۇنچىۋالا چۈشىنىشلىك ئەمەس ئىدى. «قانخور» دېگىنى بولسا دادىل ۋە ئۆكتەم ئاڭلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپرەك شۇ سۆز ماقۇل كۆرۈلگەن بولسا كېرەك. ئەنە شۇ قانخورنىڭ ئىككىنچى ئادىمى مىشاش دېگەن ئادەم. تولۇق ئاتىلىپ

ئېيتقاندا، مىشكا – شاباشنىك①. قوتازدەك تېرىككەك بۇ زات خالىغان ئادەمنى، ھەتتا ئوبېرنىڭ ئۆزىنىمۇ ئاغزىغا كەلگەننى دەپ سۆكۈشتىن يانمايتتى. مىشاشنىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى شۇ ئىدىكى، ھەر ئىككى گەپنىڭ بىرىدە «ئاناڭنى...» دەپ تۇراتتى. بۇ ئۇنىڭغا نەپەس ئالغاندەكلا بىر گەپ ئىدى. ئاۋدىينى باغ-لاپ ماشىنا كوزۇپىغا تاشلاش پىكرى باشقىلاردىن ئەمەس، دەل شۇ مىشاشتىن چىقتى. قانخور بولسا، ئۇنىڭ تەكلىپىنى كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچىلا بەجا كەلتۈردى.

قانخور ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان سادda ئادەم – گاملىېت – گالكىن. ئىچكىلىككە دۇم چۈشكەن، سەھ-نىنى تولىمۇ بالدۇر تەرك ئەتكەن بۇ شەخس ئۇدۇل كەلگەن ئىشنى قىلىپ جېنىنى باقاتتى. مانا، ئاردا ئاسماندىن چۈشكەن-دەك بولۇپ، بۇ ئاسان ئىش چىقىپ قالدى. كېيىك دەمدۇ ئېلىك دەمدۇ، ئۇنىڭغا نېمە پەرقى بولسۇن، پۇتلىرىدىن تۇتۇپ شارت – شۇرتلا ماشىنىغا تاشلىساڭلا بولغىنى. بىر ئايدىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان پۇلنى ئىككى – ئۈچ كۈندىلا بىمالال تېپىۋالسەن. تېخى ئوبېر قۇرغۇرنىڭ مۇكاپىتىنى دېمەمسىلەر. بىر يەشىك ھاراق. توغرا، بۇ ئومۇمەن دارامەتكە ئېلىنىدۇ. لېكىن بەربىر – دە. بولۇپمۇ، بۇ توپ ئىچىدە ئەڭ مۆمىنى، قوينىڭ ئاغزىدىن چۆپ ئالمىغىنى ئاشۇ ئۇزاقباي. ئۇنىڭ پۇت-قولى ناھايىتى چاققان. ئۇزاقباي ئۆزى شۇ يەرلىك، مويىنقۇم ئەتراپلىرىدىن ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنى ئابورىگېن دەپ چاقىرى-شاتتى. ئۇزاقباي ئار – نومۇس دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەتتا كوچىسىدىنمۇ ئۆتمىگەن. نېمە دېسەڭ، ھەممىسىگە رازى، ھەم-مىسىگە ماقۇل دەيدۇ، قوشۇلىدۇ. بىر شىشە ھاراق ئۈچۈن

---

① شاباشنىك — بىر ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ، تېزدىن پۈتتۈرىدىغان بىلىمدان، پوچى دېگەن مەنىدە.

شىمالىي قۇتۇپقا دېيىشكىنىمۇ بارىدۇ. ئۇزاقباينىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى مۇنداق: ئۇ باشتا تراكتورچىلىق قىلىپ يۈرگەنىكەن، كېيىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئىچىۋېرىدىغان ئادەتنى چىقىرىپتۇ. بىر كۈنى كېچىسى تراكتورىنى چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭغا يولدىن كېلىۋاتقان بىر ماشىنا سوقۇلۇپ، ئادەم نابۇت بولۇپتۇ. ئۇزاقباي شۇنىڭدىن كېيىن ئىككى يىل قاماقتا يېتىپ چىقىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا خوتۇنى بالىلىرىنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاقباي نەدىسەن دەپ، شەھەرگە جۆنەپتۇ. تايىنى بار بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتماپتۇ. ئۇزۇق-تۈلۈك دۇكىنىدا يۈك توشۇپ يۈرۈپتۇ. ئۆيلەرنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا پوك چۈشۈپ، شىشە بوشىتىپ يۈرۈپتۇ. ئوبېر ئۇنى ئەنە شۇنداق قاراڭغۇ بۇلۇڭلارنىڭ بىرىدىن تېپىپتۇ. ئۇزاقباي ئۇنىڭغا غىرىڭ قىلماي ئەگىشىپتۇ. نېمىسىگىمۇ غىرىڭ قىلسۇن... ئوبېر كاندالوۋغا ياق دېگىلى بولامدۇ — ئۇ يىراقتىنلا پۇراشقا تولىمۇ ئۇستا ئادەم...

ئوبېر كاندالوۋ باش بولغان ۋاڭخور مانا شۇنداق قىلىپ تېپىشقانىدى. ئۇلار موييىنقۇمدىكى تەقىپ مەركىزىدە ئوتتۇرىغا چىقىشتى...

ئەگەر تەقدىر ۋە تەقدىرلەر ھەققىدە، ھادىسىلەرنى ئالدىدىن بەلگىلەپ بېرىدىغان تىرىكچىلىكنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن ھال-ئەھۋاللىرى ئۈستىدە سۆز ئاچىدىغان بولساق، شۇنداق دېيىشىمىز كېرەككى، ئاۋدىي كاللىستراتوۋ ئۆز ۋاقتىدا دىنىي مەكتەپنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، شۇ يولدا ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ، ياخشى نام-ئاتاقلارغا مۇشەررەپ بولۇپ يۈرگەن بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا خۇدا گۇۋاھ، ئوبېر كاندالوۋنى ھېچقانداق تەشۋىشكە قويمىغان، بېشىنىمۇ مۇنچىۋالا قاتۇرمىغان بولاتتى. دەرۋەقە، ئاۋدىينىڭ ھەممە سىنىپداشلىرى، يەڭگىلتەك

ئوقۇغۇچى بالىلارمۇ كېيىنچىرەك تالىشۋالغان تۇرمۇش يوللىرىنى ئېغىشماس قەدەملەر بىلەن داۋاملاشتۇردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ساھەدە سابىق دىياكوننىڭ ئوغلى ئاۋدىيدىن چاققانىراق ۋە چەبدەسرەك چىقىشتى. ئۇلار دىنىي تەھسىلنى تۈگەتكەندىن كېيىن، چېركاۋ مەنسەپ شوتىسىنىڭ بالداقلىرىدىن مۇۋەپپەقى-يەتلىك ھالدا ئۆرلەپ تۇردى. ۋەھالەنكى، ئاۋدىي روھانىي ئاتىلىرىنىڭ سۆيۈملۈك، ئىستىداتلىق ئوقۇغۇچىلىرىدىن ھېسابلىناتتى. ئۆز سىنىپداشلىرى قاتارىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ھېچقاچان ئوبېر كاندالوۋغىمۇ دۇچ كەلمىگەن بولاتتى. ئوبېر كاندالوۋ بولسا، پوپلارنى دۇنياغا خاتالىشىپ كېلىپ قالغان ئادەملەر دەپ بىلەتتى. ئۆزىگە كەلسەك، ئۆمرى بىنا بولۇپ چېركاۋغا يېقىن يولىمىغان، ھەتتا چېركاۋ نېمە ئىكەن دەپ قىزىقىپمۇ باقمىغانىدى.

كېيىن نېمە ئىشلار بولىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھەممىسىنى ئالدىن بىلىش قىيىن - دە... بىر نۆۋەت بىللە قىلىنىدىغان ئىشقا كىم ئانكىت تولدۇرۇپ ئولتۇراتتى، پۇل تېپىشتىن باشقىسىنى خىيالىڭغا كەلتۈرمەيسەن. بۇ خۇددى كول-لېكتىپ بىلەن ياكىيۇ يىغىشقا چىققاندەك ئامەتلىك ئىش. پەرقى شۇكى، بۇ يەردە ياكىيۇ ئەمەس، ئوقتىن ئۆلگەن كېيىكلەرنى يىغىشتۇرىسەن. ئوبېر كاندالوۋ ۋوگزالدا دۇچ كەلگەن مۇساپىر ئاۋدىينىڭ كەم ئەقىل، قەلەندەر ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولىدى، مويىنقۇمدا ئەمدى بۇنى نېمە قىلىمەن، قانداق قىلسام بۇ شور پېشانىدىن ئامان - ئېسەن، زىيان تارتماي قۇتۇلىمەن، دەپ بېشىنى قاتۇرۇپ ئولتۇرمىغان بولاتتى. ئوبېر كاندالوۋ بۇ ئىشنى بىراقلا، ئۆتكەن گۇناھلىرىمنى يۇيىمەن دەپ جان كۆيدۈرۈپ باشلىغانىدى. مانا شۇ ئىشنى تەنتەك ئاۋدىي بەربات قىلىۋې-تىشكە تاسلا قالدى. ھەممىسى ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىدە

www.uyghurkitap.com

غەلىتە بىر تەرزدە، ئۇنىڭ ئۇستىگە تولىمۇ ئەخمىقانە تەرزدە بىر جايدىن چىقىشى كىمنىڭ خىيالىغا كېلىدۇ دەيسىز. شۇلارنى ئويلىغىنىدا، ئوبېر كاندالوۋنىڭ تازا ئىچكۈسى كېلىدۇ، ئىچكەندىمۇ راسا چىلاشقۇدەك ئىچىدۇ. ئۇ، يېرىم ئىستاكاننى شارتلا ئاتىدۇ، ئاندىن يەنە يېرىم ئىستاكاننى ئاتىدۇ، ئاندىن كېيىن ئېتىلىۋېرىدۇ. قارايدىغان بولسىڭىز دۇنيادا ئۇنىڭ يولىنى توسايدىغان ھېچقانداق كۈچ قالمىغاندەك كۆرۈنىدۇ، جېنى يايراپ، قېنى قاينايدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ تاشلىغۇسى كېلىدۇ... قاق مېڭىسىگە سالسام، مىجىپ تاشلىسام دەيدۇ... ئەمما ئۇنىڭ قورقىدىغىنى دەل مانا مۇشۇ، چۈنكى قانچە ـ قانچىلىگەن ئىشلارنىڭ مۇشۇنىڭ بىلەن رەسۋا بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان.

نەدىن كېلىپ قالدى ئاۋدىي دېگەن بۇ بالا ـ قازا! يەنە تەقدىر ۋە تەقدىرلەر ھەققىدە، باشقا ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈرلۈك ـ تۈمەن ھال ـ ئەھۋاللار ھەققىدە سۆزلەيدىغان بولساق، ئۇ ھالدا ئېيتىشىمىز كېرەككى، بۇلارنىڭ ھەممىسى خېلى بۇرۇن باشلانغان ۋە بۇ يەرلەردىن خېلى يىراق يەرلەردە باشلانغانىدى...

ئۇ چاغلاردا ئاۋدىي دىنىي مەكتەپتىن كۈپپۈرلۈك پىكىرلىرى ئۈچۈن قوغلاپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئوبلاست كومسومول گېزىتىنىڭ شتاتتىن سىرتقى خادىمى بولۇپ ئىشلەيتتى. گېزىت تەھرىر بۆلۈمى ئوقۇغۇچىلار سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ماۋزۇلاردا كېلىشتۈرۈپ يازىدىغان، ئۇنىڭ ئۇستىگە مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىنغان ياش يىگىتكە تولىمۇ قىزىقىپ قارايتتى. ئۇ چېركاۋ تەرىپىدىن مۇرتەد دەپ ئېلان قىلىنغاچقا، دىنغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خېلى قولاي شارائىتقا ئىگە ئىدى. ئۆز نۆۋىتىدە، دىنىي مەكتەپ بىلەن چىقىشالمىغان بۇ يىگىتكە ياشلار

مەتبۇئاتىدا ئۆزىگە يېقىن بولغان ئەخلاقىي - مەنىۋى مەسىلە لەرنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئانچە - مۇنچە قىزىقارلىق بولۇپ تۇيۇلاتتى. ئوبلاست مەتبۇئاتىنى توپان پەيتىدىكى سۇدەك بېسىپ كەتكەن بىر قېلىپتىكى زېرىكەرلىك ئەقىلۋازلىقلار، تومتاقلا پال ئېچىشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ گېزىت سەھىپىلىرىدىكى ئۇلجايىپ پىكىرلىرى، شۇبھىسىز، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېتىۋارىنى ئۆزىگە تارتاتتى، بۇنىڭغا ياشلارلا ئەمەس، چوڭلارمۇ قىزىقاتتى. ھازىرچە ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىپ، بىر - بىرىگە لازىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ تۇراتتى، لېكىن ھىلال ئايدەك ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۇ يىگىتنىڭ يۈرىكىدە قانداق يالقۇنلۇق نىيەتلەر باش كۆتۈرۈۋاتقانلىقىنى ناھايىتى ئاز ئادەم، توغرىراقى، بىر ئادەمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. ئاۋدىي مۇخبىر سۈپىتىدە نامى بارا - بارا كۆپچىلىككە تونۇلغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر مۇناسىپ شەكىل، قانداقتۇر ئوتتۇرىچە ئېدىيىۋى ئارا يول تېپىپ، شۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز نەزىرىدە تولىمۇ جىددىي ۋە ھاياتىي جەھەتتىن غايەت مۇھىم بولغان، ھازىرقى زاماندا خۇدا ۋە ئىنسان ھەققىدىكى جەدىتلىك پىكىرلىرى ھەمدە تەسەۋۋۇرلىرىنى كونا دىنىي تەلىماتنىڭ قېتىپ قالغان ئەقىدە لىرىگە زىت قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. ئۇنىڭ نىيەت قىلىشىنىغۇ قىلىپ، ئالدىدا ئىككى بويسۇنمايدىغان، ئىشغال قىلغىلى بولمايدىغان زور ئىستىھكام تۇرغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنلىكى كۈلكىلىك ئىدى. بۇ ئىككى كۈچ بىر - بىرىنى ھېچقاچان ياقتۇرغان ئەمەس ھەم ياقتۇرمايدۇ. بىر - بىرىگە ھېچقاچان بويسۇنغان ئەمەس ھەم بويسۇنمايدۇ. بىر تەرەپتە، مىڭ يىللاردىن بېرى دىنىي ئېتىقادنىڭ ساپلىقىنى ھەرقانداق يېڭىلىقلاردىن ۋە ھەتتاكى ياخشى نىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى پىكىرلەردىن چىش - تىرنىقى بىلەن

www.uyghurkitap.com

قوغداپ، ئاسراپ، ھىمايە قىلىپ كەلگەن، ئۆزگەرمەس، ۋاقىتقا تەۋە بولمىغان جاھىلانە دىنىي قاراشلار، ئىككىنچى تەرەپتە، دىنىي ئۇنىڭ ھەرقانداق كۆرۈنۈشلىرىدە تۈپ - يىلتىزى بىلەن ئىنكار قىلىدىغان، رەت قىلىدىغان ئىلمىي ئاتېئىزمنىڭ قۇدرەتلىك مەنتىقى. بىچارە يىگىت ئەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈگمەن تېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالغاندەك پۇچۇلىناتتى، بىراق ئۈمىد چىرىغى ئۆچمىگەنىدى. «ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ۋە ئۇنىڭغا باغلىق ھالدا خۇدا كاتېگورىيىسىنىڭ ۋاقىتقا نىسبەتەن راۋاجلىنىشى» دېگەن يېڭى ئەقىدىنى كۆيۈپ - پىشىپ كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان ئاۋدىي كاللىستراتوۋ: تەقدىر بالدۇرمۇ، كېچمۇ بەرىبىر ماڭا ئۆز قاراشلىرىمنى ئادەملەرگە مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ئىمكانىيەت بېرىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. ھەقىقەتەن، ئىنسان قۇدرىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نۇقتىسىغا يەتكەن، سانائەت ھۆكۈمران كۈچكە ئايلانغان دەۋردە ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنقىلاپ بىلىۋېلىش پەيىگە چۈشىدۇ. بولۇۋاتقان ئىشلارنىڭ ھەممىسى دەل مانا شۇنىڭغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. ئاۋدىينىڭ خۇلاسىلىرى تېخى تولۇق ئەمەس بولۇپ، خېلى مۇنازىرە تەلەپ قىلاتتى. لېكىن رەسمىي دىنىي تەلىم ئۇنىڭ بۇ ئەركىن پىكرىنى ھەزىم قىلىپ، كەچۈرۈپ كېتەلمىدى. ئۇ توۋا - ئىستىغپاردىن باش تارتقۇچە، باشقىلار ئۇنى دىنىي مەكتەپتىن ھەيدىۋەتتى.

ئاۋدىي كاللىستراتوۋنىڭ ماڭلىيى كەڭ بولۇپ، بۆزدەك ئاق ئىدى. ئۆز قاتارىدىكى نۇرغۇن ياشلارغا ئوخشاش ئۇ چاچلىرىنى يەلكىسىگىچە ئۆستۈرگەن، قوڭۇر رەڭلىك قويۇق ساقال قويغانىدى. بۇلار ئۇنىڭغا كۆركەملىك بېغىشلىمىسىمۇ، لېكىن چىرايىنى مۆمىن - مۇلايىم قىلىپ كۆرسىتەتتى. چاناق-

لىرىدىن بۆرتۈپ چىققان كۆزلىرى تىنماي پىلىلداپ تۇراتتى، ئۇلاردا يەنە ئۆزى قىينىلىپ تېپىۋاتقان نەرسىلەردىن كەلگەن چەكسىز مەمنۇنلۇق ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ياخشىلىق قىلماقچى بولۇپ ئىنتىلىۋاتقان ئەتراپتىكى ئادەملەردىن كېلىۋاتقان نۇرغۇن ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرمۇ ئىپادىلىنىپ تۇراتتى...

ئۇ كۆپرەك كاتەكچە كۆڭلەك، ئۆرە ياقىلىق تىۋىتلىق پوپايكا، سوغۇق كۈنلىرى كونىرىغان پەلتو، دادىسىدىن قالغان قالپىقىنى كىيىپ يۈرەتتى. ئۇ موينىقۇم چۆلىدىمۇ شۇ ئۈستىباش بىلەن پەيدا بولدى...

مۇشۇ پەيتتە قوللىرى باغلانغان هالدا ماشىنا كوزوۋىدا ياتقان ئاۋدىيىنىڭ خىيالىدىن هەر تۈرلۈك ئاچچىق، ئەلەملىك ئويلار ئۆتمەكتە ئىدى. لېكىن شۇ تاپتا هەممىسىدىنمۇ يالغۇزلۇق ئەلىمى قەلبىنى ئۆرتەۋاتاتتى. شۇ چاغدا ئۇ قايسىدۇر بىر شەرق شائىرىنىڭ يادىدا چالا ـ پۇچۇق قالغان مىسرالىرىنى تەكرارلىدى: «ئاتىسىدىن ئالتە بولساڭمۇ، بىر يالغۇزلۇق بېشىڭدا، جاپادىن يالغۇز بولساڭمۇ شۇ يالغۇزلۇق بېشىڭدا». ئۇ يەنە تېخىمۇ ئىززىتىراپ ئىچىدە كېيىنكى چاغلاردا دۇنيادا ئۆزىگە ئەڭ يېقىن بولۇپ قالغان ئاشۇ قىز توغرىسىدا ئەلەم بىلەن ئويلاپ كەتتى. ئۇ ئۇنى ئۆز جېنىدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ، ئۇ دائىم خىياللىرىغا هەمراه. قىينالسىمۇ، شادلانسىمۇ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئېغىر ئەهۋالغا چۈشكەندە بىر ـ بىرىگە ناهايىتى يېقىن كىشىلەرنىڭ قەلب يولى بىلەن پەۋقۇلئاددە ئۇچرىشىشى راست بولىدىغان بولسا، ئۇ هالدا ئاشۇ شەپقەتلىك ـ مېهرىبان قىز جەزمەن مۇشۇ كېچىدە نېمىدىندۇر قاتتىق ئۆرتىنىپ، نېمىنىدۇر قاتتىق سېغىنىپ، يۈرىكى نېمىدىندۇر ئازابلىنىپ تۇرۇۋاتقاندۇر...

مانا شۇ چاغدا هېلىقى شەرق شائىرى ئېيتقان غەلىتە

سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى بىردىنلا ئۇنىڭغا ئايان بولدى. ئۇ بۇرۇنلاردا شۇ سۆزلەردىن كۈلۈپ يۈرەتتى، ئۇلارغا ئىشەنمەيتتى: «سۆيگۈگە چىن دىلدىن بېرىلگەن كىشى، مۇھەببەت تورىغا قالمىغاي چۈشۈپ...» توۋا! ئەمدى بولسا ئۇ شۇ تەقدىر توغرىسىدا ئويلاپ يېتىپ، ئاۋاز چىقارماي يىغلايتتى، مۇنداق خىيال قىلاتتى: «ئەگەر ئۇنى كۆرمىگەن، بىلمىگەن، كۆيۈپ ـ پىشىپ سۆيمىگەن بولسام، بۇنچىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەت چەكمەس ئىدىم. سىغىنماس ئىدىم، كۆيمەس ئىدىم، مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا، ھە، دەل مانا مۇشۇ تاپتا ئۇنى كۆرگۈم، سوغۇق، رەھىمسىز تۈن باغرىنى يېرىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولغۇم كەلمەس ئىدى. چېكى بارمۇ ئاخىر بۇ تەلۋە، يېڭىش قىيىن بولغان ئاغرىق ـ ئازابىنىڭ! قېنى ئەمدى، ھازىر ئاسىيانىڭ چەك ـ چېگرىسى يوق چۆللىرىدە، شۇ چۆللەرنىڭ بىر چېتىدە، قۇرۇقلۇقنى كېسىپ ئۆتكەن تۆمۈريولنىڭ ياقىسىغا جايلاشقان جالپاق ـ ساز بېكىتىگە بېرىپ قالساڭ، دەل شۇ يەردىكى كېسەلخانىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئاجايىپ ئۆينىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا يېرىم سائەتلا تۇرساڭ، بۇ، ئۇنىڭ ئۆيى...» لېكىن قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ ئىلاجى يوقلۇقىنى كۆرۈپ، ئاۋدىي ئۆزىنىڭ، ئېھتىمال، شۇ قىزغا قىلچىلىك لازىمى بولمىغان ساداقىتىگە لەنەت ئوقۇدى. ئۇ پەقەت شۇنىلا دەپ، ئىككىنچى مەرتىۋە يەنە ئاسىيا ئۆلكىلىرىگە قايتىپ كەلدى،

ئۇنى دەپ، مانا مويىنقۇمدا ئىت كۆرمىگەن كۈنلەرنى كۆرۈپ باغلىنىپ يېتىپتۇ. ئۇنى كۆرۈشنىڭ ئىلاجى يوقلۇقىدىن ئۇنىڭ جېنى تېخىمۇ ئۆرتىنەتتى، ئۆزىنى تېخىمۇ يانغۇز سېزەتتى. ئەينى زاماندا شۇ ھېسسىياتلار ئۇنىڭغا خۇداغا ئىنتىلىش ۋە ئۇنىڭ ۋىسالىغا يېتىش يولىنى ئاچقاندەك بولۇۋىدى. خۇدا ئىنسانغا مۇھەببەت ئارقىلىق نامايان بولىدىكەن ۋە شۇنىڭ



www.uyghurkitap.com

بىلەن ئادەمگە تىرىكچىلىكنىڭ ئەڭ ئالىي سائادىتىنى ھەدىيە قىلىدىكەن. بۇنىڭدا تەڭرى - تائالانىڭ خەير - ساخاۋىتى چەكسىزدۇر، خۇددى ۋاقىت دەرياسىنىڭ چەكسىزلىكىدەك مۇھەببەتنىڭ يولىمۇ تەكرارلانمايدۇ، ھەر بىر ئادەم ئۈچۈن، ھەر بىر ھال ئۈچۈن...

«ساڭا ھەمدۇسانالار بولسۇن!» دەپ شۈكرىلىدى ئۇ ئايغا قاراپ يېتىپ. ئاندىن ئويغا چۆمدى: «دىلنى مۇھەببەتكە ئاشنا قىلىدىكەن، بۇمۇ لۇتفى مەرھەمىتىنىڭ چەكسىزلىكىدىن... قېنى، ئۇ بۇنى چۈشەنسە...»

شۇ چاغ تۆۋەندە، ماشىنا يېنىدا قەدەم تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى. كىمدۇر كېكىرىپ، خىرىلدىغان پېتى ماشىنا كوزۇپىغا ئېسىلىشقا باشلىدى. مىشاش ئىكەن. ئۇنىڭ كەينىدىن كېپانىڭ كاللىسى كۆرۈندى. راسا كۆتۈرۈشكەن ئوخشايدۇ، ئۇلاردىن گۆپۈلدەپ ھاراقنىڭ قاڭسىق پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى.

— يېتىۋېرەمسەن، ئاناڭنى... قېنى، قوپ ئورنىڭدىن، ئىتنىڭ پوپى. ئوبىر چاقىرىۋاتىدۇ. تېرەڭنى شىلىۋالىمەن دەيدۇ، — مىشاش تىلىلغان پېتى كېپىكلەر ئۈستىدىن خۇددى ئېيىق ئىنىدا دەلدەڭشىگەندەك ئۇيلاق - بۇياققا لەلەڭشىپ كېلىۋاتاتتى.

كېپامۇ تەھدىت سالدى:

— تېرىسىنى شىلىپ، مۇشۇ چۆلگە تاشلاپ كېتىمىز.

— چۆلمۇ گەپمۇ! — كېكىردى مىشاش، — شۇ قىلىقى ئۈچۈن سىبىرگە ئەۋەتىش كېرەك بۇ ئىتنى. ھۇ ئاناڭنى... تازا بېشىمىزنى قاتۇردۇڭ. نېمە، سوپى قىلماقچىمىدىڭ بىزنى! تازا تېپىپسەن ئادىمىنى، ئاناڭ...

## IV

ئۆتكەن ئاشۇ مەزگىل ئىچىدە ئاۋدىي كاللىستراتوۋ جالپاق ـ ساز بېكىتىدىكى ئىنىگا فېدوروۋنا نامىغا بىر نەچچە پارچە خەت يېزىپ ئەۋەتتى. ئىنىگا فېدوروۋنامۇ شەھەر پوچتىخانىسىنىڭ سوراپ ئېلىنىدىغان بۆلۈمىگە جاۋاب يوللاپ تۇردى. چۈنكى ئاۋدىينىڭ شەھەردە ھازىر باشقا تايىنلىق ئادرېسى يوق ئىدى. ئاۋدىي ئانىسىدىن بالدۇر ئايرىلدى. بويتاق قالغان دىياكون كاللىستراتوۋ يۈرىكىنىڭ پۈتۈن قۇربىنى، ھەممە دۇنياۋى ۋە دىنىي بىلىملىرىنى ئوغلى بىلەن قىزىغا بېغىشلىدى. ئاۋدىيدىن ئۈچ ياش چوڭ ھەدىسى ۋارۋارا لېنىنگرادتا ئوقۇشقا كەتتى. سىفەن مەكتىپىگە كىرىمەن دەپ يۈرگەنىدى، لېكىن ئۇنى چېركاۋ خادىمىنىڭ قىزى، مەكتەپ بالىلىرىنى بۇلارغا ئىشىنىپ تاپشۇرغىلى بولمايدۇ دەپ، قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ سانائەت ئىنستىتۇتىغا كىردى ۋە شۇ پېتى لېنىنگرادتا قېپقالدى. تۇرمۇش قۇردى، ئائىلىلىك، بالا ـ چاقىلىق بولدى. ھازىر قايسىدۇر بىر لايىھىلەش يۇرتىدا سىزمىكەشلىك قىلىدۇ. ئاۋدىينىڭ يولى روھانىي بىلىملەر ساھەسىگە چۈشكەنىدى. بۇ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئىدى، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭمۇ ئارزۇسى ئىدى، بولۇپمۇ ۋارۋارا سىفەن مەكتىپىگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇ شۇنداق بولۇشىنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلغانىدى. ئاۋدىينىڭ دىنىي مەكتەپتە بىلىم ئېلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ دىياكون كاللىستراتوۋ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، ئەمگىكى ۋە ئۆگۈت ـ نەسىھەتلىرىنىڭ زايا كەتمىگەنلىكىدىن، نالىلىرى خۇداغا يېتىپ بارغانلىقىدىن ئۆزىنى تولىمۇ بەختىيار ھېسابلايتتى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا

ئۇ ئامانەتنى تاپشۇردى. ھېلىمۇ تەقدىر مېھرىبان ئىكەن. بولمىسا، ئۇ پەرزەنتى ئاۋدېينىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىدەك كونا ئىلمىي ئىلاھىيەت تەگرى تائالانىڭ باقىي ۋە چەكسىز قۇدرىتى بىلەن مەڭگۈ يارىتىلغان دېنىي تەلىمات ساھەسىدە بىدئەتكە بېرىلىپ كېتىشىنى، كۇپۇرلۇق ئويلارغا يول قويۇشىنى كۆرىدىغان بولسا، بۇنى ئەسلا كۆتۈرەلمىگەن بولاتتى.

ئاۋدېي كاللېستراتوۋ ئوبلاست پاشلار گېزىتىنىڭ ئىشلىرىغا قاتنىشىشقا باشلىغاندىن كېيىن، دېياكون كاللېستراتوۋ ئۇزاق يىللار ئائىلىسى بىلەن ئىستىقامەت قىلغان كىچىككىنە ئۆي يېڭى تەيىنلەنگەن چېركاۋ خىزمەتچىسىگە بېرىلىپ، سابىق دېنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن ئۇنى بوشىتىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى. ئەمدى ئۇنىڭ چېركاۋ بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈل-كېسىل ئۈزۈلگەنىدى.

ئاۋدېي لېنىنگرادتىن ھەدىسىنى چاقىرتتى. خالىسا ئاتا-ئانىسىدىن قالغان ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى، ئاسەن، بۇتلار بىلەن سۈرەتلەرنى خاتىرە ئۈچۈن مىراس تەرىقىسىدە ئېلىپ كەتسۇن، دېدى. ئۆزىگە دادىسىنىڭ كىتابلىرىنى ئېلىپ قالدى. ھەدە-ئىنى شۇ چاغدا ئاخىرقى قېتىم ئۇچراشقانىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە يارىشا ھايات يولى بار ئىدى. ئۇلار شۇنىڭدىن بېرى كۆرۈشكىنى يوق. ئۇلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يامان ئەمەس ئىدى. لېكىن، نېمە ئامال بار، ئۆمۈر يوللىرى باشقا-باشقا ئىكەن. شۇنىڭدىن بېرى ئاۋدېي خەقلەرنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ياشىدى، پۇلى بار چاغلاردا ئالاھىدە ئۆيلەردە، پۇلى يوق چاغلاردا ئادەتتىكى ئۆيلەردە يېتىپ يۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا يېزىلغان خەتلەر پوچتىخانىنىڭ «سوراپ ئېلىنىدىغان» بۆلۈمىگە ئەۋەتىلەتتى.

ئاۋدىي كاللىستراتوۋنىڭ ئوبلاست كومسومول گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى تەرىپىدىن ئوتتۇرا ئاسىياغا ئەۋەتىلىشى دەل مانا شۇ پەيتلەرگە توغرا كەلدى. بۇ پىكىرمۇ ئاۋدىينىڭ ئۆزىدىن چىقتى. ئۇ مەملىكەتنىڭ ياۋروپا قىسمىدىكى ياشلار ئارىسىدا نەشىكەشلىك قانداق يوللار ۋە ۋاستىلەر بىلەن تارقىلىۋاتقانلىقىنى ئۆگەنمەكچى ۋە ئۇنى شەرھلەپ بەرمەكچىدى. نەشە بولسا ئوتتۇرا ئاسىيادا، چۇ ۋە موينىقۇم چۆللىرىدە ئۆسىدۇ. نەشە — مەشھۇر ھىندى كەندىرىنىڭ بىر تۇغقان ئاچىسى، جەنۇبتىكى دەشتلەردە ئۆسىدىغان ياۋايى قورايىنىڭ بىر تۈرى. ياۋايى قورايىنىڭ يوپۇرماقلىرى. چېچەكلىرى ۋە چاڭلىرىدا ئادەمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرىدىغان، چەككەندە ھوشىنى كەتكۈزىدىغان ۋە خىيالىنى كۆكلەردە سەير قىلدۇرىدىغان، لېكىن نورمىدىن ئېشىپ كەتسە، روھنى ئېزىدىغان، قىينايدىغان ۋە ئاخىرىغا بېرىپ ساراڭ قىلىپ قويىدىغان ماددىلار بولىدۇ، ئۇنى چەككەندىن كېيىن ئەتراپتىكى نەرسىلەر ئادەمگە غايەت خەتەرلىك بولۇپ سېزىلىدۇ.

ئاۋدىي كاللىستراتوۋ سەپەردىن ئالغان تەسىراتلىرىنى يول ئوچېركلىرىدا تەپسىلىي تەسۋىرلەپ يازدى. چۆلدە كۈتۈلمىگەندە بۆرە توپىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئۆز كۆزى بىلەن نېمىنى كۆرگەن، بېشىدىن نېمىنى ئۆتكۈزگەن بولسا، ھەممىسىنى ھەم گۇۋاھچى، ھەم پۇقرا سۈپىتىدە ئەلەم ۋە تەشۋىش بىلەن تەسۋىرلىدى. كەندىر ئوتىنىڭ جەمئىيەتكە قانچىلىك زىيان سېلىشى مۇمكىنلىكى ھەققىدە كۆيۈنۈپ ئاگاھ بەردى.

بىراق تەھرىر بۆلۈمى دەسلەپتە قوچاق ئېچىپ كۈتۈۋالغان ئوچېركلار باشتا قىسقارتىلدى، كېيىن پۈتۈنلەي چىقماي قالدى.

ئاۋدىي ئىشىنىڭ ھېچ يۈرۈشمەيۋاتقانلىقى، ئۆزى دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلار ئۈستىدە ئىنگا فېدوروۋناغا خەت

يېزىپ تۇردى. ئاۋدىي ئۇنى تەقدىر ئىلاھىنىڭ ئۆزىگە ئاتا قىلغان ئىنئامى، دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن ئادىمىم دەپ بىلەتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئىنگا فېدوروۋنا بىر دەريا ئىدى، شۇ دەريادا بىر چۆمۈلۈۋالسام، ئۆلۈپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدۇم قايتا تىرىلەتتى، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشتىكى ئوڭۇشسىزلىقلارنى يېڭىش ئۈچۈن ئۆزۈمدە كۈچ پەيدا قىلالايتتىم، دەپ ئويلايتتى. ئاۋدىي بارا ـ بارا ئىنگا فېدوروۋنا بىلەن يېزىشقان خەتلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەقە، ئۆمرىنىڭ ئېسىل مەزمۇنى ۋە مەنىسى بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

ئۇ خەتنى ئەۋەتكەندىن كېيىن شۇنىلا ئويلاپ ياشايتتى. يازغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىسىدە يەنە بىر باشتىن تىكلەپ چىقاتتى، ئۇلارنى ئىنزاھلايتتى، ئۆزىچە چۈشەندۈرەتتى. بۇ، بىر ـ بىرىدىن تولىمۇ يىراقتا بولغانلارنىڭ غەلىتە بىر ئۇچرىشىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئازابلىق سۆيگۈ فونتان ـ لىرى يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ھەرقانداق زامان ۋە ماكان ـ دىن ھالقىپ كېتەتتى.

«... كېيىن مەن خىيالىمچە ئويلىنىپ يۈردۈم. خېتىمنىڭ بېشىدىكى سۆزلەر سىزنى تەئەججۈپكە سېلىپ قويمىدىمىكىن: ‹پەدەرۇ ئۇغۇلۇ مۇبارەك روھ ئىسمى بىلەن!› ئۆزۈم شۇنداق ئەنئەنىلەر ئىچىدە تەربىيىلەنگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇلارنى تىلغا ئالغانىدىم. ھەر بىر جىددىي گەپ ئالدىدىن ئۇلارنى ئەسلەيمەن. چۈنكى شۇ سۆزلەر يۈرىكىمگە قۇۋۋەت بېرىدۇ، تىلىمنى ساز ـ لايدۇ ۋە ئۆتكۈر قىلىدۇ، خۇددى ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك بىر ئەھۋالغا چۈشىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتىپ ئولتۇرمىدىم. روھانىيلار تەبىقىسىدىن چىققانلىقىمنى ۋە دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىمنى سىزگە يەنە بىر نۆۋەت ئەسلىتىپ ئۆتۈۋاتىمەن. مەن سىزدىن ئۆزۈمگە تېگىشلىك ھېچ نەرسىنى

www.uyghurkitap.com

بۇ شۇرۇشنى خالىمايمەن. سىزگە بولغان مۇناسىۋىتىم مېنى شۇنداق قىلىشقا تەقەززا قىلىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ كۆپ ئويلايمەنكى، سىز بىلەن خوشلاشقان چېغىمىزدا يېقىن بولۇپ قالغان ۋە سەنلىشىپ پاراڭلاشقانىدۇق. ئەمدى بولسا يەنە سىز دەپ يېزىۋاتىمەن. مېنى كەچۈرۈڭ، خوشلاشقىنىمىزدىن بۇيان تېخى كۆپ ۋاقىت ئۆتكىنى يوق. لېكىن ماڭا نېمىدۇر بىرنېمە بولدى. شۇنداق، ھەممە تەنتەك ئادەملەر ئۆزلىرىنى ئاقلاش ئۈچۈن دائىم تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى ئويلاپ تاپىدۇ. بۇ خالىسانە ئېيتىلغان بىر گەپ - تە. ھەر ھالدا ئارىمىزدا شۇنچىلىك ئۇزۇن مۇساپە تۇرۇپتۇ. ئىجازەت بېرىڭ، سىزنى سىزلەپ يازاي. شۇنداق قىلسام، ئۆزۈمنى خېلى يېنىك سېزىمەن. مۇبادا، سىز بىلەن كۆرۈشۈش ماڭا يەنە نېسىپ بولمىغان بولسا، يۈرىكىمدىكى ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ياخشى ئارزۇ - ئارمىنىم ئەمەلگە ئاشقان بولاتتى (ئارزۇلىرىم ماڭا ئۆز پەرزەنتلىرىمدەك بولۇپ قالغان، مەن ئۇلارنى ئارزۇلاپ ئۆستۈرىمەن، ئۇلارسىز بىردەممۇ تۇرالمايمەن. ئۆز پۇشتۇمدىن تاپقان بالىلارنى سۆيۈش، ئۇلارنى خۇددى ئارزۇ - ئارمانىدەك سۆيۈش قانچىلىك بەخت - سائادەت ئىكەنلىكىنى ياخشى تەسەۋۋۇر قىلىمەن). بۇ ئارزۇلار روھنىڭ ئەبەدىي جەزبىسى ۋە چەكسىز ئىلاھىي مۇكەممەللىككە ئىنتىلىشىدىن تۇغۇلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزۈممۇ تۇيمىغان ھالدا شۇ ئارزۇلار تۈپەيلىدىن يوقلۇق تەشۋىشىگە قارشى غالىب تۇرىمەن. ئېھتىمال مۇھەببەت ئۆلۈمنىڭ ئەكسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۇغۇلۇش ھادىسىسى قاتاردا ئۇ تىرىكلىكنىڭ ئەسلى ئاچقۇچى بولسا ئەجەب ئەمەس. مەن بىزگە يەنە دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولسۇن دەپ، سىزگە بۇلارنى خۇددى دۇرۇت ئوقۇغاندەك تەكرارلاۋاتىمەن. شۇ چاغدا ئۇچراشقان چېغىمىزدا، سىزنى

خىجىللىقتا قويماسلىقتا ۋەدە بېرىمەن... ھازىرچە ئېيتىش
لازىم بولغان گەپلەر شۇنچىلىك جىقكى...

ئىنگا فېدوروۋنا، يادىڭىزدا بولسا كېرەك، سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا بېرىشتىن مەقسەت ماقالە يېزىش ئىدى. ماقالىلىرىم گېزىتتە چىقىشى بىلەنلا ئۇلارنى سىزگە ھاۋا پوچتىسى ئارقىلىق ئەۋەتىمەن، دەپ ئېيتقانىدىم. ئەپسۇسكى، نەشكەش باللار، نەشە ئىزدەپ يۈرگەن ئۆسمۈر يىگىتچاقلار ۋە شۇلار بىلەن باغلىق بولغان ھاياتىمىزدىكى ھەممە قايغۇلۇق ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئوچېركلىرىمنىڭ پات ئارىدا گېزىتتە چىقىشىغا ئەقلىم يەتمەي قالدى. مەن بىزنىڭ كۆڭلىرىمىزدە دەۋاتىمەن. چۈنكى كەندىر بۇ يەرلەردە ناھايىتى بۇرۇنقى زامانلاردىن بېرى ياۋايى ھالەتتە ئۆسۈۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئون بەش يىل بۇرۇن — بۇنى ئۆزىڭىزمۇ بىلىسىز، نېمىشقا مەن بۇنى سىزگە ئۆزى مۇتەخەسسىس بولغان ئادەمگە ئېيتىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن، لېكىن، ئەپۇ قىلىڭ، مەن بەرىبىر، ئىنگا فېدوروۋنا، بۇنى ھېكايە قىلىشىم كېرەك ۋە يەنە سىزگە ھېكايە قىلىپ بېرىمەن، پەقەت شۇلارلا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە قانداقتۇر مەنە بېغىشلاپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئون بەش يىلچە بۇرۇن بۇ كاساپەت ئوتنى، نەشكەشلەر ئۇنى ئوت دېيىشىدۇ، چېكىش ئۈچۈن ياكى باشقا بىرەر مەقسەتتە يىغىش ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىكەن. شۇ يەرلىك ئادەملەر شۇنداق دېيىدۇ. بۇ ئاپەت تېخى يېقىندىلا پەيدا بولدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا غەربنىڭ تەسىرىمۇ ئاز ئەمەس. مانا ئەمدى، ماڭا قايسىدۇر تەشكىلاتلارغا بايانات يېزىشنى تەكلىپ قىلىشىۋاتىدۇ. ئەقلىگە سىغامدۇ شۇ گەپ. چۈشىنىمەن، بۇ مەسىلىنى كۆتۈرۈپ چىقىش ئاسان ئەمەس. ياشلار ئوتتۇرىسىدا — ئادالەت يۈزىسىدىن ئېيتىپ قويايلى، قىسمەن ئىككى تۆۋەن ياشلار ئوتتۇرىسىدا —

www.uyghurkitap.com

ئەپيۇنكەشلەر، نەشكەشلەر توغرىسىدىكى دەھشەتلىك، پاش قىلغۇچى ماقالىلار ئابرويى - شەنىمىزگە داغ چۈشۈرەرمىش، ھەممىنى دەرغەزەپ قىلارمىش، كۈلكىگە قالارمىشمىز. چۆچۈگەن نەرسىلىرىنى قاراڭ. ئالدامچىلىق ئەمەسمۇ بۇ، سىياسەتتە تۆگىقۇشقا ئوخشاپ قىلىش ئەمەسمۇ بۇ... ئاقىۋىتى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر بولىدىغان بۇنداق ئابروينىڭ كىمگە كېرىكى بار!

بۇ سۆزلەرنى ئوقۇۋېتىپ، ئىنگا فېدوروۋنا، ۋاي بىچارە، ئەخمەق، نېمانچە ساددىدۇر، نېمانچە يېنىپ - كۆيىدىغاندۇر دەپ مىيىقىڭىزدا كۈلۈپ قويغانسىز. ياكى ئەكسىچە، تەشۋىشلىنىپ قوشۇمىڭىزنى تۈرۈپ قويغانسىز. راستىنى ئېيتسام، بۇ سىزگە تولىمۇ يارىشىدۇ. قوشۇمىڭىزنى تۈرگەن چاغلىرىڭىزدا، چېھرىڭىز ئىلاھىيەتنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشكە ئۇرۇنغان ياش راھىبلارنىڭ رۇخسارلىرىدەك پاك ۋە غايەت سىرلىق بولۇپ قالىدۇ. ئاشۇ ئەيسا ئەلەيھىسسالام ئاشىقى - ھۆرلىرىنىڭ ھەقىقىي گۈزەللىكىمۇ ئۇلارنىڭ ئىلھامبەخش مەپتۇنكارلىقىدا ئەمەسمۇ ئاخىر. ئەگەر مەن بۇ سۆزلەرنى ئاۋازىمنى چىقىرىپ ئېيتسام ۋە يەنە باشقا ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئېيتسام، ئۇ ھالدا تىل ياغلىمىلىق قىلىۋاتقاندەك بولۇپ قالار ئىدىم. لېكىن بايا ئېيتىۋىدىم، سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مېنىڭ يا ئازايتىپ ۋە يا كۆپەيتىپ كۆرسىتىدىغان مۇتلەق ھېچ نەرسەم يوق. مۇبادا، سىزنىڭ تەشۋىشلىك خىيال بىلەن تولغان چېھرىڭىز خاتىرەمگە ئويغىنىش دەۋرى سەنئىتىنىڭ بۈۋى مەريەمنى چۈشۈرۈۋاتقان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ھالنى مېنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى تەجرىبىسىزلىكىمگە ئارتىپلا قويۇڭ. ئىشقىلىپ قانداقلا بولىدىسۇن، سۆزلىرىمنىڭ سەمىمىي ئىكەنلىكىگە ئىشىنەرسىز، دەپ ئۈمىد قىلىمەن... ئاخىر، ھەممىسى شۇنداق باشلانغان ئەمەسمىدى.

سىز ئالغىنىمدىن چىققان بىرىنچى سۆزۈمدىنلا ماڭا ئىشەندىڭىز ۋە مېنىڭ ھاياتىمدا پۈتۈنلەي يېڭى بىر سەھىپە ئاچتىڭىز...»

*　*　*

«بۈگۈن يەنە ماقالام يېزىشىمدىن تەھرىر بۆلۈمىگە باردىم. ئەھۋال شۇنداقلا، ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق، ھېچقانداق سىلجىش يوق، ھېچقانداق يورۇقلۇق يوق. نېمىشقا مېنىڭ چۆل ئوچېركلىرىمنى تەھرىر بۆلۈمى باشتا خۇشال - خۇراملىق بىلەن ئالىدۇيۇ، ئەمدى كۆڭۈللىرى پۈتۈنلەي سوۋۇپ كېتىدۇ، بۇنى ماڭا ھېچكىم تۈزۈكرەك قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ئاشكارا تەن ئېلىشقان ئەمەسمىدى. گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى مېنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغىنى ئالغان، كاشكى تېلېفون بېرىپ ئالغىلى بولسا. ئايال كاتىپى دائىم ئالدىراش دەپلا جاۋاب بېرىدۇ — بىردەم ھەيئەتلەر يىغىنى، بىردەم چوڭ يىغىن، بىردەم يۇقىرى چاقىرغان، ئۇلار مانا شۇلارنى باھانە قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ.

يەنە ئۆزۈم يالغۇز تونۇش كوچىلاردا كېتىپ بارىمەن. بۇ يەرگە چەتتىن كېلىپ قالغان يات ئادەمگە ئوخشايمەن. گويا شۇ يەردە تۇغۇلمىغاندەك، بالىلىقىمدىن تارتىپ چوڭ بولمىغاندەك. يۈرىكىم مۇزدەك، بوش، ئۆزۈمنى يات سېزىمەن. گاھىدا تونۇش - بىلىشلىرىم مېنىڭ بىلەن ئەھۋاللاشمايدۇ. ئۇلار مېنى دىندىن ئازغان، مۇرتەت، مەكتەپتىن قوغلانغان، بىدئەتچى ۋەھاكازا دەپ بىلىدۇ. پەقەت بىر نەرسە يۈرىكىمگە ھارارەت بېغىشلاپ تۇرىدۇ، پەقەت بىر ئوي دائىم مېنى ئۆزىگە تارتىدۇ — بۇ مېنىڭ خەتلىرىم. يول بويى نېمىلەرنى

يېزىشىمنى ئويلايمەن. كېيىنكى خېتىمدە ئۇنىڭغا قىزىقارلىق بولغان ھەممە نەرسىلەر ھەققىدە ھېكايە قىلىپ بېرىمەن. سۆيۈملۈك ئايال ھەققىدە خىيال سۈرۈش، ئۇنىڭغا خەتلەر يېزىش ھاياتىمنىڭ ئىسىل مەزمۇنىغا ئايلىنىدۇ، دەپ زادىلا ئويلىمىغانىدىم. قېنى، قانىتىم بولسا، تېزرەك ئۇنىڭ ئالدىغا پەرۋاز قىلسام، يەنە ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان يەرگە بارسام. تېزرەك بولسىچۇ! مېكسىپ كېتىۋېتىپ، شۇلارنىلا ئويلىغىنىم ئويلىغان. بەلكىم، باشقا ئادەملەرنىڭ بېشىدىنمۇ شۇنداق كۈنلەر ئۆتكەندۇر، ئۇلارمۇ مەلۇم بىر مەزگىل ھاياتىنىڭ مەزمۇنىنى پەقەت مۇھەببەتتە بىلىپ، شۇنىڭدىن خۇش بولۇپ، بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ يۈرگەندۇر. لېكىن، مېنىڭ ئۇلاردىن پەرقىم شۇنىڭدىكى، مەن تاكى ئۆلگۈچە سۆيىمەن، ھاياتىمنىڭ پۈتۈن مەنىسى شۇنىڭدىلا بولىدۇ.

مانا، كەڭ كوچىلاردا يوپۇرماقلار تۆكۈلۈۋېتىپتۇ. مەن يازغان نەرسىلەر يازنىڭ بېشىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىدىغۇ. تەھرىر بۆلۈمى شۇ چاغلاردا مېنىڭ پىكرىمنى قوللاپ تېزرەك يېزىشقا ئالدىراتقانىدىغۇ. ئەمەلىي ئىشقا كەلگەندە، تەھرىر بۆلۈمى ئۆزىنى كەينىگە تارتىشى مۇمكىنلىكى خىيالىمغىمۇ كەلمىگەنىدى. ئاممىۋى مەتبۇئات سەھىپىلىرىدە پەقەت ئۆزىمىزگە توغرا كېلىدىغان ۋە ياقىدىغان، ئابروي كەلتۈرىدىغان، ئۇتۇقلارنى ئومۇملاشتۇرىدىغان نەرسىلەرنىلا يېزىش كېرەك، دەيدىغان غەلىتە ئادەت بۇنچىلىك كۈچلۈك ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

شۇ كۈنلەردە پۈتۈن پىكرۇ خىيالىم جەنۇبتىكى ئۆلكىلەرگە قىلىدىغان سەپىرىم بىلەن بەند ئىدى. روسىيىنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇ ناتونۇش يەرلەر ماڭا تولىمۇ ئاجايىپ كۆرۈنەتتى. بارىدىغان بولسام، نەشىكەش

چاپارمەنلەرنىڭ بىرىدەك، ئۇلارنىڭ مەخپىي تۈپلىرىغا قوشۇلۇپ بارىمەن، دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويغانىدىم. چەتتە تۇرۇپ كۆزىتىش بىلەن بۇ يەردە ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن. توغرا، يېشىم نەشكەش چاپارمەنلەردىن سەل چوڭراق، لېكىن سىرتتىن قارىغاندا، شۈبھە تۇغدۇرىدىغان دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر ئەگەر كونا چاپان بىلەن تۇزۇپ كەتكەن قالپاق كىيىۋالسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقىلىڭىزنى قىردۇرۇپ تاشلىسىڭىز، سىزنى شۇ خىلدىكى بالىلاردىن زادىلا ئاجرىتىۋالغىلى بولمايدۇ، دېيىشتى. بوپتۇ، دېدىم – دە، ساقىلىمنى قىردۇرۇۋەتتىم. ھېچقانداق خاتىرە دەپتەر تۇتمىدىم، بۇ يولغا بالىلارنى نېمىلەر باشلىغانلىقىنى ئېنىقلىشىم، پۇل تېپىش ۋە سودا – سېتىقتىن باشقا يەنە نېمە ئۇلارنى بۇنچىۋالا بەند قىلىۋالغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك ئىدى. مەن بەڭگىلىك ھادىسىلىرىنىڭ شەخسىي، ئىجتىمائىي، ئائىلىۋى، ئاندىن قالسا، پسىخولوگىيىلىك ھالەتلىرىنى شۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ئۆگىنىشىم زۆرۈر ئىدى.

شۇنىڭغا قاراپ ھازىرلىق قىلدىم. ماي ئېيى ئىدى. نەشە ماي ئېيىدىن باشلاپ چېچەكلەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ گۈلىنى تېرىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئادەملەر مويىنقۇم ۋە چۇ چۆللىرىگە ئاتلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا شەھىرىمىزدىكى مەكتەپلەردىن بىرىنىڭ تارىخ ئوقۇتقۇچىسى ۋىكتور نىكىفوروۋىچ گورودېتسكىي دېگەن تونۇشۇم ھېكايە قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىر باغدىن، بىر تاغدىن دېگەندەك پاراڭلاشقان چاغلىرىمىزدا، ئۇ مېنى چاقچاق قىلىپ، ئاتا ئاۋدىي دەپ چاقىراتتى. ئۇنىڭ يېشىمۇ مېنىڭدىن ئانچە چوڭ ئەمەس، ھەدەم ۋارۋارا بىلەن تەڭتۇش ئىدى. ۋىكتور نىكىفوروۋىچنىڭ بىر جىيەنى بار ئىدى، تۇغۇلغان ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئۆزى پاشا، پاخوم دەپ ئات قويغانىكەن. ئەنە شۇ

پاشاسى ئۆلگۈر نەشكەشلەر توپىغا كىرىپ قاپتۇ. بۇنى كېيىنـرەك بىلىپتۇ. نە ئاتا ـ ئانىسى، نە ۋىكتور نىكىفوروۋىچ خەۋەردار بولماپتۇ.

بىر كۈنى پاشا ئاتا ـ ئانىسىدىن ريازانغا، بوۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ كېلىسەن، دەپ رۇخسەت سوراپتۇ. ئۇ بوۋىسىنىڭ قېشىغا پات ـ پات بېرىپ تۇرىدىكەن. ئۇ كېتىپ بەش كۈنـلەردىن كېيىن، ۋىكتور نىكىفوروۋىچ قازاقىستاننىڭ ناھايىتى يىراقتىكى بىر ستانسىسىدىن، يول نازارەت قىلىش تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ تەرگەۋچىسى جاسلىبېكوۋدىن تېلېگرامما ئاپتۇ. تېلېگراممىدا، سىزنىڭ جىيەنىڭىز تۆمۈريولدا جىنايى تەرزدە زەھەرلىك چېكىملىك ئېلىپ كېتىۋاتقىنىدا قولغا چۈشتى، تۈرمىدە ياتىدۇ. دەپ خەۋەر قىلىنغانىدى.

ۋىكتور نىكىفوروۋىچ جاسلىبېكوۋنىڭ نىمىشقا بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەمەس، ئۆزىگە تېلېگرامما ئەۋەتكەنلىكىنى دەرھال سېزىپتۇ. پاشا ھەددىدىن زىيادە قاتتىق قول دادىسىدىن قورقۇپتۇ. ۋىكتور نىكىفوروۋىچ دەرھال ئايروپىلان بىلەن ئالمۇتىغا بېرىپتۇ، ئۇ يەردىن پويىزغا چۈشۈپ، بىر كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ، ئاشۇ چۆلدىكى بېكەتكە يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا، پاشاـنىڭ ئەھۋالى چاتاق. مەخسۇس قانۇن بويىچە، ئۇ سوت قىلىنىشى، كەم بولغاندا ئۈچ يىلغا كېسىلىشى ۋە قاماق مۇدـدىتىنى رىجىمى قاتتىق بولغان جايلاردا ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىكەن. جىنايەت ئىسپاتلانغان، سوتنىڭ بولۇشى ئېنىق ئىدى. ۋىكتور نىكىفوروۋىچ ئەپسۇسلىنىپتۇ، جىيەنىگە بولار ئىش بوپتۇ، ئەمدى ئىلاج قانچە، ئاپلا دېمەكتىن باشقا ئامال يوق، جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن. جازاسىنى تارتىسەن دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ. ئۆزىنى قانداق تۇتۇش، سوتتا نېمە دەپ جاۋاب بېرىش كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپتۇ. ئاتا ـ ئاناڭغا ئۆزۈم چۈشەندۈرىمەن،

تۈرمىگە بېرىپ خەۋەر ئېلىپ تۇرىمەن، دەپ جىملەپتۇ. جا-
سلىبىكوۋ تاغا - جىيەنىنىڭ ھەممە گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ
ئولتۇرغانىكەن. ئۇ بىردىنلا مۇنداق دەپ قاپتۇ:

— ۋىكتور نىكىفوروۋىچ، ئەگەر جىيەنىڭىز بۇ جىنايى ئىشقا ئەمدى ھەرگىز قول تىقمايمەن، دەپ ۋەدە بەرسە، سىز ئۇنىڭغا كېپىل بولسىڭىز، مەنمۇ مەسئۇلىيەتنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، ئۇنى قويۇۋېتىمەن. مېنىڭچە، بۇ بالىنى توغرا يولغا سېلىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ يەنە بىر قېتىم نەشە بىلەن قولغا چۈشىدىغان بولسا، ئېغىر جىنايەتچىلەردەك تۈر-مىگە تاشلىنىدۇ. ئەمدى ئۆزىڭىز بىر نېمە دەڭ.

ۋىكتور نىكىفوروۋىچ خۇش بولۇپ كېتىپ، پاشانى كېپىل-لىككە ئاپتۇ. جاسلىبىكوۋغا نېمە دەپ مىننەتدارچىلىق بىلدۈرۈشىنىمۇ بىلمەي قاپتۇ. جاسلىبىكوۋ بولسا مۇنداق دەپتۇ:

— سىزدىن، ۋىكتور نىكىفوروۋىچ، بىر ئىلتىماسىم بار. تۇرغان جايىڭىزدىن بىزگە ياردەم قىلىشىڭىزنى سورايمەن. مەتبۇئاتتا مۇشۇ ئىشلار جىددىي ئوتتۇرىغا قويۇلسا، قالتىس ياخشى بولاتتى. سىز دېگەن مۇئەللىمغۇ. بىز يۈز بەرگەن ياكى يۈز بېرىۋاتقان جىنايەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىمىز. لېكىن مانا بۇنىڭغا ئوخشاش ئانا سۈتى ئاغزىدىن كەتمىگەن بالىلارنى بۇ ئادەمزات بولمىغان بىپايان چۆللەرگە، ئايىنىپ كەتكەن ئادەملەر، ئەشەددىي جىنايەتچىلەر ئارىسىغا كىملەر، قانداق قىلىپ ئەۋەتىۋاتقانلىقىنى بىز بىلمەيمىز. ئاخىر، بىز ئۆسمۈرلەرنى سوتقا بېرىۋاتىمىز، سوتلاشقا مەجبۇر بولۇۋاتى-مىز. سىزنىڭ دەررۇ يېتىپ كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، ماڭا ياردەم بەردىڭىز. كۆپچىلىك ئورۇق - تۇغقانلار — ئۇلار كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ — ئومۇمەن كەلمەيدۇ. ئاندىن

ئون بەش ياشلىق بالا رىجىمى قاتتىق تۈرمىلەرگە چۈشىدۇ. تۈرمىدە نېمە بولاتتى دەيسىز؟ نېمىنى ئۆگىنىدۇ ئۇ يەردە؟ پەس، ھېچ نەرسىگە يارىمايدىغان بىكار تەلەپ بولۇپ چىقىدۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ۋىكتور نىكىفوروۋىچ، تۈرمىگە يوللاشقا مەجبۇر بولىمىز. بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئادەمنىڭ جېنى كۆيىدۇ. ئىشىنەمسىز، ئۆتكەن مەۋسۇمدە بىزنىڭ ئوچاستكىنىڭ ئۆزىدىلا يۈزدىن ئارتۇق ئۆسمۈرنى سوت قىلدۇق. قولغا چۈشمىگەنلىرى، كۆزىمىزنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ قاچقانلىرى قانچە دەڭ. ئۇلار سان - ساناقسىز، كېلىلمۈۋېرىدۇ. ئارخانگېلىسكىدىن تارتىپ كامچاتكا تەرەپلەردىن كېلىشىدۇ، خۇددى بېلىق ئۇرۇقلىغاندەك. ئاخىرى بارمۇ بۇنىڭ؟ ھەممىسىنىلا قامىغىلى بولمايدۇغۇ. ئۇلار نەشە يىغىشنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئىگىلىگەن. ئۆزلىرىنىڭ يول باشلىغۇچىلىرى بار — بەزىلىرى شۇ يەرلىكلەر، بەزىلىرى باشقا جايلاردىن — ئۇلار بالىلارنى نەشە جىق ئۆسكەن جايلارغا باشلاپ بارىدۇ. بىز ئۇلارنىمۇ سوتلايمىز. ئۇلارنىڭ پويىزلارنى نېمە قىلىشۋاتقانلىقلىرىنى بىلەمسىز؟ يولۇچىلار پويىزغا چۈشمەيدۇ. يۈك پويىزلىرىنى توختىتىشىدۇ. يولۇچىلار پويىزىدا ئۇلارنى دەرھال تۇتۇۋېلىشىدۇ. ئۇلار قانداقتۇر بىر مەخسۇس دورا تېپىپتۇ، شۇنى كېچىسى رېلىس ۋە شپاللارنىڭ ئۈستىگە سېپىپ چىقىدىكەن، يىراقتىن پويىزنىڭ چىراغ نۇرلىرى چۈشكەندە، شۇ سېپىلگەن نەرسە خۇددى يېنىۋاتقاندەك، يول، شپال ۋە رېلىسلار يالقۇن ئىچىدە قالغاندەك بولۇپ كۆرۈنىدىكەن. ئەلۋەتتە، پويىز ھەيدىگۈچى پويىزنى توختىتىدىكەن. چۆلدە نېمىلەر بولمايدۇ دەيسىز. پويىز ھەيدىگۈچىلەر يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشىدۇ. قارىسا، تىنچلىق، ھېچ نەرسىگە ئوت كەتكەن ئەمەس. نەشىكەشلەر بولسا، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سومكىلىرى، چامادانلىرى، تاغارلىرىنى كۆتۈرۈپ ۋاگونلارغا چىقىۋالىدۇ. ھا-

زىرقى سوستاۋلارنى بىلىسىز، بىر چاقىرىملاپ سوزۇلۇپ كېتىدۇ.
مىڭ قارىغان بىلەن بىكار. ئۇلار پويىزغا چىققاندىن كېيىن،
چوڭ بېكەتكىچە بېرىۋالىدۇ. ئۇ يەردە بولسا يولۇچىلار كۆپ!
كىمنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بېقىڭچۇ! راست، كېيىنكى يىللاردا
ساقچىلار مەخسۇس ئۆگىتىلگەن ئىتلارنى بېقىۋاتىدۇ. ئۇلار
نەشىنى پۇرىقىدىن تاپىدۇ. سىزنىڭ جىيەنىڭىزنىمۇ شۇنداق
ئىتلار تۇتۇپ بەردى...

ۋىكتور نىكىفوروۋىچ ئۇ يەردە يەنە باشقا نۇرغۇن گەپلەرنى
ئاڭلاپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەردى. لېكىن
ئۆزۈممۇ تەخمىنەن شۇنداق بىر گەپكە ئىچ-ئىچىمدىن ئىشىنىپ
قالغانىدىم. ئۆزۈم بىلەن تەڭتۇش بولغان ياشلارنىڭ ئەقىل
ۋە يۈرىكىگە ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمىگەن بىر يول تاپسام،
دەپ ئۆز گۆشۈمنى ئۆزۈم يەپ يۈرەتتىم، ئۇلارنى ياخشىلىققا
باشلىشىم كېرەك، دەيتتىم. زىممەمگە يۇقىرىدىن شۇ نەرسە
يۈكلىنىۋاتقاندەك ئىدى. شۇنداق ئويلاپ، ئېھتىمال، ئۆزۈمگە
ئۆزۈم ئارتۇقچە باھا بېرىۋەتكەندىمەن. لېكىن ھەر ھالدا،
نېمىلا بولمىسۇن، چىن قەلبىمدىن شۇنداق قىلىشنى خالايتتىم.
بەلكى بۇنى ئىجتىمائىي كېلىپ چىقىشىم تەرەپتىن چۈشەندۈر-
گىلى بولار. مەن ئايرىم ماقالىلىرىمدا گەرچە ئومۇمىيراق تەرزدە
بولسىمۇ، ئىچىملىكنىڭ ياشلارغا بولغان ھالاكەتلىك تەسىرى
ئۈستىدە توختالغانىدىم. غەربنىڭ پاجىئەلىك تەجرىبىلىرى ئاسا-
سىدا چېكىملىك توغرىسىدىمۇ شۇنىڭغا يېقىنراق نەرسىلەرنى
يازغانىدىم. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يا باشقىلاردىن ئاڭ-
لىغان، يا كىتاب-گېزىتلەردىن ئوقۇغانىدىم. ياشلار، بولۇپمۇ،
ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا تارقىلىۋاتقان، نۇرغۇن قايغۇلۇق ئاقىۋەت-
لەرگە ئېلىپ بېرىۋاتقان، ھەممىگە مەلۇم، شۇنىڭ بىلەن بىللە
نۇرغۇنلىرى ۋابادىن قورققاندەك نامىنى ئېيتىشتىن قورقىدىغان

بەڭگىلىك ھادىسىلىرى — شەخسنىڭ ئۆز-ئۆزىنى يېمىرىشىدىن تارتىپ، تا قىيناپ ئۆلتۈرگىنىگە قەدەر — ئۆز ئويلىرىم ۋە كەچۈرمىشلىرىمنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يارقىن، تەسىرلىك ماقال تەييارلاش ئۈچۈن مەسىلىنى ئىچىدىن ھەممە تەپسىلاتلىرى بىلەن ئېچىپ بېرىدىغان بىلىم يېتەرسىزلىك قىلىۋاتاتتى. مانا قاراڭ، شۇ ئەسنادا بۇنداق ۋەقەلەر بىلەن شەخسەن ئۆزى توقۇنۇشقان ۋىكتور نىكىفوروۋىچ گورودېتسكىي ماڭا بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ئوي-خىياللىرىنى سۆزلەپ بەردى. پاشانى نەشىكەش ئۆلپەتلىرىدىن ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن ئاتا-ئانا، ئاكا-ئۇكا، پۈتۈن ئائىلە ئۆيىنى كىچىكرەك بولسىمۇ باشقا شەھەردىكى ئۆيگە ئالماشتۇرۇپ كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋىكتور نىكىفوروۋىچ كۆيۈپ-پىشىپ ھېكايە قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈمگە پۈككەن ئىشىمغا دادىل كىرىشتىم.

* * *

مەن موسكۋاغا كەلدىم. بۇ يەردىكى قازان ۋوگزالىدىن نەشە ئۆسىدىغان چۆللەرگە جۆنىشىم كېرەك ئىدى. گەپ شۇنىڭدىكى، دەل مانا شۇ قازان ۋوگزالىدا ئۆسمۈرلەرنىڭ نەشىگە بارىدىغان چاپارمەنلىرى — ئۇلار نەشە يىغىشقا بارىدىغان بالىلارنى چاپارمەن دەيتتى، — گۇرۇھ بولۇۋالىدۇ. كېيىن بۇ نەرسىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدىم. چاپارمەنلەر شىمال ھەمدە بالتىق دېڭىزى بويىدىكى تۈرلۈك شەھەرلەردىن، بولۇپمۇ ئارخانگېلسكى بىلەن كلايپېدادىن جىق كېلەتتى. پەرىزىمچە بۇ شەھەرلەردە نەشىنى يولغا چىقىۋاتقان دېڭىزچىلارغا

پۇل قىلىش ئاسان بولسا كېرەك. نەشىكەش چاپارمەنلەرنىڭ ئىزىغا چۈشۈش ئۈچۈن، مەن قازان ۋوگزالىدا ئۇتىيۇگ ياكى ئۇتيا لەقەملىك، كۆكرىكىگە سەكسەن يەتتىنچى نومۇرلۇق رەقەم ئاسقان يۈك توشۇغۇچىنى تېپىشىم، ئۇنىڭغا كونا بىر تونۇشىدىن سالام يەتكۈزۈشۈم لازىم ئىدى. تونۇشىنىڭ نامى بىزگە پاشا ئارقىلىق مەلۇم بولغانىدى. ئۇتىيۇگ بېلەت ساتىدىغان كاسسىلارنى ياخشى بىلەتتى، ئازغىنا تاپان ھەققى ھېسابىغا بارىدىغان جايىغا يەتكۈزۈپ قويالايتتى. لېكىن كىمنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كىمنىڭدۇر شۇ ئىشلارنى مەخپىي باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇ ئۇتيا باللارنىڭ ھەممىسىگە بىر پويىزنىڭ بېلىتىنى تېپىپ، ئۇلارنى ھەر تۈرلۈك ۋاگونلارغا جايلاشتۇرۇپ ماڭغۇزۇشى كېرەك ئىدى. نەشىكەش چاپارمەنلەر بىلەن يېقىن تونۇش بولۇۋېلىپ شۇنى بىلىۋالدىمكى، نەشە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بارىدىغانلارنىڭ بېرىدىغان بىرىنچى ۋەدىسى، قولغا چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا، زادىلا ئېغىز ئاچماسلىق، بىر - بىرىنى ساتماسلىق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئادەملەر ئالدىدا بىر - بىرى بىلەن كەمدىن كەم پاراڭلىشىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، مانا، موسكۋاغا ئىلگىرى كەلگەن - كەتكەن پەيتلىرىمدە پىششىق بىلىۋالغان ئۈچ ۋوگزال مەيدانىدا تۇرۇۋېتىمەن. ئادەم كۆپ، بولۇپمۇ يەر ئاستى تۆمۈريولى بىلەن ۋوگزالنىڭ ئۆزى تىقما - تىقما. ئۆتۈش تەس. شۇنچە ئادەم نەدىن كېلىپ، نەگە بارىدىكىن، ئۇلار بۇ ئۈچ ۋوگزال مەيدانىدا قايىنامغا كىرىپ قالغان چۆپتەك پىر - پىر ئايلىنىدۇ. بەربىر مەن موسكۋانى كۆرۈشنى، شەھەر مەركىزىگە، سەل كەڭرىرەك جايغا چىقىۋالغاندىن كېيىن بولسا، كوچىلاردا يۈرۈشنى، كونا كىتاب دۇكانلىرىنى ئارىلاشنى، ئۇقتۇرۇش ۋە تۈرلۈك

ئېلانلارنى ئوقۇشنى، ئىلاجىنى قىلالسام، يەنە ترېتياكوۋ سەنئەت
سارىيىغا ۋە پۇشكىن مۇزېيىغا بېرىشنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتىم.

بۇ قېتىم ئېلېكتر پويىزىدىن ياروسلاۋسكىي ۋوگزالىدا چۈ-
شۈپ قېلىپ، ئادەملەر توپى ئىچىدە قازان ۋوگزالى تەرەپكە
كېتىۋېتىپ، مېڭەمدىن بىر پىكىر ئۆتتى. مۇنۇنى كۆرۈڭ، ئىل-
گىرى ئۆزۈمگە ئۆزۈم خوجايىن ئىدىم، ئۆز خاھىش - ئىس-
تەكلىرىم ئۆزۈمگە تەۋە، زىممەمدە ھېچقانداق يۈك يوق، ھېچ-
قانداق ئىش - تەشۋىش ۋاقتىمنى بەند قىلالمايتتى. موس-
كۋا كوچىلىرىدا خالىغىنىمچە تاماشا قىلىپ، ئوينىلاپ يۈرەتتىم.
بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق ياخشى بولۇشى مۇمكىنمۇ، ئاخىر. قالتىس
چاغلار ئىكەن - دە شۇ چاغلار. ھازىر بولسا چۈمۈلە ئۇۋىسىدەك،
ئادەملەر سەلدەك ئېقىپ يۈرگەن چوڭ قازان ۋوگزالىدا كۆكرى-
كىمگە سەكسەن يەتتىنچى نومۇرلۇق رەقەم ئاسقان ئۆتىيۈك لە-
قەملىك ئالاقچى ۋە يۈك توشۇغۇچىنى ھايال قىلماي تېپىشىم
كېرەك. ئاھ، خۇدايىم، بۇنىڭ نومۇرى سەكسەن يەتتىنچى بولسا،
قازان ۋوگزالىدا ئۇنىڭدەك ھارۋا سۆرەيدىغانلارنىڭ ئۆزى قان-
چىكىن، يۈزدىن كەم ئەمەستۇر ھەر ھالدا. ھەقىقەتەن بۇ قاي-
نام ئىچىدىن ئۇنى تېپىش ئاسان ئىش ئەمەس. يېرىم سائەت سەرپ
قىلىپ يۈك توشۇغۇچىلار يۈرىدىغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئايلىنىپ
چىقتىم. ئاخىرىدا ئۇنى تاشكەنتكە مېڭىش ئالدىدا تۇرغان
پويىز سۇپىسىدىن تاپتىم. ئۆتىيۈك ئاللىكىمنىڭ چامادانلىرى
بىلەن يەشىكلىرىنى ھارۋىدىن ۋاگونغا ئىتتىك ئۇزىتىپ بېرى-
ۋاتاتتى، بىردەم - بىردەم پويىز خادىملىرىغا چاقچاق قىلىپ
قوياتتى، ئۆزىگە بەكمۇ ياقسا كېرەك، ۋوگزاللاردا كەڭ تارقى-
لىپ كەتكەن بىر گەپنى ھەدەپ تەكرارلايتتى: «پۇلۇم بار —
قازانغا بارىمەن، پۇلۇم يوق — بۇلاققا بارىمەن». مەن بىر
چەتتە ئۇنىڭ بوشىشىنى، يولۇچىلارنىڭ ئۆز ۋاگونلىرىغا ئورۇن-

لىشىشنى، ئۇزاتقىلى چىققانلارنىڭ بولسا، پويىز سۇستاۋىنى بويلاپ ۋاگونلارنىڭ ئەينەكلىرى ئالدىغا تۇرۇشنى كۈتۈپ تۇر-دۇم. ئاخىر ئۇ ئالغان چاي پۇلىنى چۆنتىكىگە تىققان پېتى ھاسىراپ چىقىپ كەلدى. دىۋىدەك بەردىم يىگىت ئىكەن، كۆز-لىرى تۆت تەرەپكە ھودۇقۇپ قارايدۇ. مەن ئىشنى بۇزۇپ قويغىلى تاس - تاسلا قالدىم. ئۇنىڭغا سىزلەپ گەپ قىلىشقا، يەنە كېلىپ ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن ئەپۇ سوراشقا ئاز قاپتىمەن.

— بارمۇ سەن، ئۇتىيۈگ، ئىشلىرىڭ قانداق؟ — دېدىم ئۇنىڭغا ئىلاجىنىڭ بارىچە پەرۋاسىز ۋە تەكەللۇپسىز ھالدا.

— ئىشلىرىمىز خۇددى پولشا. ئات - ھارۋا كىمنىڭكى — پانىنىڭكى، — مېنى خۇددى يۈز يىلدىن بېرى تونۇيدىغان ئادەمدەك چېچەنلىك بىلەن جاۋاب بەردى ئۇ.

— پان ئۆزۈڭ ئىكەنسەن - دە، — دېدىم ئۇنىڭغا ھار-ۋىسىنى كۆرسىتىپ.

— شۇنداق بولماي! بىزمۇ ئاغىنە، بىلىمىز پۇلنىڭ سىي-سىقىغا چىدىيالمايۋاتقانلارنى. ئۆزۈڭ نېمە قىلىپ يۈرىسەن، بۇرادەر؟ يۈك - يۈكۈڭ بولسا ئاپىرىپ قويايمۇ، قانداق دەي-سەن؟ خوش!

— ئاپىرىپ قويۇش ئۆزۈمىنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ، — چاقچاق قىلدىم، — سېنىڭدە ئىشىم بار.

— ئېيت، نېمە ئىشىڭ بار؟

— بۇ يەردە ئەمەس، سەل چەتكە چىقايلى.

— يۈر بولمىسا، بۇرادەر، نېرىراق بارايلى.

ئۇزۇن پويىز سۈپىسىدىن ئۆتۈپ، ۋوگزال بىناسىغا قاراپ ماڭدۇق. تاشكەنت پويىزى قوزغالدى، يېنىمىزدىن ئەي-نەكلەرگە بۇرۇنلىرىنى تىرىگەن باشلار قاتار - قاتار ئۆتۈشكە باشلىدى. قوشنا يولغا ئاللىقاياقتىن باشقا بىر پويىز كېلىپ

www.uyghurkitap.com

توختىدى. پويىزلار قاتار - قاتار تۇراتتى، ئادەملەر ئالدىراشاتتى، ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى، رادىئو كانايلىرىدىن دەممۇ دەم كېلىۋاتقان ۋە كېتىۋاتقان پويىزلارنىڭ قېتىم سانلىرى ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى.

ۋوگزال بىناسىغا كەلگىنىمىزدىن كېيىن، ئۈتيۈگ ھارۋىسىنى بۇلۇڭغا تارتتى، بۇ يەردە ھېچكىم يوق ئىدى، ئەتراپقا زەن سېلىپ قارىدىم - دە، ئۇنىڭغا پاشكا دېگەن ئادەمنىڭ دۇئايى سالىمىنى يەتكۈزدۈم. ئۇنىڭ ئىسمى ئىگور بولۇپ، چاپارمەنلەر ئارىسىدا مورژ لەقىمى بىلەن تونۇلغانىدى. نېمىشقا مورژ ئىكەنلىكىنى بىر خۇدانىڭ ئۆزى بىلىدۇ.

— مورژ ئۆزى قېنى؟ — سورىدى ئۈتيۈگ.

— يېتىپ كېلىدۇ، — جاۋاب بەردىم، — ئاشقازان يارىسى قىينىۋەتتى بىچارىنى.

— دېگىنىمدەك بوپتۇ، — ئېچىنىپ پېشانىسىگە ئۇردى ئۈتيۈگ. بىرياقتىن ئېيتقىنىنىڭ توغرا چىققانلىقىدىنمۇ مەمنۇن ئىدى، — ئۇنىڭغا ئۆتكەن قېتىم ئېيتقانىدىم، تەنتەكلىك قىلما، ئاۋۋال ئۆزۈڭگە باق، ئاندىن ناغرا قاق دېگەنىدىم، ئېكىستىراغا ئاران چىداۋاتاتتى، ئەمدى بېلى سۇنىدۇ - دە. مانا قارا، ئەمدى ئاشقازىنى يارا بوپتۇ!

مەن ئېچىنىپ قۇلاق سالغان بولۇۋالدىم. لېكىن ئۇچۇقىنى ئېيتسام، ئېكىسترا دېگىنى نېمە — ھاراقمۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ — بىلمەيتتىم. خۇداغا شۈكۈر، ئۇنىڭدىن بۇنى سوراپ ئولتۇرمىدىم. كېيىن ئۇقسام، ئېكىسترا دېگىنى نەشە چېكىدىن ئىشلەنگەن موم سېغىز ئىكەن، ئۇ خۇددى پلاستىلىنغا ئوخشايدىكەن. نەشىدىن ئېلىنغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسە شۇ ئىكەن (مەن پلاستىلىن ھەققىدە ۋىكتور نىكىفوروۋىچتىن ئاڭلىغانىدىم). ئۇ قارا دورىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن. خىمىيە تەج-

رىبىخانىلىرىدا؛ ئېكسترا خېروئىنغا ئوخشاش سۇيۇقلۇققا ئايلان-
دۇرۇلۇشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مورژغا ئوخشاشلارنىڭ ياكى باشقا
نەشىكەش چاپارمەنلەرنىڭ قۇربى يەتمەيدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ
تازا كۆڭلى تارتىپ قالسا، ئېكسترانى تىللىرىنىڭ ئاستىغا قو-
يۇپ شوراش، چايناش، ھاراققا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىش، نانغا قوشۇپ
يېيىش قوللىرىدىن كېلىدۇ. ئۇلار ئېكسترانى تېپىپ كۆرمەكچى
بولسا، مېڭىمىزنى بىر قاپاق قىلايلى، دېيىشىدۇ. لېكىن قول
بالىسى بولىدىغان نوچى ئىش — نەشە چېكىش. بۇنىڭدىمۇ
ھەركىم ئۆز ھالىغا يارىشا: بەزىلىرى تازىسىنى چېكىدۇ، بە-
زىلىرى تاماكىغا ئارىلاشتۇرىدۇ. چەككەندىمۇ مېڭە خېلىلا قا-
يىدۇ. لېكىن بۇنداق قىلغاندا، نەشىنىڭ كەيپى باشقا ئۇسۇل-
لارغا قارىغاندا تېزرەك تارقايدۇ.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە نەشىكەش چاپارمەنلەرنىڭ ھا-
ياتىغا ئائىت باشقا جىق نەرسىلەرنى مەن «خالخىنگول»غا
بارغىنىمدا ئاستا - ئاستا بىلىۋالدىم. نەشە چېكىدىغان ئاشۇ
جايلارنى «خالخىنگول» دەپ ئاتايدىكەن، «خالخىنگول» دېگىنى
قۇرۇپ كەتسۇن، تۆگىشىپ كەتكىلى تاسلا قالدىم.

— سەنمۇ، بۇرادەر، «خالخىنگول»غىمۇ؟ — سورىدى
ئۇتيۇگ گەپ ئارىسىدا.

باشتا تىلىم تۇتۇلۇپ قالدى، «خالخىنگول» دېگىنىنى
چۈشەنمىدىم، كېيىن بىردىنلا ئەقلىم ئىشلەپ كەتتى:

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا شۇنداق،
بولمىسا مەن نېمىدەپ...

— ئۇنداق بولسا، گەپ مۇنداق. بىلەت توغرىسىدا، بۇرا-
دەر، غەم قىلما. ھەممىسىنى قاتۇرۇۋېتىمىز. قالغان گەپلەرنى
ئوت - چۆپ ئېلىپ كەلگەن چېغىڭدا دوگىنىڭ ئۆزى ھەل قى-
لىدۇ، بۇ مېنىڭ ئىشىم ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

بىزگە بىلەت ئېلىپ بېرىدىغان دوكتىنىڭ كىم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ نىمىنى ھەل قىلىدىغانلىقىنى مەن بىلەلمىدىم. بۇنى ئاخىرغىچىمۇ ئېنىقلىيالمىدىم. لېكىن ئۇتىيۇگ بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، «خالخىنگول»غا بۈگۈن ئەمەس، ئەتە ماڭىدىغانلىقىمىزنى ئۇقتۇم. ئاڭلىشىمچە، تېخى ھەممە چاپارمەنلەر يېتىپ كېلەلمەپتۇ. مۇرمانىسكىدىن ئىككى چاپارمەن كەچلىك پويىزدا يېتىپ كېلىدىكەن. يەنە بىرى، قەيەردىنكىن بىلمەيمەن، ئەتە مەشەدە ھازىر بولىدىكەن. لېكىن ئەمدى ئۇلارنىڭ ماڭا قىلچە دەخلىسى يوق. موسكۋادا بىر كۈن تۇرغانغا نېمىمۇ تەڭ كەلسۇن.

ئەتىسى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا قازان ۋوكزالىغا كېلىدىغان بولدۇم (كەلسەم ـ كەلمىسەم، بەرىبىر، شۇ ۋوكزالدىن بۆلەك ياتىدىغان جايىم يوق). ئۇتىيۇگ مېنىڭ بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ئوت ـ چۆپ سالىدىغان سومكا ۋە قەغەز خالتىلىرىڭ بارمۇ، دەپ سورىدى. چامادانىمدا سومكا ۋە قەغەز خالتىلار بار ئىدى. ئۇ، ماگىزىنلارغا قارا، ئاغزى مەھكەم، چىڭ يېپىلىدىغان ئېينەك ياكى سۇلياۋ قۇتا تاپساڭ سېتىۋال، شۇنىڭغا نەشىنىڭ شىرىسىنى يىغىسەن، دېدى.

— ئەخمەق بولما، ئاھايىتى قىيىن ئىش ئۇ، لېكىن بىر ئازلا سىراج توپلا، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ئۆزۈم زادىلا بېرىپ باقمىغان، لېكىن جىق ئاڭلىغانمەن. مەشەدە لىيۇخا دېگەن بىرى بار، ئىككى قېتىم سەپەر قىلىپ كەلدىدە، دەرھال «ژىگۇلى» ماركىلىق ماشىنا ئالدى. موسكۋادا مەززە قىلىپ يۈرۈپتۇ، پەيزى قىلىپ... ئادەم ئۆزاق بولسا ئون كۈنلا قىينىلىدۇ، خالاس...

شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا كەتتۇق. مەن چامادانىمنى ساقلاش ئورنىغا تاپشۇردۇم ـ دە، موسكۋانى ئايلىنىشقا ئاتلاندىم.

ماي ئېيى ئاخىرلىشىپ قالغان. ياز باشلىنىش ئالدىدا موسكۋا باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق دېسەم، كۆز پەسلىچۇ، ھاۋا ھەددىدىن زىيادە تازا، يوپۇرماقلارنىڭ تىللا رەڭ شولىلىرى ھەتتا ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدە ئەكس ئېتىدىغان باش كۆز مەزگىلىمۇ مىسلىسىز چىرايلىق. لېكىن مەن تولاراق يازغا كىرىپ كېتىۋاتقان موسكۋانى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭ كۈندۈزدىكى كوچىلىرى راھەت، سۈتتەك ئايدىڭ كېچىلىرى راھەت، بۇنداق چاغلاردا شەھەرنىڭ ئۆزىمۇ، يۇلتۇزلۇق ئاسمىنىمۇ تاكى تاڭ سۈزۈلگۈچە تۈن نۇرىغا، شولىلىرىغا چۆمۈلۈپ ياتىدۇ.

مەن ۋوگزالدىن تېزرەك ساپ ھاۋاغا چىقماقچىدىم، لېكىن شەھەر مەركىزىگە يەر ئاستى تۆمۈر يولىدا بېرىش قولايلىقلىنى ئەسلىدىم - دە، يەنە ئادەملەر ئېقىمىغا قوشۇلدۇم. تېخى كەچكى قىستا - قىستاڭغا خېلى ۋاقىت بار. كۆز ئالدىمدىن قاراڭغۇلۇق ۋە يورۇقلۇق لىپىلداپ ئۆتە - ئۆتە شەھەر مەركىزىگە يېتىپ كەلدىم. سۋېردلوۋ مەيدانىدىكى ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان باغچىغا كىردىم. باغچا خۇددى يېقىملىق ۋە گۈزەل ئارالغا ئوخشايدۇ. ئۇ كۆپكۆك ياشناپ تۇرىدۇ، ئەتراپىدا ماشىنىلارنىڭ تىنىمسىز ئېقىمى ۋە زىچ قورشاپ تۇرغان بىنالار. مەن ئىختىيارسىز يولۇچىلار دولقۇنىغا قوشۇلۇپ، كۆرگەزمىخانا تەرەپكە ماڭدىم. بىرەر كۆرگەزمە ئېچىلغان بولسا كۆرىمەن دېدىم. ئەمما كۆرگەزمىخانا ئېچىلماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كونا ئۇنىۋېرسىتېت بىناسى ئالدىدىن، پاشكوۋ ئۆيىدىن ئۆتۈپ، ۋېلكونكىغا ۋە ئاندىن پۇشكىن مۇزېيىغا باردىم. نېمىشقا ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، دىلىم تولىمۇ خاتىرجەم ۋە شاد ئىدى. بۇ شادلىق بەلكى تېخى قىستا - قىستاڭ باشلانمىغان موسكۋا مەركىزى كوچىلىرىنىڭ جىمجىتلىقىدىن ياكى شەھەرنىڭ مۇشۇ قىسمىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزمۇت تاغدەك سوزۇلۇپ ياتقان كىرېملىنىڭ

uyghurkitap.com

خىش تاملىرىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مەن ئىختىيارسىزلا: «بۇ تاملار نېمىلەرنى كۆرمىگەن ۋە نېمىلەرنى كۆرمەيدۇ؟» دەپ ئويلىدىم. مەن كوچىدا تۈرلۈك ئوي - خىياللارغا چۆمۈپ، ساقىلىمنى تۈنۈگۈن ئاخشام قىرىپ تاشلىغىنىمنىمۇ تامامەن يادىمدىن چىقىرىپ، سىپىلىق ئېڭىكىمنى ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ھەدەپ سىلايتتىم. قازان ۋوگزالىدا ئۇۋا قۇرۇۋالغان جىنايەتكار گۇرۇھنىڭ ئىچىگە بېشىمچە كىرىپ، نېمىلەرنى ئېنىقلىماقچى بولغىنىمنىمۇ ۋاقتىنچە يادىمدىن چىقىرىپ قويىدۇم.

ياق، نېمىلا دېگەن بىلەن، تەقدىر دېگەن نەرسە بار، ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ شۇنىڭدىن كېلىدۇ. پۇشكىن مۇزېيى تەرەپكە كېتىۋېتىپ، ئامىتىم كېلىپ قالغىنىنى قاراڭ، زادىلا خىيالىمغا كەلمىگەن ئىش بولدى. مەن مۇزېيدا ھېچ بولمىغاندا يېڭى مۇقەددىمىلەرنى كۆرىمەن، دەپ نىيەت قىلغانىدىم. ئەگەر ئۇمۇ بولمىسا، زاللارنى يەنە بىر ئايلىنىپ چىقىمەن، جىق نەرسىلەرنى يادىمغا چۈشۈرۈۋالىمەن، تەسىراتلىرىمنى يېڭىلايمەن، دېگەنىدىم. بۇنى كۆرۈڭ، مۇزېيغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىمدا، باغچا ئالدىدا بىر جۈپ قىز - يىگىت ئۇدۇلۇمدىن چىقتى - دە، مېنى توختاتتى:

— ماڭا قاراڭ، ئاغىنە. ساڭا بېلەت لازىم ئەمەسمۇ؟ — دېدى يالتىراق كۆك گالستۇك تاقىغان، پۇتىغا بېغىررەڭ شىبلىت كىيگەن ۋە شىبلىتىنىڭ پۇتىنى قىسىۋاتقانلىقى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرغان كىمدۇر بىرى.

ھەر ئىككىلىسىمۇ تازا زېرىكىپ كەتكەنىدەك قىلاتتى، چىرايلىرىدىن تاقەتسىزلىك ئەكس ئېتەتتى.

— نېمە، بېلەت يوقمىكەن؟ — دېدىم نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان بىرەر ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ.

— ھە، ياق، بۇ كونسېرتنىڭ بېلىتى. ئىككىلىسىنىلا ئالسەن.

— قانداق كونسېرت؟ — سورىدىم يەنە.

— كىم بىلىدۇ دەيسەن، چېركاۋ خورى دېيىشىدىغۇ.

— مۇزېيدا - ھە؟ — ھەيران بولدۇم.

— ئالامسەن - يوق؟ ئىككى بېلەت ئۈچ سوم، ئال.

مەن ئىككىلا بېلەتنى ئالدىم - دە، مۇزېيغا ئالدىرىدىم. پۈشكىن مۇزېيىدا كونسېرت قويۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلىمىغانىدىم، باشقۇرغۇچى خادىمدىن سوراپ بىلدىم. كېيىنكى چاغلاردا مۇزېي قارمىقىدا كلاسسىك مۇزىكا بۆلۈمىگە ئوخشاش بىر نەرسە تەشكىل قىلىنغانىكەن، كۆپىنچە مەشھۇر مۇزىكانتلار تەرىپىدىن ھۇجرا كۈيلىرى ئورۇندىلىدىكەن. بۇ قېتىم تەلىيىمگە ئىتالىيىلىك بۆلىمىسى دەپ ئاتالغان زالدا كونا بۇلغار ئىبادەت كۈيلىرى كونسېرتى بولىدىكەن. بۇ ھەتتا چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىدى! ئىلاھىم، سلاۋيان ئىبادەت مۇزىكىسىنىڭ ئاتىسى ئىئوئانن كۇكۇزېلنىڭ كۈيلىرىنى ئورۇندىغان بولسا، ئەپسۇسكى، باشقۇرغۇچى خوتۇن تەپسىلاتىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. ھۆرمەتلىك مېھمانلار كۈتۈلۈۋاتىدۇ، بۇلغار ئەلچىسى كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېدى ئۇ. ماڭا بۇلارنىڭ ھېچقانداق نەپ يۇقىدىغان يېرى بولمىسىمۇ، خۇشاللىقىمدىن سەكرەپ كەتتىم. بۇلغار ئىبادەت كۈي - قوشاقلىرى توغرىسىدا ئىلگىرى ئاتامدىن ئاڭلىغانىدىم. بۇنى قاراڭ ئەمدى — ماڭا شۇنداق ئاجايىپ سوۋغا سۇنۇلۇۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ خەتەرلىك سەپەرگە چىقىش ئالدىدىن. كونسېرت باشلىنىشقا يېرىم سائەت قاپتۇ. مەن مۇزېينى ئايلىنىپ يۈرمەي، ئۆپكەمنى سەل بېسىۋالاي دەپ، ساپ ھاۋاغا چىقتىم.

ئاھ، موسكۋا! موسكۋا — دەريا بويىدىكى يەتتە چوڭ ئېگىزلىكنىڭ بىرى. ماي ئېيىنىڭ ئاخىرلىرى. يۈرىكىڭدە

www.uyghurkitap.com

غۇبار يوق، كائىناتتا مۇۋەققەت ئۇيغۇنلۇق ھاكىم. ئەنە شۇنداق چاغلاردا شەھەر تولىمۇ پەيزى ۋە ھەممە نەرسە تولىمۇ مەنىلىك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. كۆكسۈمنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر - چوڭقۇر نەپەس ئالىمەن، ئاسمان تىنىق، يەر مۆتىدىل. مەن مۇزېي ئالدىدىكى باغنىڭ چىۋىق رېشاتكىسىنى بويلاپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭىمەن.

كۈتىدىغان ھېچكىمىم يوقلۇقى ئۈچۈن ئۆگىنىۋەتتىم. ئېھتىمال. يانچۇقۇمدا بېلەت ئىككى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئۆكۈنگەندىمەن. قېنى، ئۇ مۇشۇ تاپتا كېلىپ قالسا ئاجايىپ بولاتتى - دە، ئۇنىڭغا كوچىنىڭ نېرىقى چېتىدە تۇرغىنىدا كۆزۈم چۈشىدۇ، ئىشقىلىپ، كېچىكىپ قالماي دەپ، كوچىنىڭ بۇ يېقىغا ئۆتمەكچى، ئۇ شۇنچىلىك گۈزەل، شۇنچىلىك تەنتەك ۋە ئېھتىياتسىز، مەن ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيمەن. يۈرىكىم چۆچۈيدۇ، ھولۇقىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بېسىپ ئىشارەتلەر قىلىمەن، ئالدىرىما، ئۆتمەي تۇر. ھولۇقما دەيمەن. ئەنە، كۆرۈۋاتامسەن. ماشىنىلار كېلىۋاتىدۇ، ئادەم كۆپ ھەممە ياقتا. لېكىن يالغۇزسەن، سەنلا مېنىڭ بەخت - سائادىتىمنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرىسەن، دەيمەن. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەيدۇ، ئاخىرى ئۇ يۈزۈمگە قاراپ، قەلبىمدىكى ھەممە سۆزلىرىمنى ئوقۇۋالىدۇ. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭدىن بالدۇرراق، كوچىنىڭ نېرىقى چېتىگە، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ ئۆتىمەن. ئۆزۈمدىن قورقمايمەن، چاققانلىقىمنى بىلىمەن، يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ شارتلا قوللىرىدىن تۇتۇۋالىمەن - دە، كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ قارايمەن. نېمىشقىدۇر شۇ مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈۋېتىپ، ھەقىقەتەنمۇ، يۈرىكىمدە مۇھەببەت ئىنتىزارلىقىنى ھېس قىلدىم ۋە نەچچىنچى قېتىم پېشانەمگە يېزىلغان سۆيۈملۈك قىزنى مۇشۇ كەمگىچە ئۇچرىتالمىغانلىقىمنى

ئويلىدىم. پېشانەمگە پۈتۈلگىنى بارمىكىن، بۇنى مەن ئۆزۈمچىلا توقۇپ چىقاردىممۇ ـ يا؟ بەكمۇ ئاددىي نەرسىلەرنى چىگىشلەشتۈرۈپ تاشلىدىممۇ ـ يا؟ بۇ ھەقتە جىق ئويلايتتىم ۋە ھەر قېتىم ھەممىسىگە ئۆزۈم ئەيىبلىك، دەپ ئۆكۈنەتتىم، مەيۈسلىنىپ قالاتتىم. يا ھەددىدىن زىيادە كۆپ نەرسىلەرنى كۈتكەن بولسام كېرەك، يا مېنىڭدە قىزلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان بىرنەرسە يوقمىكىن، ھەر ھالدا تەڭتۇشلىرىم بۇ جەھەتتە مېنىڭدىن ئامەتلىكرەك ۋە كۆڭۈلنىڭ كۆزىنى بىلىدىغانىراق ئادەم بولۇپ چىقىشتى. دىنىي مەكتەپ ياش كۆڭۈلنىڭ ئۆز خاھىشىغا قاراپ ياشىشىغا يول قويمايتتى، دەپ باھانە كۆرسىتىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن مەكتەپتىن چىقىپ كەتكىنىمدىن كېيىنمۇ بۇ جەھەتتە بىرەر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكىنىم يوق. نېمىشقا؟ ئەگەر مەن سۆيۈشنى خالىغان ئادەم ھازىر راستىنلا بۇ يەرگە كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا ھەممىدىن ئاۋال مۇنداق دەيتتىم: يۈر، بىللە بېرىپ ئىبادەت مۇزىكىسىنى ئاڭلايمىز ۋە ئۆزىمىزنى شۇ مۇزىكىدىن تاپىمىز. لېكىن، كېيىن مېنى شۈبھىلەر غاجاشقا باشلىدى: مۇبادا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا غايەت زېرىكەرلىك ۋە تۇزسىزدەك تۇيۇلسا، ئۇنچىلىك چۈشىنىشلىك بولمىسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟ ھەر ھالدا، ئىبادەتخانا ئىچىدىكى ئىبادەت، ساما مۇزىكىسى باشقا، ئاددىي بىنانىڭ ئاددىي زالىدا ئاجايىپ ئادەملەر ئىچىدە ئېيتىلغان كوي-قوشاق باشقا. باخىنىڭ قەسىدىلىرىنى تەنھەرىكەت مەيدانىدا ياكى جۇشقۇن مارشلارغا ئادەتلىنىپ قالغان ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلغۇچى قىسىملىرىنىڭ گەزەرمىسىدە ئىجرا قىلسا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى قانداق بولار ئىكىن؟

پۈشكىن مۇزېيىغا ۋاڭ ـ ۋۇڭ قىلغان ماشىنىلار كېلىپ

www.uyghurkitap.com

توختاشقا باشلىدى. ھەتتا خەلقئارالىق ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئاپتوبۇسىدىنمۇ بىرى كەلدى. ۋاقىت توشقان بولسا كېرەك. ئىتاليان زالىغا كىرىدىغان جايدا ئادەملەر توپلىشىپ تۇراتتى. كىشىلەر جەم بولۇپ بىر نەرسىنى كۈتۈۋاتقان بولسا، ئادەمگە شۇنداق تۇيۇلىدۇ. كىمدۇر بىرى، ئوشۇق بېلەت يوقمۇ، دەپ سورىدى. مەن ئارتۇق بېلىتىمنى ئۆزىگە ياراشمىغان كۆزەينەك تاقىغان تەلۋە يىگىتكە بەردىم. كېيىن بۇنىڭدىن پۇشايمان يېدىم. ئۇ ئادەملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يانچۇقىدىن پارچە - پۇرات پۇللارنى چىقىرىپ سانىغىلى تۇردى. تەڭگىلەر قولىدىن يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مەن، بولدى قويۇڭ، بۇ بېلەتنى ماڭا سوۋغا قىلغانىدى، سىزگە بەردىم، دېسەممۇ ھېچ ئۇنىمىدى. ئاخىر زالغا كىرىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا تەڭگىلەرنى بىر ئوچۇم قىلىپ چاپىنىمنىڭ چۆنتىكىگە تاشلىدى. راست، پۇلۇم ئېشىپ-تېشىپ تۇرغىنى يوق، ئۆز كۆڭلۈمنى ئۆزۈم بىر ئامال قىلىپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ئادەممەن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ھەرھالدا... پايتەخت ئادەملىرىنىڭ كونسېرتقا ماس كىيىنگەنلىكىنى كۆرۈپ، يەنە بىر خىجىل بولدۇم. ئۆزۈم كونا، تىۋىتلىق كىر پوپايكا، ئالدى ئوچۇق چاپان، قاملاشمىغان ئاياغ كىيىۋالغانىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقىلىم قىردۇرۇلغانىدى. بۇنىڭغا بولسا قىلچە ئادەتلىنەلمەي، خۇددى بىر نېمەمنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ يۈرەتتىم. مەن ئۆزۈم بىلمەيدىغان يىراق، نامەلۇم ئۆلكىگە، نەشە چېقىدىغان چۆللەرگە ئاتلانغانىدىم، ھەمراھلىرىم بولسا ئاللىقانداق خۇدايىممۇ بىلمەيدىغان بەڭگە چاپارمەنلەر... لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېغىزغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدىغان مەيدە - چۈيدە بىر نەرسىلەر...

ئىككى قەۋەتلىك ئېگىز ئىتاليان سەھنىسىدىكى ھەممە كۆرگەزمە بۇيۇملىرى، مۆلچىرىمچە، ئۆز جايىدا تۇراتتى،

پەقەت زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر - بىرىگە زىچ قىلىپ ئورۇن-
دۇقلار قويۇلغانىدى. بىز ئەنە شۇ ئورۇندۇقلارغا جايلاشتۇق.
ئۇدۇلىمىزدا يا سەھنە، يا مىكروفون، يا پەردە يوق ئىدى.
رەئىس مۇنبىرىدىكىلەر ئولتۇرىدىغان جاينىڭ چېتىگە ئانچە
چوڭ بولمىغان مۇنبەر ئورنىتىلغان. ئىككى دەقىقىلەردىن
كېيىن ھەممە ئادەم جاي - جايىغا ئورۇنلىشىپ بولدى.
ئىشىك ئالدىدا يەنە بىرنەچچە ئادەم توپلىنىپ قالدى.
ئەھۋالدىن قارىغاندا، زالدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىر - بىرىنى
تونۇسا كېرەك، ھەممىسى چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى. پەقەت
مەنلا جىمجىت خىيال سۈرەتتىم، ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم
ئاۋارە ئىدىم.

لېكىن، مانا ئاخىر، يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن ئىككى
ئايال چىقىپ كەلدى. ئۇلاردىن بىرى، پۈشكىن مۇزېيىنىڭ
خادىمى بولۇپ، ئۇ ھەمراھىنى — سوفىيادىكى ئالېك-
ساندىر نېۋسكىي چېركاۋىغا قاراشلىق مۇزېيدىن كەلگەن
بۇلغار كەسپدىشىنى تونۇشتۇردى. زالدىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ
توختىدى. چاچلىرى سىلىق تارالغان، ياخشى توپلەي كىيگەن،
پۇتلىرى غايەت چىرايلىق (بۇ پۇتلار نېمىشقىدۇر ئادەمنى
ئۆزىگە ئالاھىدە جەلپ قىلاتتى)، سىپايە ۋە ياش بۇلغار
ئايال يوغان قارا كۆزەينەك تۇستىدىن زالغا ۋەزمىنلىك بىلەن
كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى - دە، سالاملاشتى، ئاندىن رۇس تىلىدا
بىر ئوبدان، قىسقىچە دوكلات قىلدى. ئۆي مۇزېيلىرىدا چېر-
كاۋ بىناكارلىقىنىڭ بىباھا يادىكارلىقلىرى، قەدىمىي قولياز-
مىلار، ھۆر - پەرى سىزىش سەنئىتىنىڭ نەمۇنىلىرى ھەمدە
كونا كىتابشۇناسلىق تارىخىغا دائىر ئەسەرلەر بىلەن بىر قاتاردا
ئوتتۇرا ئەسىر چېركاۋ مۇزىكىسىنىمۇ تەرغىب قىلىشىۋاتقانلىق-
لىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار جامەنىڭ تېگىگە جايلاشقان

www.uyghurkitap.com

تۆۋەنكى قەۋەتلەردە — بۇنى كىرىپت دېيىشىدىكەن — كېچىلىك كونسېرتلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭدا تىرىك كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى قاتناشتۇرىدىكەن. خانىم شۇنى دەۋېتىپ، كۈلۈمسىرەپ قويدى. پۈشكىن مۇزېيىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، «كىرىپت» خور ئۆمىكى مانا ئەمدى مۇسكۋاغا مېھمان بولۇپ كەپتۇ.

— مەرھەمەت قىلىڭلار! — ئۇ گۈلدۈراس ئالقىشلار ئىچىدە ئىچكىرىدىكىلەرنى چىقىشقا تەكلىپ قىلدى.

ناخشىچىلار شۇ يەردە تۇرغانىكەن، بىز كىرگەن ئىشىكتىن زالغا كىرىشتى. ئۇلار بار - يوقى ئون كىشى ئىدى. ھەممىسى نەۋقىران، مېنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك يىگىتلەر ئىكەن. ھەممىسىلا بىر خىل ياسىنىپتۇ — كونسېرتقا ماسلاشقان قارا كاستۇمدا، ئاپئاق ياقىلىرىدا قاتۇرما كېپىنەك گالستۇكلار، پۇتلىرىدا قارا بەتىنكە. يا چالغۇ ئەسۋابلىرى، يا مىكروفون، يا ئاۋازنى كۈچەيتىپ بېرىدىغان ئۈسكۈنىلەر، يا مەخسۇس سەھنە ۋە يا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان رەڭمۇرەڭ چىراغلار يوق. پەقەت زالدىكى چىراغلارنىڭ يورۇقلۇقىنى بىر-ئازلا سۇسلاشتۇردى، خالاس.

چامامچە، بۇ يەرگە خور ئۆمىكى ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە تىڭشىغۇچىلار يىغىلىپتۇ، لېكىن، نېمىشقىدۇر، شۇنداق بولسىمۇ، ناخشىچىلار ئۈچۈن ئەنسىرەپ كەتتىم. يىغىلغان ئادەم ئاز ئەمەس - تە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ ياشلىرىمىز ياڭراق ئېلېكترون ئاۋازلارغا ئۆگىنىپ قالغان — بۇ ناخشىچىلار جەڭ مەيدانىدا قورالسىز قالغان ئەسكەرلەرگە ئوخشايتتى.

ئۇلار مۈرىسىنى مۈرىگە تىرەپ يېرىم دائىرە شەكىللەندۈرۈپ تۇرۇشتى. چىرايلىرى خاتىرجەم، جىددىي، ئۆزلىرىگە ئىشەنچى تولۇپ تۇرۇپتۇ. يەنە بىر قىزىق نەرسىنىمۇ بايقى-

دىم — ئۇلارنىڭ ھەممىسى نىمىشقىدۇر بىر - بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. يۈرەكلىرىنىڭ مۇشۇ تاپتا بىر تەشۋىش، بىر ئىنتىلىش، بىر مەقسەتتە سوقۇۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن شۇنداق كۆرۈنگەن بولسا كېرەك. بۇنداق پەيتلەردە باشقا نەرسىلەر، ھەتتا ھەر بىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسىلەرمۇ كەينىگە چېكىنىدۇ، ئۇلار خىيالىدىن مۇتلەق چىقىرىپ تاشلىنىدۇ — بۇ ھەممە ئادەم جەڭگە كىرىشتىن بۇرۇن غەلىبە قازىنىشنى ئويلىغاندەكلا گەپ.

مۇشۇ ئارىدا بايىقى بۇلغار جۇۋان كونسېرت باشلىنىشتىن بۇرۇن، قارا كۆزەينەكلىدىن بىزگە ۋەزمىن نەزەر تاشلىغىنىچە قىسقىچە تارىخىي مەلۇمات بېرىپ ئۆتتى. بۇلغار چېركاۋىنىڭ ئۆزىگە خاسلىقى، ۋىزانتىيىگە بېرىپ تاقىلىدىغان يىلتىزلىرى، پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى، ئىبادەت مۇراسىملىرى ۋە قوشاقلىرى توغرىسىدا سۆزلىدى، بۇلغار قوشاقچىلىقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىلىرىگە تەئەللۇق ئايرىم تەپسىلاتلار ئۈستىدە توختالدى. ئاندىن كونسېرت باشلانغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

ناخشىچىلار تەييار ئىدى. ئۇلار نەپەسلىرىنى رۇسلاپ يەنە بىردەم جىم تۇرۇشتى. بىر - بىرىگە يەلكىلىرىنى تىرەپ تېخىمۇ يېقىنراق سىلجىشتى. ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمدى. زال خۇددى بوشاپ قالغاندەك تۇيۇلدى، ئادەملەرنىڭ قىزىقىشى ئارتقانىدى: قېنى، بۇ ئون يىگىت بىزگە نېمە بېرىدىكىن، نېمە ھۈنەر كۆرسىتىدىكىن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىسىگە ئىشىنىدىكىن. ئاخىرى، ئوڭ تەرەپتىن ئۈچىنچى ناخشىچى — ئۇلارنىڭ يېتەكچىسىدەك قىلىدۇ — ئىشارەت قىلدى، ناخشا باشلاندى. ئاۋازلار پەرۋاز قىلدى...

مۇشۇ جىمجىتلىق ئىچىدە گويا ئاسماننىڭ پارلاق ھاۋا

www.uyghurkitap.com

رەڭلىك ھارۋىسى ئاستا ئورنىدىن قوزغالغاندەك بولدى ۋە كۆزگە كۆرۈنمەس ھاۋا دولقۇنلىرىغا مىنىپ زالدىن چىقىپ كۆكلەرگە ئىنتىلدى، بۇ جانان ھارۋىنىڭ كەينىدىن روھنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس زاپاسلىرىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئېلىپ، ھەر نۆۋەت قايتىدىن جانلىنىپ كېتەتتى، ئاۋازلىرىنىڭ تەنتەنىلىك ھەمدە شادىيانە ئىزلىرى ئۆچۈپ كەتمەي، بارغانسېرى سوزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

خور ئۆمىكىدىكى ھەممە ئاۋازلارنىڭ ئۆزئارا بەكمۇ نازۇك ماسلاشقانلىقى، ئاۋازلارنىڭ ھەرىكەتچان ۋە ئۇيغۇن - مۇتاناسىپلىقتا ئېرىشكەنلىكى سېزىلدى. بىر - بىرىگە ئەسلا ئوخشىمايدىغان ئون ئادەم، ئۇلار ھەرقانچە ناخشا ئېيتىش قابىلىيىتىگە ۋە ماھىرلىقتا ئىگە بولسىمۇ، بۇنچىلىك ئۇيغۇنلۇقنىڭ قارار تېپىشى ھەتتا تەسەۋۋۇرغا سىغمايتتى. مۇبادا، مانا مۇشۇ ئېيتىلىۋاتقان ناخشىغا ھەرقانداق مۇزىكا، بولۇپمۇ، زامانىۋى مۇزىكا ئەسۋابلىرى تەڭكەش قىلىنىدىغان بولسا، ئون تال مۇستەھكەم تۈۋرۈك تۇتۇپ تۇرغان مۇشۇنداق ئاجايىپ ئىمارەت شەك - شۈبھىسىز ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولاتتى. بۇنداق مۆجىزىنى ئاجايىپ قىسمەتلا يارىتالىشى مۇمكىن. يەنى مانا شۇ، ھە، دەل مانا شۇ ئون ئادەم تەقدىر - ئىرادىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن بىر چاغدا تۇغۇلۇشى، ۋايىغا يېتىشى، بىر - بىرىنى ئىزدەپ تېپىشى، بىر يەرگە جەم بولۇشى. قاچانلاردىدۇر قوغلاپمۇ، ئاجرىتىپمۇ بولمايدىغان روھتىن يارالغان ئەيسا پەيغەمبەرنى نى - نى ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئىچىدە ئىزدىگەن، ئۆيلىگەن ۋە ئاخىرىدا تاپقان ئاتا - بوۋىلار ئالدىدا پەرزەنتلىك بۇرچىنى ھېس قىلىشى كېرەك ئىدى — ھەر ھالدا، ئىپادىلەش قىيىن بولغان تاشقىنلىق، پىغانلىق ناخشىلار پەقەت مانا شۇنداق ھاللاردىلا دۇنياغا كېلىشى مۇمكىن

ئىدى. ئۇلار شۇنچىلىك زور قۇدرەت بىلەن ۋۇجۇد كۆيىگە ئايلىنىپ، ئۆرتىنىپ، ئۆز كۆيلىرىگە تاماھەن بېرىلىپ ئېيتاتتىكى، بۇ سەنئەتنىڭ بايلىقى ئۇلارنىڭ تۈگىمەس ھېس - تۇيغۇلىرىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىكى پىششىق يادلانغان ئاجايىپ مىسرالار بىرخىل شەكىل، ئىلاھقا نىسبەتەن ئېيتىلغان مۇناجات ئىدى، خالاس. ھەممىسىنىڭ بېشىدا بولسا، ئۆز ئۇلۇغۋارلىقىنىڭ غايىۋى چوققىلىرىغا ئىنتىلگەن ئىنسان روھى تۇراتتى.

ئاڭلىغۇچىلار مەپتۇن بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا تۈرلۈك ئوي - خىياللارغا چۆمگەنىدى. ھەممىلا ئادەم ئۆز ئالدىغا مۇناجاتنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغانىدى، بۇ مۇناجاتلار بولسا، ئەسىرلەردىن بۇيان مەڭگۈ تاشقىي ئالەمدىن ئۆزىنى ئىزدىگەن، ئەقىل - ئىدراكى جايىدا بولغان كىشىلەر خىلمۇ خىل پاجىئەلىك ئادىششلار ۋە كارامەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدىن كېيىن توقۇلۇپ چىققانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ھەربىر ئادەم كۆپچىلىك بىلەن بىللە سانسىز قەبىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئون ھەسسىلەپ كۈچىيىپ كەتكەن مۇناجاتلارنىڭ دەۋىتىدىن بەھرىمەن بولماقتىدى. يەنە شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خىيالىي تەسەۋۋۇرلار ھەممىلا ئادەمنى ئاشۇ غۇۋا، لېكىن ئۆزلىرى ھەر دائىم تاقەتسىزلىك بىلەن قوغلىشىدىغان ئالەمگە، ھەر كىمنىڭ ئەسلىملىرى، ئوي - خىياللىرى، ئىچ پۇشۇقلىرى، ۋىجدان ئازابلىرىدىن توقۇلغان ئالەمگە، كىشىلەرنىڭ ئۆز ھاياتىدا بېشىدىن كەچۈرگەن خىلمۇ خىل ئوڭۇشسىزلىقلىرى ۋە خۇشاللىقلىرىدىن توقۇلغان ئالەمگە تارتماقتا ئىدى.

راستىنى ئېيتسام، شۇ پەيتتە بېشىمدىن نېمىلەر كېچىۋاتقانلىقىنى ئۇقمايتتىم، ئۇقۇشنىمۇ خالىمايتتىم. كۆرۈنۈشىدىن

www.uyghurkitap.com

خۇددى ماڭا ئوخشايدىغان، خۇددى ماڭا ئوخشاشلا ئادىم بولغان ئۇ ناخشىچىغا نىمىشقا مۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇلار ئېيتىۋاتقان قەسىدىلەر، مۇناجات قوشاقلىرى خۇددى مېنىڭ كۆكسۈمدىن، دەرد ـ ئەلەملىرىمدىن، خاھىشلىرىم، مۇشۇ چاغقىچە تاشقىرىغا چىقىشقا يول تاپالمىغان تەشۋىش ۋە خۇشاللىقلىرىمدىن ئېتىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقاندەك ۋە شۇ زاماتلا يېڭىچە نۇر ۋە يېڭىچە بېشارەت بىلەن تولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ ناخشىچىلارنىڭ سەنئىتى ۋە ماھارەتلىرى تۈپەيلىدىن مەن ئىبادەتگاھ ساما قوشاقلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكەندەك بولدۇم. بۇ ھاياتنىڭ پەريادى، قوللىرىنى ئاسمانغا سوزغان ئىنسان بالىسىنىڭ نالە ـ پىغانى ئىدى. ئۇ كۆز يەتمەيدىغان كائىنات بوشلۇقلىرىدىن ئۆزىگە تايانچ ئىزدەيتتى، ئۆزىگە ئىشەنچ ئاتا قىلىشنى ئىستەيتتى، ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاشنى خالايتتى؛ بۇنىڭدا ئۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە ئۆزىگە يار ـ مەدەتكار بولالايدىغان ئاللىقانداق ئىلاھىي كۈچلەر بارلىقىغا ئۈمىد باغلايتتى، پاجىئەلىك بىر ئەلپازدا ئۇلاردىن نىجاتلىق كۈتەتتى. پاھ، بۇ نېمىدېگەن چوڭ قايمۇقۇش! ئاھ، ئادەم بالىلىرى ئۆز ئاھۇ پەريادلىرىنىڭ كۆكلەرگە يېتىپ بېرىشىنى قانچىلىك خالايدۇ ـ ھە! قانچىلىك كۈچ ـ قۇۋۋىتى، ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئاشۇ ئىشەنچ ـ ئېتىقادقا، تۇۋا ـ ئىستىغپارغا، ھەمدۇ ـ سانالارغا بەخش ئېتىدۇ ـ ھە. قېنى قايناپ، جۇش ئۇرۇپ تۇرغىنىغا، تەبىئىتىدە ئەزەلدىنلا ئىسيان، ئىنكار، يېڭىلىق يارىتىش ئىشتىياقى دولقۇنلاپ تاشقىنىغا قارىماي ئۆزىنى سەۋر ـ تاقەتكە، مۆمىنلىككە، ھەممىلا نەرسىگە چىداشقا، ئەندىشىگە ئۆگىتىدۇ ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆكتە ھېسابقا ئېلىنىدىغۇ دەيدۇ. ئاھ، قانچىلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر، قېيىن-

چىلىقلار بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. مۇڭلـ جاتلار، سېھىر - جادۇلار، رەمىلەر، دۇئالار، ھەمدۇ-سانالار، شامانلار! ئەسىرلەر بويى قانچە - قانچىلىغان ئەۋلىيالار، ئىبادەتلەر، دۇئالار كۆككە يېتىپ تۇرىدى. مۇبادا شۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەكلا دەريا ياكى دېڭىزغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولسا، قىرغاقلارغا پاتماي تېشىپ چىققان، ئاچچىق ۋە شورلۇق بەھرى مۇھىتتەك يەر يۈزىنى باسقان، ھەممىنى كۆمۈپ تاشلىغان بولاتتى. ئادەمنىڭ ئادەمىلىكى قانچىلىك مۈشكۈللۈكلەر ئىچىدە تۇغۇلىدى...

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر - بىرىگە جەم بولغان ئۇن تاختىچى ناخشا ئېيتىپ، بىزنى خىياللىرىمىزغا غەرق قىلاتتى، ئېگىزىمىزنى قاپقارا گىردابلىرىغا چۆكتۈرۈپ، ئۆتمۈشتى، يوقلۇق مۈلكىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىنسان ئەۋلادلىرىنىڭ روھى ۋە غەم - غۇسسىلىرىنى تىرىلدۈرەتتى ۋە شۇ ئەسنادىلا بىزنى يۈكسەك ئېگىزلىكلەرگە پەرۋاز قىلدۇراتتى، ئۆزىمىزدىن، ئالەمدىن ئېگىزرەك كۆتۈرۈلۈشكە، ھاياتىمىزنىڭ مەنىسى ۋە گۈزەللىكىنى تېپىشقا چاقىراتتى. ھاياتقا بىرلا قېتىم كېلىسەن، ئۇنىڭ مۆجىزىلىك ئىمارىتىنى سۆيگىن، دەيتتى. ئۇن ناخشىچى ئۆزلىرىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئىلاھىي ناخشىغا مۇناسىپ بولۇپ شۇنچىلىك پىداكارلىق بىلەن مەپتۇن ۋە مەھلىيا بولۇپ كۈيلىدىكى، يۈرەكلەردە شۇنىڭ تەسىرىدىن ئالىي ئىنتىلىشلەر قوزغىلاتتى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا جانغا تەگكەن تەشۋىش، يۈگۈر - يېتىم، ھالاۋەتسىزلىكلەر ئىچىدە ئادەم بۇنداق كەچۈرمىشلەرنى بېشىدىن كەمدىن - كەم كەچۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ پايانسىز دىلى ئېچىلغان، يۈزلىرىدە ھاياجان ئەكس ئېتىپ، بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىنى بولسا ياش قاپلىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

شۇ ئاجايىپ بايرامنى قۇتلۇقلاش ئۈچۈن، مېنى باشلاپ كەلگەن تاسادىپقا تەھسىن ئوقۇپ، ئاجايىپ خۇشال بولماقتىدىم، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم گويياكى زامانىدىن، ماكانىدىن تامامەن خالىي بولۇپ، كۆز يەتمەس كەڭلىكلەرگە چىققانىدەك، بۇ يەردە ئۆتكەن كۈنلەر خاتىرىسىمۇ، شۇ پەيتلەرنىڭ سىرىم ۋە چۈشەنچىلىرىمۇ، كېلەچەك ئارزۇلىرىمۇ — بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ بىلگەن ھەممە نەرسىلىرىم، بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمگە مۆجىزىلىك بىر تەرزدە قوشۇلۇپ، بىرلىشىپ كەتكەنىدەك ئىدى. شۇ خىياللار ئىچىدە مەن بىردىنلا تېخى بىر كىمنى سۆيگىنىم يوق، دەپ ئويلىدىم، قېنىمدا ياشاپ، ئۆز ۋاقتى-سائىتى كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇھەببەت سېغىنىشى كۆكرىكىمنى قاتتىق سىرقىرىتىپ، ئاغرىتىپ ئۆتتى. كىم ئۇ؟ قەيەردە ئۇ؟ بىز قاچان دىدار كۆرۈشەلەيمىز؟ ئىشىككە بىرنەچچە قېتىم ئىختىيارسىز قاراپ قويدۇم. بەلكى ئۇ كېلىپ قالغاندۇ، مەشەدە تۇرۇپ تىڭشاۋاتقاندۇ، مېنىڭ قاچان نەزەر تاشلىشىمنى كۈتۈۋاتقاندۇ. ئۇنىڭ مانا مۇشۇ كەملەردە، مۇشۇ زالدا بولمىغانلىقىغا بەكمۇ ئېچىندىم. قېنى، ئۇنىڭ بىلەن مېنى ھازىر شۇنچىۋالا دولقۇنلاتقان، تەسەۋۋۇرلىرىمنى جانلاندۇرغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ، ئورتاقلاشسام. لېكىن، ئەپسۇس...

بۇ يەردە يەنە باشقا بىر نەرسىنىمۇ ئويلىدىم. ئىشقىلىپ تەقدىر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۈلكىلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويمىسۇن، كېيىن ئەسلىگەن چاغلاردا، ئويلىسىپ، خىجالەت بولۇپ يۈرىدىغان بولمىسۇن...

نېمىشقىدۇر ئانامنى، گۆدەكلىك چاغلىرىمنى ئەسلىدىم... قىش مەزگىلى ئىدى، سەھەردە ھەممە ياق ئاقارغان. يوپيورۇق كەڭ كوچىلاردا قار ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۇچقۇنلايدۇ، ئانام كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن يۈزۈمگە تىكىلىدۇ، كونا پەلتو-

يۈمنىڭ ئۆكتەملىرىنى قادايدۇ، نېمىلەرنىدۇ دەيدۇ، مەن ئۇنىڭ يېنىدىن قاچىمەن، ئۇ بولسا، كۈلۈپ كەينىمىدىن قوغلايدۇ، دۆڭگە جايلاشقان چېركاۋدىن پۈتۈن شەھەرگە قوڭغۇراق ئاۋا-زى تارىلىدۇ، ئاتام شۇ يەردە دىياكون بولۇپ ئىشلەيدۇ. ئۇ خۇداغا قاتتىق ئىشەنگەن ئادەم ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خۇدانىڭ قۇدرىتى ۋە نىيىتى بىلەن ياراتقان ھەممە نەرسىلە-رنىڭ شەرتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. مەن بۇنى ئەمدى پەملەۋاتىمەن. ئەمما مەن ئۇ كىشىنى زادىلا ئىززەتلى-مەي، پۈتۈنلەي باشقا يولدا ماڭدىم، ئۇنىڭ خاھىشىنى ئادا قىلالمىدىم. ئاتام ئۇ دۇنياغا رازى بولۇپ كەتتى. مەن بولسام، ئۆزۈمنى ھەر ياققا ئۇرىمەن، ئۆتمۈشنى رەت قىلىمەن ۋە يەنە بۇنىڭدىن بەتتەر يۈرىكىم سىقىلىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ، ئەسىرمۇ ئەسىر تارقىلىپ، پۈتۈن دۇنيادا، ئىنسان ئەۋلادلىرىغا، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەممە قىتئە ۋە ئاراللاردىكى ئادەملەرنى ئۆز تەۋەسىگە تارتىپ، ئەقىدىلىرىگە ئىشەندۈرگەن، چاقماقنى يەرگە ئۆتكۈزۈۋەتكەن چاقماق قايتۇر-غۇچتەك ئادەم بالىسىنىڭ ئەدەبىي ئىسيانكار دەۋەتلىرىنى بېسىپ توختىتىپ، ئۇلارنى ئەقىدە ۋە ئىتائەت گىردابىغا چۆك-تۈرگەن، بىر چاغلاردا چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە مۇتلەق غايىنىڭ ئىلگىرىكى ئۇلۇغۋارلىقى ھەمدە مىسلىسىز ئىپادىلەش كۈچىگە غەرق بولۇپ كېتىمەن. ئىمان ۋە گۇمانغا مىڭ شۈ-كۈر، ئۇلار ھاياتنى توختىماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدى-غان كۈچلەر.

مەن شەك ۋە گۇمان كۈچلىرى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن زاماندا تۇغۇلدۇم. ئۇ شۈبھىلەر، ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە يېڭى شۈبھىلەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. مەن ئەنە شۇ جەرياننىڭ مەھسۇلىمەن. مېنى بىر تەرەپ كۆكرىكىمدىن ئىتتىرىپ، چەتكە

www.uyghurkitap.com

سۈرۈپ قويدى. ئىككىنچى تەرەپ بولسا، دىلىمدىكى زىددىيەتلىرىم — ئىشەنچ ۋە گۇمانلىرىمنى ھەرگىز سىغدۇرمىدى، سىغدۇرۇشنى خالىمىدى. نېمىمۇ قىلالايتتۇق، تارىخ ماڭا ئوخشاشلاردىن ئۆچىنى ئالدۇ، ئۇلارنى ئويۇنچۇقتا ئايلاندۇردۇ ... كونا بۇلغار ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، ئەنە شۇلارنى ئويلاپ كەتتىم.

ناخشىلار شۇ زالدا خۇددى ئۆتكەن زامانلارنىڭ ئەكس سادالىسىدەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ياڭرايتتى. «تۈن قۇربانى»، «سەبىيلەرنى تەھقىرلەش»، «مالائىكىلەر نالىسى»گە ئوخشاش ئىنجىل ئېھتىراسلىرى دىن ۋە ئىمان يولىدا مۇشەققەت ۋە رىيازەت چەككەنلەرنىڭ ئېغىر يالقۇنلۇق ناخشىلىرى بىلەن ئالمىشاتتى. گەرچە بۇلارنىڭ نۇرغۇنى ماڭا بۇرۇندىنلا تونۇش بولسىمۇ، مېنى ناخشا ئېيتىۋاتقانلارنىڭ ئۆزى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى، بۇنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ئون ناخشىچى ئۆزىگە ئەسىر قىلاتتى، مەلۇم نەرسىلەرنى تەڭداشسىز سەنئەتكە ئايلاندۇراتتى، بۇ سەنئەتنىڭ كۈچى خەلق روھىنىڭ تارىخ تەقەززاسى بىلەن كەڭ ئىپادىلەنگەنلىكىدە ئىدى. ھەقىقەتەن، ئازابنى كۆپ چەككەننىڭ بىلىدىغىنى كۆپ بولىدىكەن...

ئۆز كۆيلىرىدىن زوق - شوققا چۆمۈپ، مەستانىلەرچە ناخشا ئېيتىۋاتقان سوفىيىلىك ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازلىرىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرق - ھەرىكەتلىرىگە زەن سېلىپ ئولتۇرۇپ، تۇساتتىنلا سولدىن سانىغاندا ئىككىنچى بولۇپ تۇرغان، بۇغداي ئۆڭ، قارا چاچلىق بۇلغارلار ئىچىدىكى بىردىنبىر سۇس جىگەررەڭلىك قوشاقچىنىڭ ئۆزۈمگە تولىمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. ئادەم ئۆزىگە بەئەينى ئوخشايدىغان كىشىنى ئۇچرىتىپ قالسا غەلىتە بولۇپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرى سۇس زەڭگەر، يەلكىلىرى تار — ئۇنىمۇ بالا چاغ-

لىرىمەن. ئاۋاق، دەپ چاقىرىشقان بولغىيتتى بەلكى — ئۇزۇن چاچلىرى ئاق سىرىق، قوللىرى ئۇزۇن ۋە ئىنچىكە. ئۇمۇ تارتىنچاقلىقىنى ناخشا ئېيتىپ يەڭسە ئەجەب ئەمەس، بۇنداق ھالەت مېنىڭدىمۇ كۆپ بولىدۇ، ئوڭايسىزلانغانلىقىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن، گەپنى كۆپ چاغلاردا دىنىي ماۋزۇلارغا بۇراپ تاشلايمەن. ئاياللار بىلەن تونۇشقانىدىمۇ جىددىي ۋە سىپايە گەپلەرنى ئىشلىتىمەن، سىرتتىن قارىغاندا ئادەمگە بۇ ئۆلگۈدەك ئەخمىقانە تۇيۇلسا كېرەك. كۆرۈك كۆز يىگىتنىڭ چېھرىسى بەئەينى ئۆزۈم: ئىككى چېكىسى ئىچىگە پېتىپ كەتكەن، قۇرغۇي بۇرۇن، پېشانىسىگە ئىككى ئۇزۇن سىزىق چۈشكەن. باشقىسىنى قويۇپ ساقىلىنى دېمەمسىز، قىردۇرۇپ تاشلىغان ساقىلىمىنىڭ نەق ئۆزى. قولۇمنىڭ ئېگىزلىكىگە سوزۇلغىنىنى ئۆزۈممۇ سەزمەي قالدىم. شۇ چاغدا، ئەتە نەشكەش چاپارمەنلەر بىلەن چۆلگە ئاتلىنىدىغانلىقىم يادىمغا چۈشتى. ئۆزۈمدىن ئۆزۈم ھەيران بولىمەن: نەگە كېتىۋاتىمەن، نېمىشقا؟ ئىلاھىي سامالارنىڭ نەدىلىكى بىلەن ۋوگزالغا ئىن قۇرۇۋالغان ئۇتيۇگلارنىڭ قاباھىتىنىڭ نەدىلىكىنى سېلىشتۇرغىلى بولامدۇ؟ بىراق، ھەممە زامانلاردىمۇ ھايات ھەقىقەتەن ھەم ھەممە ياخشىلىقلىرى ۋە زالىملىقلىرى بىلەن ئىبادەتخانىلاردىن سىرتتا تۇرغان. بىزنىڭ زامانىمىزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس...

شۇ كونسېرتتا شۇنداق ئوخشاش قىياپەتلەرنى كەشىپ قىلدىم، كېيىن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى زادىلا ئۈزمىدىم. ناخشا ئېيتىۋاتقاندا يۈزىنىڭ قانداق سوزۇلىدىغانلىقى، ئەۋجىگە چىققاندا ئاغزىنىڭ قانچىلىك ئېچىلىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ ئولتۇردۇم. ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ كۆردۈم، ئۇ مېنىڭ ئەكسىملا ئىدى. شۇ تۇرقۇمدا مەنمۇ ناخشا ئېيتىشقا قاتنىشىۋاتقاندەك ئىدىم. ۋۇجۇدۇم ناخشىغا ئايلىنىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

www.uyghurkitap.com

خور بىلەن بىر جان، بىر تەن بولۇپ كەتتىم. كۆكسۈمدە ئاجايىپ بۇرادەرلىك تۇيغۇلىرى جۇش ئۇراتتى، يىغلىغۇم كېلەتتى، ئۇزاق ئايرىلىشتىن كېيىن ئاكىلىرىم بىلەن ئۇچراشقاندەك، شۇ مەردانە، مەرد كىشىلەرنى باغرىمغا باسقاندەك قانداقتۇر ئۇلۇغۋارلىق، يەكدىللىك ھېس قىلاتتىم. ئاۋازلىرىمىز ئاسمان گۈمبىزىگە ئۇرۇلاتتى، پۇتلىرىمىز بولسا زېمىن ئۈستىدە مەھكەم تۇراتتى. بىز ئەنە شۇنداق ناخشا ئېيتىۋېرىمىز، خالىغىنىمىزچە ئېيتىۋېرىمىز، زامانىدىن زامانغا ئېيتىۋېرىمىز...

ئۇلار شۇنداق كۈيلىشەتتى، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدىم. مەن كۆپىنچە كونا گىرۇزىن ناخشىلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۆزۈمنى شۇنداق يوقىتىپ قويىمەن. بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشىم قىيىن. لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ئۈچ ئادەم گىرۇزىن يىغىلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىسا، دىلىڭ يايراپ كېتىدۇ. ئۆز ئۇيغۇنلۇقى بىلەن غايەت ساددا ۋە باھاسىز سەنئەتنىڭ يۈكسەك پەرۋازىنى كۆرسەن، روھىڭمۇ قاناتلىنىپ ئۇچىدۇ. بۇ ئۇلارغا تەبىئەتنىڭ قوشقان قىممەتلىك تۆھپىسى، مەدەنىيەت دەرىجىسى، بەلكى خۇدانىڭ تۇپمۇ توغرا لۇتفى — كەرەمىدۇر. ئۇلارنىڭ نېمىلەر توغرىسىدا كۈيلەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەيمەن، لېكىن ماڭا ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئېيتىۋاتقىنىم مۇھىم.

شۇلارنى ئويلىغىنىمچە، ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، خىيالىم بىردىنلا چاقناپ ئېچىلىپ كەتكەندەك بولدى. «ئالتەيلەن ۋە يەتتىنچى» دېگەن گىرۇزىن ھېكايىسىنى ئوقۇغانلىقىمنى ئەسلىدىم. بىردىنلا شۇ ھېكايىنىڭ مەنىسى ماڭا يالت قىلىپ ئايان بولدى. بۇنداق ھېكايىلەر ۋاقىتلىق مەتبۇئاتلاردا ئاز ئەمەس. ھېكايىنىڭ ئۇنچىلىك كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيىتىمۇ يوقتەك ئىدى. ئۇنىڭدا پىسخولوگىزمغا قارىغاندا

ۋەقەلەرنىڭ ئىزچىل بايانى كۆزگە كۆپرەك تاشلىناتتى، يۆنىلىشى رومانتىكراق ئىدى. ئەمما ھېكايىنىڭ نېمە بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى قاتتىق ئەسلىدىم، ئۇ خۇددى سانجىلغان تىكەندەك ماڭا ئارام بەرمەيتتى.

ھېكايە، تۇغرىراقى، «ئالتەيلەن ۋە يەتتىنچى» دەپ ئاتالغان بالّلادانىڭ (ھېلىمۇ تېخى تونۇلمىغان مۇئەللىپىنىڭ قىيىن ئىسمىنى ئەسلىيەلمەيمەن) مەزمۇنىمۇ ئۆزگە يارىشىملىق ئىدى. ئىنقىلاب ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن، قانلىق گىراژدانلار ئۇرۇشى كېتىۋاتقان بولۇپ، ئىنقىلابچىلار دۈشمەنلەرگە قارشى ئاخىرقى جەڭلەرگە كىرگەنىدى. گرۇزىيىنىڭ تارىخىي يولى مۇقەررەر — سوۋېت ھاكىمىيىتى غەلىبە قازىنىپ، ئەڭ چەتتىكى تاغ قىشلاقلىرىدىمۇ قوراللىق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنىڭ قالغان - قاتقان توپلىرى سىقىپ چىقىرىلىۋاتقان پەيتلەر. بۇنداق شارائىتتا ئاساسىي قانۇن بىرلا، يەنى دۈشمەن تەسلىم بولمىسا، يانچىپ تاشلاش. ئەمما شەپقەتسىزلىككە جاۋابەن شەپقەتسىزلىك مەيدانغا چىقىدۇ، بۇمۇ قەدىمدىن قالغان قانۇن. بولۇپمۇ، باتۇر گۇرام جوخادزې دېگەننىڭ توپى چىش - تىرنىقىغىچە قارشىلىق كۆرسەتتى. گۇرام جوخادزې ئەسلىدە يىلقىچى بولۇپ، پۈتۈن ئەتراپتىكى تاغلارنى بەش قولدەك بىلەتتى. ئۇنى تۇتۇش تەس ئىدى، كۈتۈلمىگەن يەرلەردىن كېلىپ ھۇجۇم قىلاتتى، قىرغىنچىلىق تۇغدۇراتتى، سىنىپىي كۈرەش ئىچىدە پۇتلىرى چىرمىشىپ قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئەجىلىمۇ توشقانىدى. ئۇ كېيىنكى چاغلاردا ئۈستى - ئۈستىگە دەككە يەۋاتاتتى. گۇرامنىڭ توپىغا بىر چېكا خادىمى① كىرىۋالغان. ئۇ جېنىنى مىڭ خەتەرگە سېلىپ، گۇرام جوخادزېنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىپ،

① چېكا خادىمى — ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش كومىتېتىنىڭ خادىمى — ت.

www.uyghurkitap.com

توپتىكى ئەڭ چاققان يىگىتلەردىن بىرىگە ئايلانغانىدى. قالايمىقان جەڭلەرنىڭ بىرىدە جوخادزې توپى جىق تالاپەتكە ئۇچراپ، چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ چاغدا جوخادزې چېكا خادىمىنىڭ ئۇستىلىق بىلەن قۇرغان تۇزىقىغا چۈشىدۇ. گۇرام جوخادزې دەريادىن كېچىپ ئۆتۈۋاتقان مەھەلدە پىستىرمىغا دۇچ كېلىدۇ. جوخادزېنىڭ يىگىتلىرى ئالدىراشلىق بىلەن قېچىپ دەريا قىرغىقىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار بىردەممۇ ھايال بولماي ئاتلىرىنى دەرياغا سالىدۇ. چېكا خادىمى مىنگەن ئاتنىڭ بولسا تارتىمىسى بوشاپ كېتىدۇ، ئۇ چاتقاللارنى پاناھلاپ يەرگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. جوخادزېنىڭ يىگىتلىرى تەرلەپ كەتكەن ئاتلاردا شارقىراپ ئېقىۋاتقان تاغ دەرياسىنىڭ قاپ بېلىگە كېلىپ قالىدۇ. دەريانىڭ ئوتتۇرىسى تۆت تەرەپتىن ھاڭدەك ئوچۇق. شۇ چاغدا ھەر ئىككى قىرغاقتا يوشۇرۇنلۇقچە ئورنىتىلغان ئىككى چوڭ پىلىموت يىگىتلەرنى تەڭلا ئوققا تۇتىدۇ. ئامانلىق يوق، يىگىتلەر تاغ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈجمىدەك تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. لېكىن گۇرام جوخادزېنىڭ ۋاقتى - سائىتى تولمىغانىكەن. ئۇ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوقلار ئاستىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ. ئېتىنى چاققانلىق بىلەن كەينىگە بۇرايدۇ. ئۆزىنى دەريا ياقىلاپ ئۆسكەن قېلىن چاتقاللىقلار ئارىسىغا ئالىدۇ ۋە ھەش - پەش دېگۈچىلا كۆزدىن غايىب بولىدۇ. تىرىك قالغان بىرنەچچە سادىق يىگىتى ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. مولجاللانغان ئىش تولۇق ئەمەلگە ئاشماي، باسمىچىلار باشلىقىنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چېكا خادىمى دەرھال يەنە ئۇلارغا قوشۇلىدۇ.

دەريادىكى قىرغىندا جوخادزې باسمىچىلىرى پۈتۈنلەي تارمار قىلىنىدۇ.

گۇرام جوخادزې تەسلىكتە قېچىپ قۇتۇلۇپ، ماغدۇرىدىن

كەتكەن ئېتىنى تۇختاتقىنىدا، پۈتۈن توپتىن ئۆزىنىڭ قوشۇپ ھېسابلىغاندا يەتتە يىگىتنىڭلا ئامان قالغانلىقىنى كۆردى. يەتتىنچىسى مۇشۇ ساندرو دېگەن يىگىت ئىدى. ھېكايىنىڭ نامىمۇ «ئالتەيلەن ۋە يەتتىنچى» دەپ شۇنىڭغا ئىشارە قىلىنغان بولسا كېرەك.

ساندرو قانداقلا بولمىسۇن باسمىچىلار باشلىقى گۇرام جوخادزېنى يوقىتىش توغرىسىدا تاپشۇرۇق ئالغان، جوخادزې خەۋپلىك دۈشمەن. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يەنە قايتىدىن جەڭلەرگە كىرىشى گۇمانلىق. دېمەك، ئۇنى ئېتىپ تاشلىشىمۇ خېلى مۈشكۈل. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە يالغۇز قالغاچقا، تۇزاققا چۈشكەن يىرتقۇچتەك تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ يۈرىدۇ. كۆپرەك ئۆز كۈچىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ ئاخىرىغىچە ئېلىشىدۇ، ئاخىرقى نەپىسىگىچە...

مانا، شۇ ۋەقەنىڭ ئاخىرى ... ئۇ مېنى ھەممىدىن كۆپرەك ھاياجانغا سالىدۇ ...

يىگىتلەر توپىغا قىرغىن كەلگەندىن كېيىن، تاغ يوللىرىنى بەش قولدەك بىلىدىغان گۇرام جوخادزې قاش قارىيىشقا باشلىغان پەيتتە تۆركىيە چېگرىسىدىكى ئادەم ئۆتەلمەيدىغان خىلۋەت ئورمانغا كېلىپ قوندى. ھەممىسى — ئالتەيلەننىمۇ، يەتتىنچىسىمۇ ئاتلىرىدىن ئۇپۇل - توپۇل ئېگەر - جابدۇقلىرىنى چۈشۈرۈپ، ھارغىنلىق دەستىدىن ئۆزلىرىنى پوك - پوك يەرگە ئاتتى. بەش ئادەم شۇ زاماتلا ئۆلۈكتەك داڭ قېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئىككى كىشىنىڭ بولسا كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمەيتتى.

چېكا خادىمى ساندرونىڭ تەشۋىشى ئۆزىگە يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ ئەمدى نېمە قىلسامكىن، بۇلارنىڭ ئىشىنى قانداق جۆندىسەمكىن، قانداق قىساس ئالسامكىن، دەپ ھەدەپ باش قاتۇراتتى. ئەسكەرلىرىنىڭ بىتچىتى چىقىپ كەتكەن گۇرام جوخادزې-

www.uyghurkitap.com

نىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان — مانا، ھەممىسىدىن بىسىراقلا مەھرۇم بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەتىكى كۈنى نېمە بولىدۇ، خۇدا بىلىدۇ. ئىنقىلاب قاق ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىغان بۇ ئىككى ئەزىمەت، ئىككى ئەشەددىي، مۇرەسسەسىز دۈشمەن يەنە نېمىلەرنى ئويلايدىكىن، بۇ ياراتقان ئىگىسىگە ئايان.

تولۇن ئاي ئۇلارنىڭ بېشىنىڭ ئوڭ يېقىدا نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. كېچىدىكى ئورمان قاتتىق قارا باسقاندەك خورسىنىدۇ، پەستە تاشلاردىن تاشلارغا ئۇرۇلۇپ دەريا شارقىرايدۇ. ئەتراپتىكى تاغۇ تاشلار سۈكۈتكە چۆمگەن. شۇ پەيتتە گۇرام جوخادزې خۇددى بىر نەرسىدىن تەشۋىشلەنگەندەك ئورنىدىن دەس سەكرەپ قوپتى.

— ئۇخلىيالمىدىڭمۇ، ساندرو؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى ئۇ يەتتىنچىدىن.

— ياق. نېمىشقا قوپۇپ كەتتىڭ؟ — ئۆز نۆۋىتىدە سورىدى ساندرو.

— ئۇزۇمچىلا. ئۇيقۇم قاچتى. بۇ يەردە ھېچ ياتالمايۋاتىمەن. كۆزۈمگە ئاي چۈشۈۋاتىدۇ. غارغا بېرىپ ياتىمەن، — جوخادزې يامغۇرلۇقىنى، قورال - يارىقىنى، بېشىغا قويۇپ يېتىش ئۈچۈن ئېگەر - جابدۇقىنى ئالدى. ئۇ كېتىۋېتىپ، — قالغىنىنى ئەتە پاراڭلىشىمىز. باشقا پاراڭلاشقۇدەك ۋاقتىمۇ قالمىدى، — دېدى.

ئۇ كەتتى. غارنىڭ نەق ئاغزىغا بېرىپ جايلاشتى. ئۇ ئات بېقىپ يۈرگەن چاغلىرىدا بۇ يەرنى يامغۇر - قاردىن دالدا قىلىپ كۆپ بېكىنگەن. مانا، ئەمدىمۇ بېشىنى شۇ پاناھقا ئالدى. بەلكى تۈگىمەس كۈلپەت ۋە دەرد - ئەلىمىنى ئۆزى يالغۇز تارتماقچىدۇر، يا بولمىسا، نېمىدىندۇر خەۋپسىرىگەندۇر، يېنىمغا ھېچكىم يولىمىسۇن، بىركىم بۇياققا يېقىنلاشسا، دەررۇ

كۆزۈمگە تاشلانسۇن، دېگەندۇر. ساندرو پۈتى كۆيگەندەك تىترەپ قالدى. باسمىچىلار باشلىقى بۇ قىلىقى بىلەن نېمە دېمەكچى؟ ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى توغرىمۇ ـ ياق؟ ئىشقىلىپ، كۆڭلى غەش بولۇپ قالمىدىمىكىن؟

ئۇ كېچە شۇنداق ئۆتتى. سەھەردە گۇرام جوخادزې ئاتلارنى ئېگەرلەشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ نېمە كويدا ئىكەنلىكىنى، نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئاتلار ئېگەرلىنىپ، ھەممىسى تىزگىننى تۇتۇپ ئۈندىمەي تۇرغىنىدا، ئۇ خورسىنىپ:

— ياق، تۇغۇلغان يېرىمىزدىن مۇنداق قىلىپ كەتسەك بولمايدۇ. بۈگۈن بىزنى ئۆستۈرۈپ چوڭ قىلغان يېرىمىز بىلەن خوشلىشىمىز. ھەرقايسىمىز ئۆز يولىمىزغا راۋان بولىمىز. لېكىن ھازىرچە ئۆز ئۆيىمىزدە تۇرغاندەك كۆڭۈل ئاچايلى، — دېدى.

ئۇ ئىككى ئاتلىق يىگىتنى ئەتراپتىكى قىشلاقتىن ۋىنو ۋە يېمەكلىك ئېلىپ كېلىشكە جۆنەتتى، قىشلاقتا ئۇنىڭ سادىق ئادەملىرى بار ئىدى. ساندرو بىلەن يەنە بىر يىگىتنى قۇرۇق ئوتۇن يىغىش ۋە ئاتلارغا قاراشقا قالدۇردى. ئۆزى ئىككى يىگىتنى ئېلىپ، ئوۋ قىلغىلى كەتتى. ئۇ كەچكى خوشلىشىش زىياپىتىگە بىرەر كېيىكمۇ، تاغ ئۆچكىسىمۇ ئېتىپ كەلمەكچىدى.

ساندروغا بويسۇنماقتىن، تاپشۇرۇقنى ئورۇنداش ئۈچۈن باشقا قولايلىق پەيت پايلاشتىن باشقا ئىلاج قالمىدى. لېكىن شۇ قولاي پەيتنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقى نامەلۇم ئىدى.

گۈگۈم چۈشكەندە ئالتەيلەن ۋە يەتتىنچى بىر يەرگە توپلاندى. ئورماننىڭ چەت ياقىسىغا ئوت يېقىشتى. يەرگە قېلىن داستىخان سېلىپ، ئۇنىڭغا گۇرام جوخادزېنىڭ قىشلاقتىكى سادىق ئادەملىرى ئەۋەتكەن نان، تۇز، ۋىنو ۋە باشقا تائاملارنى تىزىشتى. گۈلخان يالقۇنى ئاسمانغا ئۆرلىدى. يەتتەيلەن ئوتقا يېقىنراق كېلىشتى.

— ھەممە ئاتلار ئېگەرلەندىمۇ؟ ھەممە دوستلار ئۆزەڭگىگە ئاياغ سېلىشقا تەييارمۇ؟ — سورىدى گۇرام جوخادزې.

ھەممە تەستىقلاپ باش لىڭشىتتى.

— ھەي، ساندرو، — دېدى گۇرام جوخادزې، — ياخشى ئۇتۇن يىغىپ كەپسەن، نېمىشقا ئۇتۇنلىرىڭنى گۈلخاندىن يىراقتا قويدۇڭ؟

— تەشۋىشلەنمە، گۇرام، بۇ مېنىڭ ئىشىم، گۈلخانغا مەن قاراپ تۇرىمەن. سەن ئېيتىدىغىنىڭنى ئېيتقىن.

شۇنىڭ بىلەن گۇرام جوخادزې سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇرادەرلىرىم، بىز ئىشىمىزنى چاندۇرۇپ قويدۇق. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقاندا كىمدۇر بىرى يېڭىپ چىقىدۇ، باشقىسى مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇرۇش دېگىنى شۇ. بىز قان تۆكتۇق، بىزنىڭ قېنىمىزنى تۆكىدۇ. ئۇ تەرەپتىنمۇ، بۇ تەرەپتىنمۇ نۇرغۇن ئېسىل ئوغلانلارنىڭ باشلىرى كەتتى. بولغۇلۇق بولدى. ھالاك بولغان دوستلىرىمىدىن ۋە رەقىبلىرىمىدىن ئۆزرە - ئەپۇ سورايمەن. جەڭدە ئۆلگەن رەقىب ئەمەس. پۈتۈم ئۆزەڭگىدە تۇرغىنىدىمۇ، بەربىر ھالاك بولغانلاردىن كەچۈرۈم سورايتتىم. لېكىن قىسمەت بىزدىن يۈز ئۆرۈدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلقنىڭ كۆپچىلىكى بىزگە ئىشەنمەي قويدى، ھەتتا بىزنى پەپىلەپ ۋاپىغا يەتكۈزگەن جانجان يېرىمىزمۇ بىزنى سىغدۇرمايۋاتىدۇ. بىزگە ئورۇن يوق بۇ يەردە، بىزگە ئەپۇمۇ يوق. خۇدا شاھىد ئەگەر مەن غەلىبە قىلسام، دۈشمەنلەرنى ئامان قويمىغان بولاتتىم. بىزگە بىرلا يول قالدى: بېشىمىزنى ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا كېتىمىز. ئەنە ئاۋۇ تاغلارنىڭ ئارقىسى تۈركىيە، قول ئۇزاتساڭ يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتا، ئاي كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان تاغ چوققىسىنىڭ ئۇ يېقى ئىران. كىم قەيەرگە بارىمەن دېسە ئۆزى بىلسۇن. مەن تۈركىيىگە كېتىمەن، ئىستانبۇلدا كېمىلەردە

ھامماللىق قىلىمەن. ھەر بىرىمىزگە باشپاناھ كېرەك. بىز يەتتە ئادەم قاپتىمىز. ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەممىمىز ھەرياققا، ياقا يۇرتلارغا تارقىلىپ كېتىمىز، پېشانىگە پۈتۈلگىنىنى كۆرىمىز. ئەمدى ھېچقاچان كۆرۈشەلمەيمىز. بىر - بىرىمىزنى ئاخىرقى مەرتىۋە كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. ئاخىرقى قېتىم بىر - بىرىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتىمىز. كېلىڭلار، بىر - بىرىمىز بىلەن خوشلىشايلى، ئانا يېرىمىز بىلەن خوشلىشايلى، گرۇزىنىڭ نان - تۇزى بىلەن خوشلىشايلى، ۋىنوسى بىلەن خوشلىشايلى. بۇنداق ۋىنو ھېچ يەردە يوق. ۋىدالاشقاندىن كېيىن، ھەركىم ئۆز يولىغا كېتىدۇ. بىز ئۆزىمىز بىلەن تېرىقچىلىك بىر نەرسە ئېلىپ ماڭغىنىمىز يوق، ۋەتىنىنى ئېلىپ كەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت سېغىنىش ۋە ئارمانلىرىمىزنى ئېلىپ كېتىمىز. ئەگەر ۋەتەننى خۇرجۇندەك ئېلىپ يۈرۈشكە ۋە توشۇپ كېتىشكە مۇمكىن بولسا ئىدى، ئۇ سۇنۇق يارماقىمۇ ئەرزىمىگەن بولاتتى. كېلىڭلار، سەپىرىمىز ئالدىدىن ئىچەيلى، سەپەر ئالدىدا ناخشىلىرىمىزنى ئېيتىۋالايلى...

ۋىنو دېھقانچە تۇلۇملارغا قاچىلانغانىدى، ئۇنىڭغا يەر ۋە ئاسماننىڭ تەمى قوشۇلۇپ كەتكەنىدى. كۆڭۈللەر يەنە شادىمانلىق ۋە ھەسرەتكە تولدى. ناخشا ئۆز - ئۆزىدىنلا قۇيۇلۇپ كېلىۋېرەتتى. ئۇ خۇددى تاغۇ تاشلار باغرىنى يېرىپ چىققان ۋە يولدا نېمە دۇچ كەلسە شۇنى گۈللەپ - ياشنىتىدىغان بۇلاققا ئوخشايتتى. ئۇلار ئاستا - ئاستا بوۋىلىرىنىڭ ناخشىلىرىنى باشلىدى. ئاندىن تاغ يانباغرىدىن چۈشۈۋاتقان شارقىراتما سۈيىدەك ئاۋازى ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى كۈچەيدى. يەتتەيلەنمۇ ناخشىنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىشتى. نېمىشقىدۇ، ناخشا ئېيتمايدىغان گرۇزىن يوق، ھەركىم ئۆز ئاۋازى بىلەن ئۆزىگە يارىشا كۈيلەيدۇ، لېكىن ئاۋازلىرى بىر - بىرىگە تولىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماسلىشىدۇ. شۇڭلاشقا، كۈيمۇ ئوتتۇرىدا يېنىۋاتقان گۈلخاندەك تازا ئەۋجىگە چىقىدۇ.

يەتتەيلەننىڭ، توغرىراقى ئالتەيلەن بىلەن يەتتىنچىنىڭ خوشلىشىش ناخشىسى ئەنە شۇنداق باشلاندى. لېكىن يەتتىنچى ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپىنى بىردەممۇ ياددىن چىقارمايتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى، بولۇپمۇ گۇرام جوخادزې ئۆز جازاسىنى تارتماستىن تۇرۇپ چەت ئەللەرگە چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى، چېكا ئەزاسى بۇنىڭغا ئەسلا يول قويالمايتتى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن بۇيرۇق شۇنداق ئىدى. ئۇ بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشى كېرەك ئىدى.

ناخشىغا يېڭى ناخشا ئۇلىناتتى، ۋىنو ئىچىلمەكتە ئىدى. ئىچىلگەنسېرى يەنىمۇ كۆپرەك ئىچىلەتتى، يۈرەكمۇ شۇنىڭغا ماس ھالدا يالقۇنلىنىپ ياناتتى، يانغانسېرى يەنە ۋىنوغا تەشنا بولاتتى، يەنە ناخشا قاينايتتى.

ئۇلار دائىرە ياساپ تۇرۇشاتتى، بەزىدە قوللىرىنى بىر - بىرىنىڭ يەلكىسىگە تاشلايتتى، بەزىدە قامچىدەك يەرگە ساڭگىلىتاتتى، بەزىدە بولسا، بىلگىلى بولمايدىغان ۋە كۆرگىلى بولمايدىغان، لېكىن ھەممە نەرسىنى بىلىدىغان ۋە ھەممە نەرسىنى كۆرىدىغان ئىلاھىي قۇدرەت ئاڭلىسۇن دەمدىكىسىن، قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرەتتى. ئەگەر ياراتقان خۇدا ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرغان ۋە بىلىپ تۇرغان بولسا، ئۇنداقتا نېمىشقا ئۇلارنى قوغلاندى قىلىدۇ، بۇ قانداق بولغىنى زادى؟ نېمىشقا زادى بۇنداق؟ ئادەملەر زادى نېمىشقا بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشىدۇ، قان تۆكىدۇ، كۆز ياشلىرىنى دەريا قىلىپ ئاققۇزىدۇ؟ ھەممىسىلا ئۆزىنى ھەق، باشقىلارنى ناھەق دەپ ھېسابلايدۇ، قېنى زادى ھەقىقەت، كىم ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ، كىم؟ قېنى ئۇلارنى ئادالەت بىلەن كېسىم قىلغۇچى پەيغەمبەر؟..

خەلق خاتىرىسىدە ساقلىنىپ قالغان مۇشۇ قەدىمىي ناخشىلاردا يىراق - يىراق زامانلاردا رويى بېرىپ ئۆتكەن ئازاب - ئوقۇبەتلەر، ياخشىلىق ۋە يامانلىقلارنىڭ ئەزەلدىن بويانقى تەجرىبىلىرى، ئۇلارغا ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ بېغىشلىغان مەزمۇنلىرى، ئۇلار ئارقىلىق ھېس قىلىنغان گۈزەللىك ۋە ئەبەدىيەت ئەكس ئەتمەسمىدى، شۇلار توغرۇلۇق ئەمەسمىدى مۇشۇ ناخشىلار؟ شۇنىڭ ئۈچۈن يەتتەيلەن بىر ناخشا تۈگەر - تۈگىمەيلا باشقىسىنى ئۇلاپ ئېيتاتتى، ناخشا ھالقىسى زادىلا ئۈزۈلمەيتتى. پەقەت ساندرولا ۋاقتى - ۋاقتىدا دائىرىدىن چىقىپ، ئوتتۇن ئەپكېلىپ، يەنە گۈلخانغا تاشلايتتى. ئۇ بىكارغا شۇنداق قۇرۇق ئوتتۇن يىغمىغانىكەن (ھاياتتا ھەربىر نەرسىنىڭ ئۆز باھانە - سەۋەبى بولىدۇ)، مانا ئەمدى، يالقۇنغا ئۆزى چىداشلىق بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ناخشىلارنىمۇ ئۇ قاتاردىن قالماي چىن يۈرىكىدىن ئېيتاتتى. ناخشا دېگەن ھەممىگە تېگىشلىك ئەمەسمۇ، ئاخىر. باشقىلارنىڭ ئېيتىشى مەنئى قىلىنغان، پەقەت پادىشاھلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئېيتىدىغان ناخشا يوق بۇ جاھاندا. ناخشا ئېيت، شادلان، يايرا، دەرد چەك ۋە يىغلا، ئويناۋالغىن بۇ تىرىكلىك ئالەمدە...

كىمنى جان - دىلىڭدىن سۆيگەنىدىڭ، كىمنى تىستىرەك ئۈچىدە كۈتكەنىدىڭ. كىم سېنى تاشلاپ كەتتى، قانچىلىك ئۆرتەندىڭ، كۆيدۈڭ، سېنى چۈشەنمىدى، بۇنىڭدىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمىدى دېدىڭ، ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان ئاخىرقى ناخشاڭنى ئۇنىڭ ئاڭلىشىنى ئارزۇ قىلدىڭ، ئاناڭ نەقەدەر ئەركىلەتتى سېنى گۆدەك چاغلىرىڭدا، باتۇر ۋە مەرد ئاتاڭنىڭ بېشى نەلەردە قالدى. قانداق جەڭ قىلىشاتتى جەسۇر دوستلىرىڭ، قايسى خۇداغا ئاچاتتىڭ غەرەزسىز ۋە پاك دىلىڭنى؛ ئويلىغانمىدىڭ، ھەممە ئادەم نېمىشقا تۇغۇلىدۇ، نېمىشقا

ئۆلىدۇ ۋە ئۆلۈم نېمىشقا سىرنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ، سىرنىڭ-دىن نېرى كەتمەيدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلۈم بولمايدۇ، لېكىن ھايات ئۆلۈمدىن ئەلا، دۇنيادا ھاياتتىنمۇ يۇقىرى ئۆلچەم يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىك جاننى نابۇت قىلما، لېكىن ئېلىڭ-گە ياۋ باستۇرۇپ كېلىدىغان بولسا، دەرھال قوغداشقا ئاتىلان؛ خۇددى ئانا يەرنى ياتلاردىن ئاسرىغاندەك سۆيگىنىڭنىڭ نومۇ-سىنى ئاسرا؛ ئايرىلىش دەردىنى تارتىپ باققانمىدىڭ، بىلەمسەن ئايرىلىشنىڭ ئېغىرلىقىنى، يەلكەڭگە خۇددى چوڭ تاغلاردەك يۈكلەر ئارتىلغاندەك تۇيۇلىدۇ؛ سۆيگىنىڭ بولمىسا، كۆزلىرىڭنى ھېچنەرسە شادلاندۇرالمايدۇ؛ نە گۈللەر، نە نۇرلار ۋە نە كېچە-چەك. ئەنە، نېمىلەر كۈيلەنمەيدۇ دېيسەن ناخشىدا، ئېيتىپ ئادا قىلىپ بولغىلى بولاتتىمۇ ھەممىسىنى ...

شۇ كېچىسى ھىجران دېغىدا ئەلەم ۋە ئىلھام بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتقان ئاشۇ يەتتە گرۇزىندىن باشقا بىر - بىرىگە جان-داش ۋە قەدىردان ئادەملەر دۇنيادا يوق ئىدى، ناخشا ئاھاڭلى-رى ئۇلارنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. ئاتا - بوۋىلار ئەۋلادلارغا ئاشۇ گۈزەل ۋە جانغا قۇۋۋەت بېغىشلايدىغان سۆز-لەرنى قالدۇرۇش ئۈچۈن قانچە - قانچە ئازابلارنى چەككەن، ئاچچىق ۋەقەلەرنى باشىرىدىن كەچۈرگەن بولغىيدى. قۇشنى ئۇچۇشىدىن بىلگىلى بولغاندەك، گرۇزىنىمۇ گرۇزىننى ناخشا ئېيتىشىغا قاراپ ئون چاقىرىم نېرىدىن بىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ قە-يەرلىك ئىكەنلىكى، ئېشىغا نېمە سەۋدالار چۈشكەنلىكى، يۈرىكى-دە نېمە بارلىقى، قايسى تويدا شوخ ئويناپ - كۈلگەنلىكى ياكى غەم - قايغۇ جېنىنى قىيناۋاتقانلىقىنى خاتاسىز ئېيتىپ بېرەلەيدۇ.

ئاي تاغلار ئۈستىگە خېلى ئۆرلىگەنىدى. پۈتۈن يەر ئۇنىڭ نۇرلىرىغا غەرق بولۇپ ياتاتتى، تۇرماندىكى دەرەخلەرنىڭ قارا

ئۇچلىرى تۇن شامىلىدا چايقىلاتتى، دەريا شارىلدايتتى، دولقۇن-
لار ئۇرۇلۇۋاتقان خىلدا تاشلار كۈمۈشتەك جىلۋىلىنەتتى، تۈن
قۇشلىرى گۈلخان ئەتراپىدا كۆيلەۋاتقان ئادەملەر ئۈستىدىن
پالاقلاپ ئۇچۇپ ئۆتەتتى. ھەتتا ئىنگەرلەكلىك ئاتلارمۇ ئىگىلىرى-
نى سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ،
قىمىرلىتىپ - قىمىرلىتىپ قوياتتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە يالقۇن
شولىلىرى ئەكس ئېتەتتى... ئاتلار ياقا يۇرتلارغا يولغا
چىقىشى كېرەك، ۋاقىت يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى ...

لېكىن ناخشىنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمەيتتى. گۇرام جوخادزې
ھەممىسى ئۇچۇن يۈرىكىنى بىراقلا بوشىتىۋالماقچىدەك قىلاتتى:
«ئاغىنىلەر، ناخشا ئېيتىڭلار، مەي ئىچىڭلار، بۇنداق يىغىلىش
ئەمدى نېسىپ بولمايدۇ، يەنە قاچان ئېيتارمىز گرۇزىن ناخ-
شىلىرىنى ...». ئۇلار بىردەم ئايرىم - ئايرىم بولۇپ، بىردەم
ھەممىسى جەم بولۇشۇپ ناخشا ئېيتاتتى، بىردەم خۇددى
ئۆلۈم ئالدىدا ئويۇنغا چۈشۈۋاتقاندەك گۈس - گۈس دەسسەپ،
چاققان ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتەتتى، ئاندىن يەتتە گرۇزىن، توغ-
رىراقى، ئالتەيلەن ۋە يەتتىنچى يەنە دائىرە ياساپ قاتار
تۇرۇشاتتى. ساندرو بولسا بىردەم - بىردەم دائىرىدىن چىقىپ،
گۈلخانغا ئوتۇن تاشلايتتى. ئوت چاراسلاپ، ئاجايىپ كۆيىدۇرۇپ،
قىزدۇرۇپ ئېگىز ياناتتى.

ئاخىرقى ناخشىنى ئېيتىمىز دېيىشتى، كېيىن يەنە ۋە
ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە خوشلىشىش ئالدىدىن ئېيتايلى دېيىشتى،
ئۇلار ھېچ تىنچىيدىغاندەك ئەمەس، يەنە دائىرە بولۇپ تۇرۇش-
تى. باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ناخشا باشلاشتى. ئاھاڭ گويا
يەر ئاستىدىن گۇرۇلدەپ كېلىۋاتقاندەك ئويچان ۋە قۇدرەتلىك
بىر تەرزدە ياڭرايتتى. گۈلخان گۇرۇلدەپ، ئاپئاق بولۇپ يېنى-
ۋاتاتتى. ئەمما ساندرو يەنە ئوتۇن ئەپكېلىش ئۈچۈن ئارقىغا

www.uyghurkitap.com

ئۆتتى. ئۇنى ئۇ ئېنىق ھېسابقا ئالغانىدى — ئۇ چەتتە تۇرۇپ گۈلخان ئەتراپىدا قىزىپ كەتكەن، كۆزلىرى ئوتتىن ياشاڭغىراپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئالتەيلەننىڭ ھەر بىرىنى ئېنىق - روشەن كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇنى بولسا ھېچكىم كۆرمەيتتى... ئېغىر مائۇزېر ئاللىقاچان تەييار ئىدى، قىساس پەللىسى يەتكەنىدى. ئۇ كۆپ ئوقلۇق تېز ئاتار مائۇزېرنى يەنە بىر قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى. بىرىنچى ئوق بىلەن توپتىكى يىگىتلەرنىڭ باشلىقى گۇرام جوخادزېنى يىقىتتى. تاپانچا ئاۋازى تۈن قوينىدا گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ كەتتى ۋە شۇ زاماتلا، يىگىتلەرنىڭ بوغۇزىدىن ناخشىنىڭ سۆزلىرى تېخى ئۈزۈلمەي تۇرۇپلا قالغان بەشەيلەننىمۇ كەينى - كەينىدىن ئېتىپ يىقىتتى. ئۇلار ھەتتا نېمە بولغىنىنى ئاڭقىرالماي قېلىشتى. شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر شەرمەندىلىك ئۆلۈم چاقى ئايلانىدى. يەنە تۆكۈلگەن قانلار ئۈچۈن قانلار تۆكۈلدى.

شۇنداق، ئىنسان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانۇنلىرى ماتېماتىكا ھېساب - كىتابلىرىغا بويسۇنمايدۇ. زېمىن بولسا، قانلىق پاجىئەلەرنىڭ كاجۇۋىسىدەك ئايلىنىۋېرىدۇ...

ناھايەت ئاخىر، بۇ كاجۇۋا تاكى ئاخىر زامان بولغۇچە، يەر قۇياش ئەتراپىدا كېزىپ چارچىغۇچە داۋاملىق ئايلىنىدۇ، قاچانغىچە ئايلىنىۋېرىدۇ بۇ قانلىق چاق؟

ئوقلار مولجالغا ئېنىق تەگدى. پەقەت بىر ئادەم تىترىگەن پېتى قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. ساندرو سەكرەپ بارغىنىچە ئۇنىڭ چېكىسىگە ئوق ئۈزدى... ئاتلار قورقىنىدىن كەينىگە داجىشتى، ئاندىن باغلانغان جايلىرىدا قېتىپ قېلىشتى ...

گۈلخان يېنىپ بولمىغانىدى، دەريا شارىلدايتتى. ئورمان ۋە تاغلارنىڭ ھەممىسى ئۆز جايىدا ئىدى، ئاي ئېگىزلىكتە

ھېچ نەرسە بولمىغاندەك ئاستا كېزەتتى. پەقەت ئۇزاق داۋام قىلغان ناخشا سادالىرىلا ئۈزۈلدى، ئۈزۈلۈپ قالدى...

ساندرونىڭ چىرايى تۈن شولىسىدا بوزدەك ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئۇ ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى، ئۆپكىسىگە ھاۋا يېتىشمەيتتى. ئۇ تۇۋازىمنى شارت قىلىپ كۆتۈردى - دە، تېگىدە قالغان ۋىنونى چېچىپ - تۆكۈپ ئاچكۆزلۈك بىلەن ئىچىشكە باشلىدى، ئۇ ئىچىدىن يېنىۋاتقان يالقۇننى باسماقچى بولاتتى... كېيىن سەل ئۆزىگە كەلدى، گۈلخان ئەتراپىدا ياتقان ئۆلۈكلەرنى خاتىرجەم ئايلىنىپ چىقتى، ئاندىن ئۆلگەنلەرنىڭ قوراللىرىنى ئېلىپ، ئۇلارنى ئېگەرلەرنىڭ باشلىرىغا ئېسىپ قويدى. ئاتلارنى يۈگەن - نوختىلاردىن تامامەن بوشاتتى، ئۇلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇۋەتتى. ھەممە ئاتلارنى، جۈملىدىن ئۆز تورۇقىنىمۇ بوشاتتى... ئاتلار ئەركىنلىكنى سېزىپ، تاغدىن تۆۋەنگە، ئادەملەر قونالغۇسى تەرەپكە تۇرنىلاردەك قاتار تىزىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر پەس قاراپ تۇردى... ئات دېگەن دائىم ئادەملەر ياشايدىغان تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ... لېكىن، مانا ئات تاقىلىرىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانماي قالدى، پەستە ئاينىڭ كۆيۈۋاتقان بىقارار شولىسى قوينىدا قاتار كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ سايىلىرىمۇ كۆزدىن غايىب بولدى...

ھەممىسى تۈگىدى. ساندرو يەردە ئېغىناپ ياتقان ئالتەيلەننىڭ ئەتراپىدىن يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقتى - دە، سەل چەترەككە ئۆتتى، مائۇزېرنىڭ ئېغىزىنى چېكىسىگە تىرىدى، تاغلاردا يەنە بىر ئوق ئاۋازى ياڭرىدى. بۇ يەتتىنچى ئىدى. ئۇمۇ ئۆز ناخشىسىنى ئېيتىپ تۈگەتكەنىدى.

بۇ گرۇزىن باللادىسى ئەنە شۇنداق يەكۈنلىنەتتى.

كونا بۇلغار ناخشىلىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقان ياش بۇلغار

باخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، بىردىنلا شۇلارنى ئەسلىدىم. بۇ ناخشىلار ئەسىرلەر زۇلمىتىدىن تۇرۇپ ياراتقان ئىگىسىگە ئىلتىجا قىلىۋاتقانلارنىڭ نالىلىرىدىن تۇغۇلغانىدى. ئۇلار يارىتىلغانىنى يوقتىن بار قىلىپ، ئاندىن ئۇنى روھانىي مەۋجۇدىيەتكە ئايلاندۇرغانىدى. ئۇلار ئۆزىنى يورۇق دۇنيادا بەكمۇ يالغۇز ھېس قىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ناخشا ۋە دۇئالاردىنلا تاپىمىز دەپ ئىشىنىدۇ.

مەن شۇ ۋەقەنى پەۋقۇلئاددە بىر ۋاقىت ئىچىدە، ساناقلىق سانىيەلەر ئىچىدە يادىمغا كەلتۈردۈم ۋە ھەممە ھاياجانلىرى بىلەن بېشىمدىن كەچۈردۈم. تەپەككۇر تېزلىكى ئالدىدا يورۇقلۇقنىڭ تېزلىكى ھېچنەرسە ئەمەس: خىيال ئۆتمۈشكە قاراپ يول ئېلىپ، يەنە كەينىگە قايتىپ، زامان ھەمدە ماكان ئىچىدە ھەرىكەت قىلالايدۇ، ئۇنىڭ سۈرئىتىگە ھېچنەرسە تەڭ كېلەلمەيدۇ...

شۇ يىللار شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن بۇنىڭغا مانا ئەمدى ئىشەندىم. مۇئەللىپ ھېكايىسىنىڭ خاتىمىسىدە ساندرونىڭ ئۆلگەندىن كېيىن ئوردېن بىلەن تەقدىرلەنگەنلىكىنى يازغانىدى.

ئەمما بىر تەرەپنىڭ يېڭىدىن يېزىلىۋاتقان تارىخقا قارشىلىق قىلىشى ۋە ئىككىنچى تەرەپنىڭ دەل مانا شۇ تارىخنى تېزلىتىش ئۈچۈن سەۋرسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلىشى ھاياتنى تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرتمىگەن، گراژدانلار ئۇرۇشىنىڭ پاجىئەلىرى مىللەتنىڭ پاجىئەلىرىگە ئايلانمىغان بولسىدى، ئىنقىلاب دالالىرىدىكى بۇ دەھشەتلىك جاراھەت ئىزلىرى نەدىن پەيدا بولاتتى، گرۇزىن باللادىسى شۇنداق يەكۈن تاپارمىدى ئۇ ھالدا؟ ئاشۇ يەتتىنچى تەنتەنە قىلىشى، ياشىشى مۇمكىن ئىدىمۇ؟! لېكىن، ئۇ بۇنى خالىمىدى. بۇنىڭ سەۋەبلـ

رىنى چۈشەندۈرۈش بەكمۇ تەس. ھەركىم بۇ سەۋەبلەرنى ئۇت-
تۇرىغا قويۇشى ۋە ئىزاھلىشى مۇمكىن. مەن بولسام، شۇ تاپتا
يىراق - يىراقلاردا تۇرمۇشنىڭ ئوچۇق دېڭىزلىرىدا ئەبەدىي
ئۈزۈپ يۈرىدىغان روھلاندۇرغۇچ خىيالنىڭ ئاپئاق يەلكەنلىرىنى
كۆتۈرگەن بۇلغار ناخشىلىرىنىڭ كېمىسىدە سەيلە قىلىپ يۈرۈپ،
گىرۇزىن باللادىسىنىڭ شۇنداق تۈگىشىگە ناخشا سەۋەب بولدى،
دەپ ئويلايتتىم. بۇ قوشاقلاردا يەتتە يىلەننىڭ ئىمانى، دىيانىتى
جەملەنگەندى...

بىر نەرسىنى ئۆزۈڭ ئۈچۈن كەشىپ قىلساڭ، ئۆزۈڭگىدىن
ئۆزۈڭ رازى بولىسەن، روھىڭ ئۇرغۇيدۇ، ھۇزۇر - ھالاۋەت
تاپىدۇ. مۇقەددەس ناخشىلارنى كۈيلەۋاتقان سوفىيىلىك ناخشى-
چىلارنىڭ كۆزلىرى تەقۋا، ئىلھام، ۋاپا بىلەن چاقناپ تۇر-
غانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قىپقىزىل چېھرىلىرى، ئەزبىرايى، تامچە -
تامچە تەر بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆرۈپ، قېنى، مەنمۇ ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا، ئاغىنەمنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالسام، دەپ ھەۋەس
قىلاتتىم.

يالت قىلىپ يورۇغان خىيالىمغا يەنە مۇنۇ پىكىرلەر
كەلدى: ئىنساندا بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى — مۇزىكا،
ئاھاڭ، مۇناجات، قوشاق نەدىن پەيدا بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئادەم
بالىسىغا قانداق زۆرۈرىيىتى بار؟ ھايات چاقى ئەبەدىي ئايلىنىپ،
چۆگىلەپ تۇرىدۇ، ھەممە نەرسە كېلىدۇ ۋە ھەممىسى كېتىدۇ،
يەنە ئايلىنىپ كېلىدۇ ۋە چۆگىلەپ كېتىدۇ، ئادەم شۇلارنىڭ
دەردىنى ئىختىيارسىز ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى تونۇتماقچى،
ئىپادىلىمەكچى، ئۆزىدىن نىشان قالدۇرماقچى بولىدۇ. ئاخىر،
بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ھەممىسى تۈگەيدۇ، مىلياردلاپ
يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئاخىرى ئاخىر زامان كېلىدۇ، زېمىن
دەپ ئاتالغان شارىمىز ئۆلىدۇ، سۇنۇپ تۈگەيدۇ، ئەنە شۇ

چاغدا باشقا سەييارىلەردىن كەلگەن قاندىداقتۇر ئۇمۇمىي كائىنات ئىچى غايەت كەڭ بوشلۇق ۋە جىمجىتلىق قوينىدا [illegible] بىزنىڭ ئاھاڭلىرىمىز ۋە قوشاقلىرىمىزنى ئاڭلايدۇ. كۆردىڭىزمۇ، بىز يارالغىنىمىزدىن بۇيان شۇنداقمىز — ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ياشاشنى خالايمىز. ئۆز ئۆمرىنى ئۇزارتىش مۇمكىنلىكىگە بولغان ئىشەنچ، شۇنىڭ ھېسسىياتى بىلەن ياشاش ئادەمزاتقا نەقەدەر مۇھىم، نەقەدەر زۆرۈر. ئادەملەر ئۆزلىرىدىن كېيىن قانداقتۇر ئاپتوماتىك قورۇلما، ئاللىقانداق ناخشا ـ مۇزىكا، مەڭگۈلۈك دۇنگاتېل قالدۇرۇش پىكرىگە كەلسە، ئەجەب ئەمەس. بۇ، ھەممە زامان ئۈچۈن ئىنسان مەدەنىيىتى ئېرىشكەن ئەڭ ياخشى نەرسىلەرنىڭ ئانتولوگىيىسى بولىدۇ. مەن ناخشىچىلارنىڭ ناخشىلىرىدىن بەكمۇ لەززەتلەندىم، ئىشىنىمەنكى، بۇ سۆزلەر ۋە بۇ ئاھاڭلارنى ئاڭلىغانلار يەر يۈزىدە ياشىغان، بىردىنبىر ئاڭ ئىگىسى بولغان ئادەملەرنىڭ قانچىلىك مۇرەككەپ، زىددىي-يەتلىك، قانچىلىك ئىستىبداتلىق ۋە يارامىلىق ئىكەنلىكىنى چۈ-شىنىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ.

ھايات، ئۆلۈم، مۇھەببەت، شەپقەت ۋە ئىلھام — ھەممى-سىنى مۇزىكا سۆزلەيدۇ، راستىنى ئېيتقاندا، بىز مۇزىكىدا ئەڭ ئالىي ھۆرلۈككە ئېرىشىمىز، مۇشۇ ھۆرلۈك ئۈچۈن بولسا، ئېگىمىز يورۇغان زامانلاردىن تىلرتىپ، پۈتۈن تارىخىمىز داۋامىدا كۆرەش قىلىپ كېلىۋاتىمىز، لېكىن ئۇنىڭغا پەقەت مۇزىكىدىلا نائىل بولىمىز، پەقەت مۇزىكىلا ھەممە زامانلارنىڭ ئەقىدىلىرىنى يېڭىپ، دائىم كېلىچەكسېرى ئىنتىلىدۇ ... شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئېيتالمىغان نەرسىلەرنى ئۇ ئېيتىدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ ئالقىشقا ئىگە ...

سائىتىمگە قاراۋېتىپ، مەن سۆيگەن پۈشكىن مۇزېيىدىكى بۇ كونسېرت ھېلىلا تۈگىمىدىغۇ، دەپ يۈرىكىم دۈپۈلدەپ كەتتى.

ئۇ چاغدا مەن يەنە قازان ۋوگزالىغا. پۈتۈنلەي باشقا ئالەم، پۈتۈنلەي باشقا هايات ئىچىگە قايتىمەن. ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى، بۇ هالاۋەتسىز هايات يۈگۈر - يۈگۈرلەر ئوپىقىنىدا ۋە ئۆزگىرىشچان تەمتىرەشلەر ئىچىدە تىنىماستىن چۆگىلەۋەردى، بۇ يەردە ئىلاهىي ناخشىلار يوق، ئۇلارغا ئورۇنمۇ يوق ... بىراق دەل شۇ سەۋەبتىن مەن شۇ يەردە بولۇشۇم زۆرۈر.

## V

يېرىم كۈنمۇ ئۆتتى. پويىز ۋولگا بويىدىكى يەرلەردە كېتىپ بارماقتا، ئالاهىدە ۋاگونلاردىكىلەر ئۇزاق سەپەرگە لايىق جايلىشىۋالغانىدى، ئاۋدىي كاللىستراتوۋ چۈشكەن ئومۇمىي ۋاگوندا بولسا، ئادەتتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭلۇق هايات باشلانغانىدى. يولۇچىلار هەر خىل سەۋەبلەر بىلەن يولغا چىققانىدى. بۇنىڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرىمۇ يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نەشىكەش چاپارمەنلەر يەنى ئاۋدىي كاللىستراتوۋنىڭ هەمراهلىرىمۇ بار. ئەهۋالدىن قارىغاندا، مانا مۇشۇ پويىزدا ئونىدىن ئارتۇقراق چاپارمەن كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن هازىرچە ئۇلاردىن ئىككىسىلا مەلۇم. چاققان ئۇتيۇگ ۋوگزالدا ئۇنى شۇلارغا قوشۇپ قويغان. بۇ ئەزىمەتلەر مۇرمانىسكىدىن كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ چوڭراقى يېشى يىگىرمىلەرگە كېلىپ قالغان پېتىرۇخا، ئىككىنچىسى تېخى ياش بالا بولۇپ، ئون ئالتىلەرگە كىرگەن، ئۇنىڭ ئىسمى لىيۇنيە، لېكىن لىيۇنيەنىڭمۇ ئۇ تەرەپلەرگە ئىككىنچى قېتىم بېرىشى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنى هەر بالالارنى كۆرگەن ئادەمدەك تۇتىدۇ، هەتتا كېرىلىپمۇ قويىدۇ. مۇرمانىسكلىق باللار باشتا ئۆزلىرىنى سەل تارتىپراق تۇ-

رۇشتى. لېكىن ئۇلار ئاۋدىينىڭ ئىشەنچلىك ئادەملەرنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن چاپارمەن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، دېمەك، ئۆز ئادەملىرى قاتارىدا ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ ۋە ئۇنى شىمال لىقلارغا خاس تەلەپپۇز بىلەن ئاۋدىياي دەپ چاقىرىشىدۇ. ئۇلار قىلىنىدىغان ئىشلار توغرىسىدا ۋاگون ئارىلىقىدا، تاماكا چەككىلى چىققاندا گەپلىشىپ تۇرىدۇ. ئادەملەر ۋاگون ئىچىدە تاماكا چېكىشكە يول قويمايدۇ. چۈنكى ۋاگون تىقما - تىقما بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭسىزمۇ نەپەس ئېلىش قىيىن. شۇ سەۋەب- تىن، چېكىش ۋە ئۇياق - بۇياقتىن گەپ سوقۇش ئۈچۈن، ۋاگون ئارىلىقىغا چىقىشىدۇ. ئاۋدىي چېكىشنى تېخى دېگەندەك بىلمەيدۇ، بۇنى بىرىنچى بولۇپ پېتروۋخا سېزىپ قالدى:

— نېمە، ئاۋدىياي، بۇرۇن چەكمىگەنمىدىڭ؟ قىز بالىدەك ئىچىڭگە تارتىشتىن قورقۇۋاتىسەنغۇ؟

ئاۋدىي يالغان سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى:

— بۇرۇن چېكەتتىم، كېيىن تاشلىۋەتكەن....

— مانا مەن چېكىشنى كىچىكىمدىنلا ئۆگەنگەن. بىزنىڭ لىيونكىمۇ نەق بەڭگىنىڭ ئۆزى. قېرى بوۋايلاردەك تازا پۇر- قىرىتىپ چېكىدۇ. ئاندا - ساندا ئېتىپمۇ قويىدۇ. توغرا، ھازىر زادىلا مۇمكىن ئەمەس. كېيىن كەم يېرىنى تولدۇرۇۋالىمىز.

— ئۇ تېخى كىچىك بالىغۇ!

— كىم كىچىك، لىيونكىمۇ؟ كىچىككەن دېمەك بىزنى، كۆتۈرۈپ ئۇرىمىز سىزنى، سەن ئۆزۈڭ ئەمدى كېتىۋاتىسەن بۇنداق چوڭ ئىشقا، ھاشار دەپ ئويلىما بۇنى. لىيونكا بولسا، بالا، ھەممىنى بىلىدۇ.

— ئۆزىمۇ ئوت - پوت تۇتاشتۇرامدۇ ياكى ئىككى ئوت- تۇرىدا قاتراپلا تۇرامدۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئاۋدىي.

— لىيونكىما؟ چەكمەي تۇرالامدۇ؟ ھازىر چەكمىگەن

ئادەم يوق. لېكىن چېكىشنىمۇ بىلىش كېرەك، — پېترۇخا دانالىق قىلىشقا باشلىدى، — بەزىلەر ئاغزىدىن كۆپۈك چىقىقۇچە چېكىدۇ، بۇنداقلار كارغا كەلمەيدۇ. تۈگىشىپ كەتكەن، تەييار تاماقنى بۇزىدۇ. ئوت دېگەن قانداق ياخشى — ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ، كەيپىڭ چاغ بولىدۇ، ئۆزۈڭنى جەننەتتىكە كىرگەندەك سېزىسەن، يايراپ كېتىسەن.

— نېمىسى كەيپىڭنى چاغ قىلىدۇ؟

— نېمىسى بولاتتى؟! كېتىۋاتىسەن، ئالدىڭدىن بىر كىچىككىنە ئېرىق چىقىپ قالىدۇ. ئۆتىمەن دېسەڭ، بىر تاقلاپلا ئۆتۈپ كېتىسەن. ئەمما نەزەرىڭدە ئۇ چوڭ دەريا، ئوكيان، دىلىڭ يايراپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ-دە كەيپ دېگىنى. كەيپ ئۆزى كەلمەيدۇ. نەدىن تاپىسەن شۇ كەيپنى؟ نانىنى سېتىۋالىسەن، كىيىم-كېچەكنى سېتىۋالىسەن، ئايىغىڭغا ئالىسەن، بېشىڭغا ئالىسەن. هاراقنى ھەممە ئادەم ئۆز پۇلىغا ئېلىپ ئىچىدۇ. ئۇ نەرسە بولسا بەكمۇ قىممەت، لېكىن جانىغا راھەت-تە: شىركەيىپ بولۇپ ئۆيگە كېتىسەن، خۇددى كىنو كۆرۈۋاتقاندەك بولىسەن. پەرقى شۇكى، كىنونى يۈزلەپ، مىڭلاپ ئادەملەر كۆرىدۇ. سەن بولساڭ، ئۆزۈڭ خان، كۆلەڭگەڭ مەيدان. بىر كىمنىڭ سېنىڭ بىلەن كارى يوق. تۇمشۇقنى سوزىدىغىننى كەت، نېمە ئىشىڭ بار، ئىتنىڭ بالىسى دەپ، تازا باپلاپ سالىسەن. قانداق ياشايمەن دېسەم، شۇنداق ياشايمەن. خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما. گەپنىڭ پوسكاللىسى ئەنە شۇ! — ئۇ جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن جىن چىراغدەك مىتىلداپ تۇرغان كۆزلىرىنى قىسىپ، يۈزسىزلىك بىلەن دېدى، — ماڭا قارا، ئاۋدياي، تېتىپ باققۇڭ بارمۇ-يا؟ بىر كەيپ قىلامسەن؟ كىچىككىنە سېلىپ قويۇۋىدىم...

— ئالدى بىلەن ئۆزۈم تاپاي، — ئاۋدى ئۇنىڭ تەك-

www.uyghurkitap.com

لىپىدىن باش تارتتى، — ئاندىن تېتىپ باقىمەن.

— راست دەيسەن، — قوشۇلدى ئۇنىڭغا پېترۇخا، — ئۆزۈڭنىڭكى مىننەتسىز بولىدۇ، — ئۇ جىم بولدى، ئاندىن يەنە ئاغزى ئېچىلدى، — بۇ ئىشتا تولىمۇ ئېھتىيات قىلىش كېرەك. ئەتراپىتىكى ھەممە ئادەم بىزگە يامان كۆزدە قارايدۇ. بوۋاي-مومايلاردىن تارتىپ كۆكرىكىگە تاقۇر-تۇقۇرلارنى قادىۋالغان كونا ئەسكەرلەرگىچە بولغان دىم ئېلىشقا چىققان ھەر بىر ئادەم، باشقىلىرىنى ئېيتمايلا قوياي، ھەممىسى بىزگە دۈشمەن، بىزنى كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارغا قالسا، بىزنى دەرھال سوت قىلىسا، ئىت بارمايدىغان جايلارغا سۈرگۈن قىلىپ ئەۋەتسە. شۇنىڭ ئۈچۈن بويىنىمىزنى قىسىپ، كۆزگە تاشلانماي، غېرىب-بىچارە بولۇپ يۈرىمىز. لېكىن ھەققىمىزنى ئالالايلىچۇ؟ ئەنە شۇ چاغدا كۆرۈڭ بىزنى! چۆنتەكتە پۇلۇڭ شاراقلاپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ ئولتۇرامسەن!... لېكىن زادىلا يادىڭدىن چىقارما، ئاۋدىياي، بىرەر ئىش بولسا، مىت قىلىپ ئاغزىڭنى ئاچما. بۇ قانۇن، چاندۇرۇپ قويساق، تۈگەشكىنىڭ شۇ. جېنىڭدىن ئۈمىدىڭنى ئۈز. ئىتتەك بوغۇزلاپ تاشلايدۇ. تۈرمىدە ياتقان بولساڭمۇ قولى يېتىدۇ، چاقچاقلاشقىلى بولمايدۇ ئۇلار بىلەن...

گەپ ئۇزاققا سوزۇلدى. مەلۇم بولۇشىچە، پېترۇخا ئاللىقايەرلەردە، بىرنەچچە قۇرۇلۇشلاردا ئىشلەپ بېقىپتۇ. ئۇ ياز كېلىشى بىلەنلا مويىنقۇم ئەتراپلىرىدىكى چۆللەرگە جۆنەيدىكەن. بۇ يەرلەردىكى كەندىر لىككلىرىنى ياخشى بىلىدىكەن. بولۇپمۇ، سايلار ۋە يارلىقلار ئىچىدە كەندىرلەر غۇژمەك-غۇژمەك بولۇپ ياتىدىكەن. ئەنە، ھوسۇل دېگەن! خالىغىنىڭچە يىغىۋال. پۈتۈن دۇنياغا دېسەڭمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدە يالغۇز قېرى ئانىسىلا بار ئىكەن، ئىچىدىكەن. ئاكىلىرى قۇتۇپ

تەرەپلەرگە، گاز تۇرۇبىلىرى قۇرۇلۇشىغا كەتكەندىكەن، پۇلنى جىق - جىق تاپىدىكەن. لېكىن قىشنىڭ سوغۇقىغا چىدىغىلى بولمايدىكەن. يازدا بولسا، چىۋىن ئادەمگە كۆمۈتىدەك يېپىشىدىكەن. ئۇ بولسا، ھەر يىلى كۈزى يۇمشۇق ئاسىيادا بىر قېتىم ئويناپ كېلىدىكەن. ئاندىن تاكى يانىدۇرقى يىلغىچە تاماشا قىلىپ يۈرىدىكەن. خالىسا ئىچىدىكەن، خالىسا چېچىدىكەن. شېرىكى ليۇنكىنىڭ ئائىلىسى بۇنىڭدىنمۇ چاتاقراق ئىكەن. ئۇ يا ئانىسىنى كۆرمەيتىكەن، يا ئاتىسىنى. بالىلا ئۆيىدە چوڭ بولۇپتىكەن. مۇرمانىسكىدا ئۇزاق سەپەرلەرگە چىقىدىغان بىر پاراخوت باشلىقى بار ئىكەن، كۆپىرەك كۇباغا قاتنايدىكەن. بىر كۈنى ئۇ خوتۇنى بىلەن كېلىپ، ھەممە قەغەزلەرنى تولدۇرۇپ، ليۇنكىنى ئۆزىگە ئوغۇل قىلىپ ئەپكېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ بالىسى يوق ئىكەن. لېكىن بەش يىلدىن كېيىن ھەممىسى يەنە ئۆك - تەتۈر بولۇپ كېتىپتۇ. پاراخوت باشلىقىنىڭ خوتۇنى ئويىنىشى بىلەن لېنىنگراد تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىپتۇ، پاراخوت باشلىقى ئىچىملىككە بېرىلىپتۇ، ئۇنى پورتنىڭ ئۆزىدە ئىشلەشكە قالدۇرۇپتۇ. ليۇنكا مەكتەپتە ئامالسىزلىقتىن ئوقۇپتۇ. گاھ پاراخوت باشلىقىنىڭ ھاممىسىنىڭكىدە، گاھ بوغالتىر بولۇپ ئىشلەيدىغان ئاكىسىنىڭكىدە تۇرۇپتۇ. بوغالتىرنىڭ خوتۇنى بولسا يالماۋۇزنىڭ نەق ئۆزىلا ئىكەن. بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى قوشۇلۇپ، بىچارە بالا ئىگە - چاقىسىز قېلىپتۇ، رايى قايتىپتۇ، جېنىدىن تويۇپتۇ، پاراخوت باشلىقىنىڭكىدىن كېتىپ قاپتۇ. سۇ ئاستى پاراخوتىنىڭ سابىق جەڭچىسى، ئۇرۇش مەجرۇھى بولغان بىر ئادەمنىڭكىدىن باشپاناھ تېپىپتۇ. لېكىن بۇ كىشى ليۇنكىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمەپتۇ. بالا بەڭباشلىققا ئۆگىنىپ قالغاچقا، خالىغان جايىغا بېرىپ، خالىغىنىدا كېلىدىكەن. ماقا، بۇ يىل ليۇنكا ئىككىنچى

www.uyghurkitap.com

قېتىم نەشىگە كېتىۋېتىپتۇ. ئۆزىمۇ نەشىگە ئۆگىنىپ قالغان ئوخشايدۇ. بولمىسا، ئەمدىلا ئون ئالتىگە كىرگەن بالا تۇرسا، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى تېخى ئالدىدا...

بۇ ئېچىنىشلىق گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئاۋدىي كاللىستراتوۋىنىڭ يۈرىكى بەكمۇ ئېزىلدى، يىغلىمىدىيۇ، ئۇنىڭ بىرىسى بولدى. نەشىكەشلىك ئۆز ئاغزىغا نەۋقىران ياش يىگىتلەرنى بارغانسېرى كۆپرەك تارتىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى تېزرەك ئېچىپ، چاۋىسىنى چىتقا يېيىش كېرەك. ئاۋدىينىڭ ئەڭ چوڭ مەقسىتى ھازىر شۇ. ھايات دېڭىزىنىڭ ئۈستى تىنچ كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇنىڭ تېگىدە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان شىددەتلىك ئېقىملار بارلىقى روشەن. ئۇ شۇنىڭغا ئوخشاش قايغۇلۇق ۋەقەلەر ئىچىگە چوڭقۇرراق كىرگەنسېرى بۇنى كۆپرەك ھېس قىلماقتا ئىدى. تۈرلۈك بىمەنىلىك ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدىغان شەخسىي ۋە خۇسۇسىي سەۋەبلەر بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ياشلار ئارىسىدا بۇنداق كېسەللىكلەر ۋە بىمەنىلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئىجتىمائىي سەۋەبلەرمۇ مەۋجۇت. بىر قارىماققا بۇ سەۋەبلەرنى ئىلغا قىلىش ئاسان ئەمەس. ئۇلار كېسەللىكنى پۈتۈن بەدەنگە تارقىتىدىغان، بىر - بىرى بىلەن باغلانغان قان تومۇرلارنى ئەسلىتىدۇ. ئۆز شەخسىي مىقياسىڭ ۋە دەرىجەڭدە تۇرۇپ، شۇ سەۋەبلەرنىڭ تېگىگە يېتىمەن، دەپ ھەرقانچە ئۇرۇنساڭمۇ، بەربىر پايدىسى يوق. ئومۇمەن، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيسەن. بۇنىڭدا ھېچبولمىغاندا يىرىك ئىجتىمائىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، ئەڭ ياخشىسى، مەتبۇئات ۋە تېلېۋىزىيە ئارقىلىق بەس - مۇنازىرە ئۇيۇشتۇرۇش كېرەك. شۇنداق، زامانىغا باقمايدىغان بۇ ئادەمنىڭ ئارزۇ قىلىدىغىنى شۇ ئىدى ... ئۇنىڭ دىنىي تەربىيىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغانلىقى ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ھېچقانداق

خەۋىرى يوقلۇقى ئېتىبارغا ئېلىنمىغان بولسا، ئۇ دەل ئەنە
شۇنداق بىر ئادەم ئىدى. كېيىن ئۇ بىر نەرسىنى چۈشەندى:
بۇنداق ۋەقەلەر ئۈستىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا پىكىر يۈرگۈزۈشتىن
ھېچكىم مەنپەئەتدار بولالمايدىكەن. بۇ نەرسىلەر جەمئىيىتىمىز-
نىڭ ئابرويىنى ساقلاش ئۈچۈن قىلىنمىغاندەك تۇرىدۇ. ۋەھا-
لەنكى، بۇ يەردە، ئەڭ ئالدى بىلەن ھەممە گەپ باشقا
شەخسلەرنىڭ كەيپىياتلىرى ۋە پىكىرلىرىگە چەمبەرچاس
باغلانغان ئۆز مەۋقەسىگە زىيان يەتكۈزمەسلىك، ئۇنى يەنە
بىر قېتىم خەۋپكە سالماسلىق ئۈستىدىلا بارىدۇ. جەمئىيەتنىڭ
قايسىدۇر بىر قىسمىدا يۈز بېرىۋاتقان پېشكەللىكلەر ئۈستىدە
سۆز ئېچىش ئۈچۈن، ئەھۋالدىن قارىغاندا، باشقا كۆپ نەر-
سىلەر قاتارىدا، ئۆزىگە زەرەر كەلتۈرۈپ قويۇشتىن چۆچۈمەسلىك
كېرەك. بەختلىكلىكىدىنمۇ، بەختسىزلىكىدىنمۇ، ئاۋدىي كاللىسترا-
توۋ بۇنداق خائىنانە قورقۇنچ يۈكىدىن خالىي. لېكىن تۇرمۇش-
نىڭ ھەممە ئېگىز ـ پەسلىكلىرى، كەشپىياتلىرى تېخى ئۇنىڭ
ئالدىدا ئىدى. ئۇ بۇ يولغا ئەمدىلا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمدىلا
ئاداشقان دىللارغا مېھىر ـ شەپقەت ۋە خەيرىخاھلىق يۈزىسىدىن
ھاياتنىڭ ئۆزىگە قاراتقۇ تەرەپلىرىنى تەشنالىق بىلەن ئۆگەن-
مەكچى، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتاتتى. يولدىن ئازغان-
لارنىڭ ھېچبولمىغاندا بىر قىسمىغا ياردەم بەرسەم، دەيتتى.
ياق، ئۇ نەسىھەت قىلماقچى، ۋەز ئېيتماقچى، تاپا ـ تەنە ياغ-
دۇرماقچى، ئەيىبلىمەكچى ئەمەس. ئۇ ھالاكەتلىك ئەھۋالدىن
ھاياتنى پەقەت قايتا قۇرۇش بەدىلىگىلا قۇتۇلۇش مۇمكىنلىكىنى
ئۆزىنىڭ شەخسەن قاتنىشىشى ۋە شەخسەن نەمۇنە كۆرسىتىشى
بىلەن ئۇلارغا ئىسپاتلاپ بەرمەكچى، شۇ مەنىدە، ئۇلارنىڭ ھەر
قايسىسى ھېچبولمىغاندا ئۆز قەلبى دائىرىسىدە ئىنقىلاب
قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى ئۇقتۇرماقچىدى، لېكىن بۇنداق گۈزەللە

www.uyghurkitap.com

چىرايلىق غايىلەرنىڭ تولىمۇ قىممەتكە چۈشىدىغانلىقىنى خىيا-
لىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى.

ئۇ ياش ئىدى. ياش دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى... دىنىي مەكتەپتە ئەيسانىڭ تارىخىنى ئۆگىنىۋاتقان چېغىدا، ئۇنىڭ چەككەن ئازابلىرى بىلەن رىيازەتلىرىنى ئۆز جېنىدا تۇيغان ئەمەسمىدى ۋە شۇ چاغدا ئۇنىڭغا گېفسىمان بېغىدا ئىئۇدانىڭ ساتقىنلىق قىلغانلىقىنى ئوقۇغىنىدا، ھۆك ـ يىغلىمىغان-مىدى! شۇ كۈنى تىنىغ بىلەن ئەيسا پەيغەمبەرنى غۇلقاف تېغىدا قەتل قىلغىنىدا، بۇنى ئالەم بىناسىنىڭ ئىنقىرازى ۋە ھالاكىتى دەپ چۈشەنمىگەنمىدى. دۇنيا ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئۇلارنىڭ ئەڭ پاكىز غايىلىرى ۋە روھىي ئىنتىلىشلىرى ئۈچۈن ھەممىدىن كۆپرەك جازالايدۇ. لېكىن شۇ چاغدا تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن بۇ يىگىت ئالەم قۇرۇلۇشىنىڭ بۇ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرمىگەنىدى. بەلكىم بۇ شۇ غايىلەرنىڭ ئۆلمەسلىكى ۋە ئەڭ ئاخىرىدا تەنتەنە قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈردۇر. ئېھتىمال. بۇنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈش كېرەكتۇر؟ ھەقىقەتەن ھەم شۇنداق بولىشچۇ؟ بۇ غەلىبىنىڭ باھاسى ئەمەسمىكەن؟

ئاۋدىي باشتا بۇ ھەقتە ۋىكتور گوروديىتسكىيغا ئېغىز ئاچقانىدى. ئىككىسىنىڭ يېشى ئوتتۇرىسىدا ئانچە چوڭ پەرق بولمىسىمۇ، ئاۋدىي ئۇنى نىكىفوروۋىچ دەپ ھۆرمەت قىلاتتى. بۇ سۆھبەت ئاۋدىي دىنىي مەكتەپتىن كېتىش پىكرىگە چۈشكەن چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەنىدى:

— نېمىمۇ دەيتتىم؟ بىلەمسەن، ئاتا يىگىت، سېنى ئاتا يىگىت دېگىنىمدىن رەنجىمە، ئاۋدىي، سېنى شۇنداق دەپ چاقىرىش ماڭا بەكمۇ ياقىدۇ، — دەپ مۇلاھىزە يۈرگۈزەتتى گوروديىتسكىي چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، — سەن مەكتەپنى كېتىسەن، توغرىراقى، سېنى چىركاۋدىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئۆلما-

لىرىڭ سىنى ئاسانلىقچە قويۇپ بەرمەيدۇ، سىنى گۇمانخور دەپ ئېلان قىلىدۇ. چىركاۋ ئاندا ـ مۇندا بولۇپ تۇرىدىغان مۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرمايدۇ. ھەر ھالدا، ئۇ يەردە ساڭا ھېچكىم ئادالەتسىزلىك قىلغىنى يوق، سىنى ھېچكىم خورلىغىنى، قىيناشنى ئىچكىنىمۇ يوق. چىركاۋ خادىملىرى بىلەن قىلچىمۇ سەن ـ يەن دىيىشىپ باقمىدىڭ. ئاتا يىگىت، سىنىڭ ئالدىڭدا چىركاۋ قىلچىمۇ ئەيىبلىك ئەمەس... نىمە دىسەمكىن، سەن ساپ غايىۋى مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن ئالاقەڭنى ئۈزۈۋاتىسەن...

ــ ھەئە، ۋىكتور نىكنفوروۋىچ، راست دەيسىز. توغرىدىن ـ توغرا سەۋەبلەر يوق. نارازىلىق خاپىچىلىقنىڭمۇ ئورنى يوق. بۇلار ناھايىتى جايىدا قىلىنغان گەپلەر. ئاندىن قالسا، گەپ مىنىڭ ئۈزۈمدىمۇ ئەمەس. مەسىلە شۇنىڭدىكى، ئەنئەنىۋى دىنلار بۈگۈنكى كۈندە مۇتلەق كونىراپ قالدى. ئۇلار ئەمدىلا ئويغىنىپ كېلىۋاتقان ئىپتىدائىي ئۇرۇقچىلىق ئېڭىغا قارىتا مۇراجىئەت قىلىغانىدى. ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنىسىز، ئەگەر تارىخ دىنلارنىڭ پۈتۈن جاھان ئۈرپ ـ ئادىتىگە يېڭى بىر باش سىمانى ــ زامانداش خۇدا سىماسىنى ئىلگىرى سۈرسە، بۇ سىما ھازىرقى دەۋرنىڭ تەلەپ ـ ئېھتىياجلىرىغا جاۋاب بېرىدىغان يېڭى ئىلاھىي غايىلەرنى كۆتۈرۈپ چىقسا، ئەنە شۇ چاغدا دىنىي تەلىماتنىڭ تېخى ئۆز قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتمىغانلىقىغا ئىشەنسە بولىدۇ. مىنىڭ بۇ يەردىن كېتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدا.

ــ چۈشىنىمەن، چۈشىنىمەن! ــ كۆڭۈلچەكلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى گورودېتسكىي چاي ئوتلاۋېتىپ. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، ــ بۇ گەپلىرىڭ ئادەمنىڭ ئېتىنى چىمىلدىتىۋېتىدۇ. سىنىڭ نەزەرىيەڭ ھەققىدە پىكرىمنى بىلدۈرۈشتىن ئاۋۋال شۇنى دەپ قوياي. مانا بىمالال، ھۇزۇرلىنىپ

چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپتىمىز. مەن ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ياشىغانلىقىمغا چىن دىلىمدىن خۇشال. بىلەمسەن، كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان بۇنداق بىدئەتلىك ئۈچۈن، كاتولىك مۇخلىسلىرى ياۋروپادا — ئىسپانىيە ياكى ئىتالىيىدە سېنىڭ باتۇر ئاغزىڭدىن چىققانلىقى ۋە مېنىڭ تۆشۈك قۇلىقىم ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈنلا، ئاتا يىگىت، ئالدى بىلەن ئىككىمىزنى قىيىما - چىيىما قىلىۋېتىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرىدۇ، ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن كۈللىرىمىزنى كۆككە سورۇيدۇ. بىرى بىر بىچارىنى ئەيىبلەپ، خۇدانىڭ قۇدرەتلىكلىكى ئۈستىدە گەپ بولغاندا مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدى، دەپ چاقىقان ئىكەن، مۇقەددەس دىنىي مەھكىمە ئەربابلىرى، نېمىشقا خۇدادىن كۈلىسەن، دەپ ئۇنى ئوتقا تاشلىتىپتىكەن. كۆردۈڭمۇ، سېنىڭ بىلەن بىزنىڭمۇ ھالىمىز شۇ بولىدۇ...

— ۋىكتور نىكىفوروۋىچ، كەچۈرۈڭ، گېپىڭىزنى بۆلىدىغان بولدۇم، — ئاۋدىي مىيىقىدا ئىستېھزا بىلەن كۈلۈپ، دىنىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كىيىدىغان قارا چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئەسەبىيلىك بىلەن ئېتىشكە باشلىدى، — بىلىپ تۇرۇپتىمەن، نېمىگە كۈلۈۋاتقانلىقىڭىزنى. لېكىن چاقچاقنى قويايلى. ئەگەر بىزنىڭ زامانىمىزدا دىنىي مەھكىمە بولسا ۋە مۇبادا، ئەتە بىدئەتلىكىم ئۈچۈن ئوتتا كۆيۈشكە توغرا كەلسە، مەن بەرىبىر ئۆز سۆزۈمدىن قايتمىغان بولاتتىم.

— ئىشىنىمەن، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى گوروديتسكىي.

— مەن بۇ پىكىرگە تاسادىپىيلا كەلگىنىم يوق. ناسارالار تارىخىنى ئۆگىنىپ ۋە ھازىرقى زاماننى سىنچىلاپ كۆزىتىپ، شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىم. مەن خۇدانىڭ يېڭى، زامانىۋى شەكلىنى ئىزدەيمەن، ئۇنى ھېچقاچان تاپالمىساممۇ مەيلى...

— تارىخنى تىلغا ئالغىنىڭ ياخشى، — ئۇنىڭ پىكرىنى

بۆلدى گورودېتسكىي، — ئەمدى ماڭا قۇلاق سال. سېنىڭ يېڭى خۇدا ھەققىدىكى بۇ پىكرىڭ تومتاق، مەۋھۇم نەزەرىيە. بىزنىڭ ئەقىللىق زىيالىيلىرىمىز ئۇنى نېمە ئۈچۈندۇر ئاكتۇئال غايە دەپ ئاتايتتى. بۇرۇنقى ئادەملەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ مۇلاھىزىلىرىڭ — ئەقىلبازلىق. سەن خۇدا ياراتماقچىسەن. لېكىن ھەرقانچە جەزىبىلىك ۋە سېھىرلىك كۆرۈنمىسۇن، ئۇنى ئەقلىي مۇھاكىمىلەر بىلەن يارىتىش مۇمكىن ئەمەس. بىلەمسەن، ئەگەر ئەيسا قەتل قىلىنمىغان بولسا، ئۇ خۇدا بولالمايتتى. ھەممە ئۈچۈن تەڭ، باراۋەر ئادىل سەلتەنەت قۇرۇش غايىسى مەپتۇن قىلىۋالغان ئۇ زاتنى ئادەملەر ئالدى بىلەن ۋەھشىيانە بىر تەرزدە ئۆلتۈرۈشتى، ئاندىن ئۇنى يۈكسەكلەرگە كۆتۈردى، ھەمدۇسانا ئوقۇدى، قايغۇردى، ئۇنىڭ ئازابىنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالدى. بۇنىڭغا تاۋاپ ۋە ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەش، توۋا ۋە ئۈمىد، جازا ۋە مەرھەمەت — ئىنسانىي سۆيۈش ئارىلىشىپ كەتتى. لېكىن كېيىن بېرىپ، ھەممىسى بۇزۇلۇپ شەرھلەندى ۋە مەلۇم كۈچلەرنىڭ مەلۇم مەنپەئەتلىرىگە بويسۇندۇرۇلدى. ھە، ئىنسانىيەتنىڭ ھەممە پارلاق غايىلىرىنىڭ تەقدىرى دائىم مانا شۇنداق بولغان. مانا، ئەمدى ئۆزۈڭ ئويلاپ كۆر، چوڭ غايە تۈپەيلىدىن دارغا ئېسىلغان، كرېست ئازابىنى بېشىدىن كەچۈرگەن، بېشىنى جادىغا قويغان خۇدا قەدرەتلىكرەك، مەپتۇن قىلارلىقراق، يېقىنراقمۇ ياكى زامانىۋى پىكىر قىلىدىغان مۇكەممەل ئالىي يارىتىلىش، چىگىش ئاڭ ئەۋزەلرەكمۇ؟

— مەن بۇ ھەقتە ئويلىغان، ۋىكتور نىكىفوروۋىچ. سىز ھەقلىقسىز. لېكىن مەن ئۆتمۈشنى قايتا كۆرىدىغان ۋاقىت بولدى، دېگەن پىكرىمدىن ۋاز كەچمەيمەن. بىزنىڭ خۇدا ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىمىز قانچىلىك ئۆزگەرمەس ۋە مۇتلەق بولمىسۇن، ئۇلار ئەمەلىيەتتە دۇنيا ھەققىدىكى يېڭىچە بىلىملەرگە

www.uyghurkitap.com

زادىلا ماس كەلمەي، كونىراپ قالدى. بۇ ئېنىق ھەقىقەت. بۇ ھەقتە تالىشىپ ئولتۇرمايمىز. مەن چىگىش پىكىرلەرگە ئاساسلىنىۋاتقان، ئىزدەش ھاجەتسىز بولغان نەرسىنى ئىزدەشكە ئۇرۇنۇۋاتقان بولۇشۇم مۇمكىن. نېمىمۇ دەيتتۇق! مېنىڭ پىكىر- لىرىم مۇتلەق دىنىي تەلىماتقا توغرا كەلمىسىمۇ مەيلى. لېكىن مەن نېمە قىلاي زادى. كىمدە كىم مېنى بۇ پىكرىمدىن قايتۇ- رالىسا، بەختىمنى تېپىپ كېتەتتىم.

گورودېتىسكىي چۈشەندىم دېگەندەك قىلىپ قوللىرىنى يايدى:

— كۆڭلۈڭدىكىنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن، ئاتا ئاۋدىي. لېكىن سېنى بەربىر ئاگاھلاندۇرۇپ قويمىسام بولمايدۇ. خۇدا ئىزدەش چېركاۋ ئادەملىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا چېركاۋغا قارشى ئەڭ قورقۇنچلۇق جىنايەت بىلەن باراۋەر. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بۇ دۇنيانى ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋېتىش بىلەن تەڭ.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدى خاتىرجەملىك بىلەن ئاۋدىي.

— لېكىن خۇدا ئىزدەشنى چېركاۋدىن سىرتتىكىلەرمۇ تېخىمۇ بەتتەررەك ياقتۇرمايدۇ. سەن بۇنى ئويلاپ كۆرگەنمۇ؟

— غەلىتىلا پىكىرغۇ، — ھەيران بولدى ئاۋدىي.

— بېشىڭ ئامان بولسا، كۆرىسەن تېخى...

— لېكىن نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۇلارنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقامدۇ؟

— گەپ بىر يەردىن چىقىشىدا ئەمەس. ئومۇمەن، بۇنىڭ ھېچكىمكە كېرىكى يوق...

— قىزىق. ئەڭ كېرەك نەرسىنىڭ كېرىكى بولمىسا...

— بۇنى نەدىن بىلەي. مۇشۇ كېتىشىڭ بىلەن بېشىڭدىن پالاكەت خالىي بولماسلىقى مۇمكىن، ئاتا ئاۋدىي. ساڭا ھەۋەس قىلمايمەن، لېكىن سېنى يولۇڭدىنمۇ توختىتالمايمەن، — دەپ خۇلاسە قىلدى گورودېتىسكىي.

ئۇ ھەقلىق ئىدى. ھەممە گەپلىرى ھەق. ئۇزاق ئۆتمەي ئاۋدىي كاللىستراتوۋ بۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

مەكتەپتىن ھەيدىلىش ھارپىسىدا مۇنداق ۋەقە بولۇپ ئۆتتى: شۇ كۈنى ئۇلارنىڭ شەھەرچىسىگە مۆتىۋەر زات — پاترىئارخىينىڭ① ئوقۇش يۇرتلىرى بويىچە تەكشۈرگۈچى خادىمى ئاتا دىمىترىي قەدەم تەشرىپ قىلدى. ئۇنى مەكتەپ ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ۋوگزالدا ئىززەت - ئىكرام بىلەن قارشى ئالدى. مەكتەپتە ئۇنى ئاتا كوئوردىناتور دەپ ئاتىشاتتى. كۆرۈنۈشىدىن قاملاشقان، سالاپەتلىك، ئاقىل ۋە دانا (بۇ ۋەزىپىدىكى ئادەم شۇنداق بولۇشىمۇ كېرەك)، ئوتتۇرا ياشلاردىكى كوئوردىناتور يۈز بەرگەن پەۋقۇلئاددە ھادىسە مۇناسىۋىتى بىلەن كەلگەن، بۇنىڭ سەۋەبچىسى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى بولغان ئاۋدىي كاللىستراتوۋ ئىدى. ئۇ مۇقەددەس پۈتۈكنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق تەپتىش قىلىش دەرىجىسىگىچە يەتكەن، بىدئەتلىك يولغا كىرگەن، زامانداش خۇدا دېگەن شۈبھىلىك پىكىرنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى. ئاقىل ۋە دانا كوئوردىناتور ئۆز ئابروي - ئېتىبارى، ئېتىقادلىق سۆزى بىلەن ئاداشقان سەبىينى ھىدايەت يولىغا قايتۇرۇش، بۇ ئىشنى شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرمەستىن ئېپى - جېپىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىدە ئىدى. مۇھىمى، دىندىن ۋاز كەچكەنلىكنىڭ ساداسى كوچىغا چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. شۇ مەنىدىن ئالغاندا، چېركاۋ ئۆز شەنى، ئابروي - ئېتىبارىنى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن قويىدىغان باشقا دۇنياۋى ئىدارىلەردىن پەرقلەنمەيدۇ. ئاۋدىي كاللىستراتوۋنىڭ ئورنىدا باشقا پىشقان، تەجرىبىلىكرەك ئادەم بولغان بولسا، ئاتا كوئوردىناتورنىڭ نىيىتىنى توغرا بايقىغان ۋە شۇنىڭغا يارىشا

① پاترىئارخىيە — باش روھانىيلار باشلىقى قارمىقىدىكى دىن رايونى — ت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئىش كۆرگەن بولاتتى. لېكىن ئاۋدىي كۆزگە كۆرۈنگەن چېركاۋ نامايەندىسىنىڭ نىيىتىنى ھەقىقەتەن ھەم چۈشىنىپ يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن روھانىي ئاتىنىمۇ نىشانىدىن ئاداشتۇرۇپ قويدى.

ئاۋدىي ئاتا كوئوردىناتورنىڭ ھۇزۇرىغا چۈش ۋاقتىدا چاقىرىلدى ۋە ئۇنىڭ يېنىدا ئازمۇ ئەمەس ـ كۆپمۇ ئەمەس ئۈچ سائەت ئولتۇردى. باش كورپۇسنىڭ زاللىرىدىن بىرىگە ئاكادېمىك چېركاۋنىڭ مېھرابى ئورنىتىلغانىدى. ئاتا كوئوردىناتور ئالدى بىلەن شۇ يەردە بىللە ئىبادەت قىلىش تەكلىپىنى قويدى.

— ئۇكام، سېزىپ تۇرغان بولساڭ كېرەك، سىزنىڭ بىلەن سۆزلىشىدىغان جىددىي سۆزىمىز بار. لېكىن ئالدىرىمايمىز. ئالدى بىلەن، مېنى تەڭرى تائالانىڭ مۇقەددەس مېھرابىغا باشلا، — دېدى ئۇ ئاۋدىيغا قىزارغان كۆزلىرىنى قاداپ، — ئاۋۋال بىللە ئىبادەت قىلىۋالمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

— خۇدا خەيرىڭىزنى بەرسۇن، تەقسىر، — دېدى ئاۋدىي، — مەن تەييار. ئىبادەت شەخسەن مېنىڭ ئۈچۈن ئاللاتائالاغا قارىتىلغان تۈرلۈك ئوي ـ خىياللىرىمنىڭ ئەڭ ئۇيغۇن نۇقتىسىدۇر. زاماندىش خۇدا ھەقىقىدىكى پىكىر مېڭەمگە قاتتىق ئورنىشىپ قالغانغا ئوخشايدۇ.

— سەۋرسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى، ئۇكام، — ۋەزمىنلىك بىلەن دېدى ئاتا كوئوردىناتور يۇمشاق ئورۇندۇقتىن تۇرۇۋېتىپ. ئۇ زاماندىش خۇدا ۋە تۈرلۈك ئوي ـ خىياللار ھەقىقىدىكى سۆزلىرىنىمۇ قۇلىقىنىڭ بىر يېقىدىن چىقىرىۋەتتى. كۆپ تەجرىبىگە ئىگە روھانىي ئەرباب باشتىلا ھەممىنى چىگىشلەشتۈرۈۋېتىشنى لايىق كۆرمىدى، — ئىبادەت قىلايلى. ساڭا ئېيتسام، — داۋاملاشتۇردى سۆزىنى ئۇ، — قانچە كۆپ ياشىغانسېرى خۇدانىڭ مەرھەمىتى بىزگە شۇنچە چەكسىز، رەھىم ـ

شەپقەتنى شۇنچىلىك ئۇلۇغ ئىكەنلىكىگە يەنىمۇ كۆپرەك ئىمان كەلتۈرۈۋاتىمەن. ھەممىنى ئۇنتۇپ ئىبادەتكە بېرىلگەن چېغىمدا بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھېس قىلىمەن ۋە ئۆزۈڭنى قەدىرلىك سېزىمەن. ياراتقان تەڭرىمىنىڭ بىزگە مۇھەببىتى ھەقىقەتەن چەكسىز. بىزنىڭ ئىبادەتلىرىمىز ئۇنىڭ ئالدىدا قۇرۇق بىلجىراشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. لېكىن بۇ خۇدا بىلەن چەمبەرچاس بىرلىكىمىزنىڭ دالالىتىدۇر.

— دەل ھەقىقەتنى ئېيتتىڭىز، تەقسىر، — دەپ قويدى ئاۋدىي ئىشىك ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ تۇرغان پېتى.

لېكىن ئۇ تېخى ھەقىقەتەنمۇ تەجرىبىسىز ۋە سەۋر-تاقەتسىز ئىدى. سۆھبەتتە ئۇ ئەدەب يۈزىسىدىن سۈكۈت قىلىپ تۇرمىدى ۋە دەرھال گەپنىڭ پوسكاللىسىغىلا كۆچتى.

— ئىجازەت بېرىڭ، ئېيتاي. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدە خۇدانىڭ چەك-چېگرىسى يوق. لېكىن يەر يۈزىدىكى ئادەملەردە پېكىر بىلىشتىن بىلىشكە قاراپ ئۆسۈۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن بىر خۇلاسە كېلىپ چىقىدۇ: خۇدامۇ ئۆسۈشى كېرەك. سىز نېمە دەپ ئويلايسىز، تەقسىر؟

كوئوردىناتور ئاتا ئەمدى ئۆزىنى جاۋابتىن ئېلىپ قاچالمىدى.

— قىزىقانلىق قىلىۋاتىسەن، ئۇكام، — دېدى ئۇ تامىقىنى ئاستا قىرىپ يۆتەلگىنىچە. ئاندىن ئۈستىبېشىنى توغرىلىغان بولۇپ يەنە شۇنداق دېدى، — ياشلىقتا نېمىلەر بولمايدۇ. لېكىن شۇنىڭدىمۇ خۇدا توغرىسىدا بۇنداق خىياللارغا بېرىلمەسلىك لازىم. ياراتقان ئىگەمنى بىلىش ئەبەدىلئەبەد بەندىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. ئۇ بىزنىڭ ئىختىيارىمىزنىڭ سىرتىدا مەۋجۇت. دۇنيانىڭ ئېڭىمىزنىڭ سىرتىدا مەۋجۇتلۇقىنى ھەتتا ماتېرىيالىزممۇ تەن ئالىدۇ. شۇنىڭدەك، خۇدامۇ.

— ئەپۇ قىلىڭ، تەقسىر. لېكىن ھەممە نەرسىنى ئۆز ئېتى بىلەن ئاتىغان ياخشى. بىزنىڭ ئېكسىمىزدىن سىرتتا خۇدا يوق.

— سەن شۇنىڭغا ئىشىنەمسەن؟

— ھەئە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىۋاتىمەن.

— مەيلىڭ. لېكىن شۇنىڭ بىلەن ھەممىسىگە چېكىت قويمايمىز. ئېيتايلى، تەلىم يۈزىسىدىن ئاز - تولا بەس - مۇنازىرە قىلىمىز، بۇنىڭغا بىز ئىبادەتتىن كېيىن كىرىشىمىز. قېنى، ئەمدى مەرھەمەت قىل، مېنى ئىبادەتكە باشلا.

ئاتا كوئوردىناتورنىڭ ئاكادېمىك چىرىكاۋدا ئاۋدىي بىلەن بىللە ئىبادەت قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ ئۆزى، مەنتىق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ياش ئوقۇغۇچىغا كۆرسىتىلگەن چوڭ ئىلتىپات ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەيدىلىش ئالدىدا تۇرغان تالىپ مۇشۇ قولاي ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىمەن دېيىسە، ئەجەبلىنەرلىك بولماس.

ئۇلار ئۇزۇن زالدىن — ئالدىدا ئاتا كوئوردىناتور، يان تەرەپتە، سەل ئارقىدىراق ئاۋدىي كالليستراتوۋ ماڭدى. ئاۋدىي روھانىي ئاتىنىڭ ئادىل قامىتىگە، ئىشەنچ بىلەن قەدەم تاشلىشىغا، ئوشۇقىغىچە ئەركىن يېيىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭغا ئۆزگىچە بىر ئۇلۇغلۇق بېغىشلىغان قارا لىباسىغا قارىغان پېتى ئۇنىڭدا ئەسىرلەر بويى يېتىلىپ كەلگەن نۇرانە بىر قۇدرەت مۇجەسسەملەشكەنلىكىنى ھېس قىلدى. بۇ كۈچ ھەر بىر ئىنسان پائالىيىتىدە دىن - ئىمان ئەقىدىلىرىنى ھىمايە قىلىپ، ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ. ھاياتتا ھەقىقەت يولىنى ئىزدەۋاتقان ئاۋدىيغا مانا شۇ قارشى تۇرغان كۈچ بىلەن توقۇنۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرچە ھەر ئىككىلىسى ئۆزلىرىچە ئىشىنىدىغان ۋە ئىمان كەلتۈرىدىغان شۇ تەرەپكە قەدەم تاش-

لىدى. ھەربىر ئىنسانغا ئۇنىڭ نامى بىلەن دۇنيا ۋە ئادەم
بالىسىنىڭ ئورنى ھەققىدىكى ھەممە ئۈچۈن باراۋەر بولغان
پىكىرلەرنى ئۇقتۇرۇشى لازىم ئىدى. ئۇنىسىمۇ، بۇنىسىمۇ ئۇنىڭ
نامى بىلەن تەۋەككۈل قىلىناتتى، چۈنكى پەقەت شۇ ئۆزىلا
ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار ۋە ھەممىگە باراۋەر مەرھەمەتلىك
ئىدى. ئۇلار ماڭماقتا ئىدى...

شۇ پەيتتە ئاكادېمىك چىركاۋدا ھېچكىم يوق ئىدى. شۇ-
نىڭ ئۈچۈنمىكىن، ئۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ كۆرۈندى. ئومۇمەن،
ئۇنىڭ باشقا چىركاۋلاردىن پەرقىمۇ يوق ئىدى. پەقەت قا-
راڭغۇلاشتۇرۇپ قويۇلغان مېھرابىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى كۆزلىرى
بىر نۇقتىغا ئۇدۇل قادالغان ئەيسانىڭ قارامتۇل چاچلار
ئوتتۇرىسىدىكى يۈزى ھەددىدىن زىيادە ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى.
ئۇنىڭغا ئاپئاق بوز يورۇقلۇق چۈشۈرۈپ قويۇلغانىدى. ھەر
ئىككىلەن — خۇدانىڭ سادىق بەندىسىمۇ، تېخى ئەركىن
تەپەككۇر قىلىشتىن مەھرۇم بولمىغان تالىپمۇ تىزلىنىپ تاۋاپقا
كىرىشتى، كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، پۈتۈن ئوي - خىيالى
بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىگىلا تىلەك تىلەش
ئۈمىدىدە ئىدى. چۈنكى ئۇ يەر يۈزىنىڭ ئۆزى خالىغان نۇق-
تىسىدا، كۈننىڭ ئۆزى خالىغان ۋاقتىدا ئادەملەر بىلەن، ھەتتاكى
پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلەن بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا خالىغىنىچە
ئۇچرىشالايتتى. ئۇنىڭ چەكسىز قۇدرەتلىكلىكىمۇ شۇنىڭدا ئىدى.

بۇ قېتىممۇ ھەر قاچانقىدەكلا بولدى: ئىبادەت پەرزىنى
ئادا قىلىۋېتىپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تەشۋىش - قايغۇلىرىنى
ئۇنىڭغا بايان قىلىشنى، ئۆزىگە ئىمان - ئېتىقادتىن كېلىپ
چىقىدىغان خۇلق - مىجەزلىرىنى ئاقلاشنى ئىستەيتتى. ئۇلار-
نىڭ ھەر بىرى كائىناتتا شۇنچىلىك كىچىك بىر نۇقتىنى
شۇنچىلىك قىسقا بىر مۇددەتتە ئىشغال قىلىپ تۇرۇپ، ئۆز-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

لىرىنى تەسەۋۋۇردىكى شۇ كائىنات بىلەن مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، چوقۇناتتى. يوروق ئالەمدە مېھمان بولغانلىقى ئۈچۈن ياراتقان ئىگىسىگە شۈكۈر ئېيتاتتى، ھەممە كۈنلەردىن كېيىن كېلىدىغان ئاخىرقى كۈنى ئاخىرەتكە ماڭغاندا تىلدا ۋە دىلدا ئۆزىنىڭ نامى بىلەن جېنىنى ئېلىشنى ئىلتىجا قىلاتتى...

كېيىن ئۇلار يەنە ھېلىقى خانىگە ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغىلى قايتتى. يۈزمۇ يۈز ئولتۇرۇپ، ئوچۇقتىن - ئوچۇق سۆزلەشتى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇكام، ساڭا پەند - نەسىھەت قىلماقچى ئەمەسمەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئاتا كوئوردىناتور ئاۋدىي كاللىستراتوۋنىڭ ئۇدۇلىدىكى يۇمشاق چەم ئورۇندۇقتا قولايلىقراق جايلىشىۋېتىپ. ئاۋدىي ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، مەكتەپنىڭ ئاددىي كىيىملىرى ئاستىدىن بۆرتۈپ چىققان تىزلىرىغا قوللىرىنى تىرىگەن پېتى تەۋەززۇ بىلەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا تەييارلاندى.

ئاۋدىي مەسىلىنى ئۆزۈل - كېسىل ھەل قىلىدىغان گەپنى كۈتكەنىدى. لېكىن ھەزرەتنىڭ قاراشلىرىدىن يا قەھر - غەزەپ ۋە يا باشقا بىرەر غەرەزنى ئۇقالماي، سەل ئەجەبلەندى. ئەكسىچە، ئاتا كوئوردىناتور قارىماققا غايەت خاتىرجەم، ۋەزمىن كۆرۈنەتتى.

— قۇلىقىم سىزدە، تەقسىر، — دېدى ئىستائەتمەنلىك بىلەن تالىپ.

— گەپ شۇنداق. مەن سېنىڭ تانابىڭنى تارتىپ قويغىلى كەلگىنىم يوق. ساڭا نەسىھەت قىلىپ ئولتۇرمايمەن. بۇلار ئاددىي نەرسىلەر، ساڭا مۇناسىپ ئەمەس. سېنى يەڭگىلتەك دېيەلمەيمەن. لېكىن ئويلانماستىنلا قىزىپ كېتىپ ئېيتقان گەپلىرىڭ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماي قويمايدۇ. پەملى-

گەن بولساڭ كېرەك، سېنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى تەڭ ئورۇنغا
قويۇپ سۆزلىشىۋاتىمەن. ئوچۇقىنى ئېيتسام، سەن خېلىلا
ئەقىللىقسەن... كۆڭلۈمدىكىنى دەي، چېركاۋنىڭ مەنپەئىتى
ئۈچۈن، ئەقىل - پاراستىڭنى ئۇنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىگە قارشى
قىلىپ قويما، ئەكسىچە، خۇدا يولىدا پۈتۈنلەي ۋە قىلچىمۇ
ئېغىشماي خىزمەت قىلغىن. مەنمۇ بۇنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن.
سېنىڭ مەرھۇم پەدەرىڭنى ياخشى بىلەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن
پىكرىمىز دائىم بىر يەردىن چىقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇلىقىڭنى
ئاتلارچە سوزۇپ قويۇشۇم مۇمكىن ئىدى. ئاتاڭ ھەقىقىي
خرىستىئان، ياخشى ئادەم ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى بىلىم-
لىك، مەرىپەتلىك ئىدى. نېسىپ قىلغانىكەن. مانا، سېنىڭ
بىلەن، ئىدارە ئادەملىرىنىڭ رەسمىي تىلى بىلەن ئېيتقاندا،
كۆپ يىللار چېركاۋدا خىزمەت قىلغان مەرھۇم دىياكون ئىننو-
كېنتىي كاللىستراتوۋنىڭ مۆمىن ئوغلى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم. نەتىجە
نېمە بولدى؟ يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، باشتا سەن توغرۇلۇق
جىق ياخشى گەپلەرنى ئاڭلىۋىدىم. بۇ يەرگىمۇ ھازىر ئادەمنى
خېلى تەشۋىشكە سالىدىغان مەسىلە توغرۇلۇق كېلىۋىدىم. سەن
تېخى ئاددىي تالىپسەن، لېكىن ھېلىتىنلا خۇدانىڭ تەلىماتىنى
تەپتىش قىلىشقا چۈشۈپسەن. ئاغزىڭدىن چىقىۋاتقان پەلىپەتىش
گەپلەرگە قۇلاق سالسام، ياشلىقىڭغا ئېلىپ، قىڭغىر دەسسە-
ۋاتقان ئوخشايسەن. بىر نەرسىگە ئىشەنگۈم كېلىدۇ. گەپ
شۇنىڭدىكى، ئانچە - مۇنچە سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ، ئادەم
ياشلىقتا ئۆزىگە قاتتىق تەمەننا قويىدۇ. بۇ، تۈرلۈك - تۈمەن
ئادەملەردە ئۆزلىرىنىڭ خۇي - پەيلى ۋە ئالغان تەلىم -
تەربىيىسىگە قاراپ، ھەر خىل نامايان بولىدۇ. تۇرمۇشنىڭ
تۈگمىنىدىن پۈتۈن چىققان، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان
ئادەمنىڭ ھاياتلىق شامى يېنىپ تۇرغىنىدا ئىشەنچىنى يوقات-

www.uyghurkitap.com

قانلىقىنى ياكى ئاتالغۇلار بىلەن ئۇقۇملارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن تەلقىن قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باققانمىدىڭ؟ ياق، بۇنداق نەرسە روي بەرگەن ھالەتتىمۇ بەزى - بەزىدە تاسادىپىي يۈز بېرىدۇ. ئادەم يېشى چوڭايغانسېرى ئىلاھىيەتنىڭ ماھىيىتىنى شۇنچە چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ھەممە ياۋروپا پەيلاسوپلىرى، بولۇپمۇ ئالتوپىلالىك ئىنقىلاب دەۋرى ھارپىسىدا دىنغا قارشى دەھرىيىلەرچە ھۇجۇم باشلىغان (بۇ ھۇجۇم ئۈچ يۈز يىلدىن بېرى تىنماي داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ) ھېلىقى فرانسۇز قامۇسچى ئالىملىرىمۇ ناھايىتى ياش ئىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— راست دەيسىز، تەقسىر، ياش ئىدى، — تەستىقلىدى ئاۋدىي.

— مانا كۆردۈڭمۇ. بۇ ياشلىقتا، نېمە دېسەمكىن، بۇ، چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىك ياشلارغا خاس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ. ھازىر ياش - قېرى ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ. شۇنداق قارىغاندا، چەكتىن ئېشىپ كېتىش ياش بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسە بولۇپ چىقىدۇ.

— توغرىلىقىغۇ توغرا، لېكىن سىز دەۋاتقان ئاشۇ چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلەر، ئادالەت يۈزىسىدىن تەن ئېلىشىمىز كېرەككى، ئېتىقادى ئىنتايىن كۈچلۈك ئادەملەر، تەقسىر، — لوقما سالدى ئاۋدىي.

— شۈبھىسىز، شۈبھىسىز، — ئالدىراپ - تېنەپ رازى بولدى ئاتا كوئوردىناتور، — ئەمما بۇ ئالاھىدە مەسىلە. ھەر ھالدا ئۇلار چىركاۋ خادىمى بولمىغان، دىنغا بولغان مۇناسىۋىتىمۇ خۇسۇسىي ئىشتىن نېرىسىغا ئۆتمىگەن. ئۇلارنىڭ يولى باشقا. سەن بولساڭ، كېلەچەكتە پوپ بولىسەن، ئۇكام.

— ئۇنداقلا بولماس، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئاۋدىي، — ھەرھالدا، ئادەملەر ماڭا ۋە مېنىڭ بىلىملىرىمگە تولۇق ئىشەنىشلىرى كېرەك.

— سەۋر قىل، — قاپقىنى تۈردى ئاتا كوئوردىناتور، — سىنىڭ پايدا ئىگىنى كۆزلەپ ئېيتىۋاتقان گەپلىرىمنى چۈشىنىشنى خالىمىساڭ، ئۇنداقتا مەيلى، باشقىچە سۆزلىشىمىز. خوش، بىرىنچىدىن، دىن - ئىمانغا شەك كەلتۈرىدىغانلار سىنىڭدىن بۇرۇنمۇ ئۆتكەن، سىنىڭدىن كېيىنمۇ بولىدۇ. سىنىڭدەك گۇمانخورلارنى چىركاۋ جىق كۆرگەن. نېمە بوپتۇ؟ ھەربىر ئىشنىڭ بىر ئۇدۇمى بولىدۇ. بۇنداق ئۆتكۈنچى، تاسادىپىي ۋەقەلەر بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا بىر يېشىمگە كېلىدۇ: يا ئادەم ئۆز شۈبھە - گۇمانلىرىدىن تامامەن كېچىدۇ ۋە ئېغىشماي، غەيرەت - شىجائەت بىلەن دىن - ئىمان يولىنى تۇتىدۇ، نەتىجىدە روھانىيلار ئوتتۇرىسىدا مەغپىرەتلىك بولىدۇ؛ يا كۇپۇرلۇق يولىدىن قايتمىسا، ئۇنداق مۇرتەت چىركاۋ تەرەپتىن رەت قىلىنىدۇ ۋە بېشىغا توقىلەنەت ياغىدۇ. ئۈچىنچى يول يوق، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىلەمسەن شۇنى؟

— ھەئە، تەقسىر، لېكىن ئۈچىنچى يول مېنىڭدىن كۆپرەك چىركاۋنىڭ ئۆزىگە كېرەك.

— مانا كۆرۈڭ، — مەسخىرە قىلغاندەك بېشىنى چايقىدى ئاتا كوئوردىناتور، — تاپقان گېپىڭنى قارا، — دەپ خىتاب قىلدى ۋە ئاچچىق كىنايە بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قېنى، مەرھەمەت قىلىپ ماڭا دەپ بەرگىنە، مۇقەددەس چىركاۋغا تەكلىپ قىلىدىغان ئۈچىنچى يولۇڭ نېمىكىن؟ ئىنقىلاب ئەمەستۇر ھەرھالدا؟ مۇندىقىنى تېخى تارىخنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمىغانىدى...

— ئەسىرلەر بويى قېتىپ قالغان پىكىرلەرنى ئۆزگەرتىش، ئەقىدىچىلىكتىن قۇتۇلۇش، ئىنسان روھىغا خۇدانى چۈشىنىشتە ئەركىنلىك بېرىش ۋە خۇدانى ئىنسان بارلىقىنىڭ ئەڭ ئالىي نامايەندىسى دەپ بىلىش...

— ئەستەغپۇرۇللا، بەس! بەس! — تىترەپ، ئاچچىقلاپ كەتتى ئاتا كوئوردىناتور، — بۇ ئۆز بېشىمچىلىقىڭ بەكمۇ كۆلكىلىك، ئۇكام!

— ئەگەر سىز، تەقسىر، مۇستەقىل پىكىرگە ئىگە بولۇشنى قارىلىسىڭىز، ئۇ هالدا گەپلىشىپ ئولتۇرۇشىمىزنىڭ هاجىتى يوق!...

— دەل شۇنداق، قىلچە هاجىتى يوق! — قايناپ كەتتى ئاتا كوئوردىناتور ۋە ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازى گۈلدۈرلەپ چىقىشقا باشلىدى. — كۆزۈڭنى ئاچ، بالا! هاكاۋۇرلۇق قىلما! هالاكەت قىرغىقىغا بېرىپ قاپسەن! سەن بەتبەخت، خۇدانى پەقەت ئۆز تەسەۋۋۇرۇڭدا مەۋجۇت دەپ بىلىسەن، ئادەمنى خۇدا سىرتىمدىكى خۇدا دەپ چۈشىنىسەن. هالبۇكى، ئاتىنىڭ ئۆزى پەلەكنىڭ ئىقتىدارى بىلەن يارىتىلغان. سەن يېڭىچە تەپەككۇر قىلىش نىقابى ئاستىدا بىدئەتچىلىككە بېرىلىپ، ئادەمزات نەچچە مىڭ يىللاپ ئېغىر قىيىناق ۋە ئىزتىراپلار ئىچىدە تاپقان، ئۇلارغا غايەت قىممەتكە چۈشكەن، هالالىنى هالال، هارامنى هارام قىلغان سۆزلەرنى يوقىتا چىقارماقچىسەن. ئۇ سۆزلەر نەچچە - نەچچە ئەۋلاد ئىنسان قوۋملىرىنىڭ ئىلاهىي ئەھكامىغا ئايلانغان. سەن ئەقىدىچىلىكتىن خالاس بولىسەن دەپ نېمىگە ئېرىشىسەن؟ هالبۇكى، بۇ ئەقىدە، بۇ ئەھكاملار خۇدانىڭ نىيىتى. چېركاۋ بىدئەتسىز ياشاپ كەلگەن، يەنە ياشاۋېرىدۇ. ئەقىدىسىز، ئەھكامسىز دىن - ئىمان يوق. هامان گەپ ئېچىلىدۇ، ئېسىڭدە تۇت: ئەقىدىچىلىك ھەرقانداق قانۇن - قائىدە ۋە نىزاملارنىڭ ئاساسى، ھەرقانداق هاكىمىيەتنىڭ ئۇلى. يادىڭدىن چىقمىسۇن. سەن خۇدانى گويا يېڭى پىكىر بىلەن ياخشىلىماقچى بولىسەن، ئەمەلدە بولسا، ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىسەن. ھەتتا ئۆزۈڭنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇشتىن نومۇس قىلمايسەن! لېكىن ياخشى-

لىق ۋە مەرھەمەت ساڭا باغلىق ئەمەس، ساڭا ئوخشاشلارغىمۇ باغلىق ئەمەس. خۇدانىڭ ئىشەنچ - ئىختىيارى ئۆزىدە. بىزنى نېمە قىلغۇسى كەلسە، ئۆزى بىلىدۇ. سېنىڭ گۇمانخورلۇقۇڭ ئۆز بېشىڭنى يەيدۇ. خۇداۋەندە كېرەم بولسا، باقىي ۋە مەڭگۈلۈكتۇر! ئامىن.

ئاۋدىي كاللىستراتوۋ ئاتا كوئوردىناتورنىڭ يېنىدا چىرايى تاتارغان ھالدا تۇراتتى، ئۇنىڭ بۇنچىلىك قەھر - غەزەپكە كېلىپ، ئۆزىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېزىلدى. لېكىن بەربىر دېگىنىدىن قايتمىدى:

— ئەپۇ قىلىڭ، تەقسىر. ئۆزىمىزدىن چىقىۋاتقان نەرسىلەرنى ئىلاھىي كۈچلەرگە باغلاپ ئولتۇرمايلى. بولمىسا، نېمىشقا ئۇ بىزنى شۇنچىلىك ئاجىز ۋە كەمتۈك قىلىپ يارىتىدۇ؟ ئۇ ئۆزى بىنا قىلغان مەخلۇقلارنىمۇ ئىككى قارىمۇقارشى تەرەپكە — ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا ئاجرىتىۋەتمەسلىكى كېرەك ئىدىغۇ؟ نېمىشقا ئۆزى بىزنى بۇنچىلىك شەك - شۈبھە، ئىللەتلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويىدى؟ نېمىشقا ئادەملەر بۇنچىلىك مەككار؟ خۇدانىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلىۋاتقىنىدىمۇ ئۆزلىرىنى مەككارلىقتىن نېرى قىلالمايدۇ. خۇداغا بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ سىز دىن - ئىمان تەلىمى مۇتلەق كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئىستەيسىز. ئالەم ۋە ئادەم روھىنىڭ ماھىيىتى بىر مەرتىۋە پۈتۈنلەي ئەبەدىيەتكە ئېچىلغان دەپ ھېسابلايسىز. لېكىن، بۇ ھەرگىز مەنتىققە توغرا كەلمەيدىغۇ، ناھايەت. بىز خرىستىئانلىقنىڭ ئىككى مىڭ يىللىق داۋامىدا ئاشۇ ئەلمىساقتىن قالغان ئەھكاملارغا ئۆزىمىزنىڭ بىر ئېغىز يېڭى سۆزىمىزنى قوشالمىساق - ھە؟! سىز ھەقىقەتكە بىر ئۆزىڭىزلا ھاكىملىق قىلىشنى ئىستەيسىز. لېكىن بۇ، ئاز دېگەندە، ئۆز - ئۆزىنى ئالداشتۇر. ھالبۇكى، ھەقىقەتنى بىر مەرتىۋە ۋە بىر ۋاراقىي

بىلىپ يەتكەن تەلىماتىنىڭ، ھەتتا ئىلاھىي تەلىماتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مۇبادا، شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ ئۆلۈك تەلىماتتۇر.

ئۇ جىم بولدى. ئارىغا چۈشكەن جىمجىتلىقتا شەھەر چېركاۋىنىڭ قوڭغۇراق سادالىرى كىرىپ كەلدى. قوڭغۇراق ساداسى ئاۋدىيغا خۇددى ئىنسانىنى خۇداغا باغلاپ تۇرغان رىشتىدەك غايەت يېقىن ۋە شۇنچىلىك تونۇش ئىدى. شۇ چاغدا ئاۋدىينىڭ ئاشۇ سادالاردەك چەكسىزلىك ئىچىدە ئۈزۈپ، كۆزدىن يىراقلىشىپ، يوق بولۇپ كەتكۈسى كەلدى...

— سەن بەكمۇ ھەددىڭدىن ئېشىۋاتىسەن، يىگىت، — دەپ غودۇردى ئاتا كوئوردىناتور. ئەمدى ئۇنىڭ ئاۋازى سوغۇق ۋە باشقىچە ئىدى، — سېنىڭ بىلەن دىنىي ماۋزۇلاردا تالىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، چۈنكى بىلىملىرىڭ تولىمۇ خام ۋە ھەتتا شۈبھىلىك. سېنى ئىنسانلارنىڭ زالىم دۈشمىنى ئىبلىس ۋەسۋەسىگە سېلىپ قويدىمۇ - يا؟ لېكىن سۆزۈمنىڭ ئاخىرىدا ساڭا بىر نەرسىنى ئېيتىپ قوياي: سەن بۇنداق پىكىرلەر بىلەن ھېچقاچان بەخت تاپالمايسەن. ئەمەلىيەتتە، ئاساسلىق ۋە ئېتىبارلىق تەلىماتلاردىن شۈبھىلىنىدىغانلارنى دىنغا ئالاقىسى بولمىغانلارمۇ زادى ياقتۇرمايدۇ. ھەرقانداق ئىدىيە ئۆزىنى ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىگىسى دەپ بىلىدۇ. سەن بولساڭ بۇ نەرسىلەر بىلەن توقۇنۇشىسەن. بىر قاراشتا ئۇنچىلىك بىلىنمىسىمۇ، دۇنياۋى ھايات غايەت رەھىمسىز. سەن تېخى يەڭگىلتەكلىكىنىڭ جازاسىنى تارتىسەن. شۇ چاغدا مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئەسلەيسەن. لېكىن بولدى. مەكتەپتىن كېتىسەن، ھازىرلىق كۆر، چېركاۋ سېنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. خۇدانىڭ ئۆيىنى كۆپرەك تەرك ئەت!

— مېنىڭ چېركاۋىم دائىم ئۆزۈمدە، — بوش كەلمىدى

ئاۋدىي كاللىستراتوۋ، — مېنىڭ چېركاۋىم — مەن ئۆزۈم. مەن ئىبادەتخانىلارنى تەن ئالمايمەن. روھانىيلارنىمۇ ئۇلارنىڭ ھازىرقى سەۋىيىسىگە قاراپ تەن ئېلىشنى خالىمايمەن.

— نېمىمۇ دەيتتۇق، بوتام، خۇدانىڭ ئۆزى رەھىم قىلسۇن. لېكىن بىلىپ قوي، دۇنيا ساڭا دېگىنىڭنى قىلدۇرىدۇ. ئۇ يەردە ئۆز كۈنۈڭنى ئۆزۈڭ كۆرۈشۈڭگە توغرا كېلىدۇ. نەچچە-نەچچە مىليونلاپ ساڭا ئوخشاشلارنىڭ بەللىرى سۇنۇپ يېتىپتۇ. جېنىمنى باقاي دەپ...

ئاۋدىي قايتا - قايتا ئېيتىلغان بۇ سۆزلەرنى بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىملاپ ئەسلىدى. لېكىن ئاۋدىي كاللىستراتوۋغا ھاياتنىڭ ئەڭ ئالىي مەنىسى ھەر دائىم تېخى ئالدىدا — تۈرلۈك ئۈپۈقلاردا كۆرۈنەتتى. يولىدىكى ھەممە چىگىشلەر، تۇرمۇش سەۋدالىرى ۋاقىتلىقتەك تۇيۇلاتتى، ئادەملەرنىڭ بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئەگىشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھاياتنىڭ ئەسلى مەنىسىمۇ شۇنىڭدا ئەمەسمۇ؟

ئاۋدىي شۇ كۈنلەردە نەشكەش چاپارمەنلەر بىلەن چۆللەر قوينىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ، پويىز دېرىزىسىدىن ھۇۋلاپ تۇرغان تاقىر ماكانلارغا ئەتىگەندىن كەچكىچە تىكىلىپ، ئۆزىگە ئۆزى دەيتتى: «مانا، ئەمدى ئۆز ئىختىيارىڭ ئۆزۈڭدە بولدى، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سېنى باغلاپ، قولۇڭنى تۇتۇپ تۇرغان ھېچ نەرسە يوق. نېمىنى خالىساڭ، شۇنى قىلىسەن. خوش، بۇ سەرسانلىق - سەرگەردانلىقتا نېمە تېپىۋاتىسەن؟ ئېسىل، ھەقىقىي ھاياتنىڭ ئۆزى مانا شۇ. سەن ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇيۈز تۇرۇپسەن. يۈز يىل ئىلگىرى قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق. ئادەملەر قەيەرلەردىندۇر قەيەرلەرگە بارىدۇ، سەن بولساڭ شۇ يولۇچىلارنىڭ بىرى، نەشكەش چاپارمەنلەرمۇ يولۇچى، لېكىن ئەشەددىي يولۇچى، ئۇلار ئەڭ دەھشەتلىك ئىللەتلەردىن بىرىنىڭ ئۇستىگە

تۇخۇم تۇغۇپ كۆن كۆرىدۇ. ئاشۇ كۆكۈچ تۇتۇن، ئاشۇ كەيپ-مەستانىلىك ئەرزىمىگەن نەرسىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ئادەمنى ئادەملىكتىن چىقىرىدۇ، ھەممىدىن جۇدا قىلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۆزى ئۆزىنى قۇربان قىلىپ تۇرغان چاغلىرىدا سەن ئۇلارنى قانداق قىلىپ ھىمايە قىلىسەن؟ بىلەمسەن، بۇلار نەدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ، سەۋەبى نەدە؟ ئۇندىمەيسەن. قايسى تەرەپتىن ياندىشىشنى، قايسى تەرەپتىن چۈشەندۈرۈشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەمسەن؟ دىنىي مەكتەپ قۇچىقىدىن ھايات دولقۇنلىرى ئىچىگە نېمە ئۈچۈن ئېتىلىپ چىقتىڭ؟ ئۇنى ئازراق بولسىمۇ ياخشى تەرەپكە ئۆزگەرتمەكچى ئەمەسمىدىڭ؟ مەكتەپتىكى سىنىپداشلىرىڭ سېنى ئىدىيالىست دەپ چاقىرىشاتتى. بەلكى توغرىدۇر. مۇنۇ چاپارمەنلەرنىڭ كۆزى ماڭا تىكىلىپ تۇرمىغاندۇر، ئۇلارنىڭ ئىشىغا، خۇلق - مىجەزىگە ئارىلىشىش زۆرۈرمۇ؟ قولۇڭدىن نېمىمۇ كېلەر؟ نېمە قىلىپ بېرىشىڭ مۇمكىن ئۇلارغا؟ ماڭغان يوللىرىدىن قايتۇرالامسەن؟ باشقىچە ياشاشقا كۆندۈرەلەمسەن؟ سەن قىينىلىپ، بۇ يېقى نېمە بولار، دەپ ئۆز گۆشۈڭنى ئۆزۈڭ يەۋاتىسەن. ئۇلار بولسا ئۆز ئالدىلىرىغا بىرلا مەقسەت قويغان ۋە بۇ مەقسەتتىن ئەسلا قايتمايدۇ، ئامىتىم كەلسە، بېيىسام دەيدۇ، بەختنى شۇنىڭدا دەپ ئويلايدۇ. قېنى، ئۇلارنى قايتا ئىشەندۈرۈپ باققىنا. ئۇلار ھەقىقەتكە تىك قارىيالامدىكىن؟ ئەگەر ئارىلاشمىساڭ، ياردەم بەرمىسەڭ، ئۇلار بالدۇرمۇ - كېيىنمۇ تۈرمىگە چۈشىدۇ، كۆچمەنلەر رايونىنى تولدۇرىدۇ ۋە بۇنى ئەيىب دەپ ئەمەس، كۈلپەت دەپ قارايدۇ. قېنى ئەمدى، ئۇلارنى شۇ رەسۋاچىلىقتىن قايتۇرۇۋالساڭ، پۇشايمان قىلىپ، تۆۋا قىلىپ، دىللىرى تازىلانسا، جىنايەتتىن يۈز ئۆرۈپ، بەخت - سائادەتنىڭ نېمىدە ئىكەنلىكىنى چىندىن ھېس قىلسا، قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! لېكىن ئۇلارنىڭ بەختى

نېمىدە؟ بىز قەدىرلىگەن نەرسىلەردىمۇ؟ ئەمما قەدىر - قىممە-
تىمىزنىڭ ئەسلى باھاسىنى چۈشۈرۈپ تاشلىغانمىز، غايەت
خۇنۇكلەشتۈرۈۋەتكەنمىز. بەلكى كۆلكىگە قالغان بوۋاي - مو-
مايلارنىڭ خۇداسىدىمىكىن ئۇلارنىڭ بەختى، لېكىن بۇ بىر
تېپىشماقمۇ ئاخىر؟ ئۇمۇمەن ئالغاندا، دەستە - دەستە پۇل تې-
پىش ئىمكانىيىتى تۇرغاندا، قۇرۇق گەپ نېمە قىلىپ بېرەلەيدۇ؟
ھازىر كىمگە قارىما، ئاغزىدا بىرلا گەپ: قۇرۇق رەھمىتىڭنى
پىشۇرۇپ يە، بىكارغا مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. پۇل ئۆز
ئېتى بىلەن پۇل - دە! چاپارمەنلەرنىڭ چۆنتەكلىرىگە كىرى-
ۋاتقان شۇ پۇللار ئۆزىمىزنىڭلا پۇلى ئەمەس. چەت ئەل پۇللى-
رىمۇ بار ئۇلارنىڭ ئىچىدە — قاراڭ، قانچىلىغان تەلەپكارلارنىڭ
كەلگىنىنى — مورمانىسكى، ئودېسسا، بالتىق بويى، ھەتتا يى-
راق شەرقتىكى پورت شەھەرلىرىدىن؟ نەگە كېتىۋاتىدۇ شۇنچە
نەشە؟ ئۇنىڭ سېغىزى ۋە مومىدىن ئىشلەنگەن باشقا نەرسى-
لەرچۇ؟ گەپ نەگە كېتىۋاتقانلىقىدىلا ئەمەستۇر؟ نېمىشقا بۇنداق
بولۇۋاتىدۇ، نېمىشقا بىزنىڭ ھاياتىمىزدا، بىزنىڭ ئىجتىمائىي
سىستېمىمىزغا يات، دەپ پۈتۈن دۇنياغا جار سالغان بىزنىڭ
جەمئىيىتىمىزدە بۇنداق بولۇشى كېرەك؟ قېنى، شۇنداق بىر
ماتېرىيال يازساڭكى، ئۇنىڭغا ھەممە ئۆزىنىڭ جانىجان ئىشى-
دەك مۇناسىۋەتتە بولسا، ئۇنىڭغا ئۆز ئۆيىدە يېنىۋاتقان يان-
غىندەك، پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئاپەتتەك قارىسا، ئەنە
شۇ چاغدا ئېيتىلغان سۆز ھەممە خالىس نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ
قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن پۇلدىن ئۈستۈن چىقىدۇ ۋە يا-
مانلىقنى يېڭىدۇ! ئىلاھىم، شۇنداق بولسۇن، ئەجرى بىكار
كەتمىسۇن، ... شۇنداق تۇرمۇش كەچۈرگەي، شۇنداق تەپەككۇر
قىلغاي...

لېكىن، يارەببىم، سېنىڭدىن سورايمەن: شاراق - شاراق

پۇللار تۇرغاندا سېنىڭ كالامىڭ نېمىدۇر؟ يوشۇرۇن ئىللەتلەر ئالدىدا سېنىڭ ھۆكمىڭ نېمىدۇر؟ ئادەم قوزغاۋاتقان ياۋۇزلۇقنى يالغۇز كالام بىلەن قانداق يەڭگىلى بولىدۇ؟ ماڭا ئۆزۈڭ كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىل، باشلىغان يولۇمدىن ۋە ئىشىمدىن مېنى تەرك ئەتمە، مەن يالغۇز ئۆزەملىمەن، ھازىرچە ھېچكىمىم يوق، پۇلغا دوم چۈشىدىغانلارنىڭ بولسا، ھېسابى يوق، سان - ساناقسىز...».

* * *

موسكۋا — ئالمۇتا پويىزى ساراتوۋ زېمىنىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئىككى كۈندىن بېرى قازاقستان چۆللىرىدە كەزمەكتە ئىدى. ئاۋدىي كاللىستراتوۋنىڭ تۇران تەرەپلەرنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى. ئۇ بىر زامانلاردا روسىيە تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان جۇغراپىيىۋى ماكانلارنىڭ، ئۆلكىنىڭ بۇنچىلىك كەڭلىكى ۋە مىقياسىدىن ھەيران بولاتتى — ھەقىقەتەن ھەم كۆز ئالدىدا باش - ئايىغى يوق پايانسىز يەرلەر سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئەگەر سىبىر بىلەن قوشۇپ ھېسابلىساق، دەپ خام چوت قىلاتتى ئۇ، يەر يۈزىدىكى قۇرۇقلۇقنىڭ دېيەرلىك يېرىمى... يەنە بۇ يەرلەردە ئادەم تۇرىدىغان قونالغۇلار ئاندا - ساندىلا ئۇچرايدۇ... شەھەرلەر، قىشلاق ۋە ئاۋۇللار، بېكەتلەر، ئاندا - مۇندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان مال قوتانلىرى، پادىچى - چوپانلارنىڭ پاكار قورالىرى — ھەممىسى تۆمۈريولغا قاراپ يېپىشىپ تۇراتتى، ئۇلار ماي بوياق بىلەن بىپايان چۆل سۈرىتىنى سىزىش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان، لېكىن دەسلەپكى بوياقلىرىلا بېرىلگەن رەختكە ئوخشايتتى، بىراق سۈرەت كېيىنچىرەك سىزىلماي، پەقەت بىر تۈستىكى بوز رەڭلىرى بىلەن

چالا قبلىپ كەتكەندەك ئىدى... بۇ ئەرەپتە سوزۇلۇپ كەتكەن
چېكى يوق چۆل، هازىر بۇ يەردە جىمىكى ئۆت ـ چۆپ گۈل-
لەپ ـ ياشنىغان پەسىل، چۆل بىرنەچچە كۈن مانا شۇنداق
جەننەتتەك گۈزەللىشىپ تۇرىدۇ، ئاندىن يەنە ئاپتاپنىڭ رەھىم-
سىز ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي سارغىيىپ سولىشىدۇ ۋە
كەلگۈسى باھارنى كۈتىدۇ...
ۋاگونلارنىڭ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىلىرىدىن گۈلگە كىر-
گەن چۆل چېچەكلىرىنىڭ خۇشبۇي پۇراقلىرى ئۇرۇپ تۇرىدۇ.
بولۇپمۇ، پويىز ئۆت تەرىپى ئوچۇق ئالىقانداق كىچىككىنە
بېكەتلەردە توختىغىنىدا، ئادەمنىڭ دىمىق ۋاگوندىن پەسكە
سەكرەپ چۈشكۈسى، ئۆزى كۆرۈمسىز بولسىمۇ، پۇرىقى رەيهان-
دەك ئۆتكۈر، قۇرغاق يەرلەردە ئۆسكىنىگە قارىماي ئېتى سۇ-
لۇق ئوت ـ چۆپلەر ئۈستىدە ئەركىن ـ ئازادە چېپىپ يۈرگۈسى
كېلىدۇ. قىزىق ـ ھە، دەپ ئويلايتتى ئاۋدىي، ناھايەت، ئاشۇ
يارىماس نەشىمۇ مانا شۇنداق بىمالال ئۆسۈپ تۇرسا ۋە ھىد-
لىرى ھەمما ياققا گۈپۈلدەپ تارقالسا، ئادەملەرنىڭ دىمىغىنى
تاتىلىسا ـ ھە؟ چاپارمەنلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىكى ماختاشلاردىن
قارىغاندا، نەشىنىڭ ھىدى ھەممىسىنىڭكىدىنمۇ ئۆتكۈر ۋە كۈچ-
لۈك ئىكەن. كەندىر ئېگىز بولۇپ، شاخلىرى ھەر تەرەپكە يې-
يىلىپ ئۆسىدىكەن. ياۋا كەندىرلىكلەردە ئۇنىڭ ئېگىزلىكى ئا-
دەمنىڭ بېلىگە كېلىدىكەن. ياۋا كەندىر ئۇدۇل كەلگەن يەردە
ئۆسۈۋەرمەيدىكەن. ياۋا كەندىر ئۆسىدىغان ۋە كەڭ تارقالغان
ئالاھىدە كەندىرلىك مەيدانلىرى بار ئىكەن. شۇنىڭغىمۇ شۈكۈر.
ئۇنى تېپىش ئۈچۈن شۇنچە ئاۋارىگەرچىلىك بولمىسا ھەممە
ئىش ئوڭايلا بولسا، ئۇ ھالدا نېمىلەر روي بېرىشىنى تەسەۋ-
ۋۇر قىلىش قىيىن... مانا، تەلەپچان چاپارمەنلەر ئۇزاق پورت
شەھەرلەردىن، دۇنيانىڭ ئۇ يېقىدىن بۇ يېقىغا نەشە خۇما-

www.uyghurkitap.com

رىدا كېتىۋاتىدۇ... يول تېخى يىراق، يەنە قانچىلىك يول يۈ-
رۈش كېرەك. ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ، بۇ ئىشلاردىن نېمە
چىقىدۇ، بۇنى خۇدا بىلىدۇ.

ئايرىم چاغلاردا ئاۋدىي كاللىستراتوۋ نېمىگە كېتىۋاتقانـ
لىقىنىمۇ ئۇنتۇپ، بۇ ئەل - يۇرتلاردا بۇرۇنقى زامانلاردا يا-
شىغان خەلقلەرنى تەسەۋۋۇرىدا جانلاندۇرۇشقا ئۇرۇناتتى، ئوقۇ-
غان كىتابلىرىنى، ئوقۇغۇچى چاغلىرىدا كۆرگەن كىنولىرىنى
ئەسلەيتتى، يوقلۇق دەشتىگە سىڭىپ كەتكەن مۇشۇ ھاياتنىڭ
ئىزلىرى ۋە قالدۇقلىرىنى كۆرگەندە، بىردىنلا خۇشال بولۇپ
كېتەتتى. خۇددى تاشلاپ كېتىلگەن قونالغۇلاردەك چۆللەردە
دۆمچەك - دۆمچەك چوقچىيىپ تۇرغان قوڭۇر تۆكىلەر، كونا
مەقبەرىلەر، مازارلار، ئۇچ - تۆتلا ھۇجرىدىن ئىبارەت كۆرۈم-
سىز ئاۋۇللار، كۆز بەھۇزۇر ئىلغا قىلىدىغان يالغۇز چېدىر ۋە
قارا ئۆيلەردە دۇنيادا بار - يوقلۇقىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان
خاراب، نامەلۇم قونالغۇلاردا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ھالىنى
ئويلاپ يۈرىكى ئېچىشىپ كېتەتتى، ۋەھىمە باساتتى... كۆز
ئالدىدىن خۇددى قەدىم - قەدىم زامانلاردىكىدەك ئېگەر -
جابدۇق توقۇلغان ئاتلارغا مىنگەن، باشلىرىغا ئۇچى ئۇچلۇق
كۇلاھ كىيگەن ئاتلىقلار بىردەم ئايرىم - ئايرىم، بىردەم توپ -
توپ بولۇپ ئۆتۈپ قالاتتى... ئادەملەر بۇ يەرلەردە قانداق
ياشىغان بولغىيتتى، يۈرەكلىرى سىقىلىپ ئۆلۈپ قالمىغانمىدىكىن،
ئۇسسۇزلۇقتىن قىرىلىپ كەتمىگەنمىدىكىن بۇ بىپايان دەشت -
باياۋاندا؟ كېچىلىرى، كېچىلىرى نېمە بولار؟ پەلەك كېچىسى
ئادەم بولمىغان سەھرالارغا پەسلەپ چۈشىدۇ، شۇنداق چاغلاردا
ئادەم ئۆزىنى قانداق سېزىدىكىن؟ چەكسىز ساما ئۇدۇلىدا
ئادەم ئۆزىنى تولىمۇ يالغۇز ۋە غېرىب ھېس قىلسا، ئەجەبلە-
نىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ شۇنىڭ ئۈچۈن بەزەن - بەزەن ئۆتۈپ

قالىدىغان پويىزلار ئۇلارغا ئارام بەرسە كېرەك. پويىزلارنىڭ
شاۋقۇنى چوڭ شەھەرلەردىلا ئادەملەرنىڭ قۇلىقىغا ياقمايدۇ،
زېرىكتۈرۈۋېتىدۇ. ئېھتىمال، بۇلارنىڭ ئەكسىچە، بىپايان چۆل-
لەرنىڭ كېچىلىرى كۆڭۈللەردە ئۇلۇغۋار مەرغۇللارنى ئويغىتار،
شېئىر باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ پايانسىز ئالەم ئالدىدىكى ئىن-
سان روھىنىڭ ئەركىن پەرۋازى...

لېكىن، ئۇ بۇنداق خىياللار بىلەن ئۇزاق مەشغۇل بولال-
مايتتى، يەنە چاپارمەن باللار بىلەن كېتىۋاتقانلىقى، قانۇن
يۈزىسىدىن ئالغاندا، جىنايەتكار ئادەملەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلغان-
لىقى يادىغا چۈشەتتى، گېزىتكە ئىجتىمائىي - ئەخلاقىي تېمى-
دا ماقالە يازىمەن دەپ، تا ۋاقتى - سائىتى كەلگۈچە شۇ
ھاياتقا، ئاندىن قالسا، نەشكەشلەرنىڭ ئىپلاسلىقلىرىغا چىدى-
ماقتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىدى. شۇنداق چاغلاردا كۆكرىكى
ئىختىيارسىز مۇزلاپ كېتەتتى، قورسىقىغا ئاللىقانداق ئاغرىق
كىرەتتى، گويا ئۆزىمۇ چاپارمەنلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قال-
غاندەك، جىنايەت يولىغا كىرگەندەك بەدىنىنى شۈركۈنۈپ، ۋە-
ھىمىگە چۈشەتتى. شۇنداق چاغلاردا ئۇ قورسىقىدا جىنى بار
ئادەملەرنىڭ ھالىنى چۈشەنگەندەك بولاتتى. جاھان قانچىلىك
ئۇلۇغ، يېڭى نەسىراتلار قانچىلىك شادىيانە تۇيۇلمىسۇن،
ئەگەر ئېڭىڭ ۋە خاتىرەڭدە نوقۇتتىنىمۇ كىچىك ئاغرىق نۇقتا
بولىدىغان بولسا، بۇلارنىڭ ھەممىسى تېتىمايدۇ، ئەقلىڭگە، يۈرىكىڭگە
ھالاۋەت بېغىشلىمايدۇ. شۇ ئاغرىق نۇقتا يوشۇرۇنچە، بىلىن-
دۈرمەستىن ئادەمنىڭ كەيپىياتىنىمۇ، ئەتراپىدىكىلەرگە بولىدى-
غان مۇناسىۋىتىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. ئاۋدىي كاللىسىراتوۋ ياۋا كەن-
دىر ئۆسىدىغان چۆللەرگە بىللە كېتىۋاتقان چاپارمەنلەرگە
زەن سېلىپ قارايدۇ، ئۇلارنى گەپكە سېلىشقا، ئۇچۇقتىن -
ئوچۇق پاراڭلىشىشقا ئىنتىلىدۇ. شۇنداق چاغلاردا خىيالىغا بىر

پىكىر كېلىدۇ: گەرچە چاپارمەن ھەمراھلىرىم سىرتىدىن قارىغاندا، ئۆزلىرىگە ئىشەنگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەربىرى قىلىۋاتقان ئىشىدىن خەۋپسىرەيدۇ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى بەربىر جازاغا تارتىلىدىغانلىقىدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. ھەئە، بۇ قورقۇنۇچ ئۇلارغا دائىم ئەگىشىپ يۈرىدۇ. شۇلارنى ئويلاپ ئاۋدىيىنىڭ ئۇلارغا يۈرىكى ئېچىشتى. ئۇلارنىڭ پوچىلىقلىرى، دىتسىزلىقلىرى، بىكاردىن - بىكار ۋارقىراشلىرى، قارتىۋازلىقلىرى، ھاراقخورلۇقلىرى، چاكىنىلىقلىرىنى — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشقا ھېچ نەرسە بىلەن ئىزاھلىغىلى بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، بۇنىڭدىن باشقىچە ياشاشنى ئۇلار تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدۇ. ئاۋدىي كاللىستراتوۋ بۇ ئادەملەرنى يامان يولدىن قايتۇرسام، كۆزلىرىنى ئاچسام، ئۇلار ئۆزلىرىگە باشقىچە، ئوچۇق بىر نەزەر بىلەن بىر قاراپ باقسا، ئۇلارنى ھاياتنى زەھەرلەپ تۇرغان قورقۇنچتىن ۋە شۇ قورقۇنچنىڭ تەقىبىدىن ئازاد قىلسام، دەپ ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ ئالغان ھەممە بىلىملىرى، يېتەرلىك دەرىجىدە يىغقان تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئالىيجاناب ۋە ياخشى نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىنى ئىزدەيتتى. ھازىر ئۇ مەكتەپتىن ئايرىلغان، چېركاۋدىن رەسمىي چەقىرىلغان بولسىمۇ، دىلىدا يەنىلا تەرغىباتچى ۋە ۋەزخان ئىدى، ئۇ ئادەملەرگە ھەقىقەت ۋە ياخشىلىق سۆزىنى ئۆزى بىلگەن، چۈشەنگەن دەرىجىدە يەتكۈزۈشنى ھايات يولىدا قىلالايدىغان بىردىنبىر ئۇلۇغ ئىشىم دەپ چۈشىنەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالاھىدە پەتىۋا ئېلىش شەرت ئەمەس، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈڭ سىغىنغان نەرسىگە بولغان ساداقىتىڭ كۇپايە. لېكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى تېخى ياخشى نىيەت، خالاس. ئۇ يۈرەك ۋە ئەقىل بۇيرۇقى بىلەن نېمە ئىش قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى تېخى تولۇق تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى. كۆڭلىدە شېرىن

خىياللارغا بېرىلىش، شۇ خىياللاردا پەسلەرنى پەسكەشلىكتىن خالاس قىلىش باشقا گەپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە پەند ـ نەسىھەتلەرگە، مەسلىھەتلەرگە ئەسلا موھتاج بولمىغان تىرىك ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىش بولسا، يەنە پۈتۈنلەي باشقا گەپ. ئۇلار خۇددى ئۆزلىرىگە ئوخشىغان، دۇنيانىڭ بىر چېتىگە نەشە يىغىش ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان ئاللىقانداق بىر ئاۋدىينىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرىگە موھتاج بولمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ تەقدىرىنى نۇرلۇق تەرەپكە بۇراش ئىشتىياقىدا يانغان ئاۋدىي كاللىستراتوۋ بىلەن ئۇلارنىڭ نېمە كارى بار دەيسىز. ئۇلارغا ئانېمىدى، ئاۋدىي كاللىستراتوۋ خۇدا دىنىي ئەقىدىلەر ئىچىدە ياشايدۇ، دىنىي ئەقىدىلەر ئىلاھىي قۇدرەت يارىتىش ئۈچۈن، چىن ۋە پاك ھەقىقەتتىن تۇغۇلمىقى كېرەك، دېگەن تۇرسا. ئاۋدىي بولسا، بۇنىڭغا دۇنيا قانۇنىيەتلىرىگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىدۇ. لېكىن، ئۇ تېخى بىر نەرسىنى بىلمەيدۇ: ياخشىلىق يامانلىق يولىغا كىرگەنلەرگە ياردەم بەرمەكچى بولغاندىمۇ، يامانلىق بەربىر ياخشىلىققا قارشى تۇرىۋېرىدۇ... ئەمما بۇ كۆرگۈلۈكلەر تېخى ئالدىدا...

## VI

تۆتىنچى كۈنى ئەزەن ۋاقتىدا قارلىق تاغلارنىڭ ئېگىز ـ پەس تىزمىلىرى كۆزگە چېلىقتى. پويىز ئۇلار كېتىۋاتقان چۇ ۋە موينقۇم چۆللىرىگە يېقىنلىشىپ قالغانىدى. تەپتەكشى تۈزلەڭلىكلەردىن كېيىن كېلىدىغان قارلىق تاغلار پايانسىز چۆل ماكانلاردا ئۆزىگە يارىشا بىر بەلگە بولۇپ قالغانىدى. چۆللەر قوينىغا كىرگەنسېرى تاغلار كۆزدىن يىراقلاپ، ئاندىن غايىب بولاتتى. لېكىن ئەنە، يەرنىڭ ئاۋۇ چېتىدىن قۇياش

www.uyghurkitap.com

بېشىنى كۆتۈردى ۋە ئالەمنى جىمجىت نۇرلىرىغا تولدۇردى. تەقدىرى بىر ـ بىرىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك ـ تۈمەن يولۇچىلار چۈشكەن پويىز تاغلارنىڭ يېنىغا بارماي تۇرۇپلا. تۇرنىلاردەك قاتار تىزىلغان ۋاگونلىرى قۇياشنىڭ دەسلەپكى نۇرلىرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ، تاڭنىڭ قىپقىزىل كۆكلىكى يېيىلغان باياۋانلارغا بۇرۇلدى. ئۇ ياقلاردا ئەمدى تاغلار كۆزگە تاشلانمايتتى ...

نەشكەش چاپارمەنلەر جالپاق ـ ساز بېكىتىدە چۈشۈشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭدىن ئۇ يېقىنغا ھەركىم ئۆزىچە، ئۆز بىلگىنىچە تەۋەككۇلىگە ھەرىكەت قىلاتتى. ئەمما توپ پەقەت مۇشۇ بىرلا. لېكىن بۇ توپنى كىم باشقۇرىدۇ؟ ئۇلارنى دائىم كۆز يۇمماي كۆزىتىپ تۇرغان كىم؟ ئاۋدىي كاللىستراتوۋ ئەنە شۇنى بىلمەكچى بولاتتى. لېكىن ئۇ باشقىلار شۇئىرلاشقان چاغلىرىدا دائىم تىلغا ئالىدىغان ئۇ شەخسنى بىلمەيتتى.

ئۈچ سائەتتىن كېيىن جالپاق ـ ساز بېكىتىگە يېتىپ كېلىشتى. چاپارمەنلەر يىغىشتۇرىدىغاننى يىغىشتۇرۇپ، ئولتۇرالماي قېلىشتى. ئۇلار كېچىسى ئۆلگۈدەك ئىچىشكەنىدى. پېترۇخا ئاخىرقى تاپشۇرۇقلارنى ئېلىش ئۈچۈن ئوزبىينىڭ ھوزۇرىغا بېرىشتىن ئاۋۋال ھاجەتخانىدا ئۇزاق يۇيۇندى. يولۇچىلار تازا دىققەت بولۇشتى. چاپارمەنلەر ئۆتكەن ئاخشام ئىچمىشنى شامپاندىن باشلاشتى. شامپاننى خۇددى لىمونات ئىچكەندەك ئەرمەك ئۈچۈن ئىستاكانلاپ ئىچىشتى. كېيىن ھاراققا ئۆتۈشتى. شۇنىڭ ئاسارىتى ئەتىگەندە خېلىلا بىلىندى. شۇمتەك لىيونكىغۇ، بولغىنىچە بولۇپ، رەسمىي سۆزلەپلا قالدى. ئاۋدىي ئەتىگەندە ئۇنى ئاران تۇرغۇزدى. جالپاق ـ سازغا كېلىپ قالدۇق، دېگەندىن كېيىنلا لىيونكا تەسلىكتە كۆزىنى ئېچىپ، تاختايغا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. چاچلىرى پاخپىيىپ تۇرغان بېشى

ئىنچىكە، ئاجىز بويىنىدا ئارانلا ئىسىلىپ تۇراتتى. شۇ شۇمتەكمۇ قانۇنغا خىلاپ يول بىلەن ئانچە - مۇنچە پۇل تاپاتتى. ئۇنىڭ ھاياتى ھېلىتىنلا تامامەن بەربات بولغان دېسە، ئەلۋەتتە، بۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

پويىز پايانسىز تۈزلەڭلىكلەردە راۋان كېتىپ بارماقتا ئىدى. قەيەردىدۇر، قايسىدۇر، بىر ۋاگوندا ئۇزىي كېتىۋاتىدۇ. بېشى چىڭقىلىپ ئايلىنىۋاتقان، ھېس - سېزىمىنى يوقاتقان پېترۇخا باش ئاغرىقىنى بېسىش ئۈچۈن، قارىيىپ كەتكەن بىر ئىستاكان ئاچچىق چاينى سۈمۈرۈپ ئىچتى - دە، ئالدىراپ - تېنەپ ئۇزىينىڭ يېنىغا ماڭدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇزىي ئىچىملىكنى ياخشى كۆرمىسە كېرەك. ئاۋدىي كاللىستراتوۋ ئۇزىينى يول بويى يىراقتىن بولسىمۇ كۆرەلمىدى. ۋەھالەنكى، ھەممىسى بىر پويىزدا كېتىۋاتىدۇ. كىم ئۇ؟ قانداق ئادەم؟ يېزىلغان يولۇچىلار ئىچىدىن ئۇنى تېپىپ باققىنا. ئۇ خۇددى قۇمۇشلۇقلار ئىچىدىكى قاراڭغۇ ئويمان ئىچىگە بېكىنىۋالغان مەخلۇقتەك تولىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ، يول بويى سەل - پەل بولسىمۇ ئۆزىنى بىلىندۈرمىدى. ئۇزاق ئۆتمەي پېترۇخا ئۇنىڭ يېنىدىن قاپقى سېلىنغان، جەھلى چىققان، لېكىن پۈتۈنلەي ھۇشيار بولغان ھالدا قايتىپ كەلدى. تېخى بارار يېرىگە يېتىپ بارماي تۇرۇپ قىلىنغان ئاخشامقى ئىچكىبازلىق ئۈچۈن ئۇزىي راسا بابلاپ ئەدىپىنى بەرگەن بولسا كېرەك. ئۇزىينىمۇ چۈشىنىشكە بولىدۇ. پويىز جالپاق - سازغا كېلىشى بىلەن ئىشلار قايناپ كېتىدۇ. شۇندىلىق پەيتتە سالپاڭ قۇلاق پېترۇخانىڭ غەرق مەست بولۇپ يۈرۈشى زادىلا توغرا كەلمەيتتى. مانا ئەمدى بىر ھەپتە بېشى ئاغرىپ يۈرىدۇ. پېترۇخا خۇددى ئاۋدىي بىرەر ئەيىبلىك ئىش قىلىپ قويغاندەك ئۇنىڭغا نارازى بولۇپ قارىغىنىچە، غودۇڭشىدى:

— ماڭ، گەپ بار.

ئۇلار ئىككى ۋاگون ئارىلىقىغا كەلدى. تاماكا چەكتى. پويىز چاقلىرى تىنماستىن تاراق - تۇرۇق قىلاتتى.

— ماڭا قارا، ئاۋدېيى، ئۇ قۇلىقىڭ بىلەنمۇ، بۇ قۇلىقىڭ بىلەنمۇ ئاڭلىۋال، — دەپ گەپ باشلىدى پېترۇخا.

— خوپ، قۇلىقىم سەندە، — دەپ پېشانىسىنى پۈرۈشتۈردى ئاۋدېيى.

— سەن بۇرنۇڭنى تولا پۈرۈشتۈرمە، — پېترۇخانىڭ تاقىتى تاق بولدى، — كىم بولىسەن زادى؟

— ۋاي، قويغىنا، پېيوتر، — دەپ ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى ئاۋدېيى، — نېمە قىلىسەن بىكاردىن بىكار خاپا بولۇپ؟ خوپ، مەن ئىچمەيمەن، سەن بولساڭ ئىچىسەن، خوش، نېمە بوپتۇ شۇنىڭغا، نېمە قىلىسەن، ئۆزۈڭنى قىيناپ؟ ياخشىسى، بۇنىڭ بۇ يېقىغا نېمە قىلىمىز، شۇنى دە.

— ئۇ تەرىپىنى ئۆزىي بىلىدۇ.

— مەنمۇ شۇنى سوراۋاتىمەن - دە، ئۆزىي نېمە دېدى؟

— كارىڭ بولمىسۇن، — ئۇنىڭ ئاغزىغا شارتلا ئۇرغاندەك قىلىپ دېدى پېترۇخا، — سەن دېگەن يېڭى ئادەم. شۇنىڭ ئۈچۈن لىيونكا ئىككىمىز بىلەن كېتىۋاتىسەن. ئۈچىمىز بىللە بولىمىز. باشقا باللارمۇ بىر - بىرىگە ھەمدەم - شېرىك بولۇپ ماڭىدۇ.

— چۈشىنىشلىك. ئېيتقىنا، قەيەرگە بارىمىز؟

— كارىڭ بولمىسۇن، مەن ئاپىرىمەن. جالپاق - سازدا چۈشىمىز. ئۇ يېقىغا ئۆزىمىز كېتىمىز. يولدا يولۇققان ماشىنىلارغا چۈشۈپ، «مويىنقۇم» سوۋخوزىغا يېتىۋالىمىز. ئۇنىڭ ئۇ يېقىدا تىرىك جان يوق، پىيادە كېتىۋېرىمىز.

— مانا كۆرۈڭ.

— ھە، نېمە دەپ ئويلىشىۋاتىسىلەر. «ژىگۇلى»دا ئاپىرىپ قويىدۇ دېيىشىدىغۇ؟ ئاڭلىسەن، بۇرادەر! ئۇ يەردە سەللا گۇمان پەيدا قىلىپ قويساڭ، دەرھال تۇتىۋالىدۇ. ماشىنا ياكى موتسىكلىتتا بارغانلارنىغۇ تاپ بېسىپ تۇتىدۇ، بىراقلا جۆندىۋېتىدۇ.

— ۋاي، مۇنداق دەڭ! ئۆزى كىم، نەدە، ئۇ كىم بىلەن بارىدۇ؟

— نېمە كارىڭ؟ — نارازى بولدى پېتروۋنا، — نېمىشقا ھەدەپ سۈرۈشتۈرۈپ قالدىڭ؟ بارامدۇ، كەلمەمدۇ، نېمە كارىڭ! بەلكىم بارماس! نېمە، ئۇ ساڭا ھېساب بېرىشى كېرەكمۇ - يا؟! نېمە دەپ چۈشەنگۈلۈك بۇ سۆزۈڭنى؟!

— بۇنىڭ نېمىسىنى چۈشەنمەيسەن. باشلىقىمىز بولغاندىن كېيىن قەيەردىلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك - تە. بىرەر ئىش - پىش چىقىپ قېلىشى مۇمكىن.

— دەل مانا شۇ نەرسىنى بىلىشىڭ ساڭا ھېچ ھاجىتى يوق، — ھاكاۋۇرلۇق بىلەن دېدى پېتروۋنا، — ئۇ نەدە بولىدۇ، نېمە ئىش قىلىدۇ، سېنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىشىمىز ئەمەس. كېرەك بولۇپ قالساڭ، سېنى يەرنىڭ تېگىدىنمۇ تېپىپ چىقىدۇ، — پېتروۋنا گېپىم قانداق تەسىر قىلدىكىن دەپ، بىر پەس ئەتەي جىم قاراپ تۇردى، ئاندىن تېخى كەيپىنىڭ ئاسارىتى تارقىمىغان ھارغىن كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى - دە، قوشۇپ قويدى، — ئاۋدىياي، ئۇ ساڭا، ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىسا، دائىم بېرىپ - كېلىپ تۇرسۇن، دېگەن گېپىنى يەتكۈزۈپ قويغىن، دېدى. ئەگەر، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، بىزنى ساتىدىغان بولساڭ، ياخشىسى، ھازىرلا كەينىڭگە يېنىپ كەت. بېكەتتە چۈشكىنىمىزدىن كېيىن ئاستا كېتىۋال. تۆت تەرىپىڭ ئوچۇق. ساڭا قولىمىزنىمۇ تەگكۈزمەي-

www.uyghurkitap.com

مىز. لېكىن ئىش باشلىدىڭمۇ، بولىدى، ئارقىغا قايتىشنىڭ يوق. ساتساڭ تىرىك قالمايسەن. ئوقتۇڭمىزۇ؟

— ئوقتۇم. ئوقماي نېمىدى؟ كىچىك بالىمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئاۋدىي.

— ئوندىاق بولسا، يادىڭدا تۇت: گەپ دېگەن بىر. ئىككى قولىقىڭ بىلەن ئاڭلىدىڭ. كېيىن بىلمەيتىمەن، ئاڭلىماپتىمەن، كەچۈرۈڭلار، دېگەن گەپلەر ئۆتمەيدۇ.

— بولدى قىل، پيوتىر، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئاۋدىي، — ھە دەپ بىرلا گەپنى دەلىۋېرەمسەن. ئەقلى - ھوشۇم جايىدا. نېمىگە كىيتىۋاتىمەن، نېمە قىلىمەن، بۇنى ئۆزۈم بىلىمەن. ياخشىسى، ساڭا بىر گېپىم بار، ئاڭلاپ قوي. بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئىچىملىكنى يىغىشتۇر. ليۇنكىغىمۇ ئىچۈرمە. ئۇ تەنتەك سەنمۇ نېمە قىلىسەن؟ مۇشۇ يەرلەردە، مۇشۇ ئىسسىقتا كاللىمىز قىزىپ تۇرسا، نېمىنى ھەقادىغا يەتكۈزۈپ بىغالايمىز؟

— توغرا، — دەپ تەن ئالدى پيوترۇخا ۋە تۆك تۈرۈك چاچراپ تۇرغان لەۋلىرىنى قىڭغايتىپ كۈلدى. ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندى، — توغرا گەپنى تەن ئالىمىز. ئىشەن، ئۆزۈممۇ ئاغزىمغا ئالمايمەن، ليۇنكىغىمۇ ئىچۈرمەيمەن. ۋەسسالام، بولدى!

ئۇلار پىكرى بىر يەردىن چىققانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، جىمىپ قالدى. پويىز چايقالغان پېتى جالپاق - ساز تەرەپكە تېز ماڭماقتا ئىدى. بۇ يەردە پويىز ھەيدىگۈچىلەر ئالمىشىدۇ، پاراۋوزمۇ ئالماشتۇرۇلىدۇ. كۆپلىگەن يولۇچىلار چۈشۈشكە ھازىرلىق قىلىشتى. ليۇنكىمۇ تەشۋىشلەنگەن ھالدا ئىككى ۋاگون ئارىلىقىغا قاريدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىلەر؟ — دېدى ئۇ بېشى ئاغرىغانلىق

تىن يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇش كېرەك.
بىر سائەتتە يېتىپ بارىمىز.

— قورقما، — جاۋاب بەردى پېترۇخا، — بىزگە يىغىشتۇرۇشنىڭ نېمە هاجىتى؟ قىز بالا ئەمەسقۇ بىز، خالتىمىزنى يەلكىمىزگە ئاسساقلا بولدى.

— لىيونيا، — دەپ بالىنى يېنىغا چاقىردى ئاۋدىي، — قېنى، بېرىراق كەلگىنە. بېشىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — لىيونكا ئەيىبدارلارچە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، — پېيوتر بىلەن كېلىشتۇق. بۈگۈندىن باشلاپ ئاغزىڭغا بىر تېمىممۇ ئالمايسەن، بولامدۇ؟ — لىيونكا ئۈندىمەي بېشىنى لىڭشىتتى، — بوپتۇ، بارغىن. بىز هازىرلا. قورقما، ئۈلگۈرىمىز.

— تېخى خېلى ۋاقىت بار، — دېدى پېترۇخا سائىتىگە قاراپ، — بىر سائەتتىنمۇ كۆپرەك، — دېدى لىيونكا كەتكەندىن كېيىن، — لىيونكىغا توغرا گەپ قىلدىڭ. چىلتەننىڭ ئۆزى ئىچمەن دەپ يېپىشىدۇ. ئىچكەندىن كېيىن پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. بولدى ئەمدى! ئىش پۈتتى. يولدا ئازراق ئەركىلىك قىلدى. هە، يەنە، گۇمان قىلىپ يۈرمە، مەن لىيونكىنىڭ پۇلىغا ئىچمىدىم. بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى شۇ ... لېكىن مەن ئۆزۈم ئېلىپ ئىچىمەن.

— گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، — دېدى ئەلەم بىلەن ئاۋدىي، — بالىغا ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ.

— راست دەيسەن، — ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ خورسىندى پېترۇخا. ئۇنى خېلىدىن بېرى بىر پىكىر قىيناپ كېلىۋاتقان بولسا كېرەك، پېترۇخا هازىر شۇنى ئوچۇق گەپلىشىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ئەسلىدى، — قۇلاق سال، ئاۋدىي، بىزگە كېلىپ قوشۇلۇشتىن بۇرۇن نېمە ئىش قىلاتتىڭ، ئىشلەيتتىڭمۇ؟ ئېلىپ - ساتارلاردىنمۇ سەن - يا؟ يوشۇرما، ئەمدى بىز

يا رېستوراندا بىللە ئولتۇرۇپ، مەززە قىلىمىز، يا تۇرمىدىن ئەخلەت چېلەكنى بىللە ئېلىپ چىقىمىز. يا ئۇنىسى، يا بۇنىسى!

ئاۋدېي يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى:

— ھايانكەش ئەمەسمەن. يوشۇرىدىغان يېرىم يوق. مەن ئىلگىرى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇغانمەن.

بۇنىسىنى پېترۇخا زادىلا كۈتمىگەنىدى.

— ئالدىرىما! دىنىي مەكتەپتە دەمسىنا؟ ھە، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، سەن پوپ بولۇش ئۈچۈن ئوقۇغان ئىكەنسەن - دە؟

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ...

— ئوھوي! — كۆزلىرىنى چەكچەيتتى پېترۇخا ۋە تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ئىسقىرتىپ قويدى، — نېمىشقا ئۇ يەردىن كەتتىڭ، قوغلىۋەتتىمۇ - يا؟

— ئۇنداق دېسەكمۇ توغرا، مۇنداق دېسەكمۇ توغرا. ئومۇمەن، تاشلاپ كەتتىم.

— نېمىشقا؟ خۇدانى تاپالمىدىڭلارمۇ؟ — شوخلۇق بىلەن سوراشنى توختاتمىدى پېترۇخا، — مانا، تاماشا!

— ھەئە، تاپالمىساق قالغاندەك قىلىمىز.

— قېنى ئېيتقىنا، سەن بىلسەڭ... خۇدا بارمۇ - يوقمۇ؟

— بۇنىڭغا جاۋاب بەرمەك تەس، پېيۇتىر. بىراۋ ئۈچۈن بار، بىراۋ ئۈچۈن يوق، ھەممىسى ئادەمنىڭ ئۆزىگە باغلىق. ئادەملەر يەر يۈزىدە قانچىكى ياشىسا، خۇدا بارمۇ - يوق دەپ شۇنچىكى ئويلايدۇ.

— ئەگەر بولسا، قەيەردە، ئاۋدېي؟

— بىزنىڭ ئوي - خىياللىرىمىزدا، ئېيتىۋاتقان سۆزلىرىمىزدە...

پېترۇخا ئويلىنىپ جىم بولۇپ قالدى. ۋاگون چاقلىرىنىڭ ئاۋازى بىردىنلا كۈچىيىپ كەتتى. ۋاگوندىن ئۆتۈۋاتقان

يولۇچىلار ئىشكنى ياپمىغان بولسا كېرەك. پېتروۋنا ئىشكنى ياپتى. چاقلارنىڭ تاراق - تۇرۇقى سەل بېسىلدى، ئاندىن ئۇ:

— ئۇيلاپ باقسام، خۇداغا ئىشەنمەيدىكەنمەن، — دېدى، — سەنچۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنەمسەن - يوق؟

— بىلمىدىم، پيوتر. ئىشەنسەمدىم دەيمەن، شۇنداق بولسىدى ...

— ساڭا ئۇ كېرەكمۇ؟

— ھەئە، ئۇنىڭسىز ئىلاجىم يوق ...

— مانا كۆرۈك، — نارازى بولدى پېتروۋنا. نېمىدۇر ئۇنىڭ چىشىغا تەگكەندى، — خۇدا كېرەك بولسا، ئۇ ھالدا نېمە يوق يەپ بىز بىلەن يۈرسەن؟

ئاۋدىي گەپنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ۋاقتىمۇ ، ئورنىمۇ ئەمەسلىكىنى سەزدى.

— لېكىن پۇلمۇ كېرەكقۇ، — دېدى ئۇ مۇرەسسە ئاھاڭدا.

— ھە، گەپ بۇ ياقتا دېسەڭچۇ. يا خۇدا، يا شاراق - شاراق پۇل! پۇلنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپسەن - دە!

— شۇنداقراق ئوخشايدۇ، — تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى ئاۋدىي.

بۇ گەپتىن كېيىن ئاۋدىي كاللىسترات‌وۋ خېلى نەرسىلەرنى ئويلىدى: يول بويى ھېچكىمگە قارىسىنى كۆرسەتمەي چابارمەن باللارغا كۆز - قۇلاق بولۇپ كېلىۋاتقان ئوزىنى ھەر كىمگە ئىشىنىۋەرمەيدۇ. ئۇ تازا ھىيلىگەر ۋە بەكمۇ رەھىمسىز بولسا كېرەك. ئەگەر قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ بىرەر يېرىدىن پېشكەللىك سېزىدىغان بولسا، ئۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ كەينىدىكىلەرنى خەۋپ ئاستىغا قويماسلىق ئۈچۈن ھەرقانداق يول بىلەن ئۈچ ئالىدۇ، ھېچ نەرسىدىن قايتمايدۇ. باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن

ئەمەس. ئۇ ھەرگىز ئاسانلا بولىدى ـ بەس قىلمايدۇ. ئاۋدىيىنىڭ چىقارغان بىرىنچى خۇلاسىسى شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ پېترۇغا ۋە باشقىلار بىلەن يولدا قىلىشقان گەپ ـ سۆزلىرىدىن ئېنىقلىغان ئىككىنچى نەرسىسى شۇكى، چاپارمەن باللارغا سۆز ئارقىلىق تەسىر ئۆتكۈزسە بولىدىكەن. ۋەزخاننىڭ ۋەزىپىسىمۇ شۇ: چىن دىلدىن سەمىمىي سۆز قىلىش، ھېچقانداق خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي سۆز بىلەن پىداكارلارچە چۈشەندۈرۈش؛ بىر چاغلاردا پىدائىي دەپ تارقاتقۇچىلار جانلىرىنى خۇدا يولىغا تىكىپ، ياۋايى ئافرىقا قەبىلىلىرى ئىچىگە ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كالامىنى يەتكۈزگەن ئەمەسمىدى؛ شۇڭلاشقا، ئاداشقان دىللارنى گۇناھتىن خالاس قىلىش ئۇنىڭ ئىسىل پەزىلىتى، ھاياتىنىڭ پۈتكۈل مەنىسى ۋە مەزمۇنىمۇ، ئېھتىمال، دەل مانا شۇنىڭدىدۇر. شۇنداق، ئۇ دىللارنى گۇناھتىن خالاس قىلىدۇ.

ئۇلار جالپاق ـ ساز بېكىتىگە ئەتىگەن سائەت ئون بىرلەردە يېتىپ كېلىشتى. ئىستانسا چوڭ بولۇپ، ئۇ يەردىن يەنە باشقا پويىزلارغا چىقىشاتتى. تۆمۈر يولنىڭ قوش ئىزى تاغدا كۆزگە چېلىققان يىراقتىكى قارلىق تىزما تاغلار تەرەپكە سوزۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە تۈرلۈك تەرەپلەرگە بارىدىغان يولۇچىلار ساماندەك ئىدى. چاپارمەن باللارغا بۇمۇ قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ. ۋاراڭ ـ چۇرۇڭغا تولغان ئىستانسىدا كۆزگە تاشلانماي بىمالال يۈرسە بولىۋېرىدۇ. ھەممە ئىش خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك سىلىققىنا ئۆتتى. چۈش پەيتىدە ھەممىسى ۋوگزالدىكى ئاشخانىغا ھېچكىمگە تۇيدۇرماي، چاققانلىق بىلەن يىغىلغاندا ئاۋدىي ھەيران قالدى: ئاۋدىينىمۇ قوشۇپ ھېسابلىغاندا، چۆلگە نەشە يىغىش ئۈچۈن بارىدىغانلار ئون ئىككى كىشى ئىدى (ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلدى). چاپارمەن

بالىلار ئۈستەللەر ئەتراپىدا بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ ئولتۇ-
رۇشاتتى. ھەممىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ، لېكىن
ھېچكىم ھېچكىمگە ئوچۇق سۆز قاتمايدۇ. ئۇلار ئاددىي يولۇ-
چىلاردىن زادىلا پەرقلەنمەيتتى. كۆپىنچىسى لېيونكىغا ئوخشاش
ئۆسمۈرلەر ۋە پېترۇخادەك خېلىلا بېجىرىم يىگىتلەر. تازا ياز
مەۋسۇمى. كىملەردۇر ئاللىقاياقلارغا كېتىۋاتقان، كىملەردۇر ئال-
لىقاياقلاردىن كېلىۋاتقان. ئادەتتىكىدەك ئاسىيالىقلار ياۋروپالىق-
لارغا ئارىلىشىپ كەتكەن ... تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن ساقچى
خادىملىرىنىڭ پات ـ پات بۇ يەرگە كىرىپ ـ چىقىپ تۇر-
غىنىغا ۋە ئىستانسىنىڭ ئۆزىدە قەدەمدە بىر ساقچى بولۇشىغا
قارىماي، چاپارمەنلەرنىڭ تۇرقىدىن ھېچ نەرسىنى بىلگىلى
بولمايتتى. ئۇلار تاماقنى تېز يەپ، ئورنىنى باشقا نۆۋەت
ساقلاپ تۇرغانلارغا بوشىتىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇددى بىر
ئىما ـ ئىشارەت بولغاندەك دەرھال ھەر تەرەپكە نېرى ـ
بېرى تارقىلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق
يۈكىمۇ بار: نان، كونسېرۋا ۋە باشقا خىلمۇ خىل زۆرۈر
نەرسىلەر سېلىنغان تور خالتىلار، تېرە سومكىلار، خۇرۇم
چامادانلار. مانا شۇنداق قىلىپ نەشكەش چاپارمەنلەر جاي ـ
جايلىرىغا، موينقۇم ئەتراپىدىكى تاقىر چۆللەر ئىچىگە تارقى-
لىپ كەتتى.

پېترۇخا، ئاۋدىي ۋە لېيونكا ئۈچەيلەن ئۆزىنىڭ بەلگى-
لىمىسى ۋە تاپشۇرۇقى بويىچە يولغا چۈشتى. ئاۋدىي ئۆزىنى
كۆرۈشكە بەربىر مۇيەسسەر بولالمىدى. لېكىن ھەممە ئىشنى
ئۆزى باشقۇرۇۋاتقانلىقىغا شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى. ئۇلار ئەڭ
يىراق جايغا — «ئۈچقۇدۇق» سوۋخوزىنىڭ موينقۇمغا تاقاش-
قان قىسمىغىچە ئۆزى تەرىپىدىن ئاجرىتىلغان ۋە پېترۇخاغا
بېرىپ قويۇلغان يىگىرمە بەش سومغا ئاشنا كىرا قىلىپ

بېرىشتى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى ئۇلار ئۆزىنى تامچى ئۇستىلار دەپ تونۇشتۇرىدىغان بولۇشتى. ئاۋدىي بولسا ياغاچچى بولدى. بۇ يەردە ياغاچچىنى كۆزگە سىرتكۇدەك قىلىشىدۇ. ئەسلىدىمۇ ئاۋدىي ياغاچچىلىق ئىشلىرىدىن خېلىلا خەۋەردار ئىدى. بۇنى ئاتىسى ئۇنىڭغا كىچىكىدىنلا ئۆگەتكەنىدى. پېترۇخا ئۇنىڭ يېڭى خالتىسىغا ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن رەندە، پالتا، ئىسكىنىگە ئوخشاش سايمانلارنى سېلىپ قويدى. پېترۇخا ئۆزىنى ۋە ليۇنكىنى سۇۋاقچى ۋە بوياقچى ئۇستا دەپ تونۇشتۇردى. ئۇلار گويا قۇرۇلۇش تېخنىكومىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، «ئۇچقۇدۇق» قا، موينىقۇمغا يازلىق تەتىلدە ئۆي سېلىپ، پۇل تېپىش ئۈچۈن كېلىشكەن. بۇنىڭغا كىم ئىشەنمەيدۇ.

كۈن ئىسسىق، لېكىن ئۈستى ئوچۇق يۈك ماشىنىسىنىڭ تۆپىسى شاماللىق بولغاچقا، ئاپتاپنىڭ تەپتى ئۇنچىلىك بىلىنمەيدۇ. چۆل يولىنىڭ مەززىسى يوق، ئوڭغۇل - دوڭغۇل، چاڭ - توزان.

ماشىنا ئويمانلارغا كىلىپ سىلكىنگەندە، چاقلار ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ يۇقىرىغا يوپۇرۇلىدۇ، يۆتىلىپ، كۆزلەرنى ئۇۋۇلىغىنىڭ ئۇۋۇلىغان. يول ئازابلىق بولغىنى بىلەن ئەتراپ كەڭ ۋە ھاۋالىق ئىدى. خىيالىڭغا ئىختىيارسىزلا. قانىتىم بولسا ئۇچۇپ كەتسەم، دېگەن پىكىر كېلىدۇ... «ئەمدى مەن پۈتۈنلەي ئىشەندىم، يەرمۇ سەييارە ئىكەن، — دەپ ئويلايتتى ئاۋدىي ماشىنىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، — نېمىشقا ئادەملەر يەرگە سىغمايدۇ، دائىم تارلىق قىلىدۇ، تويمايمەن، ئاچ قالىمەن، دەپ قورقىدۇ، ئۆزىگە ئوخشىغانلار بىلەن زادىلا چىقىشالمايدۇ. يەر شارىنىڭ ئۆزى بىر سەييارە، ئالدىن ھاسىل قىلىنغان پىكىرلەر، قورقۇنچ ۋە نەپرەت بۇ سەييارىنى تەنتەربىيە مەيدانى دەرىجىسىدە تارايتىپ قويۇپتۇ. بارلىق تاماشىبىنلارنىڭ ئۆمرى

مۇشۇ تەجرىبىيە مەيدانىغا گۆرۈگە قويۇلغان، شۇڭلاشقا، ھەر ئىككى كوماندا ئويۇندا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن، ئۆزلىرى بىلەن يادرو بومبىلىرىنى بىللە ئېلىپ كەلگەن، ئىشقىۋازلار بولسا ھېچنەرسىگە قارىماستىن ۋارقىراپ ـ جارقىرىشىدۇ: تەپ، تەپ، تەپ! سەييارە ــ مانا مۇشۇ. ھالبۇكى، ھەربىر ئىنسان ئالدىدا مۇقەررەر بىر ۋەزىپە تۇغرىسىغا تۇرۇپتۇ ــ بۈگۈن، ئەتە، دائىم ئادەم بولۇش. تارىخ شۇنداق يارىلىدۇ. ھازىر نېمىگە كېتىۋاتىمىز، قانداق مۇھىم ھاياتىي زۆرۈرىيەت ياكى ئېھتىياج بار ئىكىن ـ تاڭ، ئادەملەر ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زەھەر ـ ئوغا ئاختۇرۇشىدۇ. ئۇلارنى بۇنىڭغا نېمە مەجبۇر قىلىدۇ؟ ئۆز ئۆزىنى ئۇنتۇشنىڭ مۇشۇ دەھشەتلىك گىردابىدىن ئۇلار نېمە تاپىدۇ؟»

* * *

«ئۇچقۇدۇق» دېگىنى دۇنيانىڭ بىر چېتىدىكى قەلەندەرمۇ ئاياغ باسمايدىغان بىر قونالغۇ ئىكەن. ئۇلار بۇ يەردە ئۆزلىرىگە دەررۇ ئىش تېپىپ، بىر چوپاننىڭ چالا قالغان ئىمارىتىنى پۈتتۈرۈپ بېرىدىغان بولۇشتى. چوپاننىڭ ئۆزى بالا ـ چاقىسى بىلەن مال ھەيدەپ كەتكەن بولۇپ، قوشنا قىرىندىشىغا، بۇلتۇرقىدەك ئۆي ياسايدىغانلار كېلىپ قالسا، ئىمارەتنى پۈتتۈرۈپ بەرسۇن، دەپ تاپىلىغانىكەن. شۇنى بىلگەندەكلا پېتروۋخا، ئاۋدىي ۋە لىيوشكا ئۈچى بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەنىدى.

ئۇلار شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە تېمى پۈتكەن چالا ئۆيدە يېتىپ يۈردى. ھاۋا ئوچۇق، كۈنلەر ئىسسىق. ئۇلار ھويلىغا بىر ئوچاق سېلىپ، بەزىدە تاماقلىرىنى ئۆزلىرى پىشۇرۇشتى.

راستىنى دېيىش كېرەك، ئۇلار ئىنتەك ئىشلەشتى. پېترۇخا سەھەردە دەل ۋاقتىدا تۇرۇپ، گۇرۇپپىدىكى شېرىكلىرى ئاۋدىي بىلەن لىيۇنكىنى ئويغىتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ئىشقا چۈشسە قاراڭغۇ خۇپتەن بولغاندا يىغىشتۇراتتى. ھويلىغا ئازراق ئوت يېقىپ، شۇنىڭ يورۇقىدا تاماق يەيتتى، پېترۇخا شۇنىڭدىن كېيىنلا ھاردۇق ئالاتتى، تۈرلۈك ئىشلار ئۈستىدە ئويلىناتتى.

— ئاۋدياي، قارىسام، بۇ ئىش ساڭا بەكمۇ يېقىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، خوجايىندىن ھەققىمىزنى ئالىمىز. لېكىن بۇ پۇل ئېغىز ھۆللەشكىمۇ يەتمەيدۇ، ھېچنېمىگە دال بولمايدۇ! ئادەملەرنى گوللاش ئۈچۈن ئىشلەيمىز ـ دە. ئېسىل جايلارنى تېپىپ يولغا چۈشەيلى، ئەنە شۇ چاغدا كۆرىسەن. گۈلىنىمۇ، شىرنىسىنىمۇ ئىككى قوللاپ يىغىسەن. كەندىر لېكىن بىر كۈن شۇڭغۇپ چىقساڭ، بىر يىل مىنىستىردىن ياخشىراق ياشايسەن. سەن بىلىسەنغۇ، ھە، لىيۇنكا. گېپىم توغرىمۇ؟

— ئازراق بىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى شۇ كۈنلەردە زادىلا ئاۋازى چىقماي قالغان لىيۇنكا.

— پەقەت كۆزۈڭلارغا قاراڭلار، بالىلار، — جىددىي ئاگاھلاندۇردى پېترۇخا، — ھېچكىمگە، قوشنىلارغىمۇ، باشقىلارغىمۇ تىنغۇچى بولماڭلار. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ياخشى ئادەملەر، لېكىن بەربىر، ئۆلسەڭمۇ مىت قىلما. بولۇپمۇ، باشقا ياقتىن بىرەر ـ يېرىم ئادەم كېلىپ سوراپ قالسا، زادىلا سىر بەرمەڭلار. ئاۋدياي، سەنمۇ: ئۆلسەممۇ، ھېچنەرسىنى كۆرمىدىم، بىلمەيمەن، ئاڭلىماپتىكەنمەن دېگىن. بولمىغان يېرىگە كەلگەندە، ئەنە، باشلىقىمىز بار، شۇ بىلىدۇ، دەپ ماڭا ئارتىپ قوي، بولامدۇ؟

بولىدۇ دېمەي ئىلاجىڭ قانچە، لېكىن ئاۋدىينىڭ دىققىتىنى ئاشۇرۇۋاتقىنى بۇ نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇنىدىمەي

جىم يۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىدىن، چىق پۇل قومۇرۇشنىڭ جىنايى يولىغا كىرگەن باللارغا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزەلمىگەنلىكىدىن سىقىلاتتى. يۈرىكى ۋەز ئېيتىش ئىشتىياقى بىلەن تولۇپ-تاشقان بولسىمۇ، لېكىن قەلب بۇيرۇقىنى ئادا قىلالمايتتى. ئاۋدىي پىكىر ۋە سۆزنىڭ قۇدرىتى بىلەن باللارنى ئىككىلەندۈرۈپ، ئويغا سېلىپ قويالىسا، قانچىلىك پەسكەشلىككە چۈشكەنلىكلىرىنى ئۇلارغا ئۇقتۇرالىسا، ئۇلار ۋىجدان سادىسىغا قۇلاق سېلىپ، بۇنداق نامۇناسىپ ھاياتتىن ئالاقىسىنى تامامەن ئۈزۈشكە بەل باغلىيالىسا بولاتتى، بۇنداق قىلىش، بەرىبىر، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئاددىي ۋە ئاسان: ئۇلار باشقا ئادەملەر بىلەن چىڭ ۋە چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئۆزلىرىنى بۇ ئىسكەنجىدىن زادىلا بوشىتالمايدۇ. خىيانەت يولىغا كىرمەكچى بولغىنىنى بولسا، دەھشەتلىك قىساس كۈتۈپ تۇرىدۇ. شۇ بۇزۇق چەمبىرەكنى قانداق پاچاقلاپ تاشلاش مۇمكىن؟ نەشىكەشلەر ۋە چاپارمەنلەرنىڭ ھاياتىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن ئوبدان كۆرۈپ، ئاندىن بۇلارنى نۇرغۇن نەق ماتېرىياللار بىلەن يورۇتۇپ بېرىمەن، ئادەملەرنىڭ كۆزىنى ئاچىمەن، ئالىيجاناب مەقسەتلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن، دېگەن خىياللا ئاۋدىيغا ئاز-تولا تەسەللىي بېرىپ تۇراتتى. ئاۋدىي بۇنى يولدىن ئازغان بىر ئوچۇم ياشلارنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەخلاقىي كۈرەشنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ ماجىرالارغا ئىختىيارسىز ئارىلىشىپ قالغانلىقى، پېترۇخانىڭ تونۇپىغا تاقەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىمۇ پەقەت شۇ ئىدى.

ئۇلار ئۈچقۇدۇققا كەلگەنىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئەرزىمەس بىر ۋەقە بولۇپ ئۆتتى. ئاۋدىي بۇنىڭغا ئۇنچىلىك ئېتىبارمۇ بەرمىدى. پېترۇخا بولسا ۋەقەدىن خەۋەردار بولۇپ، پۈتى

www.uyghurkitap.com

كۆيگەن توخۇدەك تۇرالماي قالدى. شۇ كۈنى پېتروخا قوش-
نىسى، ئۇرۇشتا مەجرۇھ بولغان كىشىنىڭ ھارۋىسىدا سوۋخوز
مەركىزىگە كونسېرۋا، قەنت - گېزەك ئېلىشقا كەتكەنىدى.
چۈنكى ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەندە، تاڭ بىلەن تەڭ چۆلگە ئات-
لانماقچى بولغانىدى. ئەلنىڭ كۆزىگە بولسا، باشقا جايغا ئۆي
سالغىلى كېتىشۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى.

لېيۇنكا ئۆيىنىڭ ئىچىنى سۇۋىماقتا، ئاۋدېي بولسا، سايىرەك
جايىنى تاللاپ، ئامبارغا ئىشىك ياسىماقتا ئىدى. بىردىنلا كوچا
تەرەپتىن موتسىكلىتنىڭ تاتاتىلىغىنى ئاڭلاندى. ئاۋدېي ئۆرۈلۈپ،
قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ قارىدى. ئۆي ئالدىدا تاتاتلاپ
يوغان موتسىكلىت توختىدى. ئىگىسى ئۇنىڭدىن قۇشتەك
يەڭگىل سەكرەپ چۈشتى. موتسىكلىتنى ياشقىنا ئايال ھەيدەپ
كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاۋدېي ھەيران قالدى. بۇنداق ۋەھىمىسى
زور ماشىنىنى ئەبجەقى چىققان تۇيماس - چوڭقۇر يەرلەردە
قانداق ھەيدىگەندۇ - ھە؟! ئايال بېشىدىن ئىككى چېتىدە
تاسمىلىرى قىسىرلاپ تۇرغان بۆكىنى يېشىپ، كۆزىدىن شامال-
دىن مۇداپىئەلىنىدىغان كۆزەينەكنى ئالدى، بېشىنى سىلكىپ -
سىلكىپ قويدى، سېرىق چاچلىرى يەلكىسىگە ئەركىن چېچىلدى.

— نېمىدېگەن ئىسسىق! — كۈلۈمسىرىدى ئۇ قاتار چىش-
لىرىنى كۆرسىتىپ، — ۋاي خۇدايىمەي، چاڭ - توزانغا پېتىپ
كەتكىنىمنى قاراڭ! — خۇش چاقچاقلىق بىلەن دېدى ئۇ ئۈستى-
بېشىدىكى چاڭلارنى قېقىشتۇرۇپ، — سالام!

— ياخشىمۇ سىز، — تارتىنىپراق سالاملاشتى ئاۋدېي.
پېتروخانىڭ ئەخمىقانە پەند - نەسىھەتلىرى ئۇنىڭغا ئۆز تە-
سىرىنى كۆرسەتكەنىدى. «كىم بۇ؟ بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىكىن؟»
دېگەن سوئال ئاۋدېينىڭ مېڭىسىدىن ئۆتتى.

— خوجايىن مەشەدىمۇ؟ — سورىدى موتسىكلىت مىنىپ

كەلگەن ئايال چىھرىسىدىن ھامان تەبەسسۇم ئايرىماي.

— قانداق خوجايىن؟ — چۈشەنمىدى ئاۋدىي، — ئۆي ئىگىسىمۇ؟

— ھەئە، ئۆينىڭ ئىگىسى.

— ھازىر ئۆيدە يوق ئوخشايدۇ. مالىرىنى ھەيدەپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

— نېمە، سىز ئۇنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟

— ياق، كۆرمىدىم. ياق، كۆردۈم، يېقىندا كېلىپ ـ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشكىنىم يوق.

— قىزىق، قانداق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمەيسىز، سىز مەشەدە ئىشلەۋاتامسىز؟ ئۇنىڭغا ئۆي سېلىۋاتقاندەك قىلامسىز نېمە؟

— كەچۈرۈڭ، مەن راستىنلا ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشكىنىم يوق. ئۇ ئالدىراپ تۇرغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن باشلىقىمىز گەپلەشكەن. باشلىقىمىزنىڭ ئىسمى پېيۇتر. ھازىر بۇ يەردە يوق. تېزدىن قايتىپ كەلسە كېرەك.

— ماڭا بۇنىڭ قىلچە ئالاقىسى يوق، ئېيىبكە بۇيرۇماڭ. ئورماننى كۆرمەكچىدىم. ئورماندا ئىشىم بار ئىدى. يول ئۈستى بولغاندىن كېيىن يولۇقۇپ ئۆتەي، دېۋىدىم. خوپ، كەچۈرۈڭ، كاشىلا قىلغاندەك تۇرىمەن.

— ياقەي، نېمە دېگىنىڭىز بۇ.

موتسىكلىتچى ئايال قالپىقىنى يەنە كىيدى ـ دە، ماتورنى ئوت ئالدۇردى، قايرىلىپ كېتىۋېتىپ، شامالدىن مۇداپىئە كۆرىدىغان كۆزەينەكتىن ئاۋدىيغا قىيا نەزەر تاشلىدى ۋە بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس قىمىرلىتىپ قويدى. ئاۋدىي بولسا نېمىشقىلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي، ئۇنىڭغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

ئاندىن ئۇنىڭ خىيالى خېلىغىچە شۇ ئەرزىمەس، تاساددىپىي ۋەقە بىلەن بەند بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمانمۇ چۈشمىدى: ئەمدى ھوسۇل يىغىشقا چىقايلى دەپ تۇرغاندا بۇ ئايالنىڭ كېلىپ قالغانلىقىدا بىر گەپ بارمىكىن، بىرەر نەرسىنى سېزىپ قالدىمىكىن، دەپمۇ ئويلىمىدى. ئاۋدىينىڭ ئويى پۈتۈنلەي باشقا نەرسىدە ئىدى. ئايال ئارقىسىدىن قويۇق توزان توزۇتۇپ جۆنەپ كەتكەندىن كېيىن، ئاۋدىي ئۇنى گويا ئۆمۈر بويى ئەسلەپ قالماقچى بولغاندەك، باشتىن ـ ئاخىر كۆز ئالدىغا ئۇچۇق كەلتۈردى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە، خۇشپىچىم قەددى ـ قامىتىنى تەسەۋۋۇرىدا جانلاندۇرۇپ، بىردىنلا دىلى روشەنلەشتى ۋە چىرايى ئېچىلدى. ئۇ ھەممە نەرسىسى ئۆزىگە ياراشقان شۇنداق خوتۇنلارنى ياراتاتتى. «راست ـ تە، چاقچاق ئەمەس، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى، خۇددى ئاللىكىم بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك، — خوتۇن دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك!» ئۇنىڭ نازۇك، نەپىس چېھرىسى، يالتىراپ تۇرغان قارا كۆزلىرى، يۈزىنى تەكشى ئوراپ مۈرىلىرىگە دولقۇنلىنىپ چېچىلغان سارغۇچ چاچلىرى ئاۋدىينىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. يەنە كېلىپ كۆزىنىڭ قاراتۇللۇقى بىلەن چېچىنىڭ ئاق سېرىقلىقى بىر ـ بىرىنى ئاجايىپ تەرزدە تولدۇرۇپ، چېھرىسىگە ئۆزگىچە جەزبە، لاتاپەت بېغىشلىغانىدى. ئاۋدىيغا ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسى: سول ياڭىقىدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تارتۇقمۇ (بالىلىق چاغلىرىدا يىقىلغانلىقىنىڭ ئالامىتىمىكىن)، چاپىنى، قونچى قايرىلغان كونا ئۆتۈكىمۇ، موتسىكلىتنى قانداق ھەيدەپ كېلىشىمۇ (ئاۋدىينىڭ ئۆزى ۋېلىسىپىتتىن باشقا نەرسىنى مىنىپ باقمىغان) تولىمۇ يېقىپ كەتتى... تېخى ئۇ خوجايىنىنى سورىسا، ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويغانلىقىنى دېمەمسىز: ياق، كۆرمىدىم، ياق، كۆردۈم، ياق ... خۇددى كىچىك بالىنىڭ ئۆزى، نېمىشقا

بۇنداق تىلى تۇتۇلۇپ گەپكە كەلمەي قالدى؟

ئاۋدىي كالليستراتوۋنىڭ ئۇنىڭ توغرۇلۇق ئويلىغانلىرى ئويلىغۇسى كېلىشۋەردى. راستىنى ئېيتقاندا، تۈزۈكرەك ئەسلىگۈدەك نەرسىمۇ يوق ئىدى: ئۇ كەلدى، يەنە تۇيۇقسىزدىنلا كېتىپ قالدى، ھەممە گەپ شۇنچىلىكلا، خالاس. لېكىن ئۇ قايسى ياقتىن كەلدىكىن؟ ئىشقىلىپ، بىرەر يەردىن كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق. لېكىن بۇنداق ئاپال ئادەمزات بولمىغان چۆل ـ باياۋانلاردا نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟

پېترۇخا موتىسكلىت مىنگەن غەلىتە ئايالنىڭ كېلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىرئاز ئېسەنكىرەپ قالدى ۋە توختىماستىن غوتۇلداپ، نېمە دېدى، نېمىنى سورىدى، ئاۋدىي نېمەدەپ جاۋاب بەردى، دەپ جانغا تەگدى. ئوتتۇرىدا بولۇنغان گەپنى بىرنەچچە قېتىملاپ قايتا سۆزلەپ بېرىشكە توغرا كەلدى.

— بۇ يەردە بىر گەپ بار، بىر گەپ بار، — شۇبھىسى تارقىماي بېشىنى چايقايتتى پېترۇخا. — ئەتتەك، ئۆزۈم بولماي قاپتىمەن ـ دە. ئۇ جانانىنىڭ كىملىكىنى دەرھال بىلىۋالغان بولاتتىم. ماڭا قارا، ئاۋدىياي، سەن ئەقىللىق، ئوقۇغان بالىغۇ، لېكىن مەن بولغان بولسام ئۇنى ئوڭشىۋەتكەن بولاتتىم. ھەممىسىنى ئۆزىدىن سوراپ بىلىۋالاتتىم. كىم بولىسىز، سىزگە نېمە لازىم، دەيتتىم. سەن بولساڭ، بۇرادەر، ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويۇپسەن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، ئەس ـ يادىڭ ئۆزۈڭدە بولمىغان. ئېيتقان ئەمەسمىدىم ساڭا ...

— نېمانچە خاۋاتىرلىنىسەن؟ — دەپ ئۇنى تىنچلاندۇرۇشقا ئۇرۇندى ئاۋدىي، — نېمىگە شۇنچە ۋەھىمىگە چۈشۈپ كېتىسەن؟

— ھە، قىزىق ئىكەنسەنغۇ، ئىزىمىزغا پايلاقچىلار چۈشۈشى مۇمكىن. شۇ خوتۇننى ماڭ، ھەممىسىنى كۆرۈپ كەل،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تور بېكىتى

دەپ ئەۋەتكەن بولسىچۇ؟

— قويساڭچۇ، يوقىلاڭ گەپلەرنى.

— ھىم، كۆرمەمەن تېخى، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە تۇرمىغە چۈ-
شۈپ قالساڭ ياكى ئۆزىڭ گۇناھىڭنى سۈرۈشتۈرۈپ قالسا نېمە
دەپ جاۋاب بېرەرسەنكىن؟ ئۇ پايلاقچىلاردىنمۇ بەتتەررەك سو-
راق قىلىدۇ، تېرەڭنى شىلىۋالىدۇ، جېنىڭنى ئېلىشتىنمۇ
قايتمايدۇ. ئۆلۈمنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن ئۆزۈڭ؟

— ئۆزۈڭنى باس، پېيۇتر. باشقا چۈشكەننى كۆز كۆرىدۇ.
بۇنى ئالدىنراق ئويلاش لازىم ئىدى. ئەنە، لېيۇنكا، تېخى
كىچىككىنە بالا، ئۇنى بۇ ئىشقا كىم تارتتى؟ ياكى ئۆزۈڭنى
ئالايلى. نەچچىگە كىردىڭ؟ تولا بولسا يىگىرمىلەرگە كىرگەن-
سەن؟ ئەخمەقسەن، ئۆزىڭ-ئۆزىڭ دەپ بىر قەدەمنى ئارتۇق
باسالمايسەن، غىلىڭ قىلىپ ئاغزىڭنى ئاچالمايسەن. تېخى ئاخىرى
نېمە بولىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كۆرە شۇنى ئويلا.

لېكىن ئاۋدىيېنىڭ بۇ سۆزلىرى نىشانغا تەگمىدى. پېترو-
خانىڭ غەزىپى قايىنىدى.

— بۇ نەسىھەتلىرىڭنى يىغىشتۇر، ئاۋدىياي. لېيۇنكىغىمۇ تىل
تەگكۈزمە. كۇپۇرلارنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپسەن، ئەمدى بۇلارنى
ئېسىڭدىن چىقىرىپ تاشلا. ئېسىڭدىن چىقىرىۋەت. نەسىھەتلى-
رىڭنىڭ بىر تىيىنلىق پايدىسى يوق. سەن ئۆزىڭ دېدىڭ، بىز
ئۇنىڭ سايىسىدە شاراق-شاراق پۇل تاپىمىز. بىلدىڭمۇ؟ لېيۇن-
كا تىرىك يېتىم، ھېچكىمگە كېرىكى يوق. چۈنتىكى پۇلغا توشۇپ
تۇرسا، بىر كىمگە موھتاج بولمايدۇ. خالىغىنىچە يەيدۇ، خا-
لىغىنىچە ئىچىدۇ. سېنىڭ چۆچەكلىرىڭگە قورساق تويمايدۇ.
بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدە قاچان ئويناپ-كۈلىسەن؟ ئۇستەلنىڭ
ئۈستى تۈرلۈك نازۇ، نېمەتلەرگە تولۇپ تۇرسا، سەھنىدە جانان
قىزلار تىنماستىن سادىغاڭ بولاي، ناخشىلىرىنى ئېيتىپ تۇر-

سا، يۈرىكىڭگە ئۇرۇپ تۇرسا، قېنى، قاچان كۆرسەن بۇنداق ياخشى كۈنلەرنى؟ مېنىڭ ئاكا ـ ئۇكىجانلىرىم قارا تەرگە چۆمۈپ ئىشلىگىنى ئىشلىگەن، ئۇلارنىڭ قانداق ئىشلەۋاتقانلىقىنى بىر كۆرسەڭدىڭ. ئىشتىن بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ بىچارىلەر. مەنچۇ، خالىسام، كۆتۈمنى قەغەز پۇل بىلەن سۈرتىمەن! پەقەت ئەخمەق ئادەملەرلا پۇلنى ياخشى كۆرمەيدۇ، توغرىمۇ، ليۇنكا؟

— توغرا، — گېدنىيىپ بېشىنى لىڭشىتتى ليۇنكا خۇددى ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ھەقىقەت دېگەندەك قىلىپ.

ئاۋدىي شۇ تەرىقىدە گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ قويدى، خالاس. ۋاقتى كەلسە، ئالدىرىماستىن سۆزلىشىدۇ. لېكىن تېخى پىشمىغان غورىنى ئۈزگىلى بولمايدۇ. ئاۋدىي بۇنى چۈشىنىپ تۇرۇپتۇ. بولمىسا، كىم ئۇنى نەشىگە كەلگەن، پۇلنىڭ كەينىددىن قوغلاپ يۈرگەن بالا دەيدۇ؟

ئۇلار ئەتىسى تاڭ قاراڭغۇسىدا ئورنىدىن تۇرۇشتى. تاڭ ئەمدىلا ئاقىرىپ كېلىۋاتاتتى. چەترەكتىكى ھويلىلار تېخى ئۇيقۇدا. ئۈچ چاپارمەن تاملارنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ، ئاۋاز چىقارماي چۆلگە چىقىۋېلىشتى. ھەتتا ئىتلارمۇ ھاۋشىغىنى يوق. پېتروۋخانىڭ گېپىگە قارىغاندا، بارىدىغان جايلىرى يىراق ئەمەس. ئۇ يولنى بىلەتتى، ياۋا كەندىر دۈچ كېلىشى بىلەن ئاۋدىيغا كۆرسىتىپ قويىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي ئاۋدىي مەقسىتىگە يەتتى. كەندىرنىڭ غولى پىششىق، قاتتىق بولۇپ، ئېگىز شاخلاپ ئۆسىدىكەن. شاخلىرىنىڭ ئۇچ تەرىپىگە قارامتۇل يوپۇرماقلار ئىچىدە گۈللىرى پارچە ـ پارچە بولۇپ غولىغا يامىشىپ تۇرىدىكەن. كىشىلەر ئاسىياغا ياۋروپادىن مانا شۇ ئۆسۈملۈكنى دەپ كېلىدىكەن. «خۇدايىمەي، — دەپ ئويلايتتى ئاۋدىي كەندىر تۈپلىرىغا قاراپ، — قورايغا ئوخشىغان كۆرۈمسىزلا ئوت ئىكەن.

ئۇنىڭدا بەزىلەر ئۇچۇن ھەقتادىغا يەتكۈزۈپ كەيىپ قىلىدىغان لەززەتلىك شىرە بىك بار، شۇنى دەپ باشلىرىنىمۇ تىكىشىۋېتىدۇ بۇ كىشىلەر! مانا بۇ يەردە ئۇ يەر بىلەن بىر تەن بولۇپ ئۆسۈۋېتىپتۇ!» قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىنى قىزدۇرۇشقا باشلىدى. ئەتراپتا بىر تۈپمۇ دەرەخ يوق. ئادەمزاتسىز، باش ئاخىرى يوق چۆل. ئۇلار چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ياۋا كەندىر يوپۇرماقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېزىپ - ئۇۋۇلاپ، ئۇنىڭ يېپىشقاق، ئۆتكۈر قاڭسىق ھىدىنى دىماغلىرىغا تارتاتتى. قانچە زامانلاردىن بۇيان بەڭگىلەر بۇنى چېكىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بەڭگە خىياللىرىدا نى - نى گۈزەل خىياللار ئويغانمىغان دەيسىز. ئاۋدىي ھىندىستان، ئافغانىستان ۋە تۈركىيىدىكى شەرق بازارلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆردى (ئۇلار توغرۇلۇق كىتابلاردىن ئوقۇغانىدى) ئادەملەر ئىستانبۇل ياكى جايپۇرنىڭ كونا شەھەر قورغانلىرى ئاستىدا، بىر زامانلاردىكى مەشھۇر سارايلارنىڭ دىۋارلىرى ئەتراپىدا نەشە، ئەپيۇننى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ساتقان، ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئالغان، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىكى نەشخانىلاردا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ چەككەن بولسا كېرەك. كېيىن بەڭگە خىيال ئۇلارنى يىراقلارغا ئەپقاچقان، ئەلۋەتتە، تۈرلۈك خىيالغا بەند بولۇپ، ھەرەملەردە تەڭدىشى يوق گۈزەللەر بىلەن كەيىپ - ساپا سۈرگەنلەر كىم؟ شاھانە بېزەلگەن پىللار ئۈستىدە، گۈلدار تەختىراۋانلاردا كۆجۈم شەھەر كوچىلىرىنى شادىيانە سەيلە قىلغانلار كىم؟ كەمتۈك بولۇپ قالغان ئاتىنىڭ زۇلمەتلىك قەھرلىرىدە تۇغۇلىدىغان چىدىغۇسىز يالغۇزلۇق قۇچىقىغا شۇڭغۇغان، ئاندىن شۇ زۇلمەت ئىچىدە جىنىدىن جاق تويۇپ، غەزەپ ئۆتىغا مىنگەن، دۇنيانى تۈپ - يىلتىزى بىلەن يىمىرىپ، بۇزۇپ، كۆلىنى كۆككە سورۇماقچى بولغانلار كىم؟ تېز، ھەرى-

گەت قىلىش كېرەك، دۇنياغا يۈزلەنمەي بولمايدۇ!... بىر ۋامانلار جەننەتتەك گۈللەپ - ياشنىغان شەرقنىڭ ھالاكىتى ۋە چۈشكۈنلىشىشىنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدا ئەمەسمىكىن؟ ناھايەت، سۇسىز چۆللەردە ھەر قەدەمدە ئاياغنىڭ ئاستىدا ئۆسۈپ تۇرغان شۇ ياۋا كەندىرلەردە ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ئايلاندۇرىدىغان يېپقىملىق ئوغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان تۇرسا؟...

— ئاھ، سىز قەدىردانلىرىم! — دەپ سەكرەيتتى پېترۇخا غۇلىچىنى كەڭ چۆللەرگە يېيىپ، — قارا، ئەنە يەنە، ئەنە، ئەنە! ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭكى. بىزنىڭ نەشىمىز! لېكىن بۇ يەردىن يىغمايمىز. بۇلار تېخى نېمە! ھېچنەرسە ئەمەس! سىلەرنى شۇنداق جايلارغا باشلاپ بارايكى، ھەيران قالىسىلەر...

ئۇلار يەنە ئىچكىرىلەپ مېڭىشتى، بىرەر سائەتتىن كېيىن ئورمان بولۇپ ئۆسكەن ياۋا كەندىرلىككە كېلىشتى. پۈتۈن ئەتراپنى ئادەمنى مەست قىلىدىغان نەشە ھىدى قاپلىغانىدى. چاپارمەنلەرنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. ئۇلار نەشە بەرگلىرى ۋە گۈللىرىنى يىغىشقا تۇتۇش قىلدى. يىغقانلىرىنى قۇرۇتۇش ئۈچۈن يېيىپ قويۇشتى. پېترۇخا، ئىككى سائەت قۇرۇتۇلسىلا بولدى، ئارتۇقى كېرەك ئەمەس، دەيتتى. ئىش بارغانسېرى قىزىماقتا ئىدى ... ھەممىسى جايىدا ئىدى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە ئاللىقاياقلاردىن تىك ئۇچار ئايروپىلاننىڭ گۈركىرىگىنى ئاڭلاندى. ئۇ چۆل ئۈستىدە پەسلەپ ئۇچۇپ، ئۇلار تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى.

— تىك ئۇچار، تىك ئۇچار! — باللارچە خۇش بولۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى ليونكا تۇرغان يېرىدە سەكرىگىنىچە.

لېكىن پېترۇخا ئۆزىنى يوقاتمىدى.

— يەرگە يات، ئەخمەق! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

ھەممىسى يەرگە يېتىشتى، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇ-رۇنۇشتى. تىك ئۇچار ئايىروپىلان سەل نېرىراقتىن ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۇچقۇچىلار ئۇلارنى بايقىمىغان بولسا كېرەك. پېترۇخا خېلىغىچە ئۆزىگە كېلەلمىدى، ئۇنىڭ لېۋىنىڭ سۆككىنى سۆك-كەندى. ئۇ ھە دەپ، تىك ئۇچار ئايىروپىلان ئەتەي بىزنى ئىزدەپ كەلگەن، دەيتتى.

— نېمە، — دەيتتى ئۇ غودۇڭشىپ، — ئۇستىدىن ھەم-مىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ھەتتا چاشقانمۇ كۆرۈنىدۇ. بىز ئەخ-مەقلەر بولساق، يۈز چاقىرىم نېرىدىن كۆرۈنىمىز. يۇقىرىدىن كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا كېرەكلىك ئورۇنغا خەۋەر قىلىدۇ. ساق-چىلار ماشىنىدا كەلسە، قاچىدىغان يەر يوق. قولۇڭنى كۆتۈر! ئۆلدۈڭ!

ئەمما سەل ئۆتمەي ھەممىسى ئۇنتۇلدى. ئىشلەش كېرەك ئىدى. دەل شۇ كۈنى ئەقلىغە ھېچ سىغمايدىغان ھادىسە يۈز بەردى. ئاۋدىي بۆرىلەر توپىغا دۇچ كەلدى. ۋەقە مۇنداق بولغانىدى:

ئۇلار ئارام ئېلىشقا ئولتۇرۇشتى، تاماقلىرىنى يەۋېلىشتى. شۇ چاغدا پېترۇخا:

— ماڭا قارا، ئاۋدىياي. ئۆز ئادىمىمىز بولۇپ قالدىڭ، بىزگە كىرىشىپ كەتتىڭ. ساڭا بىر نەرسىنى ئېيتىپ قوياي. سېنىڭ-دەك يېڭىلار ئۈچۈن بىر ئادىتىمىز بار: بىرىنچى قېتىم ئىشقا كىرىشكەندە ئۆزىيىغا بىر نەرسە سوۋغا قىلىشىڭ كېرەك، — دېدى.

— قانداق سوۋغا ئۇ؟ — ھەيران بولغىنىچە قوللىرىنى يېيىپ سورىدى ئاۋدىي.

— ھە، توختا. نېمانچە قورقىسەن. ساڭا بىر كىم ماگىزىنغا بېرىپ كەل، دەۋاتامدۇ؟ ماگىزىن دېگىنىڭ يوق بۇ يەرلەردە.

مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سەن سەرەڭگە قۇتىسىچىلىك بول-
سىمۇ شىرىسىدىن يىغ. كەندىرلىك ئىچىدە بىر پەس چىپىپ
يۈرسەڭلا، بولغىنى. نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى دەپ بېرىمەن.
شۇ شىرىنى ئۆزىي بىلەن كۆرۈشكەنىدە قولىغا تۇتقۇزىسەن،
دوستلۇقىمىز ئۈچۈن دەيسەن. ئەقىللىك ئادەمغۇ ئۆزۈڭ، نېمە
دېيىشنى بىلىسەن. ھەممىسىگە ئۆزىي باش، سەن دېگەن ئۇ-
نىڭ قول ئاستىدىكى ئادەم، ئىشەنچىنى قازىنىشىڭ كېرەك ...

ئاۋدىي خىيالغا چۆمدى: نېمە بولۇپتۇ، ئورۇنسىز ئەمەس. نەشىنىڭ ئېسىلىنى — شىرىسىنى ئۆزىيگە تەقدىم قىلساڭ، يولۇڭ ئېچىلىدۇ، تونۇشۇپمۇ ئالىسەن، ھەر ھالدا، ئۆزىينى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىسەن. ھەممىنى تىترىتىپ - قاقشىتىپ ئۆز ھۆكمىدە تۇتۇپ تۇرغان ئۆزىي بىلەن ئۇچرىشىش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى! «ھاكىملىق، ھاكىملىق، ئىككى ئادەم يىغىلغان يەردە ئەلۋەتتە بىرى ھاكىم بولىدۇ!» دەپ ئويلاپ، ئاچچىق كۈلۈپ قويدى ئاۋدىي كاللىستراتوۋ.

— بوپتۇ، — دېدى ئۇ، — لازىم بولغىنىچە يىغىپ، ئاندىن ئۆزىيگە بېرىمەن. قاچان بېرىشىم كېرەك؟ ئىستانىسىغا بارغاندىمۇ؟

— ئېنىقىنى ئۇقمايمەن، — دېدى پېتروۋنا، — بەلكىم ئەتە بېرەرسەن.

— ئەتە؟

— شۇنداق. ئۆيگە قايتىدىغان ۋاقىت بولدى. جاق تويدۇق. ئەتە چېسلاغا يىگىرمە بىر. ئەتە سائەت تۆتكىچە كۆزلىگەن يېرىمىزگە يېتىپ بارمىساق بولمايدۇ، يولغا چىقىشىمىز.

— قەيەرگە بارىمىز؟

— قەيەرگە بولاتتى، — بىلەرمەنلىك قىلىپ كىرىلدى

www.uyghurkitap.com

پېترۇخا، — ماگايلى، شۇ چاغدا بىلىسەن — ئۈچ يۈز ئوتتۇزىنچى كىلومېتىرغا.

ئاۋدىي يەنە سوراپ ئولتۇرمىدى. ئۈچ يۈز ئوتتۇزىنچى كىلومېتىر چۇ تۆمۈر يولىدىكى بىر جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. ئۇزىي بىلەن ئۇچرىشىش ئەتە شۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىتنى قولدىن بەرمەي شىرە يىغىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

بۇ ئىشنىڭ ئۆزىغۇ قىيىن ئەمەس، بىراق ئادەمنى بەك چارچىتىۋېتىدىكەن. ئىشنىڭ ئۇسۇلىمۇ ياۋايىلارچە. قىپيالىڭاچ بولۇۋېلىپ كەندىرلىك ئىچىدە چېپىپ يۈرۈش كېرەك. شۇ چاغدا بەدىنىڭگە نەشە گۈللىرىنىڭ چاڭلىرى چاپلىشىدۇ. كېيىن ئۇلارنى ئاستا ئۇۋۇلاپ ئالىسەن. شۇ كۈنى ئاۋدىي كاللىستراتوۋ تازا جاپا چېكىپ يۈگۈردى. ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق چاپمىغانىدى! نەشىنىڭ شىرە چاڭلىرى كۆزگە ئوچۇق چېلىقاتتى، رەڭگىنى بىلگىلى بولمايتتى، لېكىن تولىمۇ يېپىشقاق، سىراجىدەك ئىدى. ئۇ بەدەنگە يېپىشىپ قالاتتى. ئەمما ئۇنى سىيرىۋېلىش ئاسان ئەمەس. جىق ھەرەج تارتىپ، ئازراقلا شىرە يىغىش مۇمكىن. لېكىن ئۇزىي بىلەن كۆرۈشمىسە بولمايدۇ. بۇ مەملىكەتكە جار سالىدىغان، ئېغىر دەرد - كېسەللىكتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان، چېكىملىككە زەربە بېرىدىغان گېزىت ماتېرىيالى ئۈچۈن غايەت زۆرۈر. ئاۋدىي بۇنى تولىمۇ ياخشى ھېس قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن تومۇزنىڭ پىلىكتەك كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان ئاپتاپلىرىغا قارىماي، ئۇياقتىن - بۇياققا چېپىپ يۈرگىنى يۈرگەن.

ئاۋدىي قېلىن ئۆسكەن ياۋا كەندىرلىكلەر ئىچىدە يۈگۈرەپ يۈگۈرە ھەمراھلىرىدىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا، كۈتۈلمىگەندە، ئۇ ئۆزىنى يېنىك پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك

خىيالى كۆكلەردە ئۈزۈپ يۈرگەندەك سەزدى. بۈتۈنڭ قاچان، قانداق بولغانلىقىنى ئاۋدىسى بايقىماي قالدى. ئاسماندا ئاپتاپ سىخىيلىك بىلەن نۇر چاچاتتى، هاۋا ئىسسىق، ئاللىقانداق قۇشلار پىرىلداپ ئۇچۇشىدۇ، سايرىشىدۇ، بولۇپمۇ، چۆل تورغايلىرى تىنماستىن چىرىلدىشىدۇ، كېپىنەكلەر پىر - پىر ئۇچۇپ، گاه قونىدۇ، گاه كۆتۈرۈلىدۇ، خىلمۇ خىل هاشاراتلارمۇ ئاللىقانداق ئۆز كۈيلىرىنى كۈيلىشىدۇ، مىسالى يەر يۈزىدىكى جەننەتنىڭ ئۆزى. ئەنە شۇ جەننەت ئىچىدە شىماللىق ئاق تەنلىك يىگىت ئاۋدىسى تۈرلۈك هىدلاردىن تولىمۇ سەرخۇش بولۇپ، خۇددى پۇرژىنىسى بۇراپ قويۇلغاندەك ئۇياقتىن - بۇياققا يۈگۈرگىنى يۈگۈرگەن. ئۇ قىپيالىڭاچ. بېشىدا پاناماسى، كۆزىدە كۆزەينىكى، پۇتىدا سوڭسىز كەشى ۋە ئۇچىسىدا كىچىككىنە ئىشتىنىلا قالغان. ئۇ ئەڭ قويۇق ئۆسكەن كەندىرلىكلەرنى تېپىپ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئىچىگە ئۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا چېچەكلەپ ئۇرۇق تۇتۇۋاتقان كەندىرنىڭ چاڭلىرى ئاقىرىپ كۆتۈرۈلەتتى. ئۇلار هاۋا بىلەن ئاۋدىينىڭ ئىچىگە كىرەتتى، بېشىنى ئايلاندۇراتتى، غوڭۇلداتاتتى. كۆزىگە هەر تۈرلۈك رەڭلىك مەنزىرىلەر كۆرۈنەتتى. شىركەيىپ خىيالىي تەسۋىرلەرگە تولاتتى: ئەنە، ئۇ موتىسىكلىتتا ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاخشامقى موتىسىكلىتچى ئايالنىڭ كەينىگە مىنگىشىۋالغان، ئادەتتە موتىسىكلىتنىڭ كەينىگە خوتۇن خەق مىنىدۇ، لېكىن ئاۋدىي يىگىت بولۇپ تۇرۇقلۇق، يوغان موتىسىكلىتنى ئۆزى ئەمەس، ئايال باشقۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خىجالەت بولمايدۇ. ئۇ موتىسىكلىتنى هەيدەشنى بىلمىسە ۋە ئومۇمەن تېخنىكىدىن بىخەۋەر تۇرسا، قانداق قىلسۇن. ئايال بىلەن بىر موتىسىكلىتتا مىڭىشنىڭ ئۆزى پەيزى ئەمەسمۇ. ئايالنىڭ چاچلىرى قالپىقى ئاستىدىن توزۇپ چىقىدۇ، شامالدا

ئۈچۈپ، ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلىدۇ، يۈزىنى سىلايدۇ، ئۇنى خۇددى شامالدەك غىدىقلايدۇ، لەۋلىرىگە، كۆزلىرىگە يېپىشىدۇ، تاماقلىرىنى قىچىشتۇرىدۇ. ئاھ، نېمىدېگەن ياخشى. نېمىدېگەن ساز: گاھىدا ئۇ ئايال كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارايدۇ، ئۇنىڭغا شوخلۇق ۋە ناز بىلەن كۈلۈپ قويىدۇ، كۆزلىرى چوغدەك چاقنايدۇ، ئاھ. پات - پات شۇنداق بولسا، ئۇزاق - ئۇزاق داۋام قىلسا، ئەسىرلەر بويى ...

شۇ چاغدا بىردىنلا ئۇنىڭ كۆزى ئۈچ بۆرە بالىسىغا چۈشتى ۋە دەرھال ھوشيار بولدى. ھوي، بۇ ئەزىمەتلەر قەيەردىن كېلىپ قالدى؟ ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى. ئۈچ بۆرە بالىسى قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشماقچى، ئۇنىڭ بىلەن ئويناشماقچى بولاتتى، لېكىن يۈرەكلىرىنى تولۇق باسالماي، سەل نېرىراقتا تۇراتتى. پۈتلىرى ئۇزۇن - ئۇزۇن، قۇلاقلىرى دىم تىكىلىنىپ، دىم سالپىيىپ تۇرىدۇ، تۇمشۇقلىرى سوزۇنچاق، يالتىراپ تۇرغان يارىشىملىق كۆزلىرى ئادەمگە كۈلكىسىنى كەلتۈرىدىغان دەرىجىدە ئىشەنچ بىلەن تىكىلىدۇ. دەل شۇ نەرسە ئاۋدىينىڭ دىلىنى غىدىقلاپ تاشلىدى - دە، باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا ئەركىلىتىپ، گوللاپ، قىزىقتۇرۇپ چاقىرىشقا كىرىشتى. ئاۋدىي بۆرىچاقلارنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، پۈتۈنلەي ئېرىپلا كەتتى. شۇئان كۆز ئالدىدا خۇددى ئاق چاقماق چاقنىغاندەك بولدى. چىشىلىرى ئاپئاق يالتىراپ تۇرغان قانجۇق بۆرە ئۇنىڭغا ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى ... بۇ ئىش كۈتۈلمىگەندە، شۇنچىلىك تېز. لېكىن يەنە شۇنچىلىك ئاستا ۋە دەھشەتلىك تەرزدە سادىر بولدىكى، ئۇنىڭ تىزلىرى ئۆز - ئۆزىدىن پۈكۈلۈپ، ئىختىيارسىز تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى، بېشىنى قوللىرى بىلەن توسقانلىقىنى بىلمەي قالدى. دەل شۇ ھەرىكەت ئۇنىڭ

ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى. بۆرە ئۈچ قەدەمچە نېرىدا ئىدى، ئۇ بىردىنلا شىددەت بىلەن تاقلاپ ئاۋدىيىنىڭ بېشىدىن نېرى ھالقىپ كەتتى. ھايۋان ھىدى ئاۋدىيىنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇلدى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كۆزلىرى توقۇنۇشتى. ئاۋدىي بۆرىنىڭ كۆك يالقۇن چېچىۋاتقان نىگاھىنى، كۆپكۆك ۋە مىسلىسىز قەھرلىك كۆزلىرىنى كۆردى، ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتتى. بۆرە بولسا، دەم ئۆتمەي يەنە ئۇنىڭ ئۈستىدىن كەينىگە سەكرىدى ۋە باللىرىنى خۇددى شامالدەك چىشلەپ، تۈرتكىلەپ كەينىگە قوغلىۋەتتى. يول ئۈستىدە يار ئىچىدىن ياللىرى تىك - تىك بولۇپ، ھەيۋەتلىك كاللىسىنى چىقىرىپ قاراۋاتقان ۋەھشىلىك بۆرىنىمۇ كۆكرىكى بىلەن ئۇرۇپ، چىشلەپ، غەزەپ بىلەن كەينىگە ياندۇردى. ئۇلار خۇددى بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەندەك، بىر دەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولدى ...

ئاۋدىي بولسا ئايغىنى قولىغا ئېلىپ قاچتى، چۆلدە قانـ چىلىك چاپقانلىقىنى بىلمىدى، قورقۇنچ بوغۇزىدىن پەرياد بولۇپ ئېتىلاتتى. چېپىپ كېتىۋاتقىنىدا بېشى زىڭىلداپ ئايلىناتـ تى، چويۇن ئېسىپ قويۇلغاندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن، پۇتلاشـ قان ئاياغلىرى ئاستىدا يەر چايقىلاتتى. ئۇ يىقىلسام - دە، تۇرمىسام، ئۇخلاپ قالسام دەيتتى. شۇ چاغدا ئۇ ھەدەپ قۇسۇشقا باشلىدى. مانا، ئەمدى ئۆلدۈم، دەپ ئويلىدى. ئۆتمەك مادارى قالمىغان بولۇپ، شۇنداق ھالەتتىمۇ ئۆزىنى قۇسۇشتىن توختـ تىتىشقا كۈچ ئىزدەيتتى. يەنە يۆگۈرەيتتى. يەنە ھەدەپ، ئېگىـ لىپ - پۈكۈلۈپ قۇسقىنىنى قۇسقانىدى. قورسىقىدا چىدىغۇسىز ئاغرىق قوزغالدى. ئۈچەيلىرىنى خۇددى بىر كىم تىنىماي تاتىلاۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇغا شۆلگىيىگە قوشۇلۇپ ئىچىدىن چىقىۋاتقىنىدا، ئازابىتىن يەتتە پۈكلىنىپ كەتكەن ئاۋدىي تىترەپ-

www.uyghurkitap.com

قاقشاپ خۇداغا يالۋۇردى: «ئاھ خۇدايىم، بولدى، بەس قىل! ئەمدى ھەرگىز، ھېچقاچان، ھېچقاچان نەشە يىغمايمەن، ئەي خۇدا، ئۆزۈڭ ماڭا رەھىم قىل ....».

ئاخىر كۆڭلىنىڭ ئاينىشى توختىدى. ئۇ كىپىلىرىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرغىنىدا، ئالدىغا پېترۇخا بىلەن ليۇنكا يۈگۈرۈپ كەلدى. بۆرىلەر ھەققىدىكى ھېكايە ئۇلارغا قاتتىق تەسىر قىلدى. بولۇپمۇ، ليۇنكا قورقۇپ كەتتى.

— ئۆزۈڭنى تۇت، ھەي! نېمانچە تىترەيسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇنىڭغا پېترۇخا. — ئادەملەر ئالتۇن ئىزدىگەن چاغلىرىدا نېمىلەر بولمىغان، بىلەمسەن لېكىن كەينىگە چېكىنمىگەن ... سەن بولساڭ، قانداقتۇر بۆرىلەردىن قورقۇپ ئولتۇرىسەن. ئۇلار ئاللىقاچان قېچىپ كەتكەن ...

— ئالتۇننىڭ يولى باشقا - دە، — دېدى ليۇنكا بىرئاز جىملىقتىن كېيىن.

— نېمە پەرقى بار؟ — گۈركىرىدى پېترۇخا.

ئاۋدېي پۇرسەتتىن پايدىلاندى.

— پەرقى بار، پيۇتر، — دېدى ئۇ زەئىپ ئاۋاز بىلەن، — چوڭ پەرقى بار. ئالتۇنمۇ جىق يامانلىق كەلتۈرىدۇ. لېكىن ئۇ تەقىپ قىلىنمىغان. نەشە بولسا، ھەممە ئۈچۈن زەھەر. بېشىمدىن كەچۈردۈم، ئۆلگىلى تاسلا قالدىم. پۈتۈن چۆلگە قۇسۇپ چىقتىم.

— بولدى قىل شۇ گەپلىرىڭنى! ئادەتلەنمىگەن سەن. ئۇزاق زەھەرلىنىپسەن. شۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك قىلامسەن؟ — دەپ نارازى بولۇپ قولىنى سىلكىدى پېترۇخا. — سېنى بىر كىم مەجبۇرلاپ ئەپكەلدىمۇ بۇ يەرگە! ھەدېسىلا خۇدا دەيسەن. ئۇ ياخشى، بۇ يامان دەپ كالدىرلايسەن. نېمىشقا

بىزگە پىشاڭ سالسەن، نېمىشقا سۈنى لېيىتسەن؟ پۇل دېسە، ئۆزۈڭنى تامدىن تاشلايسەن. شۇنچە يىراقتىن بۇ يەرگە پۇل دەپ كەلگەنسەن، ھېلىمۇ ياخشى بۆرە قارنىڭنى يېرىپ تاشلىماپتۇ!

— سۈنى لېيىتماقچى ئەمەس، سۈزۈلدۈرمەكچىمەن، — ئاۋدىنىڭ نەزەرىدە يەنىمۇ ئوچۇقراق سۆزلەش پەيتى كەلگەندەك ئىدى، — ئۆزۈڭ ئەقىللىق بالىسەن، پېيۇتر. جىنايەت يولىغا كىرگىنىڭنى بىلمەمسەن، ئەقلىڭ يەتمەمدۇ ...

— ھە، شۇ يولغا كىرگەنمەن! سەنچۇ، سەن قايسى يولغا كىرگەن؟!

— مەن سىلەرنى قۇتقۇزۇشنى خالايمەن!

— قۇتقۇلدۇرىمەن دەۋاتقىنىنى! — جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى پېترۇخا، — سەن بىزنى قۇتقۇلدۇرامسەن تېخى؟ قانداق قىلىپ قۇتقۇلدۇرىسەن، قېنى، ئېيتىپ باققىنا!

— ئالدى بىلەن خۇداغا تۇۋا قىلىمىز، ئەپۇ قىلىشنى سورايمىز. ئاندىن ئادەملەرگە ...

ئاۋدىي ئۇلارنىڭ كۆلىمىگىنىدىن ئەجەبلەندى. پەقەت پېترۇخا ئاغزىغا بەتتام نەرسە تەگكەندەك چىرت قىلىپ تۈكۈردى.

— تۇۋا ئىمىش! گېپىنى قارا! — غۇدۇرىدى ئۇ، — ھە، سەن تۇۋا قىل. بىز پۇل تاپىمىز. بىزگە پۇل كېرەك، بىلدىڭمۇ. گەپ تۈگىدى. سەن تۇۋاڭنى قىلىۋەر! ئاۋدىي، ئەگەر چاقچاق قىلىۋاتقان بولساڭ، سەل كۆزۈڭگە قاراپىراق چاقچاق قىل! بىزنى يولدىن ئازدۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ئۆزىڭ ئاڭلايدىغان بولسا، چىققان جايىڭغا كىرگۈزۈۋېتىدۇ، بىلىپ قوي! ساڭا بۇرادىرىم دەپ ئېيتىۋاتىمەن. بىزنىمۇ ئارىسالدى قىلما. پۇلدىن باشقىسىغا قىزىقمايمىز. لېۋنكا، ئۆزۈڭ دە. ساڭا پۇل كېرەكمۇ، خۇدامۇ؟

— پۇل! — جاۋاب بەردى بالا.

ئاۋدىي غىرىڭ قىلمىدى. گەپنىڭ داۋامىنى باشقا بىر تەرەپكە قالدۇردى.

— خوپ، قېنى، گەپنى توختاتتۇق. يېتەر، يولغا چىقايلى، — مۇرەسسەگە كەلگەندەك دېدى پېترۇخا، — سەن شىرە يىغالىدىڭمۇ، ئاۋدىياي؟

— يىغالمىدىم. بۆرە ھۇجۇم قىلدى. قالغان ھەممىسى، نەگە قويغانلىقىم يادىمدا يوق. ئۇستىيىشىمنىمۇ تېپىۋالمىسام بولمايدۇ ...

— كىيىملىرىڭنىغۇ تاپارسەن، لېكىن شىرە يىغىپ ئۈلگۈرەلمەيسەن. بۈگۈن كېتىشىمىز كېرەك. مەيلى، نېمە بولغانلىقىنى ئېيتساڭ چۈشىنەر. چۈشەنمىسە، كېيىنكى قېتىمدا يىغىپ بېرەرسەن ...

ئۇلار نەشە قاچىلانغان سومكىلىرىنى يەلكىلىرىگە ئارتىپ يېرىم كېچىگىچە تۆمۈر يول تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى. مېڭىش ئانچە قىيىن ئەمەس ئىدى. قۇرۇتۇلغان ئوت - چۆپنىڭ قانچە ئېغىرلىقى بولىدۇ دەيسىز. لېكىن نەشىنىڭ ھەتتا سۇلياۋ خالتىلاردىنمۇ چىقىپ تۇرغان ھىدى باشنى ئايلاندۇرۇپ، كۆزنى ئۇيقۇغا تارتاتتى. چاپارمەن باللار تۈن نىسبەتەن ئوخلاشقا قوندى، يولنى تاڭ قاراڭغۇسىدا داۋاملاشتۇرىدىغان بولۇشتى. ليۇنكا ئاۋدىي بىلەن پېترۇخانىڭ ئوتتۇرىسىغا تىقىلىپ ياتتى. ئۇ بۆرىلەردىن قورقۇپ قالغانىدى. بالا ئەمەسمۇ، تېخى. ھەممىسى ئەكسىچە بولدى. يول ماڭغىنىدا ئۇيقۇ باسقانىدى، ئوخلاشقا ياتقىنىدا ئاۋدىينىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. ليۇنكىنىڭ ئوتتۇرىغا تىقىلىشى كۆڭلىنى ئېرىتىۋەتتى. كىمنىڭ خىيالىغا كېلىپتۇ دەيسىز، چوپچوڭلا بالا بۆرىلەردىن قورقۇپ ئولتۇرۇپتۇ. لېكىن كۆردىڭىزمۇ ئىللەتنىڭ كۈچىنى، ھايات ھەققىدىكى

تەسەۋۋۇرلارنىڭ گۆدەكلىكتىن بۇزۇلغانلىقىنى. بايا لىيۇنكا قىلچىمۇ ئويلىنىپ تۇرماي دەرھال خۇدانى ئەمەس، پۇلنى ياخشى كۆرىمەن دېدى - ھە. خۇدا بۇ يەردە شەرتلىك نەرسە ئىدى، تەقۋادار ھاياتنىڭ ئىما - ئىشارىتى ... ئاۋدىي شۇلارنى ئويلايتتى...

ياز چاغلىرىدا چۆل كېچىلىرىنىڭ ئۆز گۈزەللىكى بار. زېمىن ۋە ئاسمان پايانسىز، ئۇنىڭدىن چىقىۋاتقان جىمجىتلىقمۇ چەكسىز. كېچە ئىللىق، ئوت - چۆپلەرنىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرىدۇ. سان - ساناقسىز يۇلتۇزلار، يالتىراق ئاي ئادەمنى قاتتىق ھاياجانغا سالىدۇ. يۇلتۇزلار بىلەن كۆزلەر ئوتتۇرىسىدا زەررىچە غۇبار يوق، ھاۋا شۇنچىلىك ساپ. ئادەم تۇرمۇشتىكى ئورۇنۇشلىرىدىن يېڭىلگەن قىممەتلىك پەيتلەردە خىيالى شۇنداق سىرلىق ئالەملەر باغرىغا شۇڭغۇيدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ئۇزاق داۋام قىلمايدۇ...

ھەممىسى ئۆزۈم ئويلىغاندەك، مولجاللىغاندەك بولدى، دەپ پىكىر يۈرگۈزەتتى ئاۋدىي، چاپارمەنلەر بىلەن كەندىرلىكلەرگە كەلدىم، ھەممىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم. ئەمدى ئەڭ مۇرەككەپ ئىش — پويىزغا ئولتۇرۇپ جۆنەش قالدى. چاپارمەنلەر ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىكى — نەشىنى ئېلىپ كېتىش. ساقچىلار ئۇلارنى كۆپىنچە ئاسىيا ئىستانسىلىرىدا تۇتىدۇ. روسىيە تەرەپلەردە بۇ جەھەتتىن خېلى ئاسان. موسكۋاغا بېرىۋالساڭ ۋە ئۇنىڭ ئۇ يېقىغا ئامان - ئېسەن يېتىۋالساڭ ئامەت سېنىڭكى! شۇنداق، بەزىدە پەسكەش نېمىلەر كىچىككىنە غەلىبىگە ئېرىشىدۇ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەسكىلىكلەر بىر مەھەل تەنتەنە قىلىدۇ ...

ئاۋدىي بۇنىڭ بىلەن ھەتتا خىيالىدىمۇ چېقىشالمايتتى. لېكىن ئالايلى، جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشلا ئەمەس، چاپار-

مەنبەلەرنىڭ پىكرىنى ئۆزگەرتىش، ئۇلارنى بۇ يولدىن قايتۇرۇش، ئايىتا تەربىيىلەشكە كەلگەندە، بۇنىڭغا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى ئۇ ئەمدى چۈشەنگەندى. مۇشۇ چۆللەردىمۇ قەيەرلەردىدۇر ئازلىشىپ، ھەممە نەرسىنى، جۈملىدىن، ئاۋدىيىنىمۇ چاڭگىلىدا تۇتۇپ تۇرغان، ھەممە چاپارمەنلەرنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىغا ئالغان، ئاشۇ ئوزىي دەپ ئاتىلىدىغان شەخس ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي قارشى تۇراتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئانچە - مۇنچە قۇدرەتلىكتەك ئىدى. ئۇلارنىڭ كەندىرلىك چۆلگە يۈرۈشلىرى ئوزىينىڭ ھۆكمى ۋە نازارىتىدە ئىدى، ھەقىقىي خوجايىن نەق ئوزىينىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاۋدىي قاراقچىلارغا قوشۇلغان مۇساپىر راھىبتەك تولىمۇ ئايانچلىق ھالەتتە ئىدى ... ئەمما خۇداگۇي ۋە مۇتەئەسسىپ راھىب ھەرقانداق شارائىتتىمۇ راھىب بولۇپ قېلىشى كېرەك ... ھازىر ئۇ شۇنداق قىلمىسا بولمايتتى ...

كۈندۈزى بولۇپ ئۆتكەن ھەيران قالارلىق ھادىسە يەنە ئۇنىڭ خىيالىنى بەند قىلدى: ئاۋۇ ئۇزۇن پۈتلۈق تەنتەك بۆرە كۈچۈكلىرىگە قاراڭچۇ. ئۇلار ئادەمنى كۈلكىلىك، زېمىنى تەگمەيدىغان مەخلۇق دەپ ئويلىسا كېرەك. ئۇنىڭ ئۇلار بىلەن بەكمۇ ئويناشقۇسى كېلىپ كەتتى. چوڭ بۆرىنىڭ كېلىپ قالغانلىقىغا قاراڭ، ئۇنىڭ قۇتراپ كەتكەن كۆك كۆزلىرى ياناتتى، رىسا ئاچچىقى كەلگەندى. ياق، شۈكۈر، ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. نېمىشقا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىككى قېتىم سەكرەپ ئۆتتى؟ بۇنىڭ نېمە مەنىسى بار؟ بىر ئېتىلىدىغان بولسىلا پارە - پارە قىلىپ تاشلىشى مۇمكىن ئىدىغۇ؟ پاناماسى بىلەن كېچىككىنە ئىشتىنىنى دېمىسە، شەھەرنىڭ قېپيالىڭاچ ئەخمەق ئادىمىنى نېمىشقا ئايىدىكىن؟ پەقەت كۈلكىلىك پاراڭلاردىلا شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. بۇنى كۆرۈۋاڭ ئەمدى، بۆرىلەرنىڭ مەرھەمىتى

تەقدىرنىڭ مەرھەمەتى ئەمەسمۇ؟ دېمەك، ئۇ تېخى ھاياتلىق ئۈچۈن كېرەك ئىكەن-دە؟ لېكىن ئۇنىڭغا قاراپ قەھرۇ غەزەپ بىلەن تاشلانغان، باللىرى ئۈچۈن قورقۇپ كەتكەن كۆك كۆز بۆرە شۇ قەدەر ئاجايىپ ئىدى. ھە ئۇ، ئۆز يولىغا ھەق ئىدى. لېكىن، ئاتىسىغا رەھمەت، ئۇنىڭغا ئېتىلمىدى، گۆشلىرىنى تىتىپ تاشلىمىدى. ئاۋدىيىنىڭمۇ ھېچقانداق گۇناھى يوق ئىدى-دە، ئاۋدىينى شۇ ھالىتىدە موتىسىكلىت مىنگەن ھېلىقى خوتۇن كۆرۈپ قالغان بولسا، قېتىپ-قېتىپ كۈلگەن بولارمىدى؟ ئاۋدىي شۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئاستاغىنا كۈلۈپ قويدى. ھەئە، خۇددى سىرك ئويۇنىدا مەسخىرىۋازنى كۆرگەندەك مەززە قىلغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ بىردىنلا قورقۇپ كەتتى: موتىسىكلىت ئىنس-جىن بولمىغان چۆلدە كېتىۋاتقىنىدا ماتورى ئۆچۈپ قالىدىغان بولسا، ئۇ تىكەندەك يالغۇز تۇرسا، بۇ ياقتىن ئۇنىڭغا بۆرىلەر تاشلانسا، ئۇ قانداق قىلار؟! شۇ چاغدا ئاۋدىي كۆك كۆز بۆرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، يېلىنىپ-يالۋۇرۇشقا باشلىدى: «سۆزلىرىمگە قۇلاق سال، ئەي گۈزەل بۆرە! سەن مۇشۇ يەرلەردە ياشايسەن. ئۆزۈڭگە قانداق ياخشى بولسا، شۇنداق ياشا، تەبىئەت قانداق بۇيرۇغان بولسا، تىرىكچىلىكنى شۇنداق ئادا قىل. سەندىن پەقەت شۇنىلا ئۆتۈنىمەن: ئەگەر ئۇنىڭ ماتورى ئۆچۈپ قالسا، خۇدا ھەققى، بۆرىلەرنىڭ خۇداسى ھەققى، باللىرىڭ ھەققى، ئۇنىڭغا تەگمە! ئۇنىڭغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمە! شۇنداق يوغان موتىسىكلىتنى مىنىپ كېتىۋاتقان شۇ گۈزەل خوتۇنغا ھەۋىسىڭ كەلسە، ئۇنىڭ يېنىدا، يولنىڭ چېتىدە بىللە چېپىۋەر، لېكىن، ئۇنىڭغا زادىلا كۆرۈنمە. قانات چىقارغىن-دە، ئۇچ. بۇتپەرەسلەر ئېيتقاندەك بەلكى سەن، ئەي كۆك كۆز بۆرە، ئۇنى ئادەم قىياپىتىدىكى ئۆز ئېگىچەڭ دەپ تەن ئالارسەن؟ نېمە، شۇنداق بولۇشى مۇم-

كىن ئەمەسمۇ؟ نېمە بوپتۇ، سەن بۆرە بولساڭ، ئۇ دېگەن ئادەم، لېكىن ھەر ئىككىڭلارلا ناھايىتى گۈزەل، يەنە كېلىپ كېلىشكەن چىرايلىقسىلەر! سېنىڭدىن يوشۇرۇپ ئولتۇرمايمەن، ئۇنى چىن قەلبىمدىن ياخشى كۆرۈپ قېلىشىم مۇمكىن. لېكىن، مەن تەنتەكمەن، ھەئە، تەنتەكمەن، يەنە كىمۇ بولاتتىم! پەقەت سېپى ئۆزىدىن بولغان دىۋانىلەرلا شۇنداق ئارزۇدا بولۇشىدۇ. مۇبادا مېنىڭ نېمە دەپ ئويلىغانلىرىمنى ئۇ بىلىپ قالىدىغان بولسا، كۈلۈۋېرىپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىشى مۇمكىن! لېكىن شۇنىڭغا خۇشال بولىدىغان بولسا، مەيلى، قېنىپ - قېنىپ كۈلسۇن...»

چۆلدە تاڭ يورۇشقا باشلىدى. پېترۇخا ئاۋدىي بىلەن لېۇنكىنى ئويغاتقاندا، تېخى تاڭ قاراڭغۇلۇقى كەتمىگەنىدى، ئۈچ يۈز ئوتتۇزىنچى كىلومېتىر دېگەن بەلگە قويۇلغان جايغا يول ئېلىش كېرەك ئىدى. قانچىكى بالدۇر تۇرسا، شۇنچە ياخشى. چۈنكى بۇ يەرگە باشقا نەشە يىغقۇچىلارمۇ توپلىنىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. بىرەر يۈك پويىزىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا چاندۇرماستىن چىقىپ، جالپاق - ساز ئىستانسىسىغا يېتىۋېلىش كېرەك. ئاندىن بۇ يەردىن ئاستا باشقا پويىزلارغا ئولتۇرىدۇ. ئومۇمەن، چاپارمەنلەر ئۈچۈن يولنىڭ ئەڭ خەتەرلىك قىسمى باشلانماقتا ئىدى. ھەممىسىگە ئۆزى رەھبەرلىك قىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۈچ يۈز ئوتتۇزىنچى كىلومېتىردا كىم - كىمنى: ئۇلار ئۆزىنىمۇ ياكى ئۆزى ئۇلارنى تاپامدۇ، پېترۇخا بۇنى تۈزۈكرەك ئېيتمىدى. ئۇ يا بىلمەيدۇ، يا ئېيتىشنى خالىمايدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار خالتىلىرىنى يەنە يەلكىلىرىگە ئارتتى - دە، پېترۇخانىڭ كەينىدىن يولغا راۋان بولۇشتى. پېترۇخانىڭ خاتىرىسىگە، يولنى بىلىشكە ئاۋدىي قايىل بولدى. ئۇ قەيەردە يار بار، قەيەردە ئادەم بىلمەيدىغان بۇلاق شىلدىر-

لاپ ئاقىدۇ، قەيەردە ئويمان ـ دۆڭ بار، ھەممىسىنى ئالدىن بىلەتتى. شۇنداق خاتىرە، شۇنداق قابىلىيەتنىڭ بىكار كېتىۋاتقانلىقىدىن ئاۋدىي ئەپسۇسلاندى. بىر كۆرگەن يېرىنى يادىدىن چىقارمايدىغان بالا ئىكەن!

— مەن دېگەن دېھقان بالىسى ـ دە، — دەيتتى پېترۇخا، — بۇ يەردىن ئىككى يۈز چاقىرىم نېرىدا مويىنقۇم سەھراسى بار. ئۇ يەردە سايغاقلار — چۆل كېيىكلىرى توپ ـ توپ بولۇپ يۈرۈشىدۇ. ئىدارىنىڭ «گاز» ماشىنىلىرىغا مىنىپ يۈرىدىغان ئەپچىل ئادەملەر ھەتتا ئورېنبۇرگ تەرەپلەردىن ئوۋ قىلغىلى كېلىشىدىكەن. بۇ ياقتا تىرىك كاۋاپلار خالىغىنىچە چېپىپ يۈرىدۇ. ئىچىملىك بولسا، ئۆزلىرىدە يېتەرلىك. ئەنە، شاھانە ئوۋ! لېكىن خەتەرلىك جايلىرىمۇ بار. ماشىنا بۇزۇلۇپ قالىدى- غان بولسا، ئەنە شۇ چاغدا كۆرۈڭ تاماشىنى. ئوۋچىلار سەھرادا ـ ئىزدەپ، ئادىشىپ قېلىپ، ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن چاغلارمۇ بولغان. قىش كۈنلىرى بولسا، بوران- لارغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن. كېيىن پەقەت سۆڭەكلىرىلا تېپىلغان. بىر ئوۋچى ساراڭ بولۇپ قالغانىكەن. ئۇنى تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن ئىزدەپتۇ. تىك ئۇچار ئۇنى قۇتقۇزىمەن دېسە، ئۇ تىك ئۇچاردىن قاچارمىش. يوشۇرۇنىۋالارمىش. كەي- نىدىن قوغلا ـ قوغلا مىڭ تەسلىكتە يېتىشىپ قۇتقۇزۇۋاپتۇ. ئۇ بولسا، گەپ قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەن ئىكەن. خوتۇنىمۇ شۇ ئارىلىقتا باشقا بىرىگە تېگىۋاپتۇ. ۋاي، ئىپلاسەي! ئۇلار- نىڭ ھەممىسى شۇنداق! مەن ئۆيلەنمەيمەن. شەھەردە بىرى بار. تازا كەتكىنى، ئىلزراقلا پۇل بېرىپ قويساڭ، بولدى، جېنىڭغا جان قوشىدۇ، بالا بولمايدۇ دەپ ۋەدىمۇ بېرىدۇ. چوڭ موت- سىكلىتىمۇ ئېلىپ قويغانىدىم، چېخلارنىڭكى، تەنھەرىكەتچىلەر مىنىدىغىنىدىن، سارايغا قاتۇرۇپ قويدۇم. خالىسام، «ژىگۇلى»

مۇ ئالىمەن، پو ئەمەس. لېكىن ھەممىسى «ۋولگا»دىن نوچى بولسۇن. ھازىر «مېرسېدېس»قا ئوخشايدىغىنى چىقىپتۇ ئالساڭ. شۇنىڭدىن ئالساڭ. شۇندىقىنى قولغا چۈشۈرگىلى بولامدىكىن - ھە؟ ئۇنىڭغا ئۈنئالغۇدىن بىرنى سېلىۋېلىپ، ئېغىناپ يېتىپ ئاڭلىساڭ. ناخشا دېگىنىمۇ يۈرەك - باغرىڭنى ئېزىپ تۇرسا. ھەممىسىگە تونۇش كېرەك، ھەممىسىگە پۇل كېرەك، ھەممىسىگە پۇل يىغىش كېرەك. «ۋولگا»نى مىنىپ، نەدىسەن ۋوركۇتا دەپ جۆنىسەڭ، كۆرۈپ قوي. ئاكاڭ قارىغاينى دېسەڭ. ھى - ھى، ئىچى قارا يەڭگىلەر يېرىلىپ ئۆلىدۇ. ئارقىدا بوتۇلكىلارغا قاچىلانغان ئېسىل، تازا ئىچىملىكلەر، كۆپىنچىسى چەتئەلنىڭكى، ئۆزىمىزنىڭكىمۇ بار. شۇنىڭدىن ياخشىسى يوق. ئىچكىلار ئادىمىسۇن يەنە. مۇنداق قارىسا، ئىۋانوشكا تەنتەكتىن ھېچ پەرقى يوق، مىنگىنى بولسا «ۋولگا»... شۇنىڭ ئۈچۈن ئەزىز بۇرادەرلىرىم، نەشىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يۈرىمەن - دە. سىلەرنىمۇ بىر نەرسىلىك بولۇپ قالسۇن دەپ جان كۆيدۈرۈۋاتىمەن - دە... دەۋرىڭ كەلدى — سۈر بېگىم. دەۋرىڭ كەتتى — تۆر بېگىم...

پېتروۋخانىڭ تايىنى يوق، يوقىلاڭ بىلجىراشلىرىنى ئاڭلاپ، ئاۋدىيېنى يەنە خىيال ئېلىپ قاچتى: ئىنسان بالىسى ئاچكۆزلۈك، ھوقۇق تەمەسى ۋە شۆھرەتپەرەسلىك ئوتتۇرىسىدا ئاۋارە - سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ. مانا شۇ ئۈچ نەرسە — ئادەمزات ئاقىنىڭ ئۈچ لەھەڭ بېلىقى. ھەممە يەردە ۋە ھەممە زامانلاردا ئالەمنى ئادەملەرنىڭ ھاياتى شۇلارنىڭ زېمىنىدا بەرقارار تۇرىدۇ. بارلىق چوڭ - كىچىك كۈلپەتلەر شۇلاردىن ھاسىل



www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. ئۇلارغا ئىن - ئۇۋا قۇرىدۇ. ئېتىقاد ۋە قاراشلارنىڭ قاششاقلىقى، ناچارلىقىمۇ شۇلاردىن. ئادىمىي ئادەملەرنىڭ تەڭداشسىز قۇدرەتكە ئىگە بۇ ئىدىيىسىنى يېڭىدىغان كۈچنى يەر يۈزىدە تېپىش قىيىن. دىنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئىچى بوش ۋە كاۋاك كۆرۈنسىمۇ، ھېچقاچان يىمىرىلمەيدىغان بۇ قىيا تاشقا روھنىڭ قانچە - قانچىلىغان پەۋازلىرى ئۆزىنى ئۇرۇپ، پارچە - پارچە بولۇپ كەتمىگەن دەيسىز... ئۇنىڭ چاپارمەنلەرگە قوشۇلۇپ كېتىۋاتقىنىمۇ شۇنىڭ دالالىتى. روھ ئاجىز، لېكىن ھارمايدۇ... پېشانىگە يېزىلغان بولسا كېرەك... ئۇ يول بويى ئۇزىي بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە ھازىرلىنىپ باردى، چۈنكى ئۇ جەڭگە تەييار تۇرۇشى كېرەك ئىدى.

ئۇلار ئۈچ يۈز ئوتتۇزىنچى كىلومېترغا ۋاقتىدىن ئىككى سائەت بالدۇر يېتىپ كەلدى. سائەت ئۈچتە تۈنلەرمۇ شۇ يەردە ئىدى. تۆمۈر يول بويلاپ كەتكەن يارغا يېقىنلاشقاندا، پېترۇخا: خالتاڭلارنى مەن كۆرسەتكەن جايغا قويۇڭلار، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىزلارغا قاراڭلارنى كۆرسەتمەڭلار، بېشىڭلارنى كۆتۈرمەڭلار، نېمە گەپ بولسا، ھەممىسىنى ئۆزۈم ئېيتىمەن، دەپ تاپىلىدى.

ئۇلار ئۆلگۈدەك چارچىغانىدى. بىر كۈندە شۇنچە يولنى بېسىش ئاسانمۇ! يار تېگىدىكى شۈۋاق بىلەن ئەمەن ئارىلاش ئۆسكەن مەخمەلدەك مايسىلار ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىش نېمە دېگەن راھەت. يىراقتىن پويىزلارنىڭ گۈلدۈرلەپ يېقىنلاپ كېلىشلىرىنى ئاڭلاپ يېتىش كىشىگە ئاللىقانداق راھەت بېغىشلايدۇ. ئۇزاق - ئۇزاقلارغا سوزۇلغان ۋاگونلار ئاستىدا تۆمۈر ئىزلار زىڭىلداپ ۋە چىرىلداپ كېتىدۇ، ئاندىن ئېغىر چويۈن

www.uyghurkitap.com

چاقلارنىڭ تاقىراق - تۇقۇرۇق قىلىپ ئۆتكىنى ئاڭلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تۆمۈر ۋە ماي پۇرىقى كېلىدۇ. بۇ شاۋقۇن كېيىن يەنە خېلىغىچە يىراق - يىراقلاردىن قۇلاققا ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ئاندىن ئاستا - ئاستا ئالەم ئوكيانىنى قورشىغان جىمجىتلىققا سىڭىپ كېتىدۇ... يولۇچىلار پويىزى شامالدەك چېپىپ، ئۇياقىمۇ، بۇياقىمۇ ئۆتۈپ تۇراتتى. ئاۋدىينىڭ يۈرىكى ئويناپ كەتتى. ئۇ بالا چاغلىرىدىنلا يولۇچىلار پويىزلىرىنى، ۋاگون دېرىزىلىرىدىن لىپ - لىپ قىلىپ ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنىڭ باشلىرىنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەي بەختىيار ئادەملەر، مېنىمۇ ئۆزۈڭلار بىللە ئەپكېتىڭلار! لېكىن ھازىر شۇ ئۆتكۈنچى ھەۋەستىنمۇ مەھرۇم بولۇپ، چاتقالنىڭ پاناھىدا بېشىنى چىقارماي يېتىشقا توغرا كەلدى. لېكىن ھەممىدىن چاتىقى — مۇشۇ يەردە يۈك پويىزىنى قاراقچىلارچە توختىتىشقا قاتنىشىدۇ. توغرا، ھېچكىم پويىزنى بۇلىماقچى ئەمەس. پويىز توختىسا، چاپارمەنلەر ئۇنىڭغا لىك - لىك سەكرەپ چىقىۋالىدۇ. قالغان ئىشلار ئۆز يولى بىلەن كېتىۋېرىدۇ، ئۇلار بارماقچى بولغان يېرىگە يۈك ۋاگونلىرىدا ئۈن - تىنسىز بېرىۋېرىدۇ...

پويىزلار ئۇياقتىن - بۇياققا تىنماستىن ئۆتەتتى. كېيىن ئۇزاق جىمجىتلىق باستى. ئاۋدىينىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنىۋىدى، بىردىنلا ئۈشتەك ئاۋازى كەلدى. پېترۇخا قۇلىقىنى دىڭ قىلدى، ئاندىن ئۆزىمۇ ئۈشتەك چالدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن يەنە بىر ئۈشتەك چېلىندى.

— خوپ، سىلەر بىمالال كۈتۈپ تۇرۇڭلار، — دېدى

پېتروۇخا، — مەن بارايۍ چاقىرىشىۋاتىدۇ. مېنىڭسىز قىمىر قىلماڭلار، ئاڭلاۋاتامسەن ئاۋدىي، ئاڭلىدىڭمۇ ليونكا؟ يۈك پويىزىنى توختىتىش ئاسان ئەمەس. كالىلىنى ئىشلىتىش كېرەك، كالىلىنى.

ئۇ شۇلارنى دەپلا غايىب بولدى. يېرىم سائەتلەردىن كېيىن قايتىپ كەلدى، مىجەزى سەل پېتىر ئىدى. چىرايى ئۆزگەرگەن بولۇپ، كۆزلىرى ئوغرىلارنىڭكىدەك ئالاق - جالاق قىلاتتى، ئادەمنىڭ يۈزىگە تىك قاراشتىن ئۆزىنى ئەپقاچاتتى. ئاۋدىي بۇنداق چاغلاردا گۇمانسىراپ ئولتۇرۇشنى ياقتۇرمايتتى، بولمىغۇر ئويلارنى ئۆزىدىن نېرى قوغلايتتى. ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىدىغان بولساڭ، خىيال دېگەنگە نېمىلەر كەلمەيدۇ. بەلكىم ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىۋاتقاندۇر... شۇنىڭ ئۈچۈن، خاتىرجەم هالدا ئاسماقچىلاپ سورىدى:

— خوش، پيوتر، ئىشلىرىمىز قانداق؟

— يامان ئەمەس، تۈزۈك. يەنە ئازراق ساقلايمىز.

— پويىز توختىتىمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە. يۈك پويىزى بىزگە قولاي. پويىز ئىستانسىغا كېچىسى بارسا ۋە زاپاس يولدا توختىسا، تېخىمۇ ياخشى.

— شۇنداق بولمامدىغان.

ئۇلار جىم بولۇشتى. پېتروۇخا تاماكا تۇتاشتۇردى. تۈتۈننى ئىچىگە تارتىۋېتىپ، گويا هېچنەرسىنى بىلمىگەندەك:

— بىر بۇرادىرىمىزنىڭ پۇتى زەخىم يەپتۇ. ئىسمى گىرىشان. بېرىپ كۆرۈپ كەلدىم. ئىشى يۈرۈشمەپتۇ. ئاقساپ يۈرۈپ قانچىلىك يىغالايتتى. تاياققا تايىنىپ يۈرۈپتۇ، ئەلۋەتتە.

ئادەمگە ئەلەم قىلىدۇ. يا ھەممىمىز ئۈنىڭغا ئاز-ئازدىن يىغىپ بەرسەكمىكىن. ئون ئادەم ئىكەنمىز. جىندەك-جىندەكتىن نەشە بەرسەك، بىچارىنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ، — دېدى.

— مەيلى، — دېدى ئاۋدىي، — لېۋتكا ئۇخلاۋاتىدۇ، لېكىن ئۇمۇ قىزغانچۇق ئەمەس.

— ھە، لېۋنكا ئۆزىمىزنىڭ سېخىي ئادىمىمىزغۇ! ئاۋدىياي، سەن بېرىپ گىرىشان بىلەن گەپلىشىپ كەلسەڭ بولاتتى. نېمە قىلدى، نېمە بولدى دەپ ھال-ئەھۋال سوراپ قويساڭ، سەل ياخشىلىنىپ قالارمىكىن چولاق شورلۇق...

— ئوزىي نەدە، شۇ يەردىمىكەن؟ — ئېھتىياتسىزلىق قىلىپ سوراپ قويدى ئاۋدىي.


— ھە، سېنى نېمە جىن ئۇرغان ئۆزى؟ ئاغزىڭدىن ئوزىي، ئوزىي چۈشمەيدۇ، — جەھلى چىقتى پېترۇخانىڭ، — مەن نەدىن بىلەي؟ ساڭا گىرىشاننىڭ گېپىنى قىلسام، يەنە ئوزىي دەيسەن. كېرەك بولسا، ئوزىي ئۆزى تېپىۋالىدۇ. غىرت قىسىپ ئولتۇر. بۇرنۇڭنى ئۈچلىما. نېمىشقا ھە دەپ سۈرۈشتۈرۈۋېرىسەن؟

— خوپ، خوپ، سوراپ قويدۇم، — دە، ئۆزۈڭنى بېسىۋال. گىرىشان نەدە؟ قايسى ياقتا؟


— ئەنە، ئۇۋۇ ياقتا بار، ھە، ئەنە، سايىدە، چاتقال تېگىدە ئولتۇرىدۇ، بارغىن.

ئاۋدىي شۇ تەرەپكە ماڭدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەيلا گىرىشانغا كۆزى چۈشتى. ئۇ ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا، چاتقالنىڭ كۈرسىدا قولىدىكى تاياقچىنى ئويناپ ئولتۇراتتى. كەپكىسىنى ماڭلىيىغا باستۇرۇپ كىيىۋاپتۇ. سەزگۈر ئادەم بولسا كېرەك، ئاۋدىي تېخى

يېقىنلاشماي تۇرۇپلا، ئۆرۈلۈپ قارىدى ۋە ئاغزىنى قولى بىلەن تۇسۇپ يۆتىلىپ قويدى. ئۇنىڭدىن نېرىراقتا يەنە ئىككى كىشى ئولتۇراتتى. ھەممىسى بولۇپ ئۈچ كىشى. شۇ چاغدا ئاۋدىي چۈشەندى: ئۇزىي مانا شۇ ئادەم... پۈتلىرى قوۋۇشماي قالغان ئاۋدىي بەدىنىگە سوغۇق يامىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، يۈرىكى گۈپۈلدەپ تېز - تېز ئۇرۇپ كەتتى...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىككىنچى قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# I

— ياردارغا سالام، — دېدى ئاۋدېي پەس ئاۋازدا، قاتتىق دۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى بېسىشقا تىرىشىپ.

خۇددى بېلىقچىلارنىڭكىدەك ئەپچىلگىنە يىغما كۇرسىدا تاياق ئويناپ ئولتۇرغان گىرشان بىر كۆزىنى قىسىپ قارىدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، لېكىن كىمدىن ئىكىن بۇ سالام؟

ئاۋدېي ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى.

— سېنىڭ ساق-سالامەتلىكىڭ كېرەك بولغان ئادەمدىن-دە.

— ھە، شۇنداقمۇ! قايىلمەن، قايىلمەن، بىزنى خۇرسەن قىلدىڭ. ياخشى باشلانغان ئىشنىڭ ئاخىرىمۇ يامان بولمايدۇ. ئادەمزات بولمىغان چۆلدە كۆكۆل سورىغانىنىڭ يولى باشقا. نېمىسىنى دەيسەن! ھەممىمىزلا تىرىك جان-دە، توغرىمۇ؟

«گەپكە چېچەن ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقۇغان بولسا، ئىش چاتاق. بۇنداقىنى زادىلا كۈتمىگەنىدىم. بىر قىسما قىلىقلارنى قىلىدۇ، ئۆزىنى مەمەدانە قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئاۋدېي، — نېمە سەۋەبتىن؟ ياكى ئۇزىنىڭ نەيرىڭىمىكىن بۇ؟» ئاۋدېي گىرشانىنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئەستە قالىدىغان ھېچنەرسىسى يوق ئىكەن، دەپ قويدى ئىچىدە. سىرتىدىن ئۇ ئادەتتىكى ئادەمدەكلا كۆرۈنەتتى: ئوتتۇرا بويلۇقتىن سەل ئېگىزرەك، چاچلىرى خېلىلا قوڭۇر، ئۈستىبېشىمۇ يېشىغا مۇناسىپ بولۇپ، كۆزگە ئانچىلىك تاشلىنىپ

تۇرمايدۇ، تار بۇرۇلكا، ياقىسى «سىرتىما»لىق كونا كۆڭلەك، بېشىدا چۈنتەككىمۇ پېتىپ كېتىدىغان كۆرۈمسىزلا شەپكە. ئەگەر گىرشان ناكار بولمىغان ۋە شۇنىڭ تۈپەيلىدىن يوغان، بۇدۇر-چوقۇر تاياق كۆتۈرۈپ يۈرمىگەن بولسا، ئۇنى باشقا ئادەملەردىن پەرقلەندۈرۈۋېلىش تەسكە توختايتتى. گىرشانغا كۆپرەك تىكىلىپ قارىغان كىشى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى يادىدىن چىقىرالمىسا كېرەك. ئۇ ئويناپ تۇرغان قوي كۆزلىرىنى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا تېز-تېز قىساتتى، قاراشلىرىدىكى مەنە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇراتتى، ئوغرىلىقچە قىيا باقاتتى، رەڭسىز قاشلىرىنى ئۈچۈراتتى، خۇددى بىر بۇلۇڭغا قىسىپ قويۇلغان، ئېتىلىپ، خىرىس قىلىپ چىشلىمەكچى بولۇۋاتقان، لېكىن جۈرئەت قىلالمايۋاتقان ۋە شۇنىڭغا قارىماستىن خىرقىراۋاتقان ۋەھشىي ھايۋانغا ئوخشايتتى. ئېھتىمال، گەپ قىلغىنىدا ھە دېگەندىلا كۆزگە تاشلىنىدىغان ئۈستۈنكى ئۇتتۇر چىشى سۇنۇپ كەتكەنلىكىدىن شۇنداق تەسىرات پەيدا قىلىپ قالغاندۇ. «ئالتۇن چىش قويدۇرۇۋېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن نېمىشقىدۇر خالىماپتۇ، دەپ ئويلىدى ئۆزىچە ئاۋدىي، — بەلكى ئارتۇقچە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرۇشنى خالىمىغاندۇ».

— پۇتۇڭغا نېمە بولدى؟ قايرىلىپ كەتتىمۇ؟ قارىماي قەدەم تاشلاپ قويدۇڭمۇ-يا؟ — ئەدەب يۈزىسىدىن سورىدى ئاۋدىي.

گىرشان بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس چايقاپ قويدى.

— ھەئە، ئازراق زەخمەت چەككەندەك قىلىدۇ، كۆزۈمگە قارىماپتىمەن، توغرا دېدىڭ، ئاۋدىي، ئىسمىڭ شۇنداققۇ دەيمەن، ھە؟

— ھەئە، ئىسمىم ئاۋدىي.

— ئىنجىلدىن ئېلىنغانغۇ دەيمەن. ئاجايىپ ئىسىملار

www.uyghurkitap.com

بولىدۇ - دە، ھە، — گىرشان سۆزلىرىنى ئەتەي سوزۇپ، تىلىنى چاينىدى، — ئاۋدىي دېگەن ئىسمىدىن چىركاۋنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ ئويچانلىق بىلەن، — قاراڭ - ھە، ئادەملەر بىر چاغلاردا خۇدانى دىلىغا تېگىپ ياشىغان. رۇس ئۆلكىسىدىكى پىرىچىستىنسكىيلەر، بوگولىپوۋلار، بلاگوۋېستوۋلار مانا شۇنىڭدىن كەلگەن - دە. سىنىڭ فامىلەڭمۇ ئىسمىڭغا لايىق بولسا كېرەك دەيمەن، ھە، ئاۋدىي؟

— كاللىستراتوۋ.

— مانا، كۆردۈڭمۇ، ھەممىسى توغرا كېلىۋاتىدۇ... مېنىڭ تامىم بولسا تولىمۇ ئاددىي، قارا ئىشچىنىڭ نامى — گىرشان. لېكىن گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. شۇنداق دېسەڭ، سەن ھەقلىقسەن، ئاۋدىي كاللىستراتوۋ، ئايىغىمغا قارىماپتىكەنمەن. بۇنىڭكىن قورقۇنچلۇق بىر خۇلاسە چىقىدۇ: ئادەم ئەگەر ئۇچىغا چىققان ئەخمەق بولمىسا، پۇتىنىڭ ئاستىغا قاراپ يۈرسۇن. ئەقىلسىز باشنىڭ جاپاسىنى پۇت تارتىدۇ، دېگىنىمۇ مانا شۇ ھەقتە ئېيتىلغان. كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئاقساقلاپ قالدىم. راستىنى ئېيتسام، شۇنداق تايىنى يوق ئىشلار.

— بۇنىڭ نېمە تەسىرى بولاتتى؟ — سورىدى ئاۋدىي پېترۇخا ئېيتقان گەپكە ئىما قىلىپ.

— چۈشەنمىدىم، — سەگەكلىكىنى يوقاتمىدى گىرشان.

— شۇ مەززىسىزلىك تۈپەيلىدىن ئىشىڭمۇ ياخشى يۈرۈشمىگەندۇ، دېمەكچىمەن، — ئۇچۇقراق ئىما قىلدى ئاۋدىي.

— بۇ باشقا گەپ! — گىرشان شۇ زاماتلا نەيرەڭۋازلىقىنى يىغىشتۇرۇپ، دەرھال تونىنى ئۆزگەرتتى، — ھەق ئىشنى نەزەردە تۇتىۋاتقان بولساڭ، گەپلىرىڭ توغرا. لېكىن، بۇنىڭ ھازىر ئەھمىيىتى يوق، مېنى باشقا نەرسە تەشۋىشكە سېلىۋاتىدۇ. ئۆزۈڭمۇ سېزىۋاتقانسەن، بولمىسا ماڭا سېنىڭ بىلەن شىتى-

پېتى دەپ شېرىن سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە كېرىكى؟..
گەپنىڭ قىسقىسى، مېنى ئۆزلىرىنىڭ ئاقساقىلىدەك كۆرۈشىدۇ،
ھەربىيچىسىگە ئېيتقاندا سىتارشىنا. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئادەم-
لىرىمنى ساقلاپ، فرونت سىزىقىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتتۈۋېلىشىم
كېرەك. ماڭا ھەممىدىن زۆرۈرى شۇ.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ ياردىمىم لازىم بولسا، تەييارمەن،
ئومۇمەن، بىر پارىڭلىشىۋالساق، يامان بولماس ئىدى، — تەك-
لىپ قىلدى ئاۋدىي، — مېنىڭمۇ شۇ ئادەملەر توغرىسىدا
ئېيتىدىغان گەپلىرىم بار...

— پىكرىمىز بىر يەردىن چىققىنىنى قارا، گەپلەر بولسا،
ئۇپتۇ، مۇگدىشىمىز، — دەپ كۆندى گىرىشان، — ئۆزۈممۇ
دەل شۇنى مولجاللىۋىدىم. مىسال ئۈچۈن بىر مەسىلىنى ئېيتاي،
لېكىن ئارىمىزدا قالسۇن، — مۇغەمبەرلىك بىلەن ئىما قىلدى
ئۇ. ئالدىن بىر چەتتە گەپكە قوشۇلماي ئولتۇرغان ئىككى
چاپارمەنگە بۇيرۇدى، — سىلەر بىكار ئولتۇرماي، بېرىپ
ھازىرلىق كۆرۈڭلار!

چاپارمەنلەر ئالدىن كېڭىشىپ قويغان بولسا كېرەك،
ئېيتىلغان ئىشنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، غىڭ قىلماي كېتىشتى.
گىرىشان تاپشۇرۇق بەرگەچ، سائىتىگە قارىدى.

— بىر سائەتلەردىن كېيىن پويىزلارغا چىقىش ھەرىكىتىنى
باشلايمىز. كۆرىسەن، بىزنىڭ قانداق ئىشلەيدىغانلىقىمىزنى، —
دېدى ئۇ ئالدىن قويۇلغان شەرت بويىچە ئاۋدىيغا، — بىز
ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىمىز، خۇددى پىراشوتتىن ئەسكەر
تاشلىغاندەك. بىز — ھەقىقەتەن ۋەتەنىنىڭ سېپى ئۆزىدىن
بولغان نەق پىدائىي پاراشوتچى ئەسكەرلىرى بىز. سەنمۇ
بۇيرۇلغان ئىشنى قىل. بۇ يەردە «ئۇنداق ئىدى»، «مۇنداق
ئىدى» دېگەن گەپلەر ئاقمايدۇ. ھەممىمىز جان كۆيدۈرۈپ

ھەرىكەت قىلساقمۇ كەچقۇرۇن جالپاق ـ سازغا يېتىۋالىمىز.

گرمشان مەنتىلىك ھالدا جىم بولۇۋالدى. ئاندىن ئاۋدىيغا يالۋۇزلۇق بىلەن نەزەر تاشلىدى ـ دە، سۇنغان چىشىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى:

— ئەڭ مۇھىم گەپ باشقا ياقتا. بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگەنلىكىنىڭ توغرىسىدا... سەن ھودۇقما، ئالدىرىما. نېمە دېسەمكىن، جىنايەتچىلەر ئىچىگە بېشىڭ قىيىپ چۈشۈپ قاپسەن، تېخى بۇ ھەقتە يەنە پاراڭلاشمىسىز، سەن چاپارمەنسەن، ئىچىمىزگە كىرىۋالدىڭ، جىق نەرسىلەر ئەمدى ساڭا مەلۇم، رەڭگىرويىڭغا قارىسام، ئانچە تەنتەكتەكمۇ قىلمايسەن. لېكىن، بۇ توزاقتا ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن چۈشتۈڭ. شۇنداق ئىكەن، بەرىكە تاپ، ساڭا شۇنچە ئىشەنچ بىلدۈردۈك، سەنمۇ ئىشەنچىمىزنى ئاقلا.

— بۇنىڭ بىلەن نېمە دېمەكچىسەن؟

— بايقىشىمچە، ئۆزۈڭ سېزىپ تورغان بولساڭ كېرەك...

— سېزىش باشقا، ئوچۇقىنى بىلگەن باشقا.

ئۇلار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىز شاۋقۇنىنىڭ تىنچىشىنى كۈتۈپ، جىمىپ قالدى. ھەرئىككىسى ئەمدى بولىدىغان مۇقەررەر جەڭگە ھازىرلىق قىلىۋاتاتتى. ئادەملەرنىڭ مۇئامىلىسى نەقەدەر غەلىتە ـ ھە، دەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى شۇ پەيتتە ئاۋدىي، مانا مۇشۇ بىپايان چۆلدە ھەممە تەڭ، ھەممىنىڭ ئىمكانىيىتى باراۋەردەك، ئىش ئوڭىدىن كەلمىسە، ھەممىسى قولغا چۈشىدۇ، قانۇن ئالدىدا تەڭ جاۋاب بېرىدۇ. ئامىتى كەلسە، ھەممە بىردەك مەنپەئەتدار بولىدۇ، لېكىن مۇشۇ يەرگىمۇ ئادەملەر ئۆز قانلىرى بىلەن شەكىللەندۈرگەن قانۇنلىرىنى سۆرەپ كېلىشكەن ۋە گرىشان ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ھاكىم بولۇۋالغان، بۇ يەردە ئۇنىڭ ھۆكمى ئۆتىدۇ.

— دېمەك، سەن ئوچۇقلا گەپلەشمەكچىكەنسەن - دە، — دەپ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزدى گىرشان، — ئۇنداقتا بوپتۇ، — مۇجمەل قىلىپ گېپىنى سوزدى ئۇ. ئاندىن خۇددى ھوشىنى تاپقاندەك مۇغەمبەرلىك بىلەن قوشۇپ قويدى، — ماڭا قارا، ساڭا بۆرىلەر ھۇجۇم قىلغانمىش، راستمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق بولدى، — دەپ تەستىقلىدى ئاۋدىي.

— ساڭا بىرنەچچە سوئالىم بار. شۇلارغا جاۋاب بېرىشىڭ ئۈچۈن، قىسمەت سېنى تىرىك قالدۇرغان ئوخشايدۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ، ئاۋدىي كاللىستراتوۋ؟ — كەمتۈك چىشىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى گىرشان.

— بەلكى شۇنداقتۇر.

— ئۇنداقتا گەپنى ئايلاندۇرما. ماڭا ھازىر، مۇشۇ تاپتا، مەشەنىڭ ئۆزىدىلا جاۋاب بېرىسەن. نېمىشقا مېنىڭ يىگىتلىرىمنى يولدىن ئازدۇرىسەن؟

— گېپىڭگە بىر تۈزىتىش بەرسەم قانداق، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئاۋدىي.

— نېمە دەيسەن؟ قانۇنغا يەنە تۈزىتىش كىرگۈزمەكچىمۇسەن؟

— مەن ئۇلارنى توغرا يولغا سالماقچىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە «يولدىن ئازدۇرۇش» دېگەن گەپ كەتمەيدۇ.

— بۇ مەمەدانىچىلىقنى يىغىشتۇر، يولداش كاللىستراتوۋ. توغرا يولمۇ، ناتوغرىمۇ، بۇ ھەققىدە ھەركىمنىڭ ئۆز چۈشەنچىسى بار. سەن ھەزىل - چاقچاقنى قوي. گەپنى ئايلاندۇرۇپ ئولتۇرىدىغان يەر ئەمەس بۇ. سەن بۇ قىلىقلىرىڭ بىلەن نېمىلەرگە ئېرىشمەكچىسەن، ھەزرەت ئاتا خانىم؟

— نېمە؟ سەن مېنى ئۆزىنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ يۈرىدۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟

www.uyghurkitap.com

— بۇنىڭغا گۇمانىم يوق، بولمىسا نېمە؟ — قوللىرىنى كەڭ يايدى گىرشان ۋە خۇددى تاپتىممۇ دېگەندەك قىلىپ مەسخىرىلىك ھىجايدى.

— ھېچ نەرسىنى كۆزلىگىنىم يوق، ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس. — كەسكىن جاۋاب بەردى ئاۋدىي.

— ناھايىتى ياخشى! — خۇشال بولۇپ تووۋلىدى گىرشان، — گېپىڭ جايىدا! مېنىڭ دېگىنىمدەك چىقىۋاتىدۇ. سەن تازا ھېلىقىدەك ساراڭ تەلۋىلەردىن ئوخشايسەن، بۇنداق ئادەم...

— بەس! نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ بولدۇم.

— بىرىنچىدىن، موينىقۇمغا نەشە يېغىش باھانىسىدە كەلگىنىڭ، ئارىمىزغا كىرىۋالغىنىڭ پۇل تېپىش ئۈچۈنلا ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ سەن پۇلنى ئەمەس، ئەيسا پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرىسەن، توغرىمۇ؟ بۇنىڭ سەۋەبى سېنى دىنىي مەكتەپتىن قوغلىۋەتكەندىن كېيىن بېشىڭنى نەگە تىقىشنى بىلمەي قالغىنىڭدىنمۇ ئەمەس. ئىشنىڭ ھەممە يەردە ئوڭشىدىن كەلمىگىنىدىنمۇ ئەمەس، تاپتىممۇ؟ مەن شۇلارنىڭ ئورنىدا بولغان بولسام، سېنى ئىللا- بىللا دېگىنىڭگە قويماي، تېپىپ يولغا سالاتتىم. بۇ ھالىڭدا سېنى بېشىغا تاڭاتتىمۇ ئۇلار. دىندارلار ئەلمىساقتىن قالغان كونا ئويۇنلارنى ياقتۇرىدۇ. سەن بولساڭ، ئېسىڭنى يەپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن، ھەممىسىگە جىددىي قارايسەن...

— شۇنداق، سەنمۇ ماڭا جىددىي قارا، — دېدى ئاۋدىي.

— شۇنداق بولمايچۇ! مېنى چۈشەنمەيدۇ دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ مەن ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. كىملىكىڭنى ئىچى- تېشىڭدىن كۆرۈپ- بىلىپ تۇرۇپتىمەن. سەن قەلەندەرمەن، ساراڭلىقىڭدىن مۇشۇ كويلارغا چۈشۈپ يۈرىسەن. بولمىسا بۇ يەرلەردە ساڭا پىشۇرۇپ قويۇپتىمۇ؟ سەن نەشە يېغىپ،

مەنئى قىلىنغان زەھەرنى پۇل قىلىپ جان بېقىپ يۈرگەن بىزدەك بىچارىلەرنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويغىلى، رەزىللىك ئورىسىدىن خالاس قىلغىلى كەلگەن؛ ھىدى ئۈچ چاقىرىم جايدىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان، ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن پەند - نەسىھەتلەرنى تارقىتىمەن دېگەن؛ گۇناھكارلارنى گۇناھتىن خالاس قىلغۇچى بولىمەن دەپ كۆڭلۈڭگە پۈككەن؛ ئۇلارنى يامان يولدىن قايتۇرىمەن، دەپ ئويلىغان. بىزنىڭ ئۆزگىرىشىمىزنى، تۆۋا - تەزەررۇ قىلىشىمىزنى، ھەممە قانداق بولسا خۇددى شۇنداق بولۇشىمىزنى ئىستىگەن، سەن ئومۇمىي ئاق ئەندىزىلىرىنى بەكمۇ قەدىرلەيسەنغۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ھازىر غەربمۇ بىزنى، بىر ئەندىزىدە پىكىر قىلىدۇ، دەۋاتىدۇ، — گىرشان كۆتۈلمىگەندە ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ كەتتى، ئۇنى كۆرگەن ئادەم زادىلا پۇتى زەخىم يېگەن دېمەيتتى، ئۇ ئاۋدىيغا يېقىنلىشىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇنىڭ يۈزىگە قادىدى، — ھەي، خالاس قىلغۇچى ۋەكىل، ساڭا قارشى قانداق كۈچ تۇرغانلىقىنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، شۇنىڭ ئۈچۈنلا بۇ يەرگە كەلدىم. يەنە ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، مەن دېگىنىمدىن يانمايمەن. سىلەرنى دەپ مۇشۇ يولغا كىردىم، ئەمدى پېشانەمگە يېزىلغىنىنى كۆرىمەن. سەن بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ يۈرمە.

— ھە، تېخى بىزنى دەمسەن! — گىرشاننىڭ چىرايى پۇرۇشۇپ كەتتى، — كۆڭلۈڭنى توق تۇت، ئەجەبلەنمەيمەن. ئىنسانىيەتنىڭ قۇتقۇزغۇچ خۇداسى چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئەقلىدىن ئېزىشقا تاس قالغانىدى، مەن بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلەنمەيمەن.... ئۇنىڭ قوللىرى كرېستقا مىخلانغان، بېشى كۆكسىگە چۈشكەن، چىرايى ئازابتىن پۇرۇشكەنىدى. مانا بۇنى سەنلەر كۆرۈش! ئەمما يىغلاشما، ئەبەدىلئەبەد تاۋاپ قىلىش!

راست، بەزىبىر ئەقىللىق ئادەملەر قانچە زاماتلاردىن بېرى بىزنى قۇتقۇزماقچى بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلار شۇنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلىشىۋالغان! ئاخىرى نېمە بولدى؟ بۇ دۇنيادا كىمنى قۇتقۇزالىدى؟ نېمىلەرنى قۇتقۇزالىدى؟ قېنى، جاۋاب بەر! بۈرۈن مەۋجۇت نەرسىلەرھازىرمۇ ئوخشاشلا مەۋجۇتقۇ، ئادەم يەنىلا شۇئادەم. شۇنىڭدىن بۇيان ئادەمنىڭ مىجەز - خەلقى قىلچە ئۆزگەرمىدى. بىز بولساق، بىز گۇناھكارلارنى كىم كېلىپ گۇناھتىن خالاس قىلارىكىن دەپ تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىمىز. سەن كاللىستراتوۋ بۇ ئىشنى قىلىشقا لايىق ئەمەسسەن. بىراق، سەن توساتتىنلا ئارىمىزدا ئۈندۈك. سەن كەلدىڭ، ئۆزۈڭگە تويىمۇ يۇقتۇرماي كەلدىڭ! — ئىستىھزا بىلەن لېۋىنى پۈرۈشتۈردى گرىشان، — مەرھەمەت. ئەي ياش خرىستوس!

— مېنىڭ ئۈستۈمدە ئاغزىڭغا كەلگىنىچە گەپ قىلىۋېرىشىڭ مۇمكىن، لېكىن ئەيسانىڭ نامىغا شەك كەلتۈرمە! — تەنبىھ بەردى ئاۋدىي، — مېنى قانداق كېلىپ قالدى بۇ، دەپ ئەجەبلىنىۋاتىسەن، جەھلىڭ تۇتۇۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنىڭ ھېچبىر ئەجەبلىنەرلىك يېرى يوق. پېشانەمگە سېنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش پۈتۈلگەنىكەن. ئۇبدانراق ئويلاپ باق! نىھايەت، سەن بۇنى چۈشەنمەسسەنمۇ! مەن بولمىسام، باشقا بىر كىم سەن بىلەن ئەلۋەتتە توقۇنۇشىدۇ. مەن بولسام سېنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشنى ھېسابقا ئېلىپ قويغانمەن...

— ئېھتىمال، مېنىمۇ ھېسابقا ئېلىپ قويغانسەن؟

— ھېسابقا ئالمىدىغان. بىزنىڭ بىر - بىرىمىزگە دۇچ كېلىشىمىز مۇقەررەر ئىدى. مانا، مەن يېتىپ كەلدىم. سەن دېگەندەك ئۆزۈمگە تويىمۇ يۇقتۇرماي كەلدىم.

— پاراستىڭگە ھەشقاللا، ئوغلان. بىز بىر - بىرىمىزنى كۆرەلمەيمىز، بۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا بىر بىمەززە قانۇنى

يېتىمۇ بولسا كېرەك. لېكىن ئۆپكەڭنى بېسىۋال، خالاس قىلغۇچى كاللىستراتوۋ. سېنىڭ قائىدەڭ بويىچە، ئەمەلىيەتتە، ھېچ نەرسىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. لېكىن، قىزىق يىگىت ئىكەنسەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ مەمەدانىچىلىقنى بولدى قىلايلى. بولدى، كىملىكىڭ ماڭا ئېنىق! ساڭا بىر ياخشى مەسلىھەت بېرەي، بار، يولۇڭدىن قالما، كاللىستراتوۋ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆز جېنىڭنى قۇتقۇز، ساڭا ھازىر ھېچكىم قول تەگكۈزمەيدۇ. چۆلدىن يىغقان نەرسىلىرىڭنى بولسا، خالىساڭ، باشقىلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەر، يا كۆيدۈرۈۋەت، يا شامالغا چاچ، بۇ سېنىڭ ئىختىيارىڭ. لېكىن ئوڭ قۇلىقىڭ بىلەنمۇ، سول قۇلىقىڭ بىلەنمۇ ئوبدان ئاڭلىۋال، ئەمدى ھېچقاچان بىزگە يېقىن يولىما! — گرىشان شۇنداق دەپ تايىقىنى تاشقا مەنىلىك ئۇرۇپ قويدى.

— مەن سېنىڭ بۇ مەسلىھىتىڭگە كىرەلمەيمەن، بۇ ماڭا توغرا كەلمەيدۇ.

— ماڭا قارا، سەن قىپقىزىل ساراڭ ئىكەنسەنغۇ! ساڭا نېمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ؟

— مەن خۇدا ئالدىدىمۇ، ئۆزۈمنىڭ ئالدىدىمۇ سىلەر ئۈچۈن جاۋابكارمەن... بەلكى سەن بۇنى چۈشەنمىسەڭ كېرەك...

— ياق - ياق! نېمىشقا چۈشەنمەيدىكەنمەن؟ — دەپ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى گرىشان غەزەپتىن چىرايى تاتارغان ھالدا، — مەن، ھەر ھالدا، تىياتىر كىشىلىرى ئارىسىدا ئۆسكەنمەن. ماڭا ئىشەن، نېمە ئويۇن كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقىنىڭغا ئەقلىم يېتىپ تۇرۇپتۇ، چۈشىنىمەن. لېكىن سەن ئويۇنغا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتتىڭمۇ - قانداق؟ ھەرقانداق، ھەتتا ئەڭ ئۇلۇغ ئويۇنلاردىن كېيىنمۇ پەردە

www.uyghurkitap.com

يېپىلىدىغۇ. ماڭا ھازىر، يولداش كاللىستراتوۋ، پەردە بىردىنبىر تاماشىبىننىڭ ئالدىدا يېپىلىدۇ. كۆزۈڭگە قارا، بالا. سېنى دەپ ئوشۇقچە گۇناھقا پېتىپ يۈرمەي يەنە، ئېسىڭنىڭ بارىدا ئېتىڭنى ياپ!

ــ گۇناھ دەيسەنغۇ، نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىڭنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن. لېكىن مېنىڭ ئۈچۈن قاباھەتنى كۆرۈپ ــ بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كېتىشتىن ئارتۇق گۇناھ يوق. مېنى يولۇمدىن قايتۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولما. ئېيتايلى، مۇنۇ لىيۇنكا، پېتروۇخا ۋە ساڭا تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپ قويغان باشقا باللارنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ، مەن بۇنىڭغا پەرقسىز قاراپ تۇرالمايمەن، جۆملىدىن ساڭمۇ.

ــ باردىكاللا! ــ ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى گىرشان، ــ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ئارىلىششقا نېمە ھەققىڭ بار؟ قانداق ياشاش ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا. سېنى ئۆمرۈمدە مانا ھازىر كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن. سەن كىم بولىسەن؟ خۇددى ساڭا ئاسماندىن مۇبارەك ۋەھيي چۈشكەندەك، مەن ۋە باشقىلار ئۈستىدە قايغۇرىسەن. جېنىڭنى قىينىما. سالاڭ بولساڭ، ئۆزۈڭگە. خۇدا خەيرىڭنى بەرسۇن، ماڭ بۇ يەردىن. بىز سېنىڭسىزمۇ كۈنىمىزنى كۆرەرمىز، چۈشەندىڭمۇ؟!

ــ ياق، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن! ئاسماندىن ۋەھيي كەلگەنمۇ، دەۋاتىسەن، ماڭا ھېچقانداق ۋەھيي ۋە يولىيورۇق كەلمىگەن. ئادالەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى ماڭا شۇنداق قىلدۇرۇۋاتىدۇ، مەن ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىلىمەن، بۇلارنى ھېسابقا ئېلىش ــ ئالماسلىق سېنىڭ ئىشىڭ، ئەمما مەن، قانداق بولمىسۇن، ئۇلارنى ئادا قىلىمەن. ھازىر سەن ئۆز تەقدىرىمنى ئۆزۈم ھەل قىلىمەن دېدىڭ. بۇ گەپ قۇلاققا چىرايلىق ئاڭلىنىدۇ. بىراق، بىر ــ بىرىگە دەخلىسىز تەقدىر يوق. تۇغۇلۇش

ۋە ئۆلۈشتىن باشقا تەقدىرنى تەقدىردىن ئاجرىتىدىغان سىزىق يوق. تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈش ئارىلىقىدا بولسا، بىز خۇددى ئېشىلگەن يىپلاردەك بىر - بىرىمىزگە قوشۇلۇپ كېتىمىز. گىرىشان، سەن ۋە ساڭا تەۋە بولغان ئاۋۇ ئادەملەر ئۆز پايداقلارنى كۆزلەپ، باشقىلارغا ماڭا مۇشۇ چۆللەردىن نەشە بىلەن بىللە بەختسىزلىك ۋە كۈلپەت ئېلىپ بارىسىلەر، ئادەملەرنى كەيپ ۋەسۋەسىگە سالىسىلەر، تۇزىقىڭلارغا ئىلىندۇرىسىلەر، ئۇلارنى ئۈمىدسىزلىك ۋە پەسلىك قايىنىمىغا تاشلايسىلەر.

— سەن نېمىدەپ بىزگە قارىلىق قىلىسەن؟ بىز نېمە قىلىش، قانداق ياشاشنى سەندىن ئۆگىنىشىمىز كېرەكمۇ؟

— مەن قازى ئەمەسمەن، سىلەرگە ئوخشاشلا بىر ئادەممەن، پەقەت...

— نېمە پەقەت؟

— پەقەت مەن ھەممىمىزنىڭ ئۈستىدە دىيانەت ھەمەدە رەھىم - شەپقەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمى خۇدانىڭ بارلىقىغا ئىشىنىمەن.

— يەنە خۇدا! خوش، بۇنىڭ بىلەن يەنە نېمە دېمەكچىسەن؟

— خۇدانىڭ مەرھەمىتى بىزنىڭ ئىرادىمىز ئارقىلىق نامايان بولىدۇ. ئۇ بىزدە ياشايدۇ، ئېڭىمىز ئارقىلىق بىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

— بۇ يوقىلاڭ گەپلەرنى قوي. خوپ، شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ بىزگە بۇنىڭ نېمە دەخلىسى بار؟

— نېمىشقا دەخلىسى بولمايدىكەن! ئەقىل - ئىدراكنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئىنسان ئۆزىگە ئۆزى خۇددى خۇداغا ئوخشاش تەسىر قىلىدۇ. يامانلىقنى چىن دىلىدىن تەرك ئېتىش دېگەن نېمە گەپ؟ مېنىڭچە بۇ [illegible]لۇقنى خۇدا دەرىجىسىدە تۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

قارغاشتۇر. ئىنسان ئۆز ماھىيىتىگە يېگىچە قاراشنى ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

— ئۇنداقتا، سىنىڭ بۇ قارىشىڭ بىلەن ئاممىنىڭ پىكرى ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق قالىدۇ؟ بىز ئاممىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئاممىنىڭ پىكرىدىن ئۆزىمىزنى ئەپقاچىمىز. سىلەر بىزگە تەڭ كېلەلمەيسىلەر، بىز ئالاھىدە ئادەملەرمىز.

— خاتا پىكىر. ئەركىنلىك قانۇندىن قورقمىغاندىلا ھەقىقىي ئەركىنلىك بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ئۇ خام خىيال. سېنىڭ ئەركىنلىكىڭ دائىم قورقۇنچ ئىچىدە، قانۇنىي جازانى كۈتۈپ ياشايدۇ...

— خوپ، ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ساڭا بۇنىڭ نېمە چېتىشلىقى بار؟ بۇ يولنى سەن ئەمەس، ئۆزىمىز تاللىۋالغان.

— توغرا، ئۆزۈڭ تاللىۋالغان. لېكىن بۇ يولغا سېنىڭدىن باشقىلارمۇ كىرگەن. توسۇق كوچىدىن چىقىپ كەتكىلى بولامدۇ؟ مانا مەشەنىڭ ئۆزىدە، چۆلدە، ئوچۇق ئاسماننىڭ تېگىدە توۋا — تەزەررۇ قىلىڭلار، بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىمەن دەپ، ئۆزۈڭلارغا ۋەدە بېرىڭلار، خەتەرلىك سودىنىڭ پايدىسىدىن، يارامسىز ئادەتلەردىن يۈز ئۆرۈڭلار، تەگرى بىلەن، ھەممىمىزنى بىردىنبىر ئاڭ ۋاستىسىدە بىرلەشتۈرگەن خۇدا ئوغلى ئاتالغان ئەيسا بىلەن مۇرەسسەگە كېلىڭلار...

— خوپ، ئاندىن نېمە بولىدۇ؟

— ئاندىن سەن يەنە چىن ئىنسان دېگەن نامغا مۇشەررەپ بولىسەن.

— پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق گەپ بۇ! يەنە كېلىپ شۇنچىلىك ئاددىي، تېخى، — گىرشان تايىقىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ، قاپىقىنى سالدى، دۆڭنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يەنە بىر يۈك پويىزىنىڭ شاۋقۇنى بېسىلىشنى كۈتتى، ئاندىن

تىلى ھەددىدىن زىيادە ئەركىنلىشىپ كەتكەن ئاۋدىيغا مەسخى-
رىلىك كۆزلىرى بىلەن تېشىۋەتكۈدەك تىكىلىپ شۇنداق دېدى، —
مۆھتەرەم ئاۋدىي، سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن
ئاڭلىدىم. خۇشال بولمايلا قوي. سەن قاتتىق خاتا قىلىۋاتى-
سەن. ئۆزۈڭچە، مېنىڭدىن باشقا ھېچكىم خۇدا بىلەن دىلىدا
گەپلىشەلمەيدۇ، دەپ ئويلىساڭ كېرەك. بىلىپ قوي، خۇدا
بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان يالغۇز سەنلا ئەمەس. سەن تەقۋا-
دار بولساڭ، بۇ نېمەتتىن بىزمۇ مەھرۇم ئەمەسمىز. ئەپتىڭگە
قارا، قورقىنىڭدىن دېمىڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتى، ئەجەبلەنمە.
ماڭا ئوخشاش بىر ئادەمنىڭ خۇدا بىلەن ئالاقە قىلىپ
تۇرۇشى ساڭا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ — ھە؟

— ئۇنداق ئەمەس. پەقەت «ئالاقە» دېگەن سۆز تولىمۇ
قىزىق تۇيۇلدى. ئەكسىچە، سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن بۇنداق گەپنى
ئاڭلاپ خۇرسەن بولدۇم. بەلكى سەن پىكرىڭنى ئۆزگەرتكەنسەن؟

— ھەرگىز! شۇنچىمۇ ساددا بولامسەن. خوپ، ئۇنداقتا
بىلىپ قوي، كاللىستراتوۋ، پەقەت تىلىڭنى چىشلەپ قالمىساڭلا
بولدى. خۇداغا مېنىڭمۇ بارار يولۇم بار، مەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا
ئارقا ئىشىكتىن كىرىمەن. خۇدا دېگىنىڭ سەن ئويلىغاندەك
ناز - پىراق قىلىپ تاللاپ ئولتۇرمايدۇ...

— خۇدانىڭ ئالدىغا ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ نېمىگە
ئېرىشەتتىڭ؟

— ئېرىشىدىغان نەرسەم سىزنىڭكىدىن كەم بولمايدۇ. مەن
ئادەملەرگە شادلىق بېغىشلايمەن. ئۇلار كەيپچىلىكتە خۇدانىڭ
ۋىسالىغا يېتىدۇ. مەن بېرىدىغان نەرسىنى ئۇلار يا سىزنىڭ
پەند - نەسىھەتلىرىڭىزدىن، يا ۋەزلىرىڭىزدىن ياكى دۇئا - ئىبا-
دەتلىرىدىن تاپالمايدۇ... مەن ئۆز ئادەملىرىمنى خۇداغا
باشقا ھەرقانداق ئادەمدىن تېزرەك يەتكۈزىمەن.

www.uyghurkitap.com

— پۇلغا سېتىۋېلىنغان خۇداغا يەتكۈزەمسەن؟ زەھەرنىڭ ياردىمى بىلەنمۇ؟ ئىگىسىنى ئايلاندۇرۇۋېتىمۇ؟ سەن تېخى بۇنى خۇدانىڭ ۋىسالىغا يېتىش بەختى دەيسەنا؟!

— ھە، نېمە بوپتۇ؟ سەن بۇنى، خۇدانى ئاياغ - ئاستى قىلغانلىق دەمسەن؟ بولدى. قوي! نازۇك كۆڭۈللەرگە ئازار بەرگەن يېرىم بارمۇ؟ نېنىڭنى يېرىم قىپتىمەنمۇ؟ يولۇڭنى توسۇپ قويدۇممۇ؟ شۇنداق، مەن پۇلغا، نەشىگە تاياندىم، نېمە بوپتۇ؟! پۇل دېگىننىڭ ئاسانلىقچە قولغا كىرىدىغان نەرسە ئەمەس. پۇل — ھەممە نەرسە! نېمە، پۇلنىڭ خۇداسى پۈتۈنلەي باشقا دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ چىركاۋلار ۋە باشقا تەشكىلاتلاردا سىلەر پۇل ئىشلەتمەمسىلەر؟!

— بۇ پۈتۈنلەي باشقا نەرسىغۇ!

— بەس! ھەسرەتلەنمە! دۇنيادا ھەممە نەرسە سېتىلىدۇ ۋە ئېلىنىدۇ، جۈملىدىن، سېنىڭ خۇدايىڭمۇ ھەم. لېكىن، مەن ئادەملەر مەززە قىلىپ كەيپ سۈرسۇن دەيمەن. سىلەر سۆزدە ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ دۇنيادا ۋەدە قىلغان نەرسىلەرگە مەن ئادەملەرنى بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدىلا مۇيەسسەر قىلىمەن. پەقەت كەيپلا راھەت - پاراغەت بېغىشلايدۇ، ئالەمدە ئۆزۈڭنى قۇشتەك ئەركىن ھېس قىلىسەن، كۆكلەرگە ئۇچىسەن. بۇ راھەت، بۇ لەززەت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كەتسىمۇ، بىردەملىك بولسىمۇ مەيلى. لېكىن ئۇنىڭدا بەختىيارلىق، سائادەت بار. ئۇنىڭغا پەقەت ھوشىنى يوقىتىپلا يەتكىلى بولىدۇ. سەن، تەقۋادارلار بولساڭ، ھەتتا مانا شۇ بىردەملىك راھەتتىن بولۇسمۇ مەھرۇمسىلەر.

— گېپىڭ توغرا، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىردەملىك.

— شۇنداق بولمايچۇ؟ بەش تىيىن تۆلەپ ھەقىقەت تاپماقچىمۇ سەن؟ بىكار گەپنى قىلىسەن، ئەۋلىيا ئاتا! باشقا

بەخت بولمىغاندىن كېيىن، ئاچچىق ئوغا ئۆزىنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

— يوق نەرسىنىڭ ئورنىنى تولدۇر، دەپ ساڭا كىم ئېيتتى! بۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋۇز نىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

— ئۆپكەڭنى بېسىۋال، كاللىستراتوۋ! ئوبدانراق ئويلىنىپ باققىنىڭ بولسا، مەن تېخى سېنىڭ ياردەمچىڭمەن!

— قانداقلارچە؟

— بۇنىڭ قىلچە ئەجەبلىنىدىغان يېرى يوق! ئالەم بىنا بولغاندىن بۇيان ئادەملەرگە قانداق ۋەدىلەر بېرىلمىدى، خورلانغان ۋە ھاقارەتلەنگەنلەرگە قانداق مۆجىزىلەرنى يارىتىپ بېرىش ۋەدە قىلىنمىدى: خۇدا سەلتەنىتىنى ياغدۇرىدۇ-يەي، دېموكراتىيە - باراۋەرلىك - يەي، بۇرادەرلىك - يەي، كوللېكتىپ ھايات بەختى - يەي. خالىساڭ، كوممۇنا قۇرۇپ ياشايدىكەنسەن، تىرىشىپ ئىشلەيدىغانلا بولساڭ، جەننەتكە كىرىدىكەنسەن. بىراق ئەمەلىيەتتىچۇ؟ ھەممىسى قۇرۇق گەپ! مەن بولسام، مېنى چۈشەنسەڭ، كۆڭلى يېرىملارغا، غېرىب-غۇرۋا ۋە كۆڭلى سۇنۇق بىچارىلەرگە ئەرمەك بېرىمەن، خىياللىرىنىڭ بېلىگە تېپىمەن. مەن چاقماق قايتۇرغۇچىمەن، ئادەملەرنى يەتكىلى بولمايدىغان خۇدانىڭ يېنىغا ئارقا يول بىلەن باشلاپ بارىمەن.

— ھە، مەن ئويلىغاندىنمۇ خەتەرلىك ئىكەنسەن! سەن دۇنيانى پۈتۈنلەي ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ تاشلىشىڭ مۇمكىن، بۇنى ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ قىيىن ۋە قورقۇنچلۇق! ھېلىمۇ ياخشى ناپولېئون بولمىغىنىڭ!

— يۇقىرىراقتىن كېلىۋەر. ناپولېئونمۇ گەپمۇ؟ مېنى ئۆز ئەركىمگە قويۇپ بېرىدىغان بولسا، ۋاھ - ھا، نېمىلەرنى

www.uyghurkitap.com

قىلمايتتىم! ئەگەر بىز بىردىنلا غەربكە بېرىپ قالىدىغان بولساق، غۇلىچىمىزنى نەلەرگە يايىمايتتۇق دەيسەن. شۇنداق بولسا، سەنمۇ مېنىڭ بىلەن تارتىشىپ ئولتۇرماس ئىدىڭ، ياخشىلىقنىمۇ، يامانلىقنىمۇ مېنىڭ كۆزلىرىم بىلەن قارىغان بولاتتىڭ.

— بۇنىڭدىن گۇمانلانمايمەن. لېكىن سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭدىن قورقۇنچلۇق بىر نېمە كۆرمىدىم. گەپلىرىڭ يېڭى گەپ ئەمەس. سەن، گرىشان، ئادەملەر ئىشەنچىنى يوقىتىپ قويغان جايلاردا جان باقماقچى بولىسەن، بۇنىڭغا ئادەتلىنىشمۇ ئانچە قىيىن ئەمەس. سەن ئۈچۈن ھەممىسى يامان، ھەممىسى يالغان بولغاندىن كېيىن، ئۆزۈڭنى كەيىپ قىلىپ يۈرۈۋەر. سەن بولۇپ ئۆتكەن ھەممە نەرسىلەرنى قارىلايسەن، سېنىڭچە شۇنداق بولسا، قېنى قولۇڭدىن كەلسە، ئادەملەرنى دۇنياغا باشقىچە قاراشقا ئۆگىتىپ باقمامسەن، ئىمان سېنىڭ نەشەڭ ئەمەس؛ ئىمان — نى - نى ئەۋلادلار بېشىدىن كەچۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ مېۋىسى، ئىمانغا ئېرىشىش ئۈچۈن مىڭ يىللاپ ۋە كۈندە دېگۈدەك مۇشەققەت چېكىش كېرەك. سەن ئۆزۈڭنىڭ شەرمەندە ھۈنىرىڭ بىلەن ئالەمنىڭ ئەزەلدىن كېلىۋاتقان تەرتىپىنى بۇزماقچى، يورۇق كۈننى تۈنگە ئايلاندۇرماقچى بولىسەن. ھازىر ئەيش - ئىشرىتىڭنى سۈرىسەن، كېيىن جاپا - كۈلپىتىنى تارتىسەن؛ سەن كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاۋاتقان كەيىپتىن كېيىن، ئەلۋەتتە، ساراڭلىق باشلىنىدۇ، ئاندىن ئادەم تامامەن پەسكەشلىككە پاتىدۇ. سەن نېمىشقا بۇ تەرەپلىرىنى تىلغا ئالمايسەن؟ سەن دېگەن كەيىپ نەق ئىغۋاگەرچىلىكنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ ئاخىرى خۇدانىڭ ئالدىغا بارغاندەك بولۇپ، ئىبلىسنىڭ قۇچىقىغا چۈشىسەن. ئۇنداقتا قانداق قىلىسەن؟

— قانداق قىلاتتىم، بۇ دېگەن قىساسلىق دۇنيا. بۇنىڭ-

غىچۇ جازا بار. ياشىغانىنىڭ جازاسى ئۆلۈم... سەن بۇ ھەقتە ئويلاپ باقمىدىڭ؟ نېمىشقا جىم بولۇپ قالدىڭ؟ سەن ئەۋلىياغا مېنىڭ بۇ پىكرىم ياقماي قالدى - ھە؟

— ئەيسا پەيغەمبەرگە قارشى پىكىرلەر، ئەلۋەتتە، ياقمايدۇ!

— ھا - ھا - ھا! ئەيسا پەيغەمبەرگە قارشى ئادەملەر بولمايدىغان بولسا، سېنىڭ ئۇ خىرىستىئانچىلىقىڭ قانچە پۇلغا يارايتتى؟ بۇنداق خىرىستىئانچىلىق بىلەن كىمنىڭ كارى بولاتتى؟ مېنىڭ سىلەرگە كېرەك ئادەم ئىكەنلىكىم مانا شۇنىڭدىن چىقىپلا تۇرىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، سىلەر كىم بىلەن كۆرەش قىلىسىلەر؟ ئىدىيەڭلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى قانداق نامايان قىلالايسىلەر؟

— تازىمۇ مەككار ئىكەنسەن - دە! — دەپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى ئاۋدىي، — چېكىنىشلىكلەردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىدىكەنسەن. لېكىن گەپنى پەردەزلىمە. سېنىڭ بىلەن ئورتاق تىل تېپىشىمىز قىيىن. بىز تەتۈر ئادەملەرمىز، بىر - بىرىمىزگە توغرا كەلمەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى بۇ يەردىن قوغلاۋاتىسەن. سەن مەندىن قورقىسەن. لېكىن مەن، بەرىبىر، ئۆز گېپىمدە تۇرىمەن: بۇ يولدىن قايت، تۆۋا قىل، ياش بالىلارنى تۇزىقىڭدىن بوشات. مەن سەندىن ياردىمىمنى ئايىمايمەن.

گرىشان بىردىن جىم بولۇپ قالدى. تايىقىغا تايانغان پېتى قاپىقىنى تۈرۈپ، ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى، ئاندىن مېڭىشتىن توختىدى.

— ئەگەر سەن، يولداش كاللىستراتوۋ، مېنى قورقۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىساڭ، قاتتىق خاتا قىلغان بولىسەن. قالغۇڭ كەلسە، قېلىۋەر. سېنى قوغلاۋاتقىنىم يوق. ھازىر يۈك ۋاگونلىرىغا

www.uyghurkitap.com

چىقىۋالىمىز، يەنى قاتناش ۋاستىلىرىگە تەشكىللىك ھالدا تۇيۇقسىز زەربە بېرىمىز.

— ياخشىسى، قاراقچىلارچە دېگىن، — ئۇنىڭ گېپىنى توغرىلىدى ئاۋدىي.

— مەيلى، سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن. قاراقچىلارچە دېسەڭمۇ مەيلى. لېكىن مەقسىتىمىز تالان - تاراج قىلىش ئەمەس. مەقسىتىمىز — يوشۇرۇنچە مەنزىلىمىزگە يېتىۋېلىش، بۇنىڭ پەرقى بار. ئەمما سېنىڭ دۆلىتىڭ بىزنىڭ ئەركىن بېرىپ - كېلىشىمىزگە يول قويمايدۇ...

— دۆلەتكە تىل تەگكۈزمە. خوش، ماڭا نېمە تەكلىپ بەرمەكچىسەن!

— ئېيتىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ. ئېيتماقچى، ۋاگونلارغا قاراقچىلارچە چىقىۋالغاندىن كېيىن. — گرىشان تۆمۈريول تەرەپنى بېشى بىلەن كۆرسەتتى، — ھەممە جەم بولىدۇ، ئەنە شۇ چاغدا كىچىك لىيونكالار ۋە ھورۇن پېتروۋخالارغا دەيدىغىنىڭنى دە، ئۇلارنىڭ جانلىرىنى قۇتقۇز، ئەي، خالاس قىلغۇچى! مەن غىڭ قىلمايمەن. ساڭا زەررىچىلىك توسقۇنلۇق قىلمايمەن. مېنى مىسالى يوق دەپ ھېسابلاۋەر. مۇبادا، ئۇ ئادەملەرنى كەينىڭدىن ئەگەشتۈرۈپ كېتەلىسەڭ، ئۇلارنى ئۆز خۇدايىڭغا ئىشەندۈرەلىسەڭ، مەن شۇ زامات يېڭىلگەنلىكىمنى بويىنۇمغا ئېلىپ، قارامنىمۇ كۆرسەتمەي كېتىمەن. گېپىمنى چۈشىنىۋاتامسەن؟ بۇ شەرتىمنى قوبۇل قىلامسەن؟

— قوبۇل قىلىمەن! — قىسقىلا جاۋاب بەردى ئاۋدىي.

— ئۇنداق بولسا باشلا! ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن گەپنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. تاغدىن - باغدىن پاراڭلاشتۇق، دەيمىز.

— رەھمەت! لېكىن مېنىڭ يوشۇرىدىغان يېرىم يوق. — جاۋاب بەردى ئاۋدىي.

گرىشان يەلكىسىنى قىستى.

— دەپلا قويدۇم. ئىنجىلدا يېزىلغان: «سەن ئېيتتىڭ» دەپ!

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىن بىرى سائەت كەچ يەتتىلەر بولۇپ قالغانىدى. لېكىن تېپتېز چۆللۈكتە قۇياش ھامان ۋال - ۋال نۇر چېچىپ، قىزدۇرۇپ تۇراتتى. كۆن بويى خۇددى بىر يەرگە باغلاپ قويۇلغاندەك، نېمە سەۋەبتىندۇر قىمىرلىماي تۇرغان كۆمۈشسىمان بۇلۇتلار ئاۋۋال ئاپئاق ئاقىرىپ، كەچكە يېقىن ئۇپۇق تەرەپتە قاپقارا بولۇپ ئېسىلىپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئاۋدىيىنىڭ كۆڭلىگە ئۇققىلى بولمايدىغان بىر ئەندىشە چۈشتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، چاقماق چاقىدىغاندەك قىلاتتى.

پويىزلار ھامان شىمالدىن جەنۇب تەرەپكە، جەنۇبتىن شىمال تەرەپكە ئۆتۈپ تۇراتتى، كەڭ زېمىن ئۇلارنىڭ يوغان چاقلىرى ئاستىدا چىرىلدايتتى ۋە تىترەككە چۈشەتتى. «قانچە ـ لىك يەر، قانچىلىك كۆز يەتمەس ماكانلار ۋە يوروقلۇق بار ـ ھە، شۇنداق بولسىمۇ، ئادەم بالىسىغا نېمىدۇر يېتىشمەيدۇ، ھەممىدىن بۇرۇن ئەركىنلىك يېتىشمەيدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئاۋدىي بىپايان تاقىر چۆللەرگە قاراپ، — ئادەم بالىسى ئادەملەرسىز ياشىيالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ئادەملەرگىمۇ تاقەت قىلالمايدۇ. مانا، ھازىر نېمە قىلىش كېرەك؟ گرىشان ـ نىڭ تۇزىقىغا چۈشكەنلەر ئۇنىڭ بېسىمىغا قارىماي، دوق ـ پوپۇزىلىرى، قورقۇتۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي، ئەقىل ـ ئىدراك ئەركىنگە قاراپ ماڭسا نېمە قىلاتتىكىن؟ ئۆزلىرىدە بۇ بەتبەخت ئەپيۈنكەشتىن قۇتۇلالىغۇدەك كۈچ ۋە ئىرادە تېپىلارمىكىن؟ ئاۋۇنىڭغا قاراڭ! ئۇچىغا چىققان خەۋپلىك ئالدامچى ئىكەن. نېمە قىلاي، قانداق يول تۇتسام توغرا بولار؟»

نىھايەت، كۈتكەن پەيت كەلدى. يۈك پويىزىنى توختىت ـ

تىشتىن بۇرۇن، چاپارمەنلەر ئىككى ـ ئۈچتىن بولۇپ، تۆمۈريول بويلاپ ئۆسكەن چاتقاللار ۋە ئېگىز ئۆسكەن قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇندى. ئۇشتەك چېلىپ بىر ـ بىرىنى خەۋەردار قىلىدىغان بولدى. يولنىڭ يىراقتىكى ئايلانمىسىدا يىلاندەك تولغىنىپ پويىز كۆرۈندى، ئۇشتەك ئاۋازى كېلىپ ھەممىسى دەرھال ئاتلىنىشقا ھازىرلاندى. نەشە تولدۇرۇلغان چامادانلار ۋە چوڭ چەم سومكىلار قوللىرىدا ئىدى. ئاۋدېي، پېترۇخا ۋە لېۋنكا ئۈچەيلەن تۆمۈريول رېمونتىدىن قېپقالغان ئۇششاق شېغىل دۆۋىسىنى پاناھلاپ ياتاتتى. گرىشان ئۇلاردىن سەل نېرىراقتا ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىمۇ ئىككى چاپارمەن بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنى — قوڭۇر چاچلىق يىگىتچاقنى كولە دەپ ئاتايتتى، بۇرنى تومپىيىپ چىققان، كاۋكازچە تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغان چەبدەس يىگىتنى ماخاچ دەپ چاقىرىشاتتى. ئەپتىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەسلى ماخاچقالالاردىن ئىدى. بۇلىشقىلىرى ئاۋدېي تونۇمايتتى، يەنە ئىككى ـ ئۈچ چاپارمەن ئۆزلىرىگە ئەپلىك جاينى پاناھ قىلىپ، پويىزنىڭ كېلىشىنى پايلاپ ياتاتتى. گرىشان تۆمۈريولغا دورا سېپىپ، كۆۋرۈك ئۈستىدە گويا ئوت كەتكەندەك قىلىپ كۆرسىتىش، شۇنىڭ بىلەن ماشىنىستنى پويىزنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلىش ئۈچۈن ئىككى كىشىنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار بۇ يەردىن خېلى يىراقتا، «330km» بەلگىسى قويۇلغان يەردە ئىدى. شۇ يەردىكى باھارنىڭ تاشقىن سۇلىرى ئېلىپ كەتكەن چوڭقۇر يار ئۈستىدىن كىچىكرەك تۆمۈريول كۆۋرۈكى ئۆتەتتى. چاپارمەنلەر غۇلاتقۇچى دەپ ئاتايدىغان ھېلىقى ئىككىسى ئاشۇ نازۇك يەرگە ھازىر دورا چاچماقتا ئىدى.

پويىز يېقىنلاشتى، ئاۋدېي ھەممىلەننىڭ، نېمە بولاركىن، ئامان ـ ئېسەن ۋاگونلارغا چىقىۋالالارمىزمۇ، قانداق ۋاگونلاركىن،

ئىشقىلىپ، نېمىت توشۇيدىغىنى بولمىسۇن، ئۇنىڭغا قانداق جايلاشتۇرۇلۇق، دەپ تىترەپ ـ قاقشاپ تۇرغانلىقىنى چۈشىنەتتى. مۇبادا، مۇھاپىزەت قىلىپ مېڭىلىدىغان ھەربىي پويىز بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭدا ئىش تېخىمۇ چاتاق، بىراقلا تۈگىشىدىغان گەپ.

لېۇنكا قوللىرى قولاشمىغان ھالدا تاماكا تۇتاشتۇردى. پېترۇخا شۇ زاماتلا ئۇنىڭغا غەزىپىنى چاچتى:

— دەررۇ تاشلا! ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئىپلاس!

بىراق چىرايى تاتىرىپ كەتكەن لېۇنكا ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئىچىگە ھەدەپ تۈتۈن تارتاتتى، پېترۇخا ئۇنىڭغا يىرتقۇچتەك تاشلاندى — دە، غۇلىچىنى كېرىپ بېشىغا ئۇردى، شەپكىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى. لېكىن لېۇنكىمۇ قاراپ تۇرمىدى، زەربىگە زەربە بىلەن جاۋاب بەردى: ئۆزىنى ئوڭلاپ تۇرۇپ، پېترۇخانى باپلاپ تەپتى. پېترۇخا قۇتراپ كەتتى، ئىككىيلەن جان ـ جەھلى بىلەن پومىداقلىشىپ كەتتى.

ئاۋدىي ئورنىدىن قوزغىلىشقا مەجبۇر بولدى.

— بولدى قىلىڭلار، بولدى قىلىڭلار، — دېدى ئۇ، — پېترۇخا، لېۇنكىغا تەگمە. ئۇيالمامسەن؟!

لېكىن پېترۇخا جەھلى بىلەن ئاۋدىيغا تاشلىنىپ:

— سەن ئارىلاشما، ئىت پوپىنىڭ ئوغلى، — دېدى، — نېمىشقا ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، پور كۆتەك! بويۇڭ بىر چاقىرىم نېرىدىن كۆرۈنىدۇ! — ئۇ شۇنداق دەپ، جان ـ جەھلى بىلەن ئاۋدىينى ئىشتىنىدىن تارتتى. ئۇلار چۆجە خورازلاردەك قىزىققانلىق قىلىپ، بىر ـ بىرىنى ئاغزىغا كەلگىنىچە سۆككەن پېتى ھاللىراپ يەنە ئۆز جايلىرىغا بېكىنىشتى.

پويىز يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى. چاپارمەنلەرنىڭ تىترەپ ـ لاغىلداشلىرى ئاۋدىيغىمۇ ئۆتتى. ئەھۋال تولىمۇ

ئېغىر ۋە خەتەرلىك ئىدى.

ئاۋدىي باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا پويىزلارنى تاماشا قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى: ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئاسمانغا قويۇق تۈتۈن ۋە ئاپئاق پار چىقىرىدىغان، تۆت ئەتراپقا قىچقىرىپ، شاۋقۇن سالىدىغان ئاجايىپ پاراۋوزلارنى كۆرگەنىدى، لېكىن بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى پويىزنى مۇشۇنداق زارىقىپ كۈتەرمەن، دەپ ئويلىمىغانىدى. مانا ئەمدى، قانۇنغا خىلاپ ھالدا ھەتتا زوراۋانلىق ئىشلىتىپ، پويىزغا چىقىشى كېرەك.

ئىككى پاراۋوز بىرلىشىپ تارتىپ كېلىۋاتقان ئېغىر يۈك پويىزى ئادەمنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئەكس سادا پەيدا قىلىپ بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. ئىلگىرىكى پاراۋوزلار ھازىرقى ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېللار بىلەن زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۈچى ئىچىگە يوشۇرۇنغان، لېكىن ئۇلار شۇنچىۋالا كۆپ ۋاگوننى سۆرەپ ماڭاتتىكى. ئۇلارنىڭ ئاخىرى يوقتەكلا كۆرۈنەتتى. سان - ساناقسىز چاقلار تىنماستىن ئايلىناتتى، ۋاگونلارنىڭ تېگىدىن گۈرۈلدەپ شامال چىقاتتى، گۈلدۈرلىگەن ئاۋۇشلار، بىر رىتىمدا تاقۇر - تۇقۇر ئاڭلىناتتى. ئاۋدىي راسا شىددەت بىلەن كېلىۋاتقان بۇ دېۋىدەك كۈچلۈك ماشىنىغا قارىدى. ئۇنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق يوغان ۋە ئۇزۇن سوستاۋنى توختىتىش مۇمكىنلىكىگە ھېچ كۆزى يەتمىدى.

ۋاگونلار — تۈز ۋاگونلار، نېفىت باكلىرى، ياغاچ بېسىلغان ۋاگونلار، ساندۇقلۇق ۋاگونلار — ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى. سوستاۋنىڭ يېرىمىسى ئۆتۈپ بولدى. ئاۋدىي، ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، بۇلار بىكارغا ئاۋارە بولۇۋاتىدۇ، شۇنداق شىددەت بىلەن كېتىۋاتقان چوڭ پويىزنى توختىتىشنىڭ ئىلاجى يوق، دەپ ئويلىدى. لېكىن، بىردىنلا پويىزنىڭ تېزلىكى

پەسەيدى، چاقلار بارغانسېرى ئاستا ئايلاندى، تورمۇزنىڭ ئېغىر غىچىرلىشىنى ئاڭلىنىپ، سوستاۋ خۇددى كۈتۈلمىگەندە مۈدۈرۈلۈپ كەتكەندەك ئېغىر سىلكىنىپ، مېڭىشنى ئاستىلاتتى. ئاۋدىي كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى: پويىز ھېسابىتا توختىغانىدى. شۇ چاغدا چىرىلداپ ئۇشتەك چېلىندى. ئۇنىڭغا جاۋابەن يەنە شۇنداق ئۇشتەك ئاۋازى كەلدى.

— كەتتۇق! — بۇيرۇق قىلدى پېتروۋخا، — ئالغا!

ئۇلار خالتا ۋە سومكىلىرىنى كۆتۈرگەن پېتى ئاتىلىپ قالغان ۋاگونلارغا ئۆزلىرىنى ئاتتى. ھەممە ئىش پىستىرمىدا يېتىپ بىردىنلا ھۇجۇمغا ئۆتكەندەك، كۆز يۇمۇپ ئاچقانىنىڭ ئارىلىقىدا يۈز بەردى. نېمە ئۇتتۇر كەلسە شۇنى تۇتۇپ، تىرمىشىپ، خالىغان ۋاگون ۋە خالىغان جايغا چىقىپ جايلىشىۋېلىش كېرەك ئىدى. ئاندىن ۋاگوندىن-ۋاگونغا سەكرەپ، ئەپلىكرەك جاي تاپقىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن نېرىسى ئاۋدىيغا خۇددى بىر يامان چۈشتەك سېزىلدى: ئۇ خۇددى ئاسمانغا تاقاشقاندەك، ئىشىك-دېرىزىسى بولمىغان ۋاگونلارنى بويلاپ ئىنتىك يۈگۈرۈشكە باشلىدى، ئۇ ۋاگونلارنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدىكى ئېگىزلىكىدىن، چاقلاردىن چىقىۋاتقان قاراماي پۇراقلىرىنىڭ غايەت ئۆتكۈرلۈكىدىن ھەيرەتتە چۈشتى. چاقلارنىڭ يەنە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تېزلىشىپ كېتىشى ئادەتتىكى ئىش ئىدى. ئاۋدىي شۇنىڭغىمۇ قارىماستىن جېنىنى تىكىپ ۋاگونغا ياماشتى، كىمگىدۇر ياردەملەشتى، كىملەردۇر ئۇنىمۇ قولىدىن تارتتى. پويىز ئىككى قېتىم شاراقلاپ تارتىلدى، سىلكىندى. چاقلار غاچۇر-غۇچۇر قىلىپ كەتتى، چاقلارنىڭ تېگىدە قېلىش خەۋپى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. بىراق ھەممە ئىش جايىدا بولدى. پويىز يەنە بىر قېتىم قاتتىق سىلكىنىپ، ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتنى

تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەپ كەتتى، ئاۋدىي قايرىلىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىچى بوش يېتىك ۋاگوندا تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئاجرالماس ھەمراھلىرى لېيۇنكا ۋە پېترۇخانىڭ، ئۇلاردىن باشقا گىرىشانىڭمۇ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ زەخمى يېگەن پۇتى بىلەن ۋاگونغا قانداق چىقىۋالدىكىن، بۇنى خۇدا بىلىدۇ، ماخاچ ۋە كولەمۇ ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ رەڭگىرويى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى، لېكىن چىرايى شاد ۋە مەمنۇن ئىدى. ھەممە ئىشنىڭ ياخشى ئاياغلاشقىنىغا ۋە ئەڭ چاتاق جايىنىڭ ئەمدى ئارقىدا قالغانلىقىغا ئاۋدىينىڭ زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. نەشە يىغقۇچىلار ئەمدى جالپاق ـ ساز بېكىتتى تەرەپكە كېتىپ باراتتى، ئۇنىڭدىن ئۇ يېقىنغا يوللارنىڭ ھەممىسى چوڭ يەرلەرگە، كاتتا شەھەرلەرگە، ئادەم قايناملىرى ئىچىگە ئېلىپ بارىدۇ...

يەنە بەش سائەتچە يول يۈرۈشى كېرەك. ۋاگوندا يۈك چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن قالغان بولسا كېرەك، بوش قەغەز يەشىكلەر بار ئىكەن، چاپارمەنلەر ئۇلارنى تەگلىرىگە قويۇپ ئورۇندۇق قىلىۋېلىشتى. گىرىشانىڭ دېگىنى بويىچە، سىرتتىن قارىغاندا كۆرۈنمەيدىغان بولۇپ ئولتۇرۇشتى. ۋاگوننىڭ ئىچى خېلى يورۇق بولۇپ، ھاۋا كىرىپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۈستىدىكى تاختايلار كۆتۈرۈپ قويۇلغانىدى، ئەگەر بىر تەرەپتىكى ئىشىك ئېچىلىدىغان بولسا، غۇيۇلداپ شامال كىرىپ، ئۇلارغا سوغۇق تېگىشى مۇمكىن ئىدى.

قانداقتۇر بىر كىچىك ئاچالدا توختىغاندا، ئۇلار ئىشىكنى مەھكەم يېپىپ، دىمىق ۋە ئىسسىق ۋاگون ئىچىدە غىڭ قىلماي جىمجىت ئولتۇرۇشتى، لېكىن سوستاۋ ئالدىغا ھېچكىم كەلمىدى. پېترۇخا ئاستا سىرتقا قاراپ، ھەممە ئىش

جايىدا، ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ، دېدى. ئۇدۇلىدىن كېلىۋاتقان يولۇچىلار پويىزى يانلىرىدىن گۈرۈلدەپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، سوستاۋ يەنە ئورنىدىن قوزغالدى، ئالدىدىكى بىر كىچىك بېكەتتە ماخاچ بىر تۇلۇم سۇ تېپىپ كەلدى. ۋاگوندىكى ھايات خېلىلا جانلىنىپ كەتتى، قاتتىق نان ۋە كونسېرۋالار يېيىلدى. جالپاق ـ سازغا بارغاندا، ئاشخانىدا تويغۇچە ئىسسىق تاماق يەيمىز، دەپ ئارزۇ قىلىشتى.

پويىز بولسا چۆللىرىدىن تاغلار تەرەپكە ماڭماقتا ئىدى...

ماي ئېيىنىڭ كېچىلىرى ئۇزۇن بولىدۇ، ئەتراپ تېخىچىلا يورۇق ئىدى. ئۇلار ئۇنى ـ بۇنى دەپ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، كۆپرەك تۈرلۈك تاماقلارنى ۋە پۇلنى ئەسلەشەتتى. پېترۇخا مۇرمانىسكىدا ئۆزىنى مامۇقتەك بىر قىز ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇ چاغدا ماخاچ ساپ كاۋكازچە چاقچاققا ئۆتۈپ، قايناپ كەتتى:

— ماڭا قارا، پېترۇخاجان، ئەزىزىم، سەن مۇرمانىسكىدىن باشقا يەردە ئايال تاپالمامسەن؟ موسكۋادا تاپقىلى بولمامدىكەن؟ ھا ـ ھا ـ ھا! نېمە، موسكۋادا خوتۇن يوقمىكەن؟

— بۇنداق ئىشلاردا سەن تېخى سويما، ماخاچ. نېمىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتىڭ؟ — ئاچچىقى كەلدى پېترۇخانىڭ. — نەچچىگە كەلدىڭ؟

— نەچچە بولسا شۇنچىگە! بىزنىڭ كاۋكازدا مېنىڭدەكلەر ئاللىقاچان بالىلىق بوپبولىدۇ! ھا ـ ھا ـ ھا!

بۇ گەپ ھەممىسىنىڭ كۆڭلىنى چاغ قىلدى، ھەتتا ئاۋدىيمۇ گىرىشانغا قاراپ قويۇپ، ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى، گىرىشان بولسا بىر ياقتا تەكەببۇرلۇق بىلەن ھېجىيىپ تۇراتتى. ئۇ يىغما كۇرسىدا بايىقىدەكلا ئەگرى تايىقىنى تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

خۇددى باشقا چاپارمەنلەرگە ئوخشاش ناچار تاماكا چېكەتتى ۋە پەقەت شۇنىڭ بىلەنلا ئالارغا ئوخشايتتى.

كۆپ ئۆتمەي ئۇلار ھەزىل - چاقچاق بىلەن بوش يۈك ۋاگونىنى تامامەن ئۆزلىرىنىڭكى قىلىۋالدى. قۇياش تېخى ئۇپۇققا پاتمىغان، ھەممە ياق يوپيورۇق بولسىمۇ، ليۇنكا ۋاگوننىڭ بىر چېتىدە ئۇيقۇغا كەتكەنىدى، باشقىلارمۇ ئۇخلىماقچى بولۇپ تۇراتتى. قانداقتۇر ئەرزىمىگەن نەرسىلەر ئۈستىدە گەپ سېتىپ، تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان چاپارمەنلەر بىردىنلا جىمىپ قېلىشتى، ئاندىن گرىشان تەرەپكە قاراپ، ئاللىنېمىنى شىۋىرلىشىشقا باشلىدى.

— قۇلاق سال، گرىشان، — دەپ ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلدى ماخاچ، — بىز يىغىن ئېچىپ قارار چىقاردۇق، بىرئاز كەيپ قىلساقمىكىن؟ ۋاقىت خېلى بار. ئاكاڭ قارىغايدا، شۇنداق بىر نوچىسى باركى، ۋاھ - ۋاھ، بۇندىقىنى پەقەت باغدات ئوغرىسىلا چەككەن!

گرىشان ئاۋدىيغا، خوش، قانداق، دېگەندەك قىلىپ تېزلا قاراپ قويدى. ئاندىن بىر پەس جىم تۇردى - دە:

— چېكىۋېرىڭلار! — دېدى.

ھەممىسىگە جان كىرىپ، ماخاچنى ئورىۋېلىشتى. ماخاچ چاپىنىنىڭ قايسىدۇر بىر يېرىدىن ھېلىقى باغدات ئوغرىسى چېكىدىغان نوچىسىدىن چىقىرىپ ئۇزۇن قىلىپ يۆگىدى، ئۆزى بىرىنچى بولۇپ چەكتى، ئاندىن يېنىدىكىلەرگە ئۇزاتتى. ھەر بىرى نەشىنىڭ تۈتۈنىنى ئىچىگە ھۇزۇر قىلىپ تارتىپ، ئاندىن تاماكىنى شېرىكىگە سۇناتتى. نۆۋەت پېترۇخاغا كەلگەندە، ئۇ تۈتۈننى ئىچىگە سۈمۈرۈپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قاتتىق شورىدى - دە، ئاندىن ئاۋدىيغا ئۇزاتتى:

— قېنى، ئاۋدىياي، سەنمۇ بىر چەك! سېنىڭ نەرسىڭ

كەم؟ مە، چەك! ھە، نېمانچە ئۆزۈڭنى ئەپقاچسەن، قىز بالىمۇ سەن نېمە بالا؟

— ياق، پيۇتر، مەن چەكمەيمەن، ئاۋارە بولما! — پېترۇخانىڭ قولىنى قەتئىي قايتۇردى ئاۋدىي.

پېترۇخا دەررۇ رەنجىدى:

— پوپلىقىڭ ھېچ قالمىدى - دە! قايىلمەن ساڭا، پوپ - سوپ! ساڭا ياخشىلىق قىلىۋاتساق، سەن بىزدىن يىرگىنىۋاتىسەن!

— مەن يىرگىنىۋاتقىنىم يوق، پيۇتر، بۇ گېپىڭ توغرا ئەمەس!

— بارە، ساڭا گەپ ئۇقتۇرغىلى بولاتتىمۇ! — قولىنى شىلتىدى پېترۇخا ۋە يەنە بىر قېتىم ئىچىمگە چوڭقۇر تارتىپ، تاماكىنى ماخاچقا بەردى، ئۇ بولسا كاۋكازچە چاققانلىق بىلەن ئۇنى گىرىشانغا ئۇزاتتى.

— ئەمدى، ئەزىز بۇرادەر، نۆۋەت سىنىڭ! سۆز ساڭا!

گىرىشان گەپ قىلماي ئۇنىڭ قولىنى نېرى ئىتتىردى.

— مەيلى. ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۆزۈڭ خان - ئۆزۈڭ بەگ! — ئىچىمغان ھالەتتە بېشىنى چايقىدى ماخاچ. تاماكا يەنە قولدىن قولغا ئۆتۈشكە باشلىدى. لېيۇنكا شوراپ - شوراپ چەكتى، ئۇنىڭدىن كېيىن كولە، ئاندىن پېترۇخا ۋە يەنە ماخاچ چەكتى. ئۇزاق ئۆتمەي چەككۈچىلەرنىڭ كەيپىياتى ئۆزگىرىشكە باشلىدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى گاھ تۇمان بىلەن قاپلىناتتى. گاھ ۋال - ۋۇل قىلىپ كېتەتتى. ئاغىزلىرىنى كالچايتىپ سەۋەبسىزلا ھىجىيىشاتتى، ئۆزلىرىنى غايەت بەختىيار ھېس قىلاتتى، پەقەت پېترۇخالا ھېلىمۇ قورساق كۆپۈكىنى ئۇنتۇماي، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئاۋدىي تەرەپكە نارازى بولۇپ نەزەر تاشلايتتى، پوپلارنىڭ ھەممىسى توڭگۇز بولىدۇ، دەپ غودۇڭشىيتتى.

گىرىشان بىر چەتتە بەڭگىلەرگە بىمالال قاراپ ئولتۇراتتى، لەۋلىرىدىن كۆپىنى كۆرگەن ئادەملەردەك كىنايىلىك، تەكەببۇرانە، يېنىپ كۆيگۈچى تەبەسسۇم نۇرى كەتمەيتتى. ئۇ ۋاگوننىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان ئاۋدىيغا دەممۇدەم ھومىيىپ، ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى، قارىشىدىن بولۇۋاتقان ئىشتىن مەمنۇنلۇقى چىقىپ تۇراتتى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىي ئەقىدىلەرگە رىئايە قىلىدىغان ئاۋدىيغا قانداق تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى پەملەپ تۇراتتى.

ئاۋدىي گىرىشاننىڭ چاپارمەنلەرگە نەشە چېكىشكە ئىجازەت بېرىپ، ئۆزىگە بىر تاماشا كۆرسەتمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن: «كۆرۈپ قوي، قانداق بولىدىكىن؟ مېنىڭ كۈچۈم نېمىدە ئىكەنلىكىنى بىلدىڭمۇ؟ سېنىڭ يۈكسەك ئىنتىلىشلىرىڭ بۇ بەتتەرلىكلەر ئالدىدا نەقەدەر ئاجىز ئىكەنلىكىنى ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟» دېگەن مەنىنى پەملەيتتى.

گەرچە ئاۋدىي ئۆزىنى ئۇلارنىڭ قىلغۇلۇقلىرى بىلەن كارىم يوق دېگەندەك قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئىچىدە گىرىشاننى يامان يولدىن قايتۇرالمايۋاتقانلىقىدىن، ئاجىزلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنەتتى. چاپارمەنلەرنى گىرىشاننىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، نېمە قىلسا بولىدۇ. ئەمدى ئاۋدىي سەۋرتاقىتى تۈگەپ غەزىپىنى باسالماي قالدى. پېترۇخا تاماكىنىڭ كۆتىكىنى چېكىش ئۈچۈن يەنە ئۇنىڭغا تۇتقاندا، ئۆزىنى باسالمىدى، نىھايەت، يېرىلدى. تاماكىنىڭ قالدۇقى شورىلىشۇرگەنلىكتىن خۇنۇك سارغۇچ - كۆك رەڭگە كىرگەنىدى.

— ئال، ئاۋدىياس. نېمانچە تەرىڭنى بۇزىسەن، ۋاي، پويىنىڭ باللىسىيەي! چىن كۆڭلۈمدىن دەۋاتىمەن. پۈتۈن مەززىسى ئاخىرىدا بولىدۇ، مېڭەڭ قايماقتەك ئېرىپ كېتىدۇ! — زادى ئارام بەرمىدى خاپا بولۇپ پېترۇخا.

— نېرى تۇر! — سىلكىپ تاشلىدى ئۇنى ئاۋدىي.

— شۇنداقمۇ تېخى! مەن ساڭا چىن دىلىمدىن دەۋاتسام، ناز قىلىۋاتامسەن نېمە! قاپىقىڭنى تۈرۈۋاتىسەنغۇ؟

— بوپتۇ، ئەپكەل! — دېدى ئاۋدىي پىغانى تېشىپ. ئۇ يېنىپ تۇرغان تاماكىغا قولىنى سوزۇپ، ئۇنى پېتروۋخاغا نامايىش قىلغاندەك بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى-دە، ۋاگوننىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن تالاغا تاشلىۋەتتى. بۇ ئىش شۇنچە تېز يۈز بەردىكى، ھەممەيلەن ۋە ھەتتا گىرىشانمۇ ھەيران بولغىنىدىن قېتىپلا قالدى. ئارىغا چۈشكەن سۈكۈتتىن پويىز چاقلىرىنىڭ شىددەتلىك ئاۋازى تېخىمۇ ئېنىق ۋە ۋەھىمىلىك ئاڭلاندى، — كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئاۋدىي پېتروۋخاغا، — نېمە قىلغىنىمنى ھەممىڭ كۆرۈۋشتۇڭمۇ؟ — ئاچچىقى بىلەن دېدى ئۇ باشقا چاپارمەنلەرگىمۇ بىر-بىرلەپ قاراپ چىقىپ، — بۇنىڭدىن كېيىن دائىم شۇنداق بولىدۇ.

پېتروۋخا بىلەن باشقىلار ھەيران بولۇپ گىرىشانغا سوئال نەزەرىدە قاراشتى: قانداق بولغىنى، خوجايىن، بۇ كاساپەت نەدىن كېلىپ قالدى؟

گىرىشان بىردەم ئاۋدىيغا، بىردەم چاپەرمەنلەرنىڭ دومسايغان چىرايلىرىغا مەسخىرە قىلغاندەك قارايتتىيۇ، ئۈندىمەيتتى. ماخاچنىڭ تاقىتى تاق بولۇپ كەتتى:

— ھەي، بۇرادەر، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟ نېمە، گاچا بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ياق، گاچا بولۇپ قالمىدىم! — دېدى گىرىشان. ئاندىن زەھەرخەندىلىك بىلەن چورتلا كەستى، — مەن مۇنۇ نېمىگە، غىڭ قىلمايمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدىم. قالغىنىنى ئۆزۈڭلار ھەل قىلىڭلار! مېنىڭ باشقا گېپىم يوق...

— راستمۇ؟ — ئاسماقچىلاپ سورىدى ماخاچ ئاۋدىيدىن.

www.uyghurkitap.com

— راست، لېكىن گەپ باشقا ياقتا! — ۋارقىرىدى ئاۋدېي، — مەن ئۇنى پاش قىلماقچىدىم، — دەپ گىرىشاننى بېشىنى سىلكىتىپ كۆرسەتتى ئۇ، — بۇ ئىبلىس ھەممىڭلارنى يولدىن چىقارغان! ھالاكەت گىردابىغا كېلىپ قالدىڭلار! مەن جىم قاراپ تۇرالمايمەن، ھەقىقەت مەن تەرەپتە! — ئۇ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى، نېمىلەرنى دەپ ۋارقىراۋاتقانلىقىنى بىلمەي، نەشە تولدۇرۇلغان يۈك-تاقلار ئىچىدىن خالتىسىنى كۈچەپ تارتىۋالدى. گىرىشاندىن باشقىسى ئولتۇرغان ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشتى: پوپىنىڭ بۇ قويىدىن ياۋاش بالىسى زادى نېمە قىلماقچى؟

— مانا، قاراڭلار، بالىلار! — ئاۋدېي خالتىنى بېشى تەرەپكە كۆتۈرۈپ سىلكىدى، — مانا مۇشۇ نەرسىنىڭ ئىچىدە بىز ئادەملەرنىڭ بېشىنى يەيدىغان، ئاپەت ۋە قىرغىنچىلىق كەلتۈرىدىغان ئوغا ئېلىپ كېتىۋاتىمىز. پۇلغا يېنىكلا ئۇچقان سىز چاپارمەنلەر، سەن پېيۇتر، سەن ماخاچ، سەن لېيۇنە، سەن كولە. شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر! گىرىشاننى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر!

— شاشما، شاشما ئاۋدېي! قېنى، خالتىنى ماڭا بەرگىنە، — دەپ ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدى پېترۇخا.

— نېرى تۇر! — دەپ ئۇنى ئىتتىردى ئاۋدېي، — يېقىن كەلمە! ئادەملەرنىڭ بېشىغا يېتكەن بۇ بالانى قانداق يوقىتىشنى ئۆزۈم بىلىمەن.

ئاندىن كېيىن ئاۋدېي چاپارمەنلەر ھوشىنى تېخى تاپماي تۇرۇپلا، خالتىسىنىڭ سىيرىتمىسىنى تارتىپ ئاچتى-دە، نەشىلەرنى ۋاگوننىڭ ئىشىكىدىن سىرتقا چېچىشقا باشلىدى. ئانچە-مۇنچىلا نەشە تېرىۋالغانىكەن، نەشىنىڭ سارغۇچ-كۆك يوپۇرماقلىرى ۋە گۈللىرى تۆمۈريول بويلاپ خۇددى كۆزدىكى گۈل

بەرگىلىرىدەك پاراكەندە بولۇپ تۇزۇپ ئۇچتى. مىڭلاپ شاراق-شاراق پۇللار ھاۋاغا سورۇلماقتا ئىدى! چاپارمەنلەر خىلىغىچە ئاۋدىيغا ئەجەبلىنىپ قارىغىنىچە، شامدەك قېتىپ قېلىشتى.

— كۆردۈڭلارمۇ! — ۋارقىرىدى ئاۋدىي ۋە خالتىسىنىمۇ تاشقىرىغا ئاتتى، — مانا ئەمدى سىلەرمۇ شۇنداق قىلىڭلار! ئاندىن بىرلىكتە توۋا قىلىمىز، خۇدانىڭ شاپائىتى ۋە مەغپىرىتىگە سازاۋەر بولىمىز! بولۇڭلار، ليۇنكا، پيوتر! لەنىتى نەشلىرىڭلارنى تۆكۈڭلار، قۇتۇلۇڭلار شۇ يارىماستىن!

— ساراڭ بولۇپ قاپتۇ! ئىستانىسىدا ئۇ بىزنى تۇتۇپ بېرىدۇ! ئۇر ئۇنى، ئۇر ئىت پوپنىڭ بالىسىنى! — چىرقىرىدى ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ پيتروخا.

— توختاڭلار، توختاڭلار! قۇلاق سېلىڭلار! — ئۇلارغا نېمىسىدۇر چۈشەندۈرمەكچى بولۇپ ۋارقىرايتتى ئاۋدىي نەشكەشلەرنىڭ قۇتراپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ. لېكىن ئەمدى كېچىككەنىدى. نەشكەشلەر ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇترىغان ئىتتەك تاشلاندى. پيتروخا، ماخاچ، كولەلەر بىر بىرىگە نۆۋەت بەرمەي ئۇنىڭ بېشىغا مۇشت ياغدۇردى. پەقەت ليۇنكىلا ئۇلارنى كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئاجرىتىشقا ئۇرۇناتتى.

— قويۇڭلار، بولدى قىلىڭلار! — ئۇ نېمە قىلىشنى بىلمەي ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە ئايلىناتتى، لېكىن ئۇلارنى ئاجرىتىشقا كۈچى يەتمەيتتى. ئۈچ كىشىگە يالغۇز بىر ئادەم قانداق تەڭ كەلسۇن. رەھىمسىزلىك بىلەن قارا-قويۇق كالتەكلەش باشلاندى.

— ئۇر! ئىتتىر! ۋاگوندىن تاشلىۋەت! — دەپ ھۆركىرەيتتى پيتروخا.

— پوپنى ئۆلتۈر! پەسكە ئات! — جور بولاتتى ماخاچ.

— ئۇنداق قىلماڭلار! ئۆلتۈرمەڭلار! ئۆتۈنۈپ قالاي،

www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرمەڭلار! — دەپ چىرقىرايتتى رەڭگى ئۆچكەن، دىر-دىر تىترەپ تۇرغان ليۇنكا.

— يوقال، هارامى، سويۇۋېتىمەن! — دەپ ليۇنكىنىڭ قولىنى تارتاتتى ۋەھشىيلەشكەن كولە.

ئاۋدىي كۈچىنىڭ بارىچە سىلكىنىپ كېتىۋاتقان ۋاگوننىڭ ئوچۇق يېرىدىن نېرىغا، ئوتتۇرىراققا سۈرۈلۈشكە ئۇرۇناتتى، نەشكەشلەرنىڭ بۇنچىلىك رەھىمسىز، ۋەھشىي، زوراۋان بولىدىغانلىقىغا ئۇ ئەمدى ئىشەندى. بولمىسا، ئۇلار تېخى ھېلىلا ھۇزۇرلىنىپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ ئولتۇرغان ئەمەسمىدى. ئاۋدىي ھاياتىنىڭ قىل ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى چۈشىنەتتى، كۈچلەرمۇ تەڭ ئەمەس ئىدى. كۈچى ئېشىپ-تېشىپ ياتقان، قۇترىغان ئۈچ يىگىتكە يالغۇز ئۆزى قانداق تەڭ كېلەلىسۇن. توغرا، ليۇنكا ئۇنىڭغا يان بېسىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ نېمىگە كۈچى يېتەتتى. گرىشان بولسا، ھامان شۇ جايىدا، خۇددى سېرك ياكى تىياتىر كۆرۈۋاتقان تاماشىبىندەك ئولتۇراتتى، چوڭچىلىق بىلەن ھىجىياتتى.

— ئوھۇي! ئوھۇي! مانا كۆرۈڭ! — دەپ لېۋىنى پۈرۈشتۈرۈپ مازاق قىلاتتى گرىشان. ئۇ ئۇلارنى ئىتتەك سوقۇشتۇرۇپ قويدى، توقۇنۇش بولۇشىنىمۇ ئالدىن سەزگەنىدى، مانا ئەمدى ئۇ غەلىبە لەززىتىنى سۈرۈۋاتىدۇ — ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ.

ئاۋدىي پەقەت گرىشان ئوتتۇرىغا چۈشسىلا جېنىنى ئامان قالىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى. «گرىشان، قۇتقۇز!» دېسىلا چاپارمەنلەرنىڭ ئۆزىنى تىنچ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن كاللىسىنى ئېلىۋەتسىمۇ ئۇ گرىشاندىن ياردەم سورىمايتتى. بىردىنبىر چارە بىر ئامال قىلىپ ۋاگوننىڭ ئىچكىرىرەكىگە ئۆتۈۋېلىش، بۇلۇڭغا قىسىلىپ تۇرۇش، ئۇنىڭدىن كېيىن كالتەكلەمدۇ،

تېپەمدۇ، قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن، ۋاگوندىن تاشلىۋەتمىسىلا بولىدى، بولمىسا جاندىن ئۈمىد يوق...

لېكىن ئىچكىرى بۆلۈككە يېتىۋېلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنى ئۈرۈپ - تېپىپ، يەنە ۋاگوننىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكى تەرەپكە تاشلىدى. ئاۋدىي شۇ يەردە بىردەملا تۇرۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى ھەش - پەش دېگۈچىلا تاشقىرىغا ئىتتىرىۋېتەتتى. شۇڭا ئاۋدىي يىقىلغان جايىدىن يەنە تۇراتتى، ئۆزىنى ۋاگوننىڭ ئىچكىرىسىگە ئېلىشقا ئۇرۇناتتى. نەشكەشلەر ئاخىر ماغدۇرسىزلىنىپ، ھوشىنى يىغىشتۇرۇۋالار، دەپ ئۈمىد قىلاتتى. رەھىمسىز جەڭدە ھە دېگەندىلا بېشىغا ئېغىر زەربە يېگەن ليۇنكا يىقىلدى. پوپىنىڭ ئوغلىدىن، يېگى چىققان ئەۋلىيادىن چاپارمەنلەرنىڭ دۈشمىنىدىن ئايىماستىن ئىنتىقام ئېلىشىۋاتقاندا، پۈتلىشىپ يۈرمىسۇن دەپ، كولە ئۇنى تىنچىتقانىدى. نەشكەشلەر مۈشت ئۈستىگە مۈشت ئاتاتتى. شامالغا سورۇلۇپ كەتكەن شۇنچە پۇلغا ئىچلىرى ئېچىشاتتى.

— ئۇر! ئۇر! جان يېرىگە سال ئەبلەخنىڭ! — دەپ قۇتراپ شالىنى چاچتى پېترۇخا. ئۇ ئاۋدىينى كەينىدىن كېلىپ مەھكەم قۇچاقلاپ قوللىرىنى ئارقىسىغا قايرىدى ۋە ماخاچقا توغرىلىدى. ماخاچ شۇ ئاندىلا خۇددى شەيتان كۆرگەن بۇقىدەك غەزەپ بىلەن ئاۋدىينىڭ قورسىقىغا ئۇردى. ئاۋدىي ئۆلەر ھالەتتە مۈكچىيىپ ئاغزىدىن قان كەتكەن پېتى ۋاگون ئىچىگە يىقىلدى. ئاندىن ئۈچەيلەن ئۇنى ئىشىك تەرەپكە سۆرەپ ماڭدى. ئاۋدىي بولسا، شۇ ئەھۋالدىمۇ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشقا ئۇرۇناتتى، قارشىلىق كۆرسىتەتتى، تىرناقلىرىنىڭ يىرىلىپ كېتىشىگە قارىماي، ۋاگون تاختايلىرىغا يېپىشاتتى. مۇدھىش گىرىشان بولسا، ۋاگوننىڭ بىر چېتىدە گويا ھېچنەرسە بولمىغاندەك پۇتلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇراتتى، بېزەك چىرايىدىن مەمنۇنلۇق

چىقىپ تۇراتتى، ئەگرى تايىقىنى لىكىلدىتىپ ئويناپ ئۆشتەك چېلىشنى مەشق قىلاتتى. ئاۋدىي ھېلىمۇ رەھىم - شەپقەت تىلەپ: «گرىشان. قۇتقۇز!» دەپ ۋارقىرىسا كېچىكمەيتتى، گرىشانىمۇ ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ، ئالىيجانابلىق كۆرسىتىپ ئۇنى ئۆلۈم چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئاۋدىي ئامانلىق تىلەپ ئېغىزىنى ئاچمىدى. ئۇنى قانلىرىنى ئاققۇزۇپ ئوچۇق جايغا سۆرەپ كەتتى. ۋاگوننىڭ ئوچۇق ئىشىكىدە ئاخىرقى ئېلىشىش يۈز بەردى. ئۇلار ئاۋدىينى بىراقلا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋې-تىشتىن چۆچۈدى، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە سىرتقا غۇلاپ چۈشۈشى مۇمكىن ئىدى. ئاۋدىي ئىشىككە، توغرىراقى، ئىشىك ئارقىسى-دىكى تۆمۈر تۇتقۇچقا مەھكەم يېپىشتى. پويىزنىڭ كۈچلۈك شاملى ئۇنى ئىشىككە مىخلاپ تاشلىدى، ئاۋدىي سول پۇتى بىلەن قانداقتۇر تۆمۈر ئىلگەككە بەھۇزۇر ئىلىندى ۋە پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن ئېسىلىپ قالدى، ئۇ ياشاش ۋە كۈلپەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھېچقاچان بۇنچىلىك جان - جەھلى بىلەن ئۇرۇنمىغانىدى. بۇنچىلىك كۈچ نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىدىغان بولسا، ئۇ بەلكى تىرىشىپ - تىرمىشىپ يەنە ۋاگون ئىچىگە كىرىۋال-غان بولاتتى. بىراق چاپارمەنلەر ئۇنىڭ بېشىغا خۇددى توپ تەپكەندەك تېپەتتى، ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايتتى، ئايىماستىن قارا قانغا بۇلغايتتى، ئۇ بولسا، تۆمۈر تۇتقۇچنى زادىلا قويۇپ بەرمەيتتى. بولۇپمۇ ئاخىرقى دەقىقىلەر بەكمۇ دەھشەتلىك بولدى. پېترۇخا، ماخاچ ۋە كولە ھەددىدىن زىيادە ۋەھشىيلىشىپ كەتتى. شۇ چاغدا گرىشانىمۇ ئۆزىنى توختىتالماي ئىشىك ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى: ئەمدى چۈمپەردىسىنى بىمالال ئېچىپ تاشلىسا بولىۋې-رەتتى، ئەمدى ئاۋدىي كاللىسىتراتوۋ قانداق جان بېرىدۇ، بۇنى تاماشا قىلسا بولاتتى. گرىشان چاپارمەنلەرنىڭ ئاۋدىينى دوزاخ-

قا قانداق ئۇزىتىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. گرىشان ئۆز ئىشىغا
تولىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇ باشقىلارنىڭ قولى بىلەن ئاۋدىي كال-
لىستراتوۋنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدى. مۇبادا، ئەتە ئاۋدىي كاللىستراتوۋ-
نىڭ ئۆلۈكىنى تېپىپ، ئۇنىڭ يىقىلىپ چۈشكەنلىكى ياكى
ئۆزىنى پويىزدىن تاشلىغانلىقىدىن گۇمانلانمىدىغان بولسا،
گرىشان شەخسەن ئۆزى بۇ ئىشقا قول تىقمىغاندىكىن
شۇ چاغدىمۇ ھېچنەرسىنى بىلمىگەن، كۆرمىگەن بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ،
باللار جاڭجاللىشىپ، مۇشتلىشىپ قالغاندا يۈز بەرگەن بەختسىز
ھادىسە، قاچىمەن دەپ پويىزدىن چۈشۈپ كەتكەن، دەيدۇ.

ئۇلار ئاخىرىدا ئاۋدىينىڭ يۈزىگە تېپىشتى. ئۇنىڭ ئاخىرى-
دا يادىدا قالغىنى شۇ بولدى. چاپارمەن نەشكەشلەرنىڭ
پاشنىلىرى قانغا بويالدى. شامال ئاۋدىينىڭ قۇلاقلىرىدا خۇددى
يالقۇندەك گۈرۈلدەيتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بارغانسېرى ئېغىرلى-
لىشىپ، تۆۋەنگە، قورقۇنچلۇق بوشلۇق ئىچىگە قوغۇشۇندەك
تارتىلاتتى. پويىز بولسا شامالارنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپ، چۆلدە
ھامان بوراندەك چاپچىيتتى، پۈتۈن يورۇق ئالەمدە ھاياتى قىل
ئۈستىدە تۇرغان شۇ جاپاكەش يىگىتكە ياردەم قولىنى سۇنىدى-
غان بىرەر ئادەم يوق ئىدى. ئۇزاقتىن - ئۇزاق داۋام قىلغان
كۈنىنىڭ ئاخىرىدا پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش ئۇنىڭ قىيىنىلىش
دەھشىتىدىن ئالىيىپ كەتكەن كۆزلىرىنى قانلىق شەپەققە بوياپ،
ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئالەم زۇلمىتىگە چۆكمەكتە ئىدى. لېكىن
قانچە تەپكىنى بىلەن ئاۋدىي قوللىرىنى بوشاتمايتتى.
شۇ چاغدا پېترۇخا گرىشانىنىڭ تايىقىنى تارتىۋېلىپ، ئاخىرقى
زەربىنى بەردى. گرىشانمۇ خۇددى بىلمىگەن كىشىدەك تايىقىنى
كور ئادەم ھاسا تۇتقاندەك تۇتۇپ تۇرغانىدى، مانا، مەرھەمەت،
ئېلىپ ئۇرماسەن قوللىرىغا، مىجىقى چىقىپ كەتسۇن بۇ قىز
تالاقنىڭ، دېگەندەك قىلاتتى...

شۇ چاغدا ئاۋدىي بىر پارچە قاتلىق گۆشنەك پەسكە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ تۆمۈرىيول كۆتۈرمىسىدىن قانداق يىقىلغانلىقىنى، نېمىلەرگە ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلغانلىقىنىمۇ سەزمىدى. سوستاۋنىڭ ئاخىرى ئۇ يىقىلغان جايدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى، سابىق ھەمراھلىرى چۈشكەن پويىز كۆزدىن غايىب بولدى، چاقلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى تىندى، لېكىن ئۇ بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى سەزمىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي كۈن پاتتى. قاراڭغۇ چۈشتى، قارامتۇل رەڭگە كىرگەن غەربنىڭ قوغۇشۇن ئاسمىنىدا قارا بۇلۇتلار قويۇقلاشتى...

بۇ شۇم جايدىن ئەمدى باشقا پويىزلار شامالدەك چىپىپ ئۆتەتتى، جىنىنى ساقلاش ئۇچۇن رەھىم ـ شەپقەت تىلىمىگەن بۇ شور پېشانە يىگىت تۆمۈريول تۆۋىنىدىكى ئازگالدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئېغىناپ ياتاتتى. ئەمدى ئۇنىڭ تىنىم تاپماي ئىزدەپ يۈرۈپ تاپقان ھەممە نەرسىلىرى ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئۇرۇنغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ تاپتا ئارقىغا تاشلىنىۋېتىلگەن، زاۋالغا يۈز تۇتقانىدى. ئۇ ئۆزىنى ئايىمىسا، ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش يۈرىستىدىن ۋاز كەچسە بولامدۇ؟ ھەممە گەپ باشقا نەرسە ئۇستىدە ئەمەس. ئۇنىڭ ھايات ـ ماماتى ئۇستىدە كېتىۋاتقان ئەمەسمىدى. ئۇ بار ـ يوقى بىرلا ئېغىز سۆزنى — «مېنى قۇتقۇز، گىرىشان!» دېسىلا كۇپايە ئىدى. ئەمما بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقمىدى...

پانىي ئالەمدە ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلار ھەقىقەتەن سان ـ ساناقسىز ئىكەن... بىر چاغلاردا تارىختىمۇ شۇنداق ۋەقە يۈز بەرگەن ئەمەسمىدى؟ گالىلىيدىن چىققان بىر شەخس ئۆزىگە شۇنچىلىك ئىشەنگەنىدىكى، ئىككى ئېغىزلا گەپنى قىلىشنى خالىماي، ھالاكەتكە گىرىپتار بولۇپ، ئاخىرى شېرىن جېنىدىن ئايرىلغانىدى. لېكىن ئادەملەر تا ھېلىغىچە، ئارىدىن

بىر مىڭ توققۇزيۈز ئەللىك يىل ئۆتكىنىگە قارىماي، ئەس ـ
ھوشلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالالمىدى — ئۇلار بۇ ۋەقە قانداق يۈز
بەردى، شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ دەپ ھەيران بولماقتا،
تالاش ـ تارتىش قىلماقتا، ئىزتىراپقا چۈشمەكتە. بۇ ئىش
ئۇلارغا تۆنۈگۈنلا يۈز بەرگەندەك تۇيۇلىدۇ — قەلب جاراھەت ـ
لىرى شۇنچىلىك يېڭىدەكلا تۇرىدۇ. شۇ زاماندىن بۇيان قانچە ـ
قانچە ئەۋلادلار دۇنياغا كەلدى، ئۇلار مۇشۇ ئىشقا ئۆرتىنىپ
كۆيىدۇ. ئەگەر شۇ يەردە بىز نەق مەيداندا بولغان بولساق،
گاللىبىلىك ئادەمنى قىيناشقا ھەرگىز يول قويمىغان بولاتتۇق،
دېيىشىدۇ. بۇ ئىش ھازىرقىلارغا ئەنە شۇنداق تۇيۇلىدىكەن.
لېكىن دۇنيا ئايلىنىپ ـ ئايلىنىپ ھەممە نەرسە ئۇنتۇلۇش
دەرياسىغا غەرق بولۇپ كېتىدۇ ـ يۇ، بىراق شۇ كۈن زادىلا
ئەستىن چىقمايدۇ، دەپ كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلگەن دەيسىز...
ھە، راست، شۇ كۈنمۇ جۈمە كۈنى ئىدى، جېنىنى قۇتقۇ ـ
زۇش مۇمكىن بولغان زات شۇ چاغدا ئۆزىنى ئۆلۈمدىن خالاس
قىلىش ئۈچۈن، تىلىغا ئىككى ئېغىز سۆز ئېلىشنى راۋا
كۆرمىگەنىدى.

II

شۇ كۈنى قۇددۇستا ھاۋا ئەتىگەندىن باشلاپ قىزىپ،
كۈنتىك ئىسسىق بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئىراد سارى ـ
يىنىڭ ئەگمە ئايۋىنىدا مەرمەر تۈۋرۈكلەر ئاستىدا پروكۇراتورا
باشلىقى پونتىي پىلات ئۆزىگە تەختىراۋان قۇرۇشنى بۇيرۇدى.
بۇ يەردە تۆۋەندىن ئۇرۇپ تۇرۇۋاتقان ئۆتكۈنچى شامال ئۇنىڭ
سەندەل كىيگەن پۇتلىرىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس سىيپاپ ئۆتەت ـ
تى. چوڭ باغدىكى تۈپتۈز تېرەكلەرنىڭ ئۇچلىرى شامالدا

www.uyghurkitap.com

ئىرىنچەكلىك بىلەن قىمىرلايتتى، ئۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى بۇ يىل ۋاقىتسىز سارغىيىشقا باشلىغانىدى.

سىراينىڭ ئەگمە ئايۋىنى جايلاشقان بۇ تاش دۆڭدىن شەھەر بەش قولدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شۇ تاپتا ھاۋا بەكمۇ قىزىپ كەتكەچكە، شەھەر مەنزىرىسى كۆزگە ئاق يىپەك پەردە ئىچىدە جىمىرلاپ تۇرغاندەك چېلىقاتتى، ھەتتا قۇددۇسنىڭ دائىم ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تۆت ئەتراپىنىمۇ ئاقىرىپ ياتقان سەھرا دائىرىسىدە ئاران پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندە خۇددى كۆزگە كۆرۈنمەس يىپلار ئاسمانغا ئېسىپ قويۇلغاندەك قاناتلىرىنى كەڭ يېيىپ بىر قۇش ئاۋاز چىقارماي ئۈزۈپ يۈرەتتى. بەلگىلىك ۋاقىت ئارىلىقىدا چوڭ باغنىڭ ئۈستىدىن بىر ئۇچۇپ ئۆتەتتى. بۈركۈتمىكىن، تاپىمىكىن شۇ ئىككىسىدىن بۆلەك ھېچقانداق قۇشنىڭ كۈننىڭ ئىسسىقىدا بۇنچىلىك ئۇزاق ھەم زېرىكەرلىك ئۇچۇشقا سەۋر - تاقىتى يەتمىگەن بولاتتى. ئېغىرلىقىنى ئۇ پۇتىدىن بۇ پۇتىغا يۆتكەپ تۇرغان نۇسرەتلىك ئەيسانىڭ ئاسماندا ئايلىنىپ يۈرگەن قۇشقا ئىختىيارسىز نەزەر تاشلاۋاتقانلىقىنى بايقاپ، پروكۇراتورا باشلىقى بىردىنلا ئاغرىندى ۋە غەزەپلىنىپ كەتتى. ئۇ زەھرىنى چېچىپ:

— سەن قاياققا قاراۋاتىسەن، يەھۇدىينىڭ پادىشاھى؟ بېشىڭدا ئەجەل قۇشى ئايلىنىۋاتىدۇ! — دېدى.

— ئۇ ھەممىمىزنىڭ بېشىدىن ئايلىنىدۇ، — ئاستا، خۇددى ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىۋاتقاندەك جاۋاب بەردى ئەيسا ۋە قارىيىپ، قان ئۇيۇپ كەتكەن كۆزىنى ئالقىنى بىلەن سىلاپ قويدى: ئاممىۋى يىغىلىشتا سوت قىلىش ئۈچۈن ئەپكېتىۋاتقىنىدا بازار ئالدىدا روھانىيلار ۋە ئاقساقاللار گىژ - گىژ سالغان ئالىمان ئۇنى ئۇر توقماق قىلغانىدى. ئۇ ئايرىم ئادەملەر

رەھىمسىز كالتەكلىگەن، باشقىلىرى يۈزىگە تۈكۈرگەن شۇ چاغ- لاردا مۇپتىلارنىڭ مۇپتىسى بولغان كائىنانىڭ ئادەملىرى ئۆزىنى قانچىلىك يامان كۆرىدىغانلىقىنى چۈشەندى؛ ھە، قۇددۇسلۇق- لارنىڭ سوتىدىن ھېچقانداق رەھىم - شەپقەت كۈتكىلى بول- مايدۇ، شۇنداقتىمۇ، ئۇنى ئالىمانىڭ ئاينىپ كەتكەنلىكى ۋە جاھالەتكە مىنىپ قۇتراپ كەتكەنلىكى تەئەججۇپكە سېلىپ قويدى. گويا شۇ چاغقىچە ھېچكىم ئۇنىڭ مۇساپىرلىقىنى بىلمىگەندەك، گويا شۇ كەمگىچە ئۇلار ئىبادەتخانىلار ۋە مەيدانلاردا نەپەس- لىرىنى ئىچىگە يۇتقان پېتى قىمىر قىلماي ئەيسانىڭ ۋەز- لىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، گويا ئۇ، خوتىنكىسىنى ئەگەشتۈرۈۋالغان كۆك ئېشەككە مىنىپ، شەھەر دەرۋازىلىرىدىن كىرىپ كەلگىنىدە شاد - خۇراملىق بىلەن قارشى ئالمىغاندەك؛ گويا ئۇلار ئارزۇ- ئۇمىد بىلەن: «ئاپىرىن بەنى داۋۇتقا! ئاپىرىن ۋە ھەشقاللا!» دەپ ۋارقىرىشىپ، ئېشەكنىڭ پۇتلىرى ئاستىغا گۈللەرنى ئاتمىغاندەك قىلاتتى.

مانا ئەمدى ئۇ يىرتىلىپ، تىتما - تىتما بولۇپ كەتكەن ئۇستىباشتا، پەرىشان ۋە خۇدىنى يوقاتقان ئەلپازدا، تەق- دىرىمدە يەنە نېمىلەر باردىكىن، دېگەندەك پونتىيې پىلاتىنىڭ قېشىدا ئىنتىزارلىق بىلەن تۇرۇپتۇ.

پروكۇراتورا باشلىقىنىڭ بولسا شۇ تاپتا ئەسەبلىرى غايەت بۇزۇلغانىدى. قىزىقى شۇ يەردىكى، ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ سۇسلۇقى، بىر كىمگە چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان جۈر- ئەتسىزلىكىدىن خاپا ئىدى. رىم قوشۇنىدا خىزمەت قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدا ۋە مانا ھازىر، پروكۇراتورا باشلىقى بولۇپ تۇرغان ۋاقتىدىمۇ، ئۇ ھېچقاچان مۇنداق ھالغا چۈشمىگەنىدى. بۇ ھەقىقەتەن ھەم كۈل-

كىلىك ئەمەسمۇ؟ ئامما يىغىلىشىنىڭ ھۆكمىنى شارتتىدە تەستىقلاش ۋە ئوشۇقچە باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلۇش ئورنىغا ئۇ تەرگەۋچىگە يولۇقۇپ، كۈچىنى ھەممە ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ھالبۇكى، بەيتۇلمۇقەددەس مۇپتىلىرىنىڭ مۇپتىلىرى ۋە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭ يولىيورۇقىغا ئىنتىزار، ئۇلارنى دەرھال چاقىرىپ، مانا، ئىبلىسلار، گۇناھكار سىلەرنىڭكى، نېمە قىلىمەن دېسەڭلار ئۆز ئىختىيارىڭلاردا، دېسە بولىدىغۇ. شۇنداق بولسىمۇ، پونتىي پىلاتقا شۇنداق ئاسان يولنى تۇتۇشقا نېمىدۇر ھالاقىت بەرمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇنۇ مەسخىرىۋاز شۇنچە ئاۋارە بولۇشقا ئەرزىمدىكىن؟ ...

لېكىن، مۇنۇ تەنتەكنىمۇ كۆرۈپ قويۇڭلار - دە! قاراڭلار، ئۇ يەھۇدىينىڭ پادىشاھى، سۆيۈملۈك تەڭرىسى ئىمىش، ئىلاھنىڭ ئادىل سەلتەنىتىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن خۇدا تەرەپتىن يەھۇدىيلەرگە ھەدىيە قىلىنغان ئىمىش. ئۇنىڭ ئادىل سەلتەنىتىدە شاھلارنىڭ شاھلىرىغا، ئۇلارنىڭ نائىبلىرىغا ۋە يۇندىخور يالاقچىلارغا ئورۇن يوق ئىمىش، ھەممە ئادەم ئەمدىلىكتە تا ئاخىرەتكىچە بىر - بىرىگە تەڭ ۋە بۇرادەر بولارئىمىش. قانچە - قانچىلىغان كىشىلەر دۆلەت قۇشىنى باشلىرىغا قوندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلمىغان دەيسىز، لېكىن بۇنداق ئەقىللىق، مەككار ۋە بۇنداق خائىننى تېخى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. بۇنداقلار سەلتەنەت تەختىگە چىقسۇنچۇ، بۇرۇن قانداق بولسا، شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىۋېرىدۇ، ئەمەلىيەتتە، دۇنيادا ھاياتنىڭ باشقىچە يولى يوق ۋە ئۇنداق يولمۇ بولمايدۇ. ئەمما قەبىھ ئادەملەر بۇنى بەش قولدەك ياخشى بىلسىمۇ، بەربىر، نەيرەڭۋازلىقنى تاشلىمايدۇ! ساددا ئادەملەرنى، يېڭى سەلتەنەت قۇرىمىز، دەپ ئالدايدۇ. ھەر بىر ئادەم ئۆز كۆڭلىدىكى گۇمانىغا ئاساسەن باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىدۇ. دېگەن گەپ

ھەق گەپ بولىدىغان بولسا، بۇ يەردىكىسى دەل شۇنىڭ ئۆزىلا ئىدى: پروكۇراتورا باشلىقى يۈرىكىنىڭ ئەڭ شېرىن يەرلىرىدە بىخ ئۇرغان، لېكىن ئەمەلگە ئېشىشىغا ئۆزىمۇ ئىشەنمىگەن خىياللارنى ئەيساغا تاقىماقچى ئىدى. ھەممىدىنمۇ دەل مانا شۇ نەرسە پونتىي پىلاتنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى ۋە شۇ سەۋەبتىن مەھكۇمغا بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ھەم قىزىقىپ قارايتتى، ھەم نەپرەتلىنەتتى. پروكۇراتورا باشلىقى ئەيسانىڭ سىرىنى بىلىۋالدىم دەپ ئويلايتتى: بۇ ماكانسىز بېشارەتچى يەر يۈزىدە توپىلاڭ چىقارماقچى، ئادەملەرگە يېڭى سەلتەنەت ۋەدە قىلىپ، كونىنى يىقىتماقچى ۋە يېڭىسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرماقچى. ئاپلا، مۇغەمبەر! رۇم سەلتەنىتىنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى ۋىلايەتلىرىنىڭ ھاكىمى بولۇپ تۇرۇقلۇق، پونتىي پىلات خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان، توغرىسى، ھەتتا ئارزۇ قىلىشتىنمۇ قورققان نەرسىلەرنى ئاشۇ ئاجىز ۋە ئەسكى يەھۇدىي كۆكسىدە كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە جۈرئەت قىلسا — ھە. ماكانسىز كارامەتچى ئەيسانى باشقىچە يوللار بىلەن تەرگەۋ قىلىپ ۋە سوراققا تارتىۋېتىپ، تەجرىبىلىك پروكۇراتورا باشلىقى ئۆزىنى مانا شۇنىڭغا ئىشەندۈرەتتى، شۇنداق چاغلايتتى ۋە شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا ھازىرلىناتتى: ھەر قېتىم ئۆزىنى مەھكۇمنىڭ ئورنىغا قويۇپ كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ ھاكىملىق دەۋاسى قىلىۋاتقانلىقىدىن قۇيقا چاچلىرى تىك تۇراتتى. پونتىي پىلاتنىڭ جان ـ پېنى چىقاتتى، شۈبھىلەر ئوتىدا تولغىناتتى — بىردەم بەيتۇلمۇقەددەستىكى ئامىمىۋى يىغىلىش تەرىپىدىن ئەيسا ئۈستىدىن تۈنۈگۈن ئاخشام چىقىرىلغان ئۆلۈم ھۆكمىنى تەستىقلاپ، ھاكىملىق مۆھۈرىنى باسماقچى، بىردەم بۇنى كەينىگە سوزۇپ، رۇم دۆلىتى ئۈچۈن ئەيسانىڭ پىكىرلىرى ۋە ھەددى ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ نەقەدەر خەۋپلىك ئىكەنلىكىنى ئاخىرىغىچە ئېنىقلىماقچى بولاتتى...

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇش ھەققىدىكى سۆزىگە ئۆلۈمگە مەھكۇم ماكانسىزنىڭ بەرگەن جاۋابىنىڭ توغرا ۋە ئۇچۇقلۇقى، تەكەللۇپسىزلىقى پروكۇراتورا باشلىقىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۈندىمىگىنى ياكى تىل ياغلىمىلىق قىلغىنى ياخشى ئىدى. شۇنداقتىمۇ، يېڭىباشتىن ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەردى: ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ بېشىدا دىگۈدەكلا كېزىپ يۈرىدۇ. «بۇنى قاراڭ ـ ھە-ھە. قەتل قىلىنىشتىن ھېچ چۆچۈمىگەندەك ئۆز بېشىغا ئۆزى قىلچە قورقماستىن ئۆلۈم چاقىرىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، پونتىي پىلات قاتتىق ئەسەبىيلىشىپ كەتتى.

— بوپتۇ، يەنە ئاۋۋالقى گېپىمىزگە قايتىمىز. شور پېشانە، سېنى نېمە كۈتىۋاتقانلىقىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى پروكۇراتورا باشلىقى خىرىلدىغان تاۋۇش بىلەن. ئۇ باياتىن بېرى پارقىراپ تۇرغان يۈزى، تاز بېشى ۋە كۆتەكتەك بەقۇۋۋەت بويۇنلىرىدىكى تەرلىرىنى رومال بىلەن تېز ـ تېز سۈرتۈپ تۇرماقتا ئىدى. پروكۇراتورا باشلىقى ئەيسانىڭ جاۋابىنى كۈتۈپ، تەرلەپ كەتكەن بارماقلىرىنى بىر-مۇبىر قاراسلىتىپ قايرىپ چىقىشقا باشلىدى. ئۇ شۇنىڭغا يامان ئادەتلەنگەنىدى، — سېنىڭدىن سوراۋاتىمەن، نېمە بولۇشۇڭنى بىلەمسەن؟

ئەيسا بېشىدىن نېمىلەر كېچىدىغانلىقىنى ئويلاپ، رەڭگى ئۆچتى ۋە ئېغىر خورسىندى.

— شۇنداق، رىم نائىبى، بۈگۈن مېنى قەتل قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن، — دېگەن سۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن بەھۇزۇر چىقتى.

«... بىلىمەن!» دەپ مەسخىرە بىلەن تەكرارلىدى پروكۇراتورا باشلىقى ۋە ئۇدۇلىدا تۇرغان شور پېشانە پەيغەمبەرگە ھەم رەھمى كېلىپ، ھەم ئاچچىقى كېلىپ، مىيىقىدا كۈلگەن

پېتى باشتىن - ئاياغ نەزەر سېلىپ چىقتى.

بوينى ئۇزۇن، ئۇزۇن چاچلىرى پاخپىيىپ توزىغان، كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلغان، سەندىلى ئالىمان تالىغاندا چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، يالىڭاياغ ئەيسا پروكۇراتورا باشلىقىنىڭ ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ كەينىدە، ساراي ئەگمىلىرىنىڭ توساقلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يىراق دۆڭلۈكلەردە شەھەر ئۆيلىرى ئاندا - ساندا كۆزگە چېلىقاتتى. شەھەردىكىلەر پروكۇراتورا باشلىقى تەرگەۋ قىلىۋاتقان ئادەمگە ئىنتىزار ئىدى. قەبىھ شەھەر ئەھلى قۇربانلىق تىلەيتتى. بۈگۈن مانا مۇشۇ پىژغىرىم ئىسسىقتا شەھەرگە قانلىق تاماشا كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ قاراڭغۇ، قاپقارا ئىستەكلىرى مەۋج ئۇرۇشنى خالايتتى — خۇددى قەھرلىك يولۋاس لوبنان چۆللۈكلىرىدە ياۋايى تاغىل ئاتنى پارە - پارە قىلىۋاتقاندا چىلبۆرىلەر توپى ئەلەم بىلەن ھۇۋلاپ ئولاشقىنىدەك، ئالىمانىمۇ شۇ چاغدا كوچىلاردا نالە - پەرياد چېكىپ، كۆكسىنى تىلغىماقتا ئىدى. پۈنتىي پىلات بۇنداق ۋەقەلەرنى ئادەملەر ئارىسىدىمۇ، جانىۋارلار ئىچىدىمۇ كۆرگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قوشۇش بەلگىسى شەكلىدىكى تاختايغا مىخلاش قانداق بولۇشىنى بىردەم كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. يۈرىكى ئېچىشقاندەك ئۆكۈنۈپ:

— سەن، بىلىمەن، دەيسەن! «بىلىمەن» دېگەننى بالدۇر دەپ قويدۇڭ. بۇنىڭ مەنىسىنى سېنى ئۇيىاققا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن بىلىسەن ... — دېدى.

— شۇنداق، رۇم نائىبى، مەن بۇنى بىلىمەن، ئويلىسام تېنىم شۈركۈنۈپ كېتىدۇ.

— سەن گېپىمنى بۆلمە ۋە ئۇ دۇنياغا تولىمۇ ئالدىراپ كەتمە، بارىسەن تېخى، — دەپ غودۇڭشىدى پروكۇراتورا

باشلىغى گېپى چالا قالغىنىدىن نارازى بولۇپ.

— ئەپۇ قىل، ھۆكۈمدار، ئىختىيارسىزلا ئاغزىمدىن چىقىپ كەتتى، گېپىڭنى بۆلمەكچى ئەمەس ئىدىم، — ئۆزرە ئېيتتى ئەيسا، — مەن ھېچنەگە ئالدىراۋاتقىنىم يوق. مەن تېخى ياشىسام دەيمەن.

— ئۇنداق بولسا، سەن يوقىلاڭ گەپلىرىڭدىن ۋاز كەچسەڭ بولمامدۇ؟ — توپتوغرىسىغا سورىدى پروكۇراتورا باشلىقى.

ئەيسا قوللىرىنى يايدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى باللارنىڭكىدەك مەسۇم ئىدى.

— مېنىڭ قايتۇرۇۋالىدىغان سۆزۈم يوق، ھۆكۈمدار. ئۇ سۆزلەر قىسمەتتە پۈتۈلگەن، پەدەرىم دىلىمغا سالغان. ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئادا قىلىپ، سۆزلىرىنى ئادەملەرگە يەتكۈزۈشۈم كېرەك ئىدى.

— دېگىنىڭدە تۇرۇۋېلىۋاتىسەن، — نارازى بولۇپ ئاۋازىنى كۆتۈردى پونتىي پىلات. ئۇنىڭ ئىلمەك بۇرۇنلۇق، قېلىن قاتتىق لەۋلىرى ئەتراپىغا چوڭقۇر سىزىقلار تارتىلغان يۈزى نەپرەتلىك سوغۇق تۈسكە كىردى، — مېنى قايىمۇقتۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولما، ھەممىسىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى ئۇ ئېتىرازغا ئورۇن قالدۇرمايدىغان ئاھاڭدا، — پەدەرىمنىڭ سۆزلىرىنى ئادەملەرگە يەتكۈزىمەن، دەيسەن. بۇ نېمە؟ بۇ، قارا خەلقنى كولدۇرلىتىش. ئۇنى قولغا ئېلىش! ئاۋامنى بۇزغۇنچىلىققا باشلاش. بەلكى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ماڭىمۇ يەتكۈزۈش خىيالىڭ باردۇر، مەنمۇ ئادەمغۇ!

— ھازىرچە، رۇم ھۆكۈمدارى، ساڭا بۇنىڭ ھاجىتى يوق. ھەقىقەتتە، سېنىڭدە ئىزتىراپ يوق. سەن باشقىچە ھاياتنى ئارزۇ قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. سەن ئۇچۇن ھۆكۈمرانلىق خۇدا ۋە



www.uyghurkitap.com

دېيانەتتۇر. ھۆكۈمرانلىق بولسا تامامەن ئۆز قولۇڭدا. سەن ئۈچۈن شۇنىڭدىن يۇقىرى ھېچنەرسە يوق.

— راست. رۇم ھۆكۈمرانلىقىدىن ئۆزگە ئالىي نەرسە يوق. سېنىڭ دېمەكچى بولغىنىڭ شۇغۇ دەيمەن؟

— سەن شۇنداق دەپ ئويلىساڭ شۇنداق، ھۆكۈمدار.

— ئەقىللىق ئادەملەر دائىم شۇنداق دەپ ئويلىغان، — ئىلتىپات قىلىپ تۈزىتىش بەردى ئۇنىڭغا پروكۇراتورا باشلىقى، — شۇڭا كىشىلەر، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئۇ، — پادىشاھ خۇدا ئەمەس. ئەكسىچە خۇدا پادىشاھنىڭ ئۆزى، دەيدۇ. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىڭ كامىل بولسا، ماڭا ئىسپاتلاپ بەر، قېنى! — ئۇ ئەيساغا مازاق قىلغاندەك تىكىلىپ قالدى، — مەن رۇم پادىشاھى تىبېرىينىڭ نائىبى بولىمەن. مەن بەزىدە ئۇنىڭ نامىدىن زامان ۋە ماكاندىكى نەرسىلەرنىڭ ھالەتلىرىنى ئاز - تولا ئۆزگەرتەلەيمەن. سەن بولساڭ بۇنىڭغا ئاللىقانداق ئالىي كۈچنى، گويا سەن پەيدا قىلىۋاتقان قانداقتۇر ئۆزگىچە بىر ھەقىقەتنى قارىمۇقارشى قويماقچى بولىسەن. بۇ بەكمۇ قىزىق ئىش، بەكمۇ قىزىق ئىش! بولمىسا، سېنىڭ بىلەن بۇ يەردە ھەپىلىشىپ تۇرمىغان بولاتتىم. ئاممىۋى يىغىلىشنىڭ ھۆكمى قاچان ئىجرا قىلىنىدۇ، دەپ شەھەر ئاھالىسى تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. خوش، قېنى، جاۋاب بەر!

— مەن نېمە دەي؟

— پادىشاھنىڭ خۇدادىن كىچىكلىكىگە ئىشەنچىڭ كامىلمۇ؟

— پادىشاھمۇ ئۆلىدىغان ئادەم.

— ئەلۋەتتە، ئۆلىدىغان ئادەم. لېكىن ئۇ تىرىككىلا ئىكەن، ئادەملەر ئۈچۈن پادىشاھتىن يۇقىرى خۇدا بارمۇ؟

— تىرىكلىكنىڭ ئۆزگە ئۆلچىمىنى ئالساق، ھۆكۈمدار، ئەلۋەتتە بار.

— تاپقان گېپىڭنى قارا، — ئۆزىنى خاپا بولغاندەك كۆرسىتىپ، قاشلىرىنى ھىمىرگەن پېتى دېدى پىروكۇراتورا باشلىقى، — ئادەملەر مازاق قىلىدىمۇ دېمەيدىكەنسەن. ھېچ بىلەلمىدىم ۋە چۈشىنەلمىدىم، سېنىڭ بۇ گەپلىرىڭگە كىممۇ ئىشىنەر؟ قانداقمۇ ئىشىنەر؟!

— زۇلۇمدىن ئېزىلگەنلەر، ئادالەت ئىزدىگەنلەر ماڭا ئىشىنىدۇ. مېنىڭ سۆزلىرىم ئازاب - ئوقۇبەتلەردىن تويغان ۋە كۆز ياشلىرى بىلەن سۇغىرىلغان زېمىندا بىخ سۈرۈپ، كۆكىرىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى ئەيسا.

— بەس! — قولىنى نائۈمىد سىلكىدى پىروكۇراتورا باشلىقى، — ۋاقىت زايە كېتىۋاتىدۇ.

ئۇلار ئۆز خىياللىرىغا بېرىلىپ جىم بولۇپ قېلىشتى. ئەيسانىڭ بوزدەك ماڭلىيى تەرلىدى، لېكىن ئۇ تەرلىرىنى نە ئالىقىنى، نە ئۇزۇن كۆڭلىكىنىڭ يىرتىق يېڭى بىلەن سۈرتمەيتتى، بۇ ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. قورقۇنچتىن گېلىغا بىر نەرسە تىقىلغاندەك بولۇپ، كۆڭلى غەش ئىدى. يۈز - كۆزلىرىدىن قۇيۇلۇپ تۇرغان تەر ئىنچىكە، ئورۇق پۇتلىرى ئاستىغا، مەرمەر تاختىلارغا چىپىلداپ تېمىپ تۇراتتى.

— مانا ئەمدى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى نېمىشىدۇر دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن پونتىي پىلات، — رىم ھۆكۈمدارىنىڭ ئۆزۈڭگە ئەركىنلىك بېرىشىنى خالامسەن؟

— شۇنداق، ياخشى ھۆكۈمدار، مېنى قويۇۋەت.

— ئاندىن نېمە قىلىسەن؟

— ئىنسانلارغا خۇدانىڭ كالامىنى يەتكۈزىمەن.

— ئادەملەرنى ئەخمەق قىلىمەن، دېگىن! — دەپ

ۋارقىرىدى پروكۇراتورا باشلىقى ۋە زەردىسى قايناپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — مانا ئەمدى ئىشەندىم. سىنى ھەقىقەتەن تاختايغا تارتىش كېرەك ئىكەن. سىنى پەقەت ئۆلۈم تىنچىتىدۇ!

— يىغىلىشىۋاتىسەن، شانلىق ھۆكۈمدار، ئۆلۈم روھ ئالدىدا ئاجىز، — قەتئىي ھالدا دانە - دانە قىلىپ دېدى ئەيسا.

— نىمە؟ نىمە دېدىڭ؟ — ئۆزىگە ئىشەنمەي ھەيران بولدى پونتىي پىلات ئەيساغا يېقىنلىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ غەزەپ ۋە ئەجەبلىنىشتىن ئۆزگىرىپ كەتكەن يۈزى قىزغۇچ قارا داغلار بىلەن قاپلاندى.

— سۆزلىرىمنى ئاڭلىدىڭ، ھۆكۈمدار.

پونتىي پىلات نىمىدۇر دېمەكچى بولۇپ، ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى، قوللىرىنى سىلكىپ يۇقىرى كۆتۈردى، لېكىن شۇ پەيتتە ئاتلىق ئادەمنىڭ تاراقلىغان قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى.

— نىمە دەيسەن؟ — قاپىقىنى تۈرۈپ سورىدى پروكۇراتورا باشلىقى ئۆزىنىڭ قېشىغا قانداقتۇر ئوراقلىق قەغەز كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قوراللانغان ساراي لەشكىرىدىن.

— سىزگە ئەۋەتكەن، — دەپ قىسقا جاۋاب بەردى ئەسكەر ۋە شۇ زاماتلا كۆزدىن يوقالدى.

پونتىي پىلاتقا خوتۇنى خەت يوللىغانىدى: «ھۆكۈمدارىم، سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەنكى، مۇشۇ سەرگەردان يولۇچىغا ئېغىر ئازاب بەرمەڭ. ئادەملەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇنى خىرىستوس دەيدىكەن. ھەممە ئۇنى زىيىنى يوق، تەقۋادار ئادەم دەيدۇ. ھەر تۈرلۈك مېيىپ - مەجرۇھ ۋە كېسەل بىچارىلەرنى ساقايتار ئىمىش، مۆجىزىكار ئىمىش. ئۇنى خۇدانىڭ ئوغلى، مەسىھ، يەھۇدىينىڭ سۇلتانى دېيىشىسە قۇلاق سالماڭ، بەلكى تۆھمەت قىلىشىۋاتقاندۇر. يەنە بىلمىدىم، بۇنىڭغا مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەقلىم يەتمەيدۇ. يەھۇدىيلەرنىڭ قانداق جاڭجالچى، غەلۋىگە ئامراق خەلق ئىكەنلىكىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. مىش - مىش گەپلەر راست چىقىپ قالسىچۇ، ئۇ چاغدا نېمە بولىدۇ؟ قارا خەلقنىڭ ئاغزىدا يۈرگەن گەپلەر كېيىن كۆپىنچە توغرا چىقىـ دىغۇ. مۇبادا، بۇ قېتىممۇ راست چىقىپ قالسا، ئۇ چاغدا سىزگە توقلەنەت قىلىنىشىدۇ. ئاڭلىشىمچە، بۇ يەردىكى روھانىيـ لارنىڭ ئادەملىرى ۋە شەھەر ئاقساقاللىرى خەلقنىڭ ئەيساغا ئەگەشكەنلىكىنى كۆرۈپ، قورقۇپ كېتەكەنمىش، ئۇنى ئارىغا ئالماي قويغانىمىش. روھانىيلار ئەيسانى كۆرەلمەي، جاھىل ئالىمانىنى ئۇنىڭغا قارشى بوھتان چاپلاشقا كۇشكۇرتـ كەنمىش. ئاخشاملا ئۇنىڭ ئېتىكىدە ئىبادەت قىلغانلار بۈگۈن ئۇنى تاش - بوران قىلىپتۇ. ئاجىز ئەقلىم بىلەن بىر نېمە دېيەلـ مەيمەنۇ، لېكىن ئەزىزىم پىلات، مۆھتەرەم ئېرىم، ئەگەر سىز بۈگۈن بۇ سەۋدايىنى قەتل قىلىشقا مۆھۈر باسىدىغان بولسىڭىز، كېيىنچە پەقەت ئۆزىڭىزلا يامان ئاتلىق بولىسىز. بىز ئۆمۈرـ ۋايەت بۇ يەردە قېپقالمايمىزغۇ. مەن سىزنىڭ رىمغا ئالىي ئۇنۋانلار ۋە ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن قايتىشىڭىزنى تىلەيمەن. بۇنىڭغا ئەسلا يول قويماڭ، ئەزىزىم پىلات. بايا ساقچىلار ئېلىپ كېتىشۋاتقاندا، ئۇنىڭغا كۆزۈم چۈشتى، خۇددى ياش ئىلاھقا ئوخشاش كۆركەم يىگىت ئىكەن. بىلەمسىز، ئاخشام چۈش كۆرۈپتىمەن، كېيىن ئۆزىڭىزگە سۆزلەپ بېرىمەن، بەكمۇ مۇھىم. ئۆزىڭىزنى ۋە نەسىللىرىڭىزنىڭ بېشىنى مالامەتكە قويماڭ!»

— يا خۇدا، خۇدا! نېمە گۇناھ قىلدىم ساڭا؟ — دەپ ئىڭراپ تاشلىدى پونتىي پىلات. ئۇ ئۆزىنى بىلمىگەن بۇ ساراڭ، يالغان پەيغەمبەرنى دەرھال، ھېچقانداق گەپ - سۆز قىلىپ ئولتۇرمايلا مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ نازارىتىدە شەھەر

سىرتىغا، ئادەمنىڭ كاللىسى ئېلىنىدىغان غۇلقافقا ئەۋەتىپ بەرمىگەنلىكىگە ئەپسۇسلاندى ۋە نادامەت چەكتى. بۇنداق قىلىشنى قۇددۇستىكى قازى - قۇززاتلار تەلەپ قىلىشقانىدى. مانا ئەمدى، ئۇنىڭ ئىشلىرىغا بىر ئايال قول سېلىپ ئارىلاشماقتا ئىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ ئەيسا تەرەپدارلىرىنىڭ يوشۇرۇن قوللىرىنى كۆرگەندەك بولدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاسمان كۈچلىرىنىڭ بۇ ئىشقا قىلىۋاتقان قارشىلىقىغا جورىدى. بىراق دۇنيانىڭ ئىشلىرى مەبۇدلارنى ئۇنچىلىك قىزىقتۇرمايدۇ. خوتۇنى بولسا، كەم ئەقلى بىلەن سىياسەتنى چۈشىنەتتىمۇ. پادىشاھلارنى بىھۆرمەت قىلىپ يۈرگەن شۈبھىلىك ماكانسىز ئەيسانى دەپ رۇمنىڭ سابىق پۇقراسى بولغان روھانىيلار روھانىيسى كائىئافا ھەمدە بەيتۇلمۇقەددەس ئەئىيان - ئەشرەپلىرى بىلەن ئارىسىنى بۇزسۇنمۇ، ئۇلارنى ئۆزىگە دۈشمەن قىلىپ قويسۇنمۇ؟ بۇنىڭ ئۇنىڭغا نىمە كېرىكى بار؟ ئەجەبا، بۇ خۇمپەرنىڭ نېمىسى چىرايلىق؟ ياش ئىلاھقا ئوخشار ئىمىش! ياش بولسا ياشتۇر. شۇنىڭغا شۇنچىلىك قىلغان بارمۇ؟ ئۇنچىلىك ماختىغۇدەك يېرى يوق. ئەنە، ئالىمان كالتەكلىگەن ئىتتەك تۇرۇپتۇ. خوتۇنۇمنىڭ كۆزىگە قانداق كۆرۈنىدىكىن؟ ھۆكۈمدار خەتنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئويغا پاتتى. ئاندىن ئېغىر خورسىنىپ، يەنە ئورنىغا ئولتۇردى ۋە خىيالىدىن بىر پىكىر يالت قىلىپ ئۆتتى. بۇرۇنمۇ شۇ پىكىر نەچچە قېتىم كاللىسىغا كەلگەنىدى: بۇنداقلا قارىساڭ، ئادەملەر تولىمۇ پەسكەشتەك قىلىدۇ — چىچىدۇ، سىيىدۇ، جۈپلىشىدۇ، تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ، قىرىلىدۇ، يەنە تۇغۇلىدۇ ۋە ئۆلىدۇ، قانچە - قانچە ياۋۇزلۇقلار ۋە پەسكەشلىكلەرنى يۈدۈپ يۈرىدۇ، مانا شۇنداق قاباھەت ۋە ئۆتۈپ كەتكەن ئەسكىلىكلەر ئىچىدە يەنە قاياقلاردىندۇر بېشارەت، كارامەت، پەيغەمبەرلەر، روھىيەت ئىجازلىرىمۇ پەيدا بولىدۇ.

ئەمدى مۇنۇ ئادەمگە قاراڭ، ئۇ خۇددى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەندەك چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە شۇنچىلىك ئىشىنىدۇ. ئەمدى بەس، ئۇنىڭ ھوشىنى جايىغا كەلتۈرۈپ قويۇش كېرەك! يېتەر ئەمدى!

— مېنىڭ شۇ نەرسىنى بىلگۈم كېلىدۇ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى پروكۇراتورا باشلىقى ئۆز جايىدا ئەيمەنمەي تۇرغان ئەيساغا قاراپ، — ئېيتايلى، سەن ساددا پەملىك ئادەملەر ئىچىدە غەلۋە قوزغاپ تۇرغان ياۋۇز نىيەتلىك ئادەم ئەمەس، خۇداگۇي، تەقۋادار بىر ئادەمسەن. ئېيتايلى، سەن ئادالەت سەلتەنىتى ھەققىدە سۆزلەيسەن ۋە رۇم پادىشاھىنىڭ جاھانغا ھاكىملىق ھوقۇقىنى تەن ئالمايسەن. ئېيتايلى، مەن ساڭا ئىشەنگەنمۇ بولاي، خوش، ماڭا چۈشەندۈرۈپ بەرگىنە، سېنى ئۆلۈمگە بېرىشقا نېمە مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ؟ ماڭا يۈرىكىڭنى ئاچ، نېمىنى خالايسەن؟ مۇبادا، سەن شۇ يول بىلەن ئىسرائىل خەلقىگە پادىشاھلىق قىلماقچى بولساڭ، ئۇنداقتا مەن بۇنى ماقۇل كۆرمەيمەن، ئەمما بۇ نىيىتىڭنى چۈشىنىمەن. بىراق، نېمە ئۈچۈن سەن ھە دېگەندىلا ئۆزۈڭ ئولتۇرماقچى بولغان شاخنى كېسىپ تاشلىماقچى بولىسەن؟ پادىشاھنىڭ ھاكىملىقىنى تەن ئالماي تۇرۇپ، قانداقسىگە پادىشاھ بولماقچىسەن؟ سېنى تىرىك قالدۇرۇش ياكى قەتل قىلدۇرۇش مېنىڭ ئالقىنىمدا، بۇنى بىلىسەن. خوپ، نېمىشقا زۇۋان سۈرمەي تۇرىسەن؟ تىلىڭ گەپكە كەلمەي قالدىمۇ؟

— شۇنداق، رۇم نائىبى، مەن قىيناقتىن قورقۇۋاتىمەن. لېكىن مەن پادىشاھ بولماقچى ئەمەسمەن.

— ئۇنداق بولسا شەھەر كوچىلىرىغا چىق، توۋا قىل، يېڭىلىپتىمەن، دەپ ئېيت. يالغان خەۋەرلەرنى تارقاتتىم، يالغان بېشارەتلەرنى دېدىم، مەن يەھۇدىيە پادىشاھى ئەمەس-

مەن، دەپ جار سال. قارا خەلقنى ئالدىما، يولىدىن ئازدۇرما، كەينىڭدىن ئەگەشتۈرۈپ يۈرمە، دىللىرىغا شەك - شۈبھە سالما، جىنايەتكە باشلىما. ھېچقانداق ئادالەت سەلتەنىتى بولۇشى مۈمكىن ئەمەس. دائىم مەۋجۇت نەرسىلەرلا ئادالەتلىك. دۇنيادا پادىشاھ تۈبرىي يار، جاھان بىناسىنىڭ مۇستەھكەم تۈۋرۈكى شۇ. سەن ئادالەت سەلتەنىتى دەپ، يەڭگىلتەك ئادەملەرنى يولدىن ئازدۇرۇۋاتىسەن. سەن دېگەن سەلتەنەت يوق نەرسە! ئويلاپ باق! ئۆزۈڭنىڭمۇ، باشقىلارنىڭمۇ بېشىنى ئايلاندۇرما. سەن كىم؟ سەن رۇم پادىشاھىنى تەشۋىشكە سالىدىغان، كوچا - كويلاردا كېزىپ يۈرىدىغان ماكانسىز. گۇمانلىق پەيغەمبەر، ۋالاقتەككۈر ۋەزخانسەن. يەھۇدىيىنىڭ يەرلىرىدە ساڭا ئوخشاشلار سامانچىلىك. بىراق سەن ئۆز مەسلەكلىرىڭ بىلەن ئادەملەر قەلبىگە ۋەسۋەسە سېلىۋاتىسەن، مۇپتىلار مۇپتىسىنىڭ تىنچلىقىنى يوقاتتىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن قىلمىشلىرىڭنى پاش قىل، ئاندىن شام ياكى باشقا ئۆلكىلەرگە چىقىپ كەت. مەنمۇ سېنىڭدىن ياردىمىمنى ئايىماي. ۋاقتىنىڭ بارىدا ماقۇل دە. نېمىشقا يەنە گەپ قىلمايسەن؟

— بىز بىر - بىرىمىزدىن تولىمۇ پەرقلىق ئادەملەر ئىكەنمىز، رۇم نائىبى، بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمىكىمىز تەس ئوخشايدۇ، مەن شۇنى ئويلاۋاتىمەن. مەن مۇناپىقلىق قىلىپ، خۇدانىڭ ئىلمىدىن ۋاز كېچەلمەيمەن. ئۇنداق قىلسام، ساڭا ۋە پادىشاھقا مەنپەئەت تېگىپ، ھەقىقەت زاۋالغا يۈز تۇتىدىغۇ؟

— گەپنى ئايلاندۇرما. رۇمغا نېمىكى پايدىلىق بولسا، شۇ نەرسە ئەلا.

— ھەممىسىدىن ئەلاسى ھەقىقەت، ھەقىقەت بولسا، بىرلا. ئىككى ھەقىقەت بولمايدۇ.

— يەنە مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتامسەن؟

www.uyghurkitap.com

— بۇرۇنمۇ مۇغەمبەرلىك قىلمىغان، ھازىرمۇ قىلمايمەن. مېنىڭ ساڭا جاۋابىم شۇ: بىرىنچىدىن، ھەقىقەت يولىدا ئېيتىلغان سۆزدىن قايتىش يوق، چۈنكى، سەن ئۆزۈڭ شۇنى خالاۋاتىسەن؛ ئىككىنچىدىن، قىلمىغان ئىشىڭنىڭ ساۋابىنى گەدىنىڭگە ئېلىش جائىز ئەمەس، قارا كۆيىدەك بوھتانلاردىن مەيدىڭگە مۇشتلاش بىلەن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. ئاساسسىز بوھتاننىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ.

— لېكىن ھەممىدىن بۇرۇن سېنىڭ كۈنۈڭ تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ، يەھۇدىينىڭ پادىشاھى! دېمەك، سەن قانداقلا بولمىسۇن، قۇتۇلۇش يولىنى تۇتمايسەن ۋە ئۆلۈمنى تاللايسەن، شۇنداقمۇ؟

— ماڭا قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا يولى قالغان.

— ئۇ قانداق يول؟

— دۇنيانى قۇتقۇزۇش يولى.

— ساراڭلىقىڭنى تاشلا! — تاقىتى تاق بولدى پونتىي پىلاتنىڭ، — دېمەك، ئۆز ئىختىيارىڭ بىلەن بېشىڭنى سىرتماققا تىقامسەن؟

— ئېھتىمال، شۇنداق قىلارمەن، مېنىڭ باشقا يولۇم يوق.

— ئۇھ، خۇدالار، خۇدالار! — ھارغىن شۇبىرلىدى پروكۇراتورا باشلىقى ماڭلىيىنى چوڭقۇر تىلىپ ئۆتكەن قورۇقلىرىنى سىيپاپ، — ھاۋا نېمانچە ئىسسىقتۇر، كۆيدۈرىمەن دەيدىغۇ، ھاۋا بۇزۇلامدۇ - يا؟ — دەپ غودۇڭشىپ قويدى ئۇ. ئاندىن ئاخىرقى قارارغا كەلدى: «ماڭا بۇنىڭدىن نېمە پايدا؟ ئۆز پايدىسىنى بىلمىگەنگە يان بېسىپ نېمە قىلىمەن؟ قىزىقمەن - دە!» ئاندىن ئۇ يەنە، — ئۇنداق بولسا، مەن بۇ ئىشتىن قولۇمنى ئۈزىمەن - دە، تاشلاپ قويىمەن! — دېدى.

— ئىختىيارىڭ، نائىب، — جاۋاب بەردى ئەيسا ۋە بېشىنى تۆۋەن سالدى.

ئۇلار يەنە جىمىپ قېلىشتى. ئۇلار سارايىنىڭ سىرتىدا، بۈك - باراقسانلىق سالقىن باغلارنىڭ سىرتىدا، قۇددۇسنىڭ پىژغىرىم ئاپتاپ كۆيدۈرۈپ تۇرغان ئېگىز - پەس كوچىلىرىدا تېگىپ كەتسىلا پارتلايدىغان ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى تەڭلا ھېس قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئاندا - ساندا كىرىپ تۇرماقتا ئىدى، بۇ شاۋقۇن - سۈرەنلەر ئاۋات بازاردىكى ئادەم، ئات - ئۇلاغ، ھارۋا قاتارلىقلارنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن ئاۋازلىرى ئىدى. لېكىن تۆۋەن قاتلامدىكىلەرنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكىلەرگە دەخلى - تەرۇز قىلماسلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىككى قاتلام بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەنىدى: ساراي تاملىرىنىڭ كەينىدە قوراللىق ساقچىلار ئايلىنىپ يۈرەتتى، سەل پەستىكى دەرەخلىكتە ئاتلىق ئەسكەرلەر توپلانغانىدى. ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرى بىلەن چىۋىن قورۇۋاتقانلىقى كۆزگە ئېنىق چېلىقىپ تۇراتتى.

پروكۇراتورا باشلىقى بۇ ئىشتىن قولىنى ئۈزىدىغانلىقىنى جاكارلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنى بىرقەدەر يېنىك ھېس قىلدى، چۈنكى، ئەمدى ئېيتىدىغىنىنى بىمالال ئېيتىشۋەرسە بولاتتى: «مەن قولۇمدىن كېلىدىغىنىنىڭ ھەممىسىنى قىلدىم. خۇدالار شاھىد، ئۇنىڭغا قەيسەر بول، پۈت تىرەپ تۇر، ئەقىدەڭنى ھاياتىڭدىن ئۈستۈن تۇت، دېگىنىم يوق. لېكىن ئۇ سۆزىدىن قايتمىدى، مەيلى، ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلسۇن. بىزگە مۇنداق قىلغىنى تېخىمۇ ياخشى. ئۇ ئۆلۈمىگە ئۆزى مۆھۈر باستى». پونتىي پىلات شۇلارنى ئويلىغاچ، خوتۇنىغىمۇ شۇنداق دېمەكچى بولدى. تەقدىرىدە پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى جىمجىت، سىرلىق جىلمىيىپ

كۆتۈۋاتقان نۇسرەتلىك ئەيساغا قىيا كۆز تاشلاۋېتىپ، ھۆكۈمدار يەنە مۇنۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى: «مۇشۇ تاپتا بۇ ئادەم نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ ئېھتىمال، ئىچىدە قاتتىق ئەپسۇسلىنىۋاتقاندۇر؟ توقۇپ چىقارغان غەلىتە گەپ - سۆزلىرى ئۆز بېشىغا چىقىۋاتقانلىقىنى بەلكىم چۈشىنىپ قالغاندۇر؟ لېكىن نېمىشقىدۇر ئۇلاردىن ۋاز كېچەلمەيدۇ. ئۆز تۇزىقىغا ئۆزى ئىلىندى. مانا ئەمدى قۇتۇلۇپ باقىقىنى كۆرەي، پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن، پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، ئەبەدىلئەبەد بىرلا خۇدا بارمىش، ھەممە ئادەم بىردەك بولىدىغان بىرلا ئادالەت سەلتەنىتى بارمىش. ئۇ نېمىنى تەمە قىلىدىغاندۇ؟ ھەممە ئادەم شۇنداق ئادالەت سەلتەنىتىنى ئارزۇ قىلغاچقا، ئۇ شۇنداق كەيپىياتتىن پايدىلانماقچى بولغان! لېكىن ھايات بىزگە ئەنە شۇنداق ساۋاق بېرىدۇ، ھەددىدىن ئېشىپ مۇغەمبەرلىك قىلساق، جازالايدۇ. پېشانەڭگە يېزىلمىغان تەخت ۋە بەخت ئۈچۈن تالاشساڭ، ھالىڭ ئەنە شۇنداق بولىدۇ. كۆڭلى تەخت تىلىگەنگە قاراڭ! قارا خەلققە قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، پادىشاھقا قارشى توپىلاڭغا چاقىرغان، ئۇ توپتىن بۇ توپقا ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ ئامانلىقىنى ئوغرىلىماقچى بولغان، ئالەمنىڭ ئەزەلدىن بۇيانقى تەرتىپىنى، قۇرۇلمىسىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىش خىيالىدا بولغان. كاللىسى يوق تەنتەك! قايىلمەن! ياق، بۇنداق ئادەمنى زادىلا تىرىك قالدۇرغىلى بولمايدۇ. كۆرۈنۈشىدىن كالتەكلەنگەن، شورى قۇرۇغان قوتۇر ئىتقا ئوخشايدۇ. لېكىن يۈرىكىگە نېمىلەر يوشۇرۇنغان، خۇدا بىلىدۇ. كۆزلىگەن ئىشلىرىغا قاراڭ، پەقەت ئۇلۇغ ئەقىل ئىگىسىلا بۇنداق قائىدە - تەرتىپلەرنى تۈزۈشكە قادىر. ئۇنىڭغا قارىغان ئادەم ھەرگىز شۇنداق دەپ ئويلىمايدۇ!»

پروكوراتورا باشلىقى پونتىي پىلات ئۆزىنى ئەنە شۇنداق

ئۇلار بىلەن بەزلەيتتى، ئۇنىڭغا يەنە باشقا بىر نەرسىمۇ تەسكىن بېرەتتى. ئەمدى ئەيسانى قەتل قىلىش ئۈچۈن ئاممىۋى يىغىلىش نامىدىن چىقىرىلىدىغان ھۆكۈمنى تەستىقلەشنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق تەلەپ قىلىۋاتقان باش مۇپتى كائىفا بىلەن تارتىشىپ - تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى.

— دەرگۇمان بولمىغىن، ئەي ھاكىم ھۆكۈمدار، ئۆز ئىشىڭدىن ئۆزۈڭ مەمنۇن بولسەن ۋە نېمە قىلساڭ، ھەقلىقسەن، — دەپ قويدى ئەيسا خۇددى ھۆكۈمدارنىڭ ئىچىدىكى پىكىرلەرنى ئوقۇۋالغاندەك.

پونتىي پىلاتنىڭ پىغانى تاشتى.

— مېنىڭ غېمىمنى يېمەيلا قوي، — دەپ ئەيسانى سىلكىپ تاشلىدى ئۇ، — مەن ئۈچۈن رىمنىڭ مەنپەئىتى ھەرقانداق نەرسىدىن ئەلا. سەن ئۆزۈڭنى ئويلا، ئەي شور پېشانە!

— قورسىقىڭنى كەڭ تۇت، شەۋكەتلىك ھۆكۈمدار، ماڭا بۇ گەپلەرنى قىلمىساڭمۇ بولاتتى.

— مۇددىئايىمنى دەي، ھېلىمۇ كەچ ئەمەس. يەنە ئويلاپ كۆر، كېيىن پۇشايمان قىلىپ يۈرمە. مەن ھازىر ئىچكىرىگە كىرىپ چىقىمەن. مەن كەلگۈچە ئۆز پىكرىڭنى ئۆزگەرتمىسەڭ، ئۇ چاغدا ئاخىرقى سۆزۈمنى ئېيتىمەن. بەنى ئىسرائىلنىڭ شاھىمەن، ئالەمنىڭ تايانچىمەن، مەن بولمىسام، يەر زېمىننىڭ ھالى نېمە بولىدۇ، دەپ مەغرۇرلانما. تامامەن ئەكسىچە، ھەممە نەرسە ئۆچەكەشكەندەك ساڭا قارشى. ۋاقتىڭمۇ ئاللىقاچان تۈگىدى. گېپىڭدىن يانساڭلا بېشىڭ ئامان قالىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، ھۆكۈمدار ...

پونتىي پىلات يەلكىسىگە تاشلانغان كەڭ يېپىنچىسىنى

www.uyghurkitap.com

تۇغرىلاپ، ساراي ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ گەۋرىلىك، بېشى يوغان ۋە چېچى قالمىغان، ئۇلۇغۋار، ئۆز شان - شەۋكىتى ۋە كۈچ - قۇدرىتىگە ئىشىنىدىغان ئادەم ئىدى. ئەگمە ئايۋانلىق ھويلىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ كۆزى يەنە ئاسمان باغرىدا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قۇشلار شاھىغا چۈشتى. بۇ بۈركۈتمۇ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قۇشمۇ، ئىلغا قىلالمىدى، بۇنىڭغا شۇ تاپتا قىزىقىۋاتقىنىمۇ يوق ئىدى، ھازىر قۇشقا ئەسلا قولى يەتمەيدىغانلىقى، ئۇنى ئەركىگە بويسۇندۇرالمايدىغانلىقى ئۇنىڭ خىيالىنى بەند قىلىۋالغانىدى — راست - تە، ئۇنى يا قورقۇتالمايدۇ، يا ھەيدىۋېتەلمەيدۇ، يا چاقىرىپ قولىغا قوندۇرالمايدۇ.

ھۆكۈمدار قاشلىرىنى ھىمىرىپ ئاسمان گۈمبىزىگە چەكچىيىپ قارىدى: ئاھاي، ئايلىنىشلىرىغا قاراڭلارچۇ، تىنمايدۇ قۇرغۇر، ھېچنەرسە بىلەن كارى يوق. بۇ قۇش خۇددى ئاسمان پادىشاھىغا ئوخشايدۇ. ئۇنى بىكارغا شاھىنشاھ قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى دېمەيدۇ - دە. بۈركۈتنىڭ بېشى كىچىك، تۇمشۇقلىرى نەيزىدەك ئۆتكۈر، كۆزلىرى چوغدەك يانىدۇ، قاناتلىرى خۇددى چويۇندىن قۇيۇلغانغا ئوخشايدۇ. شاھىنشاھمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك! شان - شەۋكىتى يۈكسەكلەردە ئۇچۇشى، خالايىققا كۆرۈنۈپ تۇرۇشى شەرت، ئۇنىڭغا زادىلا ھېچكىم تەڭ كېلەلمىسۇن ... ئۇ مۇشۇ ئەۋزەللىك مەيدانىدا تۇرۇپ ئالەمنى ئىدارە قىلسۇن، ھېچكىمنى ۋە ھېچنەرسىنى ئۆزىگە تەڭ قىلمىسۇن. ھەتتا شاھىنشاھنىڭ خۇدالىرىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن مۇتلەق پەرق قىلىدىغان، ئۆزىگىلا تېگىشلىك بولىدىغان بولسۇن. قولى ئاستىدىكىلەرگە پەرۋاسىزلىق ۋە مەنمەنلىك بىلەن باقسۇن. كۈچ - قۇدرەت مانا شۇنىڭدا، مانا شۇ ھاكىمىيەت ھەممىنى تىترىتىپ قاخشىتىدۇ، دۇنيانىڭ نىزامى ۋە قانۇن - قائىدى

سىمۇ شۇنىڭدا. ئاۋۇ نۇسرەتلىك ئادەم بولسا، غايەت قەيسەر، ئەقىدىسىگە بەكمۇ ئىشىنىدۇ، شاھىنشاھتىن تارتىپ قارا قول-غىچە ھەممىنى باراۋەر قىلماقچى بولىدۇ. خۇدا بىر ۋە جىمى ئادەم ئۇنىڭ قېشىدا تەڭ دەيدۇ، ھەممە ئۈچۈن ئادالەت سەل-تەنىتى كېلىدۇ، دەپ جار سالىدۇ. ئۇ بەنى بەشەر ئەھلىنى ۋەس-ۋەسىگە سالدى، ئاۋام خەلقنى بۇزدى، ئۇ دۇنيانى ئۆزىنىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى بويىچە قايتىدىن پىچىشنى كۆزلەيدۇ. بۇنىڭدىن نېمە چىقتى؟ ئاشۇ ئالىماننىڭ ئاق كالتەك - قارا كالتىكىگە ئۇچرىدى، ساختا بېشارەتچى، ساختا پەيغەمبەر، يالغانچى ۋە نەيرەڭۋاز دەپ نەق كاللىسىغا سېلىشتى... قان-داق ئادەممۇ بۇ؟ ھالىغا مايمۇنلار چېغىدا يىغلاپتۇ - يۇ، ئۆزى پىسەنت قىلمايدۇ. گويا ئۇ ئەمەس، ئۇنى جازاغا تار-تىۋاتقانلار يىغلىغەندەك...

رىم پادىشاھىنىڭ كىچىك ئاسىيادىكى نائىبى، ئۆزىمۇ پارچە - پۇرات شاھىنشاھتىن قېلىشمايدىغان ھۆكۈمدار پونتىي پىلات نۇسرەتلىك ئەيسانى بىرنەچچە دەقىقە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ، ئەنە شۇلارنى ئويلايتتى. مەيلى، ئەيسا يالغۇز قالسۇن، تۆۋى يوق ھاڭنىڭ لېۋىدە تۇرغانلىقىنى ھېس قىلسۇن، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سۇندۇرۇش كېرەك. تىز چۆكسۇن، يېلىنىپ - يالۋۇرسۇن. ھەممە ئۈچۈن تەڭ - باراۋەر ۋاھىد خۇدادىن، تەڭلىك، بۇرادەرلىكتىن ۋاز كەچسۇن. ئاندىن ئۇنى بېلى سۇنغان كەسلەنچۈكتەك بەنى ئىسرائىل زېمىنىدىن قوغلاندى قىلايلى. بارسۇن، پايپاسلاپ يۈرسۇن، تەمتىرىسۇن، ئام - دىرەكسىز يوقالسۇن. شۇ چاغدا ئۇزاققا بارمايلا، ئېتىقادى سۇس چوپانلار ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ...

كۆپنى كۆرگەن ئۇستا ھۆكۈمدار پونتىي پىلات دىلىنى قاپلىۋالغان شۈبھە - گۇمانلارنى ئوي ئويلاپ بىر تەرەپ

قىلماقچى، يېقىن چىققان بىدئەتنى يوقىتىشنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ پايدىلىق ۋە ئەڭ ئىبرەتلىك چارىسىنى تاپماقچى بولۇپ ئولتۇراتتى. پروكۇراتورا باشلىقى ئەگمە ئايۋاندىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، جىنايەتچى يالغۇز قالغاندىن كېيىن، ئۆز ئەھۋالىنىڭ نەقەدەر ئايانچلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ ۋە مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پۇتلىرىمغا يىقىلىپ، نىجاتلىق تىلەيدۇ، دەپ ئۈمىد باغلىغانىدى. لېكىن ھۆكۈمدار بىلسە ئىدى، مانا شۇ قىسقىغىنا پەيتتە ئاشۇ غارايىپ ئادەم باشقا نەرسىنى ئويلايتتى، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ تامامەن ئەسلىمىلەر قوينىغا چۆمگەنىدى. چۈنكى، ئەسلىمىش تىرىكلەرگىلا خاس ئىش، بولۇپمۇ، ھايات بىلەن ۋىدالىشىۋاتقان پەيتلەردە ئادەم بالىسىغا شۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە قالىدۇ؟

ھۆكۈمدار چىقىپ كېتىشى بىلەنلا يان تەرەپتىن تۆت پاسىبان چىقتى ـ دە، گويا جىنايەتچى قېچىپ كېتىدىغاندەك، ئەگمە ئايۋاننىڭ تۆت يېقىغا بېرىپ تۇردى. جىنايەتچى ساراي پاسىبانلىرىدىن بىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ سورىدى:

— ئولتۇرسام بولامدۇ، ئەي ياخشى پاسىبان؟

— ئولتۇر، — دېدى پاسىبان نەيزىسىنى تاش پولغا تاق قىلىپ ئۇرۇپ.

ئەيسا تامدىن تۈرتۈپ چىققان مەرمەر سۇپىغا ئولتۇردى، ئۇنىڭ يەلكىلىرى ھارغىن ئېگىلگەن، ئورۇقلىغان، قېنى قاچقان يۈزىنىڭ ئەتراپىنى پەسكە دولقۇنلىنىپ تۆكۈلگەن ئۇزۇن قارامتۇل چاچلىرى چولغىۋالغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى قولى بىلەن توسقان پېتى خىيالغا غەرق بولدى: «سۇ بولسا، ئىچىۋالسام، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — دەريا بولسا، چۆمۈلۈۋالسام». ئۇ قىرغاق بويلىرىدا ئاققان سۇلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. قۇلاقلىرىغا يەرنى سۆيۈپ، مايسا ـ گىياھلارنى سىلاپ ـ سىيپاپ ئېقىپ

كېتىۋاتقان سۇنىڭ شىلدىرلىغىنى ئاڭلاندى، گويا كىمدۇر پالاق ئۇرۇپ، ئۇ ئولتۇرغان يەرگە قېيىق ھەيدەپ كەلدى، ئاللىكىملەر ئۇنى قېيىققا چىقىرىۋېپ، بۇ يەردىن قەيەرگىدۇر يىراقلارغا ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئانىسى ئىكەن. ئانىسى قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. «ئانا! — دەپ ئاڭلىنار - ئاڭلانماس پىچىرلىدى ئۇ. — ئانا، مەن بەكمۇ قىينىلىپ كەتتىم! تۈنۈگۈن ئاخشام گېفسىمانىيىدە، زەيتۇن تاغدا چوپانلىرىم بىلەن بىللە ئىدىم. شۇ يەردە بېشىمغا قارا تۈن، قەبىھ ھەسرەت ياغدى، يۈرىكىم يېرىلىشقا تاسلا قالدى. كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۆزۈمنى قويغىلى جاي تاپالمىدىم. دىلىمنى ئاللىقانداق دەھشەت باستى، بەدىنىمدىن تەر ئورنىغا قان سىزىپ چىقتى. شۇ چاغدا مەن رەببىمگە، ئاسماندىكى پەدەرىمگە يالۋۇردۇم. «رەببەنا، — دېدىم، — ئەجەل پىيالىسىنى بۇ نۆۋەت ماڭا تۇتمىغىن! يەنە ئۆزۈڭ بىلىسەن، سېنىڭ ھۆكمىڭگە تەۋە مەن». مانا، شۇ ئەجەل شەربىتى بىلەن لىققىمۇلىق تولدۇرۇلغان پىيالە ماڭا ھەدەپ يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ مېنى ھەرگىز تاشلاپ ئۆتۈپ كەتمەيدۇ، ئۇ مۇقەررەر ماڭا ئاتالغان، سىز بۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىسىز، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن چىقتىكى، مېنىڭ بېشىمغا نە سەۋدالار چۈشىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەن ئىكەنسىز - دە، ئۇنداقتا، شۇنچە يىللار، يا ئىلاھىم، جېنىم ئانا، مېھرىبانىم، ماڭا جان ئاتا قىلىپ، ئۈمىد، ئارزۇلار بىلەن پەرۋىش قىلىپ، ھەممىسىگە قانداق چىدىدىڭىز. مېنى رەببىم ياراتقاندا، مانا شۇ ئۇلۇغ ۋە روھىي ئازاب بېرىدىغان كۈن ئۈچۈن، ئەڭ شورلۇق كۈن ئۈچۈن ياراتقانىكەن - دە؛ چۈنكى، ئادەم بالىسىغا ئۆز ئۆلۈمىدىنمۇ قايغۇلۇق نەرسە يوق، ئانا ئۈچۈن بولسا، ئۆز پەرزەنتىنىڭ

ئالاكىتى — ئۇنىڭدىن يۈز ھەسسىلەپ ئېغىرراق ۋە قايغۇلۇقراقتۇر. كەچۈر مېنى ئانىجان، سېنىڭ تەقدىر - قىسمىتىڭ مېنىڭدە ئەمەس، يالغۇز پەدەرىم رەببىمدىدۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئاغرىنمايلى، ئۇنىڭغا ئىللىق نەزەر بىلەن قارايلى. بار قىلىشمۇ، يوق قىلىشمۇ شۇنىڭ ئىرادىسىدىندۇر!»

ئۇ ئانىسى مەريەمنى ئەسلەۋېتىپ، بالىلىق چاغلىرىدا، بەش ياشلىق ۋاقتىدا بېشىدىن كەچۈرگەن بىر ۋەقەنى يادىغا كەلتۈردى. شۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ خانىدانلىرى پادىشاھ ئىرادىنىڭ تەقىبىدىن قېچىپ، مىسىردا كۈن كەچۈرەتتى. ئىراد يېڭى تۇغۇلغان گۆدەك — بولغۇسى ئەيسا ماسىھانىڭ جېنىغا قەست قىلغانىدى، چۈنكى، ئۇ كاھىنلاردىن شۇ كۈنلەردە بەنى ئىسرائىل شاھى دۇنياغا كەلدى، دېگەن خەۋەرنى ئىشىتكەنىدى. شۇ ئارىلىقتا بالىنى يوشۇرۇپ يۈرۈپ چوڭ قىلىشتى. ئۇلار تۇرغان يەردىن سەل نېرىدا ناھايىتى چوڭ ئەزىم دەريا ئاقاتتى. نىلى مۇبارەك دېگىنى شۇ بولسا كېرەك، ئۇ چېتىدىن بۇ چېتى كۆرۈنمەيدىغان ئۇلۇغ دەريا بار ئىدى. شۇ يەرلىك باشقا ئاياللارغا ئوخشاش مەريەممۇ بالىسىنى يېنىغا ئېلىپ، كىر چايقىغىلى دەريا بويىغا چۈشەتتى. ئۇلار بىر كۈنى دەريا بويىغا كەلگىنىدە، بىر بوۋاي قېيىقنى قىرغاققا ئوختاتتى، ئۇلارغا ئاستا يېقىنلاشتى - دە، مەريەم بىلەن بالىچاققا ئىلتىپات بىلەن سالام بەردى. «ئانىجان! — دېدى ئۇنىڭغا مەريەم، — قېيىقىڭىزدا ئوغلۇمنى سەيلە قىلدۇرسام بولامدۇ؟ بەكمۇ قېيىققا چۈشكۈسى كېلىۋاتىدۇ بۇ تەنتەكنىڭ». «بولىدۇ، مەريەم، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي، — بۇ قېيىقنى مەن شۇنىڭغا ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭدا ئوغلان ئەيسانى ئويناتقىن». بوۋاينىڭ ئوغلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرغىنىدىن مەريەم ئەجەبلەنمىدى. شۇ يېقىن ئەتراپتىكى ئادەملەردىن بولسا

كېرەك، دەپ ئويلىدى. لېكىن بوۋايدىن پالاقنى سىز ئۆرۈك، دەپ سورىغىلى تەمشىلىشۋىدى، بوۋاي خۇددى ھاۋادا ئېرىپ كەتكەندەك كۆزدىن غايىب بولدى. مەريەم بۇنىڭدىنمۇ تەئەججۈپلەنمىدى. بالىچاق قېيىققا چۈشىدىكەنمەن، دەپ شۇ قەدەر خۇش بولۇپ كەتكەنىدىكى، ئەزبىرايى، خۇشاللىقىدىن ئاسمانغا سەكرەپ ئوينايتتى، ئانىسىنى چاپسان بولۇڭ، دەپ ئالدىرىتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەريەم كىرلىرىنى قىرغاق بويىدىكى تاشلار ئۈستىگە تاشلاپ، ئوغلىنى كۆتۈرۈپ قېيىققا ئولتۇرغۇزدى، قېيىقنىڭ تانىسىنى يەشتى، دەرياغا ئىتتىرىپ چۈشۈردى، قېيىققا سەكرەپ چىقتى، بالىسىنى تىزىغا ئېلىپ ئولتۇردى، شۇنىڭ بىلەن دەريا ئېقىمىنى بويلاپ ئۈزۈپ كەتتى. قىرغاقنىڭ يېقىن يېرىدىلا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان سۇ تەرەپكە ئۈزۈش، ۋاھ ـ ۋاھ، نېمىدېگەن راھەت ـ ھە. تېيىزراق يەرلەردە قومۇشلار شىلدىرلاپ سالام بېرەتتى، ساھىل بويلىرىدا گۈللەر خۇش پۇراق چېچىپ ئېچىلىپ تۇراتتى، چاتقاللار ئارىسىدا خىلمۇخىل رەڭدار قۇشلار ئاجايىپ ئاۋازلاردا سايرىشاتتى، ئىللىق ھاۋادا كېپىنەكلەر ئۇچۇپ ـ قونۇپ يايرىشاتتى، چېكەتكىلەر چىرىلدايتتى. ئاھ، نېمىدېگەن راھەت بۇ! مەريەم پەس ئاۋازدا كۈيلەشكە باشلىدى. ئۇ چەكسىز بەختىيار ئىدى، ئوغلىنىڭ قېيىقتا ئۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشى ئاسمانغا تاقاشقانىدى. بۇنىڭدىن مەريەمنىڭ دىلى تېخىمۇ يايرىدى. ئۇلار تېخى قىرغاقتىن يىراق كەتمىگەنىدى، دەريانىڭ تېيىز يېرىدە ياتقان يوغان كۆتەككە بىردىن جان كىردى ۋە سۇنى ئوقتەك يېرىپ، ئۇلارغا قاراپ تەھدىت بىلەن ئۈزۈپ كېلىشكە باشلىدى. بۇ تولىمۇ ھەيۋەتلىك تىمساھ بولۇپ، ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى يەپ تاشلايمەن دەپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلەتتى. بالىچاق قورقۇپ كېتىپ ۋارقىراپ تاشلىدى،

مەريەم شامدەك قېتىپ قالغان بولۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى. تىمساھ قېيىقنى قۇيرۇقى بىلەن ئۇرۇپ ئۆرۈۋېتىشكە تاسلا قالدى. مەريەم پالاقنى تاشلاپ، بالىسىنى باغرىغا مەھكەم باستى. «يا رەببىم! — دەپ يالۋۇردى ئۇ، — بۇ سېنىڭ ئۆز ئوغلۇڭ ئەيسا! ئۇنى ئۆزۈڭ بەرگەنسەن! ئۆزۈڭ مەدەت قىل، يا رەببىم! ئۆزۈڭ ئۇنى خالاس قىل!»

ئايال شۇنچىلىك قورقۇپ كەتكەنىدىكى، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، ئاللەمنى ياراتقۇچىغا ۋە پەرزەنتىنىڭ ساماۋى پەدەرى بولغۇچىغا يالۋۇرغىنى يالۋۇرغانىدى. «بىزنى تەرك ئەتمە، خۇدايا. ئۇ تېخى ساڭا لازىم بولىدۇ!» دەپ ۋارقىرىدى مەريەم. تىمساھ باشقۇرغۇچىسى بولمىغان قېيىقنى سۈزۈنىڭ ئاستىدىن ئىتتىردى. مەريەم بىر چاغدا كۆزلىرىنى قورقۇپ ئاچتى، شۇ چاغدا خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى. قېيىق قىرغاق چېتىدە توختىغان بولۇپ، بىر كىم ئۇنى ئەتەي شۇ يەرگە كەلتۈرۈپ قويغاندەك ئىدى. تىمساھ شۇنىڭدىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلدى، ئۇزاقلاپ بېرىپ كۆزدىن غايىب بولدى. ئەس – ھوشىنى يوقاتقان مەريەم بولسا، قېيىقتىن ئېتىلىپ چىقتى – دە، ھۆڭ – ھۆڭ يىغلىغان ۋە خۇشاللىقىدىن كۆلگەن پېتى قىرغاق بويلاپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ بالىسىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، توختىماستىن سۆيەتتى، كۆز ياشلىرىغا غەرق قىلىپ، تەكرارلىدى: «ئەيسا، ئەيسا! كۆزۈمنىڭ قارىسى، ئوغلۇم! پەدەرىڭ سېنى تونۇدى! ئۇ سېنى خالاس قىلدى! ئۆزى سېنى خالاس قىلدى! سېنى سۆيىدى، سەن ئۇنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلىسەن، ئەيسا! ساڭا دانالىقنى ئاتا قىلىدى، سەن ھاكىم بولىدۇڭ، ئەيسا! سەن ئەمدى رەببىسەن، ئەيسا! ئەمدى ئادەملەرنىڭ كۆزىنى ئاچىسەن، ئەيسا! ئۇلار سېنىڭ ئىزىڭدىن چىقمايدۇ، ئەيسا. سەن ھېچقاچان، ھېچقاچان، ھېچقاچان ئادەم بالىلىرىدىن يۈز ئۆرۈمىگەيسەن!»

دەيتتى. مۆھتەرەم مەريەم ئەنە شۇنداق شادلىق ئىچىدە دەردىنى تۆكەتتى.

خۇدانىڭ ئوغلى مۆجىزە يۈز بېرىپ خەۋپ - خەتەردىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلغانلىقىدىن مەريەم چەكسىز خۇشال ئىدى. بۇ ياراتقۇچىنىڭ كارامىتى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى. ياراتقۇچى ئىرادىنىڭ قىستىشىدىن مىسىرغا قاچقان بەنىنا يۈسۈپنىڭ جىگەر پارىسى ئەيسانىڭ كىملىكىنى ئادەملەرگە ئەنە شۇنداق مەلۇم قىلغانىدى. بولۇپمۇ، مەريەم بالىسىنى كۆتۈرۈپ يەرگە چۈشۈپ يۈگۈرۈپ كەتكەن ھامانلا قېيىقمۇ دەريادا بىردەمدىلا غايىب بولدى، دەريا بويىدا كىر چايقاۋاتقان، ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن خوتۇنلار بولسا كېيىنچە، سىز قېچىپ كېتىۋاتقىنىڭىزدا بالىڭىزنىڭ بېشى ئەتراپىدا ئالتۇن چەمبىرەك كۆرۈندى، دەپ ئۇنى ئىشەندۈرگەنىدى. بۇ ئىش ھەممىنى ھەيرەتكە سالدى. كىچىككىنە ئەيسا ئانىسىنىڭ كۆكرىكىگە چىڭ يېپىشىپ، بويۇنلىرىدىن قۇچاقلاپ: «ئانا، مەن چوڭ بولغاندا شۇ تىمساھنى قۇيرۇقىدىن تۇتۇۋالىمەن. كېيىن بىزنى زادىلا قورقۇتمايدىغان بولىدۇ!» دېگىنىدە، ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى ئېرىپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغانىدى. كىچىك بالىنىڭ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋەتتى. ئۇلار قېيىقنىڭ ئىگىسى كىم بولغىيتتى، دەپ ئەسلەشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇ بوۋاينى بۇ ئەتراپتا ھېچكىم تونۇمايدىغانلىقى ۋە بۇرۇن ھېچكىمنىڭ كۆرۈپ باقمىغانلىقى مەلۇم بولدى. بەنىنا يۈسۈپ ئاشۇ سىرلىق قېيىقچىنى، كەچۈرۈم سوراي ۋە زېمىنىنى تۆلەپ بېرەي، دەپ نۇرغۇن كۈنلەر ئىزدىدى، لېكىن زادىلا ئىز - دېرىكىنى قىلالمىدى...

ئەيسا سەبىي چاغلىرىدا مانا شۇنداق سەرگۈزەشتىنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. شۇ ۋەقەلەرنى مانا ئەمدى، ئەگمە

www.uyghurkitap.com

ئايۋاندا تۇرۇپ، مۆھتەرەم ئانىسىدىن ئۇنىڭغا كەلتۈرگەن ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ئۈچۈن ئۆزرىخاھلىق سورىغىنىدا، يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى. «مەن سىز بىلەن ۋىدالىشىمەن ئەمدى، ئانىجان، — دەيتتى ئۇ خىيال ئىچىدە مېھرىبان ئانىسىغا، — مېنى قەتل ياغىچىغا تارتقان چاغدا سىزنى ياد ئېتىشكە ئۈلگۈرەلمەسلىكىم مۇمكىن. شۇ چاغدا مېنىڭدىن رەنجىمىگەيسىز. بۈگۈن ئىسسىقتا چىدىغىلى بولمايۋاتىدۇ. مەن ئۆلۈمدىن قورقۇۋاتىمەن. پۇتلىرىم مۇزلاپ كېتىۋاتىدۇ. مېنى كەچۈرۈڭ، ئانىجان، مۇشۇ پايدىلىق دەمدە تەقدىردىن نالىماڭ. سىزگە سەۋر - تاقەت يار بولسۇن. ئادەملەر ياراتقۇچىسى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر يۈك ئىكەن. ئادەمزاتتا بار ھەقىقەتنى ئۆز ئۆلۈمۈم ۋاسىتىسىدە تەسكىن تاپتۇرماقتىن باشقا يولۇم ۋە چارەم يوق. بەنى بەشەر تەرەپكە ئۆزگە يول تاپالمىدىم، مەن ئۇلار تەرەپكە قەدەم تاشلىدىم. ئەلۋىدا، مېنى كەچۈرۈڭ، ئانا! ئاشۇ تىمساھنىمۇ قويرۇقىدىن تۇتالمىدىم، ئەپسۇس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تىمساھلار ناھايىتى ئۇزۇن، ئىككى - ئۈچ ئىنسان ئۆمرىنى ياشارمىش. تۇتقان بولسامۇ، بەرىبىر قويۇۋېتكەن بولاتتىم... ئۇۋال ئەمەسمۇ... يەنە شۇنىمۇ ئويلىدىمكى، ئانىجان، ئەگەر قېيىقچى قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئاشۇ بوۋاي مالائىكە بولسا. ئۇنىڭ بىلەن ئېھتىمال ئۇ دۇنيادا ئۇچرىشىپ قالارمەن... شۇ يەردىكى ۋەقە يادىدا بارمىكىن؟ ئاياغ تاۋۇشلىرىنى ئاڭلاۋاتىمەن، ئىختىيارى ئۆزىدە بولمىغان قاتىل — پونتىي پىلات كېلىۋاتىدۇ. ئەلۋىدا، ئانا، ئەلۋىدا».

پونتىي پىلات ئەگەر ئايۋاندىن قانداق مەزمۇت قەدەملەر بىلەن چىقىپ كەتكەن بولسا، شۇنداق قەدەم تاشلاپ قايتىپ كەلدى. پاسىبانلار دەرھال كۆزدىن غايىب بولۇشتى، ئىككىسى ئايۋاندا يەنە يالغۇز قالدى. ئۇنى كۆرگەن ھامانلا ئورنىدىن

تۇرغىنى ئەيساغا مەنىلىك كۆز تاشلىغان ھۆكۈمدار ھەممە ئىش ئۆزى كۈتكەندەك كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. جىنايەتچى ئاخىرقى قەدەمگە ھازىرلانغانىدى. لېكىن پروكۇراتورا باشلىقى بۇ قېتىممۇ ئاتنى قامچىلىماسلىقنى ئەۋزەل كۆردى. ئۇنىڭسىزمۇ ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك كېتىۋاتقانىدى.

— خوش، نېمىسىمۇ دەيتتۇق، قارىسام، گېپىمىز تۈگەپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دېدى پونتىي پىلات تېخى ئورنىغا ئولتۇرماستىنلا، — گېپىڭدىن قايتامسەن؟

— ياق!

— خاتا قىلىۋاتىسەن، يەنە ئويلاپ كۆر!

— ياق! — دەپ بېشىنى چايقىدى ئەيسا، — بولار ئىش بولدى.

— خاتا قىلىۋاتىسەن! — دەپ قارشىلىق بىلدۈردى پونتىي پىلات ئۆزىگە سەل ئىشەنمىگەن ئاھاڭدا. لېكىن ئىچىدىن ئوت كەتتى، ئەيسانىڭ ماتانىتى ئۇنى لال قىلىپ قويغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئەيسانىڭ ئۆز ئەھدىدىن قايتىشىنى، تۆۋە - تەزەررۇ قىلىپ، رەھىم - شەپقەت تىلىشىنى خالىمايتتى. ئەيسامۇ بۇنىڭ ھەممىسىنى چۈشەندى.

— كۆپ قايناۋەرمە، — كۈلۈمسىرىدى ئۇ سوغۇققىنا، — چىن دىلىدىن سۆزلەۋاتقىنىڭغا ئىشىنىمەن. سېنى چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن. مېنىڭمۇ ياشىغۇم كېلىدۇ. يوقلۇق بوسۇغىسىدا تۇرغاندا ئادەم ھاياتنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئانامغا يۈرىكىم ئېچىشىدۇ. مەن ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن، بالىلىق چاغلىرىمدىن تارتىپ ياخشى كۆرىمەن، لېكىن بۇنى ئۆزىگە ئېيتقان ئەمەسمەن. ئەمما نېمىلا بولمىسۇن، رىم نائىبى، يادىڭدا تۇت: سەن بىر ئادەمنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇشۇڭ مۇمكىن ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا چوڭقۇر

تەشەككۈر ئېيتىش كېرەك. مەن بولسام، كۆپنى خالاس قىلىشىم، ھەتتا بىزدىن كېيىن كېلىدىغانلارنىمۇ خالاس قىلىشىم كېرەك.

— خالاس قىلىش دەمسەن؟ سەن يەر يۈزىدە بولمىساڭمۇ خالاس قىلالامسەن؟

— ھەئە، بۇنىڭ ئۈچۈن يەر يۈزىدە مەۋجۇت تۇرۇشۇم شەرت ئەمەس.

— ئۆزۈڭدىن كۆر. بۇ گەپكە يەنە قايتمايمىز، — قەتئىي قىلىپ دېدى پونتىي پىلات يەنە تەۋەككۈل قىلىشنى خالىماي، — ئەمما سوئالىمغا جاۋاب بەرسەڭ دېۋىدىم، — دېدى ئۇ تەخت ئالدىدا تىك تۇرغان پېتى ئۆپكىلەڭ قاشلىرىنى تۈرۈپ ئويلانغان ھالدا، — ھازىر پاراڭلىشىش ساڭا مالال كەلمەمدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن ئەيساغا يېقىن كېلىپ، — ئەگەر ئېغىر كەلسە مەيلى، ئۆزۈڭنى زورلىما، مەن سېنى تۇتۇپ ئولتۇرمايمەن. سېنى غۇلقافتا كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ.

— ئىختىيار سەندە، ھۆكۈمدار، ئەمرىڭگە ئىنتىزارمەن، — دەپ جاۋاب بەردى سۆھبەتدىشى گويا تاغدا ئۆلۈم ئازابى ساقلاپ تۇرمىغاندەك ۋە ھۆكۈمدارغا تىنىق كۆك كۆزلىرىنى كۆتۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەكس ئەتكەن پىكىر - خىيال قۇدرىتىدىن پروكۇراتورا باشلىقى تاڭ قالدى.

— تەشەككۈر، — دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى پونتىي پىلات كۈتۈلمىگەندە، — ئۇنداقتا مېنىڭ ئاخىرقى سوئالىمغا جاۋاب بەر. شۇنى بىلمىگۈچە تىنچىمايمەن. ئازاد ئادەملەردەك پاراڭلىشايلى. مەن ساڭا باغلىق ئەمەسمەن. سەنمۇ پۈتكۈل ئەركىنلىك بوسۇغىسىدا تۇرۇپسەن. دېمەك، ئوچۇق پاراڭلاشساق بولىۋېرىدۇ، — دېدى ئۇ ئۆز جايىغا ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئېيتقىنا، سەن ئۆز تەرەپدارلىرىڭغا، شاگىرت - مۇرىدلىرىڭغا، مېنى مۇبادا قەتل قىلىدىغان بولسا، ئۈچىنچى كۈنى دىگەندە

تىرىلىمەن ۋە قۇتلۇق بىر كۈنى قايتا دۇنياغا كېلىمەن. ھەممىنى، ئالەم بىنا بولغاندىن بېرى يورۇق جاھانغا مېھمان بولغان جىمىكى ئادەملەر نەسلىنى ۋە ھەتتا ئەمدى تۇغۇلىدىغان ئەۋلادلارنى قىيامەت سورىقىغا تارتىمەن، دېگەننىمىدىڭ؟ مەن سېنىڭ ئەقىدىلىرىڭگە ئىشەنمەيمەن. ئەمما بۇ سېنىڭ ئالەمگە ئىككىنچى قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭ بولارمىش، شۇنداقمۇ؟

ئەيسا ئۆزىگە ئۆزى، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، دېگەندەك قىلىپ، غەلىتە ھىجايدى. ئېغىرلىقىنى مۇزدەك تاش ئۈستىدە ئۇ پۇتىدىن بۇ پۇتىغا يۆتكەپ، جاۋاب بېرەيمىكىن ياكى ھاجىتى يوقمۇ، دېگەندەك قىلىپ بىردەم سۈكۈتكە چۆمدى.

— بۇ يوقىلاڭ گەپلەرنى ئىنجىلدا ئىسكارىيوت ئېيتقانمۇ؟ — سورىدى ئۇ كىنايە بىلەن، — سەن بۇنىڭدىن تولىمۇ تەشۋىشلىنىۋاتامسەن، ھۆكۈمدار؟

— مەن ئىنجىلنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن ماڭا زاتى ئۇلۇغلار، مۆھتەرەم ئاقساقاللار ئېيتتى. دېمەك، بۇلارنىڭ ھەممىسى يوقىلاڭ گەپلەرمۇ؟

— نېمە دەپ ئويلىساڭ، ئىختىيار ئۆزۈڭدە، — سوغۇق جاۋاب بەردى ئەيسا، — ھېچكىم ساڭا ئەقلىڭگە سىغمىغان نەرسىنى قوبۇل قىل، دېمەيدۇ.

— مەن چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق، جىددىي گەپ قىلىۋاتىمەن، — دەپ ئىشەندۈرۈشكە تىرىشتى ھۆكۈمدار، — سېنىڭ بىلەن بۇنداق چىن دىلدىن پاراڭلىشىدىغان باشقا ئىمكانىيەت بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سورىدىم. سېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەتسە، ھېچقاچان قايتىپ كەلمەيسەن. ئەمما ئۆزۈم ئۈچۈن بىلىۋالماقچىمەن. تۇغۇلماي تۇرۇپ، يەنە قانداق قىلىپ ئۆلگەندىن كېيىن ئالەمگە قايتىپ كېلىش ۋە تىرىك جانلارنى سوراققا تارتىش مۇمكىن؟ بۇ سوراق قەيەردە بولىدۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاسماندىمۇ ياكى باشقا يەردىمۇ؟ ئەبەدىي راھەت ــ پاراغەت تېپىش ئۈچۈن ئىنسان ئېيتقانلار سېنى قانچە ئۇزاق كۈتۈشى كېرەك؟ ئىجازەت بەر، بۇ ھەقتىكى پىكرىمنى ئالدىن ئېيتاي. نېمىنى مولجال قىلغىنىڭنى بىلىش تەس ئەمەس. ھەربىر ئادەم ئۇ دۇنيادا راھەت ــ پاراغەتتە، تىنچ-ئىنا بولسام، دەيدۇ. سېنىڭ نەزەردە تۇتقىنىڭ شۇ. ئادەم ئۆلۈمدىن خالىي بولالمىسىمۇ، ھەمىشە بىر نېمىلەرنى ئارزۇ قىلىپ يۈرىدۇ، ھەمىشە نېمىگىدۇر تەشنا بولۇپ يۈرىدۇ، شۇڭا ئۇنى ھەمىشە تۈرلۈك ۋەدىلەر بىلەن تۈزاققا ئىلىندۇرگىلى بولىدۇ، ھەتتا ئۇ دۇنيادىمۇ ئۇلار كەينىگە دىن ئىتتەك ئەگىشىپ يۈرىدۇ. ئەمما، مەيلى، ئەي پەيغەمبەر، سېنىڭ دېگىنىڭدەكمۇ بولسۇن، ھايات شامىڭ ئۆچۈپ تۈگىمەكتە، ئۇنى پەقەت سۆھبەت ئارقىلىق ئازراقلا سوزۇشقا قۇربىمىز يېتىدۇ ...

ــ مېنىڭچە، سوزۇلمىسىمۇ مەيلى.

ــ ئەمما مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي كەتمىسەن دەيمەن. نەزەرىمدە، بۇنداق كېتىش ئۆلۈمدىنمۇ يامان.

ــ مەيلى، سۆزلەۋەر.

ــ سېنىڭ ئەقىدىلىرىڭنى توغرا دەپ پەرەز قىلايلى. ئۇنداقتا سېنىڭ ئىككىنچىلەپ قايتا دۇنياغا كېلىشىڭ قاچان بولىدۇ؟ نېمىشقا ئېيتمايسەن. ئەگەر ئادەملەرگە ھەددىدىن ئارتۇق ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كەلسە، بۇنىڭ ئۇلارغا نېمە كېرىكى بار؟ پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئەمەلگە ئاشمىغان نەرسىدىن ئادەم بالىسىغا نېمە نەپ تېگىدۇ؟ ئۇنىڭدىن كېيىن، راستىنى ئېيتسام، بۇنداق ئەقىلگە سىغمايدىغان ھادىسىنى كۈتۈپ يۈرۈشنى ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ بولمايدۇ. ياكى قارىغۇلارچە ئىشىنىپ بولسىمۇ كۈتۈشى كېرەكمۇ؟ ئۇنداقتا نەتىجىسى نېمە بولىدۇ؟ نېمە پايدىسى تېگىدۇ؟

— سېنىڭ شەك - شۈبھىلىرىڭ چۈشىنىشلىك، رىم ھۆكۈمدارى. سەن خۇددى يۇنانلىق ئۇستازلىرىڭدەك ئاددىي ۋە دۇنياۋى پىكىر قىلىسەن. بۇ سۆزۈمدىن رەنجىمە. ھازىر قېشىڭدا ئۆلۈم ئالدىدا تۇرۇپتىمەن، بىمالال تالاش - تارتىش قىلىشۋەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز خۇددى ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايدىغان ئادەملەرمىز. پىكىرلىرىمىزمۇ باشقا - باشقا، بىز بىر نەرسىگە تولۇق تەرەپتىن يانداشمىمىز. ساڭا تىنچلىق بەرمەيۋاتقان نەرسە ھەققىدە ئېيتماقچىدىم، ھۆكۈمدار... ئىككىنچى قېتىم دۇنياغا قايتا كېلىشنى ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ، بۇ توغرا. سەن ھەقلىقسەن. شۇ كۈن قاچان كېلىدۇ، بۇنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. بۇ، ئاللەمنى ياراتقۇچىنىڭ تەقدىر-ئىرادىسىگە باغلىق. بىزنىڭ نەزەرىمىزدە مىڭ يىللاپ سوزۇلىدىغان نەرسىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئېھتىمال، بىردەملا داۋام قىلىدۇ. ئەمما ماھىيەت باشقا يەردە. ياراتقۇچى بىزگە دۇنيادىكى ئەڭ قۇتلۇق نېمەتنى — ئەقىل - ھوشنى ئاتا قىلدى. بىزگە ئۆز بىلگىنىمىزچە ياشاش ھەققىنى بەردى. بۇ ئىلاھىي تۆھپىنى قانداق تەسەررۇپ قىلىمىز — ئادەمزات تارىخلىرىنىڭ تارىخى ئەنە شۇ بولىدۇ. ئادەم تىرىكچىلىكىنىڭ مەنىسى ئۆزىنىڭ روھىي دەرىجىسىنى كامالەتكە يەتكۈزۈشتە. ئالەمدە شۇنىڭدىن باشقا ئالىي ئامال يوق. سەن بۇنى ئىنكار قىلالماسلىق كېرەك، رىم ھۆكۈمدارى؟ ئەقلىي تۇرمۇشنىڭ سېھرىي كۈچى ئاخىرى كۆرۈنمەس شوتا بىلەن روھىي جەھەتتە كامالەتكە يېتىدىغان نۇرلۇق چوققىغا كۈنلەر بويى ئۆرلەشتە. شۇ سەۋەبتىن. سەن ئىشەنگەن كۈننى قانچىلىك ئۇزاق كۈتۈش - كۈتمەسلىك، ھۆكۈمدار، ئادەم بالىسىنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ.

— ھە، مۇنداق دېگىن! — پونتىي پىلات ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، تەختىنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتتى، —

شاشما، شاشما. سەن بۇنى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە باغلىق دەۋاتىسەن، مەن بۇنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن! مەن سېنىڭ ئەقىدەڭگە قىلچە ئىشەنمەيمەن. بۇنى تەسەۋۋۇرۇمغا سىغدۇرالمايمەن. ئەگەر ئادەمزات ئۆزىنىڭ ئىشەنچ - ئىختىيارى بىلەن بۇنداق ھادىسىلەرنى يېقىنلاشتۇرالىسا ياكى يىراقلاشتۇرالىسا، ئۇلار خۇداغا ئايلىنىپ قالمامدۇ؟

— بەلكىم سەن ھەقلىقتۇرسەن، رىم نائىبى. ئەمما مەن ئالدى بىلەن ھەقنى داۋراڭدىن پەرقلەندۈرۈشنى، ئاجرىتىۋېلىشنى خالايمەن. ھەق توغرىسىدىكى مىش - مىش گەپلەر ئاخىرى يوق كۆلچەكتۇر. مىش - مىش داۋراڭلار مىسالى سۇ تېگىدىكى لاي. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى لايلار يىغىلىپ، ئېقىپ تۇرغان چوڭقۇر سۇلار كۆلچەككە ئايلىنىدۇ. ھاياتتا دائىم شۇنداق. بېشارەت ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئىچىدىن تېپىلغان. ئادەملەرنىڭ بەختسائادىتى ئۈچۈن يارايدىغان ھەرقانداق بۈيۈك پىكىرلەرنى مىش-مىش داۋراڭلار غاجاپ - غاجاپ، ئاخىرى بۇزىدۇ ھەمدە ئۆزىگە ۋە ھەققە قارشى ياۋۇزلۇققا ئايلاندۇرىدۇ. مېنىڭ ئېيتماقچى بولغىنىم شۇكى، رىم ھۆكۈمدارى، سەن ئىشەنگەن ئاشۇ يالغان-ياۋىداقلارنىڭ ھەممىسى مىش - مىش گەپ ھەقىقەت بولسا باشقا يەردە.

— شۇ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرەلەمسەن؟

— بولىدۇ، ئۇرۇنۇپ كۆرەي. مەن بۇ سۆھبىتىمىزگە قارشى ئەمەسمەن، يەنە كېلىپ بۇ ماڭا ئاخىرقى پۇرسەت. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، رىم ھۆكۈمدارى، ئاللاتائالانىڭ قۇدرىتى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆلگەن ئادەمنى خۇددى ئۇچۇق ئاسماندا چاقماق چاققاندەك تىرىلدۈرۈپ، ئوتنى يەرگە چۈشۈرۈپ پۇقرالارنى سوتقا تارتقۇزۇشتا ئەمەس، بەلكى تامامەن ئۇنىڭ ئەكسىچە. لېكىن مەقسەت باشتىن - ئاخىر بىرلا. شەھەردىن

غۇلقاقتا بارغۇچە ياشاش مۆھلىتى قالغان مەن ئەمەس، بەلكى سىلەر. ئەيساغا، دىنىنىڭ مۇقەددەس ئەقىدىلىرىگە ئىشىنىدىغان كىشىلەر، يەنى سىلەر كەلگۈسى ئەۋلادلارغا ئايلىنىپ، ئەبەدىلئە-بەد مەن تەرەپكە كېلىسىلەر. بۇ مېنىڭ دۇنياغا ئىككىنچى كېلىشىم بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مەن چەككەن ئازابلىرىم ئارقىلىق ئادەملەردە ئۆزۈمگە قايتىمەن، ئادەملەردە ئادەملەرگە قايتىمەن. گەپ ئەنە شۇ ھەقتە. مەن ۋاقىت جەھەتتە مىڭ يىللاپ كېيىن قالىمەن، لېكىن ئاخىرىدا سېنىڭ كېلەچىكىڭگە ئايلىنىمەن. ئاللاتائالانىڭ يازمىشى شۇ. ئادەم بالىسىنى ئۇنىڭغا ئاتالغان ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك تەختىگە ئولتۇرغۇزۇشنىڭ يولىيورۇقى شۇ. مېنىڭ ۋەزلىرىمنىڭ مەنە مەزمۇنى شۇنىڭدا، ياخشى غايىلەرنى چاكىنىلاشتۇرۇۋېتىدىغان داۋراڭلار ۋە ئېقىپ يۈرگەن مىش - مىشلاردا ئەمەس، دەل مانا شۇنىڭدا. ئەمما بۇ ئىنسان نەسىللىرى ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر ۋە ئەڭ يىراق يولدۇر. سېنى، رىم نائىبى، ئەنە شۇ نەرسە خاۋاتىرگە سېلىۋاتقانلىقى توغرا. بۇ يول بۈگۈنكى گۇناھكار كۈندىن، خۇدا ئوغلىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن باشلىنىدۇ. ئادەملەرنىڭ گۇناھلىرىنى يۇيۇش، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىش ۋە ئىلاھىي خىسلەتلەرنى ئويغىتىش ئۈچۈن، مەن بۈگۈن جېنىمنى قۇربان قىلىمەن. مېنىڭ بەخشەندە جېنىم ھەر سەپەر ئىنسان بالىلىرىنى تىترەككە سالغۇسى، ئۇلارنى توۋا - تەزەررۇ بىلەن ياشاشقا ئۈندىگۈسى. مەن ئادەمزات ئۆتىدىغان يوللاردىكى شام - چىراغمەن، شام - چىراغ بولۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەنمەن. ئادەملەر مېنىڭدىن مەدەت تىلەپ ياشايدۇ ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى چېكىپ، ئۆز-لىرىدىكى ياۋۇزلۇقلار بىلەن ئېلىشىپ، ئىللەتلەر، زوراۋانلىقلار، قانخورلۇقلارغا نەپرەت ئوقۇپ ماڭا يېقىنلىشىدۇ. خۇداغا مۇھەببەت بىلەن تولمىغان دىل ئىللەتلەرگە تولىدۇ. شۇنىڭدەك،

ئىنسانغا مۇھەببەت بىلەن لىقمۇ لىق تولمىغان دىلمۇ، شەكسىزكى، ئۆلۈكتۇر!

— توختا، توختا، نۇسرەتلىك ئەيسا. سەن ئادەمنى خۇدا بىلەن بىر دەۋاتامسەن؟

— شۇنداق دېسەكمۇ بولىدۇ. مەنمۇ ئېنىقراقى، جىمىكى ئىنسانلارمۇ خۇدانىڭ يەردىكى جۇلاسىدۇر. ھەتتا خۇدانىڭ ئىسمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەتىكى خۇدامۇ بار. ئالەم يارالغاندىن بۇيان ئۇنىڭغا تارتۇق قىلىنغىنى چەكسىزلىك خۇداسىدۇر. نۇرغۇن ئىستەكلەرنىڭ ھەممىسى كېلەچەككە قارىتىلغانلىقىنى، ئېتىبار بەرگەن بولساڭ، سەزگەنسەن، رىم نائىبى. بۈگۈن ھاياتنى قانداق بولسا، شۇنداق قوبۇل قىلىسەن. ئەمما ئەتىنى، ئەلۋەتتە باشقا كۆرۈشنى خالايسەن. بۈگۈن ياخشى ياشاپ تۇرغان بولساڭمۇ، بەربىر، ئەتىگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بولسىكەن دەيسەن. شۇ سەۋەبتىن، يۈرەكلىرىمىزدىكى ئۈمىد خۇدانىڭ نۇرىدەك زادى ئۆچمەيدۇ. ئەتىكى خۇدا چەكسىزلىك روھىدۇر. بىر پۈتۈنلۈكتىن ئالغاندا، ئۇ ھەممە نەرسىنىڭ ماھىيىتى، ئىنسان ئەمەللىرى ۋە ئىنتىلىشلىرىنىڭ جەم بولۇشىدۇر. ئەنە شۇ سەۋەبتىن، ئەتىكى خۇدانىڭ قانداقلىقى، ئۇنىڭ گۈزەل ياكى خۇنۈك ئىكەنلىكى، ئاق كۆڭۈل ياكى قارا نىيەت ئىكەنلىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىگە باغلىق. مانا شۇنداق ئويلاش ئورۇنلۇق ۋە زۆرۈر. ياراتقۇچى ئىگەم تەپەككۇر قىلالايدىغان يارىتىلغۇچىلاردىن شۇنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن يەر يۈزىدىكى ئەتىكى ھايات توغرىسىدا ئادەملەر ئۆزلىرى قايغۇرسۇن. ھەربىر ئادەم ئەتىكى خۇدانىڭ ئاجرالماس زەررىچىسىدۇر. ئىنسان ئۆز كۈنىنىڭ ھاكىمى ۋە ياراتقۇچىسىدۇر...

— ئالدىرىما. سېنىڭ ۋەھىمىلىك قىيامەت كۈنى دېگىنىڭ نەدە قالدى؟

— قىيامەت كۈنى... ئۇنىڭ ھەر كۈنى بېشىمىزدىن ئۆتۈپ ۋاتقىنىنى ئويلاپ باقمىغانمىدىڭ، رىم نائىبى؟

— ھاياتىمىزنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى قىيامەت كۈن دېمەكچىمۇ سەن؟

— شۇنداق بولسا كېرەك، رىم نائىبى. ئادەم ئاتىنى توقلىنىپ قىلىشتىن باشلاپ، ئازاپ - ئوقۇبەتلەر، قىيناشلار ئىچىدە ئۆتكەن، ئەسىرلەر بويى مەلۇم ئادەملەرنىڭ باشقا ئادەملەر ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن زۇلۇملىرى تۈپەيلىدىن يامانلىقتىن يامانلىق، ناھەقلىقتىن ناھەقلىقنى كۆپەيتكەن بۇ يول يورۇق ئالەمدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقانلارنى بىر نەرسىگە ئۆگەتكەندۇر. ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا جەننەتتىن قوغلانغاندىن بېرى قانداق زۇلۇم ئوپقانلىرى ئېچىلمىدى، ئادەمزاتنىڭ بېشى نە ئۇرۇشلارنى، شەپقەتسىزلىكلەرنى، قاتىللىقلارنى، قوغلاندى بولۇشلارنى، ئادالەتسىزلىكلەرنى، ھاقارەتلەرنى كۆرمىدى! ياخشىلىققا قارشى، ئادەم تەبىئىتىگە قارشى ئالەم يارىتىلغاندىن بېرى يەر يۈزىدە يۈز بەرگەن ھەممە دەھشەتلىك چوڭ گۇناھلارچۇ — بۇلارنىڭ قايسى بىرى قىيامەت كۈنىدىكى سوراقتىن كەم؟ تارىخنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى نېمە؟ ئەقىل ئىگىلىرىنى شەپقەت ۋە مۇھەببەتنىڭ ئىلاھىي يۈكسەكلىكلىرىگە كۆتۈرۈشمۇ؟ ئەمما ئىنسانلار تارىخىدا قانچىلىغان دەھشەتلىك سىناقلار بولمىدى؟ ئالدىڭدا بولسا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك قايناپ، قۇتراپ تۇرغان ياۋۇزلۇقلارنىڭ باش - ئايىغى كۆرۈنمەيدۇ. بۇنىڭ جەھەننەمنىڭ قىيامەت كۈنىدىن نېمە پەرقى بار؟

— ئۇنداق بولسا، ئەي ناسارا ئەيسا، سەن تارىخنى ئۇنىڭ ياۋۇزلۇقىدىن توختىتىپ قالماقچىمۇ سەن؟

— تارىخنىمۇ؟ تارىخنى ھېچكىم توختىتالمايدۇ. مەن ئادەم باللىرىنىڭ ئېڭى ۋە ھەرىكەتلىرىدىن قاباھەتنى تۈگەت-

مەكچىمەن. مەن شۇنىڭغا قايغۇرىمەن.

— ئۇنداقتا تارىخنىڭ ئۆزىمۇ بولمايدۇ.

— قانداق تارىخ؟ سەن ئۆزۈڭ قايغۇرۇۋاتقان تارىخنى ئېيتىۋاتامسەن؟ ئۇ تارىخنى ئادەملەرنىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ بولمىغان بولسىدى، ئۆزىمىزنى خۇداغا يېقىنراق سېزەتتۇق. مەن سېنى چۈشىنىپ تۇرۇۋېتىمەن، ھۆكۈمدار. لېكىن ھەقىقىي تارىخ، ئىنسانىيلىق گۈللەپ - ياشنىغان تارىخ تېخى يەر يۈزىدە باشلانغىنى يوق.

— سەۋر قىل، ئەي ئەيسا، ھازىرچە مېنى بىر چەتكە قويۇپ تۇرايلى. ئەمما سەن، ئەيسا، ئادەملەر بىلەن خەلقنى شۇ مەقسەتكە قانداق يەتكۈزمەكچىسەن؟

— ئادالەت سەلتەنىتى تىكلەيمىز، ئۇنىڭدا پادىشاھلارنىڭ زوراۋانلىقى بولمايدۇ. شۇنداق قىلىمىز!

— شۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىكمۇ؟

— ئەگەر ھەممە شۇنى خالىسا، ئەلۋەتتە...

— قىزىق گەپ. خەير بوپتۇ، مەن گەپلىرىڭگە ئوبدان قۇلاق سالدىم، ئەيسا. سەن ئۇزاقنى كۆزلىگەن ئىكەنسەن. لېكىن سەن ئۆزۈڭگە ھەددىدىن زىيادە تەمەننا قويۇۋېتىشمىكىن، ئادەملەرنىڭ ئىشەنچلىرىگە ھەددىدىن زىيادە ئۈمىد باغلىۋېتىشمىكىن. جازا مەيدانىدا بولىدىغان رەزىل ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭمىكىن؟ شەھەر قەلئەسىدىن چۈشىشىڭ بىلەنلا بۇنىڭغا ئىشەنچ ھاسىل قىلىسەن تېخى. بىراق سەن تارىخنىڭ يولىنى بۇرىۋېتەلمەيسەن، بۇ دەريانى ھېچكىم بۇرىيالمايدۇ. مەن بىر نەرسىگە ھەيرانمەن: نېمىشقا ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزۈڭگە تۇتىشىدىغان ئوتنى ياقىسەن؟ دۇنيا پادىشاھلارسىز دۇنيا بولالمايدۇ. بەزىلەرنىڭ قۇدرىتى - شەۋكىتى، بەزىلەرنىڭ ئىتائەتكارلىقىمۇ بولمايدۇ. سەن دۇنيانى باشقىچە، ئۆزۈڭ توقۇپ

چىققان تەرتىپكە سالىمەن، يېڭى تارىخ يارىتىمەن، دەپ بىكار ئاۋارە بولۇۋاتىسەن. پادىشاھلارنىڭ ئۆز خۇدالىرى بار. ئۇلار سەن ئويلاپ تاپقان خۇدا — ئەتىگە سىغىنمايدۇ. «ئەتە»نىڭ چېكى يوق، چېگرىسى يوق. ئۇ ھەممىگە ھاۋادەك باپباراۋەر تېگىشلىك. ھەممىگە باراۋەر مەنسۇپ بولغان نەرسىلەرنىڭ قەدرى - قىممىتى بولمايدۇ، ئورنىمۇ بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن پادىشاھلار ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ھاكىمدۇر. دۇنيادا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان پادىشاھلار ئىچىدە شەۋكەتلىك تىۋىرىي خۇدالارغا سۆيۈملۈكتۇر، ئۇنىڭ تەختى - دۆلىتى بولغان رۇم سەلتەنىتى جاھاننىڭ يېرىمىنى ئىگىلەپ تۇرۇپتۇ. مەن تىۋىرىينىڭ شان - شەۋكىتى ئاستىدا يەھۇدىيىدە ھاكىملىق قىلىۋاتىمەن، ھاياتىمنىڭ مەنىسى شۇنىڭدا دەپ بىلىمەن. ۋىجدانىم پاك. مەڭگۈ غالىب رۇمغا خىزمەت قىلىشتىن ئارتۇق شەرەپ يوق ماڭا!

— ھەربىر ئادەم ئۆزىگە ئوخشىغان باشقا بىر ئادەم ئۈستىدىن ھاكىملىق قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈپ - تىرىلىدۇ. سەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەسسەن، رىم نائىبى. ھەممىدىن يامان يېرىمۇ شۇنىڭدا. سەن، دۇنيا شۇنداق قۇرۇلغانغۇ، دەيسەن. ئادەملەر يامانلىقنى كۆپ ھاللاردا ئاساتلا ئاقلاپ چىقىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئىنسانلارغا تەگكەن قارغىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. ئەمما بۇنى كىم ئويلاپ ئولتۇرىدۇ؟ لېكىن كوچا تازىلىغۇچىلارنىڭ ئاقساقىلىدىن تارتىپ دەھشەتلىك سۇلتانلارغىچە ھەممىسى گىرىپتار بولغان ھاكىمىيەتپەرەسلىك كېسىلى ھەممە يامانلىقلارنىڭ ئەڭ يامىنىدۇر. ئىنسانىيەت بۇنىڭ ئېغىر جازاسىنى تارتىدۇ، تېخى. ھاكىملىق ۋە يەر دەۋاسى قىلغان خەلقلەر قىرىلىپ كېتىدۇ، بىر - بىرىنى تۈپ يىلتىزلىرىغىچە يوق قىلىشىدۇ.

پونتىي پىلات سۆھبەتدىشىنىڭ سۆزىنى تاقەتسىزلىك بىلەن بۆلدى ۋە قولىنى كۆتۈردى.

www.uyghurkitap.com

— بولدى، بەس. مەن ھەربىر سۆزۈڭگە خوپ دەپ تۇرىدىغان شاگىرتىڭ ئەمەسمەن. يېتەر! تىلىڭنىڭ سۆڭىكى يوق. ئاغزىڭدا نېمىلەرنى قىلمايدۇ كىشى. ئەيسا، سەن قانچە كارامەت كۆرسەت-مە، ھەممىسى بىھۇدە. ھاكىملار باشقۇرىدىغان دۇنيانىڭ باشقىچە بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇل تېشى شۇنىڭغا قويۇلغان، ئەبەدىلئەبەد شۇنىڭدا تۇرىدۇ: كۈچ كىمدە بولسا، ھاكىمىيەتمۇ شۇنىڭدا بولىدۇ. دۇنيانىڭ تىزگىنىنى زورلار ئۆز قولىدا تۇتىدۇ. ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى ئۆز ئورنىدىن كۆچۈرگىلى بولمىغىنىدەك، بۇ نىزاممۇ ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدۇ. قېنى، ئۆز-گەرتىپ باققىنا. ئادەمزات ئۈچۈن بىكار قايغۇرۇۋاتىسەن، ھاياتىڭنى قۇربان قىلغىنىڭ بىلەن ئۇنى قۇتقۇزالمايسەن. ئادەملەرنى يا ئىبادەتگاھلاردا ۋايىزلار ۋە يا ئاسماندىن چۈشكەن ۋەھىيلەر خالاس قىلالمايدۇ! خۇددى پادا پادىچىنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەندەك، ئۇلار پادىشاھلارغا ئەگىشىدۇ، نېمەتلەر ۋە كۈچ-قۇدرەت ئالدىدا تىك تۇرىدۇ، ھەممىدىن كۆرە رەھىمسىزرەك ۋە ھەممىدىن كۆرە شەۋكەتلىكرەك ئادەمنى كۆكلەرگە كۆتۈرىدۇ. سەركەردىلەرنى، ئىنسان قانلىرىنى دەريا - دەريا ئاققۇزغان، بىراۋلارنى ھۆكۈمران، باشقىلارنى قۇل قىلغان، خورلىغان جەڭ-لەرنى ئېغىزلىرىنى كۆپتۈرۈپ ماختايدۇ. شۇنى شىجائەت روھى دەپ ئاتايدۇ، ئەۋلادلاردىن ئەۋلادلارغا قوشاق توقۇپ قالدۇرىدۇ، غالىبلار شاراپىتىگە تۇغ - ئەلەملەر كۆتۈرىدۇ، كاناي - سۇناي چېلىپ ئالقىشلايدۇ؛ تومۇرلاردىكى قاننى كۆپتۈرىدۇ، قەسەمىيادلار قىلىشىدۇ؛ باشقىلارغا بىر غېرىچمۇ يەر بەرمەيمىز، دەپ قەسەم ئىچىشىدۇ؛ خەلق تامىقى بىلەن قانلىق ئۇرۇش ئاقلىنىدۇ، زۆرۈرىيەت دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ؛ ئەۋلادلار يۇرت دۈشمەنلىرىگە نەپرەت روھىدا تەربىيىلىنىدۇ: ئۆز شاھىنشاھىمىز ياشىسۇن، باشقا شاھلارنىڭ كۈلى كۆككە

سورۇلسۇن، تىز چۆكتۈرۈلسۇن، ئىلى بەند قىلىنسۇن، يەر-سۇلىرى تارتىۋېلىنسۇن، دەپ چۇقان سېلىشىدۇ. ئاتا-بوۋىلار زامانىدىن تا ھازىرغىچە ھاياتىنىڭ، ياشىنىڭ پۈتۈن لەززىتى مانا شۇنىڭدا ئەمەسمۇ. سەن بولساڭ، ئەيسا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قارىلاپ، لەنەت تامغىسى باسماقچىسەن. شورلۇق بىچارە ۋە غېرىب-غۇرۋالارنىڭ ھالىغا ئىچىنىسەن، ھەممە جايدا خەير-بەرىكە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسەن، ئىنساننىڭ ۋەھشىي ھايۋان ئىكەنلىكىنى، ۋۇجۇدىمىز تۇز-تەمسىز ياشىيالمىغىنىدەك بۇ ھايۋانىڭمۇ ئۇرۇشسىز كۈن كەچۈرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىسەن. ھېلىلا ساقچىلارنىڭ قورشاۋىدا غۇلقاق تەرەپكە قەدەم قويىسەن. ھېچبولمىغاندا، قەتل قىلىنىشىنىڭ ئالدىدا، مانا مۇشۇ سائەتتە نېمىدە خاتالىشىپ، قەيەردە خاتا يول قويغانلىقىڭنى بىر باشتىن ئويلاپ باقساڭ بولاتتى. سېنىڭ بىلەن خەيرلىشىش ئالدىدا بىر نەرسىنى ئېيتىپ قوياي: سەن ياۋۇزلۇقنىڭ يىلتىزىنى ئادەملەرنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ھاكىمىيەتپەرەسلىكىدە، خەلقلەر ۋە ئەللەرنىڭ بىر-بىرىنى زوراۋانلىق بىلەن بويسۇندۇرۇشىدا كۆرىسەن، ئەمما بۇنىڭ بىلەن ئۆز گۇناھلىرىڭنى يەنىمۇ كۆپەيتىۋالىسەن، چۈنكى، كىم زورلۇققا قارشى بولسا، دېمەك، ئۇ زوراۋانلارغا قارشىدۇر. سەن ئادالەت سەلتەنىتى قۇرۇش نىيىتىدە رىم دۆلىتىگە قارشى چىقىۋاتىسەن. رىمنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان كۈچ-قۇدرىتى، پۈتۈن جاھان مىقياسىدىكى ھۆكۈمرانلىقىغا توسالغۇ بولماقچىسەن، يالغۇز شۇ بەتنىيىتىڭ ئۈچۈنلا سېنى يەنە ئۈچ نۆۋەت قەتل قىلسا ئەرزىيدۇ!

— بۇنچىلىك ساخاۋەتنىڭ نېمە ھاجىتى، ئەي ياخشى ھۆكۈمدار. بىر نۆۋەتتىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمما گېپىمىز چالا قالمىسۇن. راست مېنى غۇلقاقتا ساقلاۋېرىپ، جاللاتلار ئاپتاپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىدا سارغىيىپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بىچارىلەر. لېكىن گېپىمىزنى تۈگىتەيلى. بۇ مېنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئاخىرقى ئىلتىماسىم. شۇنداق قىلىپ، زىم نائىبى، سېنىڭچە ھەقىقىي كۈچ - قۇدرەت زوراۋانلىقتا ئىكەن. لېكىن دۇنيادا باشقىمۇ بىر كۈچ بار، بۇ، ياخشىلىق كۈچ - قۇدرىتى. بۇنىڭغا ئېرىشىش، مېنىڭچە، قىيىنراق ۋە مۇرەككەپرەك، ساۋابلىق ئىشلار ئۈچۈن ئۇرۇشقا قارىغاندا كۆپرەك ماتانەت ۋە غەيرەت - ھەرىكەت كېرەك. نائىب، سەن ئۆلۈمۈم ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى سۆھبەتى-دىشىمسەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سۆزلىرىمگە قۇلاق سال. مەن ساڭا دىلىمنى ئاچماقچىمەن، لېكىن سەن چۈچۈمە. سېنىڭدىن مەرھە-مەت تىلىمەكچى ئەمەسمەن...

— كۆلكەمنى قىستىما!

— شۇنىڭ ئۈچۈن خاۋاتىرلىنىپ كەتمە دەپ ئالدىن تەكىتلەپ قويدۇم، ئەمدى بۇنى پەقەت سەنلا بىلىسەن. تۈنۈگۈن ئاخشام ئېچىمگە بىر قورقۇنچ چۈشتى. ئاۋۋال ھېچبىر سەۋەبسىزلا نېمىشقا بۇنداق بولىمەن، دەپ ئويلىدىم. گېفسىمانىيىدە ھاۋا تىنچىق ئەمەس ئىدى، ئېدىرلاردىكى باغ - ۋارانلاردىن غۇر - غۇر شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. پەقەت مەنلا ئۆزۈمنى قويغىلى جاي تاپالمايتتىم، كۆڭلۈم غەم - ھەسرەت، قورقۇنچقا پاتتى. يۈرىكىمدىن ئاسمانغا مۇسىبەت ئۆرلەشكە باشلىغاندەك بولدى. ھېچ يەڭگىللىك سەزمەيتتىم. قازايۇ قەدەردە پۈتۈلگەن سائەت كەلگەنلىكىنى كۆڭلۈم سېزەتتى. بوسۇغىغا ئۆلۈم شەپىسى كەلدى. شۇ چاغدا دەھشەتكە چۈشتۈم... ئۆلۈم ھەر بىر تىرىك جان ئۈچۈن تۈگىمەس زۇلمەت.

— نېمىشقا شۇنداق بولىسەن؟ — زەھەرخەندىلىك بىلەن قارىدى پونتىي پىلات جىنايەتچىگە، — ئۇ دۇنيا نېمە بولىدۇ،

ئەي ناسارا؟ سەن، ھايات ئۆلۈم بىلەن يەكۈنلەنمەيدۇ، دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟

— يەنە يوقىلاڭ گەپلەرنى تىلغا ئېلىۋاتىسەن، ھۆكۈمدار! باقىي ئالەمدە روھلار خۇددى سۇ ئۈستىگە چۈشكەن سايىلاردەك ئاۋازسىز كېزىپ يۈرىدۇ. بۇ، بىلگىلى بولمايدىغان ماكانلاردىكى بىلگىلى بولمايدىغان خىياللارنىڭ نامايان بولۇشى بولۇپ، ئۇ يەرلەرگە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدى يېتىپ بارالمايدۇ. ئۇ باشقا كائىنات، ئۇ بىر ھاياتكى، ئۇنى ئەسلا بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇ ماكانسىز جايدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشمۇ باشقىچە، ئۇنى يەر ۋاقتى بىلەن ئۆلچەشكە بولمايدۇ. خوش، گېپىمىز ئۆلچەملىك ھايات، يەر يۈزىدىكى ھايات ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى: مېنى گويا ھەممە نەرسە بىر ياققا تاشلاپ قويغاندەك غەلىتە بىر ھېس چۇلغىۋالدى. شۇ كېچىسى گېفسىمان بېغىدا تىنچلىقىمنى يوقىتىپ، سوغۇق شامالدەك كېزىپ يۈردۈم، سايىدەك پەرىشان بولدۇم، كائىنات قەۋەتلىرىدە مېنىڭدىن باشقا ئىدراك ئىگىسى قالمىغاندەك ئىدى، يەر ئۈستىدە ئۇچقاندەك بولاتتىم ۋە نە يورۇق كۈن ئىچىدە، نە زۇلمەتلىك تۈن ئىچىدە بىرەر يېرىم تىرىك ئىنسان بالىسىنى كۆرمەيتتىم، ھەممىسى ئۆلگەنىدى، ھەممىسىنى ئۆچكەن يانغىنلارنىڭ قاپقارا كۈللىرى قاپلىغانىدى. زېمىن بارا - بارا خارابىلىققا ئايلانغاندەك بولدى: نە ئورمان يوق، نە زىرائەت، نە دېڭىزلاردا كېمىلەر يوق، پەقەت يىراقلاردىكى ئاللىقاياقلاردىن خۇددى شامال ھەسرەتلىك ئىڭرىغاندەك، خۇددى تىۋى يوق يەر ھاڭلىرىدا تۆمۈر تاراڭشىغاندەك، خۇددى قەبرىلەر ئۈستىدە قوڭغۇراقلار جىرىڭلىغاندەك تولىمۇ غەلىتە زىڭىلدىغان ئاۋاز كېلىدۇ. مەن بولسام، ئاسمان تېگىدە قورقۇنچ ۋە ھەسرەتكە تولۇپ، يەككە - يېگانە پەردەك ئۇچۇپ يۈرەتتىم، قەلبىمنى يامان خەۋپ ۋە خەتەر ئىزتىراپلىرى ئۆرتەيتتى، مانا، ئاخىر

www.uyghurkitap.com

زامانمۇ يېتىپ كەلدى، دەپ ئويلايتتىم. مېنى باسقان ھەسرەتكە زادىلا چىدىغىلى بولمايتتى: ئادەملەر نەلەردە قالدى؟ مەن بېشىمنى ئەمدى نەگىمۇ قوياي؟ چېنىمغا توپىلاڭ ئۇرۇلدى: مانا، رەببانا، ئاخىرقى كۈن، ئۇنى بارچە ئىنسان نەسىللىرى ئىنتىزار بولۇپ كۈتكەنىدى، مانا، قىيامەت، مانا، ئىدراكنىڭ ئاخىرى، ئەقىللىق يارىتىلىشنىڭ ئاخىرى... نېمىشقا بۇنداق بولدى، بۇ ھالاكەت، بۇ تۇۋى يوق ھاڭ نەدىن كەلدى، نېمىشقا ئۆز يىلتىزىمىزنى ئۆزىمىز قىرقىدۇق، كۆيدۈردۇق. خىيالىمغا كەلگەن پىكىردىن دۇنيا كۆزۈمگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ كەتتى: مانا، ئادەملەرنى سۆيگەنلىكىڭنىڭ جازاسى، دېدىم مەن، مانا، ئۆزۈڭنى قۇربان قىلغىنىڭ ئۈچۈن تاپقان ئەجرىڭ. ئاخىر ئادەمزاتنىڭ قەھرلىك دۇنياسى قۇتراپ، خۇددى ئۆز زەھىرى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن چاياندەك ئۆزىنى تۈگەشتۈردى. ئاخىر ئادەملەرنىڭ ئادەملەر بىلەن چېقىشالماسلىقى، غايىلەرنىڭ غايىلەر بىلەن چېقىشالماسلىقى، تەكەببۇرلۇقلار ۋە ھاكىمىيەتپەرەسلىكلەرنىڭ چېقىشالماسلىقى، مۇتلەق ھۆكۈمرانلىق ھۇزۇرىنى سۈرگەن بۈيۈك پادىشاھلار چىش - تىرنىقىغىچە قوراللانغان، سان - ساناقسىز ئۆزئارا قىرغىنچىلىقلاردا قازانغان غەلىبىلىرى بىلەن كېرىلىدىغان، مۇناپىقلارچە ھەمدۇ - سانالار ئوقۇيدىغان ۋە قۇللاردەك قارىغۇلارچە بويىنىنى ئېگىپ، ئەگىشىدىغان خەلقلەرنىڭ چېقىشالماسلىقى شۇ ۋەھشىيانە خاتىمىگە ئېلىپ كەلدى! ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان ئىلاھىي ئەقىل تۆھپىلىرىنى يوقلۇق دەشتىگە ئېلىپ كەتكەن ئىنسانلارنىڭ يەر يۈزىدە قالدۇرغان نەرسىلىرى تېخى شۇمۇ؟ خۇدايا، دىلىمغا ئىسيان چۈشتى، نېمىشقا ئەقىل - ئىدراك، تىل - زۇۋان بەردىڭ، نېمىشقا ئۇلارنىڭ قوللىرىغا ئەرك ئاتا قىلدىڭ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى قىرسۇن دېدىڭمۇ، جەننەتتەك زېمىننى باشتىن - ئاياغ

شەرمەندىچىلىك گۆرىستانىغا ئاپىلاندۇرسۇن دېۋىدىڭىمۇ! مەن شۇنداق يىغلىدىم، گاھ - گاھ دۇنيادا يەككە - يېگانە پەرياد چەكتىم، قىسمەتنى قارغىدىم ۋە خۇداغا، سېنىڭ جەۋرىيتىڭ يەتمىگەن ئىشنى ئادەمنىڭ ئۆزى گۇناھ ئىچىدە ئادا قىلدى، دەپ نالە قىلدىم... ھە، بىلىپ قويغىن، رىم ھۆكۈمدارى، ئاخىر زامان مېنىڭ تۈپەيلىمدىن ئەمەس، تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئەمەس، ئادەم بالىلىرىنىڭ دۈشمەنلىشىشىدىن كېلىدۇ. سەن ھاكىمىيىتىڭدىن مەست - ئەلەس بولۇپ شەرەپلىك ھېس قىلىۋاتقان ئاشۇ غەلىبە ۋە دۈشمەنلىكلەردىن كېلىدۇ...، — ئەيسا نەپسىنى رۇسلاپ، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئۆتكەن ئاخشام كۆزۈمگە شۇنداق نەرسىلەر كۆرۈندى. ئۇيقۇم قاچتى، ئۇزۇندىن ئۇزۇن خىيالغا چۆمدۈم، دۇئا ئوقۇدۇم، ئىبادەت قىلدىم، ئىمان كەمىرىنى مەھكەم باغلىدىم، مۇرىتلىرىمغا پەدەرىم ئىنايىتىدىن يەتكەن سۈرەت توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەكچى بولۇۋاتاتتىم، شۇ ئارىلىقتا گېفسىمان بېغىدا ھەددىدىن زىيادە كۆپ خالايىق پەيدا بولدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىئۇدامۇ بار ئىدى. ئىئۇدا چاپسان كېلىپ مېنى قۇچاقلىدى ۋە سۆيدى، ئۇنىڭ لەۋلىرى تولىمۇ سوغۇق ئىدى. «خۇش ۋاقىت بول، رەببى» دېدى ئۇ ماڭا. ئۇ: «مەن كىمنى قۇچاقلاپ سۆيسەم، شۇنى تۇتۇڭلار» دەپ خالايىق بىلەن ئالدىنئالا كېلىشىۋالغانىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مېنى تۇتۇشتى. مانا ئەمدى، مەن سېنىڭ قېشىڭدا ئەمرىڭنى كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن، رىم نايىبى. بىلىمەن، ئەمدى غۇلقافقا بېرىشىم كېرەك. ئەمما، ماڭا مەرھەمىتىڭنى كۆرسەتتىڭ. مەن بىر نەرسىدىن رازىمەن. ئۇ بولسىمۇ، ئۆلۈمۈم ئالدىدىن ساڭا ئاخشام گېفسىمان بېغىدا بېشىمدىن ئۆتكەنلەرنى ئېيتىپ بېرەلىدىم، ھۆكۈمدار.

— راست، ھەممە گېپىڭنى ئاڭلىدىم. لېكىن مېنى ھەممى

سىڭگە ئىشىنىدۇ، دەپ ئويلامسەن؟

— ئىشەنسەكمۇ، ئىشەنمىسەكمۇ ئۆزۈڭ بىلىسەن، رىسىم نائىبى. توغرىسى، ئىشەنمىگەن بولساڭ كېرەك. سېنىڭ بىلەن مەن پۈتۈنلەي باشقا - باشقا تەبىئەتلىك ئادەملەرمىز. ئەمما شۇنىڭغا قارىماي، سۆزلىرىمگە قۇلاق سالدىڭ. مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈڭ ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىدىم دېيەلمەيسەنغۇ، ئۆز ئۆزۈڭگە بۇ ھەقتە ئويلاشنى توختىتىپ قويالمايسەنغۇ. مەن بولسام، ئۆزۈمگە قانائەت قىلىمەن، كېيىنسىمان بېغىدا ماڭا ئايان بولغان كارامەتلەرنى گۆرگە ئېلىپ كەتمەي، بايان قىلىپ كېتىۋاتىمەن. ۋىجدانىممۇ ئەمدى ئارام تاپتى.

— ئېيتقىنا، ماسىھا، سەن بازارلاردا بىرەر قېتىم پال ئاچقانمىدىڭ؟

— ياق، ھۆكۈمدار، نېمىشقا ئۇنداق سورايسەن؟

— ئەجابا، سەن چاقچاق قىلىۋاتامسەن ياكى راستىنلا ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي، دەھشەتلىك ئۆلۈمدىن قورقمايۋاتامسەن. نېمىلەرنى ئېيتىپ، نېمىلەرنى ئېيتالمىغانلىقىڭ، كىملەرنىڭ قۇلاق سېلىپ، كىملەرنىڭ قۇلاق سالمىغانلىقىغا ئوخشاش نېمىلەر سېنى ئۆلۈمىڭدىن كېيىنمۇ شۇنچە قىزىقتۇرارمۇ؟ بۇ نېمىلەر كىمگە كېرەك بولار؟ بۇ مەنىسىز گەپلەر يەنىلا شۇ كونا مۇقام ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق دېمە، ھۆكۈمدار. بۇ ئۆتكۈنچى گەپ ئەمەس! ئاخىر، ئۆلۈم ئالدىدا ئويلىغان ئويلىرىڭ ئۇدۇل خۇدانىڭ دەرگاھىغا يېتىدۇ. خۇدا ئادىمى بالىسىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا نېمە دەپ ئويلىشىغا قارايدۇ. بارلىق تىرىك جانلار ئىچىدە ئەڭ ئالىي نەرسە قىلىپ يارىتىلغان ئادەمزات توغرىسىدا خۇدا شۇ ئويلارغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. چۈنكى، ئويلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاخىرقى ئوي ھەر دائىم ھەممىدىن پاك ۋە ھەددىدىن زىيادە

سەمىمىي بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇرغان - پۈتكىنى ھەقىقەت بولۇپ، مۇغەمبەرلىكتىن خالىيدۇر. ياق، ھۆكۈمدار، قورسىقىڭنى كەڭ تۇت، لېكىن مەن سېنىڭ ئويلىغىنىڭدەك چاقچاق قىلىۋاتقىنىم يوق. سەبىي چاغلىرىمدا ئويۇنچۇقلارنى ئوينىغانمەن، خالاس. مېنىڭ قىيناشلاردىن قورقۇش - قورقماسلىقىمغا كەلسەك، بۇنىڭ يوشۇرىدىغان جايى يوق، مەن بايا ئېيتتىم، قورقىمەن، بەكمۇ قورقىمەن! مەن رەببىل - ئالەمىندىن، ئەرھەمەرراھىمىن پەدەرىمدىن ئىلتىجا قىلىمەنكى، تەقدىرىمگە پۈتۈلگەننى كۆرۈشكە ماڭا سەۋر - تاقەت ئاتا قىلغاي، ئاڭسىز مەخلۇقلاردەك دادلىمىغايمەن، جان تاپشۇرۇش مەھەلدە شەرمەندىلىك قىلمىغايمەن... مانا، مەن تەييارمەن، رىم نائىبى، مېنى ئارتۇق تۇتۇپ تۇرما، بەند قىلىۋالما، ۋاقتى بولدى...

— غۇلقاپ سېنى كۈتۈۋاتىدۇ. نەچچە ياشقا كەلدىڭ، ماسىھىم؟

— ئوتتۇز ئۈچكە تولدۇم، ھۆكۈمدار.

— تولىمۇ ياش ئىكەنسەن! مېنىڭدىن يىگىرمە ياش كىچىك، — رەھىمى كېلىپ دېدى پونتىي پىلات بېشىنى چايقىغان پېتى ئويغا چۆمۈپ، — بىلىشىمچە، بويتاقسەن. ئۆزۈڭدىن كېيىن قالىدىغان يېتىملىرىڭ يوق. ۋاھ - دەرىخا... — ئۇ جىم بولۇپ قالدى. يەنە نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىنى ئۆمەللىدىيۇ، پىكرىدىن قايتقان بولسا كېرەك. ئۈندىمىدى، ئەندىشە قىلدى. «ئايال زاتى بىلەن بىللە بولغانمۇسەن؟» دەپ سورىغۇسى كەلدى، لېكىن سورىمىدى. خوتۇن خەقتەك ئەزمە بولۇپ كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى تارتتى. ئەر خەقنىڭ گېپى ئەمەس - تە، بۇ.

شۇ ئەسنادا پروكۇرورنىڭ كۆزى ئەيسانىڭ كۆزىگە چۈشتى. ئۇ ئەيسانىڭ كۆزلىرىدىن سورىماقچى بولغان

www.uyghurkitap.com

سوئالىنى پەملىگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بۇ سوئالغا جەزمەن جاۋاب بەرمەيدىغانلىقىنى بىلدى. ئەيسانىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان سۇدەك تىنىق كۆك كۆزلىرى سەل غۇۋالاشقاندەك بولدى، ئۇ سۈكۈتكە چۆمدى. «كۆرۈنۈشىدىن شۇنچىلىك ياۋاش، مۆمىندەك قىلىدۇ، لېكىن غەيرىتى تاغدەك ئىكەن!» دەپ ئويلاپ ھەيران بولدى پونتىي پىلات يۇتىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن سەندەلنى ئىزدىگەچ.

— مەيلى بولمىسا، — دەپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى ئۇ ئايال توغرىسىدىكى سوئالنىڭ ئورنىنى باشقا گەپ بىلەن يوپۇرۇش ئويىدا، — قۇلىقىمغا كىرىپ قېلىۋىدى، سېنىڭ ئاتاڭ يوق ئىكەن، توغرىمۇ؟

ئەيسا ئاپئاق، تەكشى چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، ئوچۇق چىراي، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈمسىرىدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇر.

— ئېنىقراقچۇ؟

— راست، راست، ياخشى ھۆكۈمدار، — دەپ تەستىقلىدى ئەيسا پونتىي پىلاتنىڭ جەھلى چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ھۆكۈمدارغا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى، — مېنى ئىلاھىي پەدەرىم مۇبارەك روھىغا ھاپاش قىلدۇرۇپ يەر يۈزىگە قويۇپ كەتكەن.

— بارىكاللا، ئەمدى باشقا ھېچكىمنىڭ بېشىنى بۇنداق گەپلەر بىلەن ئايلاندۇرالمايسەن، ئاغزىنى زورىغا قىمىرلىتىپ، ھارغىنلىق بىلەن دېدى پروكوراتورا باشلىقى، — ئۇنداق بولسا، ئاناڭ كىم؟

— ئۇ گالىلىيەدە ياشايدۇ. ئىسمى مەريەم. تۇيۇۋاتىمەن، بۈگۈن يېتىپ كەلسە كېرەك. كېچىچە يول ماڭدى، بىلدىم.

— بىلمىدىم، پەرزەنتىنىڭ ھالى ئۇنى نېمە كويلارغا سالىدىكىن، — قوپاللىق بىلەن دېدى پونتىي پىلات نۇسرەتتىن

چىققان دىۋانە بىلەن سوزۇلۇپ كەتكەن سۆھبەتكە چەك قويۇش نىيىتىدە.

شۇنىڭدىن كېيىن سۆلەتلىك، يوغان باش، چىرايى سەت كۆز قاراشلىرى نەشتەردەك، يەلكىسىگە ئاپئاق يېپىنچا تاشلىغان پروكۇراتورا باشلىقى ئەگمە ئايۋاننىڭ راۋاقلىرى ئاستىدا قەددىنى رۇسلىدى.

— ئەلقىسسە، ئاخىرقى قېتىم ئىنقىلاپ قويايلى، — دېدى ئۇ قەتئىي قارارغا كەلگەندەك، — ئاتاڭ كىم ئىدى؟ يۈسۈپ ئاناڭ مەريەم. نۇسرەتتە دۇنياغا كەلگەنسەن. يېشىڭ ئوتتۇز ئۈچتە، بويتاقسەن. بالىلىرىڭ يوق. خالايىقنى ئىسيانغا چاقىرغانسەن. ئۇلۇغ بەيتۇلمۇقەددەسنى بۇزۇپ تاشلايمەن، ئۈچ كۈن ئىچىدە يېڭىسىنى بىنا قىلىمەن، دەپ توپىلاڭ كۆتۈرگەنسەن. ئۆزۈڭنى پەيغەمبەر، يەھۇدىينىڭ پادىشاھى دەپ گەپ تارقاتقانسەن. سېنىڭ قىسقىچە تارىخىڭ مانا شۇنداق.

— مېنىڭ تارىخىمنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز. لېكىن ساڭا ئېيتىپ قوياي، سەن تارىختا قالىسەن، پونتىي پىلات، — ئاۋازىنى كۆتۈرمەي ئاستا سۆزلىدى ئەيسا ھۆكۈمدارنىڭ يۈزىگە تىك ۋە جىددىي بېقىپ، — پۈتۈنلەي قالىسەن.

— قويساڭچۇ! — ئاچچىقى كېلىپ قولىنى شىلتىدى پونتىي پىلات، نېمىلا قىلغان بىلەن ئەيسانىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ دىتىغا ياقتى. ئەمما ئاۋازىنى ئۆزگەرتىپ، تەنتەنىلىك ھالدا، — تارىختا شەۋكەتلىك پادىشاھ تىبېرىي قالىدۇ، ئۇنىڭغا شان - شەرەپلەر بولسۇن، بىز بولساق ئۇنىڭ سادىق نۆكەرلىرى.

— بەرىبىر، تارىختا سەن قالىسەن، پونتىي پىلات، — قەيسەرلىك بىلەن تەكرارلىدى قۇددۇستىن چىقىپ غۇلقافقا كېلىۋاتقان زات...

www.uyghurkitap.com

كىمىندۇر ئىختىيارلىق بىلەن كۈتكەندەك تاڭ سەھەردىن بېرى ئىراد سارىيى ئۈستىدە پەرۋاز قىلىپ ئايلىنىۋاتقان تاپمۇ، يۈركۈتىمۇ، ئىشقىلىپ بىر قۇش ئايلىنىپ يۈرۈشىنى توختىتىپ، خەۋپلىك جىنايەتچىدەك كىشەنلەنگەن، يەھۇدىينىڭ ھۆكۈمدارى پونتىي پىلات بىلەن شۇنچە ئۇزاق سۆھبەتتە بولغان، ئەمدى بولسا نەچچە ئونلىغان ساقچىنىڭ قورشاۋىدا قەتلىگاھ تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىۋاتقان زاتنىڭ كەينىدىن ئاستا – ئاستا ئەگىشىپ ئۇچماقتا ئىدى.

ھۆكۈمدار بولسا، ھامان ئەگمە ئايۋاندا غولقاق تەرەپكە كېتىۋاتقان ئادەمنىڭ ئىزىدىن ئۇچۇۋاتقان ئاجايىپ قۇشقا ئەجەبلەنگەن ۋە قورققان ھالدا قاراپ قالغانىدى...

— بۇ قانداق ئاجايىپ ئىش بولدى؟ — دەپ پىچىرلىدى ھۆكۈمدار تەئەججۈپ ۋە تەشۋىش ئىچىدە...

## III

ياز يامغۇرى ياغىمەن دەپ خېلىغىچە ياغمىدى، تۈنۈگۈن ئاخشامدىن بېرى ئۇپۇق يۈزىدە قارىيىپ، تۈرۈلۈپ، باغرىدا يالت - يۇلت چاقماقلار چېقىپ تۇرغان قېلىن بۇلۇتلار تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ئاخىرى قۇيۇۋەتتى. چوڭ - چوڭ مەرۋايىت تامچىلار قېتىپ كەتكەن يەرگە شارىلداپ يېغىپ، سۇلار شارىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. يامغۇر ئاۋدىي كالليستراتوۋنىڭ يۈزىگىمۇ ئۇرۇلۇپ، ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى. بۇ ھاياتنىڭ سوۋغىسى ئىدى.

ئاۋدىي پويىزدىن تاشلىۋەتكەندە پەسكە چۈشۈپ كەتكەن پېتى تۆمۈريول بويىدىكى ئويماندا ياتاتتى. ھە دېگەندىلا خىيالىغا: «نەدە ياتىمەن؟ يامغۇر يېغىۋاتامدۇ نېمە؟» دېگەن

پىكىر كەلدى. ئۇ ئىڭراپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىتىپ، بىقىنىدىكى دەھشەتلىك ئاغرىقتىن داد دەۋىتىشكە تاسلا قالدى. ئۇنىڭ بېشى چويۇندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇ يەنە ھوشىنى يوقاتتى، بىر ئازدىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. خالىس يامغۇر ئۇنىڭغا ھاياتلىق بەردى. يامغۇر سېخىيلىق بىلەن چېلەكلەپ قۇيۇلاتتى، سۇ ئاۋدىي ياتقان ئويانغا يۇقىرىدىن شارقىراپ ئېقىپ چۈشەتتى. يامغۇر ئاۋدىينىڭ ئەتراپىدا زورىغا ئايلىناتتى، سۇ ئۇنىڭ تامىقىغىچە كېلىپ قالغانىدى. ئاۋدىيغا ئۆزىنى قولغا ئالماقتىن باشقا ئىلاج يوق ئىدى. ئۇ بۇ خەتەر-لىك جايدىن چىقىشنىڭ يېپىگە چۈشتى. ھە دېگەندە ماغدۇرسىز ۋە ئۇيۇشۇپ قالغان بەدىنىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش ئازابى ئۇنى قىينىدى. ئاۋدىينىڭ تىرىك قالغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. ۋاگوندا ئۇنى زار قاقشىتىپ كالتەكلەشكەن، شىددەت بىلەن كېتىۋاتقان پويىزدىن رەھىمسىزلەرچە تاشلىۋەتكەن ئەمەسمىدى، لېكىن، قاراڭ، ئۇ ھازىر تىرىك تۇرۇپتۇ! جېنى چىقماپتۇ، مانا، ھەرىكەت قىلىشى، كۆرۈشى، ئاڭلىشى، ئۆمىلىشى مۇمكىن. چېلەكلەپ قۇيۇلۇۋاتقان مۇنۇ يامغۇرمۇ قانداق ياخشى — ھە! ئۇنىڭ زار قاقشىغان بەدىنىگە شۇنچىلىك يېقىشىۋاتىدۇ، قول — پۇتلىرىغا دەرمان بولۇۋاتىدۇ! غوڭۇلداپ، ئوتتەك قىزىپ كېتىۋاتقان بېشىغا شىپا بولۇۋاتقانلىقىنى دېمەمسىز! ئۇ كۈچىنىڭ يېتىشىچە يۇقىرىغا سۈرۈلۈۋەردى. تېزلا تاڭ يورۇيدۇ، ھايات ياشاش يەنىلا باشلىنىدۇ... شۇ چاغدا ئۇ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ تاپىدۇ. ھازىر بولسا، بىر ئامال قىلىپ ئۆرە تۇرۇۋالسىلا بولدى...

شۇ ئارىلىقتا، شىددەتلىك يامغۇر ۋە تۈن قاراڭغۇلۇقىنى يېرىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تېزلىپ پويىزلار گۈلدۈرلەپ ئۆتتى... ئۇ شۇنىڭغىمۇ خۇرسەن ئىدى. قانداقلا نەرسە

ھاياتلىقتىن شەپە بەرسە، شۇ نەرسە ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە خۇشال قىلاتتى...

ئاۋدىي قولىدىن كەلگەن تەقدىردىمۇ يامغۇردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنى خالىمايتتى، يامغۇر پۈتۈن ۋۇجۇدىغا قايتىدىن جان ئاتا قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. قول ـ پۇتى ساق بولسىلا بولدى. شىلىنگەن، تىلىنغان، جاراھەتلەنگەن بولسىمۇ مەيلى، ھەتتا يىقىنىدىكى ئاغرىقمۇ چاغلىق، چىدايدۇ... ئۇ بىر ئامال قىلىپ بىخەتەرەك جاي ــ دۆڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئەمدى ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى يامغۇرنىڭ ئىختىيارىغا بېرىپ، نەپسىنى رۇسلىدى...

شۇنداق قىلىپ، ئۇ يوقلۇق سەھراسىدىن يەنە تىرىكلىك دۇنياسىغا قايتتى ۋە ھاياتنىڭ تۈپ مەزمۇنىنى يەنە بىر باشتىن تىكلەشكە كىرىشتى. ئوي ـ خىياللىرىنىڭ روشەنلىشىۋاتقانلىقى ۋە سالماقلىق بولۇۋاتقانلىقىدىن ئەجەبلەندى...

شۇ چاغدا ئۇ پونتىي پىلات ھۇزۇرىدىن غۇلقاف تەرەپكە ئېلىپ كېتىلىۋاتقان زاتقا: «يا رەببى، مەن مەشەدىمەن! يا رەببى، سېنى قۇتۇلدۇرۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، لېكىن نېمە قىلاي، قانداق قىلاي؟ سېنى قانداق قۇتقۇزۇۋالارمەن؟ مەن يەنە ھاياتلىققا قايتتىم. سېنىڭ ھالىڭنى ئويلاپ مېنى ۋەھىمە بېسىۋاتىدۇ!» دېدى.

ئىنسان بەزىدە تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچىنى يوقاتمايدىغانلا بولسا، يۈزلەپ ـ مىڭلاپ يىللار بىلەن ئايرىتىلغان ۋاقىت بۆلەكلىرى ئىچىدە ياشىيالايدۇ، ماھىيەتتە، ئازدۇر ـ كۆپتۇر، تارىخ بىلەن تەڭ كېتىۋاتقاندەك ھېسسىياتقا كېلەلەيدۇ. ھالبۇكى ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەرنى كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتەك يېقىنلا كۆرەلەيدىغان، ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلەرنى ئۆزىنىڭ جانىجان ئىشى، ئۆزىنىڭ تەقدىرى دەپ بىلەلەيدىغان

كىشى ھەقىقىي جاپاكەش ۋە رىيازەت ئىگىسىدۇر، چۈنكى ئۇ بۇ ۋەقەنىڭ نېمە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقى، ئۇنىڭ نېمىلەر-نى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئالدىن كۆرۈپ ۋە بىلىپ تۇرۇپ، ۋەقەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەل-مەي، پەقەت دەرد - ئەلەم چېكىدۇ ۋە ئۆزىنى ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئادالەتنىڭ تەنتەنىسىگە قۇربان قىلىدۇ. ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ھەقىقىتىنى تىكلەش ۋە مۇقەررەرلەشتۈرۈش روھى مۇقەددەستۇر. غايىلەر مانا مۇشۇنداق تۇغۇلىدۇ، يېڭى نەسىللەرنىڭ ئالدىنقى ۋە ئۆتكەندىنمۇ، يەنە ئۇنىڭدىنمۇ ئالدىنقى ئەۋلادلار بىلەن روھىي جەھەتتىن چېتىلىشى ئەنە شۇنداق يۈز بېرىدۇ. دۇنيا شۇنىڭ بىلەن مۇستەھكەم تۇرىدۇ، ھايات تەجرىبىلىرى دائىم ئۈزلۈكسىز ھالدا قەۋەتمۇقەۋەت بولۇپ توپلىنىۋېرىدۇ — ياۋۇزلۇق ۋە ياخشىلىق ئەۋلادتىن ئەۋلادقا پۈتمەس - تۈگىمەس خاتىرىلەردەك چەكسىز زامان بوشلۇقىدا مىراس بولۇپ قېلىۋېرىدۇ...

دەرۋەقە، شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغانكى، تۈنۈگۈن ئۆتكەن ئادەملەر بۈگۈن نېمىلەر بولۇشىنى بىلمەيدۇ، لېكىن بۈگۈنكى ئادەملەر ئاخشام نېمىلەر بولغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەتىسى بولسا، بۈگۈنكى ئادەملەر تۈنۈگۈنكى ئادەملەردىن بولۇپ قالىدۇ...

دەرۋەقە، يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىلغانكى، بۈگۈنكى ئادەملەر تۈنۈگۈنكى ئادەملەر ئارىسىدا ياشايدۇ، لېكىن ئەتىكى ئادەملەر بۈگۈنكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولسا، بۇ كۆپچىلىككە كەلگەن بەختسىزلىك بولىدۇ...

ئاۋدىي شۇ كۈنى، پاسخا بايرىمى ھارپىسى كۈنى قاتتىق بىئارام بولۇپ ئۈمىدسىزلىككە چۆمدى. ئۇ ھاۋانىڭ تېخى قىزىقى قايتمىغان مۇشۇ ھېيت ھارپىسى ئاخشىمى تۆۋەن شەھەردىكى ساھابىلەرنىڭ ئۇلۇغ كېچىگە ھازىرلىغان پاناھ جايىنى

تېپىشقا ئۈرۈناتتى. شۇ پاناھ جايدا ئۇ نان ئۇشتۇپ، بۇ مېنىڭ يارىتىلىشىم دېدى، مەي قۇيۇپ سۇنۇپ، بۇ مېنىڭ ھالال قېنىم دېدى. ئەسلىدە ئۇنى كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپ ـ خەتەردىن، ئىئۇدا ئىسكارىئوتىنىڭ ساتقۇنلۇق قىلىشىدىن ئاگاھلاندۇرغىلى بولاتتى، ئۇنىڭغا مۇشۇ قورقۇنچلۇق شەھەردىن دەرھال ئايرىلىپ، دەرھال يولغا چىقىشى لازىملىقىنى ئېيتقىلى بولاتتى. تۈن پەردىسى يېپىلدى. ئۇ قىڭغىر ـ سىڭغىر، يىلان باغرى كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئاشۇ پاناھ جاينى ئىزدەيتتى. شۇ يەرلەردە بىرەر تونۇشى ئۇچراپ قالىدىغاندەك، پىيادە يۈرگەن ۋە ئات ـ ئۇلاغ مىنگەن ئۆتكۈنچىلەرنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارايتتى. لېكىن نە ئۆيلىرىگە كەچكى تاماق ئۈچۈن ئالدىراۋاتقانلار، نە دۇكانلار يېپىلىشتىن ئىلگىرى مال سېتىۋېلىش ئۈچۈن كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار ئارىسىدىن ئۇ دەردىنى ئېيتقۇدەك بىرەر ئادەم تاپالمىدى. ئۆتكۈنچىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بولسا، ھەتتا ئەيسا ماسىھانىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتى. شەھەردە تەمتىرەپ يۈرگەنلەر ئازمىدى؟ بىر رەھىمدىل كىشى ئۇنى ئۇنىسىنىغا قويماي، ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ مېھمان قىلماقچى بولدى. ئەمما ئاۋدىي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، رەت قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن مۇرەببىينى كۆرۈش ئارزۇسىدا ئىدى. جىق ھاياجانلانغانلىقتىن، پەنجىرىلەردىكى چىراغ نۇرلىرىدىن، ئوچاقلاردا قايناۋاتقان تۇرلۇك تاماقلارنىڭ خۇش بۇيى ھىدلىرىدىن، سالقىن بولسۇن دەپ يوللارغا ۋە ھويلىلارغا سېپىلگەن سۇلارنىڭ ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن ھورلىرىدىن ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ كەتتى، كۆڭلى ئاينىدى. شۇ چاغدا ئاۋدىي گېفسىمان بېغىغا قاراپ كەتتى. ئۇ ئىبادەت قىلىۋاتقان ياكى سۆھبەت قۇرۇۋاتقان ئەيسانى ۋە ئۇنىڭ مۇرىتلىرىنى، شۇ يەردىن تاپارمەن، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئەمگىكى بىكار كەتتى. بۇ يەردىمۇ

كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، ھېچكىمنى تاپالمىدى. باغدىمۇ ھېچكىم يوق، قوراللىق ئالىمان مۇرەببىنى تۇتۇۋالغان ھېلىقى يوغان ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئەتراپىدىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. سۆھبەتداشلارنىڭ ھەممىسى، مۇرەببىي بىشارەت قىلغاندەك، پىتىراپ قېچىپ كەتكەنىدى...

ئاي يىراقتىكى دېڭىز بىلەن زېمىن ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى، تۈن نىسبىدىن ئاشقان بولۇپ، ئەتىكى كۈن يېقىنلىشىپ قالغانىدى، بۇ كۈننىڭ ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلۇش قىيىن بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىغا ئۇزاق مۇددەت ۋە كۆپ تەرەپلىمە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىراق گېفسىماندا، ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى قىرلاردا يېيىلىپ ياتقان ئۈزۈمزار ۋە باغلاردا شۇ سائەتتە جىمجىتلىق ھۆكۈمران ئىدى. پەقەت چاتقاللىقلاردىلا تۈن قۇشلىرى سايرىشاتتى، ئالەمنى پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى قاپلىغانىدى، مەڭگۈ ئويغاق كېدرون دەرياسى بولسا، ئارچا قاپلانغان تاغلاردىن، قەدىمكى تاش ئۆستەڭلەردىن شارقىراپ ئېقىپ، ئاي يورۇقىدا يالىلداپ تۇراتتى، قانچە - قانچىلىغان سايلارغا ئاجرىلىپ ۋە بۆلۈنۈپ كېتەتتى، ئاندىن يەنە يىغىلىپ، بىر ئۇلۇغ ئېقىنغا ئايلىناتتى. ھەممىسى مىڭ يىللاردىن بېرى قانداق بولغان بولسا، شۇنداق ئاستا ۋە خاتىرجەم ئىدى. شۇ كېچە زېمىن يېقىملىق ۋە پاراۋان ئىدى. يالغۇز ئۆۋدىيلا مەنزىلىنى بىلمەيتتى، چۈنكى ھەممە ئىش يۈز بېرىشكە تېگىشلىكتەكلا يۈز بەردى، لېكىن ئۇ بۇنى چەكلىيەلمەيتتى، ئۇنىڭ ئالدىنىمۇ ئالالمايتتى. ئۇ ئۆرتىنىپ، كۆيۈپ يىغلايتتى، ئەتىكى خۇداغا يالۋۇراتتى، ئەمما پايدىسى يوق ئىدى. ئۇ ھېلىقى ھادىسە يۈز بېرىپ، بىر مىڭ توققۇز يۈز ئەللىك يىل ئۆتكەندىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلارغا چىداپ تۇرالمايتتى. ئۇ ئۆتمۈش كۈنلەر ئىچىگە ئۆزىنى ئاتتۇرۇپ كىرىپ، زامانلاردىن ئېشىپ، ئەپلەپ-

www.uyghurkitap.com

سەپلەپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ تەقدىر يىپى باغلانغان دەسلەپكى باسقۇچقا خىيالەن قايتىپ باردى. بىردەم مىڭ يىللارنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىردەم يەنە بۈگۈنكى كۆز ئالدىدا بولۇپ تۇرغان ۋەقەلىككە، يەلكىلىرى ۋە بېشىنى توختىماستىن ئۇرۇپ يىغلاۋاتقان دەشت ياغۇرى ئاستىغا قايتىپ، بىردەم خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ، بىردەم ھەممە تەپسىلاتلارنى ئەقىل تارازىسىدا بىرمۇ بىر ئۆلچەپ، جاۋاپ ئىزدەيتتى.

ئاۋدىي تارىختا نىسبەتەن كىچىككىنە بولغان ئۆز بېشىمچىلىقتا خالىس نىيەتتە يول قويغان بولۇپ، قىيامەت ھەققىدىكى ھىيلە كېيىنرەك مەيدانغا كەلگەن دېگەن پىكىرنى بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەرگە باغلايتتى — ئۇ شۇ ھەقتە قانداقلا بولمىسۇن، پۈنتىي پىلاتنى خەۋەردار قىلىشنى خالايتتى. بولۇپمۇ، سەلتەنەتنىڭ ھەممىگە قادىر نائىبى پۈنتىي پىلاتنىڭ شەپىسى بۈگۈنگە قەدەر تېخى پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتمىگەنىدى. بىلىش كېرەككى، پۈنتىي پىلات بولمىغان دېگۈچىلەر ھازىرمۇ سامانىدەك! ئاۋدىي كاللىستراتوۋ نۇرغۇن ۋەقەلەردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۇنيانىڭ ئەزەلدىن بۇيان مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان قانۇنىيەتلىرى، گەرچە خېلى مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئاشكارىلانغان بولسىمۇ، لېكىن دائىم رولىنى جارى قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. قىيامەت ھەققىدىكى خۇلاسىسىمۇ شۇنداق ئىدى — يەر يۈزىدىكى بارلىق ئادالەتسىزلىكلەر جازاسىنى تارتماي قالمايدۇ، دېگەن پىكىر ئىنسانلارنىڭ تۇغما ئىقتىدارىنى ئازابلىماي قويمايدۇ.

ئىنسان روھىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى چۈشىنىش پاجىئەلىرى نېمىشقا خۇددى بۇرۇن ھەممە ياق بويىچە قالغاندەك دائىم ئەيسادىن باشلىنىدۇ؟ ئەيسا كىم؟ بۇلارنىڭ نېمە ھاجىتى؟ پاكىي بىز مەڭگۈ توۋا قىلىپ ئۆتۈش ئۈچۈن، بىر باھانە

ئىزدەۋاتىمىزمۇ؟ نېمە سەۋەبتىن، ئۇ كرېستقا تارتىلغاندىن بۇيان ھامان ھوشىمىزنى تاپالماي، گاراڭ ـ گۇرۇڭ بولۇپلا تۇرىمىز؟ شۇنىڭدىن بېرى قانچە ـ قانچە زامانلار ئۆتۈپ، ناھايىتى كۆپ، مەڭگۈ چىرىمەيدۇ دېيىلگەن نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپ، ئىس ـ تۈتەكتەك تارقىلىپ كەتمىدىمۇ؟ ئادەملەرنىڭ ھاياتى كۈندىن ـ كۈنگە كامالەتكە يېتىدۇ، دېگەن دىنىي قائىدىلەر دائىم ئەستە ساقلىنىۋاتامدۇ؟ بۈگۈن يېڭى تۇيۇلغان نەرسە ئەتىسىگە كونىرايدۇ. تولىمۇ ياخشى دەپ تونۇلغان نەرسىلەر ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىقراق نەرسىلەر ئالدىدا ئۆز گۈزەللىكىنى يوقىتىپ، خىرەلىشىپ قالىدۇ. شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا ئەيسانىڭ سۆز-لىرى كونىرىماي، ئۆز كۈچىنى يوقاتماي كېلىۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ، تا كرېستقا مىخلانغۇچە بولغان ھادىسىلەر ۋە كېيىن ئۇنىڭدىن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالغان نەرسىلەر ئىنسانىيەتكە شۇنچىلىك زۆرۈرمىدى؟ ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماسمىدى؟ ئىنسانىيەت تارىخىدا بېسىپ ئۆتۈلگەن بۇ يولنىڭ مەنىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ ئادەملەر نېمىگە ئېرىشتى؟ نېمە قارارغا كەلدى؟ نەتىجىسى نېمە بولدى؟ ئەگەر بۇنىڭدا كۆزدە تۇتۇلغان يوشۇرۇن مەقسەت ئىنساپ پەرۋەرلىك، ئۆلىمالارنىڭ ئېيتقىنىدەك، گۇمانىزم غايىسى بولسا، يەنى ئەقىل ـ ئىدراك ئاتا قىلىنغان يارىتىلىش سۈپىتىدە ئىنساننىڭ ئۆزى تەرەپكە تاشلىغان قەدىمى، روھنىڭ ئۆز ئىچىدە ئۆزى تۈگىمەس ۋە ئاخىرى يوق كامالەتكە ئىنتىلىشى بولسا، بۇ يول بېشىدىلا شۇنچىلىك مۇشكۈل، ئېغىر ۋە شەپقەت-سىز قىلىپ سېلىناتتىمۇ؟ كىم شۇنداق قىلدى، نېمىشقا؟ ھەر كىم ئۆزىچە تەرغىپ ۋە تەپسىر قىلىدىغان ناسرانىيلىق ۋە پۈتۈن جاھان چېركاۋى ئىنسانپەرۋەرلىكتىن تارتىپ، تاكى ئىجتىمائىي شەخسىيەتچىلىك، سىنىپىي ۋە پۈتۈنلەي مەۋھۇم

www.uyghurkitap.com

بولغان ئىنسانپەرۋەرلىككىچە بولغان ھەممە ۋە ئادەملەر شۇلارسىز كۈن كەچۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەسمىدى؟ بىزنىڭ ئەسىرىمىزگە كەلگەندە، شۇ يولدا ئالىقاچان چىرىپ كەتكەن دىنىنىڭ نېمە كېرىكى بار؟

راست، زادى نېمە كېرىكى بار؟ بۇلار ھەممىگە، ھەتتا باللارغىمۇ ئالىقاچانلا مەلۇم. ئاخىر ماتېرىيالىستىك ئىلىم - پەن خىرىستىئان دىنى ۋە باشقا دىنلارنىڭ ئەقىدىلىرى قەبرىستانغا ئۆز قوزۇقىنى قېقىپ تاشلىمىدىمۇ، ئۇلارنى بىردىنبىر توغرا يول — تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەت يولىدىن قەتئىيلىك ۋە شىددەت بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىمىدىمۇ؟ ھازىرقى ئادەملەرگە دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئېھتىياجى يوقتەك قىلىدۇ، ئۇلارغا ئۆلگەن ئەقىدىلەر توغرىسىدا تارىخىي مەلۇماتلار بولسىلا كۇپايە. ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز كۈچىنى يوقاتتى، كونىرىدى، ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن بىز نېمىگە ئېرىشتۇق؟ رېئال دۇنيا قاراشلار تەرىپىدىن ئالىقاچان ئاچچىق كۈلكە ئاستىغا ئېلىنغان ۋە يول چېتىگە پىرقىرىتىپ تاشلانغان رەھىم - شەپقەتلىك بولۇش، ئۆزىنى قۇربان قىلىش دېگەن ئاشۇ غايە بەدىلىگە بىز نېمە تاپتۇق؟ بىزنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان، ئۇنىڭدىن ئۆتكۈرەك بولغان نۇقتىئىنەزىرىمىز نېمە؟ يېڭىلىق ئەلۋەتتە كونىلىقتىن ياخشى بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ؟ بىزدە شۇ يېڭىلىق بار، بار! يېڭى قۇدرەتلىك ئەقىدە بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ — بۇ، ئۇستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان ھەربىي كۈچ - قۇدرەت ئەقىدىسى. ئىنسان بالىسى ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كۈنمۇكۈن، تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ تا ئۆلگىنىگە قەدەر، مۇشۇ كۈچلەر ئۇرۇش قوزغارمىكىن ياكى جىم تۇرارمىكىن دېگەن ۋەھىمە ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتىمىدۇ؟ ھازىر شۇ قورال ئىگىلىرى خۇدا بولماي نېمە؟ ھازىر كىشىلەر

هىدروگېن بومبىسىنىڭ مودېلى قويۇلغان بەزى چېركاۋلارغا بېرىپ، پىچىرلىشىپ ئىبادەت قىلىشۋاتىدۇ، گېنېراللارغا تەزىم - بەجا كەلتۈرۈۋاتىدۇ... بۇنىڭ دىنىدىن پەرقلىنىدىغان قايسى يېرى بار؟

ئاۋدىي كاللىستراتوۋ بەزىدە هايات — تۇرمۇش ھەققىدە ئەنە شۇنداق خىياللارغا بېرىلىپ كېتەتتى. ئۇ بۇ قېتىممۇ تەپەككۇرنىڭ چەكسىز ئۇزۇنلۇقىدا ئۆتمۈشنىڭ ئىچىگە، ئۆزىدىن قانچە - قانچە زامانلار ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ئىچىگە، ئۇلار خۇددى هازىر يۈز بېرىۋاتقاندەك كىرىپ كەتتى. يىگى سۇلار كونا قىرغاقلاردىن ئېقىپ ئۆتۈۋېرىدۇ. شۇ چاغدا ئاشۇ كۈنلەرنىڭ بېشى بولغان ھېيت هارپىسىغا — جۈمە كۈنىگە قايتىدۇ. ئۇ مۇرەببىنى ئىزدەپ تاپماقچى، ئۆزىنىڭ تەشۋىش - نادامەتلىرىنى بايان قىلماقچى، نەچچە يۈز يىللار ئۆتكەندىن كېيىن كېلىدىغان زامانلارنىڭ تەھلىكىلىرىنى ئېيتماقچى. تارىخ سەھنىسىدە يىگى خۇدا — ئۆزىنىڭ پايدىلىق ۋە ھەممىگە باب كېلىدىغان دىنى بىلەن يەر يۈزىدىكى جىمىكى ئادەملەرنىڭ ئېڭىنى زەھەرلىگەن، ھەتتا ھەربىي كۆچلەردىنمۇ ئۈستۈن چىققان خۇدا — گۇلىئاف پەيدا بولغانلىقىنى مەلۇم قىلماقچىدى. بۇنىڭغا مۇرەببىي نېمە دەر؟ ئۇنىڭ ۋەھىمىگە چۈشۈشىمۇ ئېھتىمال: ھەربىي ئۈستۈنلۈك ئۈچۈن قۇتراپ مۇسابىقە قىلىشۋاتقان ئىنسانىيەت ئاخىر نەگە بارىدۇ؟ مۇبادا، ئۇ ئىككىنچى قېتىم بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى يەلكىسىگە ئارتىپ يەنە كرېستتا مىخلانسا ئىدى، شۇ چاغدىمۇ تەقىپ قىلغۇچى ۋە ھۇجۇم قىلغۇچى ھەربىي كۈچلەر دىنىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغان ئادەم باللىرىنىڭ رەھىم -شەپقىتىنى قوزغىيالىسىغان بولاتتى...

ئەپسۇسكى، ئۇ مۇرەببىنى تاپالمىدى. ئۇنى ئىشۇدا

سىتنۇەتكەن ۋە تۇتسۇۋېلىپ كەتكەنىدى. ئاۋدىي ھۇۋلاپ تۇرغان كېقىسماان ئىچىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئەمدى بولىدىغان ھەممە نەرسىلەرنى ئويلاپ يىغلايتتى. دۇنيادا ئۆزىنى يالغۇز ھېس قىلاتتى. ئۇ ئالدىراپ - تېنەپ كەينىگە قايتتى، شۇ زامانلاردا شىمالدىكى قاراڭغۇ چاتقاللىقلاردا ياشايدىغان، ياغاچتىن چېپىپ ياسالغان بۇتلارغا تېۋىنىدىغان ۋە تېخى ئۇنىڭ ئاۋدىي دېگەن ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان ئەجدادلىرىنى ئاشۇ كېقىسمان ئىچىدا كۆرگەندەك بولدى. ئاۋدىي دېگەن ئىسىم تېخى كېيىنرەك پەيدا بولغان، ئاۋدىي ئۆزىمۇ تېخى يىراق XX ئەسىردە دۇنياغا كېلىشى كېرەك...

ئاۋدىي مۇرەببىي تۇتۇپ كېتىلگەن ئاشۇ ئەنجۈر دەرىخى ئاستىدا ئۇزاق يىغلاپ ئولتۇردى. شۇنداق ئۆرتەنگىنى، باغرىنى تىلغىنىغا ياردىشا ئالەمنىڭ مەيۈس تەقدىرى ئۆزگەرسە كاشكى...

ئۇ كېيىن ئورنىدىن تۇردى، غەمكىن ھالدا شەھەر تەرەپكە يول ئالدى. خالايىق ھېيىت ھارپىسىدا، كېچىدىكى قۇددۇس تاملىرى كەينىدە خاتىرجەم ئۇيقۇغا چۆمگەنىدى. يالغۇز ئۇلا يۈرىكى تەھلىكىگە تولغان ھالدا تەنها شەھەر كېزىپ يۈرەتتى، ۋە ھەدەپ سورۇشتە قىلاتتى: قېنى، مۇرەببىي؟ ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ كېيىن ئۇنىڭ خىيالىغا، ھېلىمۇ كەچ ئەمەس، تېخى مۇرەببىنى قۇتقۇزۇش مۇمكىن، دېگەن پىكىر كېلىپ قالدى ۋە يولدا ئۇچرىغان ھەممە دېرىزىلەرنى تاقىلداتقىلى تۇردى: «ئادەملەر، تۇرۇڭلار، خەتەر كېلىۋاتىدۇ! تېخى ۋاقىت بار، مۇرەببىنى قۇتقۇزايلى! مەن ئۇنى روسىيىگە ئېلىپ كېتىمەن. ئوكا دېگەن دەريادا بىر خالىي ئارال بار...»

ئاۋدىينىڭ ئويىچە، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇ ئارالدا مۇرەببىي ھەرقانداق خەۋپ - خەتەردىن خالىي

بولالايتتى. شۇ يەردە دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشلىرى توغرىسىدا خىيال سۈرەلەيتتى. ئېھتىمال، شۇ يەردە ئۇنىڭغا يېڭى بېشارەت كېلەر، ئۇ ئادەمزات ئۈچۈن يىراق - يىراق زامانلارغا بارىدىغان يېڭى يول تاپار ۋە ئادەملەرگە يېڭى ئىلاھىي كامالەت چېكىنى بەخش ئېتەر. شۇ چاغقا بارغاندا، ئۇنىڭ ئىختىيارىي ھالدا ئۆز زىممىسىگە ئالغان شەرەپلىك بۇرچى ۋە مەقسىتى قانلىق يوللاردىن ئۆتمىگەي، خارلىق، خورلۇق ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە گىرىپتار بولمىغاي. ھالبۇكى، بۇ دىۋانە ئادەملەرنى ۋە ئادالەتنى دەپ، ئاشۇ بارلىق ئازابلارنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا، تەقىبلەرگە بەرداشلىق بېرىشكە تەييار! تەقىبلەر بولسا، ئەشەددىي ۋە شىددەتلىك! ئۇ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن، شۇ ھالاكەتلىك ۋەزىپىنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى. ئىنساننى ئەزەلدىن بويانقى ئادالەتسىزلىكلەرگە باغلانغان زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىنى تاللىغاندا، بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئىلاجىمۇ يوق. ئەسلىدە، تەبىئىي نەرسىلەردە ئادالەتسىزلىك بولمايدۇ. ئۇ پەقەت ئادەملەر ئارىسىدىلا مەۋجۇت ۋە ئادەملەردىن باشلىنىدۇ. بىراق، مەقسەتكە شۇنداق غەيرىي تارىخىي يول بىلەن يەتكىلى بولامدۇ؟ ئەمما مۇرەببىينىڭ شۇ ساۋىقى ئىنسان ئۆز شەخسىي مەنپەئىتىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئىنتىلگەندە، دىيانەت ۋە ئىمان ئاۋازىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنى بېسىپ تاشلىغاندا، ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن سان - ساناقسىز باھانەلەرنى توقۇغاندا، مەن يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدۇم دېگەن چاغلاردا ئۇنتۇلماسمىكىن؟ شۇ ساۋاقنىڭ ئۇنتۇلماسلىقى ئۈچۈن، بىرئاز بولسىمۇ ئىشەنچ بارمىكىن؟ يارىتىلىشنىڭ گۈلتاجى پاراۋانلىق ۋە كۆلپەتلەردە، كەمبەغەللىك ۋە دۆلەتمەنلىكتە، ھۆكۈم

www.uyghurkitap.com

سۈرگەندە ۋە ھۆكۈم سۈرمىگەندە، ئىنسانىي ھەر دائىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان ھالاكەتلىك ئارزۇ ـ ھەۋەسلەردىن قايتۇرالارمىكىن؟ يارىتىلىش تاجى ئىنسانىنى باشقىلارنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئىشتىياقى ۋە زوقىدىن قايتۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ ھەممىشە ئەس ـ ھوشىغا نېمە كەلسە، شۇنى قىلىشىدىن قايتۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ ئۆزىگە تەمەننا قويۇش ۋە تەكەببۇرلۇق ئىنساننىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى بولغان چاغدا، ئۇنى ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە زورلۇق قىلىشقا ئۈندەيدۇ؛ كۈچ ـ قۇدرەتتىن ئايرىلغان چېغىدىمۇ خۇشامەتگويلۇق، مۇناپىقلىق ۋە ئالدامچىلىق بىلەن يەنە شۇ مەقسىتىگە ئىنتىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھاياتنىڭ ئەسلى مەنىسى نېمىدىن ئىبارەت، ئەسلى مەقسەت نېمە؟ قېنى، بۇ سوئالغا كىم جاۋاب بېرەلەيدۇ؟ ساپلىقى ۋە ھەققانىيلىقى ھېچكىمدە شۈبھە تۇغدۇرمايدىغان شۇنداق جاۋاب بارمۇ زادى؟

مۇرەببىي، سەن ئىنسانلارنى ياخشىلىق ۋە مۇرۇۋۋەت يولىغا كىرسۇن، دەپ ئېغىر جازانى بوينۇڭغا ئالدىڭ. بۇ گۈزەل ئەخلاق ئاقىلنى ئەخمەقتىن پەرقلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىنسان يەر يۈزىدە قېينىلىپ ياشايدۇ، ئۇ يەردە يامانلىق تومۇرلىرى ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. ئەركىن پىكىر بىلەن قاناتئەتلەنگەن ئەقلنى، ئۆزىدە ياۋۇزلۇق قالدۇقىنى يوقۇملۇق كېسەللىكتەك يۇتۇنلەي قۇرۇتقان ۋە قاقشاتقان ئۇلۇغ زاتنى ــ بىزنىڭ مۇتلەق ئىگىمىزنى شۇ يول بىلەن يېتىشتۈرگىلى بولامدۇ؟ ئاھ، قېنى شۇنىڭغا ئېرىشەلىسەك! ئاھ خۇدا، تۈزەتكىلى بولمايدىغان دۇنيانى تۈزىتىمەن دەپ، ئۈستۈڭگە نېمىشقا شۇنچە ئېغىر يۈكنى ئالدىڭ؟ ئىنجاتكارىم، بىر ئاز تەخىر قىل، سەن ئۇلارنى دەپ ئۆلۈم ئازابىنى قوبۇل قىلدىڭ، ئۇلار بولسا، كېيىن سېنىڭدىن كۇلۇشىدۇ. ھە، ھە،

قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ، باشقىلار بولسا مىڭلاپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ماتېرىيالىستىك ئىلىم - پەن خۇداغا بولغان ئىشەنچ ئاساسلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ۋە سەن بېشىڭدىن كەچۈرگەن ھەممە نەرسىلەرنى پۈچەك دەپ ئاتىغاندىن كېيىن، ئايرىملىرى سېنى مازاق ۋە مەسخىرە قىلىشىدۇ: «سەۋدايى! تەنتەك! كىم شۇنداق قىلسۇن دېدى؟ بۇ كىرىستقا مىخلاش تاماشىسى كىمگە كېرەك؟ بۇنىڭ بىلەن كىمنى ھەيران قالدۇرماقچى؟ نېمە بەردى بۇ ئادەمگە؟ ئۇنى قىلچە بولسىمۇ ئۆزگەرتەلمىدى، باشقىچە قىلالىدىمۇ؟» سېنىڭ جاسارىتىڭنى بىمەنىلىك دەپ ھېسابلايدىغان ئەۋلادلار ئەنە شۇنداق ئويلىشىدۇ. ئۇلار ھازىرقى كۈندە ماددىي قۇرۇلۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى تاپتى ۋە يەرنىڭ تارتىش كۈچىنى يېڭىپ، كائىنات قەۋەتلىرىنىڭ ئۈستىدىن يول ئېلىپ، بىر - بىرى بىلەن ئاسماننى ئاچكۆزلەرچە تالىشىۋاتىدۇ، سەييارىلەردە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، ئالەمنىڭ چېكى بولمىسىمۇ، ئۇلارغا بەرىبىر ئاز كۆرۈنۈۋاتىدۇ. يەر يۈزىدە قولدىن ھېچ ئىش كەلمىگەچكە، ھاكاۋۇرلۇقتا بېرىلىپ، ھەممە نەرسىنى ئۆزىگە قۇربان قىلىشتىن يانماي، سەن مۇرۇۋۋەت ئاساسىنى قۇرۇش خىيالىنى سۈرگەن زېمىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇشتىنمۇ تايمايۋاتىدۇ. ئويلاپ كۆرگىن، ئۇلار ئۆزلىرىنى خۇدادىنمۇ يۇقىرى دەپ تونۇغىنىدا، خۇدانى تەن ئالامدۇ؟ ھەممە نەرسىلەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇماقچى، سېنى ۋە خىياللىرىڭنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلىماقچى بولۇۋاتقانلار ئۈچۈن سەن پەقەت مەجۇسەن، خالاس. ئاھ شورلۇق، ئاھ ساددا مۇرەببىم، يۈر، ئىككىمىز بىللە ۋولگا، ئوكا تەرەپكە قاچايلى. دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ خىلۋەت ئارالغا بارايلى، ئۇ يەر سېنىڭ ئۈچۈن كۆكتىكى يۇلتۇزدەك بولىدۇ، ھەر ياقتىن

كۆرۈنىدۇ. ئەمما ھېچكىمنىڭ قولى يەتمەيدۇ. ئويلاپ كۆر، ھېلىمۇ كېچىكمىدۇق، ئىختىيارىمىزدا تېخى بىر كېچە ۋە تاڭ بار. بەلكىم سەن رەھىمسىز قىسمەتتىن قۇتۇلۇشنى بىلەرسەن؟ ھوشۇڭنى يىغ. نىھايەت سەن تاللىغان يول بىردىنبىر توغرا يول بولسا؟...

ئاۋدىينىڭ كۆزلىرى ئازابتىن لوقۇلداپ ئاغرىيتتى، ئۇ كېچىدىكى تىنجىق قۇددۇس كوچىلىرىنى تىنىماي كېزەتتى، ياراتقۇچى تەرىپىدىن يەر يۈزىگە ئازابلىق ۋە پاجىئەلىك قىسمەت ئۈچۈن، ئادەملەرگە مەڭگۈ ساۋاق ۋە خاتىرە ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن زاتقا ئۆز پىكرىنى ئۇقتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى... لېكىن ئادەمنىڭ تەبىئىتى شۇنداقكى، ھېچكىم بۇ مالامەتنى زىممىسىگە ئالمايدۇ ۋە ھەر كىم ئۆزىچە باھانە ئىزدەيدۇ. بۇنىڭ ئۇنىڭغا ھېچ دەخلىسى يوق؛ دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئۇ ئارىلاشمىسىمۇ پۈتتۈۋېرىدۇ، نېمە بولۇپتۇ، پۈتسە پۈتتۈۋەرسۇن... مۇشۇ خالىس نىيەت ئىچىدە، ئىنسان تەبىئىتى تولۇق ھېسابقا ئېلىنمىغاچقا، قانچىلىك پۈتمەس - تۈگىمەس كىنايە يوشۇرۇنۇپ ياتىدۇ - ھە... ئۇنىڭدا.

ئاۋدىي شەھەر دەرۋازىسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۈچ پۇتلۇق بىر لالما ئىتقا دۇچ كەلدى. ئىت زەخىملەنگەن تۆتىنچى پۇتىنى قورسىقىغا بېسىپ تۇراتتى. ئىت ئاۋدىيغا مۇڭلۇق ۋە ئەقىللىق كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى.

— نېمە قىلىپ يۈرىسەن، چولىقىم؟ — دېدى ئۇ ئىتنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، — سەنمۇ مېنىڭدەك سەرگەردان ئىكەنسەن، يۈر، كەتتۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن ئىت تاڭ سۈزۈلگۈچە ئاۋدىي بىلەن سوكۇلداپ يۈردى. ئىت تولىمۇ زېرەك بولۇپ، ھەممە نەرسىنى چۈشىنەتتى، تاڭ ئاتتى، شەھەر ئويغاندى. ئۇنىڭ كۈندىلىك تەشۋىش

ۋە يۈگۈر - يېتىملىرى باشلاندى. بازارلار ۋە مەيدانلار
سەھرا بەدەۋلىرىنىڭ يۈك ئارتىلغان تۆگىلىرىگە، تۈرلۈك -
تۈمەن مال - تاۋارلار بىلەن تولغان ئات - ھارۋىلارغا،
ئېشەك - قېچىرلارغا، يەلكىلىرى ۋە باشلىرىدا نەرسە
كۆتۈرگەن ھامماللارغا تولۇپ كەتتى. بازار تازا قىزىدى،
ۋاراڭ - چۇرۇڭ، ئالدى - ساتتى ئەۋجىگە چىقتى... ئىراق
نۇرغۇنلىغان قۇددۇسلۇقلار شەھەرنىڭ ئاق تاملىق ئىبادەتخانى-
سىغا قاراپ يول ئالدى. ئالىمان ئۇ يەردىن قايناپ - تېشىپ
رىم پروكۇراتورا باشلىقى پونتىي پىلاتنىڭ سارىيى تەرەپكە
ماڭدى. ئۇلارغا ئاۋدىي كاللىستراتوۋمۇ قوشۇلدى: ئۇ، گەپ
مۇرەببىينىڭ تەقدىرى ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى.
ئالىمان بىلەن بىللە ئىراد سارىيىغا باردى. لېكىن قوراللانغان
پاسىبانلار ئۇلارنى نائىبنىڭ قېشىغا يولاتمىدى. ئۇلار
ساراي ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇشتى. كۈن ئەتىگەندىن تارتىپلا
قىزىغان بولسىمۇ خەلق ھامان سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتاتتى.
تۈرلۈك - تۈمەن ئادەملەر بۇ يەرگە تۈرلۈك - تۈمەن ئىستەك - خا-
ھىشلار بىلەن توپلانماقتا ئىدى. جاڭجالچى ئالىمان ئارىسىدا
نېمە گەپلەر بولمايدۇ دەيسىز: بەزىلەر رىم نائىبى
پەيغەمبەر ئەيسانى ئۆز ھوقۇقى دائىرىسىدە ئەپۇ قىلىدۇ،
قۇددۇس شەرىپتىن خالىغان يېقىغا چىقىرىۋېتىدۇ، پەقەت
بۇ يەرگە ھېچقاچان قايتىپ كەلمەسلىكىنى شەرت قىلىپ
قويىدۇ، دېيىشەتتى؛ باشقىلىرى بولسا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم
قىلىنغانلاردىن بىرىنى ھېيت شەرىپىگە ئەلۋەتتە ئازاد
قىلىدۇ ۋە بۇ ئەيسا بولىدۇ، دەيتتى. يەنە بەزىلىرى بولسا،
ئەيسانى خۇدا ياخشىبىنىڭ ئۆزى ھەممىنىڭ كۆز ئالدىدا
قۇتقۇزىدۇ، دەپ ئىشىنەتتى. لېكىن ھەممىسىلا سارايدا نېمە
بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز بولۇپ، ئىنتىزارلىق بىلەن

كۆتمەكتە ئىدى. ئالىمان ئىچىدە تېگى - تەكتى بولمىغان تەختنى دەپ بېشىدىن ئايرىلاي دەۋاتقان دىۋەنىنى مازاق قىلىپ كۈلگۈچىلەرمۇ تېپىلاتتى. نائىب نېمىشقا گەپنى سوزىدىغاندۇ، كاللىسىنى ئېلىش كېرەكمۇ، شارتتىدە ئېلىش كېرەك، گەپنى كۆپەيتىپ نېمە قىلىدۇ، ئاپتاپنىڭ قىزدۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈڭ، تېخى كۈن پېشىن بولغۇچە غۇلقاقتا ھەممەيلەن كۆرگۈلۈكنى كۆرىدۇ، دېگۈچىلەرمۇ يوق ئەمەس ئىدى. بۇ ئەيسا دېگەنگە گەپ تېپىپ بەرگىلى بولامدۇ؟ خالىغان ئادەمنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. شۇ تاپتا، ئۇ ئۇ يەردە تازا مەمەدانلىق قىلىۋاتقاندۇ، نائىبنى كولدۇرلىتىپ ئولتۇرغاندۇ، خۇدا كۆرسەتمىسۇن. نائىب ئۇنى تېخى قويۇپ بېرىشىمۇ مۇمكىن. بۇ يەردە ئەخمەق بولۇپ كۈتكىنىمىز قالىدۇ... ئەيسامۇ تازا غەلىتە زات ئىكەن - دە، ۋەدە دېگەننى راسا جىق بېرىدۇ، لېكىن قېنى شۇ يىگى سەلتەنىتى؟ مانا ئەمدى، ئۆزىنى ئىتتەك ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ... شۇنداق بولىدىكەن - دە دۇنيا دېگەندە...

ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئاۋدىيىنىڭ پىغانى ئۆرلەيتتى: «ئۇيالماسلەر شۇنداق دېيىشتىن؟! ناشۈكۈر، نائىنساپ بەندىلەر! ئىنسان روھىنىڭ ئۆز - ئۆزى بىلەن بولىدىغان ئۇلۇغ كۈرىشىنى يەرگە ئۇرغىلى بولامدۇ! خورلىماڭلار ئۇنى! ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىش كېرەك، ئادەملەر، ئۆزۈڭلارغا ئۇنىڭ كۆزى بىلەن قاراڭلار!» دەپ، كۆكسىنى تىغلاپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ، نالە - پەرياد چېكەتتى. لېكىن ئۇنىڭغا ھېچكىم قۇلاق سالمايتتى، پەسەنت قىلمايتتى. ئۇ تېخى ئۇزاق XX ئەسىردە تۇغۇلىدۇ - دە...

* * *

چىلەكلەپ قويغان يامغۇر يېرىم كېچىدە ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى. يەنە ئاللىقاياقلارغا قارا يامغۇر بولۇپ يېغىشقا يول ئالدى. ئاخىرىدا يامغۇر توختىدى. پەقەت ئاندا - ساندا بىرەر - يېرىم تال سۇ تامچىسى چۈشۈپ قالاتتى. تاڭ ئاتاي دەپ قالغانىدى. تىنىق ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. لېكىن ئاسماننىڭ تۆۋى تېخى قاراڭغۇ بولۇپ، يامغۇردىن كېيىنكى ئۇپۇق چەتلىرىلا ئاقىرىپ كەلمەكتە ئىدى. تۈن بويى يامغۇر ئاستىدا بوي سوزغان ئوت - چۆپلەردىن دىماغقا سالقىن ئۇرۇپ تۇراتتى.

لېكىن چۆل جانىۋارلىرىدىن ھېچقايسىسى مۇشۇ پەيتتە ھاياتلىق پەيزىنى ئاۋدىي كالىستراتوۋدەك چوڭقۇر ھېس قىلالمايتتى. ئۇ كەيپىي كۆتۈرۈلمىگىنى بىلەن جۇشقۇن ھاياتقا چىن قەلبىدىن شۈكۈر قىلاتتى.

ئاۋدىينىڭ ئامىتى بار ئىكەن: كۈندۈزى ھاۋا قاتتىق ئىسسىغانلىقى ئۈچۈن، كېچىدە ئانچە سالقىن چۈشمىدى، شۇڭا ئاۋدىي توڭلىمىدى. گەرچە ئۇ باشتىن - ئاخىر يامغۇردا قالغان، زەخىملەنگەن، جاراھەتلەنگەن يەرلىرى ئېچىشىپ، لوقۇلداپ تۇرغان بولسىمۇ، ئاغرىقنى يېڭىپ، خىيالىنى بىر يەرگە توپلىدى، ئۆزىنى ئەينى ۋاقىتنىڭ ئىچىدە ھەم ئۇزاق ئۆتمۈش، ھەم ھازىرقى دەملىرىدە تەسەۋۋۇر قىلالىدى. ئەمدى ھايات ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تامامەن باشقىچىلا كۆرۈنەتتى، ئۇنى قىسمەتنىڭ تۆھپىسى دەپ قوبۇل قىلاتتى، شۇ سەۋەبتىن ياشاش ۋە پىكىر قىلىش ئىمكانىيىتىنى يەنىمۇ كۆپرەك قەدىرلەيتتى. يامغۇر

www.uyghurkitap.com

تۇختىغان چاغدا ئاۋدىي تۆمۈر يول كۆۋرۈكىنىڭ ئاستىدا ئولتۇراتتى، ئۇ بۇ يەرگە ئاخىرقى كۈچلىرىنى سەرپ قىلىپ، قاراڭغۇدا مىڭ مۇشەققەتتە سۆرۈلۈپ كەلگەنىدى.

كۆۋرۈكنىڭ ئاستى ئازراق بولسىمۇ قۇرۇق ئىدى. ئۇ خۇددى بىكار تەلەپلەردەك شۇ يەرگە كىرىپ ئولتۇردى. بېشىنى پاناھ قىلغۇدەك جاي تاپقانلىقىدىن ۋە بىمالال خىيال سۈرۈش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. كۆۋرۈكنىڭ تېگى جاراڭلىق گۈلدۈرلاشلارغا باي بولۇپ، ئۈستىدىن پويىزلار ئۆتكىنىدە زەمبىرەكلەر يىراقلاردىن يىراقلا ئوق ياغدۇرۇۋاتقاندەك ۋە كېيىن مولجالنى باشقا ياقلارغا ئالغاندەك بىلىنەتتى. ئاۋدىينىڭ خىيالى شۇ كېچىسى ئەركىن قۇشتەك پەرۋاز قىلدى. پىكىر تۇغۇلغاندىن كېيىن، روھنى ئۆز - ئۆزىدىن ھېچقانداق توسقۇنلۇقسىزلا زامان ۋە ماكان چەكسىزلىكلىرى ئىچىدە ئەركىن - ئازادە ئەگەشتۈرۈپ كېتەتتى. ئاۋدىي بىردەم ئەيسا ۋە پونتىي پىلات توغرىسىدا ئويلايتتى، شۇ زاماتلار ئىچىدە خىيالەن سەيلە قىلاتتى، بېشى ئۈستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىزلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئۇنى قەدىمىي يەھۇدىيە، غۇلغاق تېخىدىكى ھەس- رەتكە چۆمگەن ئالىمان ئىچىدە تەسەۋۋۇر قىلىشقا ھالاقىت يەتكۈزمەيتتى ۋە شۇ يەردە بولۇۋاتقان ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى. گاھ موسكۋانى، پۇشكىن مۇزېيىغا بارغىنىنى، بۇلغار ھاپىزلىرىنىڭ مۇناجات قوشاقلىرىنى ئاڭلىغىنىنى ئەسلەيتتى. ئۆزىگە ئىككى تامچە سۇدەك ئوخشايدىغان بۇلغار يىگىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، خىيالدا ئۇنىڭ چىرايى، قوشاق ئېيتىۋاتقىنىدا يوغان ئېچىلغان ئاغزى گەۋدىلىنەتتى. بۇلغار قوشاقچىلىرىنىڭ ئاۋازلىرى ئالىي ئاھاڭلارنى يارىتاتتى، ئۇلار ئۇنىڭ خىيالى

ۋە قەلبىنى ھەر يۇكسەك پەرۋازلارغا باشلايتتى! ئۇنىڭ دىياكون ئاتىسى كالليستراتوۋ چېركاۋ قوشاقلىرىنى جان ـ دىلىدىن ياخشى كۆرەتتى، ئاڭلىغان چاغلىرىدا كۆز يېشى قىلىپ كۆڭلىنى بوشىتاتتى، بىر كۈنى كەمدۇر بىرى ئۇنىڭ ئاتىسىغا زامانىۋى راھىبە ئوقۇغان ئاجايىپ ـ غارايىپ دۇئانى بەرگەنىدى. شۇ ياشقىنا جۇۋان بالىلار ئۆيىدە تەربىيەلەنگەن، ئاندىن شۇ يەردە تەربىيىچى بولغان، بىر يېرىم ئايلا بىللە تۇرمۇش كەچۈرگەن سۆيگەن يىگىتى ئۇرۇش يىللىرى گېرمانىيە سۇ ئاستى كېمىسى چۆكتۈرۈۋەتكەن ھەربىي پاراخوتتا ھالاك بولغاندىن كېيىن، راھىبەلىك ئۇدۇمىنى قوبۇل قىلغانىدى. دىياكون كالليستراتوۋ نادامەت ۋە سالاۋات قوشۇلۇپ كەتكەن ئاشۇ «كۆڭۈل ھۆججىتى»نى ھەر قېتىم ئوقۇغىنىدا، كۆز ياشلىرىنى توختىتالمايتتى. ئۇ سەبىي ئوغلى ئاۋدىيىنىڭ ئۆيىنىڭ قىزىل بۇرجىكىدە، كونا پىئانىنو يېنىدا تىك تۇرۇپ، ئۆسمۈرلەرگە خاس جاراڭلىق، ساپ ئاۋازى بىلەن چۆكۈپ كەتكەن پاراخوت توغرىسىدىكى سالاۋاتىنى قىرائەت قىلىپ ئوقۇشىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئاۋدىي بالىلار ئۆيىدىن چىققان قىزنىڭ تىلاۋىتىنى يادلىۋالغانىدى. ئۇ مۇنداق دېدى:

«ئاسمان ئاقىرىپ كېلىۋاتىدۇ، تېخى قۇياش چىقمىغان، تېخى ھەممە ئۇيقۇدا، ساڭا ھەر نەرسىنى كۆرگۈچى ۋە ھەر نەرسىگە رەھىم قىلغۇچى، كۆڭلۈمدىكى زارىمنى تىلاۋەت قىلىپ ئېيتىمەن. خۇدايا، ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، سېنى ياد ئېتىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈمنىڭ ئەرز ـ دادىمنى ئەسلىدىم. مەن تىرىكلا بولىدىكەنمەن، شۇ تىلاۋەت بىلەن ياشغايمەن.

سەن رەھىمۇ رەھمانسەن، ھەقسەن، پاكسەن،

كەچۈر، سېنى ئۆز ئەرزىم بىلەن ئاۋارە قىلماقتىمەن. مەن ئۆزۈم ئۈچۈن تىلىمەيمەن، ماڭا دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتى لازىم ئەمەس، ئۆمرۈمنى ئۆزارتساڭمۇ مەيلى. پەقەت ئادەمىزات بالىلىرىنىڭ دىلىنى قۇتقۇزۇشنى ئىستەيمەن. سەن ئالەمنىڭ خوجىسىسەن، قەلبىمىزگە مۆھۈر باسما، جاھالەتتە قالدۇرما، ياخشىلىق ۋە يامانلىق يورۇق ئالەمدە بىللە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بىزنى باھانە - سەۋەب زەنجىرلىرىدىن خالاس قىل. ئادەملەرنىڭ قەلب كۆزلىرىنى ئاچقايسەن. ئۆزۈم ئۈچۈن سورىمايمەن، تىلىم ئاجىز. مەن ھەرقانداق ئەجىر - ئاقىۋەتىڭگە تەييارمەن — خالىساڭ جەھەننەم ئوتىغا تاشلا ۋە خالىساڭ چەك - چېگرىسى يوق سەلتەنىتىڭگە ئال. قىسمىتىمىز ئۆز قولۇڭدا، يا ھاياتلىق بېرىدىسەن، يا ماماتلىق!

سېنىڭ راھبەئىي قۇلۇڭمەن، ئۇلۇغ كالامىڭنىڭ ئىخلاسكارىمەن، ساڭا بىرلا ئەرزىم بار، ئۆزگە ئەرزىم يوق. دىلىمنى ھايات ۋە دۇنيانىڭ ھالاۋىتىدىن، قايغۇ - نادامەتتىدىن، ئۆتكۈنچى نېمەتلىرىدىن پاك - پاكىز ئادالىدىم. سېنىڭ پاك روھىڭغا يېتىشىش ئىلتىجاسى بىلەن شۇنداق قىلدىم. خۇدايا.

پەقەت شۇنىلا سورايمەن، مۆجىزەڭنى كۆرسەت: مەيلى، ئاشۇ كېمە كېچىنى كېچە دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، شۇ يولىدا زادى توختىماي مېڭىۋەرسۇن، تاكى ساما ئۆز يولى بىلەن مېڭىپ كۈن تۈنگە نامامەن قوشۇلغۇچە، مەيلى، شۇ كېمە ئۈستىدىكى توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ ئېغىزلىرى توسۇلۇپ قالغان پېتى دېڭىزلاردىن دېڭىزلارغا ئۈزۈپ يۈرسۇن، دېڭىز دولقۇنلىرى ھۆڭگىرەپ ئېيتىپ، شالاقلاپ ئۇنىڭ كۆكرەكلىرىگە ئۇرۇلسۇن، دېڭىزنىڭ ئاچچىق سۇلىرى ئۇنىڭغا شارىلداپ تۆكۈلسۇن،



www.uyghurkitap.com

زەررىلەر چېچىلىسۇن، زەررىچىلەر پارچىلىنىپ ئۇنىڭغا نەپەس ئاتا قىلسۇن، ئۇ كېيىمە تاملىرىنىڭ غارالىغىنىنى، ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگىنىنى، شامالدا كېمىگە ئەگەشكەن بېلىقئالغۇچلارنىڭ غاقىلدىغىنىنى ئاڭلىسۇن، مەيلى، كېمە ئەڭ يىراقتىكى دېڭىزلارنىڭ ئەڭ يىراق ساھىلىدىكى ئاپئاق شەھەرگە يول ئالسۇن، لېكىن بەرىبىر ئۇ يەرگە ئەمدى ھېچقاچان يېتەلمىگەي...

سېنىڭدىن تىلەيدىغىنىم ئەنە شۇ، خالاس. كېچە - كۈندۈز تىلاۋەت قىلىپ، پەقەت شۇنىلا سورايمەن. يا رەھىمۇ رەھمان، مەغپىرىتىڭدىن چەتتە قويمىغايسەن، كەچۈر، چۆككەن كېمىنى تىلاۋەتىمگە قوشتۇم، ئەرزىمەس دېمە. سەن ئۈمىد دەرگاھىسەن. ئاھىمىز دەرگاھىڭغا يېتىپ بارغاي. سەن ھەممىگە قادىرسەن، مېھرىبانسەن، رەھىمانسەن، ھەر نەرسىنىڭ بېشى سەندە، ئاخىرىمۇ سەندە. ساڭا يالۋۇرۇپ تۇرىمىز. ھەرقاچان، ھەر يەردە، سېنىڭدىن نىجاتلىق تىلەيمىز. مەن ئالەمدىن ئۆتكەندە، سېنىڭدىن كىم ئىلتىجا قىلىدۇ، ساڭا كىم يېلىنىدۇ، خۇدايا، مەيلى، شۇ كېمە دېڭىزلىرىڭدا، مەڭگۈلۈك دېڭىزلىرىڭدا چەكسىزلىكلەردىنمۇ نېرىدا ئۈزۈپ يۈرۈۋەرسۇن. ئامىن!»

شۇ كېچىسى راھىبەنىڭ تىلاۋىتى نېمە سەۋەبتىن يەنە ئېسىگە چۈشكەنلىكىنى ئاۋدىي ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەگەر ئۇچقۇدۇققا موتسىكلىت مىنىپ كەلگەن قىز ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭغىمۇ شۇ تىلاۋەتنى ئوقۇپ بېرەتتىم، دېگەن ئوي خىيالىدىن لىپ قىلىپ ئۆتتى ۋە كۈلگۈسى كەلدى. ئاۋدىي ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى - دە، ھە، كالىلىسى يوق تەنتەك، دېدى ئۆزىگە ئۆزى ۋە ئۇ قىز خۇددى يولدىن چىققان، ۋەتەنسىز ئوغرى - قاراقچىلاردەك كۆۋرۈك ئاستىدا شۈمشىيىپ ئولتۇرغ-

www.uyghurkitap.com

نىمنى كۆرۈپ قالسا، نېمە بولغان بولاتتى، دەپ تەسەۋۋۇر قىلدى. مېنى كىم دەپ قالار، بىراق شۇ ئەھۋالدىمۇ ئۇنىڭغا كېمە توغرىسىدىكى تىلاۋەتنى ئوقۇپ بەرگەن بولاتتىم، دەپ ئويلىدى. ئۇ ئۇنى سېپى ئۆزىدىن بولغان دىۋانىغۇ، دەيتتى ۋە ھەقلىق بولۇپ چىقاتتى، ئەلۋەتتە. ئاۋدىي مۇشۇ ئەلپازىدا ئۇنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشتىن نومۇس قىلىسىمۇ، لېكىن، بەرىبىر ئۇنى بەكمۇ كۆرگۈسى كەلگەنىدى...

ئاۋدىي تاڭ سۈزۈلگۈچە كۆۋرۈك ئاستىدا ئولتۇردى، چۆل پويىزلىرى ئۇنىڭ بېشىدىن تاراقلاپ ئۆتەتتى. لېكىن ئۇ ھەممىدىن كۆپرەك چاپارمەنلەرنى ئويلايتتى. ئۇلار قەيەردىكىن؟ ھازىر نېمە قىلىشىۋاتقاندۇ؟ چالپاق ـ سازدىن ئۆتۈشۈۋالغاندۇ، يولدا كېتىشىۋاتقاندۇ. پېترۇخا، لىيۇنكا ۋە باشقىلار ھازىر قەيەردە؟ خۇددى ئالۋاستىدەك تۇتۇق بەرمەيدىغان گىرىشانچۇ؟ ئاۋدىي قاتتىق خاتالىشىپ يول قويغانلىقى، بېگىنلىگەنلىكى ئۈچۈن ئەمدى قاتتىق ئېچىندى. گىرىشان ئۆتتى، ئۇنىڭ جىنايى ئىشى تەنتەنە قىلدى، ھەممە ئىش بەكمۇ يامان نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئاۋدىي مانا شۇ كۈنلەردە بېشىدىن ئۆتكەن سىناقلارنىڭ بىكار كەتمىگەنلىكىنى چۈشەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ چاپارمەنلەرنى خەتەرلىك يولدىن قايتۇرالمىدى، لېكىن كېيىنچە چىقىرىش ئۈچۈن قىزىقارلىق ماتېرىياللارنى توپلىدى، ئۇ بۇ ماتېرىياللارنى پېشانىسى تەرى بىلەن تاپتى.

شۇنىڭغا ئوخشاش مۇلاھىزىلەر ئاۋدىيغا خېلى تەسەللى بېرەتتى، لېكىن لىيۇنكىغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىيتتى. ئۇنى توغرا يولغا سېلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى.

ئاۋدىي مويۇنقۇم چۆللىرىدە كۆرگەن ۋە بېشىدىن كەچۈرگەنلى

رىنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بۆرىلەرگە يولۇققىنى، كۆك ياللىق بۆرىنىڭ بېشىدىن ئوقتەك سەكرەپ ئۆتكىنى، ئەمما ئۆزىگە زىيان يەتكۈزمىگەنلىكى يادىغا چۈشتى. بۇ بىر ئاجايىپ ئىش، تولىمۇ غەلىتە ھادىسە. بۆرىنىڭ ئوت چاقناپ تۇرغان ئەقىللىق كۆك كۆزلىرى ئۆمۈرۋايەت ئۇنىڭ يادىدىن چىقمايدۇ.

تۆمۈر يول ئۈستىدە قۇياش يەنە پارلاپ، ھايات ئۆزىنىڭ يېڭى چەمبىرىكىگە كىردى. كېچىدىكى قاتتىق يامغۇردىن كېيىن چۆل ياشناپ كەتكەنىدى. ھاۋا تېخى سالقىن بولۇپ، چەكسىز كەتكەن پاك ۋە كۆك چۆل ئاسمىنىدا تورغايلار بەخۇدلۇك سايرىشاتتى. بۇ يەرلەردىن يىراق - يىراقلاردا قايناپ تۇرغان ھايات توغرىسىدا دېرەك بېرىپ، پويىزلار چۆلنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىگە ئالدىرىشاتتى.

كېچىنى ئاسماندىن ياغقان ساخاۋەتلىك سۇ تۈپەيلىدىن، چۆل سەھرىدە ئاجايىپ گۈزەللىك ۋە ئويغۇنلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى.

قۇياش ئېگىز ئۆرلەپ، قىزدۇرۇشقا باشلىغاندا، ئاۋدىي كىيىملىرىنى قۇرۇتماقچى بولدى. ئۇ كىيىم - كېچەكلىرىنى يېشىۋېتىپ قورقۇپ كەتتى: كىيىملىرى جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەنىدى، مۇشۇ ئەھۋالدا ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەندىن ئۆلۈپ كەتكەن ياخشى ئىدى. بەدىنىگە بولسا، قارىغىلى بولمايتتى، ساق يېرى يوق، ھەممىلا يېرى ھۆررەك، ئىششىق ۋە جاراھەت ئىزلىرى بىلەن قاپلانغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى، يېنىدا ئەينەكنى يوق ئىكەن، بولمىسا ئۆزىگە قاراپ قورقۇپ كەتكەن بولاتتى. لېكىن ئەينەكسىزمۇ ئۇنىڭغا ھەممىسى ئېنىق ئىدى، يۈزىگە قولىنى تەگكۈزۈپ چۆچۈپ كەتتى.

بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى، دەپ ئۆزىگە -

ئۆزى تەسەللى بېرەتتى ئۇ، ھەر ھالدا تىرىك قالدى. شۇنىڭ ئۆزىلا تەگدىشى يوق بەخت ئەمەسمۇ.

كۆۋرۈك تېگىدە يېشىنىۋېتىپ، يەنە بىر نەرسە ئۇنىڭ كۆڭلىنى خىرە قىلدى: پاسپورتى بىلەن ئازراق پۇلى پۈتۈنلەي كاردىن چىققانىدى. يىقىلغاندا پاسپورت پۈكلىنىپ كەتكەن بولۇپ، يامغۇردا تونۇغۇسىز ھالغا كېلىپ قالغانىدى. پەقەت يىگىرمە بەش سوملۇق پۇلدىن بىرى، ئون سوملۇق پۇلدىن بىرىلا كارغا كېلەتتى. ئاۋدىي شۇ پۇللار بىلەن موسكۋاغا ۋە ئۇ يەردىن پرىئوكسكىغا يېتىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

ئاۋدىي كاللىستراتوۋنى كۆڭۈلسىز ئويلار چۇلغىۋالدى. ئۇ دىنىي مەكتەپتىن قوغلانغاندىن كېيىن مۈشكۈل ئەھۋالدا تۇرمۇش كەچۈردى. ھەددىسى ۋارۋارانىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، كونا پىئانىنونى ساتتى. ۋارۋارا بالىلىق چاغلىرىدا شۇنىڭدا پىئانىنو چېلىشنى ئۆگەنگەنىدى. كومىسسىيون دۇكىنىدا پىئانىنونى ھازىر مۇنداق مۈزىكا قورالىغا قىزىقىش يوق، ئۇلار ھەممە جايدا تولۇپ يېتىپتۇ. ھەتتا كونا ئۈنئالغۇلارنى قويغىلىمۇ جاي چىقمايدۇ، پىئانىنونى قەيەرگە سىغدۇرىمىز، دېيىشىپ يېرىم پۇلىغا باھالاشتى. ئامال بولمىغاچقا، رازى بولماي بولمىدى. مانا ئەمدى چۆنتىكىدە يارماقنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق. ئەڭ ياخشىسى، بۇ ھەقتە باش قاتۇرماسلىق كېرەك.

يېڭى بىر كۈن باشلاندى، بۇ، ياشاش كېرەك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. تۇرمۇش دولقۇنلىرى خىيالپەرەس ئاۋدىي كاللىستراتوۋنى يەنە كېكىردىكىدىن ئالدى.

ئۇ كېچىچە كۆۋرۈك ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئويلاپ چىقتى. ئەمدى بۇ يەردىن قانداق قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەش كېرەك ئىدى، بۇنىڭدىن سىرت قورسىقىنىڭ غېمىنى قىلمىسىمۇ بولمايتتى.

شۇ چاغدا ئاۋدېيغا ئامەت كۈلۈپ باقتى. كۈن يورۇغاندىن كېيىن، ئۇ پاناھلىنىپ ئولتۇرغان كۆۋرۈك تېگىنىڭ ئات ـ ئۇلاغ يولى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. بۇ يولدىن ماشىنىلار ئاندا ـ ساندا قاتناپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. ئۆتكۈنچى ماشىنىلارنى كۈتەي دېسە، يەنە قانچىلىك ئولتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى خۇدا بىلىدۇ. ئاۋدېي ئەڭ يېقىن ئاچالغىچە پىيادە مېڭىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇ يەردىن بىر ئامال قىلىپ جالپاق ـ سازغا يېتىۋالار. ئاۋدېي يولغا چۈشۈش تەرەددۇتىدە ئەتراپقا سەپسېلىشقا باشلىدى: بىرەر تال تاياق تېپىلىپ قالسا، يولدا ئۇنىڭغا خېلى مەدەت بولاتتى. پويىزدىن يىقىلغاندا ئوڭ تىزى زەخىملىنىپ، ئىششىپ كەتكەن بولۇپ، ئەمدى قاتتىق ئاغرىماقتا ئىدى. ئۇ ئەتراپىغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراۋېتىپ، كۈلۈپ تاشلىدى: «پېتروۋخا مېنى بابلاپ ئۇرغان تاياقنى گىرىشان تاشلىۋەتكەن بولسىچۇ؟» تاياق تېپىلمىدى. شۇ ئەسنادا چۆلنىڭ ئىچىدىن كۆۋرۈك تەرەپكە بىر ماشىنىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى.

بۇ يۈك ماشىنىسى ئىدى، كابىنكىدا شوپۇرنىڭ يېنىدا بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ئولتۇراتتى. ماشىنا دەرھال توختىدى. شوپۇر — قارامتۇل يۈزلۈك قازاق يىگىتتى كابىنكىنىڭ يېرىم ئوچۇق تۇرغان ئەينىكىدىن ئاۋدېينى قىزىقىپ تاماشا قىلدى.

— ھە، يىگىت، لوللار كالتەكلەشتىمۇ سېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، لوللار ئەمەس، ئۆزۈم پويىزدىن يىقىلىپ چۈشتۈم.

— مەست ئەمەسمۇسەن؟

— مەن ئومۇمەن ئىچمەيمەن.

شوپۇر بىلەن ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا ئىچىنىپ، ئۆزئارا

www.uyghurkitap.com

قازاقچە گەپلىشىشكە باشلىدى. ئۇلار «بىچارە» دېگەن سۆزنى جىق تەكرارلاشتى.

— ھەي، ماڭا قارا، ماشىنىڭغا چىق. بىز جالپاق - سازغا كېتىپ بارىمىز. بولمىسا، چۆلدە يالغۇز ئۈزۈلۈپ ئۆلۈپ قالىسەن، بىچارە. بۇ يولدا ماشىنىلار كۆپ ماڭمايدۇ.

ئاۋدىيىنىڭ گېلىغا بىر نەرسە غىق قىلىپ تىقىلدى، ئۆزىنى يىغلاپ تاشلاشتىن زورغا تۇتۇۋالدى، كىچىك بالىلاردەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— رەھمەت، بۇرادەر، — دېدى ئۇ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، — مەنمۇ سىزدىن مېنى ئالغاچ كېتىڭ دەپ سورىماقچى بولۇۋاتاتتىم. ماڭالمايۋاتىمەن، پۇتۇم چاتاق. رەھمەت.

شوپۇر پەسكە چۈشۈپ ئاۋدىيىنىڭ ماشىنىغا چىقىشىغا ياردەملەشتى.

— قېنى، بۇ ياققا كەل. ماشىنىغا چىقىرىپ قوياي، بىچارە. قورقما، چىقىۋەر. ئۈستىدە يۈك بار، سوۋخوزنىڭكى. بارغۇچە يۆمشاقىنا ئولتۇرىسەن. تاماكا چەكمىسەڭلا بولدى.

— مەن ئومۇمەن چەكمەيمەن. خاتىرجەم بولۇڭ، — جىددىيلىك بىلەن ئىشەندۈردى ئۇنى ئاۋدىي، — مەن ئاخشام يامغۇردا قېلىپ تازا سۇغا چىلاشتىم. بۇ يەر ئىسسىق ئىكەن...

— مەيلى، مەيلى! مۇنداقلا دەپ قويدۇم. دېمىگىنى ئال، بىچارە.

ئايال كابىنىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ شوپۇرغا ئاللىنېمىلەرنى دېدى.

— خوتۇنۇم سوراۋاتىدۇ، قورسىقىڭ ئاچتۇر؟ — چۈشەندۈردى شوپۇر كۈلۈمسىرەپ.

— بەكمۇ ئاچ! — ئوچۇقىنىلا ئېيتتى ئاۋدىي، — رەھمەت. يېگۈدەك بىرەر نەرسە بولسا بېرىڭ، ئۆلگۈچە ئۇنتۇمايمەن.

ئاۋدىنىڭ نەزەرىدە بىرەر قاچا قوي سۈتى بىلەن ئوچاقتا پىشۇرۇلغان، ھىدى كۆپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان ئاپئاق نان كېچىچە تارتقان ئازاپلىرى ئۈچۈن خۇدانىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىلتىپاتى بولاتتى.

ئاۋدى تاماقنى يەپ بولۇپ، ماي ۋە تېرە پۇرىقى بۇخسۇپ تۇرغان، قوي يۇڭى تىقىلغان خالتا ـ تاغارلار ئۈستىدە ئۇخلاپ قالدى. ماشىنا ئاخشامقى قاتتىق يامغۇردىن كېيىن كۆزەللىشىپ كەتكەن چۆلنى بويلاپ توختىماستىن كېتىپ باراتتى. ساقىيىدىغان كېسەل تېۋىپقا دۇچ كەلگىنىدەك، بۇ يول ئاۋدىغا شىپا بولدى.

ئۇ ماشىنا توختىغاندا كۆزىنى ئاچتى.

— كەلدۇق. سەن نەگە بارىسەن؟ — دېدى شوپۇر پەسكە چۈشۈپ، — ھوي يىگىت، تىرىكمۇ سەن؟

— تىرىك، تىرىك! رەھمەت، — جاۋاب بەردى ئاۋدى، — جالپاق ـ سازغا يېتىپ كەلدۇقمۇ؟

— ھەئە، ئىستانىسىغا كەلدۇق. بىز ئەمدى خام ئەشيا ئامبىرىغا بارىمىز.

— مېنى قۇتقۇزدىڭىز، يەنە بىر مەرتىۋە رەھمەت. ئايالـ ىڭىزغىمۇ چوڭ رەھمەت. نېمە دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈـ شۈمنى بىلمەيۋاتىمەن.

ئاۋدى شوپۇرنىڭ ياردىمىدە كوزۇپتىن چۈشۈۋېتىپ، ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ تاشلىدى.

— ئەھۋالىڭ بەكمۇ چاتاق، بىچارە. دوختۇرخانىغا بار، — مەسلىھەت بەردى شوپۇر، — بىرەر تاياق بولغان بولسا، ئىشىڭ خېلىلا ئاسانلىشاتتى.

ئاۋدى ۋوگزالغىچە يېرىم سائەت ئاسقاقلاپ باردى. ھېلىمۇ ياخشى، يولدا ياتقان تاختاي پارچىسىنى ئىلىۋالغانىـ

www.uyghurkitap.com

كەن، ئۇنىڭدىن قولتۇق تاياق ئورنىدا پايدىلاندى، مېڭىشى خېلىلا يېنىكلەشتى.

تۆمۈريول رېلىسلىرى، كۆتۈرمە كۆۋرۈكلەر، چوڭ، كىچىكلىك چىراغلار، يۈك كرانلىرى، كېلىۋاتقان ـ كېتىۋاتقان پويىزلار، ۋوگزال مەيدانى، ئومۇمەن، پۈتۈن ئىستانسا شەھەرچىسى ئۈستىدە كانايلاردىن بۇيرۇقلار، كۆرسەتمىلەر، ئېلانلار ياڭرايتتى، چۆلدە تۈرلۈك پاراۋوزلار گۈدۈك چالاتتى، يولۇچىلار پويىزلىرىنىڭ كەلگەن ـ كەتكىنى خەۋەر قىلىنىپ تۇراتتى. خىلۋەت يەردىن كېلىۋاتقان ئاۋدىيغا قاينىغان ھايات دەررۇ بىلىندى. ئەتراپتىكى ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىش ـ تەشۋىشلىرى غېمىدە يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. جالپاق ـ سازنى تۈركستاننىڭ ئەڭ چوڭ بېكەتلىرىدىن بىرى دەپ ھېسابلىشى بىكار ئەمەس ئىدى.

چۆنتەكتىكى بار ـ يوقى ئوتتۇز بەش سوم بىلەن قانداق قىلىش. قايسى پويىزدا كېتىشنى بىلمەي ئاۋدىينىڭ بېشى قاتتقاندى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ موسكۋاغىچە قاتتىق ئورۇندۇقلۇق ۋاگوننىڭ بېلىتى ئوتتۇز سوم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بېلەت بولىسچۇ تېخى. بېلەت ئالسا جېنىنى قانداق باقىدۇ؟ پۈتى بۇ ئەھۋالدا، جاراھەتلىرىچۇ؟ دوختۇرخانىغا بېرىشى كېرەكمۇ ياكى دەرھال جۆنەپ كېتىشى كېرەكمۇ؟ ئاۋدىي خىيالغا چۆمگەن پېتى ئادەم بىلەن تولغان، تىنجىق بېكەت بىناسى ئىچىدە ئاقساقلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ جۇل ـ جۇل بولۇپ كەتكەن، يىرتىق كىيىم ـ كېچەكى، كۆرۈمسىز بولۇپ كەتكەن ئەپت ـ بەشىرىسى، تاپىنىپ كېتىۋاتقان چىرىك تاختىيى ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى، ھەممە ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ كۆز تاشلىماقتا ئىدى. ئاۋدىي پويىزلارنىڭ قوزغىلىش ۋە يېتىپ كېلىش جەدۋىلى ئېسىلغان

مەيدانغا چىققىنىدا، ئۆزىنى ساقچى خادىمى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

— قېنى، توختىغىنا، ئەي يىگىت! — توختاتتى ئۇنى ساقچى يېقىنلاپ كېلىۋېتىپ. ئۇنىڭ چەھلى بىلەن قەتئىي قاراشلىرى ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيتتى، — بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ كىم بولىسەن؟

— مەنما؟

— ھەئە، سەن.

— پويىزغا چىقماقچىمەن، جەدۋەلگە قاراۋاتىمەن.

— ھۆججەت بارمۇ؟

— قانداق ھۆججەت؟

— ئاددىي ھۆججەت: پاسپورت، گۇۋاھنامە، ئىشلەيدىغان ئورنۇڭنىڭ ئىسپىراپكىسى.

— بار، مەن پەقەت...

— قېنى، كۆرسەت.

ئاۋدىي تىلىنى چاينىدى.

— بىلەمسىز، يولداش، بۇ مەن، يولداش، يولداش...

— يولداش لېيتېنانت، — دېدى غەشلىكى كەلگەن ساقچى.

— مەن، يولداش لېيتېنانت، شۇنى دېمەكچىدىمكى...

— نېمە دېمەكچى بولغانلىقىڭنى كېيىن بىلىۋالىمىز. ھۆججەتلىرىڭنى چىقار.

ئاۋدىي تېنەپ - تەمتىرىگەن پېتى يانچۇقىدىن پۈكلىشىپ تونۇغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەن پاسپورتىنى چىقاردى.

— مانا، — دەپ ئۇزاتتى ساقچىغا، — پاسپورتۇم...

— پاسپورتۇم! — ساقچى ئاۋدىيغا ئاچچىقى بىلەن قارىدى، — سەن نېمىشقا مېنى كولدۇرلىتىسەن؟ پاسپورت دەيدا تېخى! مە، ئال، ئۆزۈڭگە مۇكاپات. مەن بىلەن بۆلۈمگە

www.uyghurkitap.com

بارسەن. كىملىكىڭنى شۇ يەردە ئېنىقلايمىز.

— مەن ئاخىر، يولداش لېيتېنانت... — ئاۋدىي ئۆزىنىڭ ناچار ئەھۋالىدىن، تايىنىپ تۇرغان تاختىيىدىن، ئەتراپىغا بىر - بىرلەپ توپلىنىشىۋاتقان بىكارچىلاردىن خىجالەت بولۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەن، بىلەمسىز، گېزىتنىڭ مۇخبىرىمەن.

— سەن تېخى مۇخبىرمۇ! — ساقچىنىڭ تاقىتى تاق بولدى. نەزەرىدە ئۇنى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ۋە يۈزسىزلەرچە كولدۇرلىتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى، — ھە، قېنى، بۇ ياققا ماڭ، مۇخبىر!

توپلانغان تاماشىچىلار ماراق قىلىپ كۈلۈشتى.

— تاپقان گېپىنى قاراڭ، مۇخبىرمىش!

— بەلكىم تېخى تاشقى ئىشلار مىنىستىرىمەنمۇ دەيدىغانسەن؟

ئاچچىقى كەلگەن لېيتېنانتنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، پويىز كۈتۈش زالىدىن ئۆتۈشكە توغرا كەلدى. ئەمدى ئاۋدىيغا كىم دۇچ كەلسە، شۇ قايرىلىپ قارايتتى. بىر - بىردىگە پىچىرلىشاتتى. يوغان ياغاچ ئورۇندۇقتا يۈك - تاقلىرى بىلەن ئورۇنلىشىۋالغان ئادەملەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا، ئاۋدىينىڭ قۇلىقىغا ئۈزۈك - ئۈزۈك سۆزلەر كىردى:

كىچىككىنە قىزچاق: ئاپا، ئاپا، قاراڭ، بۇ كىم؟

ئايال: ۋاي، جېنىم بالام، بۇ قاراقچى. كۆردۈڭمۇ، ئۇنى ساقچى تاغاڭ تۇتۇۋاپتۇ.

ئەر كىشى: بۇنىڭ نەرى قاراقچى، پېتەك ئوغرىسى، يانچۇقچى. دەل شۇنىڭ ئۆزى.

ئايال: ۋايە بولدى قىلغىن، مىشا. كۆرۈنۈشى شۇنداقتۇر بىچارىنىڭ، خالىيراق جايدا يولۇقۇپ قالىدىغان بولساڭ، ئۇ سېنى سويۇۋېتىشتىن يانمايدۇ...

لېكىن ئاۋدېي ئۈچۈن ئەڭ دەھشەتلىك بولغان، كۈتۈلمىگەن ئىش تېخى ئالدىدا ئىدى. لېيتېنانتنىڭ كەينىدىن ۋوگزال يېنىدىكى سانسىز ئۆيلەردىن بىرىگە قەدەم تاشلىغان ئاۋدېي ئۆزىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ دېرىزىسى مەيدانغا قارىغان چوڭ بۆلۈمىدە كۆردى. ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرغان ئۇنىۋانى كىچىكرەك ساقچى خادىمى لېيتېنانتنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇردى.

— ھەممە ئىش جايىدا، يولداش لېيتېنانت، — دەپ دوكلات قىلدى ئۇ.

— ئولتۇر، بېكبولات. مانا يەنە بىر مېھمان، — دەپ ئاۋدېينى ئىشارەت قىلدى لېيتېنانت، — قارا، شاھزادىلەرگە ئوخشايدۇ! يەنە تېخى مۇخبىرمەن دەيدۇ!

ئاۋدېي ئىچكىرىدىگە كىرىپ، ئەتراپىغا ھەيران بولۇپ قارىدى ۋە ۋارقىراۋېتىشكە تاسلا قالدى، كۆز ئالدىدا تۇرغان نەرسىدىن شامدەك قېتىپ قالدى. ئىشىكتىن كىرىشتە، سول تەرەپتە، تىكەنلىك سىملاردىن قوپال قىلىپ ياسالغان ۋە بۆلۈمنى پولدىن تورۇسقىچە ئىككى بۆلەككە ئاجراتقان توساقنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭدا خۇددى قەپەسكە سېلىنغان مەخلۇقلاردەك بولۇپ چاپارمەنلەر — نەشە يىغقۇچىلار: پېتروخا، لېونكا، ماخاچ، كولە، ئىككى يولۇچى چاپارمەن ۋە يەنە قانداقتۇر باللار — ھەممىسى بولۇپ ئون - ئون ئىككىچە ئادەم ئولتۇراتتى. پەقەت گىرىشانلا كۆرۈنمەيتتى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوزىي يوق ئىدى.

— باللار، نېمە بولدۇڭلار؟ نېمىشقا بۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟ — ئىختىيارسىزلا ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى ئاۋدېينىڭ.

چاپارمەنلەر غىڭ قىلىشمىدى، ھەتتا قىمىرلاپمۇ قويۇشمىدى. ئۇلار توسۇقنىڭ كەينىدە تىقىلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرى بەكمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەن، شۈمشەيگەن بولۇپ، قاپاقلىرى سېلىق ئىدى.

— تونۇدۇڭمۇ ئاغىنىلىرىڭنى؟ — غەلىتە ھىجايدى ئاچچىقى
يامان لېيتېنانت.
— ئەلۋەتتە! — دېدى ئاۋدىي، — بۇلار ھەممىسى
بىزنىڭ باللار.
— ھە، شۇنداقمۇ تېخى! — ھەيران قالدى لېيتېنانت
ئاۋدىيغا دىققەت بىلەن سەپسېلىپ، — نېمە، بۇ ئاغىنەڭلارمۇ؟
دەپ سورىدى ئۇ چاپارمەنلەردىن.
ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ھەممىسى كۆزىنى يەردىن ئالماي
جىم ئولتۇردى.
— ھەي، سەن خەقتىن سوراۋاتىمەن! — جەھلى چىقتى
لېيتېنانتنىڭ، — جاۋاب بېرىشمەمسەن؟ مەيلى، كۆرىمىز تېخى.
قىزىق تاۋىغا چۈشكەن قىسقۇچپاقىدەك سەكرەتمىسەم سەن-
لەرنى. جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ ئۈچيۈز ئون يەتتىنچى ماددىسىغا
ئاساسەن، ئىنسان قەدىمى يەتمىگەن جايلارغا ئەۋەتكەن چاغدا،
مېنى ئەسلەپ قېلىشىسەن. ئۆزۈڭلارنى، ياش دېمەڭلار، ياشلى-
قىڭلارغا قاراپ ئولتۇرمايمىز. ئىلگىرى سوتلانمىغان دېسەڭلار،
ھە؟ بۇ ھېسابقا ئۆتمەيدۇ. نەق مال بىلەن قولغا چۈشتۈڭلار! —
ئۇ پولدا چېچىلىپ ياتقان، ئاۋدىيغا تونۇش، نەشە بىلەن
تولدۇرۇلغان خالتا ۋە چامادانلارنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ
بەزىلىرى ئېچىلغان، بەزىلىرى يىرتىلغان بولۇپ، ئۇ يەر -
بۇ يەردە نەشىلەر چېچىلىپ ياتاتتى. بۆلۈمنى ياۋايى گىياھنىڭ
قاڭسىق پۇرىقى قاپلىغانىدى. ئۈستەل ئۈستىدىكى تېلېفوننىڭ
يېنىدا نەشە سېلىنغان سەرەڭگە قاپلىرى ۋە ئەينەك قۇتىلار
تۇراتتى، — جاۋاب بەرمىگەنلىكىڭلار ئۈچۈن كۆرگۈلۈكۈڭلارنى
كۆرسىتىپ قويىمەن! خاپا بولۇشىدۇ تېخى! نەق مال بىلەن
قولغا چۈشتۈڭلارغۇ! — دەپ تەكرارلىدى لېيتېنانت ئەسەبىيلى-
كى ئېشىپ. ئاچچىقىدا ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلاپ چىقىشقا

باشلىدى، — مانا، دەلىل! مانا، نەق دەلىللەر! ماتا سىلەر-
دىن قولغا چۈشكەن ئەپيۇن! — ئۇ نەشە تولدۇرۇلغان
خالتىلارنى پۈتى بىلەن تېپىپ كۆرسەتتى، — شايكاڭلاردىن
بىر ئەبلەخ قېچىپ قۇتۇلدى - دە، لېكىن ئۇمۇ مەشەگە،
پەنجىرىگە كېلىپ ئولتۇرىدۇ. يارىماسلار. تۇرۇش! تۇر، كىمگە
دەۋاتىمەن! سالپىيىپ ئولتۇرۇۋالغىنىنى قاراڭ! بۇ ياققا قاراپ تىك
تۇرۇش! كۆزۈڭنى ئۈزمە! كىمگە دەۋاتىمەن كۆزۈڭنى ئۈزمە
دەپ! سەن خەققە ئوخشاش يارىماسلار مېنى ۋاگوننىڭ
تېگىدىن ئاتتى. مېنىڭدىن رەھىم - شەپقەت كۈتۈشمە ئەمدى!
ئەبلەخلەر، ماڭقىلار، قوراللىنىۋېلىشىپتۇ! يەنە نېمە قىلىشماق-
چىسەن! سەن خەق بىلەن جېنىمنىڭ بارىچە ئېلىشىمەن.
قانداق ئېلىشىشنى بىلىمەن. ھەممە پويىزلاردا، ھەممە
يوللاردا سەنلەردەك قۇترىغان ئىتلارنى تۇتماي قويمايمەن!
مەندىن ھېچنەگە قېچىپ قۇتۇلالمايسەن! — تەرلەپ -
پىشىپ ۋارقىرايتتى ئۇ، — سەنلەردىن سوراۋاتىمەن، كىم
مۇنۇ ئەسكى چاپان؟ ئۇ مۇخبىرمىش! كىم بۇ رودۇپاي! —
لېيتنانت ئاۋدېينى قولىدىن تۇتۇپ، پەنجىرە ئالدىغا سۆرەپ
باردى، — ياخشىلىقچە ئېيتىڭلار! ئاغىنەڭلارمۇ؟

ھەممىسى بىردەم جىم بولۇشتى. ئاۋدېي چاپارمەنلەرنىڭ
سەتلەشكەن چىرايلىرىغا سەپسېلىۋېتىپ، كۆزلىرىگە زادىلا
ئىشەنگۈسى كەلمەي قالدى. ئاخشاملا چۆلدە پويىزنى توختاتقان
شۇلارمۇ؟ نەشە چېكىپ، كەيپ سۈرگەن شۇلارمۇ؟ ئۇنى
ئۆلگۈدەك ئۇرۇپ، ۋاگوندىن تاشلىۋەتكەن شۇلارمۇ؟ ھېلىقى
چەبدەس باللار شۇلارمۇ؟ ماتا ئەمدى كەمەرسىز شىم كىيىپ،
يالىڭاياغ بولۇپ (ھاجەتكە ئېلىپ چىققاندا قېچىپ كەت-
مىسۇن دەپ شۇنداق قىلغان بولۇشى ئېھتىمال)، ھالى

www.uyghurkitap.com

خارابلىشىپ، ئەسكى پەنجىرە ئىچىدە قاپاقلىرى چۈشۈپ ئولتۇرۇپتۇ.

— ئاخىرقى قېتىم سوراۋاتىمەن سەنلەردىن، — دېدى غەزەپتىن بوغۇلۇپ لېيتېنانت، — مەن تۇتۇپ تۇرغان مۇنۇ تەلۋە ئاغىنەڭلارمۇ، ئەمەسمۇ؟

— ياق، ئاغىنىمىز ئەمەس، — غودۇڭشىپ ھەممەيلەن ئۈچۈن جاۋاب بەردى پېترۇخا ئاۋدېيغا خالار - خالىماس قاراپ قويۇپ.

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن، پېيۇتر؟ — ئەجەبلەندى ئاۋدېي پەنجىرە تەرەپكە يېقىنلىشىۋېتىپ، — نېمە، مېنى يادىڭلاردىن چىقىرىپ قويدۇڭلارمۇ؟ — تەنە قىلىپ سورىدى ئۇ پەنجىرىنىڭ كەينىدىكىلەردىن، — سىلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ. قانداقلارچە بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭلار؟

— بۇ يەر تەزىيە بىلدۈرىدىغان جاي ئەمەس، — سىلكىپ تاشلىدى ئۇنى لېيتېنانت، — مەن ئەمدى ھەر بىرىڭنى ئايرىم سوراق قىلىمەن، — پوپوزا قىلدى ئۇ چاپارمەنلەرگە، — كىم يالغان ئېيتسا، بەرىبىر ئاشكارا بولىدۇ، گۇناھى بىر ھەسسە ئېغىرلايدۇ. قېنى، سەن ئېيت، — دېدى ئۇ ماخاچقا.

— بىزنىڭكىلەردىن ئەمەس، — دەپ جاۋاب بەردى تۆكۈرۈك چاپلاشقان لەۋلىرىنى دومسايتىپ.

— ئەمدى سەن ئېيت، — بۇيرۇدى لېيتېنانت ليۇنكىغا.

— بىزنىڭكىلەردىن ئەمەس، — دېدى ليۇنكا ۋە ئېغىر خورسىندى.

— بىزنىڭكىلەردىن ئەمەس، — دېدى قوڭغۇر چاچلىق كولە.

ھەممىسى بىر باشتىن ئاۋدېيدىن تاندى.

قىزىق، چاپارمەنلەرنىڭ بۇ قىلىقى ئاۋدېينىڭ كۆڭلىگە

تەگدى. ھەممىسىنىڭلا بىر ئېغىزدىن، قەتئىي، ھېچقانداق شۈبھىگە ئورۇن قالدۇرماي ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئاۋدىي كاللىستراتوۋغا ھاقارەتلەنگەن ۋە خورلانغاندىنمۇ بەتتەر ئەلەم قىلدى. ئاۋدىينىڭ بىردەمدىلا ئىسسىتمىسى ئۆرلەپ، بېشى يېرىلغۇدەك ئاغرىغىلى تۇردى.

— نېمە بولدى، نېمىشقا مېنى تونۇمايمەن دېيىسىلەر؟ — گاڭگىرىغان ھالدا سورىدى ئۇ، — ئاخىر مەن...

— گەپ مۇنداق. «نيۇيورك تايمس» گېزىتىنىڭ مۇخبىرى، — لېيتېنانت ئۇنى مازاق قىلىپ توختاتتى، — كۆپ سۆزلىدىڭ، يېتەر. «ئاخىر مەن»، «ئاخىر سەن». بولدى بەس. بېشىمنى ئايلاندۇرما. سېنىڭسىزمۇ ئىشىم چېچىمدىنمۇ تولا تۇرۇپتۇ. كەت بۇ يەردىن، تولا پۈتلىشىۋەرمە. بۇلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. ئۇلارغا قارىتا قانۇن بار. شەپقەتسىز قانۇن. ئۇلار زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تارقاتقىنى ۋە ساتقىنى ئۈچۈن دەرھال جازاغا تارتىلىدۇ. ئۇلار بىلەن دېيىشىدىغان گېپىمىز قىسقا. سەن، مۇخبىر ئاداش، تېزرەك بۇ يەردىن قۇيرۇقۇڭنى خادا قىل. كەت، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنمە.

ئارىنى جىمجىتلىق باستى. ئاۋدىي كاللىستراتوۋ ئېغىرلىقىنى بىردەم ئۇ پۇتىغا، بىردەم بۇ پۇتىغا سېلىپ تۇراتتى، كېتىشكە ئالدىرىمايتتى.

— سەن يولداش لېيتېنانتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى شۇ چاغقىچە ئاللىقانداق قەغەزلەرنى تولدۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان ساقچى، — ئەس - ھوشۇڭنىڭ باردا بۇ يەردىن كەت. رەھمەت دېگىن - دە، چىقىپ كېتىۋەر.

— بىزدە مۇنۇ ئىشىكنىڭ ئاچقۇچى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاۋدىي تۆمۈر ئىشىككە سېلىنغان قۇلۇپنى كۆرسىتىپ.

www.uyghurkitap.com

— نېمە قىلىسەن؟ بار، — دەپ جاۋاب بەردى لېيتېنانت ئاۋدېيېنىڭ نېمىشقا بۇنداق سورىغىنىنى چۈشىنەلمەي.

— ئۇنداق بولسا ئىشىكنى ئېچىڭ، — دېدى ئاۋدېي.

— يەنە نېمىنى خالايسەن؟ سەن كىم! — دەرغەزەپ بولدى لېيتېنانت، — جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟!

— مېنى دەرھال پەنجىرە ئىچىگە تاشلىشىڭىزنى سورايمەن. جايىم شۇ يەردە! — ئاۋدېيېنىڭ يۈزى لاۋۇلداپ ياناتتى. ئۇنىڭ قاتتىق ئەسەبىيلىكى يەنە تۇتقانىدى. ۋاگوندا نەشىنى سىرتقا چاچقىنىدا دەل مانا شۇنداق بولغانىدى، — مېنى قاماققا ئېلىشىنى ۋە سوت قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى ئاۋدېي، — مەنمۇ مانا شۇ ئاداشقان بەدبەختلەرنىڭ بىرىمەن! دۇنيا رەزىللىك ۋە يامانلىقلارغا تولۇپ كەتتى! خۇددى ئۇلاردەك مەنمۇ جاۋابكارمەن. مەنمۇ نەشە يىغقانىمەن. ئىشىكنى ئېچىڭ، مەن ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇراي. سوتتا ئۇلار جىنايىتىم بارلىقىنى تەستىقلىشىدۇ! گۇناھلىرىمىزغا توۋا قىلىمىز. دىلىمىز پاك بولىدۇ...

ساقچى شۇ چاغدا قەغەزلىرىنى بىر ياققا يىغىشتۇردى-دە، ئورنىدىن دىككىدە تۇردى.

— بۇ قىيىقسىزدىل ساراڭكەنغۇ، يولداش لېيتېنانت، قاراڭ ئەپت-بەشىرىسىگە. ساراڭلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرۇپتۇ.

— ئەقىل-ھوشۇم جايىدا، — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى ئاۋدېي، — مەن ئۇلار بىلەن تەڭ جازاغا تارتىلىشىم كېرەك! ساراڭ بولۇپ نېمە قىلىمەن؟

— شاشما. شاشما، — لېيتېنانت ئىككىلەندى. ئۇ ئىغىر

قاتناش ساقچىسى خىزمىتىدە شۇنچە يىللار ئىشلىگەن بولسىمۇ، بۇنداق تەنتەكلىكنى ئەمدى كۆرۈشى ئىدى، بۇ ئەھۋالنى كىمگىلا دېسە زادىلا ئىشەنمەيتتى.

ئارىغا سۈكۈت چۈشتى. شۇ پەيتتە كىمدۇر بىرى ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتتى. بېشىنى تامغا قارىتىۋالغان ليۇنكا يىغلىماقتا ئىدى. پېترۇخا ئۇنىڭ ئاغزىنى يۇمۇشقا ئۇرۇناتتى، قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پوپوزا قىلاتتى.

— گەپ مۇنداق، يولداش، — دېدى ليېتېنانت كۈتۈلمىگەندە يۇمشاقلىق بىلەن ئاۋدېيغا، — يۈر، سىرتقا چىقايلى، ماڭا ھەممىسىنى بىر باشتىن سۆزلەپ بېرىسەن. قېنى چىقايلى. ماڭ، ماڭ، راست دەۋاتىمەن.

ئۇلار يەنە يولۇچىلار تىقىلىپ كەتكەن كۈتۈش زالىغا چىقتى. ليېتېنانت ئاۋدېينى بوش ئورۇندۇققا باشلاپ كېلىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۆزىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇردى.

— سېنىڭدىن ئىلتىماس قىلىمەن، يولداش، — دېدى ئۇ دوستانە بىر سەممىيەت بىلەن، — بىزنىڭ ئىشىمىزغا كاشىلا بولما. مۇبادا مېنىڭدىن ئۆتكەن بولسا كۆڭلۈڭگە ئالما. ئىشىمىزنىڭ ئۆزى شۇنداق، تولىمۇ قىيىن. ئۆزۈڭمۇ كۆردۈڭغۇ. ئۆتۈنۈپ قالاي، بارىدىغان يېرىڭگە كەت. سەن ئازادسەن. بىزنىڭ ئالدىمىزغا باشقا كەلمە. چۈشەندىڭمۇ؟

ئاۋدېي ئەھۋالىنى قانداق چۈشەندۈرسەم، تۇتۇلغان چاپارمەنلەر توغرىسىدىكى پىكىر ۋە مۇلاھىزىلىرىمنى قانداق بايان قىلسام بولىدىكىن دەپ ئويلاۋاتقاندا، ليېتېنانت ئورنىدىن تۇردى-دە، ئادەملەر ئارىسىدىن يېرىپ ئۆتۈپ كېتىپ قالدى.

يولۇچىلار بىكارچىلىقتا ئاۋدېيغا يەنە ھەيرانۇ ھەس

بولۇپ قاراشقا باشلىدى: ئۇ تۈرلۈك - تۈمەن ئادەملەر توپ-
لاشقان توپ ئىچىدىمۇ ئاتىنىڭ قاشقىسىدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.
كىيىم - كېچەكلىرى يىرتىلغان، يۈز - كۆزلىرى كۆكەرگەن،
قولتۇقىغا تاختاي قىستۇرۇۋالغان ئاۋدىي ئادەملەرنىڭ غەشلىكىنى
كەلتۈرۈپ، نەپرىتىنى قوزغايتتى، يەنە كېلىپ، ئۇنى ساقچى
ھېلىلا بۇ يەرگە تاشلاپ كەتكەنىدى.

ئاۋدىينىڭ ئەھۋالى بارغانسېرى يامانلاشتى... ئۇ قاتتىق
قىزىشقا باشلىدى، بېشى چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى، تۈنۈگۈن
بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر، كېچىدىكى قاتتىق يامغۇر، باسالماي
قالغان پۇتى، ئېغىر جازاغا دۇچار بولغان چاپارمەنلەر
بىلەن بايىقى ئۇچرىشىش ئاۋدىيغا ئەمدى ئۆز كۈچىنى كۆر-
سەتمەكتە ئىدى. ئاۋدىينىڭ بەدىنى كۆيۈشۈپ، تىنىماي تىت-
رەشكە باشلىدى، پۈتۈن تېنى كۆيۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.
ئۇ شۈمشىيىپ، بوينىنى ئىچىگە تارتىپ ئولتۇراتتى، ئورنىدىن
تۇرۇشقا ماجالى يوق ئىدى. قۇرۇپ كەتكۈر قولتۇق تاياق
بولسا، پۇتلىرىنىڭ ئاستىدا ياتاتتى.

شۇ چاغدا مۆردىدەك بولۇپ قالغان ئاۋدىينىڭ كۆز
ئالدى تۇمان بىلەن قاپلاندى. ئادەملەرنىڭ خىرە كۆرۈنگەن،
ھەر ياققا يېيىلىپ سوزۇلۇپ كەتكەن گەۋدىلىرى، چىراي -
شەكىللىرى يەنە سوزۇلۇپ، مۈكچىيىپ، بىرى ئۈستىگە بىرى
قاتلىنىپ كېتەتتى. ئاۋدىينىڭ كۆڭلى ئارامسىزلىناتتى، ئوي -
پىكرى چىگىشلىشەتتى، نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى قىيىنلى-
شاتتى. ئاۋدىي ئادەمگە تولۇپ كەتكەن، ھاۋاسى تىنجىق
ئاشۇ ھەشەمەتلىك زالدا بىر ئۆزىگە كېلىپ، بىر ئۆزىنى
يوقىتىپ ئولتۇراتتى. «ۋاي، ئەجەبمۇ قىينىلىپ كېتىۋاتىمەن، —
دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىمۇ غەلىتە
بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ھېچكىم ھېچكىمگە لازىم ئەمەستەكلا.

ئەتراپ بوپبوش، ئادەملەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن كارى يوق».
ئاۋدىي بۇلار بىر پەستىن كېيىن ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەنە ھوشۇمغا كېلىمەن، شۇ چاغدا ھېلىقى قاماقتىكىلەرگە بەلكى بىزەر يارىدىمىم تېگىپ قالار، دەپ ئۈمىد قىلاتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزىنى ئۆلگۈدەك ئۇرۇپ، پويىزدىن تاشلىۋەتكىنىنى ئۇ ھازىر ھەتتا ئەسلەيمۇ قويمايتتى. ئەسلىدە، بۇ قەبىھ جىنايەتچىلەر، نادان قاتىللار ئۇنىڭ رەھىمسىز ئەمەس، غەزىپىنى كەلتۈرۈشى، ئۇنىڭدا ئىنتىقام ھېسسىنى قوزغىشى كېرەك ئىدى. لېكىن خىيالپەرەس ئاۋدىي كاللىستراتوۋ ھايات ساۋاقلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈشنى خالىمايتتى، بۇ يەردە ھېچقانداق مەنتىقىنىڭ پايدىسى يوق ئىدى. نەشە يىغقۇچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئۆزىنىڭمۇ پاراكەندىچىلىكى ئىكەنلىكىنى ئۇ ئاڭسىز تۈردە چۈشىنەتتى. بۇ پىدائىي رەھىمدىللىك غايىسىمۇ پۈتۈنلەيلا ئۇنىڭ يەڭگىلتەكلىكىدىن كەلگەنىدى. چاپارمەنلەرنى ھالاكەت غارىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمىدى، ئۇلارغا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەممىنى ئەپۇ قىلىۋېرىشمۇ ئاجىزلىق ئالامىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى، بۇنداق ئەپۇ قىلىش تېخى قانچىلىك ئېغىر ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارار...

لېكىن دۇنيادا، بەرىبىر، ياخشى ئادەملەر قۇرۇپ كەتكىنى يوق، ۋوگزالدىكى يولۇچىلار ئىچىدىنىمۇ شۇنداق كىشى تېپىلدى. ئاۋدىينىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا يۆكلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان، بېشىنى رومال بىلەن ئورىۋالغان، چاچلىرى ئاقارغان ئايال ئۇنىڭ ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

— ھەي يىگىت، — دەپ ئانىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى ئۇ، — سىجەزىڭ يوقمۇ، بالام؟ ئاغرىپ قالدىڭمۇ نېمە؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— مىجەزىم بوش، لېكىن سىز تەشۋىشلەنمەڭ، — دەپ كۈلۈمسىرەشكە ئۇرۇندى ئاۋدىي.

— ۋاي خۇدايىمەي، نېمە بولدۇڭ، بىرەر يەردىن يىقىلىپ چۈشتۈڭمۇ؟ قىزىتمىلاڭ بەك يۇقىرىغۇ، — دېدى ئۇ ئاۋدىينىڭ پېشانىسىگە قولىنى تەگكۈزۈپ بېقىپ، — كۆزلىرىڭمۇ قىزىرىپ كېتىپتۇ. ماڭا قارا، بالام، سەن ھېچنەگە كەتمەي مەشەدە ئولتۇر. مەن بېرىپ سورۇشتۇرۇپ باقاي، بەلكى بىرەر دوختۇر تېپىلىپ قالار، ئېھتىمال سېنى بالنىتسىدا ياتقۇزۇش كېرەكتۇر. سېنى بۇ ئەھۋالدا قالدۇرغىلى بولمايدۇ...

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى ئاۋدىي ئۇنىڭغا دېمى ئىچىگە چۈشۈپ.

— ياق، ياق. سەن بىر پەس ئولتۇرۇپ تۇر. مەن ھازىرلا كېلىمەن...

بۇ رەھىمدىل ئايال بالىلىق بىر ئايالدىن نەرسە-كېرەكلىرىگە قاراپ قويۇشنى ئۆتۈندى-دە، نەگىدۇر كەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكى ئاۋدىينىڭ يادىدا يوق. ئۇنىڭ مىجەزى بەكمۇ يامانلاشتى. نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئەمدى پەملىدى: تامىقى قاتتىق ئاغرىۋاتاتتى. ھەتتا تۈكۈرۈكىنىمۇ يۇتالمايتتى. «ئانگىنا بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدى ئاۋدىي. ئۇ شۇنچىلىك ھالىدىن كەتكەنىدىكى، شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا پولغا پوكلا چۈشۈپ ياتقۇسى كېلەتتى، تۆپىسىدىن دەسسەپ پېتىقدىسىمۇ مەيلى ئىدى، پەقەت كۆزىنى يۇمسىلا بولاتتى...

ئاۋدىينىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنگەنىدى، كۈتۈش زالىدىكى خالايىق بىردىنلا ھەرىكەتكە كەلدى، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاۋدىي كۆزىنى ئېچىپ، ساقچىلارنىڭ چاپارمەنلەرنى ئېلىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنى تۇت-

تەرەپتىن ساقچى خادىملىرى ئورىۋالغانىدى. ئاچچىقى يامان لېيتېنانت ئالدىدا بولۇپ، ئادەملەر ئۇنىڭغا يول بوشىتىشاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن قوللىرى باغلانغان چاپارمەنلەر كېلىمەكتە ئىدى. پېترۇخا، ماخاچ، ليۇنكا، كولە، ئىككى پولتاتقۇچى ۋە يەنە ئاللىكىملەر — ئون ئادەمنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.

ئاۋدېي ئۆزىگە زور بېرىپ، مىڭ مۇشەققەتتە تاختىينى قولتۇقىغا قىستۇردى ـ دە، چاپارمەنلەرنىڭ كەينىدىن ماڭدى. جان ـ جەھلى بىلەن ماڭسىمۇ، مەھبۇسلارنى قوغلاپ يېتەلمىدى. توپلانغان ئالىمان ئارىسىدىن ئۇياققا يېرىپ ئۆتۈش ئاسان ئەمەس ئىدى. لېكىن چاپارمەنلەرنى قانداق ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇردى: ۋوگزال ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ئارقا ئىشىكى پەنجىرىلىك ئۈستى يېپىق ماشىنا تۇراتتى، ئىككى ساقچى چاپارمەن بالىلارنى قولتۇقلىرىدىن تۇتۇپ ئىچىگە ئىتتىرمەكتە ئىدى.

ئاخىرىدا ماشىنىغا ساقچى ئولتۇردى، ئىشىك يېپىلدى. لېيتېنانت شوپۇرنىڭ يېنىغا چىقتى. ئاندىن ماشىنا ۋوگزال مەيدانىدىن مېڭىپ كەتتى. خالايىق تۈرلۈك تەخمىنلەرنى توقۇيتتى.

— قاراقچىلارنى تۇتۇپتۇ.

— ھېلىقى ئۆيلەرگە كىرىپ ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ يۈرگەنلەر شۇلار بولسا كېرەك.

— ۋاي، ئەجەبمۇ قورقۇپ كەتتىما!

— نەدىكى قاراقچى بولسۇن؟ ئىشتانغا سىيىپ يۈرگەن بالىلارغۇ ھەممىسىلا!

— بالا دەيسىنا؟ ھازىرقى بالىلار ئۇچرىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ كېتىۋېرىدۇ، ھېچ نەرسىگە قارىمايدۇ.

— بۇلار نەشە يىغىدىغان بەڭگە بالىلار، نەشىگە

كەلگەن. يۈك ۋاگونلىرىدا ھەر كۈنى نەچچىسىنى تۇتىدۇ...
— شۇنچە تۇتقىنى بىلەن تۈگىمەيدۇ بۇلار...
— قانداق زامانلارغا قالدۇق - ھە...

چاپارمەنلەرنىڭ ئاچچىق - ئەلەملىك ۋەقەسى ئەنە شۇنداق تۈگىدى. ئاۋدىينىڭ كۆڭلى بىر خىل ئىپتقۇسىز مەززىسىزلىك بىلەن تولدى...
قەيەردە ئولتۇرغىنىنى ياخشى ئەسلىيەلمەي، ئاۋدىي كۆتۈش زالىغا ماڭدى. ئۇ پۇتلىرىنى زورغا سۆرەپ مېڭىپ، بېشى قايغان تەرەپكە كەتمەكتە ئىدى. شۇ چاغدا چاچلىرى ئاقارغان ھېلىقى ئايالغا دۈچ كەلدى.
— ھە، مانا مۇشۇ بالا! — دېدى ھېلىقى ئايال ئاق خالات كىيگەن ھەمشىرىگە، — نەگە كېتىپ قالدىڭ، بالام، ئىزدەۋاتاتتۇق. مانا، ھەمشىرە قىز كەلدى. قىزىپ تۇرغاندەك قىلىسەن، يۇقۇملۇق كېسەلمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىشىۋاتىدۇ.
— ئۇنداق ئەمەس، — ئاۋدىينىڭ ئاۋازى ئاران چىقتى.
ھەمشىرە ئاۋدىينىڭ پېشانىسىگە قولىنى تەگكۈزدى.
— ئىسسىتمىسى يۇقىرى، نېمە بولدى؟ سىزدىن پاتقاق پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. ئىچىڭىز سۈرۈۋاتامدۇ؟ — ئاسماقچىلاپ سورىدى ئۇ.
— ياق.
— كېرەك يوق. دوختۇرخانىغا بارايلى. دوختۇر كۆرىدۇ.
— مەيلى، مەن تەييار.
— نەرسە - كېرەكلىرىڭىز نەدە؟
— نەرسە - كېرەكىم يوق...

# IV

ئاۋدىي كاللىستراتوۋنى جالپاق ـ ساز بېكىتىنىڭ كېسەلخانىسىغا ياتقۇزۇشتى. سوغۇق چىراي قازاق دوختۇر ئالىيە ئىسمائىلوۋنا كېسەلنى كۆرۈپ، جىددىي ھالدا دېدى:

— ئەھۋالىڭىز ياخشى ئەمەس. زەخىم يېگەن پۈتىڭىزنى مۇتەخەسسىس دوختۇر كۆرمىسە بولمايدۇ. كېسەل باشقا ئەزالىرىڭىزغىمۇ تارقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ھازىرچە ئانتىبىئوتىك دورىلار بىلەن داۋالاپ تۇرىمىز. لېكىن سىز بېشىڭىزدىن نېمىلەرنى كەچۈرگەن بولسىڭىز، ھەممىسىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىشىڭىز كېرەك. نېمىشقا قىزىقىپ قالدىڭىز دەپ ئويلىماڭ، دوختۇر بولغانلىقىم ئۈچۈن سوراۋاتىمەن...

ھاياتتىكى نەچچە يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان ئۈچرىشىشلار ۋە ئايرىلىشلار ئىچىدە بەزىدە شۇنداقلىرىمۇ بولىدۇكى، بۇنى خۇدانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن بولغان دېمەكتىن باشقا ئىلاجىمىز يوق. لېكىن بۇنداق ئۈچرىشىشتىن، ئومۇمەن، ھېچ نەرسە چىقماسلىقىمۇ مۇمكىن، بىراق ئادەم بالىسى بۇنى كېيىنلا چۈشىنىدۇ، شۇ چاغدا ئۇ، شۇ ئۈچرىشىش يوققا چىقسا نېمە بولىدۇ، دېگەن پىكىردىن بىر مەھەل قورقۇپ كېتىدۇ... ئەسلىدە ئۈچرىشىشنىڭ نېمە بىلەن ئاخىرلىشىشى خۇداغا ئەمەس، ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە باغلىق بولىدۇ.

ئاۋدىي كاللىستراتوۋ دەل شۇنداق ۋەقەنى بېشىدىن كەچۈردى. ئۈچىنچى كۈنى كېسەلخانىغا ھېلىقى قىز ئاۋدىينى ئىزدەپ كەلدى. ئاۋدىي ئۇنى پەقەت ئارزۇلار ئالىمىدىلا كۆرەتتى. چۈنكى، ئۇ قىزنىڭ كىملىكىنى بىلمەيتتى. ئادەم بالىسى دېگەن دۇنيادا نېمە ئارزۇلارنى قىلمايدۇ دەيسىز...

www.uyghurkitap.com

كۈندۈزى تۈرلۈك داۋالاشلاردىن كېيىن كېسەلنىڭ ھارارىتى خېلى پەسلىدى، كېچىدە بولسا ئوتتۇز يەتتىدە ئۈچتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلمىدى. لېكىن پۇتىنىڭ ئىششىقى زادىلا قايتمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوڭ قوۋۇرغىسىنىڭ بىرى سۇنغان بولسا كېرەك، رېنتگېندە دەز كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى، ئومۇمەن ئالغاندا، ئاۋدىينىڭ كېسىلى ساقىيىشقا باشلىغان بولۇپ، قاقشىغۇدەك يېرى قالمىغانىدى. ئالىيە ئىسمائىلوۋنا ھەقىقىي دوختۇرلاردىن ئىكەن، ئۇ بىلىم، تەجرىبىلىرى بىلەنلا ئەمەس، پۈتۈن روھى - ئىجتىھاتى بىلەنمۇ داۋالايدىكەن. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى، مۇئامىلىسى، داۋالاشلىرى كېسەلنىڭ قەلبىگە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلايتتى، كېسەللىكنى يېڭىشىگە مەدەت بېرەتتى. ئۇ كېسەلنىڭ روھىغا دانالىق ۋە ۋەزمىنلىك بىلەن تەسىر كۆرسىتەتتى، بېشىدىن شۇنچە سەۋدالارنى كەچۈرگەن ئاۋدىي ئىنسانلارغا بەزىدە باشقىلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە مېھرىبانلىقى زۆرۈر بولىدىغانلىقىنى قاتتىق ھېس قىلدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ كېسەل بولۇپ قالغانلىقى ۋە ياخشى دوختۇرنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن ھەددىدىن زىيادە سۆيۈندى. دىمەخزارلىق ئارىسىغا جايلاشقان كۆرۈمسىز ۋە جىمجىت بېكەت كېسەلخانىسىدا ئۇ ئۆزىنى شۇنچىلىك خاتىرجەم ۋە ياخشى ھېس قىلماقتا ئىدى.

چوڭ كوچىغا قارايدىغان، ئاپئاق پەردىلەر تارتىلغان دېرىزە ئېچىپ قويۇلغانىدى. ھاۋانىڭ ئىسسىقى ئەۋجىگە چىققان بولۇپ، ياتاقتىكى ئىككى شېرىكى سىرتقا ئايلانغىلى چىقىپ كەتكەنىدى. ئاۋدىي ئۆزى يالغۇز ياتاتتى ۋە پات - پات تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەيتتى. ئىسسىتمىسىنىڭ يەنە كۆتۈرۈلۈشىنى زادىلا خالىمايتتى. دېرىزىنىڭ نېرى يېقىدا ئېگىز پاشنىلارنىڭ

تاقۇر - تۇقۇرى ئاڭلاندى. كىمدۇر بىرى نۆۋەتچى ھەمشىرىدىن ئۇنى سورىدى. كىم ئىكىن؟ ئاۋاز ئاۋدىيغا تونۇشتەك بىلىندى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەمشىرە كېسەلخانىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى.

— مانا، مەشەدە ياتىدۇ.

— سالام! — دېدى قىز، — كاللىستراتوۋ سىزمۇ؟

— مەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئاۋدىي ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەي.

بۇ ئۇچقۇدۇقتا موتىسكلىت مىنىپ كەلگەن ۋە ئاۋدىينىڭ ئوي - پىكرىنى ئوغرىلاپ كەتكەن ھېلىقى قىزنىڭ نەق ئۆزى ئىدى. ئاۋدىي ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بولۇپ، قىزنىڭ گەپلىرى قۇلاقلىرىغا كىرمەيتتى، ئۇ توغرۇلۇق بەكمۇ جىق ئويلىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى سۆزى ئاغزىدىن چىقماي تۇرۇپلا بىلىۋالاتتى. قىزنىڭ ئىسمى ئىنگا فېدوروۋنا ئىكەن. بۇ يەرگە ئىلمىي ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن كەلگىنىگە ئۈچ يىل بولۇپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى ئالىيە ئىسمائىلوۋنا بىلەن تونۇش ۋە دوست ئىكەن. ئالىيە ئىسمائىلوۋنا ئۇنىڭغا ئاۋدىي توغرۇلۇق ھېكايە قىلىپ بېرىپتۇ، ئىنگا فېدوروۋنا بۇنىڭغا بەكمۇ قىزىقىپتۇ. «سىزنىڭ مەشغۇل بولۇۋاتقان تەتقىقات تېمىڭىزمۇ نەشە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن، مەنمۇ مويۇنقۇم نەشىسىنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن، — دەپ نەشىنىڭ ئۇزۇندىن لاتىنچە نامىنى ئېيتتى، — شۇنىڭ ئۈچۈن تونۇشقىلى ئالدىڭىزغا كەلدىم... بەلكى سىزگە نەشە توغرۇلۇق بىرەر مەلۇمات كېرەكتۇر دەپ ئويلىدىم...». ئۇنىڭ نەزەرىدە، ئاخباراتچىلارمۇ ئىلمىي مەلۇماتلارغا موھتاج ئىدى.

«ۋاي خۇدايىمەي، ئىلمىي مەلۇمات دەۋاتقىنىنى! ئالدىمدا

تۇساتتىن پەيدا بولۇپ، ھەيرانۇھەس قىلىپ قويىدۇك. سۆزلىرىڭ قۇلىقىمغا ئەمەس، يۈرىكىمگە ئېقىپ كىرىۋاتىدۇ. كۆزلىرىڭنىلا كۆرۈۋاتىمەن. نەزەرىمدە، دۇنيادا باشقا ھېچكىمدە بۇنداق كۆزلەر يوق. مۇنەججىم سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ ئىچىدىن ئۆز يۇلتۇزىنى مانا شۇنداق تاپىدۇ. لېكىن خەۋىرى يوق ئادەملەرگە بارلىق يۇلتۇزلار مۇتلەق بىر خىل بولۇپ كۆرۈنىدۇ». خىيالغا چۆمگەن ئاۋدىي قىزنىڭ قاراشلىرىدىن قاناتلىنىپ ئۇچقاندەك بولدى...

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئاۋدىي كېيىن يالغۇز قېلىپ، ئۆزىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، بىر - بىرلەپ ئېسىگە ئالدى. دەسلەپكى كۆرۈشكەن چاغلاردا بولسا، ئۇ ساراڭدەك بولۇپ قالغانىدى. ئىنگا فېدوروۋنا بەلكىم بۇنى ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەۋاتقىنىغا جورىغاندۇر. پەقەت تەنتەك ئادەملەرلا تۇغرىدىن تۇغرا: «دائىم سىزنى ئويلىغىنىمنى قەيەردىن بىلدىڭىز؟» دەپ سورايدۇ. شۇ چاغدا ئۇ قىز جاۋاب بېرىش ئورنىغا قاشلىرىنى ھەيران بولۇپ ھىمىرىپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ، سىرلىق جىلمىيىپ قويغانىدى. ئەگەر قىز ئاشۇ بىمەنە، مەزىسى يوق سۆزلەرنى يەڭگىلتەكلىك ۋە ياكى پەسكەشلىك دەپ قارىغان بولسا، ئاۋدىي ئۇ چاغدا ئۆزىنى ھېچقاچان كەچۈرمىگەن ۋە ئۆمۈرۋايەت قارغاپ ئۆتكەن بولاتتى. لېكىن، خۇداغا شۈكۈر، قىز ئۇنىڭ سۆزىگە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىدى، بۇنىڭغا ئەدەب - ئېكرام يول قويمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قىزنىڭ ئۇچقۇدۇققا موتىسىكلىتتا بارغانلىقىنى، بىرىنچى قېتىم قانداق كۆرۈشكەنلىكلىرىنى كۈلۈپ - كۈلۈپ ئەسلەشتى. ئاۋدىي شۇ ئۇنتۇلماس ئۇچرىشىشتىن بىر كۈن كېيىن چۆلدە پېترۇخا ۋە ليۇنكا دېگەن چاپارمەن باللار بىلەن تېك ئۇچار ئايروپىلاندىن قېچىپ، ئوت - چۆپلەر ئىچىگە

مۆكۈنگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئىنگا فېدوروۋنا قېتىپ -
قېتىپ كۈلدى. مەلۇم بولۇشىچە، ئىنگا فېدوروۋنا تاشكەنتتىن
كەلگەن مەخسۇس ئىلمىي تەكشۈرۈش ئەترىتى بىلەن تىك
ئۇچار ئايروپىلاندا بىللە ئۇچقانىكەن. تاشكەنتتىكى ئىلمىي
تەكشۈرۈش ئىنستىتۇتلىرىدىن بىرى ياۋايى نەشىنى ئۇ ئۆس-
تىدىغان يەرلەردە خىمىيىۋى بىئولوگىك ئۇسۇل بىلەن يوقىتىش
ئۈستىدە شۇغۇللىنىۋاتقانىكەن. شۇ چاغدا ئاۋدىيىغا چېكىملىك
بىلەن بولغان كۈرەش ئىككى تەرەپلەپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى
ئايان بولدى: ھەم بەڭگىلىكنى يوقاتماقچى، ھەم زەھەرلىك
ئۆسۈملۈكلەرنى يوقاتماقچى. لېكىن بۇنى ھەل قىلىش دۇنيانىڭ
ھەممە جايلىرىدىمۇ ئاسان ئەمەس ئوخشايدۇ. ئىنگا فېدوروۋنانىڭ
تونۇشتۇرۇشىچە، نەشىنىڭ ئۆسۈشى ۋە كۆپىيىشىگە يول قوي-
مايدىغان خىمىيىۋى دورىلارنى تېپىش قىيىن ئەمەس ئىكەن.
ئەمما بۇ ئۇسۇل نەشىدىنمۇ بەتتەررەك پالاكەتكە سەۋەبچى
بولىدىكەن، يەرنى خاراب قىلىدىكەن، يەر كەم بولغاندا ئىككى
يۈز يىل كاردىن چىقىدىكەن. نەشىكەشلىككە قارشى كۈرەش
قىلىش يولىدا تەبىئەتنى خانىۋەيران قىلىشمۇ ئەقىللىق ئىش
ئەمەس: ئىنگا فېدوروۋنا ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىلمىي تەكشۈرۈش
دائىرىسىگە ئاشۇ مۇرەككەپ تەبىئەت سىرلىرىنى ئېچىشنىڭ
ئەڭ ئاقىلانە يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرىنى تېپىشمۇ كىرەتتى. ۋاي
خۇدايىمەي، دەپ ئويلايتتى ئاۋدىي، ئەگەر تەبىئەت پىكىر
قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بولسا، ئۆزلۈكىدىن ئۆسىۋات-
قان گىياھلار بىلەن ئىنساننىڭ مەنىۋى بۇزۇلۇشى ئوتتۇرىسى-
دىكى دەھشەتلىك ئۆزئارا باغلىنىش ئۇنىڭ يەلكىسىگە
قانچىلىك ئېغىر يۈك بولۇپ چۈشكەن بولار ئىدى - ھە.

* * *

ئاۋدېي كاللىستراتوۋ ئىنگا فېدوروۋنا بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان مۇناسىۋەتنى «تەقدىرىمدىكى يېڭى دەۋر» دەپ ئاتىدى، بۇنىڭدا ھېچقانداق مۇبالىغە يوق ئىدى.

ئۇ ئانا شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ ئەتىسىگىلا قىزغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن خەت يازدى. بۇغۇ مەيلى، يولدا پويىز بەش دەقىقىدىن كۆپ توختىغان ھەربىر بېكەتتىن ئاتكىرىتكىلارنى يېزىپ ئەۋەتكەنلىكىنى دېمەمسىز تېخى. بۇ ئاددىي ئاشىق - مەشۇقلۇققا ئوخشىمايتتى. ئاۋدېي ئۆزىنىڭ ھاياتلىق يولىدا ئىنگا فېدوروۋنانى ئۇچراتقىنىدىن بۇيان شۇنچىلىك ھاياجان ۋە ئىزتىراپلار ئىچىدە ياشىدىكى، بۇلارنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرغىلى بولمايتتى.

ئۇ قىزغا مۇنداق خەت يازدى: «ماڭا نېمە بولۇۋاتىدىكىن، ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ! ئۆزۈمنى ۋەزمىن، ئېغىر بېسىق ئادەم دەپ ھېسابلايتتىم. ئەقلىمۇ، تۇيغۇلىرىمۇ راۋان ۋە جايىدا ئىدى. ئەمدى بولسا، ھەتتا نېمە قىلىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. دەرۋەقە، ھېچ نەرسىنى بىلىشنى، تەھلىل قىلىشنى خالىمايمەن. نېمىشقا شۇنداق، ھەيرانمەن. بېشىمغا خۇددى تاغ كۆچكەندەك بەخت ياغدى. مەن بۇ كۆچكۈنىنىڭ ئاستىدا قالدىم. ئاپئاق قار، تاغ كۆچكۈنى يولىدا يولۇققان جىمىكى نەرسىلەرنى سۈرۈپ، ئۆزىگە قوشۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىر ھۆججەتلىك فىلىمدە كۆرگەنىدىم. شۇنداق كۈچ مېنىڭ ئۈستۈمگىمۇ ياغدى. دۇنيادا بۇنداق بەختىيار ئادەمدىن باشقىسى يوق، ھەم بولمايدۇ؛ ئامىتىم بار ئىكەن. مەن خۇددى ناغرىسىنى چېلىپ ئويۇنغا چۈشۈۋاتقان ياۋايى ئادەمگە ئوخشايمەن. مۇشۇ

يازدا بېشىمغا ياغدۇرغان ھەممە نەغمە - ناۋالىرى ئۈچۈن تەقدىرىمدىن رازىمەن: ئۇ مېنى تىرىك قالدۇردى، ھاياتنىڭ قىيناشلىرى ۋە گىرداپلىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىنى بەردى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشقا يەنە قەيەردە كۆرۈش مۇمكىن. مەن، بىر شەخس دائىرىسىدىكى مۇھەببەت — ھەقىقەتەن مەنىۋى ئىنقىلاب! شۇنداق ئىكەن، قېنى، ياشىسۇن مەنىۋى ئىنقىلاب! ياشىسۇن ھەممىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغۇچى ۋە يېڭىلىغۇچى مەنىۋى ئىنقىلاب! دېمەكچى بولدۇم.

«تۇتامى يوق سۆزلىرىم ئۈچۈن كەچۈر، ئىنگا. لېكىن مەن سېنى سۆيىمەن! مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئەزىز ئىكەنلىكىڭنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، بۇنىڭغا سۆزۈممۇ، كۈچۈممۇ يەتمەيدۇ...

«ئىنگا، ئەپۇ قىلىڭ، سەل ئارامىمنى ئېلىۋالاي. تەھرىر بۆلۈمىگە باردىم. ھەممىسىنى ئالا قويماي سۆزلەپ بەردىم. ئۇچېركنى يېزىشنى تېزلەتكىن دەۋاتىدۇ. بەلكى شۇ مۇھىم تېمىدا بىر تۈركۈم ئۇچېركلارنى يازارمەن. ئەگەر نىيىتىم ماڭا يولداش بولسا، ئېھتىمال دائىملىق ئىشلەش ئۈچۈن شۇ گېزىتخانىدا ئېلىپ قالار. لېكىن بۇ ھەقتە گەپ ئېچىشقا تېخى بالدۇر. مۇھىمى، ئەتە يېزىشقا ئولتۇرىمەن. سەپەردە ئەتەي ھېچ نەرسە يېزىپ ماڭمىدىم. ھەممىسىنى بىر چەتتىن ئەسلەپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ.

«ھەر قانداق قىلغاندىمۇ، زەھەر تارقاتقانلىقى ئۈچۈن، ئېغىر ۋە ئادالەتلىك، قانۇنىي جازاسىنى كۈتۈۋاتقان چاپارمەنلەرنىڭ تەقدىرىگە بىپەرۋالىق بىلەن قارىيالمايمەن. ئۇلارنى قىسمىتى ئاچچىق، بىتەلەي تىرىك ئادەملەر دەپ بىلىمەن. بولۇپمۇ لىيۇنكىغا ئېچىنىمەن. شاكىچىك خاراب بولىدىغان بولدى. بۇ يەردە يەنە شۇ ئەخلاقىي مەسىلە توغرىسىغا تۇرۇپتۇ. بۇ

توغرىدا سېنىڭ بىلەن جىق گەپلىشىۋىدۇق، ئىنىگا. سەن مۇتلەق ھەقلىقسەن، ئىنىگا. يەر شارىنىڭ ھەرقانداق نۇقتىسىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق ئىنساننىڭ ھەرقانداق جىنايىتى، ھەرقانداق ياۋۇزلۇقى، گەرچە بىز بۇنىڭدىن بىخەۋەر بولساقمۇ ۋە بۇنىڭدىن ناھايىتى يىراقتا تۇرساقمۇ، بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە بىلىشنى ئىستىمىسەكمۇ، بەربىر، ھەممىمىزگە تەئەللۇقتۇر. يوشۇرۇپ ئولتۇرىدىغان يېرى يوق، گاھىدا مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ قويىمىز، قاراڭلارچۇ، بىزنىڭ رەقىبلىرىمىز قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قاپتۇ، دەيمىز. لېكىن گېزىتلىرىمىز مەملىكىتىمىزنىڭ سىرتىدا بولۇۋاتقان جىنايەتلەر توغرۇلۇق يېزىپ توغرا قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا چوڭقۇر مەنىسى بار. ئەسلىدىن ئالغاندا، دۇنيادا ئىنسان يەلكىسىگە چۈشكەن ھەممە ئېغىرچىلىقلارنىڭ ئۆز تەڭپۇڭلۇقى مەۋجۇت. ئالەمدە بىردىنبىر پىكىر قىلغۇچى نەرسە — ئادەم ۋە ئادەملەرنىڭ مانا شۇ خىسلىتى، ئۇ بىزنىڭ خالاش – خالىماسلىقىمىزدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنى بىر – بىرىدىن ئايرىپ تۇرغان بارلىق نەرسىلەرگە قارىغاندا ئەۋزەلرەك. ھەممە قارىمۇقارشىلىقلىرىمىزغا قارىماستىن، بىز ئەڭ ئاخىرى ئەنە شۇ پىكىرگە كېلىمىز. يەر يۈزىدە ئەقىل – ئىدراك تەنتەنىسى شۇ بولىدۇ.

«ئىنىگا، شۇنىڭدىن غايەت خۇشالمەنكى، مېنى ھاياجانغا ۋە تەشۋىشكە سېلىۋاتقان نەرسىلەر ھەققىدە ساڭا بىمالال يېزىشىم مۇمكىن، چۈنكى مېنى چۈشىنىسەن، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. ئۈزۈلدۈرمەي خەت يېزىۋېرىپ، جېنىڭغا تېگىپ كېتەمەنمىكىن، دەپ قورقىمەن. قانداق قىلاي، يازماي تۇرالمايمەن، ئىلاجىم يوق، ئەكسىچە بولسا چىدىيالمايمەن. پىكرۇ خىيالىم سەندە، دائىم سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى ئىستەيمەن. گاھىدا قېنى، يەنە مويىنقۇمغا بېرىپ قالسام، موتىسكلىتتا ئۇچقۇ-

دۇققا كەلگىنىڭنى يەنە كۆرسەم دەيمەن، سەن مېنى شۇ چاغدىلا ئەسىر قىلىۋالغانىدىڭ. دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ئىدىيىسىنى قىزغىن ھىمايە قىلىدىغان مېنى ئەسىر قىلىۋالغانىدىڭ. شۇ يەردە سېنى كۆرۈپ، شۇنچىلىك لال بولغانىدىمكى، ھېلىمۇ ئەسلىسەم يۈرىكىم گۇپۇلدەپ ئۇرۇپ كېتىدۇ. سەن مىسالى زامانىۋى لىباسلاردا ئايدىن چۈشكەن پەرىزاتتەك بولدۇڭ...

«مانا شۇلارنى ئەسلەپ ئولتۇرۇپ، شۇ يەردە، چاپارمەنلەر بىلەن توقۇنۇشقان چېغىمدا، ئىنسان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنىڭ جىڭ - تارازىلىرىدا، مەيلى زىغىردەك بولسىمۇ يامانلىق ئازىيىپ، ياخشىلىقنىڭ ھەممىسى كىچىككىنە بولسىمۇ كۆپىيىشىگە خىزمەت قىلالمىغانلىقىمدىن ئۆكۈنمەكتىمەن. ئۇلارنى خۇدادىن قورقىدۇ دەپ ئويلىۋىدىم. لېكىن ئۇلارنىڭ خۇداسى پۇل ئىكەن. مانا ھازىر شۇ چاپارمەن باللارغا قانداق ياردەم بېرىشىم مۇمكىن، دېگەن پىكىر مېنى قىينايدۇ. تەقدىر ئىكەن، ئۇلارغا دۇچ كەلدىم، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولدۇم. مەن ئەڭ ئالدى بىلەن توۋا - تەزەررۇنى نەزەردە تۇتۇپتىمەن. ئۇلارغا توۋا قىلىش يولىنى كۆرسەتمەكچىدىم. توۋا ئىنسانىيەت مەنىۋى تارىخىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ نېمەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. زامانىمىزدا ئۇنىڭ سۇنۇق يارماقچىلىك ئېتىبارى قالمىدى. لېكىن ئادەم توۋا - تەزەررۇسىز ئادەم بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ خاھى ھەددى - ھەرىكەتلەردە، خاھى ئوي - پىكىرلەردە، خاھى ئۆزىنى قىيناپ ئۆرتىنىشلەردە، خاھى ئىزتىراپ - پۇشايمان قىلىشلاردا ئەيىبى ۋە خاتالىقىنى تەن ئېلىپ لەرزىگە چۈشمىگۈچە ۋە كۆزى ئېچىلمىغۇچە ئىنسان ئىنسان بولارمۇ؟... ھەقىقەت يولى كامالەتكە يېتىشنىڭ كۈندىلىك يولىدۇر...

«ئاھ خۇدا، يەنە شۇ كونا گەپكە چۈشۈپ كېتىپتىمەنغۇ! مېنى كەچۈر، ئىنگا. يۈرىكىم قىنىدىن چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، چۈنكى

پەقەت سىنىلا ئويلايمەن. نەزەرىمدە، ساڭا ئېيتمىسام بولمايدىغان گەپلىرىمنىڭ يۈزمىڭدىن بىرىنىمۇ ئېيتىپ ئۈلگۈرەلمىگەندەك ئەمەسمەن...

«قىنى، سىنى تېزرەك كۆرسەم، ئويلاپ باقسام، كۆرۈشمىگىنىمىزگە بىر ھەپتە بولۇپتۇ...

«بەكمۇ، بەكمۇ سېغىندىم، قەلبىم تىنماستىن ئۆرتىنىدۇ. باشقا ھايات تەشۋىشلىرىنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئالدىمدا ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە بولۇپ قالدى، ئاجايىپ ئىش ـ ھە...»

* * *

ئىيۇل ئاخىرلاشتى. بىر كۈنى گېزىت تەھرىر بۆلۈمىدىن كۆڭلۈم غەش بولۇپ چىقتىم. يۈرىكىمگە قىل سىغمايتتى. تو-ساتتىنلا چۆل ئوچېركلىرىمغا مۇھەررىرنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆزگەر-گەنىدى. بەس ـ مۇنازىرە قوزغايدىغان ماتېرىيال ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئىلھاملاندۇرغان تەھرىر بۆلۈمىدىكى يول-داشلارمۇ ئەمدى ئۆزلىرىنى غەلىتە. خۇددى ئەيىبلىك ئىش قىلىپ قويغاندەك تۇتۇشاتتى.

بۆلارنى كۆتۈرۈش ماڭا ئېغىر كېلەتتى. كىشىلەر ئالدىمدا ئۆزلىرىنى گۇناھكار دەپ ھېس قىلىشسا، بۇنىڭدىن شۇنچىلىك ئازابلىنىمەنكى، ئۇلارنى ۋىجدان ئازابىدىن پاتراق قۇتۇلدۇرۇش-نىڭ پېيىگە چۈشىمەن، مېنى كۆرگەندە قىسىلىپ ـ تارتىنىپ ئولتۇرمىسۇن دەيمەن. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئەيىبى ئۈچۈن ئۆزۈم-نى ئەيىبلىك دەپ ھېسابلاشقا باشلايمەن...

تەھرىر بۆلۈمىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، بۇ يەرگە ئەمدى قەدەم باسمايمەن، كۆزلىرىگە سەت كۆرۈنۈپ نېمە قىلىمەن،

كېرەك بولسام چاقىرتىشار، دەپ ئويلىدىم. ئەگەر چاقىرتمىسا، يەنە ئۆزلىرىگە ئامانەت. بولمىسا، بۇ ئىشتىن ھېچنەرسە چىقمىغانلىقىنى ۋە ئۈمىد يىپلىرىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى بىلىمەنغۇ.

روسىيىدە يازنىڭ ئەڭ گۈزەل چاغلىرى ئىدى. مەن چوڭ كوچىلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم، ئىچىمگە چىراغ ياقسىمۇ يورۇمايتتى. چۆل ئوچېركلىرىنى يېزىش ئۈچۈن قانچىلىك كۈچ - قۇۋۋىتىمنى سەرپ قىلدىم، ئۇلاردا پۇقرالىق سۆيۈتىم بىلەن قايغۇلۇق كەيپىياتىمنى بايان قىلماقچى بولدۇم، دىل سادالىرىمنى قىلچە يوشۇرماستىن قەغەز بەتلىرىگە چۈشۈردۈم. لېكىن كۈتۈلمىگەندە، مەملىكەتنىڭ ئابرويى دېگەن قانداقتۇر گەپلەر چىقتى (ئويلاپ بېقىڭا، بىز ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز نېمىنى يوشۇرىمىز؟). مانا ئەمدى مىڭ مۇشەققەتتە قولغا كەلگەن چۆل ئوچېركلىرىم شۇ گەپ - سۆزلەرنىڭ تېگىدە كۆمۈلۈپ كەتمەكچى. قانچىلىك خاپا بولغانلىقىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. يەنە ھەممىدىن بەك ئەلەم قىلىدىغان يېرى شۇكى، مۇھەررىر نېمە دەيدۇ دەڭ: «بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى رەھبىرىي ئورگانلارغا مەلۇمات تەرىقىسىدە يېزىپ بېرىش كېرەكتۇر. ئۇلار زۆرۈر چارىلەرنى كۆرەر.»

مەن تاقىتىم تاق بولۇپ، ئېتىراز بىلدۈردۈم: «بىز قاچانغىچە ئۆزىمىزنى، ھەتتا پالاكەتلىرىمىزنىمۇ باشقىلارنىڭكىدىن ياخشى دەپ ئىشىنىدۇرىمىز؟»، «بۇنىڭ بىلەن پالاكەتنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟» دەپ قاپىقىنى تۈردى مۇھەررىر. «ئالاقىسى شۇكى، نەشكەشلىكمۇ ئىجتىمائىي پالاكەت» دېدىم مەن.

مەن چىقىپ كەتتىم. پەقەت ئىنگانىڭ خەتلىرىلا كۆڭلۈمگە يورۇقلۇق ئېلىپ كىرەتتى. ئۇنى سېغىنىپ، كۆرگۈم كەلسە، دەرھال خەتلىرىنى تەكرار - تەكرار ئوقۇيتتىم. قەلب قاتتىنىشى

بار، مەن بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. بولمىسا، مېنى تىنىمسىز ئويلارغا سالغان، قىيىنىغان، ھەممىدىن بەك ھاياجانلاندۇرغان ۋە تەشۋىشلەندۈرگەن نەرسىلەر توغرىسىدا ئۇنىڭ خەتلىرىدە بۇرۇنراق گەپ ئېچىلغانلىقىنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن؟ بۇ خەتلەر ماڭا ئۈمىد ۋە ئىشەنچ بېغىشلايتتى. ياق، قىسمەت مېنى ئالدىمىدى، مېنىڭدىن كۈلمىدى. ھازىرقى زامانىنىڭ ياش جۇۋانلىرىغا ماڭا ئوخشاشلار ياقامدۇ زادى؟ مەن ئەدەب - ئەخلاق ھەققىدە كونا چۈشەنچىلەردە يۈرگەن، ئامىتى قاچقان، تەلىيى ئوڭدىن كەلمىسىگەن، چالا ساۋات بىر لەقۋامىسىدىم؟ باتۇر، قامەتلىك، جاسارەتلىك يىگىتلەرگە تەڭلىشەلمەمدىم؟ بىراق ئىنگا خەتلىرىدە ماڭا شۇنچىلىك ئىشەنچ بىلدۈرىدۇ، ھۆرمەت ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ، ئەڭ مۇھىمى، قەلبىنىڭ مايىللىقىنى ئوچۇق ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭدىن مەن قاناتلانغاندەك بولىمەن، كۆڭلۈم كۆتۈرۈلىدۇ. ئىنگامنى ئۇچراتقىنىمدىن شۇنچىلىك شاد ۋە بەختىيارمەن. مۇھەببەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ شۇنىڭدا، بىر - بىرىگە تىنىمسىز تەلپۈنۈشىدۇ ئەمەسمۇ...

ھازىرغىچە ھېچقانداق تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى تىلغا ئالغۇدەك بولمىدۇق. شۇنىڭغا قارىماي، بۇنداق تەشۋىشلەرنىڭ بارلىقى ۋە ئۇلارنى ئېچىش زۆرۈرلۈكىدىن خۇشال ئىدىم. مەن مۇقىم دارامىتى بولغان ئېنىق بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇشۇم كېرەك ئىدى. مۇشۇ كۈنگىچە ئاتامنىڭ كونا كىتابلىرىنى سېتىپ جېنىمنى بېقىپ كەلگەنىدىم ۋە بۇنىڭدىن ھەددىدىن زىيادە سىقىلاتتىم. مەن ئاسىياغا، ئىنگانىڭ ئالدىغا بېرىش خىيالىدا ئىدىم. شۇ يەردە ئىشقا ئورۇنلاشسام، يىلتىز تارتسام، دائىم ئۇنىڭ يېنىدا بولسام دەيتتىم. ئۇنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتىگە ياردەمچى ئىشچى بولۇپ كىرىشكە، تەتقىقات ئىشلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىشى ئۈچۈن ياردەملىشىشكە تەييار



www.uyghurkitap.com

ئىدىم. بىر تەرىپى، بۇ تەتقىقاتلارغىمۇ ئەمدى پەرقسىز قارىيالمايتتىم. ئىككىمىزنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتى شۇ يەردە بىرلەشەتتى: مەن نەشىكەشلىكنى ئەخلاقىي ۋە مەنىۋى يول بىلەن يوقىتىشنى كۆزلەيتتىم، ئۇ بولسا، ئۇ مەسىلىنى ئىلمىي جەھەتتىن ھەل قىلىش ئۈستىدە ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئۆز ئىشىغا بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، زوقۇم كېلەتتى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ خىزمىتى ئۇنچىلىك دىققەت - ئېتىبارغىمۇ ئېلىنمايتتى، ئۇنىڭغا شان - شۆھرەتمۇ كەلتۈرەلمەيتتى، تېز كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن پەلەمپەيمۇ بولمايتتى. ئوچۇقنى ئېيتقاندا، ئىنگا ياۋايى ھالدا ئۆسىدىغان كەندىرنى يوقىتىشتەك ئىلمىي مەسىلە ئۈستىدە جىددىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان بىردىنبىر كىشى ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزى شۇ يەرلىك، جامبۇللۇق ئىدى. تاشكەنتتە ئوقۇغانىدى. ئىلمىي ئىشنىڭ دەل مۇشۇ ساھەسىنى تاللىۋېلىشىدا، ئەلۋەتتە، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم دەرىجىدە ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزگەنىدى.

ئىنگانىڭ ھاياتىدا ئۆزىگە يارىشا پېشكەللىكلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىنقى ئېرى — ھەربىي ئۇچقۇچى بولۇپ، ئۈچ يىلدىن بېرى بىللە تۇرمايتتى، ئىنگا ئوغۇل تۇغقاندىن كېيىن ئاجرىشىپ كەتكەنىدى. ئۇچقۇچى ھازىر باشقا بىرىگە ئۆيلەنمەكچى بولۇپ يۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىنگا بىلەن ئاخىرقى قېتىم ئۇچرىشىپ، ھەممە ئىشنى بولۇپمۇ ئوغلىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىشى كېرەك ئىدى. كىچىك ئىگور جامبۇلدا، بوۋىسى بىلەن موممىسىنىڭ قولىدا، دوختۇرلار ئائىلىسىدە تەربىيىلەنمەكتە ئىدى، لېكىن ئىنگا ئوغلىنىڭ دائىم ئۆزى بىلەن بىللە تۇرۇشىنى ئىستەيتتى. ئىنگا خەتلىرىنىڭ بىرىدە، ئوغلۇمنى كۈزدە جالپاق - سازغا ئېلىپ كەلمەكچىمەن، تۆمۈريول بالىلار باغچىسى قوبۇل قىلىدىغانغا ۋەدە قىلدى، دەپ

www.uyghurkitap.com

يازغىنىدا، بۇنىڭدىن قاتتىق خۇشال بولدۇم ۋە ئۇنىڭغا نېمە لازىم بولسا، ھەممىسىنى بەجانىدىل ئادا قىلىدىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ جاۋاب خەت يازدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، كۈزدە دەم ئالىمەن، بىللە جامبۇلغا بارساق، ئوغلۇمنى ۋە ئاتا ـ ئانامنى كۆرۈپ كەلسەك، دەپ خەت يازدى. بىللە سەپەر قىلىش توغرىسىدىكى سۆزىدىن بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتىم. ئۇنىڭغا خالىغان چاغدا بېرىشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى، ئۇنىڭدىن جېنىمنىمۇ ئايىمايدىغانلىقىمنى، ئومۇمەن ئالغاندا، دائىم ھەر ئىككىمىزنىڭ ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەپ ئىش تۇتماقچى ئىكەنلىكىمنى يېزىۋەتتىم. ساڭا پايدام تەگسە، ساڭا كېرەك بولسام، مېنىڭ بەختىم شۇ، دېدىم.

كۈزدە تۇرمۇشىمىزنى ھەل قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئوي ـ پىكرىم شۇنىڭ بىلەنلا بەند ئىدى. جامبۇلغا ئىنىگانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە كىچىككىنە ئىگورنى كۆرگىلى بارىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ، ئۆزۈمنى قويغىلى جاي تاپالمايتتىم. كۆپ نەرسىلەر شۇنىڭغا باغلىق ئىدى. سەپەر ئۆزلۈكىدىن بولمايدۇ، ئۇنىڭغا مەبلەغ لازىم ئىدى. بېرىشنىڭ ئۆزىگىلا خېلى پۇل كېتىدۇ. مويىنقۇم ئوچېركلىرىنىڭ نەشرىدىن چىقىشىغا ئۈمىد باغلىغانىدىم. ئەپسۇسكى، بۇمۇ يوققا چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوبلاستلىق باسما زاۋۇتىدا ۋاقىتلىق ئىشلەيدىغان كېچىلىك كوررېكتور بولۇپ ئىشقا كىردىم. شۇنىڭ بىلەن كۈنلىرىم ئۆتۈپ تۇردى...

ئاخىرى، ئىنىگادىن يەنە خەت ئالدىم. ئۇ خېتىدە جالپاق ـ سازغا ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كېلەلەيمەن، ئەگەر كېلەلەيدىغان بولساڭ، نويابىر بايرىمىغا بىللە جامبۇلغا بارايتتۇق، دەپ يازغانىدى...

ھوشۇمنى يوقىتىپ، تېلېگرامما ئەۋەتەي دەپ، شۇ زاماتلا شەھەرلىك تېلېگراف ئىدارىسىغا چاپتىم — كىتاپلارنى تېزرەك سېتىپ يولغا چىقمىسام بولمايتتى.

## V

ئوبېر - كاندالوۋ موينىغۇمدا كېيىك قىرغىنىغا ئادەم ئىزدەپ ۋوكزالنى ئايلىنىپ يۈرگىنىدە ئاۋدىي كاللىستراتوۋغا ئۇچرىشىپ قالدى.

بۇ ئىشنى ئوبېر - كاندالوۋغا تاپشۇرغان كىشى ئىشنىڭ ئېپى - جېپىنى بىلىدىكەن. كاندالوۋ كۆپنى كۆرگەن ئادەم، ئۇ تۆمۈر يول ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ئىدارىسىغا باشلىق بولۇپ ئورۇنلىشىۋالغان. ئىلگىرى ھەربىيدە، يەنە كېلىپ جازا لاگېرىدا خىزمەت قىلغان (بۇنىڭ ئالاقىسى ناھايىتى زور!) ئۇ چۆلدىكى ئالدىراش تەدبىرگە ناھايىتى لايىق ئىدى. بۇنىڭدا كاندالوۋمۇ بەزى نەرسىلەرنى كۆزلەپ قويغانىدى. ئوبلاست باشقارمىسىغا گۆش تاپشۇرۇش پىلانىنى بېجىرىشكە ياردەملەشسەم، ئۆزۈمنى خېلى كۆرسىتىۋالسام، ئايرىم ئوبلاست ئىدارىلىرىنىڭ قوللاپ - قۇۋۋەتلىشى بىلەن پارتىيىلىكىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالسام، دەپ مولجاللايتتى. ئۇنى قانداقتۇر پۇل، مال ئوغرىلىغانلىقى ئۈچۈن ياكى ئېغىر جىنايەتچىلىكلەرگە يول قويغانلىقى ئۈچۈن پارتىيىدىن چىقىرىۋەتكەن ئەمەس، ئۇنىڭ دۆلەتكە قىلچە زىيىنىمۇ تەگمىگەن. كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان قىلمىش بىلەن قولغا چۈشكەن، ئۇ جازا لاگېرىدا جىنايەتچىلەرنى ئۆزى بىلەن بىللە يېتىشقا، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى بەچچىۋازلىق قىلىشقا مەجبۇر قىلغان، خالاس. شوپ، ھەربىي سەپتە مۇددەتتىن ئاشۇرۇپ خىزمەت ئۆتەۋاتقان ستارشىنا گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ، ئىدىيە جەھەتتە خەۋپلىك بەزى

شەخسلەر، بولۇپمۇ خىلمۇخىل دىنىي مەزھەپتىكىلەر ۋە نەشە
كەشلەرنى بەچچىۋازلىقتا زورلاپتۇ، شۇنىڭغىمۇ شۇنچىلىك قىلىپ
كەتكەن بارمۇ؟ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟
قاچانغىچە شۇ ئىش تۈپەيلىدىن دۇمبا يەپ يېتىۋەرگۈلۈك؟
خوتۇنىنىڭ تاشلاپ كەتكەنلىكىنىڭ ئۆزى يېتىپ ئاشمامدۇ؟
ھاراق ئىچسە ئىچىپتۇ، لېكىن ھازىر ئىچمەيدىغان كىم بار؟
ھالبۇكى، ئەگەر ئېتىبار بىلەن قارايدىغان بولسا، ئۇ تولىمۇ
يارامLIق ئادەمغۇ. مانا، جىددىي بىر ئىشنى تاپشۇرۇۋىدى، كۆزنى
يۇمۇپ ئاچقۇچىلا بىرمۇنچە ئادەم توپلاپ كەلدىغۇ. ئۇ يېرىم
كېچىدە ۋوگزالغا باردى، ئادەملەرگە شۇنداق سەپسالدى. ئۇنىڭ
كۆزلىرى پىششىپ كەتكەن بولغاچقا، مويىنقۇمغا بېرىشقا
تەييار تۇرغان، پۇلغا موھتاج، ئاسانلا تاپقىلى بولىدىغان
دارامەتكە ئېرىشىش كويىدا يۈرگەن بېلى بوش ئادەملەرنى
سېزىۋالدى. ئاۋدېي كاللىستراتوۋنىمۇ شۇ يەردە ئۇچراتتى.

ئاۋدېي كاندالوۋنىڭ تەكلىپىنى موھتاجلىق تۈپەيلىدىنلا
قوبۇل قىلغىنى يوق: شۇ چاغدا، ئۇ زادىلا كۈتمىگەن، غايەت
تەشۋىشلىك بىر ئەھۋال يۈز بەرگەنىدى — ئۇ ئىنىگا فېدوروۋ-
نانىڭ خېتى بويىچە جالپاق - سازغا كېلىپ، ئۇنى بۇ يەردىن
تاپالماي، بەكمۇ مەيۈس ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن بۇنىڭغىمۇ
شۇنچە خاپا بولۇپ كەتكەن بارمۇ؟ بۇنىڭغا ئۇ ئۆزىمۇ بىر
نېمە دېيەلمەيتتى. ئۇ ئايروپىلاندا كەلدى. ئايروپىلانغا ئولتۇ-
رۇش ئۈچۈن موسكۋاغا باردى. كۈن بويى پايىپاسلاپ يۈرۈپ
بېلەت تاپتى. ئالمۇتىدىن بۇ يەرگىچە پويىزدا كەلدى. ناھايەت،
ئىككى كۈن دېگەندە، كېسەلخانىغا قوشنا بولغان تەجرىبىخانا
ھويلىسىدىكى چاققانغىنا ئۆيگە يېتىپ بارسا، ئىشىك ئېتىك.
ئاچقۇچ قويىدىغان تۆشۈككە ئىنىگا فېدوروۋنا ئىككى ئىلىك خەت
تىقىپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭدا ۋوگزال پوچتىخانىسىدىن ئاۋدېينىڭ

نامىغا يېزىلغان خەتنى ئېلىۋېلىش تاپىلانغانىدى. ئاۋدىي ھايال قىلماي پوچتىخانىغا چاپتى، ئۇنىڭغا خەتنى دەرھال بەردى. ئۇ يۈرىكى سوقۇشىتىن توختاپ قالاي دېگەن ھالەتتە كىچىككىنە باغچىغا كىرىپ، ئۆزىنى ئورۇندۇققا ئولتۇردى ـ دە، خەتنى ئاچتى:

«ئاۋدىي، مېھرىبانىم، مېنى كەچۈر. بۇنداق ئۇقۇشماسلىقنى بىلگەن بولسام، ساڭا ھازىرچە كەلمەي تۇر، دەپ خەۋەر بەرگەن بولاتتىم. ئېھتىمال، يوللىغان تېلېگرامامنى ئالمىغانسەن، يولغا چىققاندۇرسەن. گەپ شۇنىڭدىكى، كۈتۈلمىگەندە ئىگورنىڭ ئاتىسى جامبۇلغا كېلىپ، بالا توغرۇلۇق سوتقا ئەرز بېرىپتۇ. تېزلىك بىلەن جامبۇلغا كەتتىم. بۇنىڭغا ئۇنىڭغا يازغان خېتىم سەۋەبچى بولغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭغا ئۆزۈم غايەت ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم بىلەن تۇرمۇش قۇرماقچى بولۇۋاتقانلىقىمنى ئوچۇق بايان قىلغانىدىم. ئارىمىزدا بالا بارلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئېيتمىسام بولمايتتى.

سۆيۈملۈكۈم، مېنى يەنە بىر نۆۋەت كەچۈر. شۇنداق بولۇپ قالدى. ئەجەبمۇ ياخشى بولدى. ئەتە بولامدۇ، ئۆگۈنمۇ، بەرىبىر بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك ئىدى. يۈتىدىغان ئىشنىڭ يۈتۈپ تۇرغىنى ياخشى.

سەن كەلگىنىڭدە ئىشىك ئېتىك بولىدۇ. ئاچقۇچنى تەجرىبىخانىدىكى قىزىمىز سەۋلە ئالمىبايېۋاغا قويۇپ كېتىمەن. بەكمۇ ياخشى قىز. تەجرىبىخانىمىزنىڭ نەدىلىكىنى بىلىسەنغۇ. ئۇنىڭدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، مېنىڭكىدە بىمالال تۇرىۋەرگىن. ھېچنەرسىدىن قىسىنما، مېنى كۈت. ئەپسۇسكى، ئالىيە ئىسمائىلوۋنا دىم ئېلىشقا كەتكەن، بول-

مسا ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشۇڭ مۇمكىن ئىدى، ئاجايىپ ئايال. ئۇ سېنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلىدۇ. ئىشلىرىم بىر ھەپتىدە پۈتۈپ قالار. بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە ھېچنەرسە توسالغۇ بولماسلىقى ئۈچۈن، قولۇمدىن كېلىشىچە ھەرىكەت قىلىمەن. كىچىككىنە ئىگورنى كۆرۈشۈڭنى ئارزۇ قىلغانىدىم. مېنىڭچە، ئۇ ئىككىڭلار ئىناق بولۇپ كېتىسىلەر. ھەممىمىز بىللە تۇرساق دەيمەن. ئۇنىڭغىچە، بۇرۇن ئېيتقىنىمدەك، ئاتا - ئانامنى كۆرۈپ كەلسەڭ. سەن فېدور كوزمىچ ۋە ۋېرونىكا ئاندرېيېۋنا بىلەن تونۇشۇۋېلىشىڭ كېرەك. سۆيۈملۈكۈم ئاۋدىي، رەنجىمە ۋە كۆڭلۈڭگە ئالما، ھەممىسى جايىدا بولىدۇ.

سېنىڭ ئىنگاڭ.

ھە راست. ئەگەر ئىشتىن چۈشكەن چاغلاردا كېلىپ قالساڭ، ئالمابېۋانىڭ ئادرېسى: ئاباي كوچىسى، 41. ئېرىنىڭ ئىسمى داۋۇرېك ئىكسانوۋىچ».

ئاۋدىي خەتنى ھودۇققان ھالدا ئوقۇپ چىقىپ، ئويغا چۆمدى. ئۇ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ھېچ كۈتۈلمىگەندە، ئىش تامامەن باشقىچە تۈس ئېلىشقا باشلىغانىدى. ئاۋدىي ئاچقۇچ ئىزدەپ بارمىدى. كۈتۈش زالىدا ئوبدان ئويلىنىۋېلىش قارارىغا كەلدى. تونۇش كېسەلخانا ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى. ئاندىن بېكەت بىلەن شەھەرچە ئوتتۇرىسىدا يالغۇز ئاياغ يول بارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

چۆلگە كەچ كۈز كىرگەنىدى. خېلىلا سالقىن چۈشكەن. ماموقتەك، ئۇكىدەك بۇلۇتلار خۇددى دېڭىزلارنىڭ يىراقتىكى ئاق بۇژغۇنلىرىدەك ئۆكتەبىرنىڭ بوز رەڭ تۈس ئالغان ئاسمىنـ

نى قاپلىغانىدى. دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ بولاي دېگەنىدى، قوڭۇر يوپۇرماقلار شىلدىرلىشاتتى. ئېتىزلارمۇ يىغىشتۇرۇۋېلىنغان بولۇپ، يالىڭاچلىنىپ قالغانىدى. جالپاق - سازنىڭ كوچىلىرى ھۇۋۇلداپ تۇراتتى، زېرىكەرلىك ئىدى. ھاۋادا ئۈسۈملۈكلەرنىڭ توزانلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئادەمنىڭ يۈزىگە چاپلىشاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاۋدىيىنى غەمگە پاتۇردى. ئۆزىنىڭ تېخنىكىۋى قۇدرىتى بىلەن بىپايان چۆلدىن ئورۇن ئالغان ئىستانسىنى ھەممە ياقتىن گۈلدۈرلىگەن، تاراقلىغان ئاۋازلار چۆمكىۋالغان بولۇپ، ھاياتلىق تومۇرلىرى توختىماستىن گۈپۈلدەپ سوقۇپ تۇراتتى. كۆز يەتكۈسىز تۆمۈر ئىزلاردا پويىزلار ئۆياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى، ئادەملەر ئۆتۈشەتتى، رادىئودىن باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئاۋازلىرى چۆلگە خىرىلداپ تارقىلىپ تۇراتتى.

ئاۋدىي ئاشۇ ياز كۈنلىرىنى، چاپارمەنلەر ۋەقەسىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىنى يەنە ئەسلىدى. شۇ ئەسنادا ئاۋدىي يەنە نەچچە رەت تووا - تەزەررۇ توغرىسىدىكى خىياللارغا قايتتى. ئۇ قانچە كۆپ ئويلىغانسېرى شۇنچە كۆپ ئىشەنچ ھاسىل قىلاتتى، تووا، بۇ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى كۆپەيگەنسېرى ئېشىپ بېرىۋېرىدىغان ۋىجدان قىممىتى، قولغا كىرگۈزۈلىدىغان قىممەت، ئىنسان ئەقىل - ئىدرىكى تەرىپىدىن تەربىيىلىنىدىغان، پەرۋىش قىلىنىدىغان قىممەت ئىكەن. پۇشايمانلىق ھېسسىياتى ئادەم بالىسىدىن باشقا ھېچكىمگە بېرىلمىگەن. تووا قىلىش — ئىنسان روھىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئەبەدىي توختىمايدىغان ۋە قۇتۇلمىقى تەس بولغان بىر قارىشى. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكى ياكى جىنايىتى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەرقانداق جازا جىنايەتچىنى پۇشايمانغا سېلىشى كېرەك، ئەكسىچە بولغاندا، بۇنىڭ ۋەھشىي ھايۋاننى

www.uyghurkitap.com

جازالاشتىن ھېچقانداق پەرقى قالمايدۇ.

ئاۋدېي شۇلارنى ئويلىغان پېتى ۋوگزالغا قايتتى. ئېسىگە ھېلىقى ئاچچىقى يامان لىپتىنانت چۈشۈپ، ئۇ مېنى ئەسلەمدىكىن، پېترۇخا، لىيونكىغا ئوخشاش نەشە يىغقۇچىلارنىڭ ھالى نېچۈككىن، دېگەن خىيالدا لىپتىنانتنى كۆرمەكچى بولدى. بۇنى بىلمەكچى بولغانلىقىنىڭ باشقا بىر سەۋەبىمۇ بار ئىدى: ئۇ خۇددى ئاسماننىڭ چېتىدە تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلاردەك ئۆزىنى تىنىمسىز ئۆرتەپ، بىئارام قىلىۋاتقان ئىنگا فېدوروونا توغرىسىدىكى خىياللاردىن جان - جەھلى بىلەن قۇتۇلۇشنى خالايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتى ۋە كېلەچىكىنى ئەمدى شۇ نەرسە بىلەن ئۆلچەيتتى. ئۇنىڭ تەقدىرى يىراق جامبۇلدا ئىشىنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىغا باغلىق بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بۇ يەردە ئامالسىز ئىدى، شۇنداق ئىكەن، بۇنى ئويلىماسلىق، يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان خىياللاردىن نېرى قېچىش كېرەك. ئەپسۇسكى، ئاۋدېي ئاچچىقى يامان لىپتىنانتنى تاپالمىدى. ئاۋدېي ساقچى بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى تاقىلدىتىۋىدى، بىر خادىم چىقتى.

— نېمە دەيسىز؟

— بىر لىپتىنانت بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، — دەپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى ئاۋدېي بۇنىڭدىن ھېچ نەرسە چىقمايدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ.

— كىم ئۇ؟ بىزدە لىپتىنانت دېگەن جىق.

— ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ئىسمى - شەرىپىنى بىلمەيمەن، لېكىن كۆرسەم تونۇيمەن.

— ئىشىڭىز بارمۇ؟

— نېمە دېسەم بولىدىكىن، پاراڭلاشماقچىدىم...

ساقچى خادىمى ئۇنىڭغا قىزىقسىنىپ قارىدى.

— مەيلى، قاراپ باق، لېيتېنانتنىڭنى تاپارسەن بەلكى، — دېدى ئاندىن ئۇنى سەنلەپ.

لېكىن بۇ نۆۋەت ئىچكىرىدە، تېلېفون ئالدىدا باشقا بىر ئادەم كىم بىلەندۇر سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. ئاۋدېي ئۆزرە سوراپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئىلگىرى قولغا چۈشكەن جىنايەتچىلەر ئولتۇرغان توسۇقنىڭ كەينىگە كۆز يۈگۈرتتى. قەپەس بوش ئىدى.

ئاۋدېي يەنە خالار - خالىمايلا يۈرىكىنى ئۆرتىگەن خىياللار دېڭىزىغا چۆمدى. ئىنگاغا نېمە بولدى؟ ئۇنىڭ ئىنگا تاشلاپ كەتكەن ئاچقۇچنى زادىلا بېرىپ ئالغۇسى كەلمەيتتى: ئىنگانىڭ ھۇۋلاپ تۇرغان ئۆيدە يەنە يالغۇز، ئازابلىق ئويلار ئىسكەنجىسىدە پۇچۇلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزىنى ھەددىدىن زىيادە يالغۇز ھېس قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەگەر ئىنگانىڭ ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىشىنى بىلىدىغان بولسا، ۋوگزالدا ئولتۇرۇپمۇ كۈتۈۋېرەتتى. ئاۋدېي شۇ تاپتا جامبۇلدا نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزى سۆيگەن ئايالغا نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا ئۇرۇناتتى ۋە قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدىغانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. ئاتا - ئانىسى بالىنى ئاتىسىدىن مەھرۇم قىلماسلىق ئۈچۈن ئېرىڭ بىلەن يارىشىۋال، دەپ تۇرۇۋالسا، ئۇ ھالدا نېمە بولىدۇ؟ ئىش شۇ دەرىجىگە بېرىشىمۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇ چاغدا خالتا - پالتىسىنى كۆتۈرۈپ كەينىگە قايتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئاۋدېي يالتىراپ تۇرغان، كېلىشكەن، ھەربىي فورما كىيگەن، پاگون تاقىغان، ئۇنۋانىمۇ مايوردىن كىچىك بولمىغان كىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئاۋدېينىڭ ھېچقانداق ئەۋزەل يېرى يوق. ئەلۋەتتە، ئىنگا ئۈچۈن قانداقتۇر ئۇنۋانلار ۋە تاشقى كۆرۈنۈشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئەمەسلىكىگە ئاۋدېينىڭ ئىشەنچى

www.uyghurkitap.com

كامىل ئىدى. كىم بىلىدۇ، ئىنىگانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۈچۈن بەلكىم بۇنىڭ ئەھمىيىتى باردۇر. ئۇلارغا ھەربىي ئۇچقۇچى ئىگورنىڭ ئاتىسى كۆيئوغۇل بولغىنى ياخشىمۇ ياكى ئىش ـ پىشىنىڭ تايىنى يوق غەلىتە بىر ئادەمنىڭ كۆيئوغۇل بولغىنىمۇ؟ ئۇلار بۇنىڭغا پەرقسىز قارىيالمىسا كېرەك.

قاش قارايماقتا ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاۋدىينىڭ كۆڭلى تېخىمۇ غەش بولدى. ئادەملەر تېقىلىپ كەتكەن ۋوگزالنىڭ ئىچى غوۋا يورۇتۇلغان، ھاۋا دىمىق، تاماكا ئىسىغا تولۇپ كەتكەنىدى، ئاۋدىينىڭ ئىچىگە چىراغ ياقسىمۇ يورۇمايتتى. ئۇ قاراڭغۇ، قورقۇنچلۇق ئورمانغا كىرىپ قالغاندەك ئىدى. غېرىبتىن بەتتەر غېرىپ ئىدى. كۈز شامallىرى ۋىژىلداپ دەرەخلەرنىڭ بېشىنى ئېگىدۇ، پات ئارىدا قار چۈشىدۇ، قار دەرەخلەرنىمۇ، ئاۋدىينىمۇ كۆمۈۋېتىدۇ. ھەممىسىنى قار باسىدۇ، ھەممىسى ئۇنتۇلىدۇ... ئاۋدىي جېنىدىن تويغانىدى. ئەگەر شۇ دەقىقىلەردە ئۇ ئىنىگانىڭ كەلمەيدىغانلىقىنى، كەلسىمۇ يالغۇز كەلمەي، نەرسە ـ كېرەك ۋە كىتابلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەربىي ئۇچقۇچىسى بىلەن جۆنەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسە، شۇ زاماتلا، ھەتتا ئويلاپمۇ ئولتۇرماي ئۆزىنى پويىزنىڭ ئاستىغا ئاتقان بولاتتى...

مويىنقۇم سەپىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئادەملەرنى توپلاپ يۈرگەن ئوبېر ـ كاندالوۋ ئاۋدىي كاللىستراتوۋنى مانا شۇنداق ئېغىر سائەتتە، بىمەھەل بىر چاغدا جالپاق ـ ساز ۋوگزالىدا ئۇچراتتى. ئوبېر ـ كاندالوۋ خېلى كۆزى پىشقان ئادەم بولسا كېرەك، ھەر ھالدا، بىر قاراشتىلا ئاۋدىينىڭ غايەت ناچار ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنى قويغىلى جاي تاپالمايۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئوبېر ـ كاندالوۋ ئاۋدىينى قوشۇمچە تاپاۋەت تېپىش ئۈچۈن مويىنقۇم چۆلىدە ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئىشلەپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ دەرھال كۆندى. ئۇ خۇدا كەچ

قويسىمۇ ئاچ قويمايدۇ دەپ شۇمشىيىپ ئولتۇرماسلىق ئۈچۈن، ھەممىگە تەييار ئىدى. بەلكى مويسىنقۇمدىن پۇل تېپىپ قايتقۇچە ئىنگا فېدوروۋنامۇ قايتىپ كېلەر، شۇ چاغدا ھەممە ئىش جايىغا چۈشۈپ ياكى ئۇ (ئاھ، قانداق بەخت!) سۆيگىنى بىلەن پۈتۈنلەي قوشۇلار ياكى كەينىگە قايتىشقا، يەنە ياشاش ئۈچۈن ئۆزىدە كۈچ تېپىشقا مەجبۇر بولار... ئۇ كېيىنكى ئېھتىماللىقتىن بەكمۇ قورقتى.

شۇ كېچىسى ئوبېر-كاندالوۋ ئاۋدىينى ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش بىناسىغا ئېلىپ باردى. ئۇ شۇ يەردىكى بىر كارىۋاتتا يېتىپ تاڭ ئاتقۇزدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، ئويناپ-كۈلۈپ كېلىمىز دېيىشىپ... ھەممىسى ماشىنا كارۋىنىدا مويسىنقۇم چۆللىگە قىرغىن قىلىشقا ئاتلاندى.

* * *

مانا ئەمدى ئۇلار ئاۋدىي كاللىستراتوۋنى سوت قىلماقتا ئىدى. ئۇلار دېگىنىمىز بەش ھاراقكەش — ئوبېر-كاندالوۋ، مىشاش، كېپا، گاملېت-گالكىن ۋە ئابورىگېن-ئۆزاقباي توغرىراقى، گاملېت-گالكىن بىلەن ئابورىگېن-ئۆزاقباي پەقەت تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇ ئىككىسى بەك قورقۇپ تۇرغان ۋە بىچارە ھالەتتە تۇرسىمۇ، سوراق قىلىۋاتقان ئۈچەيلەننى مەلۇم دەرىجىدە يۇمشىتىشقا ئۇرۇناتتى.

كەچ كىرگەندە، ھېلىقى ۋاگوندا بولغان ئىشتەك، ئاۋدىينىڭ يەنە جىنى تۇتۇپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆچ ئېلىش باشلاندى. مويسىنقۇمدىكى كېيىكلەرگە ئۇيۇشتۇرۇلغان قىرغىنچىلىق ئاۋدىيغا شۇنچىلىك قاتتىق تەسىر قىلدىكى، ئۇ شۇئان بۇ

قىرغىننى توختىتىشنى تەلەپ قىلدى، ۋەھشىيلىشىپ كەتكەن ئۇۋچىلارنى توۋا قىلىشقا ئۈندىدى، خۇدادىن كەچۈرۈم سورايلى، دېدى. گاملېت ـ گالكىن بىلەن ئۇزاقىغا، ماكا قوشۇلۇكلار، دەپ يېپىلىندى. ئۇچەيلەن بىر بولۇپ ئۇيېر-كاندالۇق بىلەن ئۇنىڭ مالايلىرىنى تاشلاپ كېتەيلى، جاھانغا جار سالايلى، ھەربىرىمىز خۇدانى، ئاللا كەرىمنى ئويلايلى، ئۇنىڭ چەكسىز سېھىر ـ شەپقىتىدىن ئۈمىدۋار بولايلى، جانلىق تەبىئەتكە يەتكۈزگەن زىيان ـ زەخمىتىمىز ئۈچۈن، قىلغان گۇناھلىرىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيلى، چىن دىلىمىزدىن توۋا ـ تەزەررۇ قىلساق خۇدانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن، دېدى.

ئاۋدىي ۋارقىرايتتى، قوللىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرەتتى، ماكا قوشۇلۇكلار، يامانلىقتىن پاكلىنايلى، ئىستىغپار ئېيتايلى، دەپ يالۋۇراتتى.

ئۇ ئاچچىقلىناتتى، بىمەنە ۋە كۈلكىلىك بولۇپ كۆرۈنەتتى، خۇددى ئاخىر زاماننىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر بېرىۋاتقاندەك ھۆر-كىرەيتتى، نالە ـ پارياد قىلاتتى، نەزەرىدە، ھەممىلا نەرسە زۇل-مەت ئۆككۈرىگە، جەھەننەم يالقۇنلىرى ئىچىگە يېقىلىۋاتقان-دەك قىلاتتى.

ئۇ بەل ئاغرىتماي پۇل تېپىش ئۈچۈن كەلگەنلەرنى خۇدا بىلەن ياراشتۇرماقچى بولاتتى... كۆز يەتمەس مويىنقۇم دالا-لىرىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان قىرغىنچىلىقنى توختىتىشقا ئۈندەيتتى... لېكىن ھەممە نەرسىدىن قۇدرەتلىك بولغان ماشىنىلاشقان كۈچلەرگە ئۇنىڭ قۇربى يېتەمدۇ...

ئۇ يەكگىلى بولمايدىغان نەرسىنى يەكمەكچى بولاتتى... شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇنى مىشاشنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئارغامچا بىلەن چىرماپ باغلاشتى ـ دە، ماشىنىنىڭ كوزوۇپىغا،

ئۆلگەن قارا قۇيرۇقلار ئۈستىگە تاشلاشتى.

— مەشەدە يات، ئاناڭىنى ... قارا قۇيرۇق بىلەن بىر گۆردە يات! — دەپ ۋارقىرىدى مىشاش قاتتىق بوغۇلۇپ. — خۇدايىڭنى ئەمدى قىچقار! چاقىرغىنىڭنى ئاڭلىسا، ئالدىڭغا چۈشەر بەلكى، ھۇ ئاناڭنى...

تۈن كېچە. موينقۇم ئاسمىنىدا ئاي پارلىداپتتى. ھەممىلا ياق قانغا پاتقانىدى. ھەممە تىرىك جانىۋارلار، ھەتتا بۆرىلەرمۇ ئالەمنىڭ ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەنىدى...

خانىۋەيران قىلغۇچىلار بولسا، ئوۋنىڭ كەيپىنى سۈرۈشەتتى... پەقەت موينقۇمغا جاپا تارتىپ كەلگەن ئاۋدىيىلا ئاسمانغا تىكىلگىنىچە يىغلاپ ياتاتتى...

ئۇنى سوت قىلىشماقتا ئىدى...

* * *

مىشاش بىلەن كېيپا ئاۋدىيىنى ماشىنىنىڭ كوزۇپىدىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئوبېر - كانداللوۋنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كېلىپ، يەلكىسىدىن بېسىپ مۈكچەيتتى. ئوبېر - كانداللوۋ بوش يەشىكنىڭ ئۈستىدە پۈكلىشىپ كەتكەن يامغۇرلۇق چاپىنىنىڭ ئېتەكلىرىنى ئىككى ياققا يېيىپ، پۇتلىرىنى كېرىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ماشىنىنىڭ كىچىك چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا غەيرىي تەبىئىي، ۋەھىمىلىك، سۆرۈن چىراي ۋە ھەددىدىن تاشقىرى مۇدھىش كۆرۈنەتتى. يان تەرەپتە ساپ كېيىك گۆشىدىن پىشۇرۇلغان كاۋاپنىڭ ھىدى ئۇرۇپ تۇرغان يالقۇن؛ بۇ يەردە مۈكچەيگەن، ھۆرپەيگەن گامليت - گالكىن بىلەن ئابورىگېن - ئۆزاقباي. ئۇ ئىككىسىنىڭمۇ كەيپى بوش، ئوبېر - كانداللوۋنىڭ ئاۋدىيىنى

قانداق سوراق قىلىشنى كۆتۈپ، نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىر-لىشاتتى، بىمەنىلىك بىلەن ھەجىيىشاتتى، بىر - بىرىنى ئۇرتۇپ قويۇشاتتى ۋە كۆز قىسىشاتتى.

— ھە، نېمە دەيسەن؟ — دەپ سورىدى ئاخىرى ئويېر ئالدىدا مۆكچىيىپ تۇرغان ئاۋدىيغا يەۋەتكۈدەك قاراپ، — ئەقلىڭنى تاپتىڭمۇ؟

— قولۇمنى يېشىۋېتىڭلار، — دېدى ئاۋدىي.

— قولۇڭنىمۇ؟ قولۇڭ نېمىشقا باغلاندى، شۇنى ئويلىدىڭمۇ؟ ئىسيانچىلار، پىتنە - پاساتچىلار، غەيۋەتچىلەر، تەرتىپ - ئىنتىزامنى بۇزغۇچىلارنىڭ قوللىرى باغلىنىدۇ! چۈشەندىڭمۇ؟

ئاۋدىي ئۈنلۈك قىلمىدى.

— مەيلى، يەشسەك يېشىۋېتەيلى، ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىسەنكىن، كۆرەرمىز، — دەپ رەھىم قىلدى ئويېر، — قېنى، ئۇنىڭ قولىنى يېشىڭلار، ھازىرلا قولى ئۆزىگە لازىم بولىدۇ.

— ئاناڭنى... يېشىپ نېمە قىلىدۇ، — غوتۇلدىدى نارازى بولۇپ مىشاش ئاۋدىينىڭ كەينىدە ئارغامچىنى يېشىۋېتىپ، — بۇ نېمىنى دەررۇ ئىتنىڭ كۈچۈكىدەك سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىش كېرەك، يەتتە پۈكلەپ، يەرگە قوزۇق قىلىپ قېقىش كېرەك.

ئاۋدىي يەلكىسى ۋە قوللىرىنىڭ قانچىلىك ئۇيۇشۇپ كەتكەنلىكىنى ئارغامچا يېشىلگەندىن كېيىنلا سەزدى.

— مانا، ئىلتىماسىڭنى بېجىردىم، — دېدى ئويېر - كاندالوۋ، — تېخى ۋاقتىڭ بار. ھازىرچە، مە، مۇنۇنى ئىچ! — ئۇ ئاۋدىيغا ھاراق تولدۇرۇلغان ئىستاكاننى ئۇزاتتى.

— ياق، ئىچمەيمەن، — رەت قىلدى ئاۋدىي.

— ئىچمىسەڭ ئىچمە، قان قۇسقۇر! — ئويېر ئىستاكان-دىكى ھاراقنى ئاۋدىينىڭ يۈزىگە چېچىۋەتتى. ئاۋدىي ئەندىكىپ

يىقىلدى، دەلدەڭشىگەن پېتى يەنە ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. بىراق مىشاش بىلەن كېپا يەنە يەلكىسىدىن بېسىپ، ئاۋدىينى يەرگە چاپلاپ قويدى.

— يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن، ئاناڭنى، ئىچىسەن! — دەپ گۈركىرىدى مىشاش، — دېمىدىممۇ، بۇنداقلارنى سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىش كېرەك! قېنى، ئوبېر، هاراقتىن قوي. ئاغزىدىن قۇيمىسام، ئادەم بولماي كېتەي. ئىچمەي باقسۇنچۇ، ئىتتەك ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

ئىستاكان مىشاشنىڭ قولىدا غىچىرلاپ كەتتى، گىرۋىكى ئاۋدىينىڭ لەۋلىرى، يۈزلىرىنى تىلدى. ئۆزىنىڭ قېنىغا پاتقان ۋە تامىقىغا هاراق تىقىلغان ئاۋدىي بېشىنى ئىلىپ قاچتى، مىشاش بىلەن كېپاغا قارشىلىق قىلىپ، پۇت - قوللىرىنى تېپچەكلەتتى.

— باللار، قويساڭلارا، خۇدا كۆتۈرسۇن، ئىچمىسە ئىچمىسۇن، ئۆزىمىز ئىچىمىز! — گاملېت - گالكىن شۇنداق دېگىنىچە تېپىۋاتقانلارنىڭ ئەتراپىدا پىر - پىر يۈگۈرۈپ زارلىناتتى. ئابورىگېن - ئۇزاقباي ماشىنىنىڭ كەينىگە قاچتى. ئۇ يەردىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قورقۇپ - چۆچۈپ قاراپ تۇردى: قاچاي دېسە، تېخى ئىچىلمىگەن شۇنچە هاراق قېپقالىدۇ، قاچماي دېسە، بېشىغا بالا تېپىۋالىدۇ... پەقەت ئوبېر - كاندالوۋلا تېپچەكلىنىشىپ دومىلىشىۋاتقانلارنى تەختتە ئولتۇرغاندەك بوش يەشىكتە قىمىرلىماي ئولتۇرۇپ تاماشا قىلاتتى.

گاملېت - گالكىن ئوبېرنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

— توختات، ئوبېر، بەرىكە تاپقۇر، ئۆلتۈرۈپ قويسەن، تۈرمىگە چۈشۈپ كېتىمىز!

— تۈرمىگە چۈشەرمىش! — كىبىر بىلەن غودۇڭشىدى

ئوبىر، — موينىقۇمدا تۇرمە نېمىش قىلىدۇ، تەنتەك؟ بۇ يەردە سوت دېگەن مەن! كىم بىلەتتى نېمە بولغىنىنى! ئۇنى بەلكىم بۆرىلەر پارچىلىۋەتكەندۇر. كىم كۆرۈپتۇ، كىم ئىسپاتلايدۇ؟...

ئاۋدىي ھوشىدىن كېتىپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى ئاستىغا يىقىلدى. ئۇنى ئىككى ياقتىن تېپىلىۋەردى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىۋاتقان ئاۋدىي ئاخىرقى قېتىم ئىنگانى ئويلىدى: ئۇنىڭ ھالى قانداقتۇر، ئۇنى ھېچكىم ھېچقاچان ئۆزى سۆيگەندەك سۆيەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ قولىقى پۇتۇنلەي پۈتۈپ كەتتى، كۆز ئالدىنى تۇمان قاپلىدى. شۇ چاغدا خىيال ئارىسىدا كۆك يالىلىق بۆرىنى كۆرگەندەك بولدى. ئىسسىق يازدا چۆلدە، ياۋا كەندىر-لىكتە ئۇستىدىن يالقۇندەك ئۇچۇپ ئۆتكەن بۆرە...

— مېنى قۇتقۇز، بۆرىجان، — بۇ ئاۋدىينىڭ ئاغزىدىن چىققان ئاخىرقى سۆز ئىدى.

ئۇ ئاللىقانداق تەبىئىي ھېسسىيات بىلەن ئەكبەرە بىلەن تاشچاينارنىڭ ئۆز ئىنىگە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى، لېكىن ئۇۋىنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر بار ئىدى. مەخلۇقلار، ئادەملەر ئەمدى كېتىشكەن بولسا كېرەك، دەپ يەنە قەدىردان جايىنى پاناھ تارتىپ كەلگەنىدى...

لېكىن يوق ماشىنىسى شۇ يەردە ھامان ھەيۋەت بىلەن قارىيىپ تۇراتتى. ئۇ يەردىن ۋارقىراپ - جارقىراشلار، ئالتۇ-پىلاك كۆتۈرۈشلەر، ئۇرغان، تىللىغان ئاۋازلار قۇلاققا كېلىپ تۇراتتى...

بۆرىلەر يەنە چۆلگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا بېشى قايغان تەرەپكە كېتىپ بېراتتى... ئۇلار ئادەملەر تۈپەيلىدىن ھالاۋىتىدىن ئايرىلغان بولۇپ، نە كېچىسى، نە كۈندۈزى ئارامخۇدا يۈرەلمەيتتى... ئۇلار

ئاستا سۆرۈلۈپ ماڭاتتى، ئاي قۇيرۇقىنى قىسىپ ئاقساپ
كېتىۋاتقان مەخلۇقلارغا مەيۈس نۇرىنى چاچاتتى.

سوت، تەرگەۋ بولسا داۋام قىلىنىۋاتاتتى... غەرق مەست قىرغۇچىلار ئاۋدىينى راسا ئۇرۇپ يەرگە يىقىتاتتى، ئۇنىڭ ئەمدى پۈتۈنلەي ئورنىدىن تۇرالماي يېتىپ قالغىنىنى بىلەن كارى يوق ئىدى.

— قېنى، ئورنىڭدىن تۇرغىنا، پوپنىڭ ئوغلى، — دەپ تېپەتتى ئۇنى بىردەم مىشاش، بىردەم كېيىن ئورنىدىن تۇرغۇزماقچى بولۇپ. لېكىن ئاۋدىي تۇختىماستىن ئىڭرايتتى، خالاس. قۇتراپ كەتكەن ئوبىر - كاندالوۋ قۇرۇق تاغاردەك بوشىشىپ كەتكەن ئاۋدىينى يەردىن كۆتۈردى - دە، ياقىسىدىن بوغۇۋالغان پېتى، ئاغزىدىن شالىنى چاچرىتىپ ھۆركىرەشكە باشلىدى. ئۇ ھۆركىرىگەنسېرى تېخىمۇ بەتتەر چىچاڭشىيتتى:

— سەن قانجۇق تېخى بىزنى خۇدا بىلەن قورقۇتماقچى بولۇۋاتامسەن! كۆزىمىزنى خۇدا دەپ ئويۇۋالماقچىمۇسەن، ئىپلاس! بىزنى خۇدا بىلەن قورقۇتالمايسەن. سەن ئويلىغان ئادەملەر باشقا، قانجۇق! ئۆزۈڭ كىم! بىز بۇ يەردە دۆلەتنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندايمىز. سەن قانجۇق، پىلانغا، ئوبلاستقا قارشى چىقىۋاتىسەن، سەن ئىپلاس خەلق دۈشمىنىسەن، خەلق ۋە دۆلەتنىڭ دۈشمىنىسەن. سېنىڭدەك دۈشمەنلەرگە، زىيانداشلارغا، ئاغدۇرمىچىلارغا يەر يۈزىدە ئورۇن يوق! ستالىن: «كىم بىز بىلەن بىللە بولمىسا، دېمەك، ئۇ بىزگە قارشى» دېگەن. خەلق دۈشمەنلىرىنى تۈپ - يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋېتىمىز! ئايىمايمىز! دۈشمەن تەسلىم بولمايدىغان بولسا، ئۇنى پاچاقلاپ ئانىسىنىڭ گۆرىگە كىرگۈزۈۋېتىمىز. ئارمىيىدە بۇنداق سۆزلەر ئۈچۈن، ئىككى پۈتۈڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىدۇ. ئانا ماكانىمىزنى سېنىڭدەك ئىپلاسلاردىن تازىلايمىز. ھەي، چېركاۋ ئوغرىسى،

سەن قىلىۋاتقان ئىشىڭنى بىلەمسەن؟ سەن ھەممىمىزنى بەربات قىلماقچىمۇ! تاپشۇرۇققا توسقۇنلۇق قىلىۋاتىسەن! ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى يەرگە قاراتماقچى بولۇۋاتىسەن. ھەي، مەن سېنى خەلق دۈشمەنلىرى قاتارىدا بوغۇپ ئۆلتۈرىمەن، خەلق ماڭا رەھمەت ئېيتىدۇ. چۈنكى سەن جاھانگىرلىكنىڭ ئايغاقچىسىسەن، ئېپلاس! ستالىن يوق، خالىغان ئىشىمىزنى قىلىمىز دەيسەن - دە، ھە؟ ھەي، پوپنىڭ گېزەندىسى، قېنى، تېز چۈك، ھازىرلا تېز چۈك. مانا، مەن ساڭا ھاكىممەن. خۇدايىڭدىن ۋاز كەچ! تونۇمايمەن، بىلمەيمەن دە! ۋاز كەچ! بولمىسا، دوزاختا يول ئالىسەن، ئېپلاس!

ئاۋدېي تىزلىنىپ تۇرالماي يىقىلدى. ئۇنى يەنە كۆتۈرۈپ قويۇشتى.

— گەپ قىل، ئېپلاس، — ھۆركىرىدى ئوبېر - كاندالۇۋ، — خۇدادىن يۈز ئۆرۈ! ئېيت! خۇدا يوق، دەپ!

— خۇدا بار! — ئىڭرىدى ئاۋدېي.

— ھە، تېخى شۇنداقمۇ! — يىلان چېقىۋالغاندەك چىرقىرىدى مىشاش، — مەن دېمىدىممۇ، ئاناڭنى، لەۋزىدىن يانمايدۇ، دەپ!

ئوبېر - كاندالۇۋ غەزەپتىن بوغۇلۇپ، يەنە ئاۋدېينىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، سىلكىشلىدى.

— بىلىپ قوي، ھەي خۇداگۆي، ھازىرلا چىققان يېرىڭگە كىرگۈزۈۋېتىمەن! زادىلا يادىڭدىن چىقماس بولىدۇ! قېنى، ئۇنى ئاۋۇ توغراقنىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار، بۇ ئېپلاسنى ئاسىمىز! — دەپ ۋارقىرايتتى ئوبېر - كاندالۇۋ، — پۇتىنىڭ تېگىدىن ئوت قويىمىز، كۆيۈپ كەتسۇن بۇ توڭگۇز!

ئۇلار ئاۋدېينى يار ئۈستىدە ئۆسكەن قېرى توغراق تەرەپكە سۆرەپ كېتىشتى.

— ئارغامچا ئەپكەل! — بۇيرۇدى ئوبېر - كاندالۇۋ كېپپاغا.

كېپا كابىنكىغا يۈگۈردى.

— ھەي، ماڭا قاراڭلار! ئۇزاقباي، مەملىكەتنىڭ خوجايىنى، نەدىسەن، ئاتاڭغا لەنەت! سەنچۇ، ھەي، بازىرى كاسات ئارتىس، نېمىشقا بىر چەتتە قاراپ تۇرۇشسەن ـ ھە؟ قېنى، بۇنى كېلىپ باساڭلارچۇ! بولمىسا سەن خەققە ھاراق يوق! — قورقۇتتى ئوبىر ـ كاندالوۋ ھاراقكەشلەرنى. ئىككىسى يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، بىچارە ئاۋدىينى ئېسىشقا باشلىدى.

بىزارلىق بىردىنلا شۇملۇق تۈسىنى ئالدى. بىمەنىلىك، مەسخىرىۋازلىقنىڭ ئاخىرى ئۆلۈم بىلەن تۈگەيدىغاندەك قىلاتتى.

— ئاناڭنى، بۇ چۆلدە مىخ بىلەن تاختاي تېپىلمايدۇ ـ دە! — دەپ ئەپسۇسلاندى مىشا توغراق شاخلىرىنى قاراس ـ قۇرۇس سۇندۇرۇۋېتىپ، — بۇنى تاختايغا مىخلىغان بولساق قالتىس ئىش بولاتتى ـ دە، ئاناڭنى!

— ھېچ گەپ يوق! ئۇنى دارغا ئاسىمىز! مىخلىغاندەك تۇرىدۇ، — دېدى ئوبىر ـ كاندالوۋ، — قولى ۋە پۇتىدىن تارتىپ پاقىدەك قاتۇرۇپ قويىمىز، قىمىر قىلالمايدۇ! ئەتىگىچە ئېسىلىپ تۇرسا، خۇدا بارمۇ ـ يوق، شۇ چاغدا بىلىدۇ! ئەتىگىچە ئۆيلىۋالسۇن! مەن ئۇنى شۇنداق تەربىيىلەيكى، ئۆمرۈۋايەت يادىدىن چىقمىسۇن بۇ پوپنىڭ! ئارمىيىدە بۇنىڭدىنمۇ بەتتەرلەرنى جىق كۆرگەنمەن! قېنى، كۆتۈرۈڭلار، بالىلار! قېنى، كۆتۈر، ھە! قولىنى بۇياققا تارت، پۇتىنى بۇياققا!

ئاۋدىي ئەمدى قىلچىمۇ قارشىلىق كۆرسەتمەيتتى، شۇڭا بۇ ئىشلار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەردى. قول ـ پۇتلىرى توغراقنىڭ شاخلىرىغا تارتىپ باغلانغان ئاۋدىي خۇددى يېشكى سويۇلغان قويدەك ئېسىلىپ قالدى. ئاۋدىي تىللىغان ئاۋازلارنى غۇۋا ئاڭلاپ تۇردى. ئازاب ئۇنى ھالسىزلاندۇردى. ئوڭ بىقىنى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىيتتى، بېلىدە نېمىدۇر ئۈزۈلۈپ

كەتتى، ئاۋدىي ھوشسىزلانماقتا ئىدى. ئۇنى قىينىغانلار ئۇنىڭ پۈتىنىڭ ئاستىدا ھەدەپ ئوت يېقىشقا ئۇرۇناتتى. ئەمدى ئاۋدىيغا بەربىر ئىدى. ئۇلار ئوتنى ئۇتاشتۇرالمىدى. تۈنۈگۈن كېچە ياغقان قار ئاستىدا قېلىپ نەم تارتىپ كەتكەن شاخ ـ شۇمبىلارنى ياندۇرغىلى بولمىدى. ئۇستىگە بېنزىن چېچىش ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمىدى. ئۇلار ئۇنىڭسىزمۇ ئاۋدىينى بابلاپ ئازابلىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. سىرتتىن قارىغاندا، ئۇ كۆكتاتلىق ئىچىگە تىكلەپ قويۇلغان قارانچۇقتەك تۇراتتى. بۇ ھەممىسىنىڭ كەيپىنى كۆتۈردى. بولۇپمۇ، ئوبېر ـ كانداللوۋنىڭ دىمىغى تېخىمۇ ئۆستى. ئۇ ئاجايىپ جانلىق ۋە قىزىق بىر مەنزىرىنى ــ چۆلدە قانداقلارچە ئېسىپ قويۇلغان بىر ئۆلۈكنى كۆرگەندەك بولدى!

ــ ھەممىڭ بىلىپ قويۇش! دائىم بۇنداقلارنىڭ جازاسى شۇ! ــ دەپ داۋراڭ سالاتتى ئۇ توغراقتا ئېسىلغان ئاۋدىينى تاماشا قىلغاچ، ــ ماڭا قويۇپ بەرسە، بىزگە قوشۇلمىغانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەنە شۇنداق پۈتىنى ئاسمانغا قىلاتتىم. تىلىنى ساڭگىلىتىپ ياتاتتى. كىم بىزگە قارشى چىقسا، ھەممىسىنى ئېسىپ چىقاتتىم. يەر شارىنى شۇنداق سىقىپ، ئىسكەنجىگە ئالاتتىم. شۇ چاغدا بىزگە ھېچكىم ئاغزىنى ئېچىپ غىڭ قىلالمايدىغان بولاتتى. ھەممىسى قۇللۇق قىلىپ تۇراتتى... ھە، قېنى، يۈرۈڭلار، كومىسسارلار، يەنە بىردىن ئاتايلى، بىزدىن نېمە كېتەتتى....

ئۇلار ھەممىسى ئوبېرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ماقۇللاپ، ئاپىرىن ئوقۇشۇپ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشقىنىچە ماشىنا تەرەپكە مېڭىشتى. ئوبېر يالغۇز ئۆزى مەلۇم بىر قوشاقنى غىڭشىپ ئېيتىشقا باشلىدى:

گەلەپنى كىيىمىز،
يېنىمىزدا تاپانچا.
بىر ـ ئىككى، بىر ـ ئىككى...

«كومىسسار» نىڭ كەيپى چاغ ئۆلپەتلىرى ئۇنىڭغا جور بولدى: «بىر ـ ئىككى، بىر ـ ئىككى». ئۇلار ئاندىن يەنە بەش يۈز گراملىقتىن ئىككىنى ئىچىپ، شىشىسى بىلەنلا كۆتۈرۈشتى.

بىرئازدىن كېيىن ماشىنا چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ ئاستا چۆل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. زىمىستان قاراڭغۇلۇق قويۇقلاشتى. ئەتراپ سۇ قۇيغاندەك جىمجىتلىققا چۆمدى. دەرەخقە ئېسىلغان ئاۋدىي دۇنيادا يالغۇز قالدى. ئۇنىڭ كۆكرىكى سىرقىراپ ئاغرىيتتى، ئىچى ئېلىشىپ، چىدىغۇسىز ئازابلىماقتا ئىدى... ئەس ـ ھوشى باھار تاشقىنى بېسىپ كېتىۋاتقان ئارالدەك ئاستا ـ ئاستا غايىب بولماقتا ئىدى.

«مېنىڭ ئارىلىم ئوكا دەرياسىدا ئىدى... ئەمدى سېنى كىمىۇ قۇتۇلدۇرار، مۇرەبىيىم؟» ئۇنىڭ ئاخىرقى پىكرى ئۇچقۇندەك پىلىلداپ قويدى ـ دە، ئۆچتى.

ھاياتلىق دەرياسىنىڭ ئاخىرقى سۇلىرى ئاقماقتا ئىدى...

ئۇنىڭ ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرىگە ئۇلۇغ دېڭىز، كۆز يەتمەس چەكسىز ـ بىپايان سۇ كۆرۈندى. سۇ تاۋۇش چىقارماي قاينايتتى، بوش دالالاردا يەر بېغىرلاپ چاپقان ئىزغىرىن شامالدەك ئاۋازسىز ئاق دولقۇنلار سۇ تەرەپكە مەۋج ئۇرۇپ يۈگۈرۈشەتتى. ئۇلارنىڭ نەدىن پەيدا بولۇۋاتقانلىقى ۋە قاياققا كېتىۋاتقانلىقى مەلۇم ئەمەس ئىدى. لېكىن ئاشۇ تىلسىز دېڭىزنىڭ غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان ساھىللىرىدا سۇ ئۈستىدە بىر ئادەمنىڭ سايىسى خىرە ـ شىرە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئاۋدىي بۇ ئادەمنى تونۇدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاتىسى دىياكون كاللىستراتوۋ

www.uyghurkitap.com

۸

ئىدى. شۇ چاغدا، بىردىنلا ئاۋدىيىنىڭ قۇلىقىغا ئۆزىنىڭ ئۆسمۈر چاغلىرىدىكى ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرىدا كونا پىئانىنو ئالدىدا تۇرۇپ ئاتىسىغا چۆكۈپ كەتكەن كېمە توغرىسىدىكى تىلاۋەتنى ئوقۇپ بېرىۋاتقان ئاۋازىدەك قىلاتتى. ھازىر ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بەك يىراق ئىدى. ئۆسمۈرنىڭ ئاۋازى جاھان ئاسمىنى ئۈستىدە جاراڭلىق بىر ئىلھامبەخش سادا بىلەن ياڭرايتتى:

«ئاسمان سۈزۈلۈپ كېلىۋاتىدۇ، تېخى ھەممە ئۇيقۇدا...

...سەن ھەممىلا نەرسىنى كۆرگۈچى، ھەممىلا نەرسىگە رەھىم - شەپقەت قىلغۇچى ۋە ئادالەت بېغىشلىغۇچى سەن، ساڭا كۆڭلۈمدىكى زارىمنى تىلاۋەت قىلىپ ئېيتىمەن. خۇدايا، ئۆزۈڭ كەچۈرگەيسەن، سېنى ياد ئېتىشتىن بۇرۇن ئۆز دادىمنى ئەسلىدىم. لېكىن تىرىكلا بولىدىكەنمەن، شۇ تىلاۋەتنى ئاغزىمىدىن چۈشۈرمىگەيمەن.

سەن ھەممىگە قادىرسەن، ھەقسەن، كەرىمسەن، كەچۈر، سېنى ئۆز ئەرزىم بىلەن ئاۋارە قىلماقچىمەن. مەن ئۆزۈم ئۈچۈن ھېچ نەرسە سورىمايمەن. ماڭا دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتى كېرەك ئەمەس، ئۆمرۈمنى ئۇزارتىساڭمۇ مەيلى. مېنىڭ ئىنسان بالىلىرىنىڭ دىلىنى يامانلىقتىن خالاس قىلماقتىن باشقا ئارزۇيۇم يوق. سەن ئالەمنىڭ ئىگىسىسەن، دىللىرىمىزغا مۆھۈر باسما، جاھالەتتە كۆيدۈرمە. ياخشىلىق بىلەن يامانلىق بۇ ئالەمدە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بىزنى باھانە - سەۋەب زەنجىرلىرىدىن خالاس قىل. ئادەم بالىلىرىنىڭ قەلب كۆزلىرىنى ئاچقايسەن. مەن ئۆز تىلەكلىرىم ئۈچۈنلا ئېغىز ئېچىشتىن قورقىمەن، مەن ھەرقانداق ئاقىۋەتلەرگە سېلىشىشقا تەييارمەن — خاھ جەھەننەم ئوتىغا تاشلا، خاھ چەكسىز سەلتەنىتىڭگە قوبۇل قىل، قىسمىتىمىز ئۆز قولۇڭدا، ھەممىسى ئۆزۈڭگە ئايان!...

ساڭا بىرلا ئەرزىم بار، ئۆزگە ئەرزىم يوق...

پەقەت شۇنىلا ئۆتۈنۈپ سورايمەن، مۆجىزەڭنى كۆرسەت: مەيلى، ئاشۇ كېمە ئالەمدە سېنىڭ ئىرادەڭ بىلەن بولىدىغان كېچىنىڭ كۈندۈزگە ئالمىشىشى توختاپلا قالمايدىغان بولسا، كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي ئۆز يولىنى توختىماي داۋاملاشتۇرسۇن. ئاشۇ كېمە توپ - زەمبىرەكلىرى تىكلەكلىك تۇرغان پېتى دېڭىزلاردىن دېڭىزلارغا توختىماي ئۈزۈپ يۈرسۇن، دولقۇنلار ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغلاپ، ئۇنىڭ كۆكرەكلىرىگە ئۇرۇلسۇن، ئۇنىڭ توختىماس قۇدرەتلىك گۈلدۈرلەشلىرى دائىم ئاڭلىنىپ تۇرسۇن. دېڭىزدىن چاچراپ چىققان تامچىلار ئۇنىڭ ئۈستىگە يالتىراق يامغۇر بولۇپ ياغسۇن، ئاشۇ نەم ۋە ئۇچقۇر زەررىچەلەردىن نەپەس ئالسۇن، كېمە تاملىرىنىڭ قاراسلىنىشىنى، ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگىنىنى، شامالنىڭ ئۈستىرىشى بىلەن كېمىنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەن بېلىقئالغۇچلارنىڭ ئاھۇ-زارلىرىنى ئاڭلىسۇن. بۇ كېمە، مىڭ يىللاردىن بېرى ئۇ يەرگە ھېچكىم يېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئاشۇ ئەڭ يىراقتىكى دېڭىزلارنىڭ كۆز يەتمەس ساھىللىرىغا ۋە ئۇ يەردىكى نۇرغا چۆمۈلگەن شەھەرگە يول ئالسۇن... ئامىن».

ئۇنىڭ ئاۋازى يىراقلىشىپ، پەسىيىپ كەتتى... ئاۋدىي ئۆزىنىڭ دېڭىز - ئوكيانلاردىكى ئاھۇ پەريادىنى ئاڭلىدى...

تولۇن ئاي پايانسىز مويىنقۇم چۆلىدە تۇغراقتا ئېسىپ قويۇلغان، مۇزلاپ قېتىپ قالغان ئادەمنىڭ تېنىگە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان پارقىراق نۇرلىرىنى كېچىچە تۆكۈپ چىقتى؛ ئۇنىڭ قىياپىتى ئاسمانغا پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلگەن، لېكىن كۈتۈلمىگەندە ئوق تېگىپ موللاق ئاتقان ۋە دەرەخكە ئىلىنىپ قالغان، قاناتلىرى يېيىلغان ئاجايىپ يوغان قۇشنى ئەسلىتەتتى.

مانا شۇ يەردىن بىر يېرىم چاقىرىم نېرىدا ئۈستى

www.uyghurkitap.com

بىر بىزىنىڭ بىلەن يېپىلغان ھەربىي سىياقىتىكى يۈك ماشىنىسى تۇراتتى، ئۇنىڭدا كېپىكلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆڭدىسىغا چۈشۈپ، قوشۇقلارغا مىلەنگەن ئوبېر - كاندالوۋچىلار ئۇخلاۋاتاتتى. خورۇلدىغان قاتتىق خورەك ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. ئۇلار ئاۋدىيىنى كېچىسى يالغۇز قالدۇرۇش ئۈچۈن، نېرىراققا كېتىپ، ئۇنىڭ جاجىسىنى بېرىپ قويماقچى بولغانىدى: قېنى، يالغۇز ئۆزىنىڭ قولىدىن نېمە ئىش كېلىدىكىن. بىزگە قۇيرۇقنى شىپپاڭشىتىپ يالۋۇرىدۇ تېخى، بەلكى خۇدادىنمۇ ۋاز كېچىپ قالار...

ئاۋدىيغا مۇنداق جازا بېرىش يولىنى سابىق ئارتىس گاملېت - گالكىن قايتا - قايتا شىشە كۆتۈرگەندىن كېيىن ئويلاپ چىقارغانىدى. ئۇ ئوبېر - كاندالوۋغا ياخشى كۆرۈنۈش مەقسىتىدە، خۇداگويىنى بىر سازايى قىلايلى، قورقۇپ ئۆتى يېرىلىپ كەتسۇن: شۇنداق قىلىدىغان بولساق، ئۇ بىزنى قوغلاپ يەتمەكچى بولىدۇ، لېكىن قانداقمۇ قوغلاپ يېتەلەيدۇ، دېدى!

سەھەردە، كۈن خىرە - شىرە يورۇشقا باشلىغان پەيتتە بۆرىلەر ئاستا ئۆزلىرىنىڭ ئىنىگە يېقىنلىشىپ كەلدى. ئالدىدا ئالچىشامقى قاچ - قاچتىن قورسىقى ئىچ - ئىچىگە تارتىلىپ كەتكەن ئەكبەرە كەلمەكتە ئىدى، ئۇنىڭ كەينىدىن ھۆرپەيگەن يوغان باش تاشچاينار ئاقساقلاپ قەدەم تاشلايتتى. ئۇلارنىڭ كونا قەدىردان جايى ئىنىس - جىنىسىز ھۇۋۇلداپ تۇراتتى، ئادەملەر كېچىلەپ ئاللىقاياققا غايىب بولۇشقانىدى. لېكىن جانىۋارلار بۇ يەردە، ئەگەر شۇنداق دېگىلى بولسا، خۇددى مىنا كۆمۈلگەندەك، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۈركۈپ قەدەم تاشلىشات-تى... ئۇلار ھەر قەدەمدە يات - ناتونۇش نەرسىلەرگە دۇچ كېلەتتى: ئۆچكەن گۈلخان، بوش تۇنۇكە قاچىلار، سۇنغان - سۇنمىغان، قاڭسىق پۇراق چېچىپ تۇرغان شىشىلەر، ماشىنا

چاقىلدىرىنىڭ ئىزى ئورنىدا قالغان رىزىنكە ۋە تۆمۈر قورۇلمىلىرى-
بۆرىلەر بولغاچ تاشلانغان بۇ يەرنى تامامەن تاشلاپ كېتىش
نىيىتىدە يار بويىسنى بويلاپ كەتتى. شۇ چاغدا ئەكبەرە
بىردىنلا چاپچىپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە تۇرغان جايىدا
قېتىپ قالدى — ئادەم! ئۇنىڭدىن ئىككى قەدەم نېرىدا
قوللىرىنى يېيىپ، بېشىنى ساڭگىلاتقان بىر ئادەم تۇغراقتا
ئېسىقلىق تۇراتتى. ئەكبەرە ئۆزىنى چاتقاللارنىڭ ئىچىگە
ئاتتى. تاشچايناپ ئۇنىڭ كەينىدىن سەكرىدى. دەرەختىكى ئادەم
قىمىر قىلمايتتى. شامال شاخلارنى ئارىلاپ ۋىژىلدايتتى، ئادەم-
نىڭ ئاق ماڭلىيىغا چۈشكەن چاچلىرى يەلپۈنەتتى. ئەكبەرە
يەرگە چاپلاشتى. ئېتىلىشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا
ھەممە مەخلۇقلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ دەھشەتلىكى، ئۇلارنىڭ
پېشىغا شۇنچە كۆلپەتلەرنى سالغان قانخور دۈشمەن تۇراتتى.
ئەكبەرە قەھرى بىلەن سەل كەينىگە چېكىندى. ئۇ شىددەت
بىلەن سەكرىمەكچى، ئادەمنىڭ بوغۇزىغا ئۆتكۈر چىشلىرىنى
پاتۇرماقچى بولاتتى. شۇ چاغدا، ئاخىرقى مىنۇتتا، بۆرە بۇ
ئادەمنى تونۇدى. لېكىن ئۇنى قاچان، قەيەردە كۆرگەن؟ ھە،
بۇ، يازدا ياۋا كەندىرلىككە پارغاندا دۈچ كەلگەن، باللىرى بىلەن
ئەركىلەپ ئويناشماقچى بولغان، ئەكبەرە ھەملە قىلىپ سەكرىگەن
ۋە ئۇنى ئالياپ، ئۇستىدىن ئارتىلىپ نېرىغا چۈشكەن ھېلىقى
غەلىتە ئادەمغۇ. شۇ چاغدا ئۇ قورقۇپ كېتىپ، يەرگە ئولتۇرۇ-
ۋالغان، يۈزىنى قوللىرى بىلەن توسۇۋالغانىدى. ئەكبەرە ئۇنىڭ
ھەيرەت ۋە قورقۇنچتا ئالاق-جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى
ئەسلىدى. شۇ چاغدا ئۇ قىپيالىڭاچ ھالدا چۆلگە پايپاسلاپ
قاچقانىدى... مانا ئەمدى، شۇ ئادەم پاكار تۇغراقتا قاناتلىرى
يېيىلغان قۇشتەك غەلىتە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇ تىرىكمۇ —
ئۆلۈكمۇ، بۇنى بۆرە بىلەلمىدى. ئادەم قىمىرلىمايتتى.

ھېچقانداق ئاۋاز چىقارمايتتى، بېشى يان تەرەپكە قىيسىيىپ چۈشكەن بولۇپ، ئاغزىنىڭ بىر يېقىدىن قان سىزىپ ئاقماقتا ئىدى. تاشچايتار ئادەمگە تاشلانماقچى بولغانىدى، ئەكبەرە ئۇنى نېرى ئىتتىردى. ئۇ ئادەمگە يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە تىكىلىپ قارىدى ۋە ئاستاغىنا ھۆۋلىۋەتتى: ھالاك بولغان باللىرى يادىغا چۈشتى. ھاييات مويىنقۇمدا ئاستىن - ئۈستۈن، خاراب بولدى. كىمگە يىغلىسۇن، كىمگە ئەرز قىلسۇن؟ بۇ ئادەم ئۇنىڭغا ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ھاييات شامى ئۆچۈۋاتقان بولسىمۇ جېنى تېخى پۈتۈنلەي چىقىپ كەتمىگەنىدى. ئادەم ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىنى زورغا كۆتۈردى ۋە ئاستا ھۆۋلاۋاتقان بۆرىگە قاراپ پىچىرلىدى:

— كەلدىڭمۇ ... — ئاندىن ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ قالدى.

بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئىدى.

شۇ پەيتتە ماتورنىڭ شاۋقۇنى ئاڭلاندى. چۆلدە يۈك ماشىنىسى كۆرۈندى. ئۇ ناھايىتى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، كابىنكىسىنىڭ ئەينەكلىرى خىرە يالتىرايتتى. ئۇبىر ـ كاندالۇۋچىلار جىنايەت ئۆتكۈزگەن يېرىگە كەلمەكتە ئىدى...

شۇ چاغدا بۆرىلەر بىردەممۇ ھايال بولماي لوكۇلداپ، قەدەملىرىنى بارغانسېرى تېزلىتىپ بۇ يەردىن باش ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلار كەينىگە قارىمايتتى. بۆرىلەر ئۇلۇغ مويىنقۇم چۆللىرىنى پۈتۈنلەي تاشلاپ كەتمەكتە ئىدى...

* * *

ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار ئالداش بويىدىكى قومۇشلۇقلاردا توپتوغرا بىر يىل تۇرمۇش كەچۈردى. شۇ يەردە ئۇلار يەنە

بەش بالا كۆردى. بۆرىچاقىلار خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغاندا، قومۇشلۇقتا تۇيۇقسىزلا ئوت كەتتى. تاغدا يېڭى كان ئېچىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا بارىدىغان يول مۇشۇ قومۇشلۇقتىن ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. ئۇنى كۆيدۈرۈشكە توغرا كەلدى. ئالداش كۆلى بويىدىكى يۈز چاقىرىملىغان يەرلەرگە سوزۇلغان قەدىمىي قومۇشلۇقنىڭ كۆلى كۆككە سورۇلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن بۇ ئەتراپلاردىن قىممەت باھالىق مەدەن تېپىلدى، مانا ئەمدى چۆلدە، ئۆز نۆۋىتىدە، يەنە بىر نامسىز يوغان پوچتا ساندۇقى قەد كۆتۈردى. بۇنداق چاغلاردا، گەپ ئاز ئۇچرايدىغان ۋە قىممەت-لىك خام ئەشيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، قومۇشلۇق تۇرماق، ھەتتا كەمدىن كەم ئۇچرايدىغان كۆل يوق بولۇپ كەتسىمۇ، ھېچكىم ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ. ئۇنى ئېلىش ئۈچۈن يەر شارىنى تاۋۇزدەك تىلىپ تاشلاشمۇ ھېچ گەپ ئەمەس.

قومۇشلۇق بىردىنلا ئوت ئالسۇن دېگەن بولسا كېرەك، ئالدى بىلەن قومۇشلۇق ئۈستىدىن ئاللىقانداق يېقىلغۇ چېچىپ ئايروپىلانلار پەسلەپ ئۇچۇپ يۈرۈشتى.

ئوت كېچىسى قويۇلدى. يېقىلغۇ چېچىلغان قومۇشلار بىردىنلا گۇپ قىلىپ ئوت ئالدى ۋە خۇددى قېلىن تۇرماندەك دەھشەت بىلەن يېنىشقا باشلىدى. يالقۇن كۆككە تاقاشقۇدەك كۆتۈرۈلدى، يەرنى قىشتىكى تۇمانلاردەك قويۇق قارا ئىس قاپلىدى.

بۆرىلەر ئوت تەپتىنى سەزگەن ھامان، قومۇشلارنىڭ ھەر تەرەپتىن كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۆرىچاقىلارنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇرۇشقا باشلىدى. بالىلىرىنى چىشلەپ بىردەم ئۇيەرگە، بىردەم بۇيەرگە كۆتۈرۈپ ئۆتۈشەتتى. ئالداش بويىدىكى قومۇشلۇقلاردا قىيامەت

قايىم بولدى. قۇشلار كۆل ئۈستىدە بۇلۇتتەك ئۇچىۋاتتى. تىنماستىن زارلىنىپ ۋىچىرلايتتى. ئەسىرلەر بويى قومۇشلۇقتا كۈن كەچۈرگەن قاۋانلاردىن تارتىپ يىلانلارغىچە ھەممىسى قورقۇنچ ۋە ساراسىمىگە چۈشتى، ئۆزلىرىنى جان تالىشىپ ھەر تەرەپكە ئۇردى. بۆرىلەرنىڭ بېشىغىمۇ شۇ كۈن چۈشتى. ئوت ھەر تەرەپتىن ئوراپ، ئۆرلەپ كەلمەكتە ئىدى، ئوتتىن ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ قۇتۇلماقتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار ئۈچ بالىسىنى تاشلاپ، ئىككىسىنى چىشلىرىدە چىشلەپ كۆلدە ئۈزۈشكە باشلىدى. ناھايەت، نېرىقى قىرغاققا يېتىپ بارغىنىدا! شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، ھەرقانچە ئېگىز كۆتۈرۈپ مېڭىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ بۆرە بالىلىرى سۇدا بۇرۇقتۇم بولۇپ ئۆلگەنىدى.

ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار يەنە باشقا يۇرتلارغا باش ئېلىپ كەتتى. ئۇلار ئەمدى تاغقا قاراپ يول ئالغانىدى. بۆرىلەر تۇغما ھېس - تۇيغۇلىرى بىلەن ئەمدىلىكتە پەقەت تاغلاردىلا جان بېقىش مۇمكىنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.


بۆرىلەر ئۇلۇغ ئوتنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئۇزۇن يول باستى. قۇرداي تاغلىرىدىن ماگدى. كېچىسى چىراغلىرى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قورقۇنچلۇق ماشىنىلار توختىماستىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ تۇرغان يوللاردىن بىرنەچچە قېتىم كېسىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، دۇنيادا! ئاشۇ يۈگۈرۈك چىراغلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان دەھشەتلىك نەرسە يوق ئىدى. قۇرداي تاغلىرىدىن كېيىن، بۆرىلەر ئاق تۇز تاغلىرىغا كۆچتى. لېكىن بۇ يەرلەرمۇ كۆزلىرىگە خەتەرلىك كۆرۈنۈپ، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كېتىشتى. بۆرىلەر ئاق تۇز داۋىنىدىن ئېشىپ، ئىسسىق كۆلنىڭ بويىغا چىقتى. يول تۈگىدى. نېرى يېقى دېڭىز ...

ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار شۇ يەردە ھاياتىنى يەنە باشقىدىن باشلىدى ...


بالا كۆردى. بۇ قېتىم ئۇلار تۆت ئىدى.

بۇ نەسىل قالدۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئاخىرقى قاتتىق ئۇرۇنۇش ئىدى.

بۆرىلەر قىسسىسى شۇ يەردە — ئىسسىقكۆلدە كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلىمىغان پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشتى ...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



# ئۈچىنچى قىسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# I

ئادەملەر تەقدىرنى، تەقدىر ئادەملەرنى ئىزدەپ يۈرىدۇ... ھاياتنىڭ ئەزەلدىن بۇيانقى ئايلىنىشى شۇنداق ... تەقدىر دائىم ئۆز نىشانىنى مولجاللاپ تۇرىدۇ، دېگەن گەپ راست بولىدىغان بولسا، بۇ نۆۋەتمۇ ئۇ توغرا چىقتى. ھەممىسى ئادەتتىن تاشقىرى ئاددىيلا يۈز بەردى. قازا كامانىدىن ئېتىلغان ئوقنى كەينىگە ياندۇرۇشنىڭ ئامالى يوق ...

شۇ كۈنى، بازارباي نۇيغۇتوۋنىڭ ئامېتى كېلىپ گېئولوگلارغا يول باشلامچىلىقتا ياللىنىپ قالغىنىنى دېمەمسىز. بازارباي گېئولوگلارغا يول باشلامچى لازىملىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى، ئۇنى گېئولوگلارنىڭ ئۆزلىرى ئىزدەپ تاپتى.

ئۇلار تەمەنگە يەم - خەشەك توشۇلىدىغان، تراكتور ماڭىدىغان يول بىلەن كەلگەنىدى.

— نېمىشقا بۇ يەرنى تەمەن دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن بىرى.

— نېمە بولدى؟

— ياق دەيمىنا ...

— تەمەن دېگىنى تاپان دېگەن گەپ. بۇ يەر تاغلارنىڭ تاپىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن تەمەن دېيىلىدۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ! ھېلىقى تەمەنىمۇ شۇنىڭدىن

كەلگەنىكەن ـ دە، مەشھۇر تەمەن دېۋىزىيسى.

ــ بىلمىدىم، ئۇكام. بۇنى گېنېراللار بىلىدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز ئاددىي، پادىچىلىق قىلىمىز.

شۇنداق قىلىپ، گېئولوگلار تەمەنگە يېتىپ كېلىپ، ئۇ تەرەپلەرنى ئۇقمايمىز، پەقەت خەرىتىدىنلا كۆرگەن. ياخشىسى. بىزنى شۇ يەرلىك ئادەملەردىن بىرەرى تاغلارغا باشلاپ چىقسۇن، دېيىشتى. ياق دېگىلى بولامدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەقمۇ بېرىدىكەن. بار ـ يوق ئىش ــ تۆت يىگىتنى يۆك ـ يۈكلىرى بىلەن ئاچچىقتاش جىلغىسىغا باشلاپ چىقىش. گېئولوگلار شۇ يەردە نېمىلەرنىدۇر تەكشۈرەرمىش. نېمە بولاتتى، ئېھتىمال ئالتۇنىدۇر. ئۇلار پەقەت ئالتۇن ئىزدەيدۇ، تاپسا، چوڭ ـ چوڭ مۇكاپات ئېلىشىدۇ. مەيلى، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشى. پەقەت بازارباي كەچقۇرۇن تەمەنگە، قورۇغا قايتىپ كەلسىلا بولدى. ئۇ قوشى بىلەن شۇ يەردە قىشلىغان.

بۇ يىگىتلەر شەھەرلىك بولغىنى بىلەن، پۇلنىڭ ھېسابىنى بىلمەيدىكەن. بازارباي جاھىللىق قىلىپ: مېنىڭ تاغقا چىققىلى ۋاقتىم يوق، سوۋخوز رەھبەرلىرى كېلىپ قالىدىغان بولسا، سىلەردىن نېمە كېتەتتى، بىراق مېنىڭ ھالىمغا ۋاي، قېنى بۇ چوڭ پادىچى بازارباي نەيگە ئۇتۇۋ؟ قويلار قوزىلاي دەپ تۇرغان پەيتتە قەيەرلەردە يۈرىدۇ؟ دەپ سوراققا تارتىپ كېتىدۇ، ۋاقتى كەلگەندە، بۇنىڭغا كىم مەسئۇل بولىدۇ، دېدى. شۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يىگىتلەرنىڭ سېخىيلىكى تۇتۇپ، ئۇنىڭغا يىگىرمە بەش سوم بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ۋاي، تەنتەكلەرەي! بۇ نېمىلەرگە تەكەللۇپ قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى. پۇل دۆلەتنىڭكى، دۆلەتنىڭ خەزىنىسى بولسا كېمەيمەيدۇ. بۇ باللارنىڭ ئۆزلىرىمۇ پەيتى كەلگەندە پۇلنى غازاڭدەك سوپۇرۇۋالسا كېرەك. تۆلىسۇن ــ دەپ ئاخىر.

بازارباي گېئولوگلارنى ھەش - پەش دېگۈچىلا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئاتقا مىنىدۇ - دە، ھايت - ھۇيت دەپ كېتىۋېرىدۇ. ئۇنىڭغا نېمىدى، بەربىر كۆنلەپ - كۆنلەپ بولار - بولماس ئىشلارغا بېشىنى تىقىپ، لەلەڭلەپ يۈرگىنى يۈرگەن. بولۇپمۇ، توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، ئىشقىلىپ ھاراق پۇرىقى پۇرىغان جايدىن قۇرۇق قالمايدۇ. ئۇ ئايلىق مائاش ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن سوۋخوز ئىدارىسىگە كېتىدىغان بولسا، مالچى - پالچىلاردىن تارتىپ كېچىلىك كۆزەتچىلەرگىچە خوتۇنىدىن (ئۇمۇ ئىشچىلارنىڭ قاتارىدا) تارتىپ تۆل ئېلىش پەيتىدە ۋاقىتلىق ياردەمگە كەلگەنلەرگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئولتۇراتتى. بازارباي كېچىسى غەرق مەست - ئەلەس ھالدا قايتىپ كېلەتتى، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشەي - يىقىلىپ چۈشەيلا دەيتتى، پۇل ئېلىشقا كەتكەن ئادەمنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق بولاتتى. يارىماس خوتۇنى سوۋخوز باشلىقىغا يىغلاپ - قاقشىغان بولسا كېرەك، مانا ئۈچ ئايدىن بۇيان قورۇغا كاسسىر بورانباينىڭ ئۆزى ئايلىق تارقاتقىلى كېلىۋاتىدۇ، قانۇن بويىچە ھەر كىم پۇلىنى ئۆزى قول قويۇپ ئېلىشى كېرەك، دەيدۇ. تارقاتسا تارقىتىۋەرمەمدۇ، ئۆزى خالىغاندىن كېيىن ...

مانا مۇنۇنى كۆرۈڭ ئەمدى، مۇنۇ يىگىرمە بەش سوم ئۆز خاھىشى بىلەن ئۇنىڭ چۆنتىكىگە چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. توغرا، ئاچچىقتاشقا چىقىشتا خادا تاشلار، تىك دۆڭ - يارلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، ئۆپكەڭ ئاغزىڭغا تىقىلىپ قالىدۇ، يىقىلىپ كېتىش ئادەتتىكىلا ئىش، ئۇ دېگەن سەن ئايلىنىپ يۈرىدىغان ۋە بويۇنۇڭغا مېدال تاقاپ قويىدىغان تەنتەربىيە مەيدانى ئەمەس، بەلكى ئېتىغا چۈشلۈق تاغ - دە بۇنىڭ نېمىسىگە ئەجەبلىنىسەن — دۇنيادا ئەزەلدىن ئادالەت يوق ئىدى،

هازىرمۇ يوق. بېشىڭ قىشۇ ياز تاغدىن چىقمايدۇ، بۇ يەردە نە ئاسفالت يول، نە تۇرۇبا سۈيى، نە ئېلېكتر چىرىغى يوق. قارا كۈنۈڭنى بىلىشىڭچە كۆر. يىل بويى سېسىق قىغ كېچىپ قويۇڭنى باق. لېكىن شەھەردە بولسا، ئاپئاقىنا كېيىنگەن چاققان يىگىت تەنھەرىكەت مەيدانىدا لىكىلداپ يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ ياكى دەرۋازىغا توپ تېپىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۆزىمۇ مەززە قىلىدۇ، تاماشا كۆرۈشكە يىغىلغان خالايىقمۇ خۇشاللىقىدىن ئاسمانغا سەكرەيدۇ. چاققانبايغا شان – شەرەپلەر ياغىدۇ. ھەممە گېزىتلەر ئېغىزلىرىنى كۆپتۈرۈپ، ئۇلارنى كۆككە كۆتۈرىدۇ؛ ئەتىدىن – كەچكىچە دەم ئېلىش، يەكشەنبە دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي، بېلى پۈكۈلۈپ، پېشانە تەرىنى تۆككەنلەرنىڭ تاپقىنى بولسا، يەپ – ئىچىشكە ئارانلا يېتىدۇ. ئەلەم قىلغانلىقىدىن ھاراق ئىچسەڭ، ئاندىن خوتۇن غودۇڭشىيدۇ، يېگەن – ئىچكىنىڭنى بۇرنىڭدىن بۇلاق قىلىدۇ. ئىت ياتىدۇ، باشلىق گۈركىرەيدۇ، تەلەپ بولسا چوڭ: قوزا بەر، قويلاردىن بىرەرسىمۇ قىسىر قالمىسۇن، قويلار سېمىز بولسۇن، يۇڭنىڭ يۇمشىقىنى بەر، دېيىشىدۇ. يۇڭ ئورنىغا ئىشلىتىلىدىغان سۈنئىي تالا تاپىمىز دېيىشىدىغۇ، تازا داۋراڭ سالغان ئەمەسمىدى. قېنى، شۇ سۈنئىي تالاسى؟ يۇڭ قىرقىمى باشلانغاندىغۇ يۈزلىگەن تەكشۈرگۈچى – بەر دەپ، تازقاردەك باستۇرۇپ كېلىدۇ. بىر تال تۈكىنىمۇ قالدۇرمايدۇ. ھەممىسىنى تاپشۇر، ھېچنېمىنى قالدۇرماي بەر، دەيدۇ. يۇمشاق يۇڭ ئېكسپورت ئۈچۈن لازىمىش ... چەت ئەل پۇلى دېسە، ئۆلۈكىنى ئاسماندىن ئاتىدۇ بۇ نېمىلەر ... كېيىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوپقانغا چۈشۈپ كەتكەندەك غايىب بولىدۇ – دە، تۈگەيدۇ. ۋاي، ھەممىسىلا قۇرۇپ كەتمەمدۇ — قويلىرىمۇ، ئادەملىرىمۇ، جانغا تەگكەن مۇشۇ تۇرمۇشمۇ ...

بازارباينى يول بويى ئەنە شۇنداق كۆڭۈلسىز خىياللار چۇلغىۋالدى، شۇڭا كېتىۋېتىپ بىر ئېغىز گەپ قىلىشىمۇ قويمىدى. ئۇ ئارىلاپ - ئارىلاپ كەينىدىن كېلىۋاتقان گېئولوگلارغا قاراپ قوياتتى، خەتەرلىك جايلارغا كەلگەندە ئاگاھلاندۇرۇپ قوياتتى... ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە ئىدى، بۇنىڭ ھەممىسىگە كارغا كەلمەس خوتۇنى سەۋەبچى ... ۋاي، ئالۋاستى - يەي! ھەممە ئىشقا ئارىلاشماي قويمايدۇ، ۋارقىراپ - جارقىراپ، بۇ قېتىم يات ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ۋايسىغىنىنى دېمەمسىز! ۋاي، شاللاق - يەي! داد سېلىپ يۈرمىسە كۆڭلى ئارام تاپمايدۇ، تۇرمۇشنى ئەنە شۇنداق بەربات قىلىپ تۈگەتتى! قەدىمقىلەر بىكار دېمەپتىكەن: خوتۇن خەق كېچىسى مۈشۈكتەك سۈركىلىدۇ، كۈندۈزى يىلاندەك تولغىنىدۇ دەپ. ئەنە، كۆردىڭىزمۇ! غودۇڭشىغىنى غودۇڭشىغان! «يەنە قاياقلارغا قاچاي داۋاتىسىز، — دەيدۇ ئۇ، — بۇ گېئولوگلارنى بېشىڭىزغا تاڭامسىز!؟ ھازىر ئىش دېگەن ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ، قويلار قوزىلايمەن دەپ تۇرۇپتۇ». ئايالىنىڭ قولى كىچىك بالىسىدىن بوشىماسمىش، چوڭلىرى ياتاقلىق مەكتەپتە بۇزۇلۇپ كەتكەنمىش، تەتىلگە كەلسە، ئاغزى تاماقتىن بوشىماسمىش، قورۇپ بەر، دۈملەپ بەر دەرمىش. «ئۇ نېمىلەرنىڭ قوللىرىنى سوغۇق سۇغا تەگمايدۇ، — دەيدۇ خوتۇنى، — تاماكا چېكىشلىرىگە نېمە دەي! ھاراق ئىچىشتىنمۇ يانمايدۇ! ياتاقلىق مەكتەپتە ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئادەم يوق. مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆزى ھاراقكەش. ئۆيدە كىمدىن ئەقىل ئۆگىنىدۇ ئۇلار؟ سىز بولسىڭىز قۇيرۇق تۇتقۇزمايسىز، ئەتىدىن - كەچكىچە سايىڭىزنىمۇ كۆرسەتمەيسىز. قورۇپ كەتكۈر ئىچىملىكتىن ئېشىنمايسىز. ھېلىمۇ ياخشى جىنىڭىزغا ئارام بېرىدىغان ئات بار ئىكەن، بولمىسا، ئاللىقاچان يول -

يوللاردا ئۆلۈپ - تارتىپ قالماسمىدىكىن ...».

ۋاي، بۇ شاللاقنى - يەي! قانچە ئۇرساڭمۇ - سوقساڭمۇ، بەرىبىر، ئەقلىنى تاپمايدۇ. گۆشىيىپ يۈرگىنى يۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كۆك تورسۇن دەيدۇ - دە. لېكىن تىلى ئۇزۇن، تىلىنى ھېچ يىغىشتۇرالمايدۇ.

بۇ قېتىممۇ گېپىلوگلار بار دېمەي، تازا ۋاتىلدىدى، ئەخمەق. نەچچە قېتىم كانىيىدىن ئالغاندا، ۋاي ئۆلدۈم، ئەمدى گېپىڭىزگە گەپ قايتۇرمايمەن دەپ ھەر ۋەدىلەرنى بەرگەن ئەمەسمىدى. نەدىكىنى! بىراق بازارباي يەنە ئۇنى تىنچىتىشنىڭ ئېپىنى تاپتى. گېپىم بار، بېرى كەل، دەپ ئىچكىرىگە چاقىردى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، گەپ قىلماي ئۇنى تامغا نىقتىدى، يۈزىنى يۈزىگە تىرىدى، نەپەس ئالغىلىمۇ قويمىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇ خوتۇنىنىڭ تاياق زەربىدىن كۆكىرىپ كەتكەن، تاتارغان، قورۇق باسقان يۈزىدىن، ھالسىزلىقتىن ئېچىلىپ قالغان چىشسىز ئاغزىدىن، قورقۇنچتىن خىرەلەشكەن جانسىز كۆزلىرىدىن ئۆتكەن يىللارنىڭ قايغۇ - ئەلەملىرىنى، ئەبگارلىق، ئامەتسىزلىك ۋە چەككەن روھىي ئازابلىرىنى كۆردى. شۇ چاغدا ئۇ ھەتتا ئۆزىدىن ئۆزى يىرگەنگەندەك بولدى - دە، بوغۇلۇپ تۇرۇپ زەھىرىنى چاچتى:

— ھۇ، قانجۇق، يەنە تىلىڭنى چاينايدىغان بولساڭ، ياقىنى چەيلىگەندەك چەيلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە خوتۇنىنى بىر ياققا ئىتتىرىۋەتتى.

خوتۇنى غىڭ قىلماي چېلىكىنى كۆتۈرگەن پېتى، ئىشىكنى جالاقىدە يېپىپ، ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئاردىن سەل ئۆتمەيلا، بازارباي ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ ئاتقا مىندى - دە، گېپىلوگلارنى باشلاپ يولغا چۈشتى ...

ھە، بەختكە يارىشا، ئات قورغۇر ياخشى، ئۇنىڭغا بىردىنبىر لەززەت بېغىشلايدىغىنى شۇ ئات، بەرىكە تاپقۇر بۇ ئات ئات زاۋۇتىدىن چىققان، ئاللىكىمگە ئۇنىڭ رەڭگى ياقماي قېلىپ، شالاپ چىقىرىۋەتكەن بولسا كېرەك. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ قارا تورۇق ياكى قوڭۇرلۇقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. لېكىن بۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئەقىللىق ئات دېگەن تاغدا قەيەرگە قەدەم بېسىشنى بىلىدۇ، ھەممىدىن بەك چىداملىق كېلىدۇ، نەق بۆرىنىڭ ئۆزى. ئۈستىدىن دائىم ئېگەر چۈشمەيدۇ، دائىم كۆزى ئوچۇق. ھە، نېمىسىنى دەيدۇ، ئېتى ياخشى، بۇ ئەتراپتا، بوستونىنىڭ ئېتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان ئات يوق. ۋاي، سوۋخوزنىڭ ئىلغار مالچىسى. ھەي، ئادەم بولمىغۇر. دۇنيادا بۇنداق خەسىس ئادەم تېپىلمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ نېمىشقىدۇر بىر - بىرى بىلەن ئېقى كېلىشمەيدۇ. ئەنە بوستونىنىڭ ئېتىنى ئات دېسە بولىدۇ، سىرتى تىللادەك يالتىراپ تۇرىدىغان دون ئېتى، شۇڭا ئۇنى دونقۇلىك دەيدۇ. بوستونىنىڭ ئامىتى بار ئىكەن. ئەتىدىن - كەچكىچە ئېتىنى پەرۋىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ باشقا ئىلاجىمۇ يوق. ئاتلىق يۈرۈپ، ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلمىسا بولمايدۇ، ئەزىمەت. خوتۇنى ياش، ئېرىنەزەرنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى، ئېرىنەزەر بۇنىڭدىن ئۈچ يىلچە بۇرۇن ئالامونگو داۋىنىدا مۇزنىڭ يېرىقىغا چۈشۈپ كېتىپ، شۇ پېتى ئۆلۈپ كەتكەن، ئۆلۈكىمۇ شۇ يەردە قالغان ...

تۇرنىلار قاتار تىزىلىپ تاغلار ئۈستىگە كۆتۈرۈلمەكتە، پاراڭ سوقۇشقا پۇرسەت يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ بازارباينىڭ كەيپى ئۇچقانىدى. ئۇلار زۇۋان سۇرمەي يول باساتتى. قىش ئاخىرلىشىپ قالغان بولۇپ، تاغنىڭ كۈنگەي تەرەپلىرىدىكى قارلار ئېرىشكە باشلىغانىدى، دىماغقا

كۆكلەم ھىدى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئەتراپ تىنىق ۋە جىمجىت ئىدى. پەستىكى سەدەبىتەك يالتىراپ تۇرغان يوغان كۆپكۆك كۆلنىڭ نېرىقى تەرىپىدە ئېگىز تاغلار ئۈستىدە قۇياش ئېگىزگە كۆتۈرۈلگەنىدى. ھەممىلا ياق تاش، قىيا، ئىنس - جىن يوق.

«ئۇلارغا بۇ يەردە نېمە بار ئىكىن؟» دەپ ئويلاپ بازارباينىڭ ئەجەبلىنىشى كۈچەيدى. ئۇ گېپولوگلارنى مەنزىلگە يەتكۈزۈپ قويغان ھامانلا قايتىش نىيىتىگە كەلدى. ئاچچىقتاش جىلغىسىنىڭ يېنىدىكى توغرا يول چوڭ كۆلنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارىدىغان جىلغىغا قارىغاندا قىسقىراق ئىدى. ئۇ ئىچىدە، قايتقاندا باشەت جىلغىسىدىن ماڭىمەن، دەپ قويدى. شۇنداق قىلسا، ئۆيىگە ھايال بولمايلا يېتىپ بارالايتتى. ئۇ گېپولوگلار بىلەن خوشلىشىپ، شۇنداق قىلدى. لېكىن چۈنتىكىگە بەرىكە تاپقۇر يىگىرمە بەش سومنى سېلىۋېتىپ، يىگىتلەرگە قاراپ:

— ھەي، ئاغىنىلەر، قارىسام، ھەممىڭلار ئوغۇل بالا ئىكەنسىلەر، — دېدى ھېجايغان پېتى بۇرۇتىنى سىيلاپ، — بىزمۇ ۋايىغا يەتكەن يىگىتمىز، گالنى بىر نەمىدىۋالمايلىمۇ، ھە؟

بازارباي ئىچسەم بىر ئىستاكان ئىچەرمەن، دەپ ئويلىغانىدى، يىگىتلەر بولسا، ئۇنىڭغا مەردلىك بىلەن، ئالغىن، ئۆيۈڭدە ئىچەرسەن، دەپ شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەنگەن كۆك شېشىلىك ھاراقنى سوۋغا قىلدى! بۇ بەخت نەدىن كەلدى دەپ، بازارباي بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئۇلارغا ئالدىراپ - تېنەپ چېدىرنى قەيەرگە تىكىشنى، ئوتۇننى نەدىن تېپىشنى كۆرسەتتى، يىگىتلەر بىلەن نۆۋەت بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ھەر بىرىنىڭ قولىنى ئۇزاققىچە سىلكىپ قىستى، ئۇ

ھەتتا بىرىنچى قېتىم بولۇۋاتقىنى يوق، ئۆيىگىچە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، دەپ ئېتىغا غەملىنىۋالغان يەمىنىمۇ بەرمىدى. ئۇ ئۇپپۇل - توپپۇل ئېگەرگە چىقتى - دە، يولغا چۈشتى. مولجال قىلغىنى بويىچە، ئۇزاق ئۆتمەيلا يالغۇز ئاياغ يولنى تاپتى ۋە چالا - بۇلا قار باسقان تىزمىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، باشەت جىلغىسىغا كىردى. دەريانىڭ يان تەرەپلىرىدە شاللاڭ-راق توقايلىق ۋە ئورمانلىقلار بولۇپ، بۇ يەرلەر ئاچچىقتاش جىلغىسىدەك قاراڭغۇ ئەمەس، خېلىلا يورۇق ئىدى. بۇ ماكاندا جىلغا سۇلىرى ۋە بۇلاق سۇلىرى كۆپلەپ ئېقىپ تۇراتتى. شۇڭلاشقا بۇ يەرنى باشەت جىلغىسى — بۇلاق جىلغا دەپ ئاتايتتى.

پاختىلىق پەشمەت ئۈستىدىن كىيىۋالغان يامغۇرلۇق چاپاننىڭ يانچۇقىدىكى شىشە ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى. ئۇ شىشىنى بىردەم - بىردەم تۇتۇپ قوياتتى، قايسى جىلغا بويىدا توختىسامكىن، دەپ جاي تاللايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئىچەلەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شىشىنىڭ يېرىمىنى بوشىتىۋىدۇ - دە، تۆپىسىدىن سۇ ئىچىۋىدۇ، ئاندىن يەنە يولغا راۋان بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا بازارباي ئاتقا مىنىۋالسىلا بولدى. ئۇ يېقىنغا تولپار ئېتىنىڭ ئۆزىلا يەتكۈزۈپ قويىدۇ. بىچارە كۆك تۇرسۇن، بازاربايىنىڭ قولتۇقىنى شەيتان يۆلەپ تۇرىدۇ، دەپ بىكار دېمەيدۇ، ئۇ تېخىچە ئېگەردىن بىرەر قېتىم يىقىلغان ئەمەس. ئۇ ئاخىرى يولدىكى بىر ئېرىقنى تاللىدى، ئۇنىڭ ئۈستىنى نېپىز چۈرۈك مۇز قاپلىغان بولۇپ، سۇ مۇزنىڭ ئاستىدا تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ ئاقاتتى. بازارباي شۇ يەرگە چۈشتى. ئەتراپتا ياۋايى تال ۋە زىرىق چاتقاللىرى بولۇپ، قارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئاتنىمۇ سۇغىرىپ، يەم بەرسە بولاتتى.



www.uyghurkitap.com

ئۇ ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقىنى چىقاردى، سۇلۇ قاچىلانغان خۇرجۇننى ئېگەردىن چۈشۈردى، ئىزمىسىنى يېشىپ، يېشىلگەن تەرەپنى ئاتنىڭ بوينى ئاستىغا سۈرۈپ قويدى. ئات ھاردۇقىنى چىقىرىۋاتقاندەك يېنىك نەپەس ئېلىپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغان ھالدا، كارتىلدىتىپ سۇلۇ چايناشقا باشلىدى.

بازارباي بولسا، سۇ بويىدىكى يىقىلغان دەرەخكە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالدى - دە، شىشىنى چىقاردى، ھەۋەسى كېلىپ، كۈنگە تۇتۇپ قارىدى، لېكىن نېمىنىمۇ كۆرەتتى، شىشە يەنىلا شۇ شىشە، پەقەت كۈن تۈگەپ كېتىۋاتىدۇ، تاغلاردىكى سايىلەر يانتۇلىشىۋاتىدۇ، كەم دېگەندە، كۈن پاتىدىغانغا تېخى بىر سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىت بار ئىدى. لېكىن بازاربايغا ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇ ھاراقنىڭ مېڭىگە ئۇرۇلىدىغان مەززىسىنى تەمشەپ ھېس قىلىپ، يوغان تىرنىقى بىلەن شىشىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، پۇرىدى، بېشىنى چايقىدى، ئاغزىغا كۆتۈردى. تىترەپ تۇرۇپ، غۇرتۇلدىتىپ ئىچتى. ئاندىن ئېرىقتىن ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ، كاسىلدىغان مۇز پارچىلىرى بىلەن قوشۇپلا ئىچتى. مۇز چىشلىرىغا تېگىپ غىچىرلاپ، خۇددى مېڭىسى غىچىرلاپ كەتكەندەك بولدى. بازارباينىڭ چىرايى سەت تۈرۈلدى، تامىقىنى قىرىپ يۆتەلدى - دە، ئوغىنىڭ قاچان بېشىغا چىقىشىنى، تاغلار ۋە قىيالارنىڭ خۇددى تۇمان بىلەن قاپلانغاندەك ئۈزۈشكە باشلىشىنى، لەيلەپ يۇقىرىغا ئۆرلىشىنى، قىزىغان مېڭىسىدە غەلىتە، ئېنىق بولمىغان ئاۋازلار ۋە غوڭۇلدىغان شاۋقۇنلار چىقىشىنى كۈتۈپ كۆزىنى يۇمدى. ئۆزىنى كەيىپ قۇچىقىغا ئېتىش ئىشتىياقىدا تۈگۈلۈپ ياتتى. ئاندىن تومۇرلىرى كېڭىيىپ، بوشاشتى، شۇ چاغدا قەيەردىدۇر ناھايىتى يېقىن ئارىلىقتىن خۇددى كىچىك بالا يىغلىغاندەك ئاستا ئىڭرىغان ئاۋاز كەلدى. نېمىدۇ بۇ؟

www.uyghurkitap.com

زىرىق چاتقاللىرى ۋە دۆۋە ـ دۆۋە تاشلارنىڭ كەينىدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر يەردە يەنە نىمىدۇر بوۋاقتەك ئىڭگىلىدى... بازارباي سەگەكلەشتى، يەنە ئىختىيارسىز شىپشىنى كۆتۈرۈپ ئىچتى، ئاندىن ئۇنى ئاستا تاشقا يۆلەپ قويدى، لەۋلىرىنى سۈرتتى ـ دە، ئورنىدىن تۇردى. يەنە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. ئۇ ئاداشمىغانىكەن، قانداقتۇر بىر ھايۋاننىڭ باللىرى ئاۋاز چىقارماقتا ئىدى.

بۆرە ئۇۋىسى... بۆرە ئۇۋىسىدىن ئەكبەرە بىلەن تاشچايـنارنىڭ باللىرى ئۇزاق يوقاپ كەتكەن ئانىسىنى ئىزدەپ ھۇۋلاشماقتا ئىدى. ئەكبەرە مويىنقۇم چۆللىرىدىن ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قاچقاندىن كېيىن، ئەلدەش بوييىدىكى دەھشەتلىك يانغىنلاردىن كېيىن بىر يىل قىسىر يۈرۈپ، باش ئەتىياز بولغاندا ۋاقتىسىز باللىغانىدى.

بازارباي بۆرە ئۇۋىسىغا ئاستا يېقىنلاشتى. ھوشيار بولغان بولسا، بۆرە ئۇۋىسىغا بېرىشتىن ئىلگىرى، ئەلۋەتتە، ئويلىغان، مۇلاھىزە قىلغان بولاتتى. ئۇ كامارنىڭ ئىچىدىكى ئۇۋىنى ئاسانلىقچە تاپمىدى. تەجرىبىسى ئەسقاتتى. قارنىڭ ئۈستىنى سىنچىلاپ كۆزەتتى، ئېنىق چۈشكەن ئىزلار زەنجىرىنى كۆردى. بۆرىلەر ئېھتىياتچانلىق بىلەن دائىم كونا ئىزلىرىنى بېسىپ قەدەم تاشلىغانىدى. بازارباي يەنىمۇ نېرىراق بېرىپ، تاش دۆۋىلىرى ۋە چاتقاللار ئارىسىدا چالا غاجىلانغان ۋە چايناپ تاشلانغان توپ ـ توپ سۆڭەكلەرگە دۇچ كەلدى. دېمەك، بۆرىلەر تاپقان ئولجىسىنىڭ بىر قىسمىنى سۆرەپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە خاتىرجەم يېتىپ غاجاپتۇ. يوغان ـ يوغان سان ۋە ئومۇرتقا سۆڭەكلىرىنىڭ جىقلىقىدىن قارىغاندا، بۆرىلەر بۇ يەردە خېلى ئۇزاقتىن بېرى ياشاۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇۋىنى تېپىش ئەمدى تەسكە چۈشمەيتتى. بازارباي

كامارغا كىرىشتىن نېمىشقا چۆچۈمىدى؟ بۇنىڭغا بىر نەرسە دېمەك تەس. بۇ يەردە چوڭ بۆرىلەرنىڭ بولۇشىمۇ ئېھتىمال-دىن يىراق ئەمەس ـ تە! لېكىن قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بۆرە كۈچۈكلىرى ـــ ئۇششاق جانىۋارلار ئىڭراپ ئۆزلىرىنى ئاشكارىلايتتى ۋە يېنىغا چاقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەكبەرە بىلەن تاشچاينارنىڭ ئۇۋغا چىقماقتىن باشقا ئامالى قالمىغانلىقىنى كۈچۈكلىرى بىلسىچۇ كاشكى. بۆرىلەرگە باش ئەتىيازنىڭ ئېغىر كۈنلىرى باشلانغانىدى. بۇنداق چاغلاردا يېقىن ئەتراپتىكى كۈچ ـ مادارىدىن قالغان تاغ ئۆچكىلىرى ۋە ئارقارلار ئاللىقاچان تۈگىگەن بولىدۇ. بۇنداق پەيتتە كېيىكلەر بالىلاش ئۈچۈن قەدەم يەتمەس ھاڭلارغا چىقىپ كېتىدۇ. ئادەملەر بېقىپ تۇرىدىغان ماللارمۇ دەل شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، بۇنداق چاغلاردا، مال قوروللىرى ۋە قوتانلارغا قامىلىدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا تىنىماي ئەمچەك ئېمىدىغان تۆت كۈچۈكنى سۈت بىلەن بېقىپ كەتكىلى بولامدۇ؟ ئەكبەرە ئېتىدىن چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئەمدى ئۆزىگىمۇ زادىلا ئوخشىمايتتى، تۈكلىرى ھۈرپەيگەن، كالىسى يوغىناپ كەتكەن، ئەمچەكلىرى سوغۇلۇپ ئېسىلىپ كەتكەنىدى. بۆرىلەر، ئومۇمەن، غايەت چىدامىلىق كېلىدۇ. ئۇلار بىر نەچچە كۈنلەپ بىر نەرسە يېمەي يۈرۈۋېرىشى مۇمكىن. لېكىن بالىسىنى ئېمىتى-دىغان بۆرە ئۆزىنى يېمەكلىكتىن سىقالمايدۇ. تۇرمۇش ئەكبەرەنى چوڭ ئۇۋغا چىقىشقا مەجبۇر قىلماقتا ئىدى. مۇبادا ئۇ ھالاك بولىدىغان بولسا، كۈچۈكلىرىمۇ ئۆلۈپ كېتىدۇ.

تاشچاينار ئۇنىڭغا ئەگىشىپلا يۈرەتتى. ئۇلار ھەممىگە تېز ئۆلگۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئۇلار ئولجىنى تېز تېپىشى، ئۇنى تېز تۇتۇشى، گۆشىنى تېز ـ تېز، يوغان ـ يوغان

يۇتۇشى ۋە تېز كەينىگە يېنىشى. ئائامنى ھەزىم قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەكبەرە كۆچۈكلىرىگە تېز سۈت بېرىشى كېرەك، بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق.

بۇگۈن ئۇلارنىڭ ماڭىغان يوللىرى ناھايىتى يامان بولۇپ، كۆنگەي يەرلەر ناھايىتى تېيىلغاق، تەسكەي تەرەپتىكى توڭلاپ تۇرغان يەرلەر تولىمۇ قاتتىق ئىدى. بۆرىلەر شۇنىڭغىمۇ قارىماي تاغدىن ـ تاغقا قاتىرىدى. بۇنداق چاغلاردا كىچىكرەك مەخلۇقلار تېخى يەر ئاستىدىن بېشىنى كۆتۈرمەيدۇ، ياۋايى ھەممە قولدا بېقىلغان چوڭ ماللارغا بولسا، يېقىنلاشقىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ، تىرىك ھايۋانلارنى ـــ ئات، كالا، تۆگەلەرنى شېرىكسىز ئۆۋلاشتىن پايدا چىقمايدۇ. ھاياتنىڭ پىشكەللىكىمۇ شۇنىڭدا. تاشچاينار ھەر قانچە بەقۇۋۋەت بولغىنى بىلەن، چوڭ ئۇلجىنى ئۆزى يالغۇز ئۆۋىسىغا سۆرەپ ئاپىرالمايدۇ. ئاخىرقى قېتىم ـــ بۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى ئۇ تاغ يانباغرىدا تېنەپ كېپقالغان بىر ئېشەكنى ئۇلجا ئالدى. ئەكبەرە كېچىسى ئۆۋىسىدىن چىقىپ، ئېشەك گۆشىنى تويغۇچە يېدى. لېكىن ئېشەك جانىۋارلار ھەر كۈنىلا تاغ باغىرلىرىدا مۇنداق دۇنيادىن بىخەم يۈردۈرمەيدۇ ـ دە. ئادەتتە ئېشەكلەرنىڭ يېنىدا، ئەلۋەتتە، ئادەم بولىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەكبەرە قورسىقىنى ئۇۋدا تويدۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزى ئۆۋىسىدىن چىقتى.

ئەكبەرە باشتا ئىككىلەندى، بالىلىرىدىن خاۋاتىرلىنىپ ئۆۋىسىنى تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى زادىلا ئۇنىمىدى، ھەتتا بىر ـ ئىككى قېتىم كەينىگە قايتماقچىمۇ بولدى. ئۇلارنى دائىم ئىسسىتىپ، سۈت ئەمگۈزۈپ تۇرۇش كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ ئۆزىنى زورىغا يېڭىپ، ئۆۋىسىنى ئۇنتۇشقا مەجبۇر بولدى. كۆل ئەتراپىدا ئۇلجىنىڭ پۇرىقى بۇرنىغا كىرگەندىن كېيىن بولسا، ئۇۋ خۇمارى

ئۇنى پۈتۈنلەي ئىلكىگە ئالدى.

ئەكبەرە بىلەن تاشچاينارنىڭ ئامىتى بار ئىكەن، ئۇلار يېڭى چۈشكەن ئىزلارنى پۇراپ مېڭىپ، كەڭ ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى.

بۇ يەردە، پادىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا كېرەك، ئۈچ قوتاز ئوتلاپ يۈرەتتى. بۆرىلەر بىرەر يىل بۇرۇن مانا مۇشۇنداق ناچار پەيتلەردە ئۇلارغا ئېتىلىپ بېقىشقانىدى. شۇ چاغدا بۆرىلەرگە دۇچ كەلگەن نەرسىنى ئولجا قىلىشتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. هازىر ۋاقىت قىش ئىدى، ئەتراپتا ئادەمنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۆرىلەر ئۇياقتىن ـ بۇياققا ئوغرىلىقچە كۆز يۈگۈرتۈپ، بىراقلا هۇجۇمغا ئۆتتى. قوتازلار چېپىپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرنى كۆرۈپ، مۆڭگۈگەن پېتى هۆركىرىگىنىچە قاچتى. لېكىن بۆرىلەرنىڭ قوغلاپ يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغانلىقىنى پەملەپ توختىدى. ئۇلارنىڭ بىقىنلىرى سەندەلدەك بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۈشەتتى. ئۇلار مۆڭگۈزلىرىنى بۆرىلەرگە توغرىلاپ هۇجۇمغا ئۆتتى، ئۇلارغا باشقا ئامال قالمىغانىدى.

شۇ چاغدا، قىسقىغىنا بىر ۋاقىت ئىچىدە دۇنياغا ئەزەلدىن بار بولغان بىر خىل تەڭپۇڭلۇق هاكىم بولدى: ئاسماندىكى قۇياشمۇ، مۇتلەق جىمجىتلىقمۇ، ئىنس ـ جىن بولمىغان كەڭ دالامۇ بۆرىلەر بىلەن كۆشگۆچى هايۋانلارغا تەڭ تېگىشلىك بولدى. كۆشگۆچى هايۋانلار توقۇنۇشتىن قېچىپ قۇتۇلماقچى بولاتتى، لېكىن يىرتقۇچ هايۋانلار ئاسانلىقچە كەينىگە يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئاچلىق ئۇلارنىڭ ئىچ ـ ئىچىنى تاتىلىماقتا ئىدى. ئۇلار قانداقلا بولمىسۇن ئېلىشىپ، هېچبولمىغاندا بىر قوتازنى يىقىتىپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭمۇ، باللىرىنىڭمۇ جېنىنى ساقلىشى كېرەك ئىدى. قوتازلار چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس، ئوتتۇرىچە بولۇپ، قىش چىقىپ كېتىشنىڭ ئالدىدا يۇڭلىرى قالايمىقان ئۆسۈپ

كەتكەنىدى. قۇيرۇقلىرى ئاتنىڭ قۇيرۇقىدەك بولغان بۇ قوتازلارمۇ جەڭ قىلماقتىن باشقا ئىلاج يوقلۇقىنى چۈشەندى. ئۇلار قەھرۇ غەزەپ ۋە قورقۇنچ ئىچىدە باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، تۇياقلىرى بىلەن يەرنى تاتىلاپ، ھۆركىرەپ چاپچىشقا باشلىدى. قۇياش كۆك يۈزىدە ھالەن چاقناپ تۇراتتى، ئەتراپنى قارلىرى ئېرىشقا باشلىغان ئىنس - جىنسىز تاغلار قورشىۋالغان بولۇپ، سارغىيىپ ياتقان ئوچۇق تۈزلەڭلىكتە قوتازلار بىلەن يىرتقۇچلار يۈزمۇيۈز توقۇنۇشۇشتى.

بۆرىلەر قولايلىق پۇرسەت كۈتۈپ، قوتازلارنىڭ ئەتراپىدا ئايلىناتتى. ئەكبەرەنىڭ ۋاقتى قىس، بالىلىرى ئۇنى ئىنتىزار بولۇپ ساقلاۋاتىدۇ. ئاخىر ئۇ سەل ئاجىزدەك بولۇپ كۆرۈنگەن بىر قوتازغا تەۋەككۈل قىلىپ ئېتىلدى. قوتازنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەكبەرە ئۇنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئېھتىمال، يېڭىلىشىۋاتقاندۇر. لېكىن ئويلاپ ئولتۇرىدىغان پەيت ئەمەس ئىدى. ئەكبەرە ئۆزىنى قوتازنىڭ كۆكرىكىگە ئاتتى. ھەممىنى دەقىقىلەر ھەل قىلىدۇ. قۇتراپ كەتكەن قوتاز ئۇنى يەلكىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلاش ۋە مۈڭگۈزلىرى بىلەن يەرگە مىخلاش ئۈچۈن، بېشىنى كۆچەپ سىلكىۋاتقان مەھەلدە، تاشچاينار ئۇنىڭ يەنە بىر يېقىدىن تاشلىنىپ، بويۇن تومۇرلىرىنى ئۈزۈپ، قېنىنى ئاققۇزۇشى، مېڭىسىنى كاردىن چىقىرىشى كېرەك ئىدى.

شۇنداقمۇ بولدى. لېكىن ئاڭغىچە قوتاز ئەكبەرەنى يەرگە يىقىتىپ بېسىشقا ئۈلگۈردى ۋە ھۆركىرەپ، ئۇنى مۈڭگۈزلىرىگە ئىلىپ تاشلاشقا راسلاندى، يەنە ئازراقلا ھايال بولىدىغان بولسا، ئۇنى پۈتۈنلەي چەيلىۋېتەتتى. لېكىن ئەكبەرە قوتازنىڭ مۈڭگۈزلىرى ئاستىدىن يىلاندەك سىيرىلىپ چىقتى ۋە شۇ زاماتلا يەنە قوتازنىڭ تۆشىگە سەكرىدى، ئۇنىڭ جاۋغىيىنى

يىرتىۋېتىدىغان دەرىجىدە قاتتىق يۇڭ قاپلىغان گەدىنىگە ئۆتكۈر چىشلىرىنى كۆچەپ پاتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ۋەھشىي ۋە رەھىمسىز بۆرە تەبىئىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. ئۇ ياشاش ئۈچۈن ئۆلتۈرمىسە بولمايتتى. لېكىن بۇ قېتىمقى ئولجا ئاسانلا جان بېرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. زوراۋانلىقتا كېيىك بىلەن توشقانلا بويۇن ئېگىپ تۇرىدۇ. جاھىل قوتاز يارىدار بولۇپ، قېنى ئېقىپ تۇرغىنىغا قارىماي، تېخى خېلى قارشىلىق كۆرسىتىشى ۋە ھەتتا يېڭىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئەكبەرەنىڭ يۇلتۇزى بىردىنلا پارلاپ چىقتى: دەل شۇ پەيتتە تاشچاينار ئەكبەرە بىلەن ئېلىشىۋاتقان قوتازغا يان تەرەپتىن تەگدى ۋە ئۇنىڭ كېكىردىكىگە چىشلىرىنى پاتۇردى. تاشچاينارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرىش قىيىن ئىدى. بۇ ھۇجۇمغا ئۇ پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلدى. قوتاز ئۆز قېنىغا مىلىنىپ، ھودۇقۇپ كەتتى ۋە خىرقىراشقا باشلىدى. ئاندىن بوغۇزىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېتىلدى ۋە ئېغىر خىرىلداپ يەرگە يىقىلدى. قوتازنىڭ كۆزلىرى شىشىدەك قېتىپ قالدى. ئېلىشىش بولۇۋاتقاندا، تىرىك قالغان ئىككى قوتاز پاتىراقلاپ قاچتى ۋە خېلى نېرىغا بېرىۋالغاندىن كېيىن، قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ، گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئالدىرىماي ميڭىپ كېتىشتى.

بۆرىلەر چالا ئۆلۈك قوتازنى تارتىشتۇرۇپ، چىشلەشكە كىرىشتى. ئولجىنىڭ قاچان جېنى چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشقا ۋاقىت يوق ئىدى. قايسى يېرىدىن باشلاپ يېيىشنىمۇ ئويلاپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. ئەكبەرە قوتازنىڭ تېقىمىغا يېپىشتى، تېخى ئىسسىق، دىرىلداپ تۇرغان گۆشنى چىشلىرى بىلەن يۇلۇۋېلىپ، يالمايلا يۇتۇۋەردى. ئۇ ئىلاجىنىڭ بارىچە جىق گۆش يېيىشى ۋە ئامالىنىڭ بارىچە تېزرەك ئۈۋىسىغا

قايتىشى كېرەك. قاناتلىرى زارىقىپ، ئىنتىزار بولۇپ كۈتمەكتە. تاشچاپىنار ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى، ۋەھشىيانە خىرىس قىلىپ، گۆشىنى پارچە - پارچە قىلاتتى، ياۋايى قاسساپنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولدى. بۆرىلەر ئالدى بىلەن گۆشكە راسا تويىدۇ، ئاندىن ئۇۋىسىغا تېزرەك يېتىۋېلىش ئۈچۈن يولغا چۈشىدۇ. كېچىسى يەنە گۆشكە تويغىلى كېلىدۇ، ئاندىن قالغان گۆشنى بىرەر پاناھ جايغا سۆرەپ بېرىپ، يوشۇرۇپ قويىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا تېخى ۋاقىت بار. ھازىر بولسا، بۆرىلەر ئاچكۆزلۈك بىلەن گۆش يېمەكتە ئىدى...

ئېسىلىپ تۇرغان ھاڭ تاش تېگىدىكى تارغىنە كامارغا جايلاشقان بۆرە ئۇۋىسىدا ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرە بالىلىرى ئىختىيارسىز ھالدا ھۇۋلايتتى، ئىسسىنىش ئۈچۈن بىر دەم غۇجمەك بولۇپ بىر يەرگە تىقىلىشاتتى. ئاندىن يەنە ھەر تەرەپكە سۆرىلىشىپ تارقىلاتتى، يەنە تىقىلىشاتتى. تاشقىرىدا شىلدىرلىغان ئاۋاز ئاڭلانغان چاغدا بازارباي ئۇۋىنىڭ ئىچىگە تىقىلىپ كىرمەكتە ئىدى. ئۇلار بۇرۇنقىدىنمۇ بەتتەررەك چىرقىلدىشىپ، ئۆمىلەپ - دومىلاپ دىگىۋدەك ئۇۋا ئاغزى تەرەپكە ئىنتىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئىشىنىمۇ ئاسانلاشتۇردى. بازارباي كۆچەپ كەتكەنلىكىدىن چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ تار كامارنىڭ ئىچىگە قىسىلىپ يۈرۈپ كىردى. ئۇ پاختىلىق پەشمىتىنى يېشىپ تاشلىغان بولۇپ، پىنجىكى بىلەنلا قالغانىدى. ئۇ بۆرە بالىلىرىنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ، ئۇچىنى قوينىغا تىقتى. تۆتىنچىسىنى بويىنىدىن چىڭ سىقىپ تۇتۇپ، سىرتقا سۆرىدى. يورۇققا چىققاندا كۆزلىرى قامىشىپ كەتتى. ئېگىز تاغلار شۇ قەدەر يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. تەبىئەت يۈرەكنى

سىقىمدىغان جىمجىتلىقتا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭغا پەقەت ئۆزىنىڭ نەپەس ئالغانلىقىلا ئاڭلىناتتى. قويىنىغا تىقىۋالغان بۆرە باللىرى قىمىرلاشقا باشلىدى، قولىدىكىسى بولسا ئۆزىنى قۇتقۇزماقچى بولاتتى. بازارباي ئالدىراپ قالدى. ئۇ ئېغىر ـ ئېغىر نەپەس ئالغان پېتى پاختىلىق پەشمىتىنى يەلكىسىگە تاشلىدى ـ دە، ئېرىق تەرەپكە قاراپ ئىتتىك ماڭدى. ئېشىنىڭ قالغىنى ئاسان ئىدى. ئۇ ئۆزى ئوغرىلاپ چىققان تۆت بۆرە بالىسىنى ئېپىگە كەلتۈرۈپ پۇل قىلماقچىدى. ھازىرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خۇرجۇنغا تىقىدۇ. بۆرە باللىرىنى خېلى پۇل قىلىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ئىشەنچى كامىل ئىدى: بۇلتۇر بىر پادىچى ھايۋانات بازىرىغا بىرنەچچە بۆرە بالىسىنى ساتقانىدا، ھەر بىر بۆرىگە ئەللىك سومدىن پۇل بەرگەنىدى.

بازارباي كاراسىلتىپ يەم چايناۋاتقان ئاتنىڭ ئاغزىدىن خۇرجۇننى تارتىۋېلىپ، ئىچىدە قالغان سۇلۇنى يەرگە تۆكتى، خۇرجۇننىڭ ھەر يېقىغا ئىككىدىن بۆرە بالىسىنى جايلاشتۇردى، خۇرجۇننى ئېگەردىن ئارتىلدۇرۇپ ئىككى ياققا تاشلىدى، غانجۇغا يىپى بىلەن تارتىپ باغلىدى، تىزگىنىنى قولىغا ئېلىپ، ئالدىراشلىق بىلەن ئۈزەڭگىسىگە پۇتىنى تىقتى. دەررۇ كەتمىسە بولمايتتى. مانا، ئامەت دەپ مۇشۇنى دېسە بولىدۇ! لېكىن چوڭ بۆرىلەر يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن قۇيرۇقىنى خادا قىلىشى كېرەك. بازارباي بۇنى ئوبدان بىلىدۇ. يېرىمى ئىچىلگەن، تاشقا يۆلەپ قويۇلغان شېشىنى بازارباي ئېگەرگە ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يادىغا ئالدى، ئەمما ھاراقتىنمۇ كەچتى. قالسا قېلىۋەرسۇن. بۆرە باللىرى بەدىلىگە بىر تالاي پۇل ئالىدۇ. ئۇنىڭغا بۇنداق يېرىم شېشىلەردىن بىر تالاي سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئاتنى دېۋىتتى. كۆن پېتىشتىن بۇرۇن ئامالىنىڭ بارىچە جىلغىدىن تېزرەك چىقىۋېلىش كېرەك.

كېيىنكى كۈنلەردە بازاربايىنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران بولۇپ يۈردى: مۇبادا، كۆڭلى تۇيۇپ چىششى بۆرە ياكى ئەركەك بۆرە كېلىپ قالغان بولسا، ئۇ چاغدا نىمە بولغان بولاتتى... بۇغا تولىمۇ ياۋاش ھايۋان، لېكىن ئۇمۇ باللىرىنى ھىمايە قىلىدۇ، دۈشمىنى ئۈستىگە ئېتىلىدۇ...

لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خىيالىغا كېيىنرەك كىردى. بۆرىلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدا، كۆڭلى تەشۋىشكە چۈشەتتى. شۇ سائەتتە ئۇ تاشلىق باشەت جىلغىسىدا توروق ئېتىنى جېدەللەپ ھەيدىمەكتە ئىدى، بىردەم - بىردەم كەينىدە، تاغلارنىڭ ئىچكىرىسىدە پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا خاۋاتىرلىنىپ قاراپ قوياتتى. ئۇنى گۇگۇم قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. شۇنداق، ئالدىرىمىسا بولمايدۇ، تېزرەك تاغ ئېتىكىگە چىقىۋېلىشى كېرەك، كۆل بويىنىڭ ھەممىسى ئوچۇق تۈزلەڭلىك، ئاتنىڭ پېشىنى خالىغان يېقىنغا قويىۋېتىسەن، ئەمما بۇ يەر ئوخشىمايدۇ، تار، قورقۇنچلۇق جىلغىنىڭ ئىشى باشقا...

بازارباي كۆل بويىغا، تونۇش يايلاقلارغا يېقىنلاشقان سېرى ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئاشتى. دادىللاشتى. ئالغان ئولجىسى بىلەن ماختانغۇسى كەلدى. مالچى ئولپەتلىرىمدىن بىرەرسىنىڭكىدە قونۇپ ئۆتسەممىكىن، ئولجىلىرىمنى كۆرسىتىپ كۆزىنىڭ يېغىنى ئالايمىكىن، يۈز گرام - يۈز گرامدىن ئىچىپ بۆرە باللىرىنى يۇساقمىكىن، ئۇلارنى كەلتۈرۈپ پۇل قىلسام، مەنمۇ قەرزدىن قۇتۇلارمەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ چالا ئىچىلگەن شىشىنى سۇ بويىدا تاشلاپ كەلگىنىگە ئېچىنىشقا باشلىدى: ئاھ، قېنى، مۇشۇ تاپتا بىر كۆتۈرۈسەڭ!... ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئىچكۈسى كېپكەتتى! لېكىن ئىچىدە، بەرىبىر بۇنىڭغا ئۈلگۈرىمەن، دەپ قويدى. ئالدى بىلەن بۆرە باللىرىنى

ئامان - ئېسەن يەتكۈزۈۋېلىش، قورساقلىرىنى تويغۇزۇش كېرەك. ئۇلار ناھايىتى چىدامLIQ بولسىمۇ، لېكىن تېخىچە ئەمچەكتىن ئايرىلمىغاندەك، كۆزلىرىنىمۇ ئەمدىلەتىن ئاچقاندەك قىلىدۇ... قاراڭ، چەكچىيىپ تۇرۇشلىرىنى... ئىشقىلىپ، خۇرجۇندا ئۆلۈپ قالمىسىلا بولىدى. بازارباي بۆرىلەرنىڭ مۇشۇ پەيتتە ئۆزىنى دەھشەتلىك تېزلىك بىلەن قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىدى. بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ...

قوتازنىڭ گۆشىنى بۇرنىدىن چىققۇچە يەپ تويغان بۆرىلەر كەينىگە ياندى. ئالدىدا ئەكبەرە، كەينىدە تاشچاينار ماڭدى. ئۇلار قىيا تېگىدىكى ئۇۋىمىزغا پاتراق يېتىپ بارساق، بالىلىرىمىز بىلەن يايراپ قىستىلىشىپ ياتساق، پۇت - قوللىرىمىزنى سوزۇپ ئارام ئالساق، ئاندىن چالا يېيىلگەن قوتاز گۆشىنىڭ يېنىغا يەنە قايتىپ بارساق، دېگەن ئويدا ئىدى.

ھايات شۇنداق ئىكەن: ئۇ يەر - بۇ يەردە قاتراپ يۈرىدىغان گەپ ئىكەن، بۆرىنى تۆت پۇتى باقىدۇ، دېگەن تەمسىل بىكار چىقمىغانىكەن - دە... تەييار گۆشنى كۆرسە، باشقا بۆرىلەر قاراپ تۇرامدۇ، بۇ بىراۋنىڭكىغۇ دەپ تارتىنىپ ئولتۇرماي، تالاپ، غاجاپ كېتىۋېرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. مانا شۇنىڭدىن كېيىن جاڭجال - توپىلاڭ چىقىدۇ، قان تۆكۈلىدۇ. لېكىن ھەق ئۆز نامى بىلەن ھەق، كۈچمۇ ھەق تەرەپتە...

تېخى ئۇۋىسىغا يەتمەيلا، خېلىلا يىراقتىن ئەكبەرەنىڭ يۈرىكى بىر يامان ئەھۋال بولغانلىقىنى سەزدى. خۇددى ئاللىقانداق بىر قۇش ئۆزىگە سايىدەك ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى - دە، پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرىدا ئۇنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ

باستى. ئېگىز تاغ چوققىلىرىدا كۆرۈنگەن قانلىق شەپەق شولىلىرى بارغانسېرى قارىيىپ، دىلغا تەشۋىش ۋە قورقۇنچ سالاتتى. ئۇۋۇسىغا يېقىن قالغاندا، ئۇ تېخىمۇ قاتتىقراق يۈگۈردى. تاشچايىنارغا قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى. ئاخىرىدا، ئۇ چۈشەنگىلى بولمايدىغان ۋەھىمىگە چۈشۈپ، شامالدەك ئۇچۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ھاۋادا دىمىقىغا يات پۇراقلار ئۇرۇلدى، ئۇنىڭ ۋەھىمىسى تېخىمۇ ئاشتى: تەرلەپ - پىشقان ئاتنىڭ ئۆتكۈر ھىدى ۋە يەنە كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان قانداقتۇر سېسىق پۇراق پۇرىدى. نېمە بۇ؟ قەيەردىن كېلىۋاتىدۇ؟ ئەكبەرە ئېرىقتىن سەكرەپ ئۆتتى، چاتقاللارنىڭ ئارىسىدىن چاقماق تېزلىكىدە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كامارغا چىقتى ۋە لىپ قىلىپ ئۆزىنى قىيا تېگىدىكى ئۇۋۇسىغا ئاتتى. ھۇۋلاپ قالغان بوش ئۇۋۇسىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنى ئوۋ ئىتىدەك پۇراپ چىقتى ۋە پۇشقۇردى. بىردەم قېتىپ تۇرۇپلا قالدى - دە، ئاندىن ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. ئۇۋۇسىنىڭ ئاغزىدا تاشچايىنارغا دوقۇرۇشۇپ قالدى، خۇددى ھەممىگە شۇ ئەيىبلىكتەك، خۇددى ئۇ جۈپتى ئەمەس، بەلكى يات دۈشمەندەك ئۇنى ئەلەم بىلەن چىشلىۋالدى. ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى بولمىغان تاشچايىنار ئاۋال ئۇۋۇغا كىرىپ چىقتى، ئاندىن ئەكبەرەنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ، ئېرىق بويىدا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى. ئەكبەرە ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ ئىزلارنى پۇراپ ماڭاتتى، يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇناتتى. شۇ يېقىن ئارىدا بۇ يەرگە كىمدۇر بىرى كەلگەن، ئۇ ئىزلاردىن شۇلارنى چۈشەندى. مانا، ئات شۆلگىيىنىڭ پۇرىقى بىخسىپ تۇرۇپتۇ، چېچىلغان سۇلۇ، مانا، ئات تېزەكلەپتۇ، مانا، ھىدى كۆڭۈلنى ئاينىتىدىغان شىشە، ئەكبەرە ئۇنى ئىختىيارسىزلا پۇراپ كۆرۈپ، شۇ ئان نەپرىتى ئېشىپ، ياللىرى تىك - تىك بولۇپ كەتتى.

مانا ئادەمنىڭ قار ئۇستىدىكى ئىزلىرى، سوئىنى تېرىدىن تىكىلگەن ئۆتۈكتىن قالغان ئىزلار. ئات مىنگەن، يىرگىنچلىك نەرسە قاچىلانغان شىشە كۆتۈرۈپ كەلگەن ياۋۇز دۈشمەن باستۇرۇپ كىرىپ، بالىلىرىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ! ئۇلارنى يەۋەتكەن بولسا قانداق قىلغۇلۇق! شۇ چاغدا ئەكبەرە يەنە گۇناھسىز تاشچايىنارغا يېپىشتى، ئۇنى قۇتراپ تالاپ تاشلىدى، ئاندىن قورقۇنچلۇق ھۇۋلاپ، ئىز كەتكەن تەرەپكە ئالدىراشلىق بىلەن يۈگۈردى، تاشچايىنار ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

بۆرىلەر قىلچە ئاداشماي ھىدنى پۇراپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلار قوغلايتتى، ئالدىراپ ئالغا ماڭاتتى، جىلغىدىن چىقىدىغان يەرنى كۆزلەيتتى، چاقانلىق بىلەن ئالغا ئىلدام قەدەم تاشلايتتى، ئۇلار ئادەم تۇرىدىغان جايلارنى، ئۇلۇغ كۆل بويلىرىنى نىشان قىلغانىدى.

بازارباي بولسا جىلغىدىن چىقىپ، ئېتىنى تۈپتۈز تاغ ئېتەكلىرىدە، ئېگىز - پەس ئېدىرلار ۋە يازلىق يايلاقلاردا يورتۇپ ماڭماقتا ئىدى، ئاخىرى، مانا، يىراقتىن كۆلنىڭ بىر چېتى قارىيىپ كۆرۈندى، يەنە بىرەر سائەتتە ئۆيىگە يېتىۋالىدۇ. مۇشۇ ئارىلىقتا قۇياش يەرنىڭ ئۇ چېتىگە، تاغ تىزمىلىرى ئارىسىغا پاتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى لاپ قىلىپ ئۆچتى. ئىسسىقكۆل تەرەپتىن ئىزغىرىن شامال چىقتى. «بۆرە بالىلىرى سوغۇقتا توڭلاپ قالمىسا بولاتتى» دەپ ئويلىدى بازارباي، لېكىن ئۇلارنى ئوراپ قويغۇدەك نەرسە يوق ئىدى. بازار باي ئۇلارنى ئىرىكمىسكىن دەپ، خۇرجۇنغا قاراپ باقماقچى بولدى. بۇ نېمىلەر ئۆلۈپ قالسا، ئۇنى بىركىم بېشىغا تاڭاتتىمۇ! ئۇ ئاتتىن چۈشتى، تاسمىلارنى بوشىتىپ، خۇرجۇننى ئېچىپ قارىماقچى بولۇۋاتقىنىدا، ئات پۇتلىرىنى كېرىپ، ھەممە ياققا چاچرىتىپ سىيىشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

بىر چاغدا بىردىنلا سىيىشتىن توختاپ، قاتتىق پۇشقۇردى ـ دە، ئۆزىنى بىر چەتكە ئاتتى. تىزگىن بازاربايىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىشكە تاسلا قالدى.

— تىر...ر!، — دەپ ۋارقىرىدى بازارباي ئاتقا، — ئاساۋلىق قىلما!»

لېكىن ئات ئۇنىڭ قورققاندەك ئۆزىنى چەتكە ئاتماقچى بولاتتى. شۇ چاغدا بازارباي ئارقىسىغا قارىمايلا نېمە بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدە مۇزدەك بولۇپ كەتكەن يەلكىسى بىلەن ئۆزىنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بۆرىلەرنى ھېس قىلدى. بازارباي جان ھەلەكچىلىكىدە ئاتقا يېپىشتى. يالىدىن مەھكەم تۇتۇپ، ئېگەرگە چىقتى، ئات شۇ زاماتىلا پۇشقۇرۇپ، پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ سەكرىگەن پېتى بوراندەك ئۇچۇپ كەتتى. بازارباي سوغۇق شامالدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن بېشىنى پەس قىلىۋالدى ـ دە، ئەتراپقا ئالاق ـ جالاق قارىدى. نېرىراقتا ئىككى بۆرە چىپىپ كەلمەكتە ئىدى. بۆرىلەر يۈگۈرۈپ ئېدىرنىڭ ئۈستىگە چىققان چاغدا، ئات جانىۋار ئۇلارنى بايقاپ ئۈركۈگەنىكەن. بۆرىلەر ئەمدى ئاتنىڭ ئالدىنى توسۇشنىڭ پېيىگە چۈشتى. شۇ تاپتا بازارباينىڭ يادىغا خۇدا چۈشۈپ، ئۇنىڭغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئادەم باشقا چاغلاردا خۇدانىڭ گۆرىگە چالما ئېتىشتىنمۇ يانمايتتى. ئۇ قەيەردىندۇر كېلىپ قالغان كېپۇلوگلارنى ئاغزىغا كەلگىنىنى دەپ تىللايتتى. «ئالتۇنلىرىڭ گاللىرىڭغا تۇرۇپ قالسۇن» دەيتتى. خوتۇنىنى قىينىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئەپسۇسلانماتتى، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورايتتى: «ساڭا ۋەدە بېرىمەن! تىرىك قالسام، سېنى چېكىپ قويىدىغان بولسام، ئادەم بولماي كېتەي!» بۆرە باللىرىنى ئالغىنىغا توۋا قىلاتتى: «نېمە قىلاتتىم ئېلىپ!

ئۇۋىسىغا نېمىدەپ كىرگەندىمەن؟ ھەممىسىنى تاشقا ئۇرۇپ،
كاللىسىنى يېرىپ تاشلىۋېتەيمۇ يا؟ ئەمدى قانداق قىلارمەن،
ئۇلارنى نەگىمۇ قويارمەن؟» خورجۇن تاسمىلار بىلەن مەھكەم
تارتىپ باغلىۋېتىلگەن. ئۇلارنى ئېتىنىڭ كېتىۋاتقانىدا تاشلىۋې-
تىشنىڭمۇ ئامالى يوق. ئۇنىڭ ئۇستىگە گۈگۈم چۈشۈۋاتىدۇ،
ئىنس - جىن بولمىغان تاغ باغىرلىرىغا خۇپتەن قاراڭغۇسى
باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۆلەمدۇ، ساق قالامدۇ، دۇنيادا بۇ شورى-
لۇق بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق. پەقەت سادىق ئات جانى-
ۋارلا قورقىنىدىن ئېسىنى يوقىتىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن
چاپماقتا.

لېكىن بازارباي يېنىدا مىلتىقى بولمىغانلىقىغا ھەممىدىن
بەك ئېچىناتتى. مىلتىقى بولسا ئۇلارغا كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىپ
قوياتتى: بىر - بىرلەپ ئېتىپ يىقىتىپ، بىر تال ئوقنىمۇ
زايا كەتكۈزمىگەن بولاتتى. مىلتىق دېگەن تېپىلماس ئەنقا
تۇخۇممىدى! ئەمما مالچىلارنىڭ ئۆيىدە بار. لېكىن ئۇنى
كىم دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرەتتى! ھەي بىلگەن بولسىغۇ!
بازارباي يىرتقۇچلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن جىنىنىڭ بارىچە
ۋارقىرايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئۈمىدى ئاتتا ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى،
ئېسىل نەسىللىك ئات...

ھايات ماماتلىق بەيگىسى...

ئوغرىلانغان بۆرە باللىرىنى خورجۇنغا سېلىۋالغان ئات-
لىق بىلەن ئەكبەرە ۋە تاشچاينار خۇپتەن قاراڭغۇلۇقى چۈشكەن
تاغ ئارىلىرىدا ئەنە شۇنداق ئىزمۇئىز قاچماقتا ۋە قوغلىماقتا
ئىدى. ئېلىپ قېچىلغان باللىرىنىڭ ھىدىنى سەزگەن بۆرىلەرمۇ
ئۆزلىرىچە يالۋۇراتتى، ئۆزلىرىچە ئىلتىجا قىلاتتى. كاشكى،
ئات بىر قېتىملا، بىردەملىكلا پۈتلىشىپ كەتسە! ئۇلار قوتاز
گۆشىنى مۇنچىلىك جىق يېمىگەن بولسا، قوغلاشنىڭ قانداق

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويغان بولماسمىدى، قاراقچىغا ئاللىقاچان يېتىشىۋېلىپ، ئۇنى كۆزنى ئېچىپ يۇمغىچىلا پارچە - پارچە قىلىپ تاشلىغان بولماسمىدى. قانلىق قىساس ئېلىپ، نەسىل قالدۇرۇش يولىدىكى ئەزەلدىن بۇيانقى ھايات - ماماتلىق كۈرەشتە ئادالەتنى تىكلىگەن بولماسمىدى؟ مويىنقۇم چۆللىرىدە كېيىك پادىلىرىنى سۈرۈپ - توقاي قىلغانلىرىدا، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە كېرەكلىك تەرەپكە بۇراش ئۈچۈن يەنىمۇ شىددەتلىك تېزىن يۈگۈرگەنلىرىدە، بۇلار ئاچ قورساق ئەمەسمىدى؟ بۆرىلەر چوڭ ئوۋغا قورساقلىرىنى تويدۇرماستىن، شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئالدىن ھازىرلىنىپ چىقاتتى.

بولۇپمۇ بالىلىرىنى بېقىش ئۈچۈن ئۈستى - ئۈستىلەپ گۆش يېگەن ئەكبەرە قېينىلىپ چاپماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بوش كەلمەيتتى. جىنىنىڭ بارىچە يۈگۈرەيتتى. ئاتلىققا يېتىشىۋالىدىغان بولسا، قىلچە ئويلىنىپ تۇرماستىنلا، نېمە بىلەن تۈگىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى جەڭگە ئاتقان بولاتتى. يېنىدا يۆلەنچۈكى ۋە يېڭىلمەس مەدەتكارى تاشچاينارنىڭ بولغانلىقىغا شۈكرى، لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن، ھەر كىمنىڭ گۆرى باشقا... ئەكبەرە ھەرقانداق ئۆلۈمگە تەييار ئىدى. ئىشقىلىپ يېتىشىۋالسا، ئىشقىلىپ ئۇچقۇر ئاتتا كېتىۋاتقان شۇ ئادەمنى قوغلاپ يەتسە، بولدى... ئىشقىلىپ...

بازارباي ھەقىقەتەن ھەم ئۇچقۇر ئات مىنگەن بولسىمۇ، لېكىن مۇنداق قاراپلا، بۆرىلەرنىڭ قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاپ، ئوڭ بىقىنىدىن يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى كۆل تەرەپكە ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن يولنى توغرىسىغا كېسىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەككار يىرتقۇچلار ئاتلىق ئادەمنى تاغ تەرەپكە ھەيدەشكە ئۇرۇنماقتا ئىدى. شۇنداق قىلسا، ئۇلار يۈزمۇيۈز توقۇنۇشاتتى. ئۇلار نىيىتىگە يېتەي دەپمۇ قالدى. ئۈركۈپ كەتكەن ئات ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئوڭ تەرەپتىن

كېلىۋاتقان بۆرىلەردىن قورقۇپ، بېشىدىنى تاغ تەرەپكە بۇراشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بىراق ئاتنى ئاڭلىق مەخلۇق بولغان ئادەم باشقۇرۇۋاتاتتى، ئۇ يىرتقۇچلارنىڭ نىيىتىنى چۈشىنىپ تۇراتتى، بۆرىلەر دەل شۇ نەرسىنى ھېسابقا ئالمايتتى، بۇ بۆرىلەرنىڭ پاجىئەسى ئىدى.

بازابايىنى يەنە بىر نەرسە قۇتۇلدۇرۇپ قالدى. تەقدىرنىڭ مەرھەمىتى بىلەن ئالدىدا چىراغلار كۆرۈندى. ۋاھ - ۋاھ، ئامەتنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈڭ! ئۇلار بوستون ئۇركۈنچىيېۋ قورۇسىنىڭ چىراغلىرى ئىدى. ھە - ھە، شۇ باي بوستون، ئۆزى زادىلا ياقتۇرمايدىغان بوستون، لېكىن ھازىر كىم كىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە كىم - كىمنى يامان كۆرىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقىت ئەمەس، بۇنىڭ نېمە ھاجىتى؟ ئۇ مۇشۇ تاپتا ھەرقانداق مىدىرلىغان تىرىك جاننى كۆزىگە سۈرتۈشكە تەييار. ئىشقىلىپ، ئادەم ياشايدىغان جايغا يېتىپ كەلدىغۇ، ئادەمگە بۇنىڭدىن ئارتۇق خۇشاللىق بولۇشى مۇمكىنمۇ! ئۇ ئاخىر قۇتۇلدى. ئۇ ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا خۇشال بولۇپ، ئاتنى يەنە دېۋىتتى، شۇ چاغدا ئات قورۇلار ۋە ئادەملەر تەرەپكە قاراپ شامالدەك ئۇچتى. بىراق، مانا ئەمدى قۇتۇلدۇم دېگۈچە، بازاربايغا يەنە بىر ئەسىر ئۆتكەندەك بولۇپ تۇيۇلدى، لېكىن، مانا، بوستون قۇرغان ئېلېكتر دېۋىزوكىنىڭ پىلىمۇتتەك تاتاتىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى، مانا، مالچىلارنىڭ ئىتلىرى بۆرە ھىدىنى سېزىپ، ھاۋشىغان پېتى بازاربايىنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. شۇ چاغدا بۆرىلەرمۇ قالماي كېلىۋاتاتتى، بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى، ئاتمۇ ھالىدىن كېتىۋاتاتتى، بازارباي بۆرىلەرنىڭ ئىسسىق تەپتىنى سېزىشكە باشلىغانىدى. «خۇدايىم. ئۆزۈڭ ساقلا! يا باھاۋۇددىن. ئۆزۈڭ مەدەت بەر، — دەپ ئىلتىجا قىلاتتى بازارباي، — ساڭا يەتتە مالنى قۇربان قىلىمەن!»

«ئامان قالدىم! قۇتۇلدۇم!» دەپ خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ تاشلىدى بازارباي.

ئەلۋەتتە، ئۇ بىر سائەت ئۆتمەيلا ئۆزىنىڭ ۋەدە قەسەملىرىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئادەم بالىسى ئەنە شۇنداق...

ئۇنىڭ يېنىغا مالچىلار يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. بازار باي ئۆزىنى ئۇلارنىڭ قولىغا ئاتتى - دە، توختىماستىن مۇنۇ سۆزلەرنى تەكرارلىدى:

— بۆرە، مېنى بۆرىلەر قوغلىدى! سۇ، سۇ بېرىڭلار!

ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۆرىلەر كەتمەستىن شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرەتتى، چىدىملىق بىلەن نېمىنىدۇر كۈتەتتى. بوستونىنىڭ قورۇ - قوتانلىرىدا ئالتوپىلاڭ باشلاندى. مالچىلار يۈگۈرۈشەتتى، قورۇلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى بېكىتىشەتتى. قاراڭغۇدا هاي - هۇي دېيىشىپ بىر - بىرىنى چاقىرىشاتتى. ئۇلاردىن بىرى تام ئۈستىگە چىقتى - دە، مىلتىقتىن نەچچە قېتىم تاڭ - تۇڭ قىلىپ ئوق ئۈزدى. ئىتلار تىنماستىن قاۋايتتى. لېكىن قورۇلىرىدىن سىرتقا چىقمايتتى، ئۆزلىرىنى يۇرۇقراق يەرگە ئالاتتى. ئىتلارنىڭ قورقۇنچاقلىقى ئىگىلىرىنى غەزەپلەندۈرەتتى.

— باس! ئال! هەي، بۇلار بۆزبىاسار ئەمەس، پوقبىاسار! — كىمدۇر بىرى بوغۇلۇپ - خىرىلداپ ئىتلارنى قىستايتتى. — ئال، باس! ئاقتاش، يولۋاس، جەيسان، بەرپالان! باس! باس! قۇيرۇقلىرىڭنى قىسىشماي ئۆلۈش! بۆرىدىن قورقۇپ تۇرۇشامسەن!

— ئىت ئۆز ئېتى بىلەن ئىت - تە! — دەپ ئېتىراز بىلدۈردى باشقا بىر ئاۋاز.

— نېمىگە ۋارقىرايسەن؟ بۇ ئىتلار ئاتلىق ئادەمنى ئېتەكىدىن تارتىپ چۈشۈرىدۇ. لېكىن بۆرىگە يېقىن يولىيالمايدۇ.

توغرىمۇ؟ نېمە دېدىڭ! بۆرىنىڭ ئالدىغا بېرەر ئىت يارالمايۋاتىدۇ. قوي، گەپ قىلما! ھاۋشۇۋېرىشسۇن!

لېكىن بازارباي بۆرىلەرنىڭ ئۆزىنى نېمىشقا قوغلاپ كەلگەنلىكىنى خېلىغىچە ئەسلىيەلمىدى. پەقەت بازاربايىنىڭ ئېتىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان يىگىت بىردىن: «بازارباي ئاكا، خۇرجۇندا نېمە بار؟ مىدىراۋاتقاندەك قىلىدىغۇ» دەپ سورىۋىدى، ئەنە شۇ چاغدىلا ئېسىگە ئالدى.

— خۇرجۇندا دەمسەن؟ ھە، بۆرە بالىلىرىغۇ ئۇلار! ھەي، قۇرۇپ كەتسۇن! تۆت كۈچۈك. باشەتتە ئۈۋىسى بار ئىكەن. ئۈۋىسىدىنلا ئالدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن بۆرىلەر كەينىمدىن قوغلاپ كەلدى.

— مۇنداق دېمەمسىز! تازا بابلاپسىز - غۇ. راسا قولغا چۈشۈرۈپسىز - دە! ئۈۋىسىدىن دەمسىز؟ ئامان قاپسىز ھېلىمۇ...

— خۇرجۇندا ئۆلۈپ قالمىغاندۇر؟ چاپقاندا بوغۇلۇپ، مىجىلىپ كەتمىگەندۇر؟

— نېمىشقا مىجىلاتتى! ئۆركىمىدى ئۇ مىجىلىدىغان! ئۇلار ئىتتەك چىدامىلىق كېلىدۇ، ئاغىنە.

— قېنى، كۆرۈپ باقايلى! قانداقكىن؟

ئۇلار خۇرجۇننى ئېلىشتى - دە، بوستۇننىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى. بۇنداق مۇھىم ئىشلار ئادەتتە بوستۇننىڭ ئۆيىدە قىلىناتتى. بۇ يەرلەرنىڭ، قورۇ - قوتانلارنىڭ ئىگىسى شۇ... لېكىن ھازىر بوستۇن ئۆيىدە يوق ئىدى، رايونغا نۆۋەتتىكى يىغىنغا كەتكەنىدى. ئىلغار چوپان بوستۇن ئوركۈنچىبېۋ يەنە نۆۋەتتىكى رەئىس مۇنبىرىدىن ئورۇن ئېلىشى كېرەك ئىدى.

بازارباينى بوستۇننىڭ ئۆيىگە خۇددى قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئادەمدەك ئېلىپ كېلىشتى. ئۇنىڭ شۇنىڭغا ماقۇل

بولماقتىن باشقا ئامالى قالمىدى. مەيلى، بىر قونۇپ ئۆتسە ئۆتمەمدۇ، ئۇ دېگەن مېھمان - دە.

بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا بازارباينىڭ بىرىنچى قېتىم دەسسىشى ئەمەس. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى بازارباي بۇ يەردىن يەتتە چاقىرىم نېرىدا، بوستانغو قوشنا يەرلەردە مال بېقىپ كەلدى. شۇ چاغلاردا بازارباي بۇ يەردە ئۈچ قېتىم بولغان: بىرىنچى قېتىم مالچى ئىبرىنەزەر ئالەمونگو داۋىنىدا مۇزلۇق كامارغا يىقىلىپ نابۇت بولغان چاغدا، ئۇنىڭ تەزىيىسىگە كەلگەنىدى؛ ئىككىنچى قېتىم ئىبرىنەزەر ئۆلۈپ، ئالتە ئايدىن كېيىن بوستوننىڭ ئالدىنقى خوتۇنى (ئارزىگۈل بىچارە يەكمۇ ياخشى ئايال ئىدى، دېيىشىدۇ) ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ نامىزىغا قاتناشقانىدى؛ شۇ چاغدا تەرەپ - تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم كەلگەن بولۇپ، ئات، تراكتور ۋە يۈك ماشىنىلىرىنىڭ سانىنى ئالغىلىمۇ بولماي قالغانىدى؛ ئۈچىنچى قېتىم ئۇنى بويىندىن سۆرىگەندەكلا ئېلىپ كېلىشكەنىدى. ئوبلاست رەھبەرلىرى بۇ يەردە ئىشلەپچىقىرىش نەق مەيدان يىغىنى ئاچماقچى، بوستون ئوركۆنچىيېۋ مالچىلارغا ئۆزىنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بەرمەكچىدى. بازارباينىڭ زادىلا كەلگۈسى يوق ئىدى، لېكىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىدى، مەجبۇر قىلىشتى. بىرىنچى كۈن ئولتۇرۇپ ۋەز ئاڭلاشقا توغرا كەلدى: قوزىلارنىڭ ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكىدىن تارتىپ، قانداق قىلغاندا كۆپرەك يۇڭ ۋە گۆش تاپشۇرۇش مۇمكىن ئىكەنلىكىگىچە سۆزلىندى. قىسقىسى، پىلاننى قانداق ئورۇنداش توغرىسىدا سۆزلىندى. تاپقان چىرايلىق گەپلىرىنى كۆرۈڭ، نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۇنىڭ ئۆزىلا بىلىدۇ: قىشتا يەم - خەشەكنى ئۆز ۋاقتىدا بەر، ياز كۈنلىرى تاغدا سەھەر تۇرۇپ، كەچ يات، قىسقىسى، ياخشى ئىشلە، مالدىن، قويدىن كۆزۈڭنى

ئۆزمە. بوستون ۋە باشقىلاردەك جان كۆيدۈر، بىراق بەزىلەرنىڭ ئەھۋالى ياخشىراق بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ يامانراق بولىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىدۇ، بەزىلەرنىڭ ئوڭدىن كەلمەيدۇ. مىسال ئالساق، بوستوننىڭ قورۇسىدا دىۋىژوك تاتاتلاپ تۇرىدۇ، كېچىچە ئۆيلەردىمۇ، ئامبارلاردىمۇ، ھويلىلاردىمۇ چىراغ ئۆچمەيدۇ. خوش، نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى ئۇ ئىككى يۇرۇش ئۈسكۈنىنى قولىغا كىرگۈزۈۋالغان، بىرى كاردىن چىقسا ياكى رېمونتقا كىرىپ قالسا، شۇ زاماتلا ئىككىنچىسى ئىشقا چۈشىدۇ. باشقا مالچىلاردا. جۈملىدىن بازاربايدىمۇ دىۋىژوك قۇرغۇر يىل بويى بىرلا. پەقەت بىرلا بولغانلىقتىن ئادەمنى تولىمۇ ئاۋارە قىلىدۇ، بىر قارىساڭ ئىشلەۋاتقان، بىر قارىساڭ ئىشلىمىگەن، بىردەم يېقىلغۇسى بار، بىردەم يېقىلغۇسى يوق، گاھ بىرەر جايى بۇزۇلغان، گاھ بىرەر جايى سۇنغان، گاھ ئۇنىڭغا قارايدىغان يىگىتچاق، ھەممە نەرسە جېنىغا تېگىپ، شەھەرگە كېتىپ قالغان، شەھەر ياشلىرىنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ، قىشلاقتىن كىملەرگە قارىغاندا يۈز ھەسسە ياخشى ياشايدۇ. ھەممە ھېساباتلاردا بارلىق مالچى ئەترەتلىرى ئېلېكتىر چىرىغى بىلەن تەمىنلەندى، دەپ ئېيتىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە، بولسا ئۇنداق ئىش يوق.

شۇنىڭدىن كېيىن كىم ياخشى؟ ئەلۋەتتە. بوستون ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىلىكتە يوق. كىم يامان؟ بازارباي ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاشلار. ئۇلار بولسا ئىچىدۇ. خوپ، يامان بولغاندىن كېيىن، پاتىڭىغا بىرنى قويۇپ ھەيدىۋېتىپ، ئىش تامام ـ ۋەسسالام قىلىۋەتسىچۇ، كاشكى. ۋەھالەنكى، كېتىمەن دەپ ئىلتىماس بېرىپ باققىنە، دەررۇ ساڭا ساقچىنى توغرىلايدۇ، پاسپورتىڭنى تارتىۋالىدۇ، ھېچقانداق ھۆججەت ـ پۈچەت بەرمەيدۇ، ماڭ، ئاكىسى، ئىشىڭنى قىل، كېتىشكە رۇخسەت

www.uyghurkitap.com

يوق، دەيدۇ، ھەممە ئادەم شەھەردە ياشسام دەپ ھەۋەس قىلىدۇ. شەھەردە ئىشىڭنى تۈگىتىسەن - دە، مەززە قىلىپ مەدەنىي ئارام ئالىسەن. بولمىسا، ئۆيۈڭدە يېتىپ ھاردۇقۇڭنى چىقىرىسەن. ھەممىلا نەرسە تەييار، ئالدىڭدا تەلتۆكۈس تۇرىدۇ، ئوت يېقىشنىڭ ھاجىتى يوق. سۇ ئالدىڭدا، چىراغ دېگەنىڭ كېچە - كۈندۈز بار، ھاجەتخانىمۇ بۇرنۇڭنىڭ ئاستىدا... قىشلاقتىكى تۇرمۇش دېگەن تۇرمۇش بولامدۇ؟ مال تۆللەيدىغان مەزگىللەردىغۇ سەل كەم بىر يېرىم مىڭ تۇياق سىيىر - مۇزاينى ئەپلىشىڭ كېرەك. نە كېچىسى تىنىم تاپمايسەن، نە كۈندۈزى. بىر يېرىم مىڭ قارا مالنىڭ ھەممىسى بېشىڭدا مۆرەپ تۇرىدۇ. پوق - سىيدۈك كەچمەي باققىنا، خوتۇنۇڭنى، مالچى - پالچىلىرىڭنى ئۇرماي باققىنا، ئۇنداقتا ھايۋاندىن نېمە پەرقىڭ قالىدۇ... خوش، ئاندىن كىم يامان؟ بازارباي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار...

كىچىككىنە ئىشقا بازماقلىرىنى بۇرنۇڭغا نوقۇپ پەش قىلىپ كېتىدۇ تېخى، بوستون ئۈركۈنچىيېۋىغا قارا، ئەنە ئىلغار، ئەنە ئۈلگە... ئاشۇ ئىلغار نېمىنىڭ باش - كۆزىگە راسا كەلتۈرۈپ ئۇرساڭ! بوستوننىڭ ئامىتى بار. ئۇنىڭ ئادەملىرىمۇ ياخشى، بىر بارغان ئادەم زادى قايتىپ كەتمەيدۇ. بىر ئائىلىدەك بولۇپ ئىشلەيدۇ. بازاربايغا ئوخشاش مالچىلار ئۆچۈرۈپ قالغان دېڭىزوكلاردىن ئاللىقاچان قولىنى ئۈزۈپ، كونا پەدىنگە چۈشۈپ، كىرسىن لامپا ۋە قول پانارلىرىغا ئۆتۈۋالغان. بوستوننىڭ 1157 — MN شەكىللىك گېنېراتور ئۈسكۈنىسى قورۇنىڭ كەينىدە سائەتتەك توختىماي مېڭىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ گۈپ - گۈپلىرى يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، چىراغلىرى خېلى - خېلى جايلاردىن كۆرۈنىدۇ. ۋۆرىلەرنى كەينىگە قايتۇرغانمۇ ئالدى بىلەن شۇ بولدى، ئۇلار يېتىشۋالاي

دەپ تۇرغاندا چىراغلارنى كۆرۈپ شۇ زامات توختاپ قالدى.
ئۇلار ھامان بىرى توختىسا، يەنە بىرى ھاۋشىيتتى.
بۆرىلەر شۇ ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرگىنى بىلەن يېقىن كېلىشكە
پېتىنالمايۋاتقان بولسا كېرەك.
شۇنداق، بوستۇننىڭ ئامىتى كەلگىنى كەلگەن. ھەممە
نەرسىگە قارا، ھەممىسى رەتلىك، ھەممە نەرسە جاي-
جايىدا، ئۆيلىرى چىراغ نۇرىدا چاقناپ تۇرىدۇ، گەرچە قوي
قورۇسىدا تۇرسىمۇ، لېكىن ھەممەياق ئازادە، سۈپۈرۈلگەن، تاز-
زىلانغان. ئۆتۈك - پايپاقلارنى دالاندا سېلىشقا، ئېچكىرىگە
پايپاق بىلەنلا كىرىشكە توغرا كېلىدۇ.
ئادەمگە ئامەت كەلسە، كەينى - كەينىدىن كېلىۋېرىدۇ.
مۇنۇنىڭغا قاراڭ، بازارباي ئىلگىرى بىلمەيتتىكەن، داۋاندا ناب-
بۇت بولغان ئېرنەزەرنىڭ تۇل قالغان خوتۇنى بەستلىككىنە،
سېخىي جۇۋان ئىكەن. مانا، ئەمدى شۇ گۈلسىمخاننى - بوس-
تۇننىڭ خوتۇننى ئالايلى. ئۇ قانچە غەم - قايغۇلارنى بېشىدىن
كەچۈرمىدى، لېكىن ھازىر ئويناپ - كۈلۈپ بەختىيار يۈرۈپتۇ.
يېشىمۇ بەلكىم قىرىققا بارمىغاندۇ. ئۇنىڭ ئېرنەزەردىن قالغان
ئىككى قىزى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە،
ئامەت كەلسە شۇنداق بولىدۇ - دە، يېقىندا بوستۇنغا ئوغۇل
تۇغۇپ بەردى. بوستۇننىڭ ئالدىنقى خوتۇنىدىن ئىككى قىز
قالغانىدى، ئۇلار چوڭ بولۇپ، تۇرمۇش قۇرۇپ، ئۆي - ماكان-
لىق بولۇپ كەتتى. گۈلسىمخان ئۆزىمۇ ئوچۇق چىراي ئايال
ئىكەن، ئەقلى - ھوشىمۇ ئۆزىگە يېتەرلىك، پەم - پاراسىتىمۇ
جايىدا ئىكەن. ئۇ بوستۇن بىلەن بازارباينىڭ چىقىشالمايدى-
غانلىقىنى ئېنىق بىلىدۇ، لېكىن قىلچە چاندۇرماي، ئۇنى ئو-
چۇق - يورۇق قارشى ئالدى، ئېچىنغان، تەسەللى بەرگەن
بولدى: «كېلىڭ، كېلىڭ، قوشنىمىزنىڭ قوشنىسى، تۆرگە ئۆ-

تۆۋك، ئەنە كىلەم، ئولتۇرۇڭ، ۋاي، بۆرىلەر ئىزىڭىزدىن قوغلاپ كەپتۇ ـ دە، ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپسىز بىر بالادىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى قوللاپتۇ سىزنى. كۆلپەتتىن قۇتۇلغىنىڭىزغا شۈكۈر. بالىلارنىڭ دادىسى ئۆيدە يوق، رايونغا مەجلىسكە كېتىشۈدى، پات قايتىپ كېلىشى مۇمكىن. دوختۇر «گاز» ماشىنىسىدا ئەپكېلىپ قويماقچىدى، ئولتۇرۇڭ، مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ، ھازىر چاي دەملەپ كىرىمەن. بىر پەس ئولتۇرسىڭىز، ئىسسىق تاماقمۇ تەييار بولىدۇ».

بازارباي پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بۇ مېھماندارچىلىقنى قولدىن بەرمەي، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن ئۆي ئىگىسىنى بىر سىناپ باقماقچى، ئۇنىڭ چاقىرىلمىغان مېھمانغا قىلماقچى بولغان مېھرىبانچىلىقلىرىنىڭ راستلىقىنى بىلمەكچى بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قېچىپ يۈرۈپ كۆرگۈلۈكىنى كۆردى، سەل ئۆزۈمگە كېلىۋالاي دەپ، ھاراق ئىچكۈسى قىستاپ، يۈز ـ ئابرويىنى بىرياققا قايرىپ قويۇپ، ھاراق سوراش قارارىغا كەلدى:

— چاي دېگەننى خوتۇن خەق ئىچىدۇ، — دېدى ئۇ توغرىدىن ـ توغرا، — سۆزۈمدىن خاپا بولما. لېكىن بوستۇنىدەك دۆلەتمەن ئادەمنىڭ ئۆيىدىن ئۆتكۈرەك بىر نەرسە تېپىلماسمۇ؟ داۋراڭ سېلىپ يۈرگەن ئادەمغۇ، بوستۇن!

بازارباي ئەزەلدىن ئىت مىجەز ئىدى. ئۇ بوستۇننىڭ خوتۇنىنىڭ چىرايى ئۆزگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچ ـ ئىچىدىن مەمنۇن بولدى. بازارباينىڭ قوپاللىقى گۈلنىسخانغا ياقمىدى. نېمە، ئۇنىڭغا تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرامدۇ، خان بولمىسا، بەگ بولمىسا، ناھايىتى بىر مالچىغۇ؟

— ۋاي، كېپىكىمىزنى قاراڭ، — دېدى گۈلنىسخان سەل چىرايى ئۆزگىرىپ، — بوستۇننىڭ شۇ قۇرۇپ كەتكۈر نەرسە بىلەن زادىلا خۇشى يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن...

— بىلمەن، بىلمەن بوستونۇڭ ئىچمەيدۇ، — بازارباي ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي گېپىنى بۆلدى، — مۇنداقلا دەپ قويدۇم، چېپىڭغا رەھمەت. ئويلىشىدىمكى، بوستون ئۆزى ئىچمىگىنى بىلەن، مېھمانلارغا دەپ...

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، — تەڭقىسلىقتا قالدى گۈلىمخان ۋە بازاربايىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان رىسقۇلغا قارىدى. رىسقۇلنىڭ تىزلىرى بۆرە باللىرى سېلىنغان ئاشۇ قۇرۇپ كەتكۈر خۇرجۇنغا تېگىپ تۇراتتى.

رىسقۇل هاراققا چىقماقچى بولۇپ ئورنىدىن قوزغىلىشىغا، ئىشىكتە بوستوننىڭ ئىككىنچى ياردەمچىسى — مائارىپ ئىنىستىتۇتىنى چالا ئوقۇغان، پۇت - قوللىرى چاققان ۋە چەبدەس يىگىت مارات كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئوبلاستتا كۆرمىگەن جايى، قىلمىغان ئىشى يوق ئىدى. مانا ئەمدى ئەقلىنى تېپىپ، بوستوننىڭ يېنىغا مەھكەم ئورۇنلىشىۋالغانىدى.

— ماڭا قارا، مارات، — دېدى ئۇنىڭغا رىسقۇل، — ئاغزىنى ئېتىپ قويغان يېرىم شىشە بىر نېمەڭ باردەك قىلاتتى. بىلىمەن سېنى. قورقما، بوستون سوراپ قالسا جاۋابىنى مەن بېرىمەن. شۇ يېرىم شىشەڭنى تېزرەك ئەكەل. بازاربايىنىڭ ئولجىسىنى يۇيىمىز.

— هازىرلا ئەپكېلىمەن! — دەپ مەمنۇن بولۇپ قاقاقلاپ كۈلدى مارات.

يېرىم ئىستاكان ئىچكەندىن كېيىن بازاربايىنىڭ خاپىچىلىقى تارقىلىپ كەتتى. قورقۇنچى تۈگەپ، يەنىلا شۇ هاكاۋۇر ۋە قوپال بازارباي هالىتىگە كەلدى. گىلەمگە خۇددى ئۆز ئۆيىدىكىدەك يانپاشلاپ يېتىپ، بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى هېكايە قىلدى. بۆرە باللىرىنى خۇرجۇندىن چىقىرىپ كۆرسەتتى. شۇ چاغدا ئۆزىمۇ ئۇلارنى سىنچىلاپ كۆرۈۋالدى. بۆرە باللىرى

uyghurkitap.com كىتاب تورىمىز

باشتا مىدىرلىغۇسى كەلمەي تۇردى، ھېچ نەرسىگە قارىمىدى، ئۆزلىرىگە ھىمايىچى ئىزدىگەندەك قىلىپ، قەيەرگىدۇر يۈگۈرۈپ قالغان يوشۇرۇنماقچى بولاتتى، كېيىن ئىسسىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، جانلىنىپ، قىمىرلاشقا باشلىدى. ئۆي ئىچىدە ھەر ياققا دومىلاپ، ھۇۋلاپ، تۇمشۇقلىرىنى ئولتۇرغانلارنىڭ تىزلىرىغا تەگكۈزۈشتى. ئۇلا ھېچ نەرسىنى كۆرمىگەن، بىلمىگەن كىچىك كۆزلىرىنى مۆلۈلدىتىپ، ئانىسىنى، ئۇنىڭ ئەمچەكلىرىنى ئىزدىشەتتى. گۈلىمخانىنىڭ ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ، بېشىنى چايقىدى:

— ۋاي، بىچارىلەرەي، ئېچىرقاپ كېتىپتىغۇ! بۆرە بالىسى بولسىمۇ، بەردىبىر، بالا — دە، نېمە، بۇلارنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرمەكچىمۇسىز؟ نېمە قىلىسىز؟

— ئۇلار نېمىشقا ئۆلىدىكەن؟ — خاپا بولدى بازار-باي، — بۇلارنىڭ جېنى تاشتىنمۇ قاتتىق. ئىككى كۈن بېقىپ تۇرىمەن — دە، ئاندىن رايونغا تاپشۇرىمەن. ئۇلارنى قانداق بېقىشنى ھايۋانات بازىسىدىكىلەر بىلىدۇ. خوجايىنلارنىڭ قو-لىدىن ھەر ئىشلار كېلىدۇ، خالىسا، بۆرىنىمۇ كۆندۈرۈپ، سېركتا ئويۇنغا چىقىرىدۇ، بىلەت سېتىپ پۇل يىغىدۇ. بۇلار-نىمۇ بەلكىم سېرك ئۈچۈن ئالار.

گۈلىمخان بىلەن تەڭ ئېچىنىپ تۇرغان كىشىلەر بۇ گەپكە كۈلۈپ قويىدى. لېكىن بۆرە بالىلىرىنى كۆرگىلى كەلگەن ئاياللار بىر - بىرىگە پىچىرلاشقا باشلىدى.

— بازارباي، — دېدى گۈلىمخان، — بۇ يەردە سۈت بېرىپ بېقىلىۋاتقان قوزىلار بار. قوزىلارنىڭ سۈتىدىن بۆرە بالىلىرىغا ئىچۈرسەك بولارمۇ؟

— بولىدۇ! — بازارباي كۈلۈپ تاشلىدى، — قويلار بۆرىلەرنى باقسۇن. قايىلمەن! قېنى، ئېلىپ كېلىڭلار!

ئۇلارنىڭ ھەممىسى كېيىن مۇشۇ سائەتنى ئەسلىگىنىدە قورقىنىدىن ياقىسىنى تۇتىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ باللىرىنى قوي سۈتى بىلەن بېقىشىۋاتقانلىرىمۇ، بۆرە باللىرىنىڭ ئەركىلەپ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل قەدەم بېسىشلىرىمۇ، ئۇلاردىن بىرىنىڭ كۆزى كۆك ئىكەنلىكىمۇ يىغىلغانلارغا قىزىق تۇيۇلدى. چىشى بۆرىنىڭ كۆزى كۆك بولىدۇ، دېگەننى كىم ئاڭلىغان؟ بۇنداقنى چۆچەكلەردىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. بوستوننىڭ كىچىك ئوغلى كەنجىشىنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكىنىنى دېمەمسىز؟ ئۇ بىردىنلا دومىلاقلاپ يۈرگەن تۆت بۆرە بالىسىنى كۆرۈپ، كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. بىر يېرىم ياشلىق كەنجەش ئۆزىلا چۈشىنىدىغان تىلدا ئاللىنېمىلەرنى دەپ شىۋىرلايتتى، بۆرە باللىرى بىلەن پومداقلىشىپ ئوينايتتى، بۇنى كۆرۈپ، چوڭلارنىڭ زوقى كېلەتتى. بۆرە باللىرىمۇ ئۇنىڭغا خۇددى بۇ يەردىكى ئەڭ يېقىن ۋە ئىشەنچلىك ئادىمىدەك نېمىشقىدۇر تىنىماي سۈركىلەتتى. چوڭلار: قاراڭ. بالا بالىنى بىلىدۇ ـ دە، دېيىشەتتى. گۈلىمخان، ئوغلىڭىز زادى نېمىلەرنى دەۋاتىدۇ، دەپ سورايتتى. گۈلىمخان بولسا، ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئوغلىنى باغرىغا باساتتى، ئەركىلىتەتتى:

ـ ۋاي، كۈچۈكۈك، كۈچۈكۈم، ۋاي، قارا سېنى! كۆردۈڭمۇ بۆرە باللىرىنى. قارا، نېمىدېگەن يۇمشاق، چىرايلىق. سەن ئۇلار بىلەن ئاداش بولامسەن ـ ھە؟

شۇ چاغدا بازارباي بىر گەپ قىلدى (ئۇنىڭ بۇ گېپىنى كىشىلەر خېلىغىچە ئەسلەپ يۈرۈشتى):

ـ ئۆيدىكى بىر بۆرە بەش بولدى. بۆرە بولۇشنى خالامسەن؟ ۋاي بوستوننىڭ كەنجىسى. سېنى ئۇلار بىلەن بىللە بۆرە ئۇۋىسىغا ئاپىرىپ قويايمۇ. بىللە چوڭ بولسەن...

ھەممەيلەن چاقچاق قىلىپ كۈلۈشەتتى، چاي ئىچىشەتتى.

بازارباي بىلەن مارات يېرىم شىشىنى ئىچىپ تۈگەتكەنچە، يۈزلىرى قىزىرىپ، ئۆپكىدەك بولۇپ كەتكەنىدى، قورۇلغان گۆش ــ ياغلارنى يەيتتى، ئىچكەنسېرى ئۆزلىرىمۇ، تىللىرىمۇ ئېچىلماقتا ئىدى. هويلا جىمجىت بولۇپ قالدى. ئىتلار هاۋشىشتىن توختىدى، تۈكلىرى قىلىن، يوغان جەيسان دېگەن سېرىق ئىت بىردىنلا ئوچۇق قالغان ئىشىكنىڭ بوسۇغىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتاتتى، ئىچكىرىگە كىرىشكە پېتىنالمايتتى. ئۇنىڭغا بىر بۇردا نان تاشلاپ بېرىشتى، ئىت ناننى هاۋادىلا چىشلىۋالدى، چىشلىرى كاراسلاپ كەتتى. شۇ چاغدا كەيپى چاغ مارات هەممىنى كۈلدۈرۈش ئۈچۈن، بۆرە باللىرىدىن بىرىنى تۇتۇپ كۆتۈردى ــ دە، ئۇنى ئىتقا توغرىلىدى.

— قېنى، جەيسان، ئال، ئال بۇنى! ئال دەيمەن! ــ ئۇ تىترەپ تۇرغان ئاجىز بۆرە بالىسىنى ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

هەممىنى هەيران قىلىپ، جەيسان جەھلى چىققان هالدا خىرىس قىلدى ــ دە، قۇيرۇقىنى قىستى، بويىنىنى ئىچىگە تىقىپ پاتىراقلاپ قېچىپ كەتتى. ئاندىن هويلىغا چىقىپ دېرىزە تۈۋىدە قورقۇنچاقلىق بىلەن بىچارىلەرچە هاۋشىدى. هەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بولۇپمۇ، بازارباي هەممىدىن قاتتىق كۈلدى.

— قوي، بىكار ئاۋارە بولما، مارات! ــ دېدى ئۇ، ــ ئىت دېگەننىڭ بۆرىنىڭ هىدىدىنلا چىچىۋېتىدۇ! نېمە، جەيساننىڭنى يولۋاس دەپ يۈرگەنمىدىڭ؟ بۇنداق ئىش يوق!

كىچىككىنە كەنجەش ئاسلانىدەك بۆرە بالىسىنى ئېشەكتەك ئىتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن قورقۇپ يىغلىۋەتتى. هەممەيلەن كۈلۈشتىن توختىدى. كەنجەش چوڭلارنىڭ غەلىتە

چاقچاقلىرىدىن بۆرە بالىسىنى قوغدىماقچى بولغانىدەك، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆمىلەپ باردى.

كۆپ ئۆتمەي، بازارباي بۆرە بالىلىرىنى خورجۇنغا سالدى - دە، مېڭىپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا ئىتىمۇ خېلى دەم ئېلىۋالغان بولۇپ، باشقىدىن ئېگەر - جابدۇق توقۇلۇپ، بوستوننىڭ قورۇسىدىن مەزمۇت قەدەم تاشلاپ يولغا چۈشتى. مارات بىلەن رىسقۇل ئاتقا مىنىپ، يەلكىلىرىگە مىلتىق ئېسىپ، بازاربايىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئۇنى ئۇزىتىپ ماڭدى. ئۇ ئىككىسىلا ھاراق ئىچكەن، مارات بولسا خېلىلا ئېغىرلىشىپ قالغانىدى، ئاغزى گەپتىن بوشىمايتتى. چاقىرىلمىغان مېھمان بوستوننىڭ ئۆيىدىن خوشلىشىپ چىقىۋاتقانىدا، ئىككى ئوتتۇرىدا كىچىككىنە كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەردى. شۇ كۆڭۈلسىزلىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن، بۇ بەقۇۋۋەت يىگىتلەر بازاربايىنى ئۇزىتىپ چىققانىدى.

بازارباي ئۆيىدىن چىقماقچى بولۇپ، قولىدىكى بۆرە بالىلىرى سېلىنغان خورجۇننى ئېگەرگە ئارتىپ قويارسەن، دېگەنىدەك قىلىپ ماراتقا بەردى. ئۇ بوستوننىڭ قورۇسىدا ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشكىنىدىن خۇشال ئىدى. بازارباي تامدىكى ناھايىتى چوڭ بۆرە تېرىسىنىڭ يېنىدا ئېسىقلىق تۇرغان مىلتىقنى قولىغا ئالدى. مىلتىقنى دىققەت بىلەن كۆزدىن كەچۈردى. قارامتۇل ستۋولى ۋالىلداپ تۇرغان، كۆپ ئوق يەيدىغان، چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلاشقا لايىق ئىشلەنگەن مىلتىق كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇ بازاربايغا راستتىنلا يېقىپ قالدى. تامغا ئېسىلغان بۆرە تېرىسىنى بوستان شۇ مىلتىقتا بىر پاي ئوق بىلەنلا قولغا چۈشۈرگەنىدى. بۇنى مۇشۇ ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلەتتى.

— ماڭا قارا، گۈلسىمخان، — دېدى ئىختىيارسىز ھالدا

بازارباي مەستخۇش كۆزلىرىنى مىلتىقتىن گۈلىمخانغا يۆتكەپ، شۇ ئارىدا كاللىسىغا، گۈلىمخان خالىيراق جايدا قولۇمغا چۈشىدىغان بولسا، دېگەن بىر ئوي لىپ قىلىپ كەچتى. ئۇ خوتۇنلارغا دۈچ كەلگەنلىكى يەردە چاڭگال سېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى، مەقسىتىگە يەتكەندىن كېيىن، بۇنىڭغا قىلچىمۇ ئېچىنىپ ئولتۇرمايتتى، مانا، شۇ تاپتا ئۇ گۈلىمخاننى ئۆز خوتۇنى كۆك تۇرسۇن بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ، گۈلىمخان ئەمەس، جانغا تېگىدىغان، سوغۇق ئاشتەك بولۇپ قالغان ئاشۇ خوتۇنىنىڭ ئۆز ئىلكىگە چۈشكەنلىكىدىن پىغانى ئۆرلىدى. شۇتاپتا بۇ بەتبەختنىڭ خوتۇنىغا كۆزى چۈشىدىغان بولسا، ئۇنى شاپىلاقلاپ ئۇرۇۋېتىشىمۇ يانمايتتى. بازارباي ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋېلىپ: «ئوبدان ياشايدىكەنسىلەر. سەن ياخشى ئايال، مەن نېمە دېمەكچىدىم؟ بىلەمسەن، گۈلىمخان، بۆرىلەر يەنە كەينىمگە چۈشەمدىكىن، دەپ قورقۇۋاتىمەن. مەن شۇ مىلتىقنى ئالغاچ كەتسەم بولارمۇ، ئەتە بىرىدىن ئەۋەتىپ بېرەتتىم...» دېدى.

— خۇدا ھەققى، جايىغا ئېسىپ قويۇڭ، — دېدى قەتئىي تۇردە گۈلىمخان، — بوستون مىلتىقىغا ھېچكىمنىڭ قولىنى تەگكۈزمەيدۇ. مىلتىقنى بىركىم تۇتسا يامان كۆرىدۇ.

— نېمە، بىر تال مىلتىقتا كۆچۈڭ يەتمەمدا؟ — دومسىيىپ سوغۇق كۈلدى بازارباي. ئۇ قولاي پەيت تاپسا بۇ جۇۋاننى قانداق قۇچاقلايدىغانلىقىنى يالت قىلىپ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ بوستون كېلىپ، مىلتىقنىڭ جايىدا يوقلۇقىنى كۆرسە، نېمە دەيدۇ... ئوقلىرىنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن. بوستون ئۇلارنى تىقىپ قويىدۇ، خەققە بىر تېلىنىمۇ بەرمەيدۇ.

بازارباي ئىچىدە بوستوننى راسا تىللىدى، ئۆزىدىن خاپا بولدى: بوستوننىڭ شۇنچىلىك خەسىسلىكىنى ئۇ بىلمەيتتىمۇ، خوتۇنىمۇ ئېرىدىن قېلىشمايدىكەن. ئۇ جۇۋانغا، مىلتىقىڭنى بېشىڭغا تېگىشۋال، دەپ تاشلاشقا تاسلا قالدى. دەل شۇ پەيتتە رىسقۇل ئارىغا كىرىپ، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇردى:

— بىكاردىن تەشۋىشلىنىۋاتىسىز، بازارباي ئاكا. مارات ئىككىمىز سىزنى ئاتلىق ئۇزىتىپ قويىمىز، خالىسىڭىز، ئۆيىڭىزگىچە بارىمىز، — دەپ ئىشەندۇردى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ۋاقتىمىز بولسا بار، تۈن ئۆزىمىزنىڭكى. بۇ مىلتىققا سىز، ياخشىسى، تەگمەڭ. جايىغا ئېسىپ قويۇڭ. بىلمەمسىز، ئۇ ئىسمى-جىسمىغا لايىق بوستون. تولىمۇ تەرتىپلىك ئادەم!

ئۇلار ئەمدى چىقماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، رىسقۇل يەنە بىر پەس ھايال بولۇپ قالدى. ئۇ بوستوننىڭ ئوغلىنى ئالداپ تەسەللىي بېرىشكە چۈشتى. بالا بازارباينىڭ بۆرە باللىرىنى خۇرجۇنغا سالغىنىنى كۆرۈپ، نەگە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ ۋارقىراپ يىغلىۋەتتى. بالا ئۆزىنى يەرگە ئاتماقچى بولۇپ، ئانىسىنىڭ باغرىدىن يۇلقۇنۇپ چىقماقچى بولاتتى، بۆرە كۈچۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى...

قورۇدىن چىققاندىن كېيىن، ئوقۇشنى چالا تاشلاپ كەلگەن مارات ھەمراھلىرىنى زېرىكتۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىگە قىزىق تۇيۇلغان بىر پاراڭنى باشلىۋەتتى:

— يېقىندا رايونىمىزدا ئاجايىپ بىر ۋەقە يۈز بەردى. تولا كۈلۈپ ئۈچەيلىرىڭ ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ! ئاڭلىغانمىدىڭىز، بازارباي ئاكا؟

— ئاڭلىمىغان، — دېدى بازارباي.

— ئۇ ھەقتە جىق سۆز-چۆچەك بولۇپ كەتتى. راست گەپ!

www.uyghurkitap.com

— قېنى، قېنى، ستۇدېنتنىڭ سۆزىنى ئاڭلايلى، — دېدى ئۇنىڭ غىدىقىغا تېگىپ رىسقۇل ئېتىنى يورتۇپ كېتىۋېتىپ.

— ئوبلاستىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى رايونلۇق گېزىتىمىزنىڭ باش مۇھەررىرىگە تېلېفون بېرىپ: «نېمە ئۈچۈن سىلەرنىڭ ‹سوتسىيالىزم تېگى› گېزىتىڭلار كاپىتالىستىك ئامېرىكىنى تەرغىب قىلىدۇ؟» دەپتۇ. مەن باش مۇھەررىر بىلەن بىر مەزگىل بىللە ئوقۇغان، ئۇ تولىمۇ قورقۇنچاق ۋە خۇشامەتچى ئادەم ئىدى. رەھبەرنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ تىلى گەپكە كەلمەي قاپتۇ: «بى...بىز ئا...ئامېرىكىنى ياز... يازغىنىمىز يو...يوق! كە...كەچۈ...رۈڭ، قا...قانداق تەر... تەرغىبات؟» رەھبەر: «يازمىدۇق دەمسىلەر تېخى؟ مۇنۇ نېمە؟ ئاق قەغەزگە قاپقارا قىلىپ «بوستون بىزنى يېتەكلىمەكتە» دەپ يېزىپسىلەرغۇ» دەپتۇ. «ھە، بۇ ئىلغار مالچىمىز بوستون ئۈزكۈنچىيېۋ ھەققىدە يېزىلغان». «ئۇ ھەقتە يېزىلغانلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن. ئەمما نۇرغۇن ئادەملەر سەرلەۋھىنىڭ ئۆزىنىلا ئوقۇيدۇ». ھا ـ ھا ـ ھا، ماتا، كۆردىڭىزمۇ؟ زوراۋانلىقىنى؟ «خوپ، ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟» دەپ سوراپتۇ باش مۇھەررىر. رەھبەر: «ئىلغارغا ئېيتىڭ، ئىسمىنى ئۆزگەرتسۇن» دەپتۇ.

— توختا! — دېدى بازارباي، — نېمە، ئامېرىكىدىمۇ بوستون بارمۇ؟

— ھە، يوق، — دېدى مارات كۈلۈپ، — بوستون دېگەن ئامېرىكىنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى، نيۇ ـ يوركتىن قېلىشمايدۇ. بىزدە بولسا بوستون دېگەن بوز تون، يەنى كۆل رەڭ چاپان دېگەن سۆز چۈشەندىڭىزمۇ؟

— تۈفىي، مۇنۇ قۇرغۇرنى قارا، راست، راست! — دەپ تەستىقلىدى بازارباي بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسى ئىككى پۇلغا

ياراتمايدىغانلىقى، بوستوننىڭ ئابرويىغا قىلچىلىكمۇ تەسىر يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىدىن ئېچىنىپ، — دەل شۇنداق. بىز، پادىچىنى بوستون دەيمىز.

تۈننىڭ يۇلتۇزلۇق گۈمبىزى ئېگىز تاغلار ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆچلۈك دۈمبىسى خىرە - شىرە كۆزگە چېلىقىپ تۇرغان كۆلنىڭ ئۈستىنى قاپلىدى. ئۈچ ئاتلىق ھەزىل - چاقچاق قىلىشىپ تەمەنگە كېتىپ بارماقتا، ئۇلار شۇ كېچىدە بىرقانچە ئادەمنىڭ تەقدىر - قىسمىتى يەشكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق چىگىشلىشىپ كەتكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەگەندى... مانا، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرى، ئات تاقىلىرىنىڭ تاشلارغا تەگكەن ئاۋازلىرى بارغانسېرى پەسىيىپ، ئاندىن تامامەن ئاڭلانماي قالدى... بوستان دىۋىژوكىنىڭ تاتاتلاشلىرىمۇ ئارقىدا قالدى، ئۇنىڭ چىراغلىرى تاغلارنى قاپلىغان قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن مالچىلارنىڭ بىرنەچچە قورۇ ۋە ھويلىلىرىغا ئاق شولىلارنى تارقىتىپ تۇراتتى.

قەيەردىدۇ، يېقىنلا يەردە، بۆرىلەر يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى...

## II

گۈلىمخان ئوغلىنى ئالداپ - سالداپ، ئەركىلىتىپ مىڭ تەسلىكتە ياتقۇزدى، ئۆزى ئۇخلىماستىن، ئېرىنى كۈتتى. ئېرىنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. تاشقىرىدا ئىتلار بىردىنلا تەڭ ھاۋشىشقا باشلىدى. گۈلىمخان يەلكىسىگە ئىسسىق روملىنى تاشلاپ، دېرىزىگە يۈزىنى ياقتى. دىرېكتورنىڭ «گاز» ماشىنىسى چىراغلىرى بىلەن قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ، قوزىلايدىغان ساغلىقلار سولانغان چوڭ قوتان ئالدىدىن قايرىلدى. گۈلىمخان بوستوننىڭ ماشىنىدىن چۈشكىنىنى، خوشلى-

شىپ، كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى ياپقىنىنى، ماشىنىنىڭ كەينىگە ئىتتىك بۇرۇلۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇردى. ئېرىنىڭ دەرھال ئۆيىگە كىرمەيدىغانلىقىنى گۈلىمخان بىلەتتى. بۇنداق چاغلاردا، ئۇ ئالدى بىلەن قوتانلارنى ۋە ئامبارلارنى ئايلىناتتى، ئوت - چۆپ بېسىلغان لاپاسلارنى كۆزىتەتتى، كۆزەتچى قۇدۇرمەتتىن كۈن بويى يۈز بەرگەن ئىش - كۈشلەرنى سۈرۈشتۈرەتتى، قويلار بوغۇلۇپ قالمىدىمۇ، بالا تاشلاپ قويمىدىمۇ، قوزىلىغانلىرى بارمۇ - يوقمۇ، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلمىگۈچە تىنچىمايتتى.

گۈلىمخان كۈن بويى سىرتتىن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن ئېرىنى ئىسسىققىنا ئاش - پاش بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئالدىن ھازىرلاپ قويغان ئوتۇنلىرىنى ئوچاقنىڭ تېگىگە تاشلىدى. ئۇ ئېرىگە ئىسسىق چاي بولمىسا، ھېچ نەرسە تېتىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇنى قاچان كىرەر ئىكىن دەپ، دالانغا قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. گۈلىمخان كىچىككىنە كەنجىشىنىڭ ئاتىسىنىڭ سوغۇقتىن مۇزدەك بولۇپ قالغان بۇرۇتلىرى يۈزىگە تەگكەندىن كېيىن، ئىسسىققىنا تۆشىكىدە مەززە قىلىپ دومىلاپ، لەۋلىرىنى تامشىپ قويىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۈلۈمسىرىدى. كەنجىشىنى ئادەتتە بوستون ئۆزى ئورنىغا ياتقۇزاتتى. ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن خېلىغىچە ئوينىشاتتى، ھەتتا يادىغا يېتىپ قالسا، ئىشىك - دېرىزىلەرنى چىڭ بېكىتىپ، ئۆينى ئىسسىتقاندىن كېيىن، كەنجىشىنى ئۆزى داسقا سېلىپ چۆمۈلدۈرەتتى. قولۇم - قوشنىلىرى بوستون ياشىنىپ قالغاچقا، بالىغا ھەددىدىن زىيادە مېھرىبان بولۇپ كەتتى، ئۇ بۇرۇن مۇنداق ئەمەس ئىدى، دېيىشەتتى. ئىلگىرى ئۇ خىزمىتىنى بالىلىرىدىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرەتتى. مانا، ئەمدى چوڭ بالىلىرى ۋايىغا يېتىپ،

ئۆزلىرى بالىلىق بولۇپ، ئۆز كۈنىنى ئۆزلىرى كۆرىدىغان بولدى. ئۇلار بوستوننى يوقلىغىلى كېلىپ تۇراتتى. لېكىن بالىنىڭ كەنجىسى ھەممىدىنمۇ تاتلىق بولىدىكەن. بىراق بوستوننىڭ كەنجىشىكە بۇنچىلىك چوڭقۇر مېھىر قويغانلىقىدا باشقا بىر ئاچچىق سەۋەبمۇ بار ئىدى. بۇنى يالغۇز گۈلمىخانلا بىلمىسە، چۈشەنمىسە، باشقا كىم بىلىدۇ، كىم چۈشىنىدۇ؟ ئۇلار بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئەر - خوتۇن بولىمىز، پەرزەنت كۆرىمىز دېگەننى خىيالىمىزمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى: ئۇنىڭ ئېرى ئىبرنەزەر داۋاندا نابۇت بولمىغان بولسا، شۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەي بوستوننىڭ بىرىنچى ئايالى ئارزىگۈل قازا قىلمىغان بولسا، بۇ ئىشلار نەدىكىنى. ئۇلار ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات دەپ خىياللارغا غەرق بولاتتى، كەچمىش كۈنلىرىنى ئويلايتتى. كەنجىتاي ئۇلارنى بىر - بىرىگە مەھكەمرەك باغلاپ تۇراتتى. ئۇ دېگەن نى - نى جاپا - مۇشەققەتلەرنىڭ مېۋىسى. داۋانغا يولنى بوستون باشلىغانىدى، شۇ چاغدا ياردەمچىسى ئىبرنەزەر ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىلا ھالاك بولدى، كۆز يەتمەس چوڭقۇر مۇزلۇق قوينىدا قېپكەتتى... پەقەت شۇ كەنجەشىلا بوستوننىڭ قەلبىدىكى ئوپقاننى تولدۇرۇپ تۇراتتى، جاراھەتكە مەلھەم بولاتتى، چۈنكى، قەدىمدىن قالغان: ئۆلۈمنىڭ ئورنىنى تۇغۇلۇشلا تولدۇرىدۇ، دېگەن گەپ بار.

ماتا، ئاخىرى قەدەم تاۋۇشلىرى ئاڭلاندى، گۈلمىخان ئېرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى، ئۆتۈكىنى سېلىشقا ياردەملەشتى، سۇ، سوپۇن، لۆڭگە كەلتۈردى. ئېرىنىڭ قولىغا ئۈندىمەستىن سۇ قۇيدى، ئۇلار ئادەتتە كېيىن، چاي ئۈستىدە ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى. شۇ چاغدا ئېرى، مانا، ئەمدى قۇلاق سال، دۇنيادا نېمىلەر بولمايدۇ - ھە، دەيدۇ - دە،

كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىر باشتىن، ئىپتىداي ـ ئىپتىداي ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ ئىككىسى مانا مۇشۇنداق يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئۆزلىرىنى ناھايىتى ياخشى ھېس قىلىدۇ. بىر ـ بىرىگە بەكمۇ يېقىن بولۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گەپلىرى تونۇش ساھىلغا ئوخشايدۇ. قەيېرى تېيىز، قەيېرى چوڭقۇر ئالدىدىنلا مەلۇم بولىدۇ. ئارزىگۈل ۋاپات بولۇپ بىر يىلدىن ئاشقان، ھەممە نەزىر ـ چىراغلىرى ئۆتكەندى، ئۇلار ئاخىرى تۇرمۇش قۇرىدىغان بولدى. شۇ چاغدا بوستون ئۇنىڭ كۆل بويىغا جايلاشقان قىشلاقنىڭ چېتىدىكى ئۆيىگە تاغدىن چۈشۈپ كەلدى. شۇ چاغدا ئۇلار بوستوننىڭ ئېتىنى ئېغىلدا قالدۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ كۆزى ئالدىدا ئۆزلىرىنى غايەت ئوڭايسىز ھېس قىلىپ، ئاپتوبۇستا رايونلۇق نوپۇس بۆلۈمىگە باردى، زۆرۈر قەغەزلەرگە تېزلا قول قويۇپ، تېزلا چىقىپ كەتتى، ئاندىن يەنە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرغۇسى، كوچىلاردا تونۇش ئادەملەرگە ئۇچراپ قالغۇسى كەلمەي، كۆلگە قاراپ مېڭىشتى، ئاندىن ساھىل بويىدىن گۈلسەخاننىڭ ئۆيىگە كېلىشتى. قۇرغاق كۈز كۈنلىرى، شامالدىن ئەسەر يوق. ئىسسىقكۆلنىڭ تىنىق ھاۋا رەڭ سۈيى ھەر قاچانقىدەكلا غايەت سۈزۈك ۋە جىمجىت ئىدى. شۇ چاغدا بوستون ئارچىلار ئۆسۈپ كەتكەن ساھىلدىكى چىغىر يولغا كەلگەندە، قىرغاقتا باغلاپ قويۇلغان ئىككى قېيىقنى كۆرۈپ توختىدى. قېيىقلار ئاستا چايقىلاتتى، سۇنىڭ قۇملۇق تېگى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

«قارا، ئەتراپ سۇ، تاغ، يەر، مانا شۇلارنىڭ ھەممىسى ھايات. مۇنۇ ئىككى قېيىق بولسا، نەق سېنىڭ بىلەن ماڭا ئوخشايدۇ. دولقۇن بىزنى قايا قىلارغا ئەپكېتىدۇ، بۇنى تېخى كۆرمىدۇق. بېشىمىزغا نېمە كۈنلەر چۈشتى، بېشىمىزدىن

ئېسىلەرنى كەچۈردۇق، تىرىكلا بولىدىكەنمىز دائىم يادىمىزدا تۇرىدۇ، بىزدىن قېچىپ كەتمەيدۇ. كەل، دائىم باش قوشۇپ، بىللە بولايلى. مېنى بوۋاي دېسەڭمۇ بولىدۇ. قىش كىرسە، قىرىق توققۇزغا توشىمەن. سېنىڭ باللىرىڭ بولسا كىچىك ئۇلارنى ئوقۇتۇش، ئادەم قىلىش كېرەك... يۈر، يىغىشتۇرىدىغاننى يىغىشتۇرايلى. سەن بېلىقچىنىڭ قىزىسەن. سېنى تاغلارغا ئېلىپ كېتىمەن... مەن يالغۇز ياشيالمايمەن، تاقىتىم قالمىدى...».

گۈلىمخان ئېمىشقا ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا يىغلاپ تاشلىدى. بوستون ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تەسەللى بەردى... كېيىنچە، ئۆزلىرى يالغۇز قالغان چاغلىرىدا تۇرمۇش ھەققىدە گەپ بولۇپ قالغىنىدا، گۈلىمخان پات-پاتلا ساھىلدىكى ئاشۇ ئىككى قېيىقنى ئەسلەيتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ ئەڭ يېقىن ئادىمىڭ بىلەن قىلىدىغان سۆھبىتىڭ تونۇش ساھىلغا ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتى. بىراق بۇ قېتىم ئېرى ئۇنىڭ نەزەرىدە ئادەتتىكىدىن سەل تەشۋىشلىكرەك كۆرۈندى. بوستون دالاندىكى لىپ-لىپ قىلىپ تۇرغان چىراغنىڭ يورۇقىدا يوغان، يىرىك قوللىرىنى لۆڭگىگە ئەتەي ئالدىرىماستىن سۈرتەتتى. ئۇ خوتۇنىغا قارىغاندا خېلىلا ئېگىز بولۇپ، سەل قىسىلغان كۆكۈچ كۆزلىرى نارازىلىق بىلەن باقاتتى، شامال يالاۋىرىپ پىشىپ كەتكەن چوڭ ۋە چىرايلىق يۈزى پولاتتەك قارىيىپ كەتكەنىدى. تىنچلىقمىكىن ئىشقىلىپ؟ بوستون قوللىرىنى سۈرتۈپ بولۇپ، كەنجەشىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆز قولى بىلەن ياسىغان ياغاچ كارىۋاتنىڭ ئالدىدا تىزلاندى، ئوغلىنى ئەركىلىتىپ قۇرۇغان لەۋلىرىنى ئۇنىڭ يۈزىگە تەگكۈزدى، كەنجەش دادىسىنىڭ كەلگىنىنى سېزىپ، ئورنىدا تاتلىقىنا قىمىرلاپ قويدى، بۇنى كۆرگەن بوستون ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرىدى.

— مەن يوق چاغدا بۇ يەرگە بازاربـاي كەلتۇمتۇ؟ — دەپ سۆز قاتتى ئۇ تاماقـقا ئولتۇرۇۋېتىپ، — بۇ ياخشى ئىش ئەمەس...

گۈلسخان بۇ سۆزلەرنى ئۆزىچە چۈشىنىپ، قىزىرىپ كەتتى، ئاچچىقىنى بېسىپ، خاپا بولغان هالدا:

— مەن قانداق قىلاي؟ بىرمۇنچە ئادەم ئۆيگە باستۇرۇپ كەپقالدى. بۆرە باللىرىنى تۇتۇپتىكەن، كۆرستىمىز دېيىشتى. كەنجەش يىپىشىپلىۋالدى، كىچىك بالـىغا ئويۇن ـ دە... چاي قۇيدۇم، ئاندىن ئالدىغا...

— بۇنى دەۋاتقىنىم يوق. مەيلـىغۇ، ئۆزى كېلەر يار ـ يار، ئۆزى كېتەر يار ـ يار، ياخشى ئادەم ئەمەس دەيمەن ـ دە...

— بۇنىڭغا نېمە بولۇپتۇ؟ — ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماستىن دېدى گۈلسخان، — ئۆزىڭىزمۇ بۆرە ئاتقانىغۇ. ئەنە تېرىسى بۇلتۇردىن بېرى ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ، تازىمۇ ياخشى ئاشلاپتۇكەن بۇ تېرىنى، — ئۇ تامدىكى بۆرە تېرىسىگە ئىشارەت قىلدى.

— تۇرۇۋىشغۇ تۇرىدۇ، — جاۋاب بەردى بوستون خوتۇنىغا بوش پىيالىنى سۇنۇۋېتىپ، — گېپىڭ راست، مەنمۇ بىر چاغلاردا بۆرە ئاتقان. قانداق قىلايلى، دۇنيا شۇنداق قۇرۇلغان تۇرسا، بىر ياقتا ئادەم بار ئىكەن، بىر ياقتا بۆرە. لېكىن مەن ھېچقاچان بۆرە ئۇۋۇسىغا تەگكەن ئەمەسمەن. شۇم تاپان بازاربـاي دېگىنىنىڭ بۆرە باللىرىنى ئوغرىلىۋاپتۇ، چوڭ بۆرىلەر بولسا ئامان قاپتۇ، ئەمدى ئۇلار تازا قۇترايدۇ، ھەممىدىن بىزگە يامان بولىدۇ. بۆرىلەرنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئۇۋۇسى بار، ئۇچىنى بىزدىن ئالمىسا بولاتتىغۇ...

گۈلسخان ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن داڭ قېتىپ قالدى. ئۇ ھەممە خوتۇنلارغا ئوخشاش ئاھ ـ ۋاھ قىلدى، خورسىندى،

يەلكىسىگە چۈشۈپ چۇۋۇلغان ئۆرۈمە چاچلىرىنى تۈزەتتى.

— ۋاي، شورۇم قۇرۇسۇن! ئۇ شۇم تاپان نېمىدەپ بىز تەرەپلەردە تېنەپ يۈرگەن بولغىيدى؟ بۆرىنىڭ ئۇۋىسىغا تېگىپ نېمە قىلاتتىكىن؟ ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىيدۇ. ھايۋان بولسىمۇ بالىسى ئۆزىگە تاتلىق، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. شۇ چاغدا، بۇنىڭ ئەقلىگە كەلمىگىنىنى قاراڭ.

— مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم باشقا نەرسە، — دېدى تەشۋىش-لىنىپ بوستون، — قانداق بۆرىلەر ئىكەن بۇلار؟ ھېلىقىلار گەمەسمىدۇر؟ — بوستان جىم بولدى. ئاندىن قوشۇپ قويدى، — قۇدۇرمەتنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، بۆرىلەر بازاربايىنى باشەت جىلغىسى تەرەپتىن قوغلاپ كەپتۇمىش.

— نېمە قىلاتتى؟

— ھېلىقى تاشچاپىنار ۋە ئەكبەرە دېگەن كەلگىندى بۆرىلەر بولۇپ قالمىسۇن دەيمەن - دە، شۇنداق بىر جۈپ بۆرە بار.

— ۋاي، قويۇڭ. چاقچىقىڭىزنى! — پىخىلداپ كۈلۈپ تاشلىدى گۈلسىمخان، — قايسى زاماندا بۆرىلەرنىڭ ئادەملەردەك ئىسمى بولغان؟ چاقچاق قىلىۋاتىسىز!

— چاقچىقىڭ نېمىسى! چاقچاق ئەمەس. بۇ بۆرىلەرنى بىز بىلىمىز. بىز تەرەپنىڭ بۆرىلىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنى كۆرگەن ئادەملەر بار. بەكمۇ ۋەھشىي بۆرىلەر بۇ. ئىككىلىسىلا كۈچلۈك، قاپقانغا چۈشمەيدۇ. ئاتاي دېسەڭ، كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ. ئۆلگۈر ھاراقكەش بازارباينىڭ كېلىپ - كېلىپ ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىغا دۈچ كېلىپ قالغىنىنى قارا. پۈتۈن نەسلىنى قۇرۇ-تۇۋېتىپتۇ. سەن تېخى ئۇلارنىڭ ئۆز ئىسمى بارلىقىدىن ھەي-ران بولۇپ ئولتۇرىسەن! ئەركەككى تاشچاپىنار شۇنچىلىك كۈچلۈك-كى، ھەتتا ئاتنىمۇ ئۆڭگۈرۈۋېتەلەيدۇ. چىشىسى بۆرە ئەكبەرە

www.uyghurkitap.com

بولسا، ھەددىدىن زىيادە ئەقىللىق، ئەمما مۇنداق ئەقىللىق ۋەھشىي ھايۋاننى كۆرۈپ باقمىغان! شۇنىڭ ئۈچۈن بەكمۇ خەتەرلىك.

— بولدى قىلىڭ. دادىسى، يۈرىكىمنى قېپىدىن چىقارماڭ! نېمە، مېنى كىچىك بالا چاغلاۋاتامسىز؟ — ئىشەنمەستىن كۈلدى گۈلسىمخان، — خۇددى بالا چاغلىرىڭىزدىن تارتىپ ئۇلار بىلەن بىللە ئۆسكەندەك گەپ قىلىسىز... ئادەمنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ...

بوستون، بوپتۇ، مەيلى دېگەندەك كۆڭۈلچەكلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى، كېيىن ئويلىنىپ قالدى، خوتۇنىنى تىنچلاندۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى بىلدى.

— بولار ئىش بوپتۇ، — دېدى ئۇ بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن، — خىيالىڭىزدىن چىقىرىۋەت. كۆڭلۈڭنى بىر ئاچاي دېدىم - دە. قېنى، ئورۇننى سال. كەچ بولۇپ كەتتى. ئەتە ئەتىگەنرەك تۇرمىساق بولمايدۇ. ئەتە - ئۆگۈن قويلار كەينى - كەينىدىن تۆللەشكە باشلايدۇ. بەزى قويلار بۈگۈن ئاخشام، يا بولمىسا ئەتە ئەتىگەن تۇغۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ، ئىككى - ئۈچتىن قوزىلايدىغانلىرى!

چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئورۇنغا كىرگەندىن كېيىن، ئادەتتە دەررۇ ئۇخلاپ قالىدىغان بوستون رايوندا بولغان مەجلىس، ئۇ يەردە مانا مۇشۇنىڭ بىلەن نەچچىنچى قېتىم ھازىرقى ياشلارنىڭ نېمە ئۈچۈن چارۋىچىلىققا قىزىقمايۋاتقانلىقى، نېمىلەرنى قىلىش ۋە قانداق قىلىش ھەققىدە گەپ قىلغانلىقىنى ئىككى ئېغىزلا سۆزلەپ بەردى. شۇ چاغدا سىرتتا ئات تۇياقلىرىنىڭ تاۋۇشى ئاڭلاندى. گۈلسىمخان ئورنىدىن دىككىدە تۇرۇپ، ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا يەلكىسىگە تىۋىت رومالىنى ئارتىپ ئىشىك ئالدىغا كەلدى. ئۇ چوڭ قوتان ئالدىدا مىل-

تىق ئېسىۋالغان ئىككى ئاتلىقنىڭ ئاتتىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— رىسقۇل بىلەن مارات قايتىپ كەلدى، — دېدى ئۇ، — بازارباينى ئۇزىتىپ قويۇشقا كەتكەنىدى.

— ۋاي، تەنتەكلەرەي! — دەپ غودۇڭشىدى بوستون ۋە شۇ زاماتلا ئۇخلاپ قالدى.

گۈلسىمخان خېلىغىچە ئۇخلىيالمىدى. كارىۋاتتا ياتقان ئوغلىنىڭ يوتقىنىنى تۈزىدى. بالىسى دائىم ئۈستىدىكى يوتقىنىنى تېپىپ تاشلاپ، قورسىقىنى ئوچۇق قوياتتى. بالا ئەمەس، بالا، ئادەمنى زادىلا ئۇخلاتمايدۇ، بولۇپمۇ كۆزگە ئۇيقۇ ئىلەشكەن چاغلاردا. مۇشۇ تاپتا گۈلسىمخاننىڭ ئۇيقۇسى قاچتى. تازىمۇ تىنىمسىز، ۋەھىمىلىك كۈن بولدى ـ دە بۈگۈن. ھەممىسىگە بازارباي سەۋەبچى. ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالغىنىنى قاراڭ. كۆرەر كۆزىمىز يوق ئىدى سېنى. بولۇپمۇ بوستوننىڭ ئېقى كېلىشمەيدۇ. بوستون ئۆزى شۇنداق ئادەم، ئۇ شاۋقۇن ـ سۈرەننى، شاللاقلىقنى، بازاربايدەك تېتىقسىزلارنى، گەرچە ئۆزىگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىغان بولسىمۇ، ياقتۇرمايدۇ. بازارباي بولسا بوستونغا ھەسەتخورلۇق قىلىدۇ، ئىشى ئوڭدىن كەلگەن، ئوشۇقى ئالچۇ چۈشكەن دەيدۇ... لېكىن بازارباي ئىشنى يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك تەر تۆكۈش ۋە ئەقىل ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. بوستون ئەتىگەندە تاڭ قاراڭغۇسىدىلا ئىشقا شۇڭغۇپ كېتىدۇ، تا گۇگۇم چۈشكىچە قولى بوشىمايدۇ، ھەممىسىگە ئۆزى قارايدۇ، ئۆزى پىلانلايدۇ، پۇختىلاپ نەزەر سالىدۇ...

گۈلسىمخان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ، سۈتتەك ئاقىرىپ تۇرغان تۈن باغرىغا تىكىلدى. ئاي تىزما ـ تىزما تاغ ئۆركەشلىرى ئۈستىدە پارلاپ تۇراتتى، دۇردانە يۇلتۇزلار جىمىرلاپ چىقـ

قانىدى. تاڭ ئاتقاندا ئاي پاتىدۇ، يۇلتۇزلار ئۆچىدۇ، ئەمما بۇ كېچىچە تۈننىڭ زادىلا چېكى يوقتەك، ھېچقاچان تاڭ ئاتمايدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. تاغ ئېتەكلىرىنى جىمجىتلىق قاپلىغان بولۇپ، قىشلاق چېتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماتورنىڭ تونۇش ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى.

گۈلىمخان ئۇزاق ئۇخلىدىمۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس، ئېھتىمال كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا ئىلىنگەندۇر، لېكىن شۇ چاغدا قۇلىقىغا ئۇيقۇ ئارىلاش ئىتلارنىڭ ھاۋشىغىنى ۋە قانداقتۇر ھۇۋلىغان ئاۋاز كىردى. گۈلىمخان تەسلىكتە كۆزىنى ئۇيقۇدىن ئاچتى، ئەمدى بۆرىنىڭ سوزۇپ – سوزۇپ، نالە قىلىپ ھۇۋلاۋاتقىنىنى ئېنىق ئاڭلىدى. ھۇۋلىغان ئاۋاز كۆككە ئۆرلەيتتى ۋە يەرەككە ئېغىر ۋەھىمە سالاتتى. گۈلىمخاننىي تىترەك باستى ئۇ ئېرىگە يېقىنراق سۈرۈلۈپ ياتتى، ئۇنىڭ قوينىغا تىقىلدى. سەل ئۆتمەيلا بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى ئاچچىق، ھەسرەتلىك يىغىغا ئايلاندى. ئازاب – ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان مەخلۇق دەردىنى ھېچنەرگە سىغدۇرالماي داد – پەرياد كۆتۈرمەكتە ئىدى.

— ئەكبەرەغۇ! — ئۇيقۇ ئارىلاش خىرىلدىغان ئاۋاز بىلەن دېدى بوستون ياستۇقتىن شارتلا بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— نېمە ئەكبەرە؟ — سورىدى گۈلىمخان گەپنىڭ نېمە ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي.

— چىشى بۆرە! — دېدى بوستون بۆرە ئاۋازىغا قۇلاق سالغاچ. ئاندىن قوشۇپ قويدى، — تاشچاينارمۇ قوشۇلۇپ ھۇۋلاۋاتىدۇ. ئاكىلاۋاتامسەن، قۇشخانىغا كىرىپ قالغان بۇقىدەك ھۆركىرەۋاتىدۇ.

ئۇلار دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ قېتىپ قالدى.

چەكسىز تۈن قوينىدا «ھۇۋۇ – ھۇۋ – ھۇۋۇ...» دېگەن

قايغۇلۇق پەرياد تارقالماقتا ئىدى.

— نېمە. نېمىگە ھۇۋلاۋاتىدۇ؟ — قورقۇپ پىچىرلىدى گۈلىمخان.

— نېمىگە بولاتتى! ئەلەمگە چىدىماي يىغلاۋاتىدۇ!

ئۇلار ئۇندىمەي جىم بولۇشتى.

— ۋاي قىز تالاق! — جەھلى چىقىپ تىللىدى بوستون، — سەن يېتىپ تۇر، بالىغا قارا، ئويغىنىپ كەتمىسۇن. ھە، قورقما. نېمىدىن قورقىسەن، نادان! بۆرە بولدى، ھۇۋلاۋاتىدۇ، يېقىنلا يەردە، بالىسىنى سېغىنىپ يىغلاۋاتىدۇ، خوپ، نېمە قىلىش كېرەك؟ مەن قوتانلاردىن خەۋەر ئالاي، نېمىگەپ ئىكەن؟

ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن ئوپۇل - توپۇل كىيىندى، دالانغا چىقىپ ئۆتۈكىنى كىيدى، ئاندىن سارايغا كىرىپ چىراغىنى ئۆچۈردى - دە، ئىشىكنى چىڭ يېپىپ تاشقىرىغا چىقتى. گۈلىمخان ئۇنىڭ دېرىزە يېنىدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئالدىنىمىلەرنى دەپ كايىغانلىقىنى، «جەيسان! جەيسان! مەھ - مەھ!» دەپ ئىتنى چاقىرغانلىقىنى ۋە قەدەملىرىنىڭ ئاستا - ئاستا يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىنى تىڭشاپ ياتتى. شۇ ئارىدا يەنە ئانا بۆرىنىڭ سوزۇپ ھۇۋلىغىنى، ئەركىكىنىڭ ئۇنىڭغا تىترەك ئاۋازدا جور بولغىنى ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ ھۆركىرەپ يىغلاشلىرىدا قەھر - غەزەپ ئېشىپ - تاشماقتا ئىدى، دوق يىغا بىلەن ئالمىشاتتى، ئاندىن تەلۋە ۋەسۋەسىلەر يەنە شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئايلىناتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈمىدسىز يالۋۇرۇشقا ئۆتەتتى...

بۆرىلەرنىڭ ھۆركىرەپ يىغلىشى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، يۇلۇۋالىدىغاندەكلا قىلاتتى. گۈلىمخان قۇلىقىنى چىڭ ئېتىپ، ئاندىن خۇددى بۆرىلەر ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىدىغاندەك، ئىشىكنىڭ ئىلگىكىنى ئىلدى، تىترىگەن پېتى تۆۋەت شالىغا

www.uyghurkitap.com

ئورۇنتۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلمەي، تەمتىرىگەن ھالدا كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىشقىلىپ، بالا ئويغىنىپ، قورقۇپ كەتمىسۇن، دەيتتى، كۆڭلى شۇنىڭدىن دەككە - دۈككە بولاتتى.

بۆرىلەر بولسا تىنماستىن ھوۋۇلايتتى. ئۇلار خۇددى يېقىنلا يەردە ئايلىنىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈپ، تەمتىرەپ يۈرگەندەك قىلاتتى. ئىتلار ئۇلارغا جاۋابەن قۇتراپ ھاۋشىغىنى بىلەن ھويلىلاردىن سىرتقا چىقىشقا پېتىنالمايتتى. شۇ چاغدا بىردىن ۋاڭىلدىغان مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، يەنە بىر پاي ئوق ئېتىلدى. گۈلىمخان بوستان بىلەن قۇدۇرمەتنىڭ بۆرىلەرنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئوق چىقارغانلىقىنى بىلدى.

ئاندىن ھەممە ياق سۈكۈتكە چۆمدى. ئىتلارنىڭ ھاۋشىشلىرى بېسىلدى. بۆرىلەرنىڭمۇ ئۈنى ئۆچتى. «خۇداغا شۈكۈر، كېتىشتى، ئادەمنىڭ ئەجەبمۇ قورققۇسىنى كەلتۈردى - دە!» دەپ ئويلىدى گۈلىمخان يېنىك نەپەس ئېلىپ. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى بەرىبىر يەنىلا خاۋاتىرلەنمەكتە ئىدى. ئۇ ئۇخلاۋاتقان كەنجىسىنى ئۆزلىرىنىڭ ئورنىغا كۆتۈرۈپ بېرىپ، ئوتتۇرىغا ياتقۇزدى. شۇ ئارىلىقتا بوستان قايتىپ كەلدى.

— ئويقۇنى ھارام قىلدى. قىز تالاقلار، — دەپ نارازى بولۇپ غودۇڭشىدى ئۇ بۆرە ۋە ئىتلارنى نەزەردە تۇتۇپ، — بۇ بازارباي دېگەننىڭ ھايۋان، قېپقىزىل ھايۋان ئىكەن! — دېدى ئۇ تېرىككەن ھالدا قايتىدىن ئورنىغا يېتىۋېتىپ.

گۈلىمخان ئېرىدىن ۋەقەنى سوراپ - سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمىدى. بوستاننىڭ ئۇنىڭسىزمۇ ئويقۇسى چالا قالغانىدى. ئۇ ئەتە ئەزان بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قوتانلارنى ئارىلىمىسا بولمايتتى، ئۇ ئويقۇسى قانغۇچە ئۇخلايدىغان مالچىلاردىن ئەمەس ئىدى.

گۈلىمخان ئېرىنىڭ كۆڭلى ئاخىر جايىغا چۈشكەنلىكىنى،

ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، تاتلىق سۆزلەرنى قىلىپ ئەركىلىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىكلەپ قالدى. بوستون كەنجە بالىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا كەنجىبېك — نەسلىمىزنىڭ كەنجە بېگى دەپ ئات قويغانىدى. مالچىلار زامان - زامانلاردىن بەگ بولۇشنى ئارزۇ قىلىشقان، لېكىن تەقدىرنىڭ پۈتكىنىنى كۆرۈڭ، مالچىلار ھەممىلا چاغدا مالچى بولۇپ قېلىۋەردى. بوستونمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولالمىدى.

ئۇلار ئوغلىنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ ياتقىنىچە ئۇخلاپ قالدى. لېكىن ھايال ئۆتمەيلا يەنە مۇڭلۇق بۆرە ھۇۋلاشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئىتلار يەنە ئەنسىزلىك بىلەن قاۋاشقا باشلىدى.

— ۋاي، يەنە نېمە بولدى؟ مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ! — دېدى ئۇيقۇ ئازابىدا نارازى بولۇپ گۈلىمخان ۋە شۇ زاماتلا دېگەن سۆزى ئۈچۈن ئەپسۇسلاندى. بوستون گەپ قىلماي ئورنىدىن تۇرۇپ، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ كىيىمىنى كىيىشكە باشلىدى، — بارماڭ، — ئىلتىجا قىلدى خوتۇنى، — ھۇۋلىسا ھۇۋلاۋەرسۇن... قورقىدىكەنمەن. قويۇڭ، بارماڭ!

بوستون ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار قاپقاراڭغۇ كېچىدە، زىمىستان قاپلىغان تاغلاردا، قاراڭغۇ ئۆيدە بۆرىلەرنىڭ نالە - پەرياد سېلىپ ھۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سېلىپ ياتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقان بولۇپ، تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغانىدى، بۆرىلەر بولسا توختىماستىن قايغۇلۇق، ئەلەملىك ھۇۋلىغىنىنى ھۇۋلىغانىدى.

— ئادەمنىڭ جېنىنى ئالايلا دېدى - دە، ئۇلارغا نېمە كېرەك ئىكىن زادى؟ — دېدى ئۆزىنى تۇتالماي گۈلىمخان.

— نېمە كېرەك بولاتتى؟ بالام قېنى، دەپ سوراۋاتىدۇ - دە، — دەپ جاۋاب بەردى بوستون.

www.uyghurkitap.com

— بالىلىرى بۇ يەردە ئەمەسقۇ، ئالىقاچان ئەپ كەتتىغۇ.

— ئۇلار بۇنى نەدىن بىلسۇن؟ — دېدى بوستون، — بۇلار خۇدانىڭ مەخلۇقى. پەقەت بىرلا نەرسىنى بىلىدۇ: ئىزلار ئۇلارنى مۇشۇ يەرگىچە ئېلىپ كەلگەن. ئۇلار بالىلىرىمىز مۇشۇ يەردە، دۇنيانىڭ چېتى مۇشۇ دەپ چۈشىنىدۇ. قېنى، بېرىپ ئۇلارغا شۇنى چۈشەندۇرۇپ باقمىنا. ئەتتەك، شۇ چاغدا ئۆيدە ئۆزۈم بولماي قاپتىمەن — دە! بازارباي ئەبلەخنىڭ بوينىنى شۇ ئىشى ئۈچۈن ئۈزۈپ تاشلىغان بولاتتىم. ئۆلجىنى ئالغان ئۇ، ئالۋاڭنى بىز تۆلەيدىغان بولدۇق...

خۇددى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلىغاندەك قوتانلار ۋە قوي قورۇلىرى تەرەپتە بۆرىلەرنىڭ بىردەم مۇڭلۇق ۋە ئېغىر، بىردەم غەزەپلىك ۋە قەھرلىك ھۆكىرەپ يىغلاشلىرى تارقىلاتتى، دەرد — ئەلەم دەستىدىن ئۆزلىرىنى قويۇشقا جاي تاپالماي قالغان بۆرىلەرنىڭ ئەتراپتا چېپىپ يۈرگىنى يۈرگەندى.

بولۇپمۇ، ئەكبەرە ئەلەمگە چىدىماي كۆيۈپ پاناتتى. ئۇ خۇددى قەبرىستانلىغا بارغان ئاياللاردەك نالە — پەرياد چېكەتتى. شۇ چاغدا گۈلىمخان ئېرنەزەر داۋاندا نابۇت بولغاندا، بېشىنى تامغا ئۇرۇپ يىغلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ۋە دەرد — ئەلەمگە چىدىماي، داد دەۋېتىشكە تاسلا قالدى، بوستوننى ئويغىتىپ، ئۇنىڭغا ھەممىنى بىر باشتىن سۆزلەپ بېرىشكە تاس — تالاس قالدى، بۇنىڭدىن ئۆزىنى تەسلىكتە تۇتۇۋالدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە كىرپىك قاقماي ياتاتتى، پەقەت مەسۇم، گۆدەك كەنجەشلا راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. چىشى بۆرىنىڭ بالىلىرىدىن ئايرىلىپ تىنماستىن ھۇۋلاۋاتقىنىنى ئاڭلىغان ئانا — گۈلىمخان گەرچە ھېچقانداق خەۋپ — خەتەر بولمـ

سىمۇ، ئۆز پەرزەنتىدىن تەشۋىشلىنەتتى.

تاغلارنىڭ بېشى ئاقاردى. قاراڭغۇلۇق ئاسمان گۈمبىزىدە تارقىلىپ، كېچىلىك كۆزەتچىلىكنى ئۆتەپ بولغان يۇلتۇزلار بىر - بىرلەپ ئۆچمەكتە ئىدى، يىراق - يېقىندىكى چوققىلار روشەنلەشكىلى تۇردى، يەر يەر تۇسىگە كىرىشكە باشلىدى...

مانا شۇ چاغدا ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار تاغلارغا، باشەت جىلغىسى تەرەپكە كېتىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ سايىلىرى دىم دۆڭ - ئېدىرلارغا چۈشەتتى، دىم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە غايىب بولاتتى. بۆرىلەر بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى قەدەم تاشلايتتى، بالىلىرىدىن ئايرىلىش ئاسان بولمىغىنىدەك، كېچىچە ھۇۋلاپ چىقىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇلار يول ئۈستىدە ئۆزلىرى ئۈلجا قىلىۋالغان قوتازنىڭ تۆشى ئالغان ئوچۇقچىلىقتا بىردىشمۇ مۈمكىن ئىدى، ئۇلار ئادەتتە راسا تويغۇچە گۆش يېيىشتىن ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىپ يۈرمەيتتى. لېكىن ئەكبەرەنىڭ كۆڭلى شۇ تاپتا گۆشكە تارتمايتتى، تاشچاينارنىڭمۇ ئۇنىڭغا بۇنى ئەسلىتىپ قويۇشقا يۈرىكى چىدىمىدى.

كۈن چىقاي دەپ قالغانىدى. ئەكبەرە ئۆۋىسىغا يېقىن قالغاندا، ئۆزىنى خۇددى بالىلىرى كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئىتتىك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۆز - ئۆزىنى ئالدايدىغان بۇ غەلىتە ھالەت تاشچاينارغىمۇ يۇقتى. ئەمدى ئۇ ئىككىسى جىلغا ئىچىدە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى، بالىلىرىنى يەنە تېزرەك كۆرۈش ئارزۇسى ئۇلارنىڭ قەلبىنى سىقاتتى.

ھەممە ئىش يەنە تەكرارلاندى. ئەكبەرە چاتقاللىقنى ئارىلاپ شۇڭغۇدى، كامارغا كىرىپ، ئۆزىنى قىيا تېگىدىكى ئۆۋىسىغا ئاتتى، ھەممە ياقنى يەنە پۇراپ چىقتى. سوۋۇغان ئورۇننى تاتىلىدى، بالىلىرىنىڭ غايىب بولغانلىقىغا يەنە

www.uyghurkitap.com

ئىشىنىپ، پەرياد چېكىپ، ئۆزىنى ئۇۋۇسىدىن تاشقىرىغا ئاتتى، ئەلەمدىن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي، غار ئالدىدا دۈچ كەلگەن تاشچاينارنى يەنە چىشلەپ كەتتى، ئاندىن ئېرىق بويىغا بېرىپ، ھەر تەرەپنى پۇرىغىلى تۇردى. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە كۆزىگە خۇنۇك ۋە ھەسرەتلىك بولۇپ كۆرۈندى، بولۇپمۇ، تاشقا يۆلەپ قويۇلغان شىشىدىن تارقىلىۋاتقان پۇراققا زادىلا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدى، دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق پۇراق ئەكبەرنىڭ قەھر - غەزىپىنى تېخىمۇ تاشتۇرۇۋەتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن ھۆركىرىدى، ئۆزىنى چىشلىدى، يەرنى، تاشنى چىشلەپ تاتىلىدى. ئاخىرى چىدىيالماستىن داد - پەرياد كۆتۈردى، ئۇنىڭ ئاھ - زارى پەلەككە يەتتى. ئەكبەرنىڭ كەم كۆرۈلىدىغان كۆك كۆزلىرىدىن تارتىۋاتقان ئەلەملىرى قانلىق ياش بولۇپ قۇيۇلدى.

ئۇنىڭ دەرد - ئەلىمىگە تەسەللى بېرىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يىغلىمايتتى، ئاسمان پەلەك تىلغىلار سوغۇق بېقىپ تۇرۇشاتتى...

## III

ئەتىسى سائەت ئونلاردا بازارباي نۇيغۇتۇۋ رايون مەركىزىگە بېرىش ئۈچۈن ئېتىنى توقۇماقچى بولۇۋاتقىنىدا، بۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئادەمگە كۆزى چۈشتى. قىزىق، بۇ ئادەمنىڭ تەمەن قىشلىقىدا نېمە ئىشى بار ئىكەنا؟ ئالدى ئوچۇق سېرىق جۇۋا، تۈلكە تۇماق كىيگەن ئاتلىق كىشى كۆنسېپىتىش تەرەپتىن، تاغنىڭ سەل يانتۇ ئېتىكىدىن ئېتىنى يورتۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئېگەردە مەھكەم ۋە چەبدەس ئولتۇراتتى. بازارباي دەررۇ

ئاتلىق ئادەمنىمۇ، تىكىلىپرەك قاراپ، قۇلا ئاتنىمۇ تونۇدى.
ھە، ھەقىقەتەنمۇ ئاداشماپتۇ، دون نەسىللىك بۇ ئاتقا مىنى-
ۋالغان بوستون ئۈركۈنچىيېۋنىڭ دەل ئۆزى ئىدى. بوستوننىڭ
كۈتۈلمىگەندە پەيدا بولۇپ قېلىشى بازارباينىڭ كۆڭلىنى
غەش قىلدى. شۇ كۆڭۈل غەشلىكى بىلەن ئۇ ئېگىردىنى بىر
چەتكە قويۇپ، ئۆزى خۇش كۆرمەيدىغان يىراق قوشنىسىنى
كۈتۈشكە باشلىدى. بوستون مېنى پايلاپ تۇرۇپتۇ دېگەن
خىيال كېلىپ قالمىسۇن دەپ، بىر سىقىم ئوتنى ئېلىپ، ئېتىنى
تۇزلاشقا چۈشتى، ئۆزىنى ئىش بىلەن بەند ئادەمدەك كۆر-
سەتمەكچى بولدى. بازارباينىڭ نەزەرىدە بوستون ئۇنى قولغا
چۈشۈرۈۋالغاندەك غەلىتە بىر ھالغا چۈشتى. ئۇ ھويلىلارنى،
قوتانلارنى، ئەتىگەندە ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇۋاتقان
مالچىلارنى جاي - جايىدىمىكىن دېگەندەك قىلىپ كۆزىدىن
كەچۈردى. ئەلۋەتتە، قىشلاقتا بوستوننىڭ ئىگىلىكىدە تەرتىپ،
سەرەمجانلىق كۆپرەك، بوستون ئىتتەك ئىشلەيدۇ، ئىلغار بول-
غاچقا، باشقا ئامالىمۇ يوق - تە، (ئاغزىغا ئىگە بولالمايدىغان
غەيۋەتچىلەر، ھېلىقى ئاجايىپ يىللار بولىدىغان بولسا، بوستون
باي دېھقان سۈپىتىدە ئاللىقاچان سىبىرغا پالانغان بولاتتى،
دەپ يۈرۈشەتتى) بازارباي نېمىدى؟ ئۇ ياۋاشقىنا، سادىدىغىنا
ئاسىيالىق مالچى. تاغۇ چۆللەردە ئۇنىداقلارنىڭ سانى يوق.
ئۇلار مىليونلاپ قوي پادىلىرىنى بېقىپ يۈرىدۇ، ئۇلار بېسىپ
ئۆتكەن جايلاردىكى ئوت - چۆپلەر تۈپ - يىلتىزىدىن قۇرۇپ
كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ھەر كىمنىڭكى ئۆزىگە، بوستوننىڭكى
ئۆزىگە، بازاربايىنىڭمۇ ئۆزىگە. بوستون يېقىنلىشىپ كېلىۋات-
قاندا، بازارباينىڭ خىيالىدا نۇرغۇن پىكىرلەر شەكىللەندى:
«بۇ باي دېھقانلار باشلىقى تاڭ سەھەردە نېمە دەپ پايپاس-
لاپ يۈرگەندۇر؟ ئەجەبا؟ — ئەقلى يەتمەي ھەيران بولاتتى

www.uyghurkitap.com

بازارباي، — نېمە بولدىكىن؟ مەقسىتى نېمىكىن؟» ئۇ بىر تۇرۇپ، بوستوننى ئۆزىگە تەكلىپ قىلساممىكىن، دېدى. لېكىن قۇپقۇرۇق، بىسەرەمجان ھويلىسى ۋە ھەممىدىن بەك بەدبەخت شور تۇمشۇق كۆك تۇرسۇننى (ئۇنى گۈلىخان بىلەن ئەسلا سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ) كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۇ پىكرىدىن يەنە ۋاز كەچتى.

بوستون تەمەن قىشلىقىغا كىرىپ، ھويلا ئالدىدا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىدى ۋە ئايۋان ئالدىدا تۇرغان ئۆي ئىگىسىنى كۆرۈپ، شۇ ياققا قاراپ ماڭدى. ئۇلار سىپايىلىك بىلەن سالام - سەھەت قىلىشتى، بوستون ئاتتىن چۈشمىدى، بازارباي ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىۋەردى، بۇ ئەھۋالدىن ھەر ئىككىسىمۇ قىلچە خىجىل بولمىدى.

— ئۆيدە ئىكەنسەن، ئوبدان بولدى، — دېدى بوستون قولى بىلەن بۇرۇتلىرىنى سىلاپ.

— ئۆيدە بولماي نەدە بولاتتىم. خۇش كېلىپسەن. نېمە گەپ؟

— گېپىم بار ئىدى.

— سېنىڭدەك ئادەملەر بىكارغا كەلمەيدۇ، — دېدى ھاكاۋۇرلۇق بىلەن بازارباي، — گېپىم توغرىمۇ؟

— توغرا.

— ئىش بىلەن كەلگەن بولساڭ، ئاتتىن چۈش.

بوستون گەپ قىلماي ئاتتىن چۈشتى، دون نەسىللىك ئېتىنى موما ياغاچقا باغلىدى. ئادىتى بويىچە، ئاتنىڭ ئۇلىكىنى بوشىتىپ قويدى، ئات ئۇلاغنىڭ سىقىشىدىن قۇتۇلۇپ ئارام ئالدى، بىمالال نەپىسىنى توغرىلىدى. ئاندىن ئۇ ئەتراپقا سىنچىلاپ كۆز تىكتى.

— نېمە قىلىپ تۇرىسەن؟ نېمىگە قاراۋاتىسەن؟ — ئاچچىقى كېلىپ دوق قىلدى بازارباي، — مۇنۇ كۆتەككە ئولتۇر، — دەپ ئۆزى پۇتىنىڭ يېنىدا تۇرغان تراكتورنىڭ چاقىغا ئولتۇردى.

ئۇلار بىر - بىردىگە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىشىپ ئولتۇراتتى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بازاربايغا بوستوننىڭ ھېچ نەرسىسى ياقمايتتى. چەت - جىيەكلىرىگە كۆرپە تۇتۇپ تىككىلگەن ئالدى ئوچۇق جۇۋا كىيگەن بولسا، ئۆزىگە: ساغلام، بەقۇۋۋەت، شىجائەتلىك، كۆزلىرى ئۆتكۈر، تېنى مستەھكەم بولسىمۇ ئۆزىگە؛ بازاربايدىن بەش ياش چوڭ بولسىمۇ ئۆزىگە؛ كېچە - كېچىلەپ گۈلسىمخاننىڭ قويىندا ياتقان بولسىمۇ ئۆزىگە؛ ئۇنىڭ بۇلار بىلەن نېمە چاتىقى.

— قېنى، گېپىڭنى قىل، قولىقىم سەندە، — دەپ بېشىنى سىلىكىتتى بازارباي.

— نېمە ئىش بىلەن كەلگىنىمنى بىلەمسەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى بوستون، — كۆردۈڭمۇ، خۇرجۇنىمۇ ئالغاچ كەلدىم، ئەنە غانجۇغىدا باغلاقلىق تۇرىدۇ. ئاشۇ بۆرە باللىرىنى ماڭا بەرگىن، بازارباي. ئۇلارنى ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويىمىساق بولمايدۇ.

— قايسى ئورنىغا؟

— ئۇۋىسىغا دەيمەن - دە.

— مۇنداق دېگىن! — لېۋىنى پۈرۈشتۈردى بازارباي، — ئىلغار مالچىمىز قانداقلارچە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قالدىكىن دەپ، تېخى بېشىم قېتىپ تۇراتتى. ئىشلىرىڭنى تاشلاپ چېپىپ كەلگىنىڭنى قارا. بوستون، يادىڭدىن چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، مەن سېنىڭ قويچىلىرىڭدىن ئەمەسمەن. مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا ئادەم، سەن مېنىڭ خوجايىنىم ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

— گەپ ئۇنىڭدا ئەمەس! ئالدى بىلەن گېپىمگە قۇلاق سال. ئاخشام بولغان ئىشنى بۆرىلەر يادىدىن چىقىرىۋېتىدۇ دەيدىغان بولساڭ، قاتتىق خاتا قىلغان بولىسەن، بازارباي.

— ماڭا نېمىدى! يادىدىن چىقارمىسا چىقارماس، كارىم نېمە، سېنىڭمۇ بۇنىڭ بىلەن نېمە كارىڭ؟

— نېمىشقا كارىمىز بولمايدىكەن، بۆرىلەر كېچىچە قورۇ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ھۇۋلاپ چىقتى. ئەمدى بالىسىنى قايتۇرۇپ بەرمىسگۈچە ئۇلار بىزگە ئارام بەرمەيدۇ. مەن بۆرىلەرنىڭ خۇي - پەيلىنى بىلىمەن.

بوستون ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈنۈش بىلەن كەلگەنىدى. شۇ سەۋەبتىن بازاربايىنىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى، ئۇنى مازاق قىلغۇسى، كولدۇرلاتقۇسى كەلدى. ئۆز پۇتى بىلەن كېلىپ، يالۋۇرۇپ تۇرۇپتۇ، مۇنداق ئىشلار چۈشۈڭگىمۇ كىرمەيدۇ. بازارباي قولاي پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىكنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى: كېچىچە ئۇخلىيالماپتۇ، خوپ بوپتۇ؛ بوستون گۈلسىمخاننى قۇچاقلاپ ياتالمىغان بولسا، ئەجەب ئوبدان بوپتۇ، خوپ بوپتۇ، ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولسۇن! ئۇ بوستونغا ئالىيىپ قاراپ قويدى - دە:

— بېشىمنى ئاغرىتما، بوستون! مەن ئۇنداق ئەخمەقلەردىن ئەمەس! بۆرە بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالغىنىم يوق. ئۆزۈڭگە تولا تەمەننا قويۇۋەرمە! ھەر كىشىنىڭ كۆزلەيدىغىنى باشقا - باشقا. خوتۇنۇڭ بىلەن ياتتىڭمۇ، — ياتمىدىڭمۇ بۇنىڭ مېنىڭ بىلەن قىلچە ئالاقىسى يوق، — دېدى.

— ئويلاپ باق، بازارباي، ئالدىراپلا ياق دېمە.

— نېمىسىنى ئويلاپ كۆرىدۇ بۇنىڭ؟

— بىكاردىن يولسىزلىق قىلىۋاتىسەن، — دېدى بوستون

ئۆزىنى زورغا بېسىپ. ئۇ چوڭ خاتالىققا يول قويغانلىقىنى پەملىدى. ئەمدى ئاخىرقى چارە قالغانىدى.— ئۇنداق بولسا،— دېدى ئۇ ھامان ئۆزىنى ئېغىر - بېسىق تۇتۇپ،— كەل، ھالاللىق بىلەن سودىلىشايلى، سەن ساتىسەن، مەن ئالىمەن. سەن بەربىر ئۇلارنى پۇل قىلىسەن، ياخشىسى، پۇلنى مېنىڭدىنلا ئال. نەرخىنى دېگىن - دە، قولۇڭنى بەر!

— ساتمايمەن! — بازارباي ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى،— ھەرگىز ساڭا ساتمايمەن! گېپىنى قارا بۇنىڭ! سېنىڭ پۇلۇڭ بارۇ، مېنىڭ يوقمىكەن! تۈفى، ئاشۇ پۇللىرىڭغا! مەن بۇلارنى سېتىپ، پۇلغا ھاراق ئىچىمەن، لېكىن ساڭا ساتمايمەن، بىلدىڭمۇ؟ كىم بولساڭمۇ ئۆزۈڭگە. ماڭا قارا، ئېتىڭغا چاپسانىراق مىن - دە، ياخشىلىقچە بۇ يەردىن كېتىۋال!

— تەنتەكلىك قىلما، بازارباي. ئوغۇل بالىدەك گەپ قىل. كىمگە سېتىشىڭنىڭ ساڭا نېمە پەرقى بار؟

— ئۆزۈم بىلىمەن! ماڭا ئۆگىتىمەن دېمە! ئەقلىم ئۆزۈمگە يېتىدۇ. پارتىيە يىغىنلىرىدا ئۆزۈڭنى كۆرسىتىپ ماختىنىشنى بىلىسەن، ئۇنداق قىلىمىز - مۇنداق قىلىمىز دەپ، ھەممە ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرىسەن. ئەگەر خالىساڭ، مەن شۇ پارتىيە يىغىنىدا بىر ئەدىبىڭنى بېرەيكى، زادىلا يادىڭدىن چىقمايدىغان قىلىۋېتىمەن، ئۆيۈڭنىمۇ تاپالماي قالىسەن! شۇنى خالامسەن؟!

— سەن مېنى قورقۇتقۇچە، چۈشەندۈرۈپ دېمەمسەن. سېنى قايسى ئىت تالىدى؟— دېدى بوستون بازاربايغا ھەيران بولۇپ.

— مېنى ئىت تالاپتىما؟ سەن ھۆكۈمەتكە قارشى ئىش قىلىۋاتىسەن، بىلدىڭمۇ! خوجايىنلار ھەممىلا يەردە بۆرىلەرنى يوقىتىڭلار دەپ چاقىرىق قىلىۋاتىدۇ، سەن بولساڭ بۆرىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇلارنى كۆپەيتمەكچى بولۇۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟

www.uyghurkitap.com

ھوي، باي دېھقان، كاللاڭنى ئىشلەت، ئويلاپ باق! مەن پۈتۈن بىر بۆرە ئائىلىسىنى ۋەيران قىلدىم. دېمەك، دۆلەتكە ئاجايىپ چوڭ پايدا يەتكۈزدۈم. سەن بولساڭ، ئۇلارنى ئۇۋىسىغا قايتۇرماقچى بولۇۋاتىسەن. ئۆسسۇن، تۆرەلسۇن، بۆرىلەر كۆپەيسۇن دېمەكچىمۇ سەن، نىيىتىڭ شۇمۇ؟ تېخى مېنىمۇ سېتىۋالماقچىسەن.

— سېنى سېتىۋېلىپ بېشىمغا تاج قىلاتتىممۇ! بۆرە باللىرىنى سېتىۋالماقچىمەن. مېنى ئۆزۈڭچە قورقۇتماقچى بولۇۋاتىسەن، سوتقا بېرىدىغاندەك دوق - پوپوزا قىلىۋاتىسەن. سەن ئالدى بىلەن كاللاڭنى ئىشقا سال، نېمىلەرنى قىلدىڭ، ئاندىن كېيىن قانداق ئادەم بولدۇڭ! باتۇر بولساڭ، ئاۋۋال چوڭ بۆرىلەرنى يوقات، قېنى! بولۇپمۇ، چىشى بۆرىنى! ئۇۋىسىنى تېپىپ بېرىپسەنغۇ. كۈچۈڭ يەتمىسە، باشقىلارغا ئېيتساڭ بولمامدۇ، بۇ ئىشنى كۈچى يېتىدىغان ئادەم قىلسا بولاتتى.

— كىم ئىكەن ئۇ، سەنمۇ؟

— مەن بولسام نېمە بوپتۇ! مانا ئەمدى چوڭ بۆرىلەرنى تېپىپ باقسىنا، ئۇتۇق بەرمەيدۇ. ئۇۋىسى بۇزۇلغاندىن كېيىن بېشى قايغان تەرەپكە كېتىدۇ، قويرۇق تۇتقۇزمايدۇ. ئەمدى ئەتراپتىكى مال - پالنى ئۆلتۈرۈپ كېتىۋېرىدۇ. ئۆچىنى ئادەملەردىن ئالىدۇ. قېنى، تۇتۇپ باقسىنا ئۇلارنى، بۇلارنى ئويلىغانمىدىڭ؟

— سۆزلە، ھە سۆزلە! ياخشى، بۆرىلەرگىمۇ ئادۋوكات چىقىپتۇ. كىم ئىشىنىدۇ بۇ گەپلىرىڭگە؟ ئۇلار سېنىڭ ئالدىڭدا ئادەممىدى. بۆرىغۇ قاچانلا قارىسا، باشنى ئايلاندۇرغىنىڭ ئايلاندۇرغان، ئالدامچىلىقىڭنى تاشلا. ئىچىڭدىكىنى ئوپئوچۇق كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن! ساڭا باشقا بىر نەرسىنى ئېيتماقچىمەن. ئەگەر بۇ يەرگە كۆرگۈلۈكنى بىر كۆرسىتىپ قوياي دەپ كەلگەن بولساڭ... — بازارباي گېپىنى تۈگەتمەي تاقىر بېشى

دىن قالپىقىنى شارتلا يۇلۇپ ئالدى ـ دە، بوستونغا خۇددى بۇقىدەك دېۋەيلەپ كەلدى. ئۇلار پۇشۇلداپ نەپەس ئالغان پېتى يۈزمۇيۈز تۇرۇپ قالدى. بىر ـ بىرىنى يەپ تاشلىغۇدەك بولۇپ قاراشتى.

— خوپ، قېنى، نېمە دېمەكچىسەن؟ — خىرىلداپ سورىدى بوستون، — بولە، ۋاقتىم يوق!

— بىلىمەن، سەن دېگەن خۇدا ئۇرغان پىخسىق نېمىسەن، ئۆز پايداڭنىلا كۆزلەيسەن. شۇڭلاشقا مەجلىسمۇ مەجلىس قاتراپ يۈرگىنىڭ يۈرگەن، سەن قويچىدىن باشقىسى كارغا كەلمەيدىغاندەك بىرىنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلانسا كۆرەلمەيسەن. باشقىلارنىڭ پاراۋان تۇرمۇشىنى كۆرگەندە ئىچىڭنى ئىت تاتىلىغاندەك بولۇپ كېتىسەن، ئەمما بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئولجىنى سەن ئالالمىدىڭ، بۆرە باللىرىنى قولۇڭغا چۈشۈرەلمىدىڭ، شۇڭا يۈرىكىڭ كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ، يىلان چېقىۋالغاندەك كېچىچە تولغىنىپ چىقتىڭ. بىر كىشىنىڭ بەختىنى كۆرەر كۆزۈڭ يوق!

— تۈفى، ساڭا! — بوستوننىڭ تاقىتى تاق بولدى، — سېنىڭدەك ئەبلەخ بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىمنى! ھەي، ئۆزۈم ئەخمەق! بىلگەن بولسام ئاياغ باسمايتتىم! بەس، بولار! پۈتتى! ئەمدى بەرسەڭمۇ ئالمايمەن. ماڭ، ئىشىڭنى قىل!

قاتتىق ئاچچىقلانغان بوستون ئىتىنى موما ياغاچتىن زەردە بىلەن يەشتى. ئۇلاغنى شۇنداق كۈچەپ تارتتىكى، ئات بەرداشلىق بېرەلمەي مۈدۈرۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ ئۆزىنى ئېگەرگە ئاتتى. قېنى شۇنچىلىك قايناپ كەتكەنىدىكى، ھەتتا كەينىدىن بازارباينىڭ خوتۇنى چاقىرغانلىقىنىمۇ ئاڭلىمىدى. بىچارە خوتۇن سەللا كېچىكتى. ئۇ ئۆيدىن تالاغا چىقىپ، ئېرىنىڭ كىم بىلەندۇر قوللىرىنى شىلتىپ، قاتتىق ـ قاتتىق

www.uyghurkitap.com

گەپلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى. «كىمدۇر بۇ؟— ئويلىنىپ قالدى ئۇ.— سىياقىدىن بوستوندەك قىلىدىغۇ، نېمە قىلىپ يۈرىدىكىنا بىز ياقلاردا؟» شۇ چاغدا ئۇ ئەرخەقلەرنىڭ نېمە توغرۇلۇقتۇر تالىشىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئالدىراپ ئۇلار تەرەپكە ماڭدى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى. بوستون قولا ئېتىغا مىنىپ، خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى غايەت غەزەپلىك ئىدى. ئۇ ئۆلكە تۇمىقىنى باستۇرۇپ كىيدى ـ دە، ئېتىغا قامچا سالدى، ئات ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى، بوستوننىڭ جۇۋىسىنىڭ پەشلىرى خۇددى قاناتتەك لەپىلدەيتتى.

— بوستون! بوستون! ئالدىرىماڭ! توختاڭا!— دەپ چاقىردى كۆك تۇرسۇن، لېكىن بوستون قايرىلىپ قارىمىدى، كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئاڭلىمىغاندۇر ياكى ئۆرۈلۈپ قارىغۇسى كەلمىگەندۇر.

— نېمىشقا خەقنى خاپا قىلدىڭ؟ نېمىنى تالاشتىڭلار؟— سۈرۈشتۈرۈپ كەتتى كۆك تۇرسۇن بازاربايدىن.

— كارىڭ بولمىسۇن! ئاغزىڭنى يۇم، ئۇنى نېمىشقا چاقىرىسەن؟ نېمەڭ بولىدۇ ئۇ؟

— يۈز يىلدا ئۆيۈڭگە بىر كەپتۇ، سەن بولساڭ...! كىم سېنى مۇشۇنداق تۇغقانىدۇ ـ ھە؟! ئادەم ئەمەس، ۋەھشىيسەن، ۋەھشىي!

خوتۇننىڭ سۆزلىرىدىن بازاربايىنىڭ بەدىنىگە ئوت تۇتاشتى. ئۇ غەزەپلىنىپ، دىككىدە كۆتەكنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، بوستوننىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپ كەتتى:

— ئاناڭنى... مېنى كىم دەپ ئويلىۋەتتىڭ؟ مالىيىڭ بارمىدى سېنىڭ بۇ يەردە! ھۇ، ئاناڭنى...

— بولدى! بولدى قىل!— كۆك تۇرسۇن بېرىپ ئېرىنى كۆتەكتىن تارتىپ چۈشۈردى،— ياخشىسى، مېنى ئۇر! نېمىشقا

خەقنى ھاقارەت قىلسەن؟ نېمىشقا؟

— قاچ، ئەي مەرەز! — سىلكىپ تاشلىدى ئۇنى بازار-باي، — ساڭا كىم قويدى! ھىم... بازارباي ئۇنىڭغا يېلىنارمىش! مە، ئال، بۆرىلەر سېنىڭكى! ئالسەن — ھە، ئالسەن! كۆرسەن ئالغىنىڭنى! مېنى كىم دەپ چاغلايسەن سەن!

— ۋاي، شورۇم قۇرۇسۇن! بۆرىلەرنى دەپ شۇنچە غوۋغا قىلدىڭلارما! — ئەجەبلەندى كۆك تۇرسۇن، — ۋاي، قۇرۇپ كەتسۇن ئۇ بۆرىلىرىڭ! قىيامەت بولدىمۇ! ۋاي، شەرمەندە...

## IV

شۇ كۈنى بۆرىلەر ئەسلىدىكى ماكانىدىن كۆچتى. ئۇۋىسىنى تاشلاپ، كېچىسى بۇ يەرگە قايتمىدى، ھەر تەرەپتە تەمتىرەپ يۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار بەزىدە بىرەر جايدا غەمگە پېتىپ، كەيپى قاچقان ھالدا سوزۇلۇپ ياتاتتى، بەزىدە ھەر تەرەپنى ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۆزلىرىنى ئۇنچىمۇ يوشۇرۇپ كەتمەيتتى، ئادەملەردىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىشتىن ۋاز كەچكەندەك، زادىلا تەپ تارتمايتتى. شۇ كۈنلەردە ئەتراپتىكى نۇرغۇن مالچىلار ئۇلارنى زادى كۈتۈلمىگەن جايلاردا كۆرۈپ يۈردى. چىشى بۆرە ئەس - ھوشىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، دائىم ئالدىدا بېشىنى ساڭگىلىتىپ يۈرەتتى، ئەركەك بۆرە بولسا، ئۇنىڭ كەينىدە يۈرگىنى يۈرگەندى. بۇ بىر جۈپ بۆرە خۇددى ئۆلۈم ئىزدەگەندەك، خەۋپ - خەتەرگە پەرۋا قىلمايتتى. ئۇلار بىرنەچچە قېتىم ئىتلارنىڭ يۈرىكىگە ۋەھىمە سېلىپ، ئۆيلەرنىڭ ۋە قوتانلارنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئىتلار غالجىرلارچە ھاۋشىپ، قوتراپ، ھۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولۇشتى، لېكىن بۆرىلەر ئۇلارغا مۇتلەق ئېتىبار بەرمىدى، ھەتتا كەينىدىن ئوق ئۈزگەن چاغلاردىمۇ

ۋەدىسىنى تېزلەتمەي، خۇددى سىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەك يولىنى داۋاملاشتۇردى، بۇ تەنتەك بۆرىلەرنىڭ تەلۋىلىكلىرى تىللاردا داستان بولدى. ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار بۆرىلەرنىڭ رەسىم - يوسۇنىنى ئۇنتۇپ، ئادەملەرگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغىنىدا، ھەممە ياق پاتىپاراقچىلىققا چۆمۈپ كەتتى. بىر قېتىم ئۇلار كۈپكۈندۈزدىلا يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تراكتورچى يىگىتكە تاشلاندى. ئۇ پرىنسىپلىق تراكتوردا ئوت - چۆپ توشۇۋاتقان ئىكەن. تراكتورنىڭ رولى ئىشلىمەي قالغانلىقتىن، تراكتورچى يىگىت نېمە بولدىكىن دەپ يەرگە چۈشۈپتۇ، ئۇنى ياسىمەن دەپ خېلى ئاۋارە بولۇپتۇ. بىر چاغدا ئىككى بۆرىنىڭ ئېرىشكە باشلىغان قار ئۈستىدىن مېڭىپ، ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ھەممىدىن بەك بۆرىلەرنىڭ كۆزلىرى ئۇنى قورقۇتۇۋېتىپتۇ. كېيىن ئۇنىڭ ھېكايە قىلىپ بېرىشىچە، بۆرىلەرنىڭ كۆزى دەھشەتلىك ئىكەن، بىر نۇقتىغىلا تىكىلىپ تۇرىدىكەن، چىشى بۆرىنىڭ يالى قىسقىراق بولۇپ، بېشى ساڭگىلىغان، كۆزلىرى كۆپكۆك ئىمىش. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولغاندەك، شېشىگە ئوخشاش قېتىپ قالغاندەكلا ئىمىش. ئۇلار يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقاندا، ھېلىمۇ ياخشى يىگىت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ كابىنكىغا سەكرەپ چىقىپ، ئىشىكنى يېپىۋاپتۇ. ستاتورنى ھەرىكەتلەندۈرۈپتىكەن، ماتور شۇ زاماتىلا ئوت ئاپتۇ. باشقا چاغلاردا، ئۇ ماتورنى پەستە تۇرۇپ ئايلاندۇرۇپ ئوت ئالدۇرىدىكەن. ئامىتىنىڭ كەلگىنىنى قارىڭ. تراكتور تات - تاتلاپ مېڭىپ كېتىپتۇ. بۆرىلەر ئۆزلىرىنى چەتكە ئاپتۇ، لېكىن يەنىلا كەتمەستىن، تراكتورغا بىردەم ئۇ يېقىدىن، بىردەم بۇ يېقىدىن يېقىنلاشماقچى بوپتۇ.

يەنە بىر قېتىم، بىر قويچى بالا مۆجىزە بىلەن ئامان قاپتۇ. ئۇمۇ كۈندۈزى يۈز بەرگەن ئىكەن. ئەقىللىق بالا ئوتۇن -

چۈپ ئەپكېلىش ئۈچۈن، ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۆيىگە يېقىن بىر چاتقاللىقتا قۇرۇق شاخ - شۇمبىلارنى چېپىپ يىغىۋاتقىنىدا، ئىككى بۆرە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپتۇ. ئېشەك ھەتتا ئاۋازىنى چىقىرالماي قاپتۇ. بۆرىلەر ئۇنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا پارچە - پارچە قىلىپ تاشلاپتۇ. بالا قولىدىكى ئىتتىك ئورغىقىنى تاشلىماي جان - جەھلى بىلەن قىچقىرىپ، قوتانغا كېلىپ يېقىلىپتۇ ۋە غەلىتە ئاۋازدا چىرقىراپ داتلاۋېرىپتۇ. ئادەملەر قورۇدىن مىلتىقلىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، چاتقالغا بېرىپ قارىسا، بۆرىلەر ئالدىرىماستىن ئېدىرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك. ئۇلار ھەتتا ئوق ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ قەدىمىنى تېزلەتمەپتۇ...

ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك، بۆرىلەر قوتاندىن سەل نېرىغا ئوتلىتىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقىلغان بوغاز ساغلىقلارغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. نېمە بولغىنىنى ھېچكىم كۆرمەي قاپتۇ. تاسادىپىي ئامان قالغان ساغلىقلار پاتىراقلاپ قېچىپ كەلگەن چاغدىلا بولغان ئىشتىن ۋاقىپ بوپتۇ. ئوتلاقتا ئون بەشچە ساغلىق قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ. ھەممىسىلا بىمەنىلىك بىلەن، ۋەھشىيلەرچە بىرخىلدا بوغۇزىدىن چىشلەپ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار راسا قۇتىردى، ئۇلار توغرۇلۇق بىر - بىرىدىن قورقۇنچلۇق گەپلەر تارقالدى. ئادەملەر قىياسەنلا پىكىر يۈرگۈزەتتى، بۇ ئۆچمەنلىكنىڭ ئەسلى سەۋەبىنى بىلمەيتتى، ئۇلار چىشى بۆرىنىڭ ئۇۋىسىدىن ئوغرىلاپ كېتىلگەن بالىلىرىنى سېغىنىپ، ئەلەم ئوتىدا ئۆرتىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى...

بازارباي بولسا كەيپ - ساپا سۈرۈپ، ئاغزىغا كەلگىنىنى دەپ ماختىنىپ يۈرەتتى، ئۇ قولىغا پۇل كىرگەندىن كېيىن، ئىچكىلىككە دوم چۈشكەنىدى، شۇ كۈنلەردە ھۇۋلاپ تۇرغان

www.uyghurkitap.com

ساھىل بويىدىكى رېستورانلاردا سوكۇلداپ يۈرەتتى، ھاراق
ئۇنىڭغا بارغانلا يېرىدە تېپىلاتتى. بازارباي قۇلاق - بويۇن-
لىرى قىزىرىپ كەتكۈچە ئىچىپ، ئاندىن ئاغزىغا كەلگىنىنى
دەپ بوستونىنىڭ غەيۋىتىنى قىلاتتى: «بۇ يىلانىنىڭ يېغىنى يال-
غان پىخسىقنىڭ بەكمۇ دىمىغى ئۈستۈن بولۇپ كېتىۋىدى، ما-
ڭايمىكىن - ئۇچايمىكىن دەپ خۇدىنى بىلمەي قېلىۋىدى، تازا
ئەدىبىنى بەردىم. بۇرۇنقى زاماتلار بولىدىغان بولسا، ئۆزىگە
سۇ يۇقتۇرمايدىغان بۇ باي دېھقاننى ۋاي - داد دېيىشىگە
قويماي، سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ سىنىپىي دۈشمىنى سۈپىتىدە
ئېتىپ تاشلىغان بولاتتى. ئەتتەڭ، ئۇ چاغلار ئۆتۈپ كەتتى -
دە. بۇنداق سۆرۈن چىرايلارنى يوقاتساڭ، ساۋابلىق ئىش قىل-
غان بولسەن! راست - تە! يىگىرمىنچى - ئوتتۇزىنچى يىللاردا
ھەرقانداق ساقچى باي دېھقانمۇ، بايمۇ، ئايرىپ ئولتۇرمايلا
ھويلىسىنىڭ ئۆزىدىلا ئېتىپ تاشلاۋېرەتتى. ھە، بۇ گەپلەر
كىتابلارغا يېزىلغان. تۈنۈگۈن رادىئودىن ئاڭلىدىم، بىر باي
دېھقان بىر كەمبەغەل بىچارىنى ئېزىپ، ھەققىنى بەرمىگەنىكەن،
ئىككىنچى كەمبەغەل بىچارىلەرنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئەزمىسۇن
دەپ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئەدىبىنى بېرىپتۇ».
بازارباي تەمەنگە كېلىپ قالغان بوستوننى ئىشىكىدىن قوغ-
لىۋەتكەنلىكى، ئاتا - ئانىسىنى چالا قويماي سۆككەنلىكى،
بوستونىنىڭ بولسا غىڭ قىلالماي قالغانلىقى ھەققىدە ئويدۇ-
رۇپ - توقۇپ سۆزلەشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى،
ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتى. بازارباينىڭ
قىش كۈنلىرى بىكارچىلىقتىن باشقا ئىشى بولمىغان ۋاقىتلىق
ئىش قىلىدىغان ئۆلپەتلىرى تاماكا ۋە ھاراقنىڭ سېسىق پۇرى-
قى بىلەن تولغان سوغۇق ئاشخانىلارنىڭ دېرىزىلىرىنى دىرىل-
دىتىپ قاقاقلىشىپ كۈلەتتى، بازارباينىڭ غىدىقىغا تېگىپ،

قولتۇقىغا سۇ پۈركۈيتتى، بۇنىڭ بىلەن بازارباينىڭ كەيپى تېخىمۇ كۆتۈرۈلەتتى. بۇ مەسخىرىلەر بوستوننىڭمۇ قولىقىغا يەتكەنىدى. مانا شۇنىڭ سەۋەبىدىن سوۋخوز دىرېكتورى چاقىر-غان يىغىندا قاتتىق جاڭجال چىقتى.

بۇنىڭدىن سەل بۇرۇنراق بوستون كۆڭۈلسىز خىياللاردىن ئۇيقۇسى قېچىپ، تۈن بويى تولغىنىپ چىقتى. بۇنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدىكى، قىشلاق ئەتراپىدا بۆرىلەر يەنە ئايلىنىپ قېلىشتى، يۈرەكنى ئۆرتەپ تاشلايدىغان، ئادەمنىڭ ئەسەبلىرى بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ناللىرىنى يەنە باشلىۋېتىشتى، گۈلىمخان قورق-قىنىدىن غال - غال تىترەپ ئېرىنىڭ قوينىغا تىقىلدى، تاقەت قىلالماستىن ئۇخلاۋاتقان كەنجەشنى ئۆز ئورنىغا يۆتكەپ كەلدى، ئوغلىنىڭ جېنىغا بىر نەرسە خەۋپ سېلىۋاتقاندەك ئۇنى گەۋ-دىسى بىلەن توسۇپ، تىنماستىن سىلاپ - سىيپالاپ ياتتى. بۇلارنى كۆرۈپ، بوستوننىڭ يۈرىكى سىقىلاتتى، ئايال كىشى ئەمەسمۇ، قاراڭغۇدىن، تۈرلۈك ۋەھىمىلىك ئاۋازلاردىن قورقىدۇ، دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرەتتى.

بوستون بىر نەچچە رەت ئورنىدىن تۇرۇپ مىلتىق ئاتماقچى بولدى، لېكىن خوتۇنى يېنىدىن ئايرىلىشقا يول قويمىدى، ئۇ شۇ تاپتا بىردەممۇ يالغۇز قېلىشنى خالىمايتتى. كېيىن ئۇ بەرىبىر دەككە - دۈككىدە ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، بوستون زادىلا كىرپىك قاقمىدى. مېڭىسىدە تۈرلۈك - تۈمەن خىياللار پەرۋاز قىلاتتى. دۇنيا ئاجايىپ بولىدىكەن، بۇ ئالەمدە قانچە ئۇزاق ياشىغانسېرى، ئۇنىڭغا ياشاشمۇ شۇنچە قىيىن ۋە مۈش-كۈل بولىۋاتاتتى. ياشاشنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، ھاياتنىڭ ئەسلى مەنىسىنى چۈشىنىشمۇ تەسلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئىلگىرى خىيا-لىغا كەلمىگەن ياكى كەلگەن بولسىمۇ كۆڭلىنىڭ قاراڭغۇ تۈۋىدىكى خىرەلىشىپ كۆرۈنگەن نەرسىلەر ئۇنى ئەمدى جىددىي

تەشۋىشكە سالماقتا ئىدى، ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتەتتى.

بوستوننىڭ سۆڭىكى كىچىكىدىنلا ئەمگەكتە قاتتى. نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى تارتتى: ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئاتىسى جەڭدە ۋاپات بولدى، ئانىدىن ئانىسى ئۆلدى. چوڭ ئاكىلىرى بىلەن ھەدىلىرى ئۆز جانلىرىنى ئۆزلىرى بېقىشتى، بەزىلىرى ئالەم بىلەن بالدۇرلا خوشلاشتى. بوستوننىڭ ئۆزىدىن باشقا تايانچى، ئىشەنگەن تېغى قالمىغانىدى. ئۇ بىر نەرسىگە قاتتىق ئەھدە قىلدى، كېيىن بۇ ئەھدىدىن ھېچقاچان، ھەتتا بىردەممۇ چەتنەپ چىقمىدى، قولى ئىشتىن بوشىمىدى، ئەمگەكتىن زادى قاچمىدى، ھاياتنىڭ مەنىسىنى، قىزىقىنى پەقەت شۇنىڭدىلا دەپ بىلدى. ئۇ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغانلارنىمۇ قارا تەرگە چۆمۈپ ئەمگەك قىلىشقا ئۆگەتتى. ئۇ نۇرغۇنلىرىنى ئادەم قىلدى، ئۇلارغا يول كۆرسەتتى، ھاياتنىڭ ئەمگەك بىلەن قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇردى. بوستون ئۆز ئالدىغا ئاشۇنداق مەقسەتنى قويمىغان ئادەملەرنى ياقتۇرمايتتى، بۇنداق ئادەملەرنى كارغا كەلمەس دەپ ھېسابلايتتى، ئۇلارغا سوغۇق مۇئامىلە قىلاتتى. كۆپ ئادەملەرنىڭ دەل شۇ سەۋەبلىك ئۆزىگە كەينىدىن يامانلاپ پىخسىق، باي دېھقان دەپ لەقەم قويۇپ يۈرۈشكىنىنىمۇ بىلەتتى. ئۇلار نادامەت چېكىپ، ئىسسىت، دۇنياغا سەل كېچىكىپرەك كېلىپ قالدىدە، بولمايدىغان بولسا سۆڭىكى ئاللىقاچان سىبىر تەرەپلەردە چىرىپ ياتقان بولاتتى، دېيىشەتتى. بوستون ئادىتى بويىچە بۇنداق غەيۋەتلەرگە جاۋاب بېرىپ يۈرمەيتتى. ئەزەلدىنلا ھەققەتنىڭ ئۆزى تەرەپتە ئىكەنلىكىدىن قىلچە گۇمان قىلمايتتى، باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، باشقىچە بولۇشى دۇنيانىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇشى بىلەن باراۋەر ئىدى. ئۇ قۇياشنىڭ قايتىن چىقىشىغا قانداق ئىشەنسە، بۇنىڭغىمۇ

شۇنداق ئىشىنەتتى. قارىغۇ قىسمەت ئۇنى پەقەت بىر قېتىملا تىز پۈكۈشكە مەجبۇر قىلدى، پۇشايمانلىق ئوتىدا پۇچۇلىندى، شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ شۈبھىلەرنىڭ زىل ۋە ئەلەملىك يۈكىنى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدى...

## V

بوستون گۈلىمخاننىڭ بالدۇرقى ئېرى مەرھۇم ئېرىنەزەر بىلەن تاكى ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۈچ يىل بىللە ئىشلىگەنىدى. ئۇ ناھايىتى ئىشچان يىگىت بولۇپ، ئۆزىگە پۇختا ئىدى. بوستوننىڭ ئەترىتىگە دەل مانا شۇنداق ئادەملەر لازىم ئىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ئېرىنەزەرنىڭ ئۆزى ئىش سوراپ كەلگەنىدى، ئۇلار شۇنىڭدىن تارتىپ بىللە دەرقەمتە ئىشلەپ كەلدى. كۈز پەيتلىرى ئىدى، بىر كۈنى ئۇ بوستوننى يوقلاپ كەلدى. ئۇ چاغدا بوستوننىڭ قوشى قىش چۈشكۈچە بېشكۈنگەيدە تۇرغانىدى. مەسلىھەتكە كېلىشۋىدىم، دېدى ئۇ. ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى. ئۇدۇللا كەلگەن ئادەم بىلەن ئىشلەش جېنىمغا تېگىپ كەتتى، دەپ شىكايەت قىلدى ئېرىنەزەر. «ھەرقانچە ھەرىكەت قىلغىنىڭ بىلەن، چوڭ مالچىنىڭ ئىختىيارى ئۆزىدە بولمايدىغان بولسا، پايدىسى يوق،— دېدى ئۇ،— ئۆمۈر ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئىككى قىزىم بويىغا يېتىپ قالدى، ئەتە - ئۆگۈن ياتلىق قىلمىسام بولمايدۇ. ۋاقتىنىڭ تېقىن سۇدەك ئۆتۈۋاتقىنىنى قارا، جېنىمنى تىكىپ قويۇپ ئىشلەۋاتىمەن، لېكىن بېشىم قەرزدىن نېرى بولمايدۇ، ئۆي سالدىم، ئۆيىنى سېلىپ قويغان بىلەنلا بولامدۇ، سېنىڭ قول ئاستىڭدا ئىشلىسەم، بوستون ئاكا. يوشۇرۇپ نېمە قىلاي، سېنىڭ يېنىڭدا ئىشلىگىلىمۇ بولىدۇ، چىشلىگىلىمۇ بولىدۇ. يۈك تاپشۇرسام، گۆش

تاپشۇرسام، تۆلىنى كۆپرەك ئالسام، ھەممىسىگە مۇكاپات بېرىدىسەن، قولۇممۇ پۇل كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىنىغا ئۆتۈنۈش بىلەن كەلدىم، رازى بولساڭ، دىرېكتور بىلەن پاراڭلىشىپ باققىن، مېنى ساڭا ئۆك قول، بىرىنچى مالچى قىلىپ بەرسۇن. يەرگە قارىتىپ قويمايدىغانلىقىمنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، بولمىسا، بۇنى سۆزلەپ ئولتۇرمىغان بولاتتىم...»

بوستون ئىبرنەزەرنى بۇرۇندىنلا بىلەتتى. قائىدە قىلا بولمىسۇن، ئۇلار بىر سوۋخوزنىڭ ئادىمى. ئۇنىڭ ئۇستىگە گۈلسەنخان خوتۇنى ئارزىگۈلنىڭ شىرەم تۇغقانلىرىدىن ئىدى. دېمەك، ئۆز ئادىمى. بوستون ئىبرنەزەرگە دەرھال ئىشەندى ۋە كېيىن بۇنىڭدىن زادىلا ئەپسۇسلانمىدى.

ھەممىسى مانا شۇنىڭدىن، ئاشۇ كىچىككىنە تۇرمۇش ۋەقەسىدىن باشلاندى. ئۇلار تېزلا بىر-بىرىنىڭ زۇۋانىنى ئۇقۇپ، چىقىشىپ ئىشلەپ كەتتى. چۈنكى ئىبرنەزەرمۇ بوستونغا ئوخشاش ئۆز ئىشىغا پۇختا بولۇپ، دەل شۇ ئىش ئۈچۈن تۇغۇلغاندەكلا ئىدى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىللە بەزىلەر ئۇنى كەم تېپىلىدىغان تەنتەكنىڭ نەق ئۆزى، سوۋخوزغا قاراشلىق مال-پالنى خۇددى ئۆزىنىڭ شەخسىي مېلىدەك كۆرىدۇ، كاللىسىدا زاغۇنى بارمۇ-نېمە؟ دەيتتى. ئۇ ئەمگەكنى خۇددى ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتقاندەك ئۆلۈپ-تىرىلىپ قىلاتتى، سوۋخوزنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۆيۈپ-پىشاتتى. ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈش ئىبرنەزەرنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا شۇنداق ئىدى، تۇرمۇش ئۇرۇنۇشلىرى داۋامىدا بۇ خىسلەتنى تېخىمۇ يېتىلدۈرگەنىدى. بۇ پەزىلەت ھەممە ئادەمگە خاس پەزىلەت، ئۇ ھەممە ئادەملەردە تەبىئىي بولۇشى كېرەك، پەقەت بەزىلەر بۇ پەزىلەتنى ئۆزىدە ئۆستۈرۈپ، كۈچەيتىپ بارىدۇ، بەزىلەر بولسا بۇنىڭغا ھەرىكەت قىلمايدۇ.

ئويلاپ قارايدىغان بولساق، ھورۇن، ئىش ياقماسلار چوڭلار بىلەن ياشلار ئارىسىدىمۇ، ئەرلەر بىلەن خوتۇن - قىزلار ئارىسىدىمۇ چىقىدۇ. قانچىلىغان بەختسىزلىكلەر ۋە بىچارىچىلىكلەرنىڭ ھەممىلا زاماندا پەقەت ھورۇنلۇقتىن چىققانلىقىنى ئادەملەر چۈشەنمىسە كېرەك. بوستون بىلەن ئىرنەزەر ئەمگەك دېسە ئۆزىنى ئامىدىن ئاتىدىغان، بىر - بىرىگە تولىمۇ يېقىن ئادەملەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار جانغا جانىنى قوشۇپ يەكدىللىك بىلەن ئىشلەيتتى، بىر - بىرىنى سۆزسىز چۈشىنەتتى، كۆڭۈللىرىدىكىنى بىلىشەتتى. مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بۇنداق پەزىلەت ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ئاجايىپ بىر ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى...

دەرۋەقە، بۇ ئەھۋالنى شۇنداق دېگىلى بولامدۇ - بولمامدۇ، بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچماق تەس... مەسىلە شۇنىڭدىكى، چارۋىلارنى ھۆددىگە ئېلىش گۇرۇپپىلىرى ۋە ئائىلىۋى ھۆددىگە ئېلىش گۇرۇپپىلىرى مەيدانغا كېلىشتىن خېلى بۇرۇنلا بوستون ئۇركۇنچىيىۋۇ، گويا ئالدىن بىر نىمىنى سەزگەندەك، مۇۋاپىق پۇرسەت بولسىلا، ئۆزىگە، ئىنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز ئەترىتىگە مۇقىم يەرلەردىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بېرىش تەشەببۇسىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەنىدى. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ناھايىتى ئاددىي ئىدى، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ تەشەببۇسنىڭ ئىپادىلىنىشىمۇ ناھايىتى ئاددىي ئىدى، ئەمما بەزى قاتمال رەسمىيەتچىلەرنىڭ قارشىچە، ئىغۋاگەرچىلىك تۈسىنى ئالغانىدى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ، مېنىڭ ئۆز يايلاقلىرىم، يەنى ئۆز يەرلىرىم بولۇشى، ئۆز قوشلىرىم بولۇشى كېرەك، بۇلارغا ئۆزۈم جاۋابكار بولىمەن، مەلۇم خوجىلىق مۇدىرى ياكى باشقۇرغۇچى كېلىپ باشقۇرمىسىمۇ بولىدۇ (بۇنداق ئادەملەر باشقىلارنىڭ ئۆيىدىن تامچە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ

www.uyghurkitap.com

تۇرسىمۇ، كارى بولمايدۇ)، تاغلاردا ئۆز يايلاقلىرىم بولۇشى كېرەك، مېنى ۋە قويلىرىمنى نەگە ھەيدىگۈسى كەلسە، شۇ يەرگە ھەيدىسە بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يايلاقلارنىڭ بوستونىنىڭ ئىشلىتىشىگە مۇقىم بېرىلگەنلىكىنى كۆپچىلىككە بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك، بۇنىڭغا باشقىلار ئارىلاشسا بولمايدۇ، مەن خوجايىن ئىكەنمەن، ھەممىنى باشقۇرۇشقا ھوقۇقلۇق بولۇشۇم كېرەك، شۇنداق بولىدىغان بولسا، مەھسۇلاتىمنى يۈز ھەسسە ئاشۇرۇپ، پىلاننى ئاشۇرۇپ ئورۇندىيالايمەن، يۇقىرىغا تېخىمۇ كۆپ تاۋار تاپشۇرالايمەن. لېكىن، ئەگەردە مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولمىغان يەردە ئىشلىسەم، قانداقلا بولمىسۇن ياللانما چارۋىچىغا ئوخشاپ قالىمەن، چۈنكى كېلەر يىلى كۈزدە نەلەرگە ھەيدىلىشىمنى بىلمەي قالىمەن، دېگەنلىك ئىدى.

ئەمما، بوستون بۇ پىكرىنى ھېچكىمگىمۇ تەستىقلىتالمىدى. ئەلۋەتتە، دەسلەپتە، ھەممەيلەن بۇنى راست، يەرلەرنى كۆپچىلىككە بۆلۈپ بېرىش كېرەك، شۇنداقتا مۇۋاپىق ئىش بولىدۇ، ئادەملەر ئۆزلىرىنى يەرنىڭ ئىگىسىدەك ھېس قىلىدۇ، ئائىلە، بالا - چاقىلارمۇ بۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدۇ، ئىشقا تەڭ جان كۆيدۈرىدۇ، دەپ رازى بولغانىدى، يەرلىك ھوشيار سىياسىي - ئىقتىسادچىلاردىن بىرەرى چىقىپ، بۇ سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەددەس قانۇن - قائىدىلىرىنى بۇزغانلىق بولارمىكىن، دەپ شۈبھىسىنى ئېيتقان ھامانلا ھەممەيلەن دەرھال گېپىدىن يېنىۋېلىپ، بۇنىڭغا تامامەن ئەكسىچە بولغان گەپلەرنى دېگىلى تۇردى، ئىسپاتلاشقا ئەرزىمەيدىغان نەرسىلەرنى ئىسپاتلاشقا چۈشتى. خاتالىق سەۋەبىدىن ئەيىبلىنىشنى ھېچكىممۇ خالىمايتتى. پەقەت ساۋاتسىز مالچى بوستون ئورككۈنچىيېۋلا ھەربىر رايون ياكى سوۋخوز يىغىنىدا ئۆز گېپىنى يوشۇرماي قىلاتتى. يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قايىل بولاتتى ۋە

ميسقىلىرىدا كۆلۈپ قوياتتى: بوستونغا نىمىدى، ئاغزىغا كەل-
گىنىنى قالدۇرماي سۆزلەۋېرىدۇ، يوقىتىدىغان نەرسىسى يوق،
خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلىمايدۇ، مۈشكۈزىنى سۇندۇرمايدۇ.
ئەزىمەت يىگىت - تە! لېكىن ھەر قېتىم بوستونغا نەزەر سېلىشى
نۇقتىئىنەزەردىن زەربە بېرىدىغانلارمۇ چىقىپ تۇراتتى، بولۇپمۇ
سوۋخوز پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئوبلاست پارتىيە
مەكتىپىنى تاماملاپ دىپلوم ئالغان ساۋاتلىق كىشى قوچقار-
بايېۋ ئۇنى بوش قويمايتتى. بوستوننىڭ ئەنە شۇ قوچقاربايېۋ
بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.
قوچقاربايېۋ نەچچە يىلدىن بېرى سوۋخوز پارتىيە تەشكى-
لاتىنىڭ شۇجىسى ئىدى، بوستون ئۇنى ھازىرغا قەدەر ياخشى
چۈشىنىپ كېتەلمىگەنىدى — قوچقاربايېۋ ئۆزىنى قوينىڭ
ئاغزىدىن چۆپ ئالمىغان سادداسىغىنا قىرائەتخان قىلىپ
كۆرسىتەمدۇ (بۇمۇ ئۇنىڭ بەزىبىر ئۇستۇنلۈكلەرگە ئىگە بولغان-
لىقىدىن بولسا كېرەك) ياكى ئۆزى ھەقىقەتەن شۇنداقمۇ،
بىلگىلى بولمايتتى. بۇ ئادەم سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن ئىككى
يۈزى قىپقىزىل ئاختىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. دائىم گالستۇك
تاقاپ يۈرىدۇ، قولىدا دائىم پوپكا، ئىشى دائىملا ئېشىپ-
تېشىپ تۇرغاندەك «ئىشىم كۆپ، كۆپ» دېگىنى دېگەن، چىرايى
تەشۋىشلىك، خۇددى ئادەملەرگە گېزىت ئوقۇپ بېرىۋاتقاندەك
لېۋى لېۋىگە تەگمەي گەپ قىلىدۇ، بىر نىمىنى قوغلاپ
كېتىۋاتقاندەك پۇتى يەرگە تەگمەي يۈگۈرىدۇ. بوستون بەزى
چاغلاردا: ئېھتىمال، قوچقاربايېۋ چۈشىدىمۇ قەغەزگە قاراپ
گەپ قىلسا كېرەك، دەپ ئويلاپمۇ قالىدۇ.

— يولداش ئوركۇنچىيېۋ، — دەپ مۇنبەردە تۇرۇپلا تەنە
قىلاتتى پارتىيە گۇرۇپپا باشلىقى قوچقاربايېۋ، — سىز چۈ-
شىنىشىڭىز كېرەككى، يەر بىزدە ئومۇمىي خەلق مۈلكى

ھېسابلىنىدۇ. ئاساسىي قانۇنىمىزدا شۇنداق دەپ يېزىلغان.
يەر بىزنىڭ مەملىكىتىمىزدە پەقەت خەلققە، پەقەت خەلقنىڭ ئۆزىگىلا تېگىشلىك، باشقا ھېچكىمگە تەئەللۇق ئەمەس. سىز بولسىڭىز ئۆزىڭىزگە قىشلىق ۋە يازلىق يايلاق، قورۇ، قوتان، يەم-خەشەك تەلەپ قىلىۋاتىسىز، بىز سىزگە بۇلارنى خۇسۇسىي مۈلۈك قىلىپ بېرەلمەيمىز، بۇنىڭغا يول قويمايمىز، سوتسىيالىزم پرىنسىپلىرىنى بۇزۇشقا بىزنىڭ ھەققىمىز يوق. سىز بىزنى قايىاقىا باشلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندىڭىزمۇ؟
— ھېچكىمنى ھېچياققا باشلىماقچى ئەمەسمەن،— دەپ تەسلىم بولمايتتى بوستون، — ئەگەر ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى مەن ئەمەس، خەلق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا مەيلى، مېنىڭ قورۇيۇمغا خەلق بېرىپ ئىشلىسۇن، بۇنىڭدىن نىمە چىقىدىغانلىقىنى مەن بىر كۆرەي. ھامانەم، ئۆز ئىشىمغا ئۆزۈم خوجايىن بولمىغان تەقدىردىمۇ، كىم بولسىمۇ، بەرىبىر خوجايىنلىق قىلىشى كېرەكقۇ؟
— سوۋېت خەلقى خوجايىنلىق قىلىدۇ، يولداش ئورگۇنچىيېۋ، يەنە تەكرارلاپ قويايكى، سوۋېت خەلقى ۋە دۆلىتى. ھەممىسىنىڭ ئىگىسى شۇلار.
— خەلق دەمسىز؟ ئۇنداقتا مەن كىم؟ ھېچ ئەقلىم يەتمەيۋاتىدۇ، نېمىشقا دۆلەتتە مېنىڭ ھەسسەم بولمايدىكەن؟ سىز، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئۆزىڭىز ئىلمىي يىگىتتەك قىلىسىز، لېكىن سىلەرنى ئۇ يەردە نېمىشقا ئوقۇتقان؟ ھەيرانمەن، دېگەن گەپ-سۆزلىرىڭىزگە ھېچ چۈشەنمەيمەنغۇ، تاڭ؟
— مەن، يولداش ئورگۇنچىيېۋ، سىز كۆرسەتكەن سىزىقتا ماڭالمايمەن، بۇرۇندىن چۈلۈك ئۆتكۈزىمەن دەپ ئويلىماڭ. گەپ-سۆزلىرىڭىزدىن كۈلاك سەپسەتىلىرىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ. يادىڭىزدا تۇتۇڭكى، سىزنىڭ زامانىڭىز

ئۆتۈپ كەتكەن، بىز ھېچكىمنىڭ سوتسىيالىزم ئاساسلىرىنى بەربات قىلىشىغا يول قويمايمىز.

— مەيلى، ئۆزىڭىز بىلىسىز، ھەر نېمە دېگەن بىلەن سىز باشلىق،— تەپ تارتمايتتى بوستون،— مەن ئۆز پىكرىمدە قالىمەن. ئىشلەيدىغان ئادەم باشقا بىر كىم ئەمەس، ئۆزۈم. ئازراقلا گەپ قىلسام ئاغزىمنى تۇۋاقلايسىز، خەلق خوجايىن دەيسىز. بۈگۈن، خەلق ئۆزى ئويلاپ ھەل قىلسۇن، مال يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، ئوششاق چارۋىنىڭ ئۆزىدىنلا سوۋخوزىمىزدا 40 مىڭ قوي - ئۆچكە بار. ئىلگىرى بۇنداق بولىدىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ باقمىغان. ھالبۇكى، بوش يەرلەر بەكمۇ ئازىيىپ كېتىۋاتىدۇ، پىلان كۆرسەتكۈچلىرى بولسا ئۆسۈۋاتىدۇ. مانا، ئۆزىڭىز ئويلاپ بېقىڭ، ئىلگىرى مەن بىر قويدىن ئۈچ كىلو 700 گرام يۇڭ قىرقىۋالاتتىم. يىگىرمە يىل بۇرۇن بولسا، بۇنى ھەممەيلەن بىلىدۇ، ئىككى كىلوگرامدىن يۇڭ ئېلىناتتى. يەنى يىگىرمە يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بىر كىلو 700 گرام ئاشۇرۇپتىمەن. ئەمدى بولسا بىر يىلنىڭ ئىچىدە بىر قويدىن يېرىم كىلو يۇڭ ئارتۇق ئېلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. قەيەردىن ئالىمەن بۇنى؟ پال ئېچىپ، ئەپسۇن ئوقۇپ ئېلىشىم كېرەكمۇ؟ پىلاننى ئورۇندىمىسام، ئەتىرەتتىمدىكىلەر ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپ قالىدۇ، ھەممىسىنىڭ ئائىلىسى بالا - چاقىسى بار. ئۇنداقتا ئادەملەرگە ئىشلەشنىڭ، يىلبويى تىنىم تاپماي قويلارنىڭ كەينىدىن قاتراپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ھەربىر مالچى باشقا مالچىنىڭ ياخشىراق ئوتلىقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە تاپىنەك ئايلىنىپ يۈرسە پىلاننى ئورۇندىغىلى بولامدۇ؟ چۈنكى يەرگە ھەممەيلەن خوجايىن، ھېچكىم ھېچ نەرسىگە جاۋابكار ئەمەس. ئوتلاقلارنى دەپ نى - نى جاڭجال - توپىلاڭلار چىقىۋاتىدۇ،

سىز يولسىگىز، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئۆزىڭىزمۇ ھېچ ۋەقەنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدىڭىز، دىرېكتورنىڭمۇ پۇت ـ قولىنى چىرماپ قويۇۋاتىسىز! بىز قارىغۇ ئەمەس، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز!

— مېنىڭ نېمە قىلغان ـ قىلمىغانلىقىمغا رايكوم باھا بېرىدۇ. رايكوممۇ سىزنىڭ بۇ خەتەرلىك ئۆز بېشىمچىلىقىڭىزغا يول قويمايدۇ، يولداش ئورگۇنچىيېۋ!

ھەر قېتىمدىلا شۇنداق بولۇپ، ھەممە گەپ قۇمغا سىڭىپ كېتىدۇ... مانا شۇ پەيتلەردە ئۇنىڭ قوشنىغا ئېرىنەزەر كېلىپ قوشۇلدى. ئۇ بوستونغا قولداش ۋە مەسلەكداش بولدى. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى — ئارزىگۈل بىلەن گۈلسەخان بەزى چاغلاردا، بۇلار يا يېتىپ ـ قوپۇشتا، يا يەپ ـ ئىچىشتە ھالاۋەت كۆرمەيدۇ، ئىشتىن باشقا نەرسىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئۇلارنى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ قوياتتى. شۇ چاغدا ئىككىسى ماللارنى يازدا ئالاموڭگۇ داۋىنىدىن نېرىغا ھەيدىسەكمىكىن، دەپ يۈردى. بۇ گەپ ئېرىنەزەرنىڭ ئاغزىدىن چىقتى. ياز بويى تاغ باغرىلىرىدا تېنەپ ـ تەمتىرەپ، ئازراقلا ئوت ـ چۆپ ئۈچۈن قولۇم ـ قوشنىلىرىمىز بىلەن ياقا سىقىشىپ يۈرىمىزمۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە يازدا داۋاننىڭ نېرى يېقىغا، كىچىپېل يايلىقىغا چىقىپ كەتسەك ياخشى ئەمەسمۇ؟ قېرى ـ چۈرىلەرنىڭ گەپلىرىدىن قارىغاندا، بۇرۇنقى چاغلاردا باي، دۆلەتمەن چارۋىدارلار ماللىرىنى شۇ ياقلارغا ھەيدەپ بېرىپ باقىدىكەن. «كىچىپېل» دېگەن قوشاق شۇ زامانلاردا توقۇلغانىكەن. ئۇلار كىچىپېل يايلىقى ئانچە كەڭ بولمىسىمۇ، ئوت ـ چۆپلىرى بەلدىن ئېشىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. مال دېگىنىڭ بەش كۈن ئىچىدىلا يەم بېرىپ باققاندەك سەمرىپ كېتىدىكەن.

بوستون بۇ توغرۇلۇق بۇرۇنىمۇ ئويلانغان، لېكىن كىچە

بېلىنىڭ ئېنىق بولمىغان جايلىرى كۆپ ئىدى. كولخوز چارۋىچىلىرى ئۇرۇشتىن بۇرۇنقى يازلاردا كېچىبېلگە بىردىنبىر يول بولغان ئالامونگو مۇز داۋىنىدىن ئۆتۈپ بارغان. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئاۋۇللاردا بوۋايلار بىلەن بالىلار قالغاچقا كېچىبېلگە بېرىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىغان. كېيىنچە ماغدۇرىدىن كەتكەن ئۇششاق كولخوزلارنىڭ ھەممىسى ئالتە سۆز بىرىكمە سىدىن قۇرۇلغان قانداقتۇر بىمەنە نامى بولغان چوڭ سوۋخوز بولۇپ بىرلەشكەندىن كېيىن، ئەنە شۇ ئالتوپىلاڭ ۋە غوۋغالار ئىچىدە ئۇلۇغ ئالامونگو داۋىنىدىن ئۆتۈپ بارغىلى بولىدىغان، ياز كۈنلىرى چارۋىلارنى ئىككى ئاي، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ۋاقىت ئاپىرىپ سەمرىتكىلى بولىدىغان يايلاقنىڭ بارلىقى كۆپچىلىكنىڭ يادىدىن ئاستا - ئاستا چىقىپ كەتتى، سوۋخوزنىمۇ شۇ يەرلىك ئادەملەر بېرىكسۇ جىلغىسىنىڭ نامى بىلەن «بېرىك» دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ قالدى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، بۇنداق ئېگىز، خەتەرلىك تاغقا چىقىشنى خالايدىغانلار تېپىلمايتتى. چارۋىلارنى بۇنداق قىيىن تاغ يولى بىلەن ھەيدەپ بېرىش ئۈچۈن، مېلىمنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن سەمرىتىمەن، دەيدىغان ئۆكتەم، جېنىغا ئىچى ئاغرىمايدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. كونا زامانلاردا قىرغىزلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا: «مال - جېنىڭ ئامانمۇ؟» دەپ ئەھۋال سورايدىغانلىقى بىكار ئەمەس. شۇنداق، ئۇلار ئالدى بىلەن چارۋىنىڭ ھالىنى سوراشقان. بۇنىڭغا نىمىمۇ دېگۈلۈك، تۇرمۇش ئۆز ئىسمى بىلەن تۇرمۇش - تە...

شۇ پېكىر ئۈستىدە يۈرەكلىرىگە ئوت تۇتاشقان بوستون بىلەن ئېرنەزەر قوللىرىغا قەغەز - قەلەم ئېلىپ، كېچىبېلدىن كېلىدىغان پايدا - زىياننى ھېسابلاپ چىقتى: چارۋىلارنىڭ داۋاندىن ئۆتكەن چاغدا يولدا قانچىلىك ئورۇقلايدىغانلىقىنى

قوشۇپ ھېسابلىغاندىمۇ، بۇ ئىشقا بەل باغلىسا ئەرزىيتتى. چوڭ پايدا ئالالايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەمگەك ھەققى ۋە تۇزغا كېتىدىغان خىراجەتتىن باشقا چىقىممۇ يوق ئىدى. لېكىن، بۇلار تېخى قەغەزدىكى خامچوت.

بوستون ئالدى بىلەن بۆلۈم باشلىقىغا، ئاندىن سوۋخوز دىرېكتورىغا مۇراجىئەت قىلىش قارارىغا كەلدى. پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىغا نىيىتىنى ئېيتىپ ئولتۇرمىدى. ئۇنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ئانچە خۇشى يوق ئىدى. ئۇنى نەچچە قېتىملاپ كۆزىتىپ باقتى، گەپكە كەلگەندە ئاغزى تىنمايدۇ، ئۇنى قىلىشقا بولمايدۇ، بۇنى قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ ئادەمنىڭ جان - پېنىنى چىقىرىۋېتىدۇ. يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلەيدىغىنى شۇ، گېزىتتە يېزىلغان سۆزلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغىنى شۇ، گالستۇك باغلاپ سۆلەتۋازلىق قىلىدىغىنىمۇ شۇ. بوستون سوۋخوز باشلىقىغا، دىرېكتورىغا كۆڭلىدىكە پۈككەنلىرىنى ئېيتتى: گەپ مۇنداق، ئىبراھىم چوتبايېۋىچ، ئىشنىڭ پايدىسىنى كۆزلەپ، ئېرنەزەر ئىككىمىز ئالامونگۇنىڭ كەينىدىكى كونا يايلاقلارنى ئاچماقچى بولۇۋاتىمىز. ئالدى بىلەن ئىككىمىز بېرىپ، نېمە بار، نېمە يوق، بىلىپ كېلىمىز. كېچىبېلگە قانداق ئۆتۈشنىڭ ئېپى - جېپىنى تاپىمىز، ئاندىن قايتىپ كېلىپ، يۈك - تاقنى ئارتىپ كۆچىمىز، يازىچە كېچىبېلدە بولىمىز. ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك چىقىپ قالسا، ئاشۇ كېچىبېل يايلىقىنى بىزنىڭ برىگادىمىزغا بېكىتىپ بەرسەڭلار. مۇبادا، باشقا مالچىلارمۇ كېچىبېلگە بارىمەن دەيدىغان بولسا، مەرھەمەت، قارشىلىق قىلمايمىز، ھەممەيلەنگە يېتىدۇ، لېكىن، ئەڭ مۇھىمى، بىزگە ئاجرىتىپ بېرىلىدىغان ئوتلاقلارنى مەن ئېنىق بىلىشىم ۋە پەسىللەر ئارىسىدا ئاۋارە بولۇپ قالماسلىقىم كېرەك. سىزگە مانا شۇنى ئېيتىپ، مەسلىھەتلەشكىلى كەلدىم. ئىككى كۈندىن



www.uyghurkitap.com

كېيىن ئېرنەزەر ئىككىمىز ئالامونگوغا ئۆتتىمىز. ئىشلارنى ھازىرچە ئاياللار ۋە ياردەمچىلىرىمىز ماڭدۇرۇپ تۇرىدۇ.

— بوستون، بۇ ئىشىڭىزغا ئۆيىدىكى ئاياللار نېمە دەيدۇ؟ — دەپ قىزىقتى دىرېكتور، — بۇ چاقچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەسقۇ.

— ھازىرچە غىدىك - پىدىك قىلىشقىنى يوق. خۇدانىڭ قەھرى تۇتمىسۇن، خوتۇنۇم ئارزىگۇلنىڭ ئەقلى - ھوشى جايىدا. ئېرنەزەرنىڭ ئايالى گۇلىمخان ياشراق بولسىمۇ، ئەقلى ئۆزىگە يېتەرلىك. بىر - بىرى بىلەن تولىمۇ يېقىن، چىقىشىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەنە شۇنىڭغا خۇشال بولىمەن. خوتۇنلار چىقىشالمىسا، ئۇنىڭدىن يامىنى يوق. ئۆي دېگەن جەھەننەمگىلا ئايلىنىپ كېتىدۇ. بۇنداق گەپلەر بۇرۇن بولغان...

ئۇ دىرېكتور بىلەن باشقا بەزى گەپلەرنىمۇ سۆزلىشىۋالدى. كۆزدە موسكۋاغا، ئىسمى تولىمۇ تەس بولغان ھېلىقى سوۋېت ئىتتىپاقى خەلق ئىگىلىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى كۆرگەزمىسىگە رايوندىكى ئىلغار شەخسلەردىن ئەۋەتىش مولجاللانغانىكەن، بوستون تىزىملىكتە بىرىنچىلەر قاتارىدا كۆرسىتىلىپتۇ.

— مەن خوتۇنۇم بىلەن بارسام بولارمىكىن، ئىبراھىم چوتبايېۋىچ؟ ئارزىگۇلۇم ئۇزۇندىن بېرى موسكۋاغا قاچان ئاپىرىسىز، دەپ غودۇڭشىپ يۈرىدۇ، — راست گېپىنى قىلدى بوستون.

— سېنى چۈشىنىمەن، بوستون، — كۈلدى دىرېكتور، — مەيلى، بىر گەپ بولار. بارسا نېمە بوپتۇ؟ پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالساقلا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم پاراڭلىشىمەن.

— پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بىلەن دەڭ؟ — ئويلىنىپ قالدى بوستون.

— ھەئە، خاتىرجەم بول، بوستون. نېمە، بىكاردىن - بىكار قارشىلىق قىلىدۇ دەمسەن؟ ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى ئەمەس بۇ.

www.uyghurkitap.com

— ياق، گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. بارساق بارارمىز، بارمىساق قالار. بۇنىڭغا ئۈنچىلىك قىلىپ كېتىشىنىڭ نېمە ھاجىتى. مەن سىزگە باشقا بىر نەرسىنى ئېيتماقچى بولۇپ يۈرەتتىم. پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقى بولمىسا، ئىگىلىكىمىز جېنىنى جان ئېتەلمەمدۇ؟ ئۇ سىزگە شۇنچىلىك لازىممۇ؟ ئۇ بولمىسا، پۇت - قولىڭىز ئىشلىمەمدۇ؟

— نېمە بولدى؟

— ھارۋىنىڭ تۆت چاقى بولىدۇ. ھەممىسى ئۆزىنىڭ جايىدا. ئەگەر ئۇنىڭغا بەشىنچى چاقنى ئورنىتىدىغان بولسىڭىز، ئۆزىمۇ ئايلانمايدۇ، باشقىلىرىنىمۇ ماڭدۇرمايدۇ. خوش، مانا ئەمدى گەپ قىلىڭ، شۇ بەشىنچى چاق لازىممۇ - لازىم ئەمەسمۇ؟

— بىلمەيمەن... — دىرېكتورنىڭ يوغان، چىرايلىق يۈزىدىكى قىسىق كۆزلىرى بىردىنلا جىددىي تارتىشتى، ئالدىدىكى قەغەزلەرنى ئېلىپ - قويۇشقا باشلىدى، كۆزلىرىنى ھارغىن يۇمدى. «ئۇيقۇسى چالا، تىنىم تاپمايدۇ» دەپ ئويلىدى بوستون، ئۇچۇقىنى ئېيتسام، بىزگە زېرەك ۋە قابىل پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقى كېرەك، — دېدى ئۇ بىرئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن.

— مۇنۇسىچۇ؟

دىرېكتور ئۇنىڭغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى.

— بۇ ھەقتە پاراڭلىشىپ نېمە قىلىمىز؟ ئۇنى رايكوم ئەۋەتكەن، قولىمىزدىن نېمە كېلەتتى؟

— رايكوم ئەۋەتىپتۇ. بىراق كۆردىڭىزمۇ؟ — ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى بوستوننىڭ، — ئۇ ماڭا نېمىشقىدۇر ئۆزىنى ئەتەي شۇنداق تۇتۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. دائىم ئادەملەرنى قورقىتىپ يۈرۈشنىڭ ئۇنىڭغا نېمە كېرىكى بار، گويا مەن سوتسىيالىزمنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغاندەك قىلىپ كېتىدۇ؟ توغرا ئەمەسقۇ بۇ!

مەن بىر نېمىنى تەلەپ قىلسام، ئۇشنى دەپ تەلەپ قىلىمەن. مەن بۇ يەرنى ساتمايمەن، بىركىمگە بېرىۋەتمەيمەن، سوۋخوزنىڭ يېرى بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. بەرىبىر مەن تىرىكلا بولىدىكەنمەن، ئۇشقا قۇربىم يېتىدىكەن، ئۆز ئەقلىم بىلەن ياشاۋېرىمەن.

— نېمىشقا مېنىڭ ئالدىمدا شۇ گەپنى ھەدەپ تەكرارلاۋېرىسەن، بوستون. سەن دېگەن نەرسىنى قىلغىلى بولمايدۇ.

— نېمىشقا بولمايدۇ؟

— بولمايدۇ.

— جاۋابىمۇ شۇنداق بولامدۇ؟

— يەنە نېمە دەي بولمىسا؟

— سىزگىمۇ تەس. بىلىمەن، ئىبراھىم چوتبايېۋىچ. بىر قېتىم ئاغزىڭىز كۆيگەن. سىز ھەممىنىڭ ياخشى بولۇشىنى كۆزلىگەن. سىزنى بولسا، پاتىڭىزغا كېلىشتۈرۈپ سېلىپ، دەرىجىڭىزنى چۈشۈرگەن. رايكومدىن سوۋخوزغا ئەپكېلىپ قويغان.

— شۇنداق. پاتىڭىزغا يەنە ئۇرۇشنى خالىمايمەن. ئەقىل تاپتىم.

— مانا، كۆردىڭىزمۇ، ھەركىم ئۆزىنى ئويلايدۇ، مەن بۇنىڭغا قارشى ئەمەس. ئادەم ئۆزىنى ئويلىسۇن، پەقەت ئەقىل بىلەنلا ئويلىسۇن. يېڭىلىق ياراتقان ئادەمنى ئەمەس، يېڭىلىق يارىتىشى مۇمكىن تۇرۇقلۇق ياراتمىغان ئادەمنى جازالاش كېرەك. بىزدە ھەممىسى تەتۈرىسىچە.

— گەپ قىلماق ئاسان، — كۈلۈمسىرىدى دىرېكتور.

— ھەممە ئادەم شۇنداق دەيدۇ. مېھمانغا كەلگەندەك ياشاش جېنىمغا تەگدى. مېھمان نېمە ئىش قىلىپ بېرەتتى؟ ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ. باشتا بىر ـ ئىككى كۈن جان كۆيدۈرىدۇ،

ئاندىن، كۆتۈر قاسقىنىڭنى، دەيدۇ... بىزدە شۇنداق بولۇۋاتـ مامدۇ. ئىشلەۋېرىسەن، ئىشلەۋېرىسەن، قوچقاربايېۋ بولسا، سەن دېگەن مېھمان، خوجايىن ئەمەس، دەپ... تىنماستىن بۇرنىغا چېكىپ تۇرىدۇ.

— گەپ مۇنداق، بوستون، كېلىشۋالايلى. سەن مېنى قالقان قىلىۋالماي، ئۆزۈڭ قانداق قىلىمەن دېسەڭ، شۇنداق ئىش تۇتۇۋەر...

ئۇلار خوشلاشتى...

ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئۇ ئېرنەزەر بىلەن تاڭ قاراڭغۇسىدا كىچىكبىلگە ئاتلاندى. ئۇلار يولغا چىققان چاغدا ھەممە ئادەم تېخى ئۇيقۇدا ئىدى. بوستون ئاق سارغۇچ ئاختا قۇلا ئاتنى مىندى. دون نەسىللىك ئات ئۇ چاغلاردا ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن تاي ئىدى. تاغ دېگەندە سالماقلىق ئات بىلەن چىققان تۇزۇك، داۋانغا چىپىپ چىققىلى بولمايدۇ. ئېرنەزەرنىڭ مىنگىنىمۇ ياخشى ئات ئىدى. يىلىنىڭ مۇشۇ پەسلىدە ئاتلار كۆچكە تولغان بولىدۇ. ئۇلار ناھايىتى ئىتتىك ماڭدى. ئۇلار قارلىقلاردا تۈنەشكە توغرا كەلسە ئەسقاتىدۇ دەپ، خۇرجۇنلىـ رىغا تولدۇرۇپ سۇلۇ ئېلىۋالغانىدى، ھەر ئېھتىمالغا قارشى قېلىن جۇۋىلىرىنىمۇ ئېگەرگە تاشلاپ قويۇشقانىدى.

بەزى چاغلاردا سەپەر ئادەمگە راھەت بېغىشلايدۇ. ھەمراھىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولسا ۋە پاراڭ ساددا، سەممىمي ھالەتتە بولسا، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. شۇ كۈنى ھاۋا ئاجايىپ ئوچۇق بولۇپ، قۇياش چاقناپ تۇراتتى، ئالدىدىكى قار باسقان تاغ تىزمىلىرى بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى تاغلارمۇ ئېگىزلەپ، قارلارمۇ قېلىنلاپ بارماقتا ئىدى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارايدىغان بولسا، تۆۋەن تەرەپتىكى

ئۇلۇغ كۆل كۆز يەتمەس دەرىجىدە يېيىلىپ ياتاتتى. ئادەمنىڭ ھەدېسىلا كەينىگە، ئاستى قارىيىپ كۆرۈنىدىغان **كۆل** ئەينىكىگە قارىغۇسى كېلەتتى.

— ئىسسىقكۆلنىڭ ئەينىكىدىن بىر پارچىسىنى خۇرجۇنغا سېلىپ ئېلىپ كەتسەكمىكىن-ھە؟— دەپ چاقچاق قىلدى ئېرنەزەر.

— ئاتنى سۇلۇ بىلەن باقماي، ئەينەك بىلەن باقاي دەمسەن،— ئالدىرىماي جاۋاب بەردى بوستون.

ئىككىسى كۈلدى. مالچىنىڭ نېمىسى كۆپ — كۈندىلىك تەشۋىشى. ئۇلار ماللارنى داۋانىدىن قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ماڭماقتا. ئالدىدا تېخى ناھايىتى قىيىن، مۇشەققەتلىك ئىشلار تۇرۇپتۇ. شۇنىڭغا قارىماي، ئىككىسىنىڭ ۋاقتى چاغ، ئاتا-بوۋىلىرىدىن قالغان چىغىر يوللار ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ مېھىر-شەپقىتىنى ئايىمايتتى. ئېرنەزەرنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن، چۈنكى ھەرقانداق بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئېيتقىنى ۋۇجۇدقا چىقتى-دە، ئۇرۇشتىن كېيىن، تەخمىنەن قىرىق يىل مابەينىدە بۇ يولدىن ھېچكىم ئۆتۈپ باقمىغان. ئۇ بوستون بىلەن يۈرەكلىك ھالدا شۇ ئىشقا تۇتۇش قىلغانىدى.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئېرنەزەر پىكىر قىلىشنى، سوراپ-سۈرۈشتۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملەردىن ئىدى. ئۆزىمۇ سۇمباتلىق، كەۋدىلىك ئادەم بولۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئاخىرقى ئاتلىق قىسىملاردا خىزمەت ئۆتەپ كەلگەنىدى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكىنىگە قارىماستىن، ھېلىمۇ چەبدەس، ئەزىمەت يىگىت ئىدى. گۈلسىخان، ئېرىم كىنو ئارتىسى بولۇپ كەتكىلى تاس-تاسلا قالدى، دەپ كۈلۈپ-كۈلۈپ سۆزلەپ يۈرەتتى. بىر كىنو رېژىسسورى بۇ ياقلارغا كەپقېلىپ، ئېرنەزەرنى كىنودا رول ئېلىشقا ماقۇل كەلتۈرىمەن دەپ تازا ئاۋارە بولۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر ئېرىك ئامېرىكىدا بولغان بولسا، كىنودا پادىچى بولۇپ چىققان بولاتتى، دەپتۇ. گۈلسىخان ئۇنىڭغا: «بىلىمەن، سىلەرنىڭ كىنولىرىڭلارنى، بىر يىلقىچىنى كىنودا رول ئالسەن دەپ ئېلىپ كېتىشىۋىدى، شۇ كەتكەن پېتى ھېلىغىچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى. بىر ئايال ئارتىس بېشىنى ئايلاندۇرۇۋاپتۇ. مەن ئېرنەزەرىمنى قويۇپ بەرمەيمەن» دەپتۇ...

بوستون كۆزدە كىچىبىلدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئېرنەزەرنىڭ قولىغا بىرەر ئەترەتنى تاپشۇرۇش خىيالىدا ئىدى. مەيلى، ئۆزى مۇستەقىل ئىشلەپ كۆرسۇن، ئەمدى ھەقىقىي چارۋىچى بولدى، قاچانغىچە ياردەمچى بولۇپ يۈرىدۇ. ئەگەر سوۋخوز دىرېكتورى بولىدىغان بولسام، قانداق ئادەملەرنى قەيەرگە قويۇشنى ئۆزۈم بىلەتتىم، دەپ ئويلايتتى. لېكىن، خەلقنىڭ ئېيتقىنىدەك، بىرى كەم دۇنيا، ئادەم بالىسىغا دائىم نېمىدۇر بىر نەرسە يېتىشمەيدۇ.

ئۇلار تاغ تەرەپكە ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى يوللاردا تراكتورلار ۋە ئات ـ ئۇلاغ مىنگەن كىشىلەر ئۇچرىماس بولدى، قىشلاق ۋە قوتانلار ئاندا ـ ساندا كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى، بۇ يەرلەردە تەبىئەتنىڭ تۇرقىمۇ باشقىچە ئىدى: ئەتراپ يات جايلارغا ئوخشاش سوغۇق كۆرۈنەتتى. بوستون بىلەن ئېرنەزەر كەچكە يېقىن، قۇياش تېخى پاتماي تۇرۇپلا تاشلىق جىلغا ئىچىدىن مېڭىپ، ئالامونگۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. قاش قارايمىغاچقا، يەنە بىرئاز ماڭسىمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇلار ماللارنى تاڭ قاراڭغۇسىدا، يۇلتۇزلار تېخى ئۆچمىگەن چاغدىلا ھەيدەپ كەلگەن تەقدىردىمۇ، كۈنبويى مېڭىپ، تاغلاردا بۇنىڭدىن ئارتۇق يول ماڭغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقتى ـ دە، جىلغىنىڭ داۋان باشلىنىدىغان مۇشۇ يېرىدە قونۇشقا قارار قىلدى. چارۋىچىلار داۋانغا چىقىش ئالدىدا تۈنەيدىغان بۇندىلىق

كېچىنى «شىكەمە» دېيىشىدۇ. ئۇلارنىڭ شىكەمىگە تاللىغان جايى ناھايىتى قولايلىق ئىدى. ئېرىق سۈيى مۇزلۇقلاردىن شىلدىرلاپ چۈشەتتى ۋە شۇ يەردىن پەسكە قاراپ يول ئالاتتى، قونالغۇنى تاغ باغرىدىن تاللىغاندا، مۇزلۇقلاردىن ئۆرۈپ تۇرىدىغان سوغۇق شامالدىن ساقلانغىلى بولاتتى. مۇزلۇقلاردىن چىقىدىغان، ئادەمنىڭ سۆڭەك ـ سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كېتىدىغان سوغۇق شامال يېرىم كېچىدە باشلىنىپ، ئەتىگەندە كۈن چىققۇچە داۋام قىلىدىغانلىقىنى مالچىلار بىلەتتى. سان ـ ساناقسىز چارۋىنى مۇزلۇقلارنىڭ كېچىلىك سوغۇقىدىن ئاسراش ۋە ئەتىگەندە يېڭى كۈچ بىلەن داۋانغا كۆتۈرۈلۈش ـــ شىكەمىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى مانا شۇ ئىدى.

يولۇچىلار يەرگە چۈشۈپ، چارچاپ كەتكەن ئاتلىرىدىن ئېگەر ـ جابدۇقلارنى ئېلىپ تاشلاپ، قونۇشنىڭ تەرەددۇتىگە چۈشتى. ئانچە ئېگىز بولمىغان قىيا تېگىدىن جاي تاپتى، ئېرنەزەر جىلغا ئىچىدىكى چاتقاللار ئۆسۈپ كەتكەن جايلارغىچە بېرىپ ئوتۇن تېرىپ كەلدى. ئوت يېقىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۆيىدىن ئەپكەلگەن يېمەكلىكلىرى بىلەن ئوزۇقلاندى، ھەتتا تۈنىكە چەينەكتە چاي قاينىتىپ ئىچىشتى، ئاندىن يىراق يول ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئورۇن سېلىپ يېتىشتى.

داۋان ئاستىدىكى تاغ باغرىدا تېزلا قاراڭغۇ چۈشتى، كۈن خۇددى قىش كىرگەندەك بىردەمنىڭ ئىچىدىلا مۇزلاپ كەتتى. يازدىن قىشقا ئۆتۈش ئۈچۈن بىر كۈن ئاتلىق يول يۈرۈشلا كۇپايە قىلدى. ئالەمونگۇ مۇزلۇقلىرىدىن سوغۇق شامال ئۆرۈلدى. مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان مۇزلۇقلار قول ئۇزارتسىلا يېتىدىغاندەك يېقىن ئىدى. بوستون ئوقۇغان قايسىدۇر بىر گېزىتتە، بۇ مۇزلۇقلار مىليون يىللاردىن بېرى مەۋجۇت، تۈزلەڭلىكلەردىكى

www.uyghurkitap.com

ھايات شۇلارغا باغلىق، مۇزلۇقلار ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ، ساي ۋە دەريالارنى تولدۇرىدۇ. تۆۋەن جايلاردىكى بارلىق دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەرگە ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ، دالالاردىكى زىرائەتلەرنى ياشنىتىدۇ، تەبىئەتتىكى ھەممە نەرسە مانا شۇنداق دانالىق بىلەن يارىتىلغان، دېيىلگەنىدى.

— ئېرنەزەر، — دېدى ئۇخلاش ئالدىدا بوستون، — سوغۇقنى قارا! سۆڭەك ـ سۆڭەكتىن ئۆتۈپ كېتىدۇ ـ ھە؟ ھېلىمۇ ياخشى جۇۋىلارنى ئېلىۋاپتىكەنمىز.

— جۇۋا نېمىدى، — جاۋاب بەردى ئېرنەزەر، — بۇرۇنقى زامانلاردا دۇئا ئوقۇپ جان ساقلاپتۇكەن، ئۇنى داۋان دۇئاسى دەيدىكەن. ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— ياق، ئېسىمدە يوق.

— مېنىڭ ئېسىمدە بار، بوۋىمىز ئېيتىپ بەرگەنىدى.

— قېنى ئوقۇپ باقىنا.

— مەن ئازراقلا بىلىمەن.

— ئىشقىلىپ بىلىدىكەنسەنغۇ، قېنى، باشلا!

— خوپ، مەيلى. مەن ئوقاي، سىز تەكرارلاڭ، ئاڭلاۋاتامسىز، قېنى، سىزمۇ ئوقۇۋېرىڭ: «يا، يەخمەلەك، ئاسماننىڭ ھاكىمى، كۆك تەڭرى، مۇز داۋانغا چىقىش يولىمىزنى ئاسان قىلغايسەن. چارۋىلىرىمىزنى قارا سوغۇققا گىرىپتار قىلمىغايسەن. بۇنىڭ ئورنىغا ئاسماندىكى قارا قۇزغۇننى ئالغايسەن. بالا ـ چاقىمىزنى سوغۇق نەپسىڭ بىلەن قاتتۇرۇپ قويمىغايسەن، بۇنىڭ ئورنىغا ئاسماندىكى تۇرنىنى ئالغايسەن. ئاتلىرىمىزنىڭ تۆشباغلىرىنى قاتتىقراق تارتىپ باغلىغايمىز، قوتازلارغا ئارتقان يۈك ـ كۆچلىرىمىزنى مەھكەمرەك باغلىغايمىز ۋە ساگا تاۋاپ قىلىپ ئېيتقايمىز، يولىمىزنى توسمىغايسەن، بىزنى داۋاندىن ياپپېشىل ئوتلاقلارغا، مۇزدەك بۇلاقلارغا

ئۆتكۈزۈپ قويغايسەن، بىزنىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىمىزنى قوبۇل قىلغايسەن...»، مېنىڭچە، شۇنداق ئىدى. قالغىنى يادىمدا يوق...

— ئەتتەك...

— نېمىسىگە ئېچىنىسىز؟ ھازىر بۇنداق دۇئالار ھېچكىمگە كېرەك ئەمەس. ھازىر مەكتەپلەردە بۇلارنى قالاقلىق ۋە جاھالەت دېيىشىدۇ. قاراڭ، ئادەملەرنى ئۇچۇپ ئاسمانغا چىقىپتۇ، دېيىشىدۇ.

— ئاسماننىڭ بۇنىڭغا نېمە ئالاقىسى بار؟ ئاسمانغا ئۇچقان بولساق، ئىلگىرىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ سۆزلىرىنى ئۇنتۇشىمىز كېرەكمۇ؟ ئاسمانغا چىقىۋاتقانلارنىڭ سانى بارماق بىلەن سانىغۇدەكلا، بىز يەردىكىلەر سان - ساناقسىز، قانچە - قانچىلىغانلىرىمىز يەردە تىرىكچىلىك قىلىمىزغۇ. ئاتا - بوۋىلىرىمىز يەردە ياشىغان، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكى يەر بىلەن بولغان، ئاسماندا نېمە بار بىزگە؟ كىم ئۇچسا ئۇچۇۋەرسۇن، ھەر كىم ئۆز ئىشىنى قىلسۇن.

— ئېيتماققا ئاسان، بوستون ئاكا. بىزنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىمىزنىڭ باشلىقى قوچقارباييۋدەكلەر ھەر يىغىندا كونىدىن قالغان نەرسىلەرنى سۆككەن. توي قىلىشنى بىلمەيسىلەر، نېمىشقا تويلاردا سۆيۈشمەيسىلەر. نېمە ئۈچۈن كېلىن بالا قېيىن ئاتىسى بىلەن تانىسىغا چۈشمەيدۇ، دېيىشىدۇ. يېڭى تەستىقلانغان ئىسىملار تىزىملىكى بار ئىمىش. ھەممە كونا ئىسىملارنى ئۆزگەرتىش كېرەك ئىمىش. قويۇڭ، ھەتتا ئۆلۈكنى قانداق كۆمۈشكە قەدەر ئارىلىشىدۇ، ئۇنداق قىلىڭلار، مۇنداق قىلىڭلار، يىغلىماڭلار، ئاش تارتماڭلار، دەيدۇ. ھەتتا كونىچە يىغلىماڭلار، يېڭىچە يىغلاڭلار دەپ، قانداق يىغلاش كېرەكلىكىگىچە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

— بىلىمەن، ئېرنەزەر، ھەممىسىنى بىلىمەن. كۆزدە مېنى كۆرگەزمىگە ئەۋەتمەكچى، موسكۋاغا بارسام مەركىزىي كومىتېتقا كىرىپ ئېيتىمەن: بىزگە قوچقارباييۋدەكلەر راستىنلا كېرەكمۇ ياكى بۇ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن شورمۇ؟ ھېچ نەرسە دېمىسەڭمۇ، ئازراقلا نەرسە ئۈچۈن كېكىردەكىڭدىن ئالىدۇ، سەن پارتىيىگە قارشىسەن، دەيدۇ. ئۆزىنى پارتىيە دەپ بىلگىنىگە ئۆلمەمسەن؟ يەنە ھېچكىم ئۇنىڭغا غىڭ قىلىپ ئېغىز ئاچمايدۇ. مانا، ئادەملىرىمىز قانداق. ھەتتا دىرېكتورىمىزمۇ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. ھەي، قويغىنا، ئۇنى! يامان يېرى شۇكى، قوچقارباييۋدەكلەر باشقا يەرلەردىمۇ ساماندەك... بولدى، ئەمدى ئۇخلايلى، ئېرنەزەر. ئەتىكى كۈنىمىز مۈشكۈلرەك بولىدۇ...

ئىككى مالچى ئۇلۇغ ئالامونگۇ مۇز داۋىنى تېگىدىكى جىلغىدا ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن پاراڭلىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. يۇلتۇزلارنىڭ ھەممىسى، بىرىمۇ قالماي، قاپقاراڭغۇ ئاسمان قوينىدا تاغلار ئۈستىدە پارلىداپ چىقتى. بۇ بۇلۇتلارنىڭ چوڭلۇقى مۇشتەك - مۇشتەك كېلىدۇ - يۇ، نېمىشقىدۇر يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ، دەپ ئەجەبلىنەتتى بوستون. دانە - دانە يۇلتۇزلار پەلەكتە ئېسىلىپ تۇراتتى، توختىماستىن جىمىرلايتتى، ئىما - ئىشارەت قىلاتتى، سوغۇق شامال تاشلارنى ئارىلاپ قۇتراپ ۋىژىلدايتتى... شامالىلار ئىلاھىغا دائىم يەر تارچىلىق قىلاتتى... ئۇ دائىم نېمىدىندۇر نارازى بولۇپ يۈرەتتى ۋە دائىم نېمىلەرنىدۇر ئۆز قوينىغا يوشۇراتتى...

* * *

بوستون داد - پەرياد كۆتۈرۈپ ھۇۋلاۋاتقان بۆرىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئىڭلاپ، شۇ كەمگىچە بېشىدىن نېمىلەرنى

كەچۈرگەن بولسا ھەممىسىنى ئەسلەپ ياتقان مۇشۇ قاراڭغۇ كېچىدىمۇ شىددەتلىك سوغۇق شامال ۋىژىلداپ ئۇشتەك چېلىپ دېرىزە ئارىلىقلىرىدىن ئۆيگە يېرىپ كىرەتتى. ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىنى بىر - بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، قەلبىنى پەسكەش ئادەملەر تەرىپىدىن يەتكۈزۈلگەن ئازار ئۆرتەپ تاشلىدى. ئاھ، مۇنۇ يۈزسىزلىكنى. ئۇلار ھەتتا بىر كىشىنىڭ بەختسىزلىكىنىمۇ مەسخىرە ۋە زاڭلىق قىلىپ، ئۇنى تۆھمەت مەنبەسىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئاھ، كونا دۇنيادىن قالغان بۇ يۈزسىزلىك نەقەدەر كۈچلۈك - ھە! ئۇ خالىغان ئادەمنى ئازابلاپ، خالىغان ئادەمنى — مالچىدىن تارتىپ پادىشاھقىچە — روھىي ئازاب قۇدۇقىغا تاشلىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ قەلبى بەزىدە باش - ئايغى بولمىغان غەمكىن ئويلاردىن شۇنچىلىك سىقىلىپ كېتەتتىكى، بۇ ئاخشام يەنە پەيدا بولۇپ ھۇۋلاۋاتقان بۆرىلەرنىڭ داد - پەريادلىرى بوستونغا ئۆزىنىڭ كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە بۆرىلەر ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۆرتىنىپ كۆيگەن دىلى قۇرۇلارنىڭ كەينىدە، تۈن قاراڭغۇلۇقىدا ئۈمىدسىزلىنىپ كېزىۋاتقاندەك، كۆز يېشىنى تۆكۈۋېرىپ ئەلەمدىن كور بولغان ئەكبەرە بىلەن بىللە نالە - پەرياد قىلىشىۋاتقاندەك ۋە ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بۆرىنىڭ بۇ نالىسىگە ئادەم بالىسى چىداپ تۇرالمايتتى، ئۇنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلەتتى. «ئەجەبمۇ ئادەمنىڭ چىشىغا تەگدى! ئەمدى قانداق قىلاي؟ مېنىڭدىن زادى نېمىنى كۈتىسەن؟ — جەھلى تۇتاتتى بوستوننىڭ، — ساڭا ياردەم قىلىش قولۇمدىن كەلمىدى. مەن ھەرىكەت قىلىپ كۆردۈم، لېكىن ھېچ نەتىجە چىقمىدى، ماڭا ئىشەن، ئەكبەرە. بولدى، ئەمدى ھۇۋلىما! بۇ يەردە سېنىڭ بالىلىرىڭ

يوق، يوق، يۈز چاقىرىم نېرىدىنمۇ ئاختۇرۇپ تاپالمايسەن! بالىلىرىڭنى پۇل قىلىپ، هاراققا بېرىۋەتتى. ئەمدى ئۇلارنى هېچقاچان تاپالمايسەن! بولدى قىل ئەمدى! قاچانغىچە بىزنى قىينايسەن؟ كەت، كەتكىن، ئەكبەرە! ئەمدى ئۇنتۇغىن ھەممىنى. بىلىمەن، ساڭا ئېغىر، لېكىن كەت ئەمدى، يوقال كۆزۈمدىن، خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ماڭا ھەرگىز يولۇقۇپ قالما. سەن بىچارىنى ئېتىپ تاشلايمەن، ھېچنېمىگە قاراپ ئولتۇرمايمەن، ئېتىپ تاشلايمەن، چۈنكى ئۆز ھالىمغا قويمايۋاتىسەن، مېنى مەجبۇرلىما، سېنىڭسىزمۇ يۈرىكىمگە قىل سىغمايدۇ، سېنىغۇ ئۆلتۈرىمەن، لېكىن مېنىڭ بەختسىزلىكىم ئۈستىدىن مەسخىرە قىلىپ، كۈلۈپ يۈرگەن ئاۋۇ بىر نېمىلەرنى نېمە قىلاي؟ ھېچ بولمىغاندا، سەن نېرى تۇر، سەن يوقال كۆزۈمدىن، ئەمدى ھېچقاچان، ھېچ يەردە نالەڭنى ئاڭلىماي! ئانامنىڭ ھەققى قەسەم قىلىمەنكى، بەزى ئادەملەرنىمۇ قاراپ ئولتۇرماي ئېتىپ تاشلىغان بولاتتىم، قولۇم قىلچە تىترىمىگەن بولاتتى. سېنىڭمۇ، مېنىڭمۇ دۈشمىنىمىز بىرلا — بازارباي. ئۇ، سېنىڭ بالىلىرىڭنى ئوغرىلىدى، مېنى بولسا بۇ ھاراقكەش مەخلۇق ھارام تىلى بىلەن شەرمەندە قىلىۋاتىدۇ. شۇنى ئويلىسام، ھېلىقى چاغدا، مۇزلۇق ئېچىدە تىرناق - قوللىرىم تىتىلىپ، شىلىنىپ ئېرنەزەرنى ئىزدىگەنلىرىم، تىنماستىن چاقىرغانلىرىم يادىمغا كېلىدۇ. يالغۇز ئۆزۈم قېلىپ، رەھىمسىز تاغلاردا يىغلىغان چاغلىرىمدا جاندىن قانداق تويغان بولسام، ھازىرمۇ جېنىمدىن شۇنداق تويۇپ كېتىۋاتىمەن، زادىلا ياشىغۇم كەلمەيدۇ. ئەگەر مۇنۇ كىچىككىنە ئوغلۇمنى دېمىسەم، ياشىمىغانمۇ بولاتتىم، تۇفى ھەممىسىگە. مانا، ئانىسى يېنىمغا ئەپكېلىپ قويغان، يېنىمدا ئەركىلەپ ئوخلاپ يېتىپتۇ. راست، خوتۇن خەق بۆرە ھۇۋلىسا قورقىدۇ، تېخى سۆگەكنى قاتمىغان

گۆدەك بولسا، مەسۇم ۋە ساپ، دۇنيادىن بېغەم ئۇيقۇغا چۆمگەن. ئۇ مېنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىم بەدىلىگە، ھەممە بېشىمدىن كەچۈرگەنلىرىمنىڭ بەدىلىگە دۇنياغا كەلگەن، ئۇ مېنىڭ جېنىم ۋە قېنىم. مېنىڭدىن قالغان ئاخىرقى يادىكار. لېكىن مەن بۇ قىسمەتنى تىلەپ ئالغىنىم يوق، ھاياتىمغا خۇددى تاڭ ئاتقاندەك، كۈن پاتقاندەك ئۆزى كىرىپ كەلدى، قەدىمكىلەر، تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس، دەپ توغرا ئېيتىپتىكەن. ئاۋۇ ئەبلەخ بازارباي بولسا، بېشىمغا ئېپلاس تۆھمەتلەرنى ياغدۇرۇپ يۈرۈپتۇ، ھېچ ئىنسابقا كېلىدىغاندەك ئەمەس، قويۇپ بېرىدىغان بولسا، ئۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. باشقا ئىشلار قۇرۇپ كەتكەندەك پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقىمۇ بۇ ھاراقكەشنىڭ گېپىگە ئۇچۇپ كېتىۋاتىدۇ، بارىكاللا - بارىكاللا دەۋاتىدۇ، كىچىككىنە ئوغلۇمنىڭ رىزقىنى قىرقىماقچى... سېنى مەن چۈشەنمىسەم، كىم چۈشىنىدۇ، ئەكبەرە!» شۇ كېچىسى بوستون ئۇيقۇسىزلىق ئازابىنى تارتىپ، ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ياتتى. لېكىن، ئۇ شۇنچىۋالا ئەقلى ۋە مېھرىبانلىقى بىلەنمۇ ئەكبەرەنىڭ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكىنى، بەربىر، تەلتۆكۈس كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. ئەكبەرە تىلسىز - زۇۋانسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان ئازاب - ئوقۇبەت-لىرى بار ئىدى. ئۇ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرگەن ئەنە شۇ ئازابلاردىن زادىلا قۇتۇلالمايتتى. نېمىلا قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ ئازابلىرى تېرىسىدىن سىرتقا چىقىپ كېتەلمەيدىغۇ؟ ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈش، مېڭىشتىن قېلىش، يېتىپلا ئۆلۈپ قېلىش ۋەسۋەسىدە تاغۇ تاشلاردا، سۇ بېسىپ كەتكەن سازلىقلار-دا تاشچاينارنى دائىم كەينىگە سېلىۋېلىپ، تىنىم تاپماستىن، ھېچبىر مەقسەتسىزلا تەمتىرەپ يۈرمەمدۇ؟ يۈرىكىدىكى ئەلەم -

قايغۇلىرىنى باسماقچى بولۇپ، تاشچايىنار بىلەن بىللە ماڭغان يولىدا كىم دۇچ كەلسە، شۇنىڭغا قۇتراپ تاشلىنىشۋاتىمامدۇ؟ كامار ئىچىدىكى ئۆۋىسىغا ئالدىقاندىداق ئۇمىد بىلەن نەچچە ـ نەچچە قېتىم بېرىپ كەلمىدىمۇ؟ سوغۇق ۋە بوش ئۆۋىنى كۆرۈپ، ئۇمىدلىرى نەچچە ـ نەچچە قېتىم ئۈزۈلمىدىمۇ؟ قانچە ـ قانچە چۈشلىرىگە ئالدانمىدىمۇ؟

ئاھ، بۇ نەقەدەر ئېغىر ـ ھە! ئەكبەرە شۇ كېچىسى ئەتراپتىكى يەرلەردە بېشى قايغان پېتى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىردىنلا، خۇددى مۇھىم بىر ئىشى چىقىپ قالغاندەك، شارتتىدە باشەت جىلغىسىغا يۈرۈلۈپ شامالدەك ئۇچۇپ كەتتى. تاشچايىنارمۇ ئادىتى بويىچە ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئارقىدا قالماي چاپتى. ئەكبەرە بولسا بارغانسېرى ئىتتىكرەك يۈگۈرەيتتى، تاغۇ تاش، ئوي ـ دۆڭ، چاتقاللىقلار ئىچىدە قانات چىقارغانـ دەك ئۇچاتتى... ئاخىرى تونۇش چىغىر يوللار، تونۇش زىرىقزارلىق، تونۇش كامارلار ئۆتۈپ، ئۆۋىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۆۋا يەنىلا سوغۇق، يەنىلا بوش بولۇپ، ھۇۋلاپ تۇراتتى. ئەكبەرە بالىلىرىنىڭ پۇرىقى قالغان ھەممە نەرسىلەرنى، ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلارنى بىرمۇبىر پۇراپ چىقتى، يەنە يۈرىكى ئېزىلىپ، ئەلىمىگە چىدىيالماي غىڭشىپ كەتتى، ئىڭرىدى، يىغلىدى، ھۇۋلىدى: «قېنى، مېنىڭ ئەمچەكتىكى بالىلىرىم؟ قېنى سىلەر، ئەي شېرىن ـ شېكەر جېنىم بالىلىرىم؟ كاشكى، ۋايىڭلارغا يېتىپ، چىشىڭلار چىققان بولسا، يېنىمدا بىللە يۈرسەڭلار تېنىمگە مادار، جېنىمغا جان، پۇتلىرىمغا دەرمان بولاتتىڭلارغۇ، جېنىم بالىلىرىم» دىمەكچىدەك قىلاتتى...

ئەكبەرە تېخىچىلا ئېرىق بويىدا ئۇيىاقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، ئۇ يەردىكى شىشىدىن تېخىچە قاقسىق پۇراق چىقىپ تۇراتتى، قۇشلار چوقۇپ يەپ بولالمىغان سۆلۈ

دانلىرى يەرگە چاپلىشىپ توڭلاپ كەتكەنىدى.

ئاندىن ئۇ يەنە ئۇۋىسىغا قايتتى، تۇمشۇقىنى قويىنىغا تىقىپ سوزۇلدى. تاشچاينار قېلىن، ئۆسكىلەك يۇڭلىرى بىلەن ئۇنى ئىسسىتىپ ياتتى.

تۈن نىسپى ئىدى. ئەكبەرەنىڭ چۈشىگە بالىلىرى كىردى، ئۇلار ئۇۋىدا ئەكبەرەنىڭ بېقىنىغا تىقىلىشىپ ياتاتتى. ئۇلار ئۆمىلەپ ـ دومىلاپ ئۇنىڭ ئەمچەكلىرىنى تالىشاتتى. ئۇ خىيالىدىن بىرى بالىلىرىنى ئەمدۈرسەم دەيتتى، سۈتكە تولۇپ، چىڭقىلىپ كەتكەن ئەمچەكلىرى ئاغرىيتتى، سىرقىرايتتى... بالىلىرى سۈتىنىڭ كۆپلۈكىدىن تامشىپ، چاپىلدىتىپ، مەززە قىلىپ ئېمىشەتتى. بۆرە پۈتۈن بەدىنى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ھۇزۇرلىناتتى، لېكىن نېمە ئۈچۈندۇر سۈتى ئازايمايتتى... بۆرە بۇنىڭدىن خاۋاتىرلىنەتتى: نېمىشقا مۇنداق بولىدىغاندۇ، نېمىشقا ئەمچەكلىرىم بوشىمايدىغاندۇ، بالىلىرىم نېمىشقا زادىلا تويمايدىغاندۇ؟ لېكىن نېمىلا قىلغان بىلەن، تۆت بالىسىنىڭ ھەممىسى يېنىدىغۇ، ئەنە ئۇلار: مۇنۇسىنىڭ قۇيرۇقى ئاق، ھەممىسىدىن شوخ، ئاۋۇسىنىڭ ئەمگىنى ئەمگەن، ئەمچەكنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدۇ، شۇ پېتى ئۇخلاپ قالىدۇ، ئۈچىنچىسى بولسا ئۇرۇشقاق ۋە يىغلاڭغۇ، تۆتىنچىسى بەكمۇ تاتلىق، كۆزلىرى كۆك. كېيىنچە دەل ئەكبەرەنىڭ ئۆزىلا بولىدۇ... كېيىن ئەكبەرە ئۆزىنى چۈشىدە پايانسىز موينىقۇم چۆلىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆردى، پۇتلىرى يەرگە تەگمەيتتى، يېنىدىكى تۆت بالىسىمۇ ئۇچقاندەك چاپاتتى، يان تەرىپىدە بولسا، تاشچاينار چوڭ ـ چوڭ تاقلاپ سەكرەيتتى. كۆكتە قۇياش چاقناپ تۇراتتى، سالقىن شامال ئەق ھاياتلىقنىڭ ئۆزىدەك ئۇرۇپ تۇراتتى...

ئەكبەرە بىردىنلا ئويغىنىپ كەتتى ۋە خىيالىچە دۇنيانىڭ

شەپقەتسىزلىكىدىن ئېزىلىپ، قىسىرلىماي ياتتى. ئانىسىن تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن سىرتقا چىقتى. بۇنى ھەتتا تاشچاينارمۇ سەزمەي قالدى. سىرتقا چىققاندا بىرىنچى كۆرگەن نەرسىسى قار باسقان تاغلار ئۈستىدە كۆتۈرۈلگەن ئاي بولدى. سۈپسۈزۈك تۈن ئاسمىنىدا ئاي شۇنچىلىك يېقىن ۋە شۇنچىلىك چاقناپ تۇراتتىكى، يۈگۈرۈپ بېرىپ يېتىشىۋالغۇدەكلا ئىدى. ئەكبەرە شىلدىرلاپ ناخشا ئېيتىپ ئېقىۋاتقان ئېرىق بويىغا كەلدى - دە، بېشىنى ساڭگىلىتىپ، سۇ بويىدا غەمكىن ئايلىنىپ يۈردى، ئاندىن قۇيرۇقىنى يەرگە قويۇپ ئولتۇردى، تولۇن ئايغا ئۇزاقتىن ئۇزاق تەلمۈردى. ئەكبەرە شۇ كېچىسى ئايدا ماكان تۇتقان بۆرىلەر ئىلاھى بۆرە ئانىنى ئېنىق كۆردى، ئىلگىرى زادىلا مۇنداق بولمىغانىدى. ئۇنىڭ ئاي يۈزىدىكى خىرە شولىسى ئەكبەرەنىڭ بەدىنىنى ئۆزلا ئىدى. بۆرە خۇداسى بولغان بۆرە ئانا ئايدا قۇيرۇقىنى بىر ياققا تاشلاپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ ئولتۇراتتى. ئەكبەرەنىڭ نەزەرىدە ئاي بۆرىسى ئۆزىگە تىكىلىپ، نىداسىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك ئىدى. شۇ چاغدا ئەكبەرە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆز ئىلاھىغا يىغلاپ تۇرۇپ نالە قىلدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاپئاق ھور ئېتىلىپ چىقتى: «يا بۆرىلەر خۇداسى بۆرە ئانا، ھالىمنى ئۆزۈڭ كۆرگىن، سوغۇق تاغلاردا شۇم تەلەي ۋە نىمجان بولۇپ ئولتۇرغان ئەكبەرەڭمەن! ھالىم يامان بولدى! ئاھۇ پەريادلىرىم قۇلىقىڭغا يېتىپ بېرىۋاتامدۇ؟ ئاچچىق - ئاچچىق كۆز يېشىمنى تۆككەنلىكىمنى، قىلغان نالىلىرىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئىچىم ئاغرىق دەستىدىن يېنىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمچەكلىرىم سۈتكە تولدى، كىمنى ئەمدۈرىمەن، كىمنى باقىمەن ئەمدى؟ باللىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. ئۇھ، قېنى ئۇلار؟ نېمە بولدى ئۇلارغا؟ بۇ ياققا چۈش، بۆرە ئانا،

يېنىمغا چۈش، ئۆتۈنۈپ قالاي، بىللە يىغلايلى، بىللە نالە ـ پەرياد قىلايلى. ئۇھ، يېنىمغا چۈش، چۈشكىن، سېنى ئۆزۈم تۇغۇلغان يۇرتقا باشلاپ باراي، بۆرىلەرگە ياشاش ئۈچۈن جاي قالمىغان چۆللىرىمنى كۆرسىتەي. ئۇھ، چۈش، مانا مۇشۇ تاشلىق تاغلارغا چۈش، ئەمدى بۇ يەرلەردىمۇ بىزگە ئورۇن يوق، بىزگە ھېچ يەردە باشپاناھ قالمىغاندەك قىلىدۇ... ئەگەر چۈشمەيدىغان بولساڭ، يا بۆرە ئانا، ئۇ چاغدا مەن بىچارىنى، باللىرىدىن جۇدا بولغان ئەكبەرەڭنى ئۆز يېنىڭغا ئال. سېنىڭ بىلەن بىللە، مەيلى، ئايدا كۈن كەچۈرەي، سېنىڭ بىلەن بىللە ۋەتىنىمىز — يەرنى سېغىنىپ يىغلاي. ئەي، بۆرە ئانا...، ئاۋازىمنى ئاڭلاۋاتامسەن؟ قۇلاق سال، قۇلاق سال، قۇلاق سال ماڭا، بۆرە ئانا، نالە ـ پەريادلىرىمغا قۇلاق سال!»

ئەكبەرە شۇ كېچىسى سوغۇق تاغلار قۇچىقىدا ئايغا شۇ گەپلەرنى قىلىپ يىغلىدى، نالە قىلدى، توختىماستىن ھۇۋلىدى...

* * *

داۋاندا شىكەمە كېچىسى ئاخىرلىشىپ، تاڭ ئاتقاندا بىرىنچى بولۇپ ئېرنەزەر ئورنىدىن تۇردى ۋە جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ، چۈشەپ قويۇلغان ئاتلاردىن خەۋەر ئالدى.

— سوغۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى بوستون جۇۋا ئاستىدىن خەۋپسىرىگەن ھالدا قارىغان پېتى، قايتىپ كەلگەن ئېرنەزەردىن.

— بۇ يەردە دائىم شۇنداق، — جاۋاب بەردى ئېرنەزەر، — ھازىر سوغۇق، لېكىن ئاپتاپ چىقىشى بىلەن دەرھاللا ئىسسىپ كېتىدۇ، — ئۇ يۇڭ يېپىنچا ئۈستىگە ياتىۋالدى.

ۋاقىت تېخى بالدۇر ئىدى، تاشلار تېخى خىرە ـ شىرە كۆرۈنەتتى.

— ئاتلار قانداق؟

— جايىدا.

— مىنىڭچە، ماللارنى ئېلىپ چىققاندا، كېچىسى مەشەدە چېدىر تىكسەك بولىدىكەن، ھەر ھالدا سوغۇقتىن پاناھ بولىدۇ ـ دە.

— نېمىشقا تىكمەيمىز، تىكىمىز، — قوشۇلدى ئېرنەزەر، — بىر دەمدىلا تىكىپ بولىمىز. ئىشقىلىپ، يول ئېچىۋالساقلا بولدى. قالغىنى ئۆزىمىزگە باغلىق.

ئاپتاپ چىقىپ، تاغلاردا راستىنلا كۈن ئىللىدى. ئەتراپ يورۇپ، سوغۇقنىڭ كۈچى قايتقاندىن كېيىن، ئۇلار ئاتلىرىنى توقۇدى.

بوستون ئاتقا مىنىشتىن بۇرۇن يەنە ئاپتاپقا نەزەر تاشلىدى، ئەتراپنى ئوراپ تۇرغان قورام تاشلار ۋە ھەيۋەتلىك قىيالارغا كۆز يۈگۈرتتى. ئۇلار قورقۇنچلۇق ۋە ئېگىز بولۇپ، ئادەم بالىسى ئۇلارنىڭ ئالدىدا تىرناقچىلىكمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار شۇ تاغلار بىلەن بەسلىشىپ ئىش قىلماقتا ئىدى. «داۋاندىن قورقمايمىز، — دەپ ئويلىدى بوستون، — گەپ تۇرمۇش ئۈستىدە كېتىۋاتىدۇ. گەپ تۇرمۇش ئۈستىدە بولغاندا، ئادەمنى ھېچ نەرسە قورقىتالمايدۇ، ئۇ خالىغان جايىدىن — دېڭىزدىن، يەر ئاستىدىن، ئاسماندىن يول تاپالايدۇ. بىزمۇ ئۆز يولىمىزنى تاپالايمىز».

ئۇلار ھە دېگەندىلا چېتىگە يوغان تاشلار دۆۋىلەپ قويۇلغان كونا چىغىر يولنى تاپتى ۋە داۋاندىن قانداق ئۆتۈشنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆردى. داۋان يولى ئىككى ئېگىز چوققا ئوتتۇرىسىدىكى قار باسقان ئۆركەچتىن ئۆتەتتى. ئۇلار

شۇ ياقتا قاراپ يول ئالدى. ئۆركەچنىڭ ئارقىسى ئالامۇنگۇ تاغ تىزمىسىنىڭ نېرى يېقى بولسا كېرەك. كىچىبېل يايلىقى ئەنە شۇ ياقتا. بوۋايلارنىڭ ئېيتقانلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ يەردە قېيىن ئورمانلىقى بار بولۇپ، شىددەتلىك تاغ دەرياسى ئېقىپ تۇرىدۇ. تەبىئەت ئۆزىنىڭ مۇقەددەس جايلىرىنى ئادەتتە مانا شۇنىڭدەك چەت - ياقا يەرلەرگە يوشۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا يېتىپ بېرىشنى مۈشكۈل قىلىپ قويىدۇ. لېكىن تىرىكچىلىك بولغان ئىكەن، ئادەم بالىسى ھەرىكەت قىلمىسا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ يەردىن باشقا ياشايدىغان جايى يوق...

چىغىر يول بارغانسېرى ئىگىلەشتى. قار باسقان يەرلەرگە ئۆرلەشتە ئاتلارنىڭ مېڭىشى قىيىنلاشتى، ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى قار تېخىمۇ قېلىنلاشماقتا ئىدى. ئاپتاپ چاقناپ تۇرماقتا، سوغۇق شامال توختىغان، ئەتراپ شۇنچىلىك جىمجىت ئىدىكى، ئاتلارنىڭ ھاسىراپ نەپەس ئېلىشلىرى ئۇلارغا ئۆز نەپەسلىرىدەكلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ھە، قانداق؟ — بوستون كەينىگە قايرىلىپ سورىدى ئېرنەزەردىن، — ئەگەر قار قويلارنىڭ قورسىقىدىن چوڭقۇر بولسا، پەيزىمىزنى قاچۇرىدۇ. سىنىڭچىچۇ؟

— شۇنداقتەكمۇ قىلىدۇ، بوستون ئاكا، كېتىۋاتقان جايىمىزغا قاراڭ! لېكىن قىيىن يەرلەر، ھەر ھالدا، ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتمىسىلا بولىدى. تولا كەتسە، قويلار ئۆتىدىغان چىغىر يول ئاچارمىز، ئۇ يەر - بۇ يەردە قارنى تاتىلاشتۇرارمىز.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتاتتىم. گۈرجەك ئېلىۋالساق بوپتىكەن. يادىڭدىن چىقمىسۇن، ئېرنەزەر، يەنە كەلگەندە گۈرجەك ئېلىۋالايلى.

قار ئاتلارنىڭ تىزىدىنمۇ چوڭقۇر بولۇپ كەتكەچكە،

مالچىلار ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇلارنى يېتىلەپ ماڭدى. ھاۋا يېتىشمىگەنلىكتىن، ئۇلار ئاغزى بىلەن نەپەس ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئاپئاق قار كۆزنى قاماشتۇراتتى، ئەمدى ھەممە ئادەم كوچىدا تاقاپ يۈرىدىغان قارا كۆزەينەك ئەسقېتىپ قالدى. ئۇلار جۇۋىلىرىنىمۇ سېلىپ تاشلاپ، ئېگەرگە ئارتىپ قويۇشقا مەجبۇر بولدى. ئاتلار ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى، ئۇلار قارا تەرگە چۆمگەن بولۇپ، بىقىنلىرى بىر كۆتۈرۈلۈپ – بىر پەسىيىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەختىگە يارىشا، ئاشۇ ئۆركەچكىچە بولغان ئارىلىق ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى.

قۇياش ئۈستى – ئۈستىگە قاتلىنىپ كەتكەن، ئەبەدىي تاشتەك قېتىپ كەتكەن قارلىق چوققىلار ئۈستىدە تىكلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ يوللىرىدا يېپىلىپ ياتقان بىرنەچچە توپ بۇلۇتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچ نەرسە ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشىدىن دېرەك بەرمەيتتى. بۇلۇتلارنى ئارىلاپ، تېخىمۇ توغرىراقى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن خۇددى پاختىنى دەسسەپ ئۆتكەندەكلا ئۆتكىلى بولاتتى. شۇ تاپتا ئىسسىقكۆل بويلىرىدا ھاۋانىڭ ئىسسىپ كەتكىنىگە، دىم ئالغۇچىلارنىڭ ھەتتا كۆل ساھىلىدىكى قۇملۇقلاردا ئۆزلىرىنى ئاپتاپقا سېلىپ ياتقىنىغا ئىشىنىش تەس ئىدى.

ئۇلار يەنە يېرىم چاقىرىمچە يول بېسىشى كېرەك. ئۇلار داۋاننىڭ نېرى يېقىدا چاتاق چىقمىسا بولاتتىغۇ، دەپ خۇدۇكسىرەيتتى...

ئاخىر داۋاندىن ئۆتۈشتى. بوستون بىلەن ئېرنەزەر ئارام ئېلىۋېلىش ئۈچۈن توختىدى، ئۇلار قارا تەرگە چۆمگەنىدى، ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى، ئاتلارمۇ ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى. ئۇلار مېڭىپ كەلگەن يولىغا خۇشال ۋە مەمنۇن بولۇپ قارىدى.

— مانا، بولدى، بوستون ئاكا، — دېدى كۈلۈپ

ئېرنەزەر. ئۇنىڭ كۆزلىرى بەختىيار چاقناپتى، — ماللارنى ئېلىپ ئۆتسە بولىدۇ بۇ يەردىن. ھاۋا ئوچۇق بولسىلا، بولدى.

— ھەممە گەپ شۇنىڭدا. ھاۋا ئوچۇق بولۇشى كېرەك.

— ئىككىمىز ئىككى يېرىم سائەت مېڭىپتۇق، — دېدى ئېرنەزەر سائىتىگە قاراپ، — ئانچە ئۇزاق ئەمەس، ھە، توغرىمۇ؟

— قوي ھەيدىگەنىدە ئۈچ سائەت كېتىدۇ، — دەپ قوشۇلدى بوستون، — بەلكىم ئۇنىڭدىنمۇ جىقراق كېتەر. لېكىن ئەڭ مۇھىمى، داۋاندىن ئۆتكىلى بولىدىكەن، شۇنىڭغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدۇق. قېنى، كەتتۇق. ئاۋۇ يەردىن، مېنىڭچە، تۆۋەنلەيدىغان گەپ. بەلكى كېچىپىلمۇ كۆرۈنۈپ قالار. ئۇياقتا ھەممە يەر ياپيېشىل بولۇپ كۆكىرىپ تۇرغاندۇر، ھازىر...

ئۇلار يەنە ئىلگىرىلەپ ماڭدى. ئەتراپقا تەكشى پاكىز قار كۆرپىسى سېلىنغان، بەزى جايلاردا شامال قارلارنى قۇيۇندا ئۇچۇرتۇپ، چوقچايغان دۆڭلەرنى پەيدا قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئاپتاپتا يالتىراپ تۇراتتى. لېكىن نېمىدۇر بىر نەرسىلەر ئالدىدىكى ئاللىقانداق قارلىق دۇنيانىڭ تۆگەپ، پۈتۈنلەي يېڭى ئالەمنىڭ باشلىنىشىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئىككىسى شۇ ياققا پاتراق ئۆتۈشكە، ئارزۇ قىلغان جايلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى. ئۇلار ئىككى تاغ ئارىسىدىكى ئۆركەشتە ماڭماقتا. يەنە ئازراقلا ماڭسا، كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلەيدىغاندەكلا قىلاتتى. بوستون ئېتىنى يېتەكلىگىنىچە، قارلارنى دەسسەپ ئالدىدا ماڭدى. شۇ چاغدا بىردىن پۈتىنىڭ ئاستىدا ئاللىقانداق بىر نەرسە مىدىرلاپ كەتكەندەك تۇيۇلدى، ئارقا تەرەپتىن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

بوستون شارتلا كەينىگە يۈرۈلۈپ قارىدى ۋە داڭ قېتىپ قالدى: ئېرنەزەر غايىب بولۇپ، قەيەرگىدۇر چۈشۈپ كەتكەنىدى.

www.uyghurkitap.com

يا ئۆزى، يا ئىتى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ھېلىلا قەدەم تاشلىغان جايدا قار توزۇپ تۇراتتى.

— ئېرنەزەر! — ۋەھىملىك چاقىردى بوستون، ئۇ ئۆزىنىڭ چاقىرغىنىدىن قورقۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى تاغلارنىڭ ئۆلۈك جىمجىتلىقىدا گۈلدۈرلىگەن ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

بوستون قار توزۇپ تۇرغان جايغا ئېتىلدى ۋە گەۋدىسىنىڭ تەسلىكتە رۇسلىۋېلىپ، قانداقتۇر غەيرىي تەبىئىي كۈچ بىلەن ئۆزىنى كەينىگە تاشلىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا تۈۋى يوق ئوپقان تۇراتتى. قارىيىپ تۇرغان ئوپقاندىن مەڭگۈلۈك سوغۇق نەپەس ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. شۇ چاغدا بوستون قارغا دۈم ياتتى — دە، نېمە بولغىنىنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇنىڭغا زادىلا ئىشەنمەي، ھاڭنىڭ چېتىگە سۈرۈلۈپ كەلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ۋە پىكىر — خىيالىنى قورقۇنچ چۇلغىۋالدى. شۇ قورقۇنچ ئۇنىڭ بەدىنىنى پۈتۈنلەي قاتۇرۇپلا قويدى. بوستون شۇنىڭغا قارىماي سۈرۈلۈپ سۈرۈلەتتى. ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان ئاللىنېمە كۈچ قوشاتتى، نەپەس ئېلىشقا ياردەم بېرەتتى. بوستون جەينەكلىرىگە تايىنىپ، يۈزىگە يېپىشقان قارلارنى سۈرتۈپ سۈرۈلەتتى. ئۇ ئاخىرىدا قارنىڭ تېگى كۆپكۆك مۇز ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇ چاغدا، ئۇ قىلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ كەتكەن يىلقىلار توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئەسلىدى. «يەر يۇتقۇر»، «يار ياقىسىغا كەت» دېگەن قارغىشلار يادىغا چۈشتى. لېكىن نېمە ئۈچۈن بۇ بالا — قازاغا ئېرنەزەر، ئېرنەزەرلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ گىرىپتار بولدى؟

ئۇ ھېچ نەرسىگە قانائەت قىلمىدى. تاپقىنى دائىم كۆزىگە ئاز كۆرۈنەتتى، شۈكۈر قىلمىغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ئەمەسمىكىن بۇ؟... بۇنداق كۈلپەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسىچۇ...

بوستون تاغنىڭ يېرىقىغىچە ئۆمىلەپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆزى

ئالدىدا تەكتى ـ تۈۋى يوق ھاڭ قارىيىپ تۇراتتى، تۈۋى يوق ھاڭنىڭ چەتلىرى تىترىلىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ دەھشەتتىن تىترىدى.

— ئېرنەزەر، — ئاستا پىچىرلىدى بوستون، ئۇنىڭ گېلى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئاندىن ئۇ ۋەھشىيانە خىرقىرىغان ئاۋاز بىلەن ۋارقىرىدى، — ئېرنەزەر، نەدىسەن؟ ئېرنەزەر! ئېرنەزەر! ئېرنەزەر!

ئۇ جىم بولدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ھاڭنىڭ تېگىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك تۇيۇلدى: «يېقىن كەلمەڭ». شۇنىڭ بىلەن بوستون داد ـ پەرياد كۆتۈردى:

— ئېرنەزەر! باغرىم! مەن ھازىر! تەخىر قىل! سېنى ھازىرلا تارتىپ چىقىرىمەن!

ئۇ ھاڭغا يىقىلاي ـ يىقىلاي دەپ، ئۆزىنى ئارقىغا ئالدى. ئۇ بېرىپ ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تارتىشقا باشلىدى. ئۇلار ئېرنەزەرنىڭ ئېگىرىگە ئارقان ۋە پالتا باغلاپ قويغانىدى، لېكىن ئەمدى بۇ نەرسىلەر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن ئات بىلەن بىللە كەتكەنىدى. بوستون پىچىقىنى غىلىپىدىن چىقاردى، تېرە تاسمىلارنى — نوختا، قۇيۇشقۇن، تىزگىن، ئۈزەڭگە بېغى، چۇلۇۋۇر بارمۇ ھەممىسىنى كېسىۋېلىپ، ئاندىن بىر تال قىلىپ، ئۇزۇنىسىغا باغلىدى. قولىنىمۇ كېسىۋالدى. ئۇ غال ـ غال تىترىگىنىچە، يەنە ھاڭنىڭ يېنىغا ئۆمىلەپ باردى، كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، قولى بىلەن كارى بولماي، جان ئاچچىقىدا تىتىرەپ نەپەس ئالاتتى، خۇددى بىردىنلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك، ئېرنەزەرنى قۇتقۇزالماي قالىدىغانلىقتىن قورقاتتى ۋە ئەندىكەتتى.

— ئېرنەزەر! ئېرنەزەر! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — مانا، ئارقان! ئارقان بار! ئاڭلاۋاتامسەن، ئارقان بار! ئاڭلاۋاتامسەن! ئېرنەزەر! باغرىم، گەپ قىل!

www.uyghurkitap.com

ئۇ تېرە ـ قېپىشلاردىن كېسىپ ياسالغان ئارقانىنىڭ بىر ئۇچىنى قولىغا باغلىدى ـ دە، يەنە بىر ئۇچىنى ھاڭغا چۈشۈردى. لېكىن ئارقاننى ھېچكىم تۇتمىدى، ئۇنىڭ چاقىرغانلىرىغىمۇ ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. ئۇ ھاڭنىڭ قانچىلىك چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئارقاننىڭ قەيەرگىچە چۈشكەنلىكىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى.

—گەپ قىل، ئېرنەزەر! گەپ قىل! نەدىسەن، ئېرنەزەر! باغرىم! — دەپ تىنىماي چاقىراتتى بوستون. لېكىن قاراڭغۇ ھاڭ ئاستىدىن ئۇنىڭ ئۆز ئاۋازىلا ئەكس سادا چىقىرىپ قايتاتتى. بوستوننىڭ بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى، — نەدىسەن، ئېرنەزەر! — زارلىناتتى بوستون، — ئاڭلاۋاتامسەن، ئېرنەزەر! مەن قانداق قىلاي، ئەمدى؟ — ئاندىن ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي ھۆكرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئاللىنىپسلەرنى دەپ تىنىماستىن ئۇزاققىچە ۋارقىرىدى. ئۇ ئاللىقاچان ئالدىنقى سەپتە ھالاك بولغان ئاتىسىغا، نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن ئانىسىغا بالىلىرى، ئاكا ـ ئۇكىلىرى، ھەدىلىرىگە، بولۇپمۇ خوتۇنى ئارزىگۈلگە جان ـ جەھلى بىلەن يېلىنىپ ـ يالۋۇراتتى. ياق، ئۇ يۈز بەرگەن مۇشۇ پالاكەتنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى... ھالاك بولدى، ھالاك بولدى ئېرنەزەر! ئەمدى ئۇنىڭغا ھېچكىم ۋە ھېچ نەرسە تەسەللى بېرەلمەيتتى، دەردلىك يۈرىكىگە ئاراملىق بېغىشلىيالمايتتى... ئۇ ئەمدى ھەسرەت ـ نادامەتتىن ئۆمۈرۋايەت خالىي بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بوستون ۋارقىرىغىلى تۇردى: «سەن بىزنىڭ دۇئالىرىمىزنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟! قارا، تېرىگەن بالايىڭنى، ئەمدى قانداق ئادەم بولۇپ قالدىڭ؟» ئۇ بۇ سۆزلەرنى كىمگە ۋە نېمىگە قارىتىپ ئېيتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

ئۇ ئورنىدىن سەندىرەكلەپ تۇردى، قاراڭغۇ چۈشۈۋاتقان-

لىقىنى سەزدى، داۋاندا ھاۋانىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. قەيەردىدۇر بۇلۇتلار پەيدا بولدى. كەچكى سوغۇق باشلاندى. ئەمدى نىمە قىلىش كېرەك؟ نەگە بارىدۇ؟ چىغىر يولدا ئۆز ھالىغا قويۇۋېتىلگەن ئات كېتىپ قالغان — ئاتنىڭ پەسكە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ كەينىدىن يېتىشىۋېلىشقا ئامالسىز قالغانىدى. بىراق ئېگەر - جابدۇقىدىن تارتىپ، نوختا - تىزگىنلىرىگىچە كىيسىۋېلىنغان ئاتتىن نىمە نەپ چىقىدۇ؟ بوستۇنىنىڭ راستىنلا پىغانى ئۆرلەپ، قاردا ياتقان ئېگەرنى بىر تەپتى. ئۇ ئالامونگۇ داۋىنىدا، مەڭگۈ مۇزلۇقلار ئۈستىدە، چوقچىيىپ تۇرغان قورام تاشلار ئارىسىدا قارىيىپ، كۆپۈپ كەتكەن ھالدا يالاڭباشتاق (قالپىقى بايا يارغا چۈشۈپ كەتكەنىدى) ھەر تەرەپكە لەلەڭلەپ، ئۆزى يالغۇز قالغانىدى. داۋاندا چىقىۋاتقان سوغۇق شامال ئۇنىڭ شۇنىڭسىزمۇ لەرزىگە چۈشكەن دىلىنى تېخىمۇ بەتتەر ئېزەتتى. نەگە بارسۇن ئەمدى، نىمە قىلسۇن؟ ھەممە ئىش قانداق ياخشى باشلىنىپ كېلىۋاتقانىدى - ھە؟ نەدىنمۇ چىقىپ قالدى پۈتنىڭ ئاستىدىن بۇ ئويقان؟ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈپ، ئىرنەزەرنىڭ پۈتۈنلەي تاسادىپىيلىق تۈپەيلىدىن ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندى. ئۇ ئۆزى ھاڭنىڭ چېتىدىن بىر يېرىم قەدەمچە نېرىدىن ئۆتكەنىدى. ئىرنەزەر بىچارە ئوڭ ياقتىنىراق مېڭىپ كېلىۋاتقانىكەن. قارنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ قالغان تاغ يېرىقىغا ئات - پىتى بىلەن كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

دوستىغا ياردەم بېرەي دېسە، قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمىدى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن قاراپ تۇرغىلىمۇ بولمايتتى. بوستۇن بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى: ئىرنەزەر بەلكىم تىرىكتۇر، بەلكىم ھوشىدىنلا كەتكەندۇر، ئۇنى سوغۇقتا قېتىپ قېلىشتىن بۇرۇن،

uyghurkitap.com

ئىلاجىبىنىڭ بارىچە تېزرەك مۇزلۇق ھاڭدىن چىقىرىۋېلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندا، ئېھتىمال، ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالغىلى بولار. ئۇ جۇۋىسىنى قارغا تاشلىدى ۋە بۇ يەرلەردە يۈگۈرۈش گەرچە غايەت قىيىن بولسىمۇ، يەسكە قاراپ چېپىپ كەتتى. ئۇ سوۋخوزنى يۈز بەرگەن ۋەقەدىن ئىمكان قەدەر تېز خەۋەردار قىلىش كېرەك، دەپ ئويلايتتى، شۇنداق قىلغاندا، ئۇلار تۈرلۈك ئەسۋاب ـ ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئادەملەرنى ياردەمگە ئەۋەتىدۇ، ئۇ ئېرنەزەر ياتقان جايغا ئۆزى چىراغ تۇتۇپ ئارقان بىلەن چۈشىدۇ، ئۇنى ئەلۋەتتە قۇتقۇزىدۇ.

ئۇ ئورنىدىن نەچچە يىقىلىپ، نەچچە تۇردى. «ئىشقىلىپ، پۇتۇمنى سۇندۇرۇۋالمىسام بولدى» دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەر قېتىم خاۋاتىرلىنىپ، ئاندىن يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدىمىنى تېزلىتەتتى.

بوستون سالتاڭ ئېتىنى قوغلاپ تۇتۇشتىنمۇ ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى، ھاۋا ھەدەپ ئۆزگىرىپ، ئاينىماقتا ئىدى. قار ئۇچقۇندىغىلى تۇردى، لېكىن بوستون بۇنىڭدىن تەشۋىشلەنمەيتتى. داۋاندا شىۋىرغان قوترىغان چاغلاردىمۇ يەستە ھېچ نەرسە ياغمايدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. پەقەت ئېرنەزەر قانداق قىلىدۇ، دەپ دەھشەتكە چۈشەتتى. ئەگەر تىرىك بولسا، قۇتقۇزغۇچىلار كەلگۈچە بەرداشلىق بېرەلەرمىكىن؟ تېزرەك، تېزرەك، ئۇنىڭ كاللىسىدا مۇشۇ ئويلا بار ئىدى. خۇپتەن قاراڭغۇلۇقى بېسىپ كېلىۋاتىدۇ، قاراڭغۇدا تېز يۈگۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ ۋەھىمە قىلاتتى.

بوستون ھەر نېمە قىلىپمۇ ئېتىغا يېتىشەلمىدى. قولا ئات ئەركىنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۆيى تەرەپكە قاراپ ئىتتىكلەپ مېڭىپ كەتكەنىدى.

بوستون ئۆزگە تونۇشلۇق تاغ باغىرلىرىدىن يولنى

خىلىلا قىسقارتىپ، پەسكە تىكلا چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ نى - نى ئوتلاقلار، ئويمان - دۆڭلەردىن ئۆتتى، لېكىن بۇلار ئۇنى چارچىتالمىدى، ئۇنى ئېغىر ئويلار تىنىماي ئېزىپ، بىردەممۇ ئارامىغا قويمايتتى. كاللىسىدا ئېرنەزەرنى قۇتقۇزۇشقا دائىر تۈرلۈك - تۈمەن چارىلەر ئۈزەتتى. بىردەم يەنە داۋاننى ئويلاپ كېتەتتى، مەيلى ئەمەسمىدى مېنىمۇ قۇيۇن كۆمۈۋەتكەن بولسا، دەيتتى. بىردەم مەڭگۈلۈك مۇزلۇق ۋە سوغۇق زۇلمەت ئىچىدە جان تالىشىپ ئىڭراۋاتقان ئېرنەزەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. تاغ ئۈستىدە شىۋىرغان قۇيۇن ياساپ قەھرلىك ئايلىناتتى. ئېرنەزەرنىڭ ئائىلىسى، خوتۇنى، باللىرىغا نېمە دەيدۇ؟ شۇ-لارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ئۇنىڭ ئۆز كۆكسىنى پارە - پارە قىلىپ تىلىپ تاشلىغۇسى كېلەتتى، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك بولاتتى.

لېكىن تۇرمۇش كۈلپەت ۋە ئامەتسىزلىكتىنلا ئىبارەت ئەمەس. تەلەي شۇ تاپتا ئۇنىڭغا كىچىككىنە بولسىمۇ كۈلۈپ باقتى. شۇ كۈنى تاغلىقلار ئىچىدىكى بىر مالچى توي قىلماقتا ئىدى، ئۇ تەتىلگە كەلگەن ستۇدېنت ئوغلىنى ئۆيلىگەنىدى. مېھمانلار ئۇزاق ئولتۇرۇشتى. ئەڭ ئاخىرقىلىرى يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا يۈك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ قايتىشتى. ئاسمانغا تولۇن ئاي كۆتۈرۈلدى. تاغ يانباغىرلىرىدا كۆل سالقىنى ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. يىراقتىكى پەسلىكتە ئىسسىقكۆلنىڭ دولقۇنلۇق يۈزى جىلۋىلىنەتتى. ئادەملەرنىڭ ناخشا ئېيتقان ئاۋازلىرى كېلەتتى، ئۇلار بىر ناخشىغا ئىككىنچىسىنى ئۇلىۋېتەتتى.

بوستون ناخشا ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، يۈگۈرگەن پېتى يول ئۈستىگە چىقتى - دە، جىنىنىڭ بارىچە قولىنى پۇلاڭلىتىشقا باشلىدى. ئۇ شۇ يۈك ماشىنىسى بىلەن كېچىدە، سائەت ئىككىلەردىن ئاشقاندا، «يېرىك» سوۋخوزىغا يېتىپ كەلدى. يۈك

ماشىنىسى سوۋخوز دىرېكتورىنىڭ ئۆيى ئالدىدا توختىدى. ئىت قاتتىق ھاۋشىپ، بوستوننىڭ پۇتىغا ئېتىلدى. ئۇ ئىتقا ئېتىبار بەرمەي، دېرىزىنى مۇشتلاشقا باشلىدى.

— كىم؟ — دېگەن ئەندىشىلىك ئاۋاز ئاڭلاندى.

— مەن، بوستون ئوركۇنچىيېۋ.

— نېمە بولدى، بوستون؟

— ئەھۋال چاتاق.

* * *

ئەتىسى پېشىنگە يېقىن قۇتقۇزغۇچىلار بىر - بىرلەپ تىزىلىپ، ئالامونگۇ داۋىنى تەرەپكە يول ئالدى. بوستوننى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئۇلار ئالتە ئادەم ئىدى. ماشىنا ماڭغىلى بولمىدىغان جايغىچە ئۇلارنى دالا ئاپتوموبىلىدا ئەپكېلىپ قويۇشتى. ئۇنىڭ ئۇيېقىغا ئۆزلىرى ئەسۋاب - ئۈسكۈنىلەرنى كۆتۈرۈپ يولغا چۈشتى. ئۇلار ئىمكان قەدەر ئاز نەپەس ئېلىپ، بوستوننىڭ ئىزىدىن جىم، دادىل قەدەم باساتتى، شەھەردىن پات ئارىدا، مانا شۇ سائەتلەر ئىچىدە تىك ئۇچار ئايروپىلان كېلىشى، ئۇلارغا تەجرىبىلىك تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىلىرىدىن ئۈچى ياردەمگە كېلىشى كېرەك ئىدى.

ئاخشام دەل مۇشۇ پەيتتە، دەل مانا مۇشۇ چىغىر يولدىن ئېرنەزەر ئىككىمىز داۋانغا ئۆتكەنىدۇق، دەپ ئويلايتتى بوستون، بېشىمىزغا مۇنداق پالاكەت كېلىشىنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدۇق...

ئېرنەزەرنىڭ يىقىلغاندىن كېيىن بىرئاز ۋاقىت تىرىك تۇرغانلىقىنى ئۇ چۈشىنەتتى، لېكىن بىر كېچە - كۈندۈز مۇزلۇق ئىچىدە ئادەمنىڭ چىدىشى ئەقىلگە سىغمايتتى. شۇنداق-

لىقىغا قارىماي، ئۇ مۆجىزە يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

تۈنۈگۈن ئاخشامقى قاتتىق قار - شىۋىرغاندىن كېيىن، داۋاننى قار باسقانىدى، قار كۆزلەرنى قاماشتۇرۇپ ئاغرىتاتتى. ئاخشامقى ئىزلارنىڭ ھەممىسىنى قار - شىۋىرغان بېسىپ كەتكەچكە، بوستون مۇز يېرىلغان جاينىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىشتىن قىينالدى. لېكىن بىر يامانىڭ بىر ياخشىلىقى بار دېگەندەك، قۇتقۇزغۇچىلاردىن بىرى بوستون تۈنۈگۈن يېشىپ تاشلىغان جۇۋىنى تېپىۋالدى، ئارىدىن سەل ئۆتمەي جۇۋىدىن سەل نېرىراقتا ياتقان ئېگەرنىمۇ كۆرۈشتى. مانا شۇلارغا قاراپ، ئاخشام قار كۆمۈۋەتكىنىگە قارىماي، ھاڭنى ئېنىق مولجاللاپ تېپىشتى. شۇ ئارىلىقتا تاغقا چىققۇچىلارمۇ كېلىپ قالدى. ئۇلار، ئۆزلىرىنىڭ گېپىدىن قارىغاندا، ئالتە قەۋەتلىك ئۆيدەك كېلىدىغان مۇزلۇق ھاڭنىڭ ئىچىگە چۈشتى...

تاغقا چىققۇچىلار يۇقىرىغا قايتىپ چىقىپ، ئېرنەزەرنى ئالالمايمىز، ئۇنىڭمۇ، ئېتىنىڭمۇ تېنى قېلىن مۇزغا ئاجراتقىلى بولمايدىغان دەرىجىدە چاپلىشىپ، قېتىپ كېتىپتۇ. چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن كۆچەپ ئۇرىدىغان بولساق، مۇز قاتلىمى بوشىشىپ، نەتىجىدە قۇتقۇزغۇچىلارنىڭ ئۆزى كۆچكۈن ئاستىدا قېلىپ ھالاك بولۇشى مۇمكىن، دەپ چۈشەندۈردى. ھاڭغا بوستون ئۆزى چۈشۈپ باقسۇن، خالىسا، دوستى ئېرنەزەر بىلەن ۋىدالىشىۋالسۇن، دېيىشتى ئۇلار، باشقا ئامال يوق...

شۇنىڭدىن كېيىن، بوستون ئۇزاق يىللار خاتىرىسىگە زادى ئۆچمەس بولۇپ ئورنىشىپ قالغان دەھشەتلىك بىر چۈشنى كۆرۈپ يۈردى. ئۇ مۇزلۇق ھاڭ ئىچىگە ئارقان بىلەن چۈشۈپ كېتىۋاتقۇدەك، ئەتراپتىكى مۇز تاملارنى قولىدىكى پانار بىلەن يورۇتقۇدەك. ئۇنىڭ يەنە باشقا پانارىمۇ باردەك،

www.uyghurkitap.com

بىرى قولىدىن چۈشۈپ كەتسە، يەنە بىرىنى ئىشلەتكۈدەك، ئۇ بىردىنلا ئىككىنچى پانارىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ، نەگە يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلمىگۈدەك. بۇنىڭدىن يۈرىكى قاتتىق سىقىلىپ، قورققۇدەك، ۋارقىرىغۇسى كەلگۈدەك، لېكىن دەھشەتلىك قاراڭغۇ مۇزلۇق ئىچىگە چۈشۈپلا كېتىۋاتقۇدەك. ئاخىرى، چىراغ يورۇقىدا مۇزغا تاشتەك چاپلىشىپ كەتكەن ئېرنەزەرنى كۆرۈپتۇ: ئېرنەزەر (بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىدى) مۆكچىيىپ ئولتۇرغۇدەك، جۇۋىسى بېشىنىڭ ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ، يۈزى قان بىلەن بويالغان، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمغان بولۇپ، كۆزلىرى يۇمۇقمىش. «ئېرنەزەر! — دەپ چاقىرغۇدەك بوستون، — مەن كەلدىم! قۇلاق سال، مەن ساڭا يەنە بىر پانارنى قالدۇرۇپ كەتمەكچىدىم، بۇ يەر بەكمۇ قورقۇنچلۇق ۋە قاراڭغۇ ئىكەن، لېكىن ئۇنى يوقىتىپ قويدۇم. چۈشەندىڭمۇ، ئېرنەزەر، يوقىتىپ قويدۇم. لېكىن ساڭا بەرىبىر ئۆزۈمنىڭ پانارىنى بېرىمەن. مە، ئال، بۇ مېنىڭ پانارىم. ئال، ئېرنەزەر، ئۆتۈنۈپ قالاي!» ئەمما ئېرنەزەر ئۇنىڭ قولىدىن پانارنى ئالماپتۇ ۋە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرماپتۇ. بوستون يىغلىۋېتىپتۇ، ھۆركىرەپ يىغلاپتۇ ۋە كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاققان پېتى ئويغىنىپ كېتىپتۇ.

ئاندىن ئۇ كۈن بويى ئۆزىگە كېلەلمەي، چىرايى تۇتۇلۇپ، ھومىيىپ يۈردى. ئۇ بۇ چۈشىنى ھېچكىمگە، گۈلسۈمخانغىمۇ، ھەتتا ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەندىن كېيىنمۇ ھېچقاچان ئېيتمىدى. ئېرنەزەر بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن مۇزلۇق ھاڭغا چۈشكەنلىكى توغرۇلۇقمۇ ئۇنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىدىنمۇ ھېچكىمگە ئېغىز ئاچمىدى.

ئۇلار داۋاندىن ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىدە، ھەممە ئادەم يۈز بەرگەن پالاكەتتىن خەۋەردار بولغانىدى. بوستونغا دەرد - ئەلەم دەستىدىن تۈگىشىپ كەتكەن، كۆز يېشى دەريا بولۇپ

ئېقىۋاتقان گۈلسەخاننى كۆرۈشتىنمۇ ئېغىرراق ئىش يوق ئىدى. ئۇ داۋاندا ئۆلۈپلا كەتكەن بولسام، يەنە نەچچە مىڭ قېتىملاپ شۇ مۇزنىڭ ئىچىگە چۈشسەم، ھەممىنى قايتا بېشىمدىن كەچۈرسەم، بۇنىڭدىن ئاسانراق بولغان بولاتتى، دەپ ئويلايتتى. ئېرىنىڭ ھالاكىتىگە گۈلسەخان زادىلا چىدىيالمىدى. كىشىلەر، ھەر ھالدا ئەقلى ـ ھوشىدىن ئېزىپ قالمىسا بولاتتىغۇ دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ئۇنىڭ دائىم بىر ياقلارغا قېچىپ كەتكۈسى كېلەتتى: «ئىشەنمەيمەن، ئىشەنمەيمەن ئۇنىڭ ئۆلگىنىگە! قويۇۋېتىڭلار مېنى! ئۇنى ئۆزۈم تاپىمەن! ئۇنىڭ ئالدىغا بارىمەن!»

بىر كۈنى كېچىسى ئۇ راستىنلا قېچىپ كەتتى. بوستون كۈن بويى ھېرىپ ـ ئېچىپ، ئەمدىلا بىرئاز ئارام ئالاي، دەپ تۇرغانىدى. ئۇ، بىرنەچچە كۈندىن بېرى تۇزۇكرەك يېتىپ ئورنىدا ياتالمىدى، پاتىھەچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئادەملەر ئاڭلاپ، تەرەپتىن كېلىشەتتى، تۇغۇلرى كونا ئادەت بويىچە خېلى يىراقتىنلا ئېرنەزەر دەپ يىغىنى سېلىپ كېلەتتى: «ئېرنەزەر، قېرىندىشىم، باغرىم، سېنى ئەمدى قاچان كۆرەرمەن؟» بوستون ئۇلارغا ئاتتىن چۈشۈشتە ياردەملىشەتتى، تەسەللى بېرەتتى ... شۇ كۈنى ئاخشىمى ئادەم بىرئاز سېلىكتى. بوستون ھويلىسىدا بېلىگىچە يېشىنىپ، ئۇستىدىن چۆمۈچ بىلەن سۇ قۇيۇپ يۇيۇنۇشقا باشلىدى. ئارزىگۈل گۈلسەخاننىڭ يېنىدا ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇ قوشنىسىنى زادى يالغۇز قالدۇرماي يۈرەتتى.

— بوستون، بوستون، نەدەسىز؟ — بىردىن ئارزىگۈلنىڭ چاقىرغىنى ئاڭلاندى.

— نېمە بولدى؟

— بولۇڭ تېزرەك، گۈلسەخاننى تېپىپ كېلىڭ. نەگىدۇر

www.uyghurkitap.com

قېچىپ كەتتى. قىزلىرى يىغلىشىۋاتىدۇ، مەن ئۇنى تۇتۇپ قالالمىدىم.

بوستون ئۇپۇل ـ توپۇل مايكىسىنى كىيىپ، يەلكىسىدىكى لۆڭگە بىلەن يول بويى ئۆزىنى سۈرتكىنىچە، ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويغان گۈلىمخانىنىڭ كەينىدىن چاپتى.

ئۇنىڭغا خېلىغىچە يېتىشەلمىدى.

گۈلىمخان يارنىڭ ياتتۇ تەرىپىدىن تاغلار تەرەپكە قاراپ ئىتتىكلەپ كېتىپ باراتتى.

— گۈلىمخان، ئالدىرىما، قاياققا كېتىۋاتىسەن؟ — دەپ چاقىردى ئۇنى بوستون.

ئۇ كەينىگە قارىمايتتى. بوستون قەدىمىنى تېزلەتتى، گۈلىمخان بۇنداق ئەھۋالدا ھەممىسىنى ھازىرلا يۈزۈمگە سالىدۇ، ئېرنەزەرنى سىز ئۆلتۈردىڭىز دەپ تەنە قىلىدۇ، دېگەن خىيالنى قىلدى. ئۇ ھەممىدىن بەتتەر مانا شۇنىڭدىن قورقاتتى. بۇ پىكىر خىيالىدىن ئۆتكەن ھامان، خۇددى بىر كىم ئۈستىدىن قايناق سۇ تۆكۈۋەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇنى ئويلاپ ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەۋاتامدۇ؟ جېنى ئەلەم ئوتىدا كۆيۈۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟

ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپ ئولتۇرامدۇ؟ ئۇنىڭ باھانىلىرىنى گۈلىمخان ئىناۋەتكە ئالامدۇ؟ ئادەمنىڭ قولىدىن ھېچ نەرسە كەلمەيدىغان پاجىئەلىك ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئۇنىڭغا قانداق چۈشەندۈرىدۇ؟ لېكىن، بۇ سۆزلەرمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەلمەيدۇ، بۇنداق ئەھۋاللاردا تەسەللى بېرەلەيدىغان، كۆڭۈلنى كۆتۈرىدىغان سۆزلەر بارمىدۇ، ئاخىر؟ شۇنچە ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، مانا، تېخىچىلا تىرىك گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ، بۇنى گۈلىمخانغا نېمە دەپ چۈشەندۈرىدۇ؟

— گۈلىمخان، توختا، قاياققا كېتىۋاتىسەن؟ — بوستون

ھاسىرغىنىچە ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى، ــ توختا، گېپىمگە كىر، يۈر، ئۆيگە كېتەيلى ...

گۈگۈم ۋاقتى بولۇپ، كۈن تېخى يورۇق ئىدى، ئاستا ئېسىپ كېلىۋاتقان گۈگۈم قاراڭغۇلۇقىدا تاغلار ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گۈلسىخان ئۇنىڭغا ئۆرۈلۈپ قارىدى، شۇ چاغدا بوستونغا بۇ جۇۋاندىن قايغۇ ـ ئەلەم يېغىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. گۈلسىخان خۇددى سۈزۈك سۇ ئاستىدا تۇرۇپ قاراۋاتقاندەك قىلاتتى، چىرايى ئۆزگىرىپ، قىپقىزىل كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىنى كۆرۈپ، بوستوننىڭ داد ـ پەرياد سالغۇسى كەلدى، مۇڭلۇق ـ دەردلىك ھالىدىن يۈرىكى ئېزىلدى. تېخى ئاخشاملا گۈللەپ ـ ياشناپ تۇرغان ئەمەسمىدى بۇ جۇۋان؟ بوستون ئۇنىڭ ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قېچىپ كېتىۋاتقىنىغا، ئۇچىسىدىكى يېپەك كۆڭلىكىنىڭ كۆكرىكى ئۈستىگە يىغىلىپ قالغىنىغا، يېڭىلا قارا مەسىسى ماتەم ئۈچۈنلا كىيىلگەندەك بولۇپ تۇرغىنىغا، چاچلىرى بولسا ھازىدار ئاياللارنىڭكىدەك ئۆرۈلگەنلىكىگە زادىلا چىدىيالماي، كۆكسىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتكۈسى كېلەتتى.

ــ قاياققا، قاياققا كېتىۋاتىسەن گۈلسىخان؟ ــ دېدى بوستون ۋە ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قولىدىن تۇتتى.

ــ مەن داۋانغا، ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن، ــ دېدى گۈلسىخان ئاللىقانداق پەرىشان ئاۋاز بىلەن.

بوستان: «ھوي ـ ھوي، ئەقلىڭ جايىدىمۇ؟ ئۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ قانداق يېتىپ بارىسەن؟ بۇنداق نېپىز كۆڭلەكتە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شامدەك قېتىپ قالىسەنغۇ؟» دەپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

ــ ھازىر بولمايدۇ، كېچە بولۇپ قالدى، گۈلسىخان. باشقا بىر چاغدا بارارسەن، ئۇ جاينى ساڭا ئۆزۈم كۆرسىتىمەن. ھازىر ئۇنداق قىلما، يۈر ئۆيگە، قىزلىرىڭ قورقۇپ يىغلىشىۋالـ

تىندۇ، ئارزىگۈل خاتىرجەم بولالمايۋاتىدۇ، ۋاقىت كېچ بولۇپ قالدى، يۈر ئەمدى، گۈلىمخان، ئۆتۈنۈپ قالاي.

گۈلىمخاننىڭ قەددى ئەم ـ ئەلەم دەستىدىن پۈكۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ زادىلا ئېغىز ئاچمايتتى.

ــ ئۆزىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ ــ ھەسرەت بىلەن شىۋىرلىدى گۈلىمخان بېشىنى چايقاپ، ــ قانداق قىلاي، ئۇ يالغۇز قالدى، قانداق قىلاي، ئۇنى ئوراپ ـ كېپەنلەپ، ھازا ـ ماتەم تۇتۇپ يەرلىكىگە قويالىدىم؟ مازار پۈتۈلمەپتىكەنمۇ پېشانىمىزگە؟

بوستون ئۇنىڭغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيتتى. ئۇ مالچىلار يازدىمۇ، قىشتىمۇ يۈتىدىن چۈشۈرمەيدىغان بېرزېنت ئۆتۈكتە، بويىنىدا لۆڭگە، بەستلىك يەلكىلىرىگە ئېسىۋالغان مايكىسى چۈشۈپ كەتكەن ھالدا گۇناھكارلارچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئايالىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئامالسىز ــ دە، بىچارە. ئۇ بۇ جۇۋاننىڭ يوقاتقان نەرسىسىنى ھەرقانداق نەرسە بىلەن ھېچقاچان تولدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ ئېرىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆزى ھاڭغا چۈشۈپ ياتالىغان بولسىدى، ئۇنى بىردەممۇ ئويلىنىپ تۇرماي ئادا قىلغان بولاتتى.

ئۇلار ئۆز خىياللىرىغا چۆمۈپ جىم بولۇشتى.

ــ كەتتۇق، ــ دېگىنىچە بوستون گۈلىمخاننى قولىدىن تۇتتى، ــ بىز ئادەملەر ئېرىنەزەرگە پاتىھە قىلىپ كېلىدىغان جايدا بولۇشىمىز كېرەك، ئۆيدە بولۇشىمىز كېرەك.

گۈلىمخان بېشىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويدى. قايغۇ ـ ھەسرىتىنى ئۆز دادىسىغا تۆكۈۋاتقاندەك ئېسەدەپ يىغلاپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئۆكسۈشلىرىنى بېسىپ، تىنماستىن نېمىلەرنىدۇر ھەپ ھۆكرەپ پىچىرلايتتى. بوستون ئۇنى يۆلە

ۋالدى. ئۇ ئىككىسى بىللىلىشىپ يىغلاپ، قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈپ ئۆيگە قايتتى. تەكشى ئېچىلىپ كەتكەن تاغ گۈللىرىنىڭ ئۆتكۈر پۇراقلىرى قاپلاپ كەتكەن جىمجىت ياز ئاخشىمى ئاخىرلاشماقتا ئىدى. ئېرنەزەرنىڭ قىزلىرىنى يېتىلىۋالغان ئارزىگۈل ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاياللار بىر - بىرىنى كۆرۈپ، يەنە قۇچاقلاشتى ۋە ئۇزاق ئايرىلىشتىن كېيىن يەنە تېپىشقاندەك ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكتى...

ئارىدىن يېرىم يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئارزىگۈل رايون دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالغان، گۈلمىخان بولسا، كۆل بويىدىكى بېلىقچىلار يېزىسىغا كۆچۈپ كەتكەنىدى. بوستون ئاشۇ كېچىنى ئەسلىدى. ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھېسسىياتلىرىنى باسالماي، كۆزىنىڭ ئالدىنى تۇمان قاپلىدى.

بوستون شىپاخانىدا ئايالى ياتقان كارىۋاتىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن سولغۇن چىرايىغا ئېچىنىپ تەلمۈرەتتى. كۈزنىڭ ئىللىق كۈنى بولۇپ، شىپاخانىدىكى باشقا كېسەللەرنىڭ كۆپچىلىكى ھويلىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى، شۇ چاغدا ئارزىگۈل گەپ ئېچىپ قالدى:

— سىزگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ سۆزلىرىنى ئالدىرىماستىن سۆزلەپ، ئارزىگۈل كۆزلىرىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ئېرىگە قارىدى. بوستون شۇ كېچىسى ئۇنىڭ تېخىمۇ سارغىيىپ، ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى.

— قۇلىقىم سىزنىڭدە ئارزىگۈل، نېمە دېمەكچىدىڭ؟ — مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى بوستون.

— سىز دوختۇر بىلەن سۆزلەشتىڭىزمۇ؟

— سۆزلەشتىم. ئۇ دەيدۇكى ...

— ئالدىرىماڭ. نېمە دېگەن بولسا دېگەنىدۇر، سىزگە شۇنى دېمەكچىدىمكى...

www.uyghurkitap.com

بۇ سۆزلەردىن بوستوننىڭ يۈرىكى كەينىگە تارتىشىپ كەتتى. ئۇ يانچۇقىدىن قول ياغلىقىنى چىقاردى ـ دە، تەر بېسىپ كەتكەن ماڭلىيىنى سۈرتتى.

— بەلكىم ھازىر ھاجىتى يوقتۇر. ئاۋۋال تۈزەلگىن، ئاندىن گەپ بولسا قېچىپ كەتمەس، — بوستوننىڭ بولىدىغان گەپنى كەينىگە تارتقۇسى كەلدى. لېكىن ئايالىنىڭ قاراشلىرىدىن گەپنى كېيىنگە قالدۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى سەزدى.

— ھەممە نەرسىنىڭ ئۆز مۆرىتى بار، — قېنى قاچقان لەۋلىرىنى زورمۇزور مىدىرلاتتى بىمار، — بۇ يەردە ئوبدان ئويلاندىم. دوختۇرخانىدا ئويلاشتىن باشقا ئىشىمۇ يوق ئىكەن. سىز بىلەن ياخشى ئۆمۈر كەچۈردۇق، ئۆز تەقدىرىمدىن رازىمەن. خۇدانىڭ قەھرىنى كەلتۈرۈپ نېمە قىلىمىز. بالا كۆردۇق، ئۇلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، دەس تۇرغۇزدۇق. ئەمدى ئۇلار ئۆز ئەقلى بىلەن ياشاۋېرىدۇ. بالىلىرىمىز توغرۇلۇق تېخى يەنە ئالايىتەن پاراڭلىشارمىز. لېكىن سىزگە ئېچىنىمەن، سىزگە كۆزۈم قىيمايدۇ. سىز ئادەملەر بىلەن ئوبدان چىقىشىپ كېتەلمەيسىز، تەدبىرلىك ئەمەسسىز، ھېچكىمگە يېپىشىپ ـ يالۋۇرمايسىز، باش ئەگمەيسىز، يېشىڭىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مېنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىزنى خەقلەردىن قاچۇرۇپ يالغۇز يۈرمەڭ. نەزىر ـ چىرىغىم تۈگىگەندىن كېيىن يەنە نېمە قىلىشىڭىزنى ئويلاپ بېقىڭ. مېنىڭچە بولغاندا، يالغۇز ياشىشىڭىزنى خالىمايتتىم. پەرزەنتلىرىڭىز ئۆزلىرىدىن ئاشمايدۇ.

— قويساڭچۇ. شۇ گەپلەرنى، — دېدى بوغۇلۇپ بوستون، — باشقا گەپ تېپىلمامدۇ بىزگە؟

— ياق، بۇنى گەپلەشمەي بولمايدۇ! باشقا دەيدىغان نېمىمىز بار؟ ئۆلۈم ئالدىدا بۇلارنى بىر ـ بىرىمىزگە دېمەكتىن باشقا ئىلاج يوق. ئۆلگەندىن كېيىن گەپلەشكىلى بولمايدىغۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ يەردە تەلمۈرۈپ يېتىپ سىزنى ۋە ئۆزۈمنى ئويلىدىم. گۈلسىخان يېنىمغا دائىم كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۇ بىزگە يات ئادەم ئەمەس. تەقدىرنىڭ قىسمىتى بىلەن، كىچىك بالىلىرى بىلەن يالغۇز قالدى، ياخشى ئايال. سىزگە مەسلىھەتىم شۇ، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىڭ، ئۆزىڭىز بىلىسىز. سىزگە ئۆگىتىشنىڭ ھاجىتى يوق. ھەر كىمنىڭ تەقدىرى باشقا - باشقا. كۆزۈم يۇمۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇشۇ گەپلىرىمىزنى دەڭ ... خۇدايىم بۇيرۇسا، مېنىڭ دېگىنىمدەك بولۇپ قالار. ھەر ھالدا ئېرنەزەرنىڭ بالىلىرى ئاتىسىز قالمايدۇ ...

ئىسسىق كۆلگە كەلگۈچىلەر ئىسسىق كۆللۈكلەرگە، كۆل بويىدا ياشاپ، كۆلنى كۆرمەي ئۆتۈشىدۇ، دەپ ھەزىل قىلىشىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ زادى ۋاقتى چىقمايدۇ. مانا، بوستونىڭمۇ نە زامانلاردىن بېرى كۆل ياقىسىغا ئەمدى كېلىپ تۇرۇشى، مۇشۇ كەمگىچە كۆلگە يىراقلاردىن كۆز قىرى چۈشكەن، خالاس.

بۇ قېتىم ئۇ كەچكە يېقىن كېسەلخانىدىن چىقىپ، ئۇدۇل كۆل بويىغا قاراپ ماڭدى. تاغلار ئارىسىدىكى زۇمرەتتەك ئايدىڭدا يالغۇز ئايلانغۇسى كەلدى. بوستون شامالنىڭ كۆل يۈزىدە ئاپئاق دولقۇنلارنى خۇددى يەر ھەيدىگەندەك راۋان مەۋجلەندۈرۈپ قوغلاپ يۈرگەنلىكىگە ئۇزاق تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆكسىدىن يىغا ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ئىسسىق كۆل قوينىغا ئېتىپ ئۆلتۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ياشىغۇسى كېلەتتى ھەم كەلمەيتتى ... ئۇنىڭ خىيالى خۇددى مانا شۇ بۇژغۇنلاردەك بىردەم كۆتۈرۈلۈپ، بىر دەم پەسىيەتتى، سۇ دولقۇنىغا، دولقۇن سۇغا ئايلانغاندەك بولاتتى...

* * *

بۆرىلەر بوستوننى يەنىلا ئۆز ھالىغا قويىمىدى. ئۇلار قورۇ ئەتراپىدا تىنىم تاپماي ھۇۋلاپ، ئاخىرى، ئۇنى ياتقان يېرىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى، لېكىن ئۇنىڭدىن سەل بۇرۇن كەنجەش ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، يىغلاشقا باشلىدى. بوستون ئوغلىنى ئۆزىگە يېقىن تارتىپ، قۇچاقلاپ، باغرىغا بېسىپ بەزلەشكە تۇردى:

— كەنجەش، ھاي، كەنجەش! مانا، مەن يېنىڭدىمەن. نېمە دەيسەن، تەنتەكىم! ئەنە، ئاپاڭمۇ مۇشۇ يەردە، ئەنە كۆرۈۋاتامسەن؟ نېمە بېرەي، ئېيتقىن! چىراغنى ياقايمۇ ـ يا؟ مۈنچىلىك قورقمىغىن، مۇشۈكلەر مىياۋلىشىۋاتىدۇ، مۇشۈك شۇنداق مىياۋلايدۇ.

گۈلسىخانىمۇ ئويغىنىپ، بالىسىنى ئەركىلىتىپ بەزلەشكە كىرىشتى، لېكىن بالىنىڭ قارغىشلىقى تۈگىمىدى. چىراغنى يېقىشقا توغرا كەلدى.

— گۈلىم، — دېدى بوستون ئىشىك تەرەپكە ماڭغاچ، ئۇ چىراغنى ياقسەن دەپ، ئورنىدىن تۇرغانىدى، — ئۇلارنى قورقۇتۇپ قويمىسام بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى.

— سائەت قانچە بولدى؟

بوستون سائەتكە قارىدى.

— يىگىرمە مىنۇت كەم ئۈچ.

— مانا، كۆردىڭىزمۇ، — دېدى نارازى بولۇپ گۈلسىخان، — سائەت ئالتىدە يەنە تۇرمىسىڭىز بولمايدۇ. ئۇنداق قىلىسىڭىز بولامدۇ؟ بۇ قۇرۇپ كەتكۇر ئەكبەرە بىزنى سارالڭ قىلىپ قويىد

دىغان ئوخشايدۇ. نەدىن يېپىشتى بىزگە بۇ بالا - قازا؟!

— ئۆزۈڭنى باسقىن. قانداق قىلىمىز ئەمدى؟ مەن بىردەمدىلا قايتىپ كېلىمەن. سەن قورقما. چېنىمىزغا تازىمۇ تەگدى - دە، بۇ بۆرە. ئىشىكنى سىرتىدىن ئىلىپ قويىمەن. خاتىرجەم بول، ئۇخلاۋەر.

ئۇ يالىڭاياغ پۇتىغا ئالدىراش كىيىۋالغان بېرېزىنت ئۆتۈكنى تورۇكلىتىپ، دېرىزە ئالدىدىن ئۆتتى. بوستون قانداقلا بولمىسۇن بۆرىلەرنى تاپىمەن دەپ قەسەم قىلغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ، ئىتلارنى چاقىرىشقا باشلىدى، ئۇلارنى يامان سۆزلەر بىلەن تىللىدى. قۇتراپ كەتكەن بۆرىلەر ئۇنى چېنىدىن جاق تويغۇزغانىدى، شۇنىڭ ئەلىمىدە ئۇ ھەر نەرسىگە تەييار ئىدى.

ئۇ بۆرىلەرگە ھېچقانداق ياردەم بېرەلمەيتتى. ئۇلارنى ئۈچرىتىپ قالسا، ئېتىپ تاشلاشتىن باشقا چارىسى قالمىغانىدى. ئۇ يېرىم ئاپتومات مىلتىقىنى ھازىرلاپ قويغانىدى.

لېكىن ئۇ بۆرىلەرنى ئۈچرىتالمىدى. ئاندىن دۇنيا كۆزىگە قاراڭغۇ كۆرۈنۈپ، ئۆيىگە قايتتى. لېكىن زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، قاراڭغۇدا خېلىغىچە تولغىنىپ ياتتى، مېڭىسىنى ئەنسىز، دەردلىك خىياللار چولغىۋالغانىدى.

ئادەم ئۇيقۇسى قىلچقاندا نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ دەيسىز؟ ئۇ ۋىجدانەن ئىشلەش يىلدىن يىلغا قىيىن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ھازىرمۇ ئادەملەردە، بولۇپمۇ ياشلاردا ئار - نومۇس قالمىغانلىقىنى ھەممىدىن كۆپرەك ئويلايتتى. ھازىر ھېچكىم گەپكە كىرمەيدۇ. ھەممە ئادەم ھەممىدىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ پايدىسىنى كۆزلەيدۇ. ۋەھالەنكى، مەشھۇر چۇ قانىلى قۇرۇلۇشىدا ئادەملەر مەملىكەتنىڭ ھەممە بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېلىپ، ھەتتا پۇل - مائاش ئالماي ئەمگەك

قىلغان ئەمەسمىدى؟ مانا ئەمدى بۇنىڭغا ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، چۈچەك ئېيتىۋاتامسىز، شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ زادى؟ دەيدۇ. ھازىر ھېچكىم، بوينىغا ئارغامچا سالسىڭىزمۇ، ئۆلسىمۇ مالچى بولىمەن، دېمەيدۇ. ھەممىسى بۇنى بىلىدۇ، لېكىن بىلمىگەنگە سېلىپ يۈرىدۇ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلار دەپ قويۇشىدۇ. ئوچۇقىنى ئېيتىدىغان بولسىڭىز، تۆھمەت قىلىۋاتىسىز، دەپ يۈز - كۆزىڭىزنى ئاچۇرمايدۇ. كىمنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتىسىز، دېيىشىدۇ! كېيىن ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېچكىمنىڭ جىددىيرەك باش قاتۇرغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ دىلىغا تەسكىن، كۆڭلىگە ئارام بېرىدىغان بىردىنبىر نەرسە بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، گۈلسىخان، ئاتىمۇ ئارام ئالىدۇ، ئىتىمۇ ئارام ئالىدۇ، سىزلا ئارام ئالمايسىز. ئەتىدىن - كەچكىچە قوي - قوزىلاردىن بوشىيالمايسىز، دەپ زادىلا تەنە قىلمىغان ۋە يۈزىگە سالمىغانىدى. قويلارنى كۆزدىن بىردەممۇ قاچۇرغىلى بولمايدۇ، ئۇلارنى توختىتىپ قويغىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇ دېگەن كېرەك چاغدا كۆتۈرۈپ لازىم بولمىغاندا تاشلاپ قويىدىغان تۆمۈر ھاسا ئەمەس، قويلارغا كېچە - كۈندۈز كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرمىساڭ چاتاق چىقىدۇ. قىرىشقاندەك، نەگىلا قارىساڭ، كۈچ يېتىشمەيدۇ. ھالبۇكى، ئادەم يوق ئەمەس، بار، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىشلىگۈسى كەلمەيدۇ. نېمىشقا شۇنداق؟ ئەمگەكسىز ياشىغىلى بولمايدىغۇ، ئەمگەكسىز ھايات ھالاكەت. ئېھتىمال، پۈتۈنلەي باشقىچە ياشاش ۋە ئىشلەش كېرەكتۇ؟ بەلكى ھەممە گەپ شۇنىڭدىدۇر؟ يەنە ئەڭ ئېغىر مەسىلە — تۆل ئالغۇچىلار. تۆل ئېلىش باشلانغاندىن كېيىن، پونكىتلاردا قوزىلارغا قارايدىغان تۆل ئالغۇچىلار لازىم. خوش، نەدىن تاپىسەن بۇ تۆل ئالغۇچىلارنى؟ ياشلار بۇ ئىشنى خالىمايدۇ. تۆل ئالغۇچىلار ئەتىدىن - كەچكىچە كۆز يۇمماي قو-

زىلاردىن خەۋەر ئېلىشى كېرەك. بۇ ئىشنى قورقۇپ ئەمەس، ھالاللىق بىلەن ۋە ۋىجدان بىلەن بىجىرمىسە بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۆل ئېلىشقا ياشلارنى زورلاپمۇ كۆندۈرەلمەيسىز. ھازىرقى ياشلار سۈيدۈك - ماياق كېچىپ، چەت - ياقا جايلاردا كۈن كەچۈرۈشنى خالىمايدۇ. تۆل ئالغۇچىلار قانچىلىك ھەق ئالالايدۇ دەيسىز. ۋەھالەنكى، شەھەردىكى زاۋۇت - فابرىكىلاردا سەككىز سائەت ئىشلەيدىغان قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەربىرى ئۇلارغا قارىغاندا خېلى كۆپ پۇل تېپىشى مۇمكىن. «بىز قاندىقلارچە كۆپرەك پايدا چىقىدىغان يەردە ئەمەس، ئۆمۈرۋايەت ئىشچى كۈچى كۆپرەك كېرەك بولىدىغان جايدا ئىشلەپ قېلىشىدۇقكىن - تاڭ؟ مانا ئەمدى ياشلار ئىشنى قولغا ئالىدىغان پەيت كەلگەندە، ئۇلار ھېچ نەرسىگە يارىماي قېلىۋاتىدۇ، ئۇ نېمىلەردە يا ئار - نومۇس، يا ۋىجدان بولسا» دەپ خاپا بولۇشىدۇ قېرىلار. ئەۋلادلار ئوتتۇرىسىدا ئۇقۇشماسلىق ۋە ياتسىراش پەيدا قىلغان مانا شۇ توقۇنۇش قايسى زامانلاردىن بېرى ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئۆرتەپ كېلىۋاتىدۇ. بوستون يەنە ھېلىقى گېپىنى ئەسلىدى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان ۋەئويلىنىپراق سۆزلىمىگەنىدى، ئادەم دېگەن ئۆزى ئۈچۈن ئىشلىگەندەك ئىشلىسۇن، دېگەنىدى. ئۇ باشقىچە يولنى تاپالمايتتى. ھەممە ئادەم ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىن مەنپەئەتدار بولۇشى سۇ ۋە ھاۋادەك زۆرۈر، دەپ ھېسابلايتتى. بوستون، ئىش ھەققى ئىش نەتىجىسىگە قاراپ بېرىلىشى كېرەك، ھەممىسىدىنمۇ مۇھىمى، مالچىنىڭ ئۆز يېرى بولسۇن، ئۇلار شۇ يېرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرسۇن، ياردەمچىلىرىم ۋە بالا - چاقىلىرىمۇ شۇ يەرنى دەپ تەر تۆكسۇن، ئەكسىچە بولغاندا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ، دەپ نەچچە قېتىملاپ ئېيتقانىدى.

پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قوچقارباييۇ ئۇنىڭغا يەنە ئادەتتىكىدەكلا رەددىيە بەردى. سوۋخوزدىكىلەر قوچقاربايېۋنى «گېزىت ئادەم» دېيىشەتتى. ئۇ دىرېكتور ئۈستىلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بوستونغا ياندىشىپ ئولتۇراتتى. غەشلىكى تۇتۇۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ قاش - قاپىقى سىلىنغانىدى، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن بىردەم - بىردەم گالستۇكىنى تۇتۇپ، تۈزەپ قويۇپ بوستونغا ئالىيىپ قىيا نەزەر تاشلايتتى. سوۋخوز دىرېكتورى چوتبايېۋ قوچقاربايېۋنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن يىللار بىللە ئىشلەپ، ئۇنىڭ پۈكۈلمەيدىغان، ئوتتا كۆيمەيدىغان، سۇدا چۆكمەيدىغان بىر قېتىم ۋە ئۆمۈر بويى يادلىۋالغان سەپسەتىسىنىڭ مەنتىقىسىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىۋالغانىدى: ئۇنىڭ سەپسەتىسى بويىچە بولغاندا، بوستون ئۇركۇنچىيېۋ يېڭىچە شەكىلدىكى كۇلاك ۋە ئەكسىلئىنقىلابچى ئىدى، يەنى ئۇۋۇسىدىن چىقىپ، ھەممىنى يولىدىن ئازدۇرماقچىدى. تۇرمۇش ئۇنى يوقاتماقچى بولۇپ، نەچچە قېتىم ياتقۇزۇپ قويدى، ئۇ بولسا، ھامان ئۆزىنىڭ دېگىنىدىن يانمىدى. بۇرۇنقى زامانلار بولغان بولسا، ئۇنى يىراقىراق بىر جايغا ھەيدەپ كۆزىدىن نېرى قىلغان بولسا...

شۇ كۈنكى ئىشلەپچىقىرىش يىغىنىغا رايكومنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىدىن كەمتەر بولغان يېڭى رەھبىرىمۇ قاتناشقانىدى، «بېرىلىك»نىڭ خەلقى ئۇنى تېخى ياخشى تونۇمايتتى. ئۇ سۆزلىگۈچىلەرنىڭ سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى ۋە ھەممىسىنى خاتىرە دەپتىرىگە خاتىرىلەپ ماڭماقتا ئىدى. چوتبايېۋ قوچقاربايېۋ رايكومنىڭ يېڭى خادىمى ئالدىدا ئەلۋەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ھەرىكەت قىلىدۇ، دەپ تەخمىن قىلىشقانىدى. ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى. بوستون سۆزىنى تۈگەت-

كەتكەندىن كېيىن، قوچقارباييۋ ئىككى ئېغىز سۆزۈم بار ئىدى، دەپ ئىجازەت سورىدى. ئۇ سايراپ كەتتى، بەئەينى گېزىتلەردە يېزىلغىنىدەك سۆزلەيتتى، ئەسلىدە ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىمۇ ئەنە شۇنىڭدا ئىدى.

— قاچانغىچە، يولداش ئورگۇنچىيېۋ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ بوستونغا ھەرقاچانقىدەك رەسمىي تۈردە «سىز»لەپ، — قاچانغىچە شۇبھىلىك تەكلىپلىرىڭىز بىلەن ئادەملەرنىڭ يۈرىكىگە ۋەسۋەسە سالىسىز؟ سوتسىيالىستىك كوللېكتىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولۇشىنى تارىخ ئاللىقاچان بەلگىلەپ بەرگەن. سىز بولسىڭىز مالچىنى خوجايىنغا ئايلاندۇرماقچى بولۇۋاتىسىز. كىم بىلەن ئىشلەيدۇ، كىم بىلەن ئىشلىمەيدۇ، كىمگە قانچىلىك ھەق بېرىدۇ، ھەممىسىنى ئۆزى ھەل قىلسۇن دەۋاتىسىز. بۇ قانداق بولغىنى؟ بۇ بىزنىڭ تارىخىمىزغا، ئالەمشۇمۇل ئىنقىلابىي غەلبىلىرىمىزگە ھۇجۇم قىلغانلىقتىن، توغرىراقى، تاجاۋۇز قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. سىز ئىقتىسادنى سىياسەتتىن ئۈستۈن قويماقچىسىز. سىز ئاشۇ قوشىڭىزنىڭ تار مەنپەئەتىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىۋاتىسىز. سىزدىكى مەسىلىنىڭ تۈگۈنى مانا شۇنىڭدا. بىراق، قوشنىڭ كەينىدە رايون تۇرۇپتۇ، ئوبلاست، مەملىكەت تۇرۇپتۇ! سىز بىزنى نەگە باشلىماقچى بولۇۋاتىسىز؟ ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ سوتسىيالىستىك پرىنسىپلىرىدىن ۋاز كەچۈۋېشكىمۇ؟

زەردىسى قايناپ كەتكەن بوستون ئورنىدىن تۇردى:

— ھېچكىمنى ھېچ ياققا باشلىماقچى ئەمەسمەن. مەن بۇنى تولا سۆزلەپ ھاردىم. ھېچكىمنى ھېچ ياققا باشلاۋاتقىنىم يوق. ئوبلاستتا نېمە بولۇۋاتقانلىقى، ئۇنىڭدىن نېرى مەملىكەتتە نېمە بولۇۋاتقانلىقى، دۇنيادا نېمە بولۇۋاتقانلىقى بىلەن مېنىڭ

كاردىم يوق، مەن دېگەن ئاددىي بىر مالچى، مېنىڭكىسىزمۇ ئاتقىلالار جىق. مېنىڭ ئىشىم پادا بېقىش. ئەگەر پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقى نىڭ مېنىڭ چارۋا ھەققىدىكى پىكرىمنى بىلگۈسى كەلمىسە، مېنى ئىشتىن قويۇپ، مۇنداق يىغىنلارغا چاقىرىپ نېمە قىلىدۇ؟ تاققا – تۇققا گەپلەر بىلەن ئىقىم كېلىشمەيدۇ. ئېھتىمال، بۇنداق گەپلەر بەزىلەرگە كېرەكتۇر، لېكىن ئۇلارغا مېنىڭ ئەقلىم يەتمەيدۇ. يولداش دىرېكتور، بۇنىڭدىن كېيىن مېنى چاقىرماڭ! نېمە قىلىسىز مېنى ئىشتىن قويۇپ؟ لازىمى يوق ماڭا مۇنداق يىغىنلارنىڭ!

— ھە، نېمە دەۋاتىسىز، بوستون؟ — چوتباييۋ ئولتۇرغان ئورنىدىن ئوڭايسىزلىنىپ قىمىرلىدى، — سىز سۆۋخوزنىڭ ئەڭ ياخشى، ئىلغار مالچىسى، تەجرىبىلىك ئادىمى. بىز سىزنىڭ پىكرىڭىزنى بىلىشنى خالايمىز، شۇنىڭ ئۈچۈن چاقىرىمىز.

— سەن مېنى ھەيران قالدۇرۇۋاتىسەن، دىرېكتور، — دېدى بوستون راستىنلا قېنى قىزىپ، — ئەگەر مەن ئىلغار بولسام، ئىلغارلىقنى قولغا قانداق كەلتۈرگەنلىكىم ھەممىدىن ساڭا ياخشى مەلۇمغۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا غىڭ قىلمايسەن؟ بىر نەرسە دەي دېسەم، قوچقارباييۋ ئاغزىمنى ئاچار-ئاچمايلا تۇۋاقلاپ قويىدۇ، خۇددى تەپتىش ئەمەلدارلىرىدەك ھەر بىر ئېغىز سۆزۈمدىن قۇسۇر تاپىدۇ، دىرېكتور، سەن بولساڭ، بۇلارنىڭ ئۆزۈڭگە ئالاقىسى يوقتەك، ھېچ نەرسە بولمىغاندەك گەپ قىلمايلا ئولتۇرىسەن.

— ئالدىرىماڭ، شاشماڭ، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى چوتباييۋ.

دىرېكتور راستىنلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويىدى. ئۇ تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى. بۇ نۆۋەت ئەمدى بوستون بىلەن قوچقارباييۋنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىتەرەپ تۇرغىلى بولمايتتى. راي-

كوم خادىمىنىڭ ئالدىدا دىرېكتور مەلۇم بىر نۇقتىدا تۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ «كېزىت ئادەم» قوچقارباييېۋ بىلەن زادىلا غىدىڭ - پىدىڭ قىلغۇسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ سەپسەتىسىنى - نى كۆپچىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى مۇمكىن، قارىغۇلارچە قىرائەتخانىلىقىنى ئىش ئۇسلۇبىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلارنىڭ ئىچىدە قوچقارباييېۋ ھەرھالدا يالغۇز ئەمەسقۇ. قوچقارباييېۋ بۇ قېتىممۇ مۇھاكىمىنى قەستەن جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، ھە دېگەندىلا مالچىنى «غەلىبىلىرىمىزگە تاجاۋۇز قىلدى» دەپ ئەيىبلىدى. خوش، شۇنداق ئىكەن ئۇنىڭغا كىم قارشى چىقالايدۇ؟ لېكىن قانداقلا بولمىسۇن، ۋەزىيەتكە باقماي بولمايتتى.

— ئالدىرىماڭ، شاشماڭ، بوستون، قايىنماڭ، — دېدى دىرېكتور ئورنىدىن تۇرۇپ بېرى چىقتى، — يولداشلار، كېلىڭلار، مەسلىھەتلىشىۋالايلى، — دېدى ئۇ يىغىندا چوتبايېۋ تەرەپدارلىرىنى قانداق قىلىپ مۇرەسسەگە كەلتۈرسەم بولىدىكىن، دەپ باش قاتۇرۇپ. ئەلۋەتتە، بوستون ھەقلىق، لېكىن قوچقارباييېۋغا چاقچاق قىلغىلى بولمايدۇ. خوش، قانداق قىلىش كېرەك؟ — گېپىمىز نېمە توغرۇلۇق كېتىۋاتاتتى؟ — دەپ مۇھاكىمىگە چۈشتى دىرېكتور، — مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، مالچى دېگەن يالىنىپ ئىشلەيدىغان ئادەم ئەمەس، ئۇ قوش - قورۇ، يايلاقلارنىڭ ئىگىسى بولماقچى، ئۇ ئۆز نامىدىنلا ئەمەس، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرىگادىسى ۋە مالچى ئاغىنىلىرى نامىدىنمۇ سۆزلەۋاتىدۇ، بىز بۇنىمۇ ئېتىباردىن چەتتە قالدۇرماسلىقىمىز كېرەك. مېنىڭچە، ئۇنىڭ گېپىدە گەپ بار. مالچىلار ئەترىتى بىزنىڭ ئەڭ كىچىك ئىقتىسادىي بىرلىكىمىز ھېسابلىنىدۇ. ئىشنى شۇ يەردىن باشلاش كېرەك. مېنىڭ قارىشىمچە، ئوركۈنچىيېۋ ھەممىنى ئۆز قولىغا ئېلىۋالماقچى، جۈملىدىن، مال - ۋاران، يايلاق، يەم - خەشەك، توتان - قورۇ

قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ قول ئاستىغا يىغىماقچى. ئۇ ئەترەت ھېساباتىنى يولغا قويىمەن دەيدۇ. ئۇ ھالدا ھەر بىر ئادەم قولىۇم - قوشنىلىرى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزى ئۈچۈن ئىشلەپ، قانچە ھەق ئىلىشقا توغرا كەلسە، شۇنچە ھەق ئالىدۇ. مەن ئورىكۇنچىيېۋنىڭ تەكلىپىنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىمەن. بۇنى ئويلاپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ، جانتاي ئىشانوۋىچ، — دېدى دىرېكتور پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقىغا.

— مەن بولسام، سىز بىلەن بىللە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان سوۋخوزنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقى سۈپىتىم بىلەن، يولداش چوتبايېۋ، بۇنى باشقىچە چۈشىنىمەن. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشتا خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك روھىي ھالىتىنى رىغبەتلەندۈرۈش، كىم ئىكەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ھېچكىمگە ياراشمايدىغان ئىش، بولۇپمۇ ئىگىلىك رەھبىرىگە، — قوچقارباييېۋ ئاۋازىغا تەنتەنىلىك تۈس بېرىپ، دىرېكتورنى ئەيىبلىدى.

— لېكىن ئىشىنىڭكى، ئىشىمىزنىڭ مەنپەئىتى شۇنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — ئۆزىنى ئاقلاشقا كىرىشتى دىرېكتور، — ھازىر ياشلار مالچى ئەترەتلىرىدە ئىشلەشنى خالىمايۋاتىدۇ...

— دېمەك، بىزدە تەشۋىق - تەرغىبات ئىشلىرى ياخشى ئېلىپ بېرىلمايۋاتىدۇ، ياشلارغا پاۋلىك موروزوۋ ۋە ئۇنىڭ قىرغىز بۇرادىرى كىچان جاقىپوۋنى ئۇنتۇماسلىق ھەققىدە تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك.

— بۇنىسى ئەمدى سىزنىڭ ئىشىڭىز. يولداش قوچقارباييېۋ، — سۆز قىستۇردى دىرېكتور، — ھەممىسى ئۆز قولىڭىزدا. ئۇلارغا ئەسلىتىڭ، تەشۋىق قىلىڭ. سىزگە ھېچكىم توسقۇنلۇق قىلمايدۇ.

— ئەلۋەتتە تەشۋىقات ئېلىپ بارىمىز، سىز بۇنىڭدىن تەشۋىشلەنمەڭ، — دېدى بىلەرمەنلىك قىلىپ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، — پۈتۈن بىر يۇرۇش چارە - تەدبىرلەرنى ئويلىشىپ قويغان بىز. لېكىن ھەر قانداق نىقابقا كىرىۋالغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك خاھىشلىرىغا ئۆز ۋاقتىدا زەربە بېرىش تولىمۇ زۆرۈر. بىز سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلىنى كولاشقا يول قويمايمىز.

ھەددىدىن زىيادە جىددىيلىشىپ كەتكەن بۇ تالاش - تارتىشقا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، بوستون ئوركۇنچىيېۋنىڭ رايى قايتتى، گېلىغا ئىختىيارسىز ھالدا ئاللىقانداق قورقۇنچ تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ نېمە دېدى زادى؟ يىغىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، يەرگە بىراۋنىڭ قارىغۇلارچە يولىيورۇقى بويىچە ئەمەس، ئۆز ئەقلىم بويىچە ئىشلەشنى خالايمەن، دېگەن ئىستىكىنىلا بىلدۈردىغۇ.

— ھېچكىمگە ھېچقانداق قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىشكە ۋە يان بېسىشقا يول قويۇلمايدۇ، — سۆزىنى داۋاملاشتۇردى قوچقارباييېۋ، — سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىدا ھەممە ئادەم چىڭ تۇرۇشى كېرەك. مەن بۇنى، ئالدى بىلەن، يولداش ئوركۇنچىيېۋغا قارىتىپ دەۋاتىمەن. ئۇ دائىم ئۆزى ئۈچۈن قانداقتۇر ئالاھىدە شەرت - شارائىتلارنى تەلەپ قىلىپلا يۈرىدۇ.

— ماڭىلا ئەمەس، — ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى بوستون، — بۇنداق شەرت - شارائىتلار ھەممىلا ئادەمگە كېرەك، ئەنە شۇنداق قىلغىنىمىزدا ئىشلىرىمىز يۈرۈشۈپ كېتىدۇ.

— ئىشەنمەيمەن! ئۇمۇمەن، شەرت قويۇپ ئىشلەيمەن دېيىش قانداق گەپ ئۆزى؟ ئۇنى قىلىڭ، بۇنى قىلىڭ! دەيسىز، يولداش ئوركۇنچىيېۋ، ئۆز مال - ۋارانلىرىڭىز ئۈچۈن

شەخسىي يايلاقنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ، ئالامونگو داۋىنىدا ئادەم نابۇت قىلغىنىڭىز يەتمەمدۇ؟ يا سىزگە بۇ تېخى كەملىك قىلامدۇ؟

— گەپ قىلە، گەپ قىل! — بوستون ئاچچىقىغا پايلىماي قولىنى شىلتىدى. ئېرنەزەرنىڭ ھالاك بولغانلىقى توغرىسىدا مانا شۇنداق كەلسە - كەلمەس، بىپەرۋارلىق بىلەن قىلىنغان گەپ ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ، دىلىنى ئاغرىتقانىدى.

— نېمە گەپ قىل؟ گەپ قىل؟ نېمە، گېپىم خاتامۇ؟ — بوستوننى چېقىشۋالدى قوچقارباييۋ.

— ھەئە، خاتا.

— نېمىشقا خاتا بولىدىكەن؟ ئېرنەزەرنىڭ جەسىتى ھازىرغىچە داۋاندا توڭلاپ ياتمامدۇ؟ بەلكىم يەنە مىڭ يىل شۇ يەردە ياتار.

بوستون زۇۋان سۈرمىدى. يىغىندا بۇ ھەقتە گەپ ئېچىلغىنىغا ئۇنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئاغرىدى. لېكىن قوچقارباييۋ بولدى قىلاي دېمەيتتى.

— نېمىشقا گەپ قىلمايسىز، يولداش ئوركۇنچىيېۋ، — دېپ ئۇتقا ياغ چاچتى ئۇ، — ئۆزىڭىزگە شەخسىي يايلاق ئاچىمەن دەپ، داۋانغا يول ئالغان سىز ئەمەسمىدىڭىز؟

— ھەئە، يايلاق ئاچىمەن دېدىم، — كەسكىن جاۋاب بەردى بوستون، — لېكىن ئۆزۈم ئۈچۈنلا ئەمەس، كۆپچىلىك ئۈچۈن، جۈملىدىن سىنىڭ ئۈچۈنمۇ، قوچقارباييۋ، ئاچماقچى بولۇۋىدىم. چۈنكى سەن مېنى ئەمەس، مەن سېنى باقىمەن. ئەمدىلىكتە بولسا، سەن سۇ ئىچىدىغان قۇدۇقىڭغا تۈكۈرۈۋاتىسەن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — غەزەپلەندى قوچقارباييۋ، ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، — مەن ھەممىسى ئۈچۈن پارتىيە ئالدىدا قەرزدارمەن!

— پارتىيە سېنى باقىدىغان نەرسىنى نەدىن ئالىدىغانلىقىنى بىلەمسەن زادى؟ — ئۇنى چېقىۋالدى بوستون، — ئاسماندىن ئالىدۇ دەپ ئويلامسەن؟

— بۇ قانداق گەپ، ئادەم دېگەن ئاغزىغا كەلگىنىنى ۋالاقشىۋېرەمدۇ! — چىرقىراپ تاشلىدى قوچقاربايېۋ قوللىرى تىترىگەن هالدا گالستۇكىنى توغرىلىغاچ.

قاتتىق جاڭجال چىقىدىغاندەك تۇراتتى. قوچقاربايېۋمۇ، بوستونمۇ خۇددى ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىنغان ئادەملەردەك بىرى ئۈستەلنىڭ كەينىدە، يەنە بىرى تامنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئولتۇرغانلارنىڭ نەزەرىدە يەنە بىر ئازلا ۋاقىت ئۆتىدىغان بولسا، ئۇلاردىن بىرى يەرگە گۈپ قىلىپ يىقىلىدىغاندەكلا قىلاتتى. رايكومنىڭ ياش خادىمى ۋەزىيەتنى خېلىلا پەسەيتكەندەك بولدى.

— ئۆزۈڭلارنى بېسىۋېلىڭلار، يولداشلار، — دەپ زۇۋان سۈردى ئۇ تۇيۇقسىزدىنلا بىر چەتتە خاتىرە يېزىۋاتقان يېرىدىن، — مېنىڭچە، مالچى ئوركۇنچىيېۋ ئومۇمەن هەقلىق. ئەمگەكچىلەر، بىز ئۇلارنى كۆپىنچە ماددىي بايلىق ياراتقۇچىلار دەپ ئاتايمىز، ئۆز پىكرىنى ئېيتىشقا هوقۇقلۇق. لېكىن بۇنچىلىك ئاشۇرۇۋېتىش ئورۇنلۇق بولارمۇ؟

— هە، سىز بۇنى بىلمەيسىز تېخى، يولداش مامبېتوۋ، — قوچقاربايېۋ ئالدىراپ - سالدىراپ ئۇنىڭ سۆزىنى تارتىۋالدى، — ئوركۇنچىيېۋ قىلىۋاتقان دەۋالارنىڭ باش - ئايىغى يوق. مىسال ئۈچۈن ئالساق، نۆيغۇتوۋ بازارباي دېگەن بىر مالچى تاغدا بۆرە ئۇۋىسىغا ئۇچراپ قالغان. ئۇ بۆرىلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تۆت بالىسىنى ئۇۋىسىدىن ئېلىپ چىقىپ يىلتىز - پىلتىزى بىلەن قۇرۇتقان، ئەر يىگىتنىڭ ئىشىنى قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولغان دەڭ؟ مانا شۇ

ئۇركۇنچىيېۋ نۇيغۇتوۋنى تىنماستىن تەقىب قىلىشقا باشلىغان. ئالدى بىلەن سېتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان، نۇيغۇتوۋ، بىلەمسىز، ناھايىتى پرىنسىپچان ئادەم. بۇ ھۇنىرى ئۆتمىگەندىن كېيىن، ئۇركۇنچىيېۋ دوق قىلىش ۋە پوپوزا قىلىش يولىغا ئۆتكەن، نۇيغۇتوۋغا بۆرە بالىلىرىنى ئۆز جايىغا قايتۇر دەپ تۇرۇۋېلىۋالغان. يىرتقۇچلارنى كۆپەيتمەكچى بولسا كېرەك. نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، يولداشلار؟ بۇنى نىمە دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك؟ بەلكىم سىز، يولداش ئۇركۇنچىيېۋ، باشقا تەلەپلىرىڭىزنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆزىڭىزنىڭ شەخسىي بۆرىلىرىڭىزنىمۇ بېقىپ كۆپەيتمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ خۇسۇسەن ۋە شەخسەن سىزگە تېگىشلىك بۆرىلەر دەيلى. بەلكىم سوۋخوز تېخى سىزنى خىل بۆرىلەر بىلەن تەمىنلىشى كېرەكتۇر؟ ئۆز يېرىم دەيسىز، ئۆز چارۋىلىرىم دەيسىز، مانا ئەمدى، ئۆز بۆرىلىرىممۇ دەيدىغانسىز! شۇنداقمۇ؟ بۇنى قانداق چۈشەنگۈلۈك؟ بۆرىلەر كۆپىلەپ كۆپىيىۋەرسۇن، قوي - قوزىلار بوغۇلىۋەرسۇن. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە تايىنىپ كۈن كۆرىۋەرسۇن، دېگىنىڭىزمۇ بۇ؟

بوستون شۇ ئاردا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى، خېلىلا ۋەزمىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— بۆرىلەر توغرىسىدىكى ھەممە گەپلەر راست، لېكىن بىرلا يېرى، بۆرىلەرنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلكىگە چاڭ سېلىۋاتقانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.

يىغىن قاتناشچىلىرى ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى، بوستون ئارىلىقتىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ يەر بۆرىلەر توغرىسىدا گەپ ساتىدىغان جاي ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇلار توغرۇلۇق گەپ چىقىپ قالدى، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ دېيىدىغىنىمنى دەي. ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل-

پاراسەت بىلەن قىلغان تۈزۈك. شۇڭلاشقا ئەقىل بىلەن تۇغۇلغانىمىز. بەزىلىرىمىزدە پاراسەت كەمچىل، ماختانچاقلىق بولسا قاپ - قېپى بىلەن. مىسال ئۈچۈن، مۇشۇ بۆرە بالىلىرى ۋەقەسىنى ئالايلى. بۇ يەردە ئېيتىلغىنىدەك، بازارباي بۆرە بالىلىرىنى ئۇۋىسىدىن كۆتۈرۈپ چىققان، يەنىمۇ توغرىراقى، قاراقچىلاردەك ئوغرىلاپ ئەپكەتكەن. ئەمدى ئەتراپتا بولۇۋاتقان شاۋقۇن - سۈرەنگە قاراڭ، سەللا بولمىسا، ئۇنى قەھرىمانغا ئايلاندۇرۇپ قويىمىز. قەھرىمان بولسا، ئالدى بىلەن چوڭ بۆرىلەرنى يوقىتىشنى ئويلىشى، ئاندىن بالىلىرىنى جايلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ بولسا بۆرە بالىلىرىنى پاتراق پۇل قىلىشقا قىزىقىپ كەتتى. مانا ئەمدى ئېچىپ يۈرۈپتۇ. بازاربايدىن بۆرە بالىلىرىنى ماڭا بېرىشنى، يا بولمىسا سېتىپ بېرىشنى سورىدىم. بالىلىرىنى تۈزاق قىلىپ، چوڭلىرىنى قولغا چۈشۈرمەكچى بولۇۋىدىم. چۈنكى چوڭ بۆرىلەر بالىلىرىنى يوقىتىپ قويغاندىن كېيىن ھەددىدىن زىيادە قۇتراپ كەتتى. ئۇلارنى ئۆز ئەركىگە قويۇپ بەرگىلى بولمايتتى. قۇتۇرغان بىر بۆرە ئون بۆرىدىن يامانراق بولىدۇ، بۇنى سەل چۈشىنىش كېرەك ئىدى. قۇتۇرغان بۆرە ئۆچ ئالمىغۇچە تىنچىمايدۇ. بالىلىرى تارتىۋېلىنغان ئەكبەرە ۋە تاشچاپىنار دېگەن بۆرىلەرنىڭ ئەتراپتا قانچىلىك ۋەھشىيلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ھەممە مالچىلار بىلىدۇ. ئۇلار ئەمدى ھېچنېمىدىن يانمايدۇ، ئادەملەرگىمۇ ئېتىلىۋېرىدۇ، تەپ تارتمايدۇ. بەزى بىمەنە ئادەملەرنى ئىغۋاگەر دەپ ئاتايدىكەن، بۇنى گېزىت ۋە كىتابلاردا كۆرگەنىدىم. بازارباي دېگىنىمىز بۆرىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەنە شۇنداق ئىغۋا چىقاردى، ئۇلارنى قۇتراتتى، ھەممىمىزنىڭ بېشىنى غوۋغاغا سالدى. مەن ئۇنىڭ يۈزىگە توغرىدىن - توغرا سالغانىدىم، يەنە يۈزىگە سالىمەن: ئۇ تۇشقان مىجەز ئىغۋاگەرنىڭ ئىشىنى

قىلدى. سىنىڭمۇ، پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقى، نەق يۈزۈڭگە سالىمەن: مەن سىنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى چۈشەنمەيمەن. مانا، نەچچە يىلدىن بېرى بىزنىڭ سوۋخوزدا تۇرۇۋاتىسەن، لېكىن شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى گېپىزنت ئوقۇش ۋە ماڭا ئوخشىغان مالچى ـ چوپانلارنى قورقۇتۇشتىن باشقىنى بىلمەيسەن، بىزنى ئىنقىلابقا، سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى دەپ ۋارقىرايسەن، ئۆزۈڭ بولساڭ، ئىگىلىك ئىشلىرىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمەيسەن، تېگىگە يەتمەيسەن، بولمىسا مالچى ئادەمنى بۆرىلەرنى كۆپەيتمەكچى بولۇۋاتىسەن، دەپ ئەيىبلەپ ئولتۇرمىدىڭ. ئاتىسىغا لەنەت شۇ بۆرىلەرنىڭ. ئادەملەرنىڭ شىلىسىگە تۇتاھى يوق ئەيىبلەرنى ئارتىۋاتىسەن، لېكىن بۇنىڭغا مەيلى، ئەمما باشقا بىر ئەيىبىڭنىمۇ قويدۇڭ. يولداش قوچقارباييېۋ، مەن بۇنى جاۋابسىز قالدۇرالمايمەن. راست، ئېرنەزەر داۋاندا ھالاك بولدى. لېكىن بىزنى داۋانغا بېرىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە نېمە؟ ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولساق، شۇنداق قىلارمىدۇق؟ باشقا جاي يوقمىكەن بىزگە؟ پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقى، بىزنىڭ ئۇ ياقىقا نېمىشقا چىققانلىقىمىزنى، ياپلاقلار يېتەرلىك بولسا، جېنىمىزنى خەۋپ ـ خەتەرگە سېلىپ ئولتۇرمايدىغانلىقىمىزنى سەن ئويلاپ باققانمىدىڭ زادى؟ مۇشۇلارنى ئويلاپ باققانمىدىڭ زادى، پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقى؟ ياپلاق يوقلۇقى جېنىمىزغا بىر بالا بولدى، ھالىمىز كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەرلىشىپ كەتتى. مانا، دىرېكتور ئۆزىمۇ ئولتۇرۇپتۇ، ئۆزى دەپ باقسۇن، ئۇ ئەمدى دىرېكتور بولغان چاغلاردا قانداق ئوتلاق، ياپلاقلار بار ئىدى، ئۇ يەرلەردە ئوت ـ چۆپ دېگەن ئادەم بېلىدىن ئېشىپ تۇراتتى، ئەمدىچۇ؟ ھەممە ياق قۇرۇپ كەتتى، يەرنىڭ توپىسى توزۇپ تۇرىدۇ. ھەر تۈپ قىياقنىمۇ ئوت ـ چۆپ ئورنىدا ھېسابلايمىز.

ھەممىسىنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇنداق مەيدانلاردا ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە ئارتۇق مال بېقىلىۋاتىدۇ، شۇنچىلىك قوينىڭ تۇيىقى دەسسەپ ئۆتكەچكە ئوت ئۆسمەيۋاتىدۇ. ئامال بولمىغانلىقتىن ئېرنەزەر بىلەن كىچىپىلگە يول ئالغانىدۇق. ياخشى بولامدىكىن دېۋىدۇق، لېكىن پالاكەت ئايىغىمىزنىڭ ئاستىدىن چىقتى. سەپىرىمىز ياخشىلىق بىلەن ئاياغلاشمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن بۇ مەقسىتىمدىن كەچتىم، ئاغزىمنى ئاچمايلا قويدۇم، كۆڭلەپەت ئاغزىمنى ئاچقۇرمىدى، بۇ ئىش كۆڭلۈمگە سىغمىدى. ئىش باشقىچە بولغان بولسا، بۇلتۇر موسكۋاغا كۆرگەزمىگە بارغان بولاتتىم، ئەڭ چوڭ رەھبەرلىرىمىزنىڭ ئالدىغا كىرىپ، سەن توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەرگەن بولاتتىم، قوچقاربايېۋ. سەن ئۆزۈڭنى پەقەت پارتىيە توغرىسىدا ئويلاۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسىتىسەن، مەيدەڭگە ئۇرىسەن. ھالبۇكى، پارتىيەگە ساڭا ئوخشاش ئۆزى ھېچ ئىش قىلمايدىغان، باشقىلارنىڭمۇ پۇت-قولىنى چۇشەيدىغان هارامتاماقلار كېرەكمۇ؟

— سىز بەكمۇ ھەددىڭىزدىن ئېشىپ كەتتىڭىز! — قوچقاربايېۋ چىدىيالمىدى، — بۇ تۆھمەت! سىز يولداش ئوركۈنچىيېۋ، پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى بويىچە ئۆز سۆزلىرىڭىز ئۈچۈن جىددىي جاۋاب بېرىسىز.

— مەن ئۆزۈممۇ ھەممىسىگە پارتىيە يىغىنىدا جاۋاب بېرىشنى خالايمەن. ئەگەر مەن راستىنلا خاتا ئىش قىلىۋاتقان ۋە ناباب ئويلاۋاتقان بولسام، مەيلى، پاتىقىمغا بىرنى قويۇپ ھەيدىۋېتىڭلار. پارتىيەگە يارىمىغان بولسام، مېنى ھەرگىز ئاياپ ئولتۇرماڭلار. لېكىن سەنمۇ، قوچقاربايېۋ، بۇنى ئويلاپ قويۇشۇڭ كېرەك.

— مېنىڭ ئويلايدىغان يېرىم يوق، يولداش ئوركۈنچىيېۋ، مېنىڭ ۋىجدانىم ساپ، مەن دائىم پارتىيە بىلەن بىللە تۇرىمەن.

بوستان خۇددى تاغ ئۈستىگە چىقىپ چىققان ئادەمدەك ئېغىر نەپەس ئالدى ۋە رايكوم خادىمىغا قارىغان پېتى:

— سىزدىن، يولداش سىياسىي رەھبەر، ئۆتۈنۈپ قالاي، مۇشۇ ئەھۋاللارنى رايكومغا ئېيتىڭ. بىزنىڭ ئىشىمىزنى يىغىندا ھەل قىلسۇن. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دېدى.

بوستون ئورگۇنچىيېۋ ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆزى بىلەن قوچقارباييېۋ ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدى. شۇ كۈنى ئۇ شەخسىي ئىشى بىلەن كۆل بويىغا بارغانىدى. ئىسسىق كۆل ساھىلىدىكى باغلاردا مېۋىلىك دەرەخلەر چېچەكلەشكە ئاز قالغانىدى. باھار ئۆتۈپ كەتمەكتە، ئۇ تېخى بېغىدىكى ئالما دەرەخلىرىگە دورا چېچىشقا ئۈلگۈرمىگەنىدى، ئېرىنەزەرنىڭ بېغىدىنمۇ خەۋەر ئېلىنمىغانىدى. بوستون بىلەن گۈلسىمخاننىڭ ئەمدى ئىككى بېغى ۋە ئىككى ھويلىسى بولۇپ، ئىككىلىسىمۇ خەۋەر ئېلىشقا، پەرۋىش قىلىشقا موھتاج ئىدى. ھەممە گەپ شۇنىڭدىكى، مالچى دېگەننىڭ ئۆمرى تاغلاردا ئۆتىدۇ، ئىگىلىكىدىن خەۋەر ئالاي دېسە، دائىم قولى تەگمەيدۇ. ئەتە دەيدۇ، ئىندىن دەيدۇ، قاراپ تۇرۇپلا ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىدۇ، يەنە كېچىكتۈرۈۋېرىشنىڭ ئىلاجى قالمايدۇ. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن، باغدىكى كۆچەتلەرگە دورا چاچماي بولمايدۇ، بولمىسا زىيانداش ھاشاراتلار شۇنچىلىك كۆپىيىپ كېتىدۇكى، ھەممە بىخلىرىنى يوق قىلىپ، ھوسۇلنى بەربات قىلىۋېتىدۇ. بۇ قېتىم گۈلسىمخاننىڭ سەۋر - تاقىتى تۈگەپ، ئۆزىنى تۇتالماستىن بوستونغا قاتتىقراق گەپ قىلىپ تاشلىدى: «نېمانچە كەينىگە تارتىسىز، ئۆزىڭىز قىلالمىغاندىن كېيىن، بالدۇرراق بېرىپ، بىرەر قولۇم - قوشنا بىلەن كېلىشىپ كەلمەمسىز. ئىش

ھەققى توغرۇلۇق گەپلىشىش، قوشنىلار قىلىپ بېرىدۇ».

— ئۆي ئىشلىرىدىن زادى خەۋەر ئالمايسىز، — جەھلى چىقىپ يەنە ئۇرۇشتى گۈلىمخان، — ئەتىدىن - كەچكىچە مالنىڭ كەينىدىلا يۈرىسىز، يېغىندىن بېرى كەلمەيسىز. ئەگەر باغ - ۋاراندىن خەۋەر ئېلىشقا چولىڭىز تەگمىسە، ئۆيدە كەنجەش بىلەن بىر كۈن ئولتۇرۇڭ، بۇ تەنتەكلىكىڭىزنى بىردەممۇ يالغۇز قالدۇرغىلى بولمايدۇ، كۆل بويىغا ئۆزۈم بېرىپ كېلەمەن، بىر ئەركەكنىڭ ئىشىنى قىلالايمەن، ھەر ھالدا.

بۇنىڭغا نېمىمۇ دېگىلى بولسۇن، گۈلىمخان ھەقلىق ئىدى، بوستون ئۇنىڭ تەنىلىرىنى غىڭ قىلماستىن ئاڭلىدى.

بوستون باغنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولۇپ، قاق سەھەردىلا دونكولىكىنى مىنىپ كۆل بويىغا كەتتى. فەدىمىدىن قالغان، باھار كەلگەندە ئوت - چۆپمۇ، ئات - ئۇلاغمۇ كۆچكە كىرىدۇ، دېگەن بىر گەپ بار. جانىۋار دونگولىكىنىڭ راسا كۆچكە تولغان پەيتى ئىدى. ئۇ ئوت چېچىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، ياللىرىنى چاقماقتەك يېيىپ، كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي، ئېغىزدۇرۇقىنى چايناپ، ئۇچمەن، دەيتتى. لېكىن ئات چاپتۇرۇشقا شۇ تاپتا بوستوننىڭ رايى يوق ئىدى. ئۇ ئويناقلاپ تۇرغان ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، يولدا ئۇ - بۇ نەرسىلەرنى تازا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئويلىۋالماقچىدى. تۈنۈگۈن كېچە ئۇ ياخشى ئۇخلىيالمىدى. خېلىغىچە ئۇياقتىن - بۇياقا ئېغىناپ ياتتى، پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقىنىڭ، ئېرىنەزەرنى سەن ئۆلتۈردۈڭ، دېگەن سۆزى يۈرىكىنى توختىماستىن ئۆرتەيتتى. ئۇ يېغىندىن قايتىپ، نېمە گەپلەر بولغانلىقىنى خوتۇنىغا نېرىدىن - بېرى ئېيتىپ بەردى-دە، ئېرىنەزەر توغرىسىدىكى گەپ - سۆزلەردىن ئېغىز ئاچمىدى. گۈلىمخانغا بۇرۇنقى ئېرىنى ئەسلىتىپ نېمە قىلىدۇ، ئارىدىن

www.uyghurkitap.com

شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتكەن، قانچە سۇلار ئېقىپ ئۆتكەن تۇرسا. ئەسلىتىپ قويسا، گۈلسىمخاننىڭ كونا يارىسى يەنە يېڭى يارا بولىدۇ، ئارىغا سوغۇقچىلىق چۈشۈشىمۇ مۇمكىن، ئېرنەزەر ھازىرغىچە دەھشەتلىك ئالامونگۇ داۋىنىدا مەڭگۈ ئېرىمەيدىغان مۇزلار قوينىدا كۆمۈلمەستىن ئۇچۇق ياتىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ياخشىسى، بۇ گەپنى ئۇنىڭغا ئەسلەتمىگەن تۈزۈك. كېيىن بوستۇننىڭ ئەمدىلا كۆزى ئىلىنگەندەك قىلىۋىدى، يەنە بۆرىلەرنىڭ شەپىسى كەلدى. چوڭ قورۇنىڭ نېرىسىدىكى دۆڭ تەرەپتىن ئەكبەرە يەنە يىغلاپ داد - پەرياد كۆتۈردى، بالىلىرىنىڭ دەردىدە دىلىنى پىچاقلاپ ھۇۋلىدى. ئۇنىڭغا تاشچاينار گۈرۈلدىگەن ئاۋازى بىلەن جور بولدى. ئىلگىرى بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلىغىنىنى ئاڭلىغاندا، بوستۇننىڭ ئۇلارغا ئېچىنىپ، رەھمى كەلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە ئىچ - ئىچىدىن غەزىپى تېشىپ، بۇ جاھىل يىرتقۇچلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى كېلەتتى... «ئىشقىلىپ، شۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىساملا بولدى، — دەيتتى ئۇ، — قارىشىمچە، ئۇلار خۇددى ماڭىمۇ لەنەت ئوقۇپ، قارغىش ياغدۇرۇۋاتقاندەك قىلىدۇ، لېكىن مېنىڭدە نېمە گۇناھ بار؟» ئۇ تۈنۈگۈن ئاخشام بۆرىلەرنى، قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن، ئۆلتۈرۈشكە بەل باغلىدى، ھەتتا بۇنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىمۇ ئويلاپ قويدى. كۆتۈرەلىسەڭ ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك، يىغىندا قوچقارباييۇ بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتقان چاغدا، ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار ئۇنىڭ قوشىدىن ئۈچ قوينى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى. قويچى بالىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ھەر قانچە ۋارقىرىسىمۇ، تايىقىنى كۆتۈرۈپ قوغلىسىمۇ، بۆرىلەر قىلچە ھېيىقماستىن ئۈچ قوينى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن غىلىڭ قىلماستىن غايىب بولۇپتۇ. بۇ ۋەقە بوستۇننىڭ سەۋر قاچىسىنى تولدۇرۇۋەتتى. ئەگەر شۇنداق داۋام قىلىدىغان بولسا، دەپ

ئويلىدى ئۇ، بۇ يەرلەرنى تاشلاپ كېتىشكە، بۆرىلەردىن شەر-
مەندىلەرچە قېچىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇ چاغدا تىنماسىن
ھۇۋلاۋاتقان ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار ئۆزلىرىگە ئۆلۈم ھۆكمى
ئوقۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. بوستان ئەمدى نېمە قىلىشى
كېرەكلىكىنى بىلەتتى. مۇبادا، ئەتىگە ئىگىلىك ئىشلىرى بىلەن
كۆل بويىغا چۈشمەيدىغان بولسا ئىدى، ئۇ ئويلىغان پىلانىنى
ھازىرلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تەييار ئىدى. لېكىن ئۇ خوتۇنىدىن
يەنە دەشنەم يېمەسلىك ئۈچۈن، ئالدى بىلەن باغدىكى ئىشلىرىنى
پۈتتۈرۈش، ئاندىن بۆرىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىش
قارارىغا كەلدى.

بوستون يول بويى ئەنە شۇلارنى ئويلاپ ماڭدى...

ئالما كۆچەتلىرىگە دورا چېچىش ۋە ئۇلارنىڭ تۈۋىنى
يۇمشىتىشقا بىر كۈن كەتتى. ئۇ قىشلاقتىن كەلگەن بىر يىگىتنى
تاپتى. ئۇ ئىش ھەققى ئالىدىغان بولغاچقا، ھەممە ئىشنى تېز
قىلىپ بېرىدىغان بولدى. بوستان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ قارا
قويلىرىدىن بىر قوزا بېرىشكە ۋەدە قىلدى.

بوستون ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى
خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېڭى ئويۇنچۇق سېتىۋالماقچى
بولدى. ئۇنىڭ بالىسى ئاجايىپ بالا، ئۆينى بېشىغا كىيىپ
يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ. بىرەر ئايلاردىن كېيىن ئىككى ياشقا كىرىدۇ.
شوخ، تاتلىق بالا ئۆزىنىڭ تۈرلۈك غەلىتە قىلىقلىرى بىلەن
قېرىپ كېتىۋاتقان بوستونغا ئەزمەك ۋە كۆڭۈل خۇشى ئىدى.
كىچىككىنە ئوغلىنىڭ ھەر بىر يېڭى سۆزىدىن بوستوننىڭ بېشى
ئاسمانغا يېتەتتى، خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالمايتتى. ئۇ ھا-
ياتنىڭ چوڭقۇر ۋە سىرلىق مەنىسىگە، پەرزەنتى ۋە ئۇنىڭ
ئانىسىغا بولغان مېھىر - مۇھەببەتنىڭ تۈپ مەنىسىگە بالىنىڭ

ۋاستىسى بىلەنلا يېتىشكەندەك قىلاتتى. بۇ بوستونغا ئاتا قىلىنغان تەقدىرنىڭ ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ ئاخىرقى سوۋغىسى ئىدى. ئۇ خوتۇنى بىلەن بالىسىنى چىن قەلبىدىن سۆيەتتى، تۇرمۇشتىن شۇنىڭدىن ئارتۇق ھېچنەرسە تىلىمەيتتى ۋە تەلەپ قىلمايتتى. بىزگە ئاتا قىلىنغان شۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق نېمەت بارمۇ؟ بۇ ھەقتە ئۇ ھېچقاچان ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، بۇنىڭ ئەسلىدە شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئۇ ئېنىق بىلەتتى. ئۇ خوتۇنىنىڭمۇ شۇنداق ھېس قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

بوستون رايونلۇق «مەدەنىيەت» ماگىزىنى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى، ئىچكىرىگە كىرىپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرغان، ئادەمنىڭ كۈلكىسىنى كەلتۈرىدىغان، ئاچچىق بىلەن بۇرىسا ماڭىدىغان پاقا سېتىۋالدى. ئوغلى راسا خۇشال بولىدىغان بولىدى - دە! ئۇ كوچىغا چىقىپ، ئېتىغا مىنەي دەپ تۇرغىنىدا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزدى ۋە ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا ھېچ نەرسە سالمىغانلىقىنى ئەسلىدى. ئاشخانا رايونلۇق ماگىزىننىڭ يېنىدىلا ئىدى، ئۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى بويىچە شۇ يەرگە كىرىپ غىزالانماقچى بولدى. بوستون كۆپرەك يولۇچى شوپۇرلار قونۇپ ئۆتىدىغان، ھەممە تەرىپىدىن ئەرزان تاماقلارنىڭ پۇرىقى ئۇرۇپ تۇرىدىغان يېرىم قاراڭغۇ زالغا كىرىپ، ئىشىكنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇشى بىلەنلا كەينى تەرەپتىن بازاربايىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. بوستون كەينىگە قارىمىدى. بازاربايىنىڭ بۇ يەردە ئۈلپەتلىرى بىلەن كەيپ قىلىپ ئولتۇرغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. «كۈپكۈندۈزدىلا تەييارتاپلار بىلەن ئىچىپ ئولتۇرغىنىنى، بۇ بەچچىغەرنىڭ. يا ئار - نومۇس، يا ۋىجدان بولسا» دەپ ئويلاپ، بوستوننىڭ كۆڭلى غەش بولدى. بىر تۇرۇپ نېرى كەتمەكچىمۇ بولدى، ھەر ھالدا قارا قازاندىن يىراقراق تۇرغىنى ياخشى، بىراق كېيىن، نېمىشقا تاماق يېمەي تۇرۇپ كېتىدىكەنمەن، نېمە

سەۋەبتىن، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ قىزىلچا شورپىسى بىلەن كاتلېت بۇيرۇدى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرى بازاربايغا بۇ يەردە بوستوننىڭمۇ ئولتۇرغانلىقىنى خەۋەر قىلىپ قويغان بولسا كېرەك، كەينى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاۋازلار دەرھال ئۆچۈپ، بىردەم جىمىقتى، ئاندىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ يەنە ئەۋجىگە چىقتى. ئۇزاق ئۆتمەي بازاربايىنىڭ ئۈلپەتلىرىدىن بولغان شۇ يەرلىك شاللاق ۋە غەيۋەتچى كور سەمەد دېگەن ئادەم بوستوننىڭ يېنىغا كەلدى. كور سەمەدنىڭ كۆزىنى ياش ۋاقىتلىرىدىلا ئورۇپ چىقىرىۋېتىشكەنىدى.

— سالام، بوستون، سالام! — سەمەد مەنىلىك ھېجىيىپ قولىنى بوستونغا سوزدى، بوستونغا ئۇنىڭ قولىنى قىسماقتىن باشقا ئامال قالمىدى، — ھە، نېمىشقا بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرىسەن؟ — دەپ گەپكە سالماقچى بولدى ئۇ بوستوننى، — بىز ئاۋۇ يەردە بازارباي بىلەن ئولتۇرۇۋاتىمىز. خېلىدىن بېرى كۆرۈشمىگەنىدۇق، بىر يىغىلايلى دېدۇق. يۈر، بىز بىلەن بول، ئۇر، بازارباي ئۆزى چاقىرىۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭغا ئېيت، ۋاقتىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى بوستون ئۇلاجىنىڭ بارىچە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — تاماق يەپ بولۇپلا ●اغقا چىقىپ كېتىمەن.

— ھە، تېخى بالدۇر، ئولگۈرىسەن. تاغ قېچىپ كېتەتتىمۇ؟

— رەھمەت، بارالمايمەن. ئىشىم چىق.

— بوپتۇ ئەمىسە، بىكار شۇنداق قىلىۋاتىسەن - دە، — خاپا بولغاندەك دېدى كور سەمەد كېتىۋېتىپ.

ئۇنىڭ كەينىدىن بازاربايىنىڭ ئۆزى كەلدى، ئۇنىڭ كەيپى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. بازاربايىنىڭ كەينىدىن شېرىكلىرى يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

— ماڭا قارا، ھوي، نېمىشقا بىزدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىسەن؟

ھۆرمىتىڭنى قىلىپ، ئادەم دەپ چاقىرىۋاتسا، دىمىغىڭنى ئۈستۈن تۇتىسەن. سېنىڭ باشقىلاردىن ئارتۇق جايىڭ بارمىدى؟ — دەرھال تەرگەپ كەتتى بازارباي.

— دېدىمغۇ، ۋاقتىم يوق دەپ، — خاتىرجەم جاۋاب بەردى بوستون ۋە قىزىلچا شورپىسىنى شاپىلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. باشقا چاغ بولغان بولسا، ئۇ شورپىنى بىرىنچى قوشۇقتىن كېيىن زادىلا ئاغزىغا ئالمىغان بولاتتى.

— سېنىڭدە ئىشىم بار ئىدى، — دېدى بازارباي ۋە بوستوننىڭ ئۇدۇلىغا بىشەملىك بىلەن ئولتۇرۇۋالدى.

باشقىلار، قېنى، نېمە بولار ئىكىن، دېگەندەك تاماشا كۆرۈپ تۇراتتى.

— سېنىڭ بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا نېمە ئىش بولۇشى مۇمكىن؟ — دېدى بوستون.

— سېنىڭ بىلەن ھېلىقى بۆرە باللىرى توغرۇلۇق گەپلىشىۋالساقمىكىن، بوستون، — دەپ، بازارباي قاپىقىنى تۈرۈپ، بېشىنى چايقىدى.

— سېنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە گەپلىشىپ بولغان. يەنە تەگەشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— مېنىڭچە، ھاجىتى بار.

— مېنىڭچە، ھاجىتى يوق. ماڭا تۇسقۇنلۇق قىلما. تاماقىمنى يەپلا چىقىپ كېتىمەن.

— نېمىگە ئالدىرايسەن، ئىتنىڭ بالىسى؟ — بازارباي ئورنىدىن شارتتىدە تۇرۇپ، ئېگىشتى - دە، غەزەپتىن تۈزگىرىپ كەتكەن يۈزىنى بوستونغا يېقىنلاشتۇردى، — نەگە ئالدىرايسەن، ئەبلەخ؟ سېنىڭ بىلەن تېخى بۆرىلەر توغرىسىدىكى گېپىمىز تۈگىمىدى. سەن دىرېكتورنىڭ ئىشخانىسىدىكى يىغىندا ھەممىنىڭ ئالدىدا مېنى ئىغۋاگەر دەپسەن، مېنىڭ تۈپەيلىمدىن

بۆرىلەر قوتراپ قويلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇمىش. ئىغۋاگەر دېگەنلـ
نىڭ نېمىلىكىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ سېنىڭچە، مەن
فاشىست، ئارىمىزدا سەنلا ۋىجدانلىق، ھالال ئادەم ئىكەنسەن ـ دە؟

بوستونىمۇ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى. ئەمدى ئۇلار
يۈزمۇيۈز تۇرۇشتى.

— ئاغزىڭغا بېقىپراق گەپ قىل، — دېدى بوستونىمۇ
بوش كەلمەي، — سېنى فاشىست دېگىنىم يوق. بىلگەن
بولسام، دېگەن بولاتتىم. سەن ئىغۋارگەر، ئەخمەق، ئىچى قارا
ئادەمسەن. بۇنىسى راست. بۇنى ساڭا بۇرۇنمۇ ئېيتقان، ھېلىمۇ
دەيمەن. لېكىن ماڭا ئىسىلماي، ئۆز جايىڭغا قايتساڭ، ئۆزۈڭـ
گە ياخشىراق بولاتتى.

— سەن ماڭا ئەقىل ئۆگەتمە، قەيەردە تۇرۇشۇم، نېمە
قىلىشىمنى ئۆزۈم ياخشى بىلىمەن، — ھەددىدىن زىيادە چېچاڭـ
لاپ كەتتى بازارباي، — سەن مېنىڭ خوجايىنىم ئەمەس،
كۆتۈر قاسقىنىڭنى. مەيلى، سېنىڭچە ئىغۋارگەرمۇ بولاي. سەنچۇ،
سەن ئۆزۈڭ كىم؟ ئادەملەر سېنىڭ كىملىكىڭنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟
ئېرنەزەرنى ئۆلتۈردۈڭ. يېپىقلىق قازان يېپىقلىقچە قېلىۋېـ
رىدۇ، دەپ يۈرەمسەن تېخى؟ سەن ئەبلەخ، ئېرنەزەر ھايات
ۋاقتىدا ئۇنىڭ خوتۇنى بىلەن قانات سۆرىشىپ يۈرگەنسەن،
خوتۇنۇڭنىڭ ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەنسەن. ئېرنەزەرنىڭ خوتۇنى،
ھېلىقى قانجۇق گۈلىخانىغا ئۆيلىنىمەن دەپ، ئۇنى تاغدىن
ئىتتىرىۋەتكەنسەن. مەرد بولساڭ، قېنى، شۇنداق ئەمەس، دەپ
باقە! نېمىشقا سەن يىقىلماي، ئېرنەزەر يىقىلدۇ؟ بىر يولدا
كېتىۋاتقانىدىڭلارغۇ؟ ھېچكىم ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ دەيسەن ـ دە،
ھە؟ لېكىن، ئۇ ئۆلۈپ كەتتى، سەن بولساڭ يۈرۈپسەن. شۇنىڭـ
دىن كېيىن سەنمۇ، ھېلىقى قانجۇق گۈلىخانىمۇ نېمە بولۇپ
قالدىڭلار؟ ئېرنەزەر داۋاندا مۇزلاپ ياتىدۇ، ئۇ ئىتنىڭ بالىـ

سىدەك كېپەنسىزلا كەتتى. سەن پەس ئەبلەخ بولساڭ، ئۇنىڭ شەرمەندە خوتۇنىنى، ساتقۇن قانجۇقنى قۇچاقلاپ ياتسەن، پەيزى قىلىپ ياشاۋاتسەن! پارتىيە ئەزاسى ئىمىش تېخى! سېنى پارتىيىدىن پاتىڭغا تۇرۇپ ھەيدەش كېرەك. ئۆرگىلىپ كېتەي سېنىڭدەك ئىلغار ستاخانوۋچىدىن! سېنى سوتقا تارتىش كېرەك!

بوستون بازاربايغا مۇشت كۆتۈرۈپ تاشلىنىشتىن، ئۇنىڭ يىرگىنچلىك ئەپت ـ بەشىرىسىگە راسا كەلتۈرۈپ سېلىشتىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇۋالدى. بازار باي ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق جېدەل چىقارماقچى، بوستون بىلەن ياقا سىقىشىپ ئۇشتەك سوقۇشماقچىدى. لېكىن بوستون ئۆزىنى باستى، چىشلىرىنى قاتتىق چىشلىدى ۋە ئاچچىقىدىن بوغۇلۇپ كەتكەن بازاربايغا:

— سېنىڭ بىلەن دېيىشىدىغان گېپىم يوق. دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، سېنىڭ بىلەن تەڭلىشىپ ئولتۇرمايمەن. مەن توغرۇلۇق نېمە دېسەڭ دە، نېمە ئويلىساڭ ئويلاۋەر. ئەمدى، قېنى، يولنى بوشات. ھەي يىگىت، — دېدى ئۇ ۋە كۆتكۈچىنى چاقىردى، — مە، پۇلۇڭنى ئال، — ئۇنىڭغا بەش سوملۇق پۇلنى تۇتقۇزدى ـ دە، گەپ قىلماستىن نېرىغا ئۆتتى.

بازارباي ئۇنى يېڭىدىن تۇتتى:

— قېنى، توختىغىنا! قانجۇقۇڭنىڭ ئالدىغا نېمانچىۋالا ئالدىرايسەن؟ بەلكىم سەن يوق چاغدا بىرەر مالچى بىلەن پەيزى قىلىشىۋاتقاندۇر. ئۇلارغا كاشىلا بولۇپ يۈرمەسەن!

بوستون يېنىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان قۇرۇق شامپان بوتۇلكىسىنى كۆتۈردى.

— قولۇڭنى تارت! — بۇ سۆزنى چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن سىقىپ چىقاردى ئۇ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بازاربايغا تىكىلگەن پېتى، — قولۇڭنى تارت، يەنە سۆزۈمنى قايتىلاتقۇزماي!

ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ يوغان قارا بوتۇلكىنى سىلىكىپ تۇرۇپ.

بوستون شۇ ئەلپازدا شامپان بوتۇلكىسىنى قولىدا چىڭ سىقىملىغان پېتى تالاغا چىقتى. سەكرەپ ئېگەرگە چىققاندىن كېيىنلا هوشىغا كېلىپ، بوتۇلكىنى يول بويىدىكى ئېرىققا تاشلىۋەتتى، دونكولىكنىڭ ئىختىيارىنى ئۆزىگە بېرىپ، تىزگىنىنى قويۇۋەتتى. ئۇ خېلى چاغلاردىن بېرى ئاتنى تېخى بۇنچىلىك ئىتتىك چاپتۇرمىغانىدى. ئۇ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆزىگە كېلىپ، هوشىنى تاپتى ۋە بىردىنلا كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشتى: ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويۇشقا ئازلا قاپتىمەن — ھە! ھېلىمۇ خۇدا ساقلاپتۇ، بولمىسا، بوتۇلكا بىلەن بىرنى قويۇپ بازاربايىنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىدىكەنمەن. يولدا چاتما كوزۇپلۇق تراكتوردا كېتىۋاتقان ئادەملەر، بوستونغا نېمە بولغاندۇر، چوپچوڭلا ئادەم تۇرۇپ نېمىشقا ئويۇنپەز بالىلاردەك ئات چاپتۇرۇپ يۈرىدىغاندۇر، دەپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي تىكىلىپ قارايتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇزاققىچە قارىشىپ قالاتتى. بوستون خېلىغىچە ئۆزىگە كېلەلمىدى. شوخ ئېقىۋاتقان جىلغىنىڭ مۇزدەك سۈيىدىن ئىچكەندىن كېيىنلا نەپسىنى رۇسلىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئاندىن يەنە ئېتىغا مىندى، لېكىن دونكولىكنى يەنە چاپتۇرۇپ يۈرمىدى. ئېتىنى ئاستا يورتۇپ ماڭدى. ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈپ قويمىغىنىغا خۇش ئىدى.

لېكىن، يولدا ھەممە ئىشنىڭ قانداق بولغانلىقىنى ئويلاپ كېتىۋېتىپ، يەنە كۆڭلى غەش بولدى، قاپىقىنى تۈردى. كەنجەشكە سوۋغاتلىق ئۈچۈن ئالغان، كۆزلىرى چەكچىيىپ تۇرىدىغان، ئاغزى يوغان ئېچىلغان غەلىتە ئويۇنچۇق پاقىنى ئاشخانىنىڭ دېرىزىسى يېنىدا ئۇنتۇپ قالغانلىقى بىردىن يادىغا چۈشتى — دە، كۆڭلى تېخىمۇ پەرىشان بولدى. توغرا، ئۇنچىلىك قىممەت ئويۇنچۇقمۇ ئەمەس ئىدى، ئوغلىغا سوۋغىنى

يەنە بىر قېتىمدا ئالسىمۇ بولىۋېرەتتى، يەنە شۇ رايونلۇق
«مەدەنىيەت» ماگىزىنىدىن ئالىدۇ. لېكىن نېمىشقىدۇر،
شۇ تاپتا بۇ ئۇنىڭ نەزەرىدە يامانلىقنىڭ ئالامىتى
بولۇپ كۆرۈندى. ئوغلىغا ئاتاپ ئالغان نەرسىنى ھېچقاچان
ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدۇ، ھېچقاچان. ئۇنىڭ بۇنسا يادىدىن
چىقىپ قاپتۇ...

ئۆزىنىڭ مۇنداق نەرسىلەرگە ئىشىنىپ ئولتۇرغانلىقىدىن
كۆڭلى غەش بولدى، قانداقلا بولمىسۇن، كۆڭۈلسىز ۋەقەلەرنىڭ
ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئاز - تولا تەييارلىق قىلىۋالدى.

ئۇ بۆرىلەرگە قانداق پىستىرما قويۇش، لەنىتى يىرتقۇچ-
لارنىڭ بىرىنى قويماي ئېتىپ تاشلاش، مۇشۇ يېقىن ئارىدا
ئۇلاردىن نام - نىشان قالدۇرماسلىق ھەققىدە ئويلىغىنىدا،
چەكسىز غەزەپكە كەلدى.

قەيەردىن چىقتى بۇ پالاكەت، دەپ ئويلايتتى ئۇ، مانا،
سەل دىققەت قىلمىغان بولسا ئاشخانىدا بازاربايىنى ئۆلتۈرۈپ
قويغان بولاتتى، شۇ جاڭجالنىڭ بېشىمۇ بۆرىلەر تۈپەيلىدىن
چىقتى ئەمەسمۇ...

بوستون ئويلىغان پىلاننى ئەتىسى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى
بولدى. پىلاننى كېچىچە ھەر تەرەپلىمە پىشىلدۇرۇپ، پۇختىلاپ
چىقتى. بىر ياستۇققا باش قويۇپ ياشاۋاتقىنىدىن بېرى كۆڭ-
لىگە پۈككىنىنى بىرىنچى قېتىم خوتۇنىغا ئېيتمىدى. بوستون
بازارباي بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا جاڭجالغا سەۋەب بولغان
بۆرىلەر ۋە بۆرە باللىرى توغرىسىدا گەپ ئېچىشنى خالى-
مايتتى. ئېرنەزەرنىڭ داۋاندا ھالاك بولغانلىقىنى ئەسلىتىدىغان
نەرسىلەرنى ئۆزىدىن نېرى قوغلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيدە
گەپنى ئازراق قىلىپ، كۆپرەك ئوغلىنى ئوينىتاتتى، گۈلسىخاننىڭ
سوئاللىرىغىمۇ ھەئە ياكى ياق دەپ قىسقىچىلا جاۋاب بېرەتتى.

گەپ قىلماي يۈرسە، خوتۇنىنىڭ بۇنىڭدىن تەشۋىشلىنىدىغان-
لىقىنى، ئەجەبلىنىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى، لېكىن ئۆزىنى بۇ-
نىڭدىن باشقىچىرەك تۇتالمايتتى. بازارباي بىلەن بولغان
جاڭجاللىنىڭ، بېشىغا مۆلدۈردەك ياغقان ئىپلاس مالامەتلەرنىڭ،
بالدۇرمۇ - كېيىنمۇ، ئەلۋەتتە خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرىدى-
غانلىقىنى ئۇ ناھايىتى ياخشى چۈشىنەتتى. لېكىن، بەرىبىر،
ھازىر ئاغزىنى ھەرگىز ئاچمايتتى، بەدبەخت، پىتنىخور بازار-
باينىڭ ئاغزىدىن چىققان ئەسكى گەپلەرنى تەكرارلاشنى خالى-
مايتتى، ئۇ گەپلەر تىلغا ئالغىلى بولمايدىغان يىرگىنچلىك،
پەسكەش گەپلەر ئىدى.

ئۇنىڭ بىلەن گۈلسىخاننىڭ تۇرمۇشىمۇ ئاسانغا چۈشمىدى،
ئارىدا ئېغىر، تەئەججۈپلىنەرلىك ئىشلارمۇ بولۇپ ئۆتتى. بوستون
مانا شۇ ھەقتىمۇ ئويلايتتى. ئۇلار ئەر - خوتۇن بولۇشقاندىن
بېرى ئادەملەرنىڭ قانچە - قانچىلىغان يوشۇرۇنچە كۆرەلمەس-
لىكلىرىدىگە، ئوچۇقتىن - ئوچۇق دۈشمەنلىك قىلىشلىرىغا دۇچ
كەلمىدى دەيسىز. ئۇلار نى - نى تۆھمەتلەرنى تارقاتتى.
بىراق، شۇنىڭغا قارىماستىن، بوستون ئۆز تەقدىرىنىڭ ئېرنەزەر-
دىن قالغان تۇل ئايال بىلەن قوشۇلغىنىدىن ئەپسۇسلانمايتتى.
بوستون ئۇنىڭسىز قانداق ياشاشنى ھەتتا تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايتتى،
ئۇنى دائىم ئۆزىنىڭ يېنىدا دەپ ھېس قىلىشى كېرەك ئىدى...
ياق - ياق، بۇ پۈتۈنلەي باشقىچە بىر تۇرمۇش ئىدى. بوس-
تاننىڭ ھاياتى پەقەت ئۇنىڭ بىلەنلا ھايات، مەيلى، گەرچە
بەزى چاغلاردا گۈلسىخان ئۇنىڭدىن بەزەن ھەق، بەزەن ناھەق
نارازى بولۇپ يۈرسىمۇ، لېكىن ئۇ بەرىبىر بوستونغا ۋاپادار،
ھەممىدىن مۇھىمى شۇ... ئەمما ئۇلار بۇ ھەقتە ھېچقاچان
پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى، بۇنىڭ شۇنداق بولۇشى كېرەكلىكى
ئۇلارغا ئايدىڭ ئىدى. مۇبادا، بىر كىم بوستوندىن، مۇنۇ تىلى

www.uyghurkitap.com

ئەمدىلا چىققان، پۇتلىرى دۇپدۇملاق، دائىم جىلمىيىپ تۇرىدىغان، كۆزلىرى تىپتىنىق، تىنىم تاپمايدىغان كەنجىتايىڭ قانداق بالا، دەپ سورايدىغان بولسا، بوستون نېمە دېيىشىنى بىلمىگەن بولاتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا سۆز يېتىشمەيتتى، ئۇنىڭ تۇيغۇسى سۆزلەردىن ئۈستۈنرەك ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇ كىچىككىنە ئوغلىغا قاراپ تۇرۇپ، خۇدانىڭ نېپىتى بىلەن يارىتىلغان ئۆزىنىڭ بالىلىقىنى كۆرگەندەك بولاتتى...

لېكىن ئۇ ھەممە نەرسىنى دىلىدىن چۈشىنەتتى ۋە ھېس قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاخشىمى خوتۇنى بىلەن ئوغلىنىڭ يېنىدا ياتقىنىدا، ئۇنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى، ئۆزىنى ياخشىلىققا مايىل سەزدى، مۇلايىملاشتى... ئاشخانىدا بولغان ئىشنى زادىلا ئەسلىگۈسى كەلمەيتتى. ئۇ ھەتتا، بۆرىلەر بۈگۈن ئاخشام كېلىپ بىئارام قىلمايدىغان بولسا، پىستىرما قويۇپ يۈرمىسەممۇ بولار، بەلكىم ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر، دەپ ئويلىدى. بوستونغا تىنچلىق لازىم ئىدى...

لېكىن قېرىشقاندەك، بۆرىلەر يېرىم كېچىگە يېقىن يەنە پەيدا بولدى. چوڭ قورۇنىڭ كەينىدىكى دۆڭ تەرەپتە ئەكبەرە يەنە نالە - پەرياد كۆتۈرۈپ ھۇۋلاشقا باشلىدى، ئۇنىڭغا تاشچاينارنىڭ پەس، گۈرۈلدىگەن ئاۋازى جور بولدى. كەنجەش يەنە قورقۇپ ئويغاندى ۋە قارغىشلىق قىلغىلى تۇردى. گۈلىمخان بولسا، ئۇيقۇ ئارىلاش مۇشۇ بىئارام تۇرمۇشنى، بالا تەگكۈر بۆرىلەرنى قارغىدى. بوستوننىڭ غەزىپى قايناپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، بۆرىلەرنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگىچە قوغلاپ بارغۇسى كەلدى. شۇ چاغدا پەسكەش ۋە رەزىل بازاربايىنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى يەنە يادىغا چۈشتى ۋە ئۇنىڭ قەبىھ بېشىنى بوتۇلكا بىلەن ئۇرۇپ مىجىپ تاشلىمىغانلىقىغا ئۆكۈندى. شۇ ئېغىر بوتۇلكا بىلەن ئۇرغان بولسا ئىشى پۈتەتتىغۇ، بازار-

بايدىن نام - نىشان قالمىغان بولاتتىمغۇ، ھېچقاچان پۇشايمان يەپمۇ ئولتۇرمايتتىم، دەپ خىيال سۈرەتتى بوستون، ئەكسىچە ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋالغان قەبىھ گېزەندىنى ئاخىرى يانجىپ تاشلىدىم، دەپ يەڭگىللىشىپ قالغان بولاتتىم... بۆرىلەر بولسا تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىپ ھۇۋلىماقتا ئىدى...

ئۇ مىلتىقنى ئېلىپ، ئۇلارنى قورقۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بوستون بىر - ئىككى پاي ئوق ئۈزۈش ئورنىغا قارىغۇ تۈن قوينىغا ئارقا - ئارقىدىن ۋاقىلدىتىپ بەش پاي ئوق ئاتتى. ئاندىن ئۆيىگە قايتتى، لېكىن ئەمدى ئۇيقۇسى تامامەن قاچقانىدى، ئۇ نېمىشقا ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا، مىلتىقنى تازىلاشقا كىرىشتى. ئۇ دالاننىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئولتۇرۇۋالدى - دە، «بارس» ماركىلىق ئوۋ مىلتىقىنىڭ ئۈستىگە ئېگىشكەن پېتى، خۇددى شۇ تاپتا ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىش يوقتەك، كۆڭۈل قويۇپ تازىلاپ كەتتى. مىلتىق تازىلاۋېتىپ، بۆرىلەرنى قانداق جازالاشنى يەنە بىر ئويلىۋالدى ۋە تاڭ ئاتار - ئاتمايلا ئىشقا تۇتۇش قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويدى.

شۇ تاپتا مىلتىق ئاۋازىدىن چۆچۈگەن ئەكبەرە بىلەن تاشچاينار كېچىنىڭ قالغان قىسمىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، تاغ جىلغىسى تەرەپكە كېتىپ باراتتى. بۇ بەدبەخت بۆرىلەرنىڭ ئەمدى تۇراقلىق ئۇۋىسى يوق بولۇپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە تۈنەپ يۈرەتتى. ئەكبەرە ئادەتتىكىدەك ئالدىدا ماڭماقتا ئىدى. تۆللەش ئالدىدا ئۇنىڭ تۈكلىرى ئۆسۈپ، جاۋغا بولۇپ كەتكەچكە، قاراڭغۇدا غايەت قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆكۈچ يالتىراپ ياناتتى، تىلى ساڭگىلاپ چۈشكەن بولۇپ، كۆرگەن ئادەم ئۇنى غالجىر بولغان دەپ ئويلايتتى.

www.uyghurkitap.com

ياق، بالىلىرىدىن ئايرىلغان بۆرىنىڭ دەرد - ئەلىمى بېسىلاي دېمەيتتى، ئۇ جۇدالىقنى زادىلا يادىدىن چىقىرالمايتتى. بالىلىرىم بوستۇنىنىڭ قورۇسىدا دېگەن پىكىر ئۇنىڭ مېڭىسىگە قاتتىق ئورنىشىپ قالغانىدى. بولمىسا، ئۇلار نەدە؟ ئىزمۇ ئىز قوغلاپ كەلگەن كۈنى ئاشۇ قاراقچى شۇ يەرگە كىرىپلا كۆزدىن غايىب بولمىدىمۇ؟ بىرتۇقۇچىنىڭ ئەقلى ئەنە شۇنىڭدىن نېرىغا ئۆتەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۆرىلەر مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە نەرسىنى كۆزلىرى قانغا تولغان ھالدا ۋەيران قىلماقتا، مال - ۋارانى ئۈچرىغانلا يېرىدە چىشلەپ بوغماقتا ئىدى. ئۇلارنى ئاچلىقتىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار ھاياتتىن، جېنىدىن تويغانىدى. بۆرىلەرنىڭ پېيىگە چۈشكەن بوستۇن مانا شۇنى ھېسابقا ئالغانىدى.

ئەتىسى ئەتىگەنىدە بوستۇن ماللارنى يايلاققا ئەپچىقماڭلار، ئىككى قوتاننىڭ ئىچىدە بېقىڭلار، كۆپرەك يەم - خەشەك بېرىڭلار، شۇ يەردىكى سۇغىرىش ئورنىدا سۇغىرىڭلار، دەپ بۇيرۇدى. ئۆزى قويلارنىڭ ئارىسىدىن كۆپرەك ئىككىگىزەك تۇغقان قويلاردىن يىگىرمىسىگە يېقىنىنى مەرىشىپ يۈرسۇن دەپ، قوزىلىرى بىلەن ئاجرىتىۋالدى - دە، شۇ كىچىككىنە پادىنى قاقاس، يولسىز ئېدىرلار تەرەپكە ھەيدەپ كەتتى.

ئۇ يېنىغا ھېچكىمنى ئالمىدى. قويلارنى ئۆزى يالغۇز ئۇزۇن تايىقى بىلەن ھەيدەپ ماڭدى. يەلكىسىگە ئاخشام پارقىرىتىپ تازىلىغان، تولۇق ئوقلانغان مىلتىقىنى ئېسىۋالدى. ئالدىرىماستىن، ئۇزاق يول باستى. ئامالىنىڭ بارىچە قىشلاقتىن يىراقلاپ كېتىش كېرەك ئىدى.

باھار كۈنلىرى، ھاۋا ئىسسىق ئىدى. تاغلار قۇياشنىڭ ھارارىتىنى ئېمىپ، ئۇنى ئويمان - دۆڭ يەرلەردە مەيىن كۆكلىگەن ئوت - چۆپلەرگە ئايلاندۇراتتى. چەكسىز ئاسمان قۇچىقىدا

سۈتتەك كۆپچۈپ تۇرغان بۇلۇت پارچىلىرى ئاندا - ساندا يېقىملىق ئەركىلەپ ئۈزۈپ يۈرەتتى. تورغايلار تىنىم تاپماي سايرايتتى. كەكلىكلەر تاشلارنى ئارىلاپ مېكىيىنىنى چاقىرىپ چۆگىلەيتتى، قىسقىسى، ئەتراپ نەق جەننەتنىڭ ئۆزى ئىدى. پەقەت خالىغان ۋاقىتتا قۇيۇن قوزغىلىشى مۇمكىن بولغان ئۇپۇقنى باشتىن - ئاخىر چولغاپ ياتقان ھەيۋەتلىك قارلىق چوققىلار ۋە ۋەھشىي شامال نامەلۇم ياقلاردىن ھەيدەپ كەلگەن، قۇياشنىڭ يۈزىنى توسۇشقا تەييار تۇرغان قارا بۇلۇتلارلا بۇ جەننەتنىڭ باقىي ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

لېكىن ھازىرچە ھاۋا ئاينىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىچىلىك چوڭ بولمىغان قوي - قوزىلار توپى يول بويى مەرىشىپ، بىر - بىرىنى تىنماستىن چاقىرىشىپ، قويچى تايىقى بىلەن كۆرسەتكەن تەرەپكە ماڭاتتى. قوزىلار دىكىلداپ سەكرەپ شوخلۇق قىلاتتى، بىردىنلا ئانىلىرى تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ باراتتى - دە، ئانىلىرىنى تۈرتۈپ - تۈرتۈپ، ئېمىشىپ كېتىشەتتى. لېكىن تۈنۈگۈن ئاخشامدىن بېرى بوستوننىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. ئۇ قانچە كۆپ ئويلىغانسېرى بۆرىلەردىنمۇ، مۇشۇ ئىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جىنايەتچى بازاربايدىنمۇ شۇنچە غەزەپلىنەتتى. ئۇنىڭ بازار - باي بىلەن غىدىڭ - پىدىڭ قىلىشىپ تۇرغۇسى يوق، بۇنى ئۆزىگە ئەپ كۆرمەيدۇ، ئەتراپىنى سېسىتمىسۇن دېسەڭ، ئۇنىڭغا تەگمىگىنىڭ ياخشى. بۆرىلەرنى بولسا يوقاتماقتىن، ئېتىپ تۈگەشنى قۇرۇتماقتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. ئۇنىڭ پىلانى تولىمۇ ئاددىي ئىدى: قوزىلارنى مەرەپ چاقىرغان ساغلىقلارنىڭ ئاۋازى ئەلۋەتتە بۆرىلەرنى ئۆزىگە تارتىدۇ، بوستون بولسا يوشۇرۇنۇپ پىستىرمىدا ئولتۇرىدۇ. بۆرىلەر قوي - قوزىلارغا تاشلىنىدۇ، ئەگەر ئامەتنى ئوڭدىن كەلسە، بوستون شۇ چاغدا ئۇلارنى ئېتىۋالىدۇ. لېكىن، ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەل-

مەپتۇ دېگەن گەپمۇ بار. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولۇپ چىقتى...

كۈن پېشىندىن ئۆتكۈچە يىرتقۇچلار قارىسىنىمۇ كۆرسەتمىدى. بوستون قويلارنى جىمجىت، ئەتراپتىن كۆزگە ئوچۇق تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى بىر چەتتە شالاڭ چاتقاللىق ئارىسىدىكى يوغان تاشلارنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ ياتتى. ئۇ ياخشى مەرگەن ئىدى، بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا مىلتىق ئېتىپ ئۆگەنگەن، ئوۋچىلىق قىلغان، ئىسسىق كۆلدە قانچە - قانچىلىغان بۆرىلەرنى ئاتقانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۆرىلەرنى ئېتىۋېلىشقا كۆزى يېتەتتى، ئۇلارنى پىستىرمىغا چۈشۈرۈۋالسىلا بولاتتى. قورقۇنچاق ساغلىقلار توختىماي مەرىشىپ، باللىرىنى چاقىرىشاتتى، بىر - بىرىگە جور بولۇشاتتى، بىراق ۋاقىت ئۆتمەكتە ئىدى، بۆرىلەردىن ھامان دېرەك يوق ئىدى. ۋەھالەنكى، باشقا چاغلاردا يىرتقۇچلار كۈپكۈندۈزدىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئەتراپتا ئوتلاپ يۈرگەن قويلارنى پاتىپاراق قىلىپ، دەرد - ئەلەمنى قويلاردىن چىقىراتتى.

ئاپتاپ قىزدۇرۇشقا باشلىدى. چاتقالنىڭ تېگىدە ئاستىغا پاختىلىق چاپىنىنى سېلىپ ياتقان بوستون باشقا چاغلار بولغان بولسا، ئاز - تولا مۈگدىۋالغان بولاتتى، لېكىن ھازىر ئۇنداق قىلالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچىگە چىراغ ياققىنىمۇ يورۇمايتتى، ئېرنەزەرنىڭ ھالاك بولۇشىدا ئۆزىنى ئەيىبلىگەنلىكىگە زادىلا چىدىيالمايتتى. ئۇنىڭ رەقىبلىرى بولغان قوچقار بايېۋمۇ، بازاربايمۇ ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ، ھەر بىرى ئۆزلىرىچە گەپ توقۇپ، ئۇنى ئەيىبلەيتتى، ئۇنى خالتا كوچىغا كىرگۈزۈپ قويماقچى بولاتتى. ھاياتنىڭ نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئۇ زادىلا چۈشىنەلمەيتتى: تۈرلۈك - تۈمەن ئادەملەر نېمىشقا، نېمە سەۋەبتىن ئۇنى يامان كۆرىدىكىن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنۇ بۆرىلەرنى دېمەمسىز، ئادەمنىڭ جېنىنى سۇغۇرۇۋالىمەن دەپ



www.uyghurkitap.com

تۇرۇپتۇ. ئۆيدىمۇ شۇنىڭدىن بۆيان ئاراملىق يوق. بازارباي بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان گەپلەرنىڭ خەۋىرى خوتۇنىنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالىدىغان بولسا، ھەممە ئىش ئوماچ بولۇپ كېتەمدۇ، تېخى. بازارباي ئۈنىمۇ، خوتۇنىنىمۇ ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاپ سۆككەن چاغدا، خېلى ئادەملەر تاماشا كۆرۈپ تۇرغانىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزۈڭنى ئويىمەن دەپ تۇرغىنى قانچە...

بۆرىلەردىن تېخىچە خەۋەر يوق، بوستون تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ شۇنىڭغا قارىماي، كۆز ـ قۇلاق بولۇپ ياتاتتى، ئەتراپنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتەتتى. ئۇ يىرتقۇچلارنى قانچە تېز بايقىسا، شۇنچە ياخشى، ئۇلارنى قويلارغا يېقىنلىشا ـ يېقىنلاشمايلا مولجالغا ئېلىپ ئاتىدۇ. بۆرىلەر كېلىدىغان پەيتنى قولدىن بەرمەي دەررۇ بايقاش ئاسان ئەمەس: بېقىلغان قويلارنىڭ كۆزى ياخشى كۆرمەيدۇ، سېزىمى، پاراسىتى سەل گاللاق بولىدۇ، بۆرىنىڭ ئەڭ ئاسان ئۆلجىسىمۇ قوي، ئۇلارنى يىرتقۇچلاردىن ئادەملەرلا ساقلايدۇ. شۇڭلاشقا بۆرىلەر بىلەن ئادەملەر دائىم تۇتۇنۇشۇپ تۇرىدۇ. بۇ قېتىممۇ شۇنداق بولىدۇ...

بىغەم قويلار بۇ قېتىممۇ خەتەرنى سەزمەي قالدى. ئۇلار بىمالال ئوتلاپ يۈرەتتى، قوزىلىرى مەرىگەن چاغلاردىلا باشلىرىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قوياتتى، ئۇلارغا بىردەم ـ بىردەم يېلىنلىرىنى تۇتۇپ بېرەتتى، ئۇلارنىڭ شۇنىڭدىن باشقا تەشۋىشى يوق ئىدى، خەۋپنى پەقەت بوستونلا سەزدى...

شۇ ئەتراپتا پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرگەن بىر ئالىقانات تاغ سېغىزغىنى بىردىنلا قۇلاقنى يارغۇدەك شاراقلاپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا تىنماي ئۇچۇشقا باشلىدى. بوستون سەگەكلەشتى. مىلتىقنىڭ تەپكىسىنى قايرىدى. لېكىن بېشىنى چىقارماي،

تېخىمۇ ئوبدان بېكىنىۋالدى. ئىش دېگەننى پۇختا قىلمىسا بولمايدۇ. بىرنەچچە قوي چىقىم بولسا مەيلى. لېكىن يىرتقۇچلارنى چاندۇرماستىن ئوچۇقچىلىقتا ئەپچىقىش كېرەك، ئەلۋەتتە. ئەمما بۆرىلەر خەتەرنى بايقىغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارغا سېغىزغانلار خەۋەر يەتكۈزگەن بولسا ئەجەب ئەمەس؛ ئىشقىلىپ ئۇلار بىر جايدا شاراقلاشنى توختىتىپ، ئەمدى بوستون يوشۇرۇنغان يەرگە كېلىپ، ھەدەپ شاراقلاشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، بوستون ئۇلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتماي، چاتقال تېگىدە قىمىر قىلماستىن يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى. قانداقلا بولمىسۇن، بۆرىلەر بىردىنلا ھۇجۇم قىلمىدى. ئەھۋالنى قارىغاندا، ئۇلار ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن ئىكەن. ئەكبەرە يوغان تاشلارنى ئارىلاپ. ئوتلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن، تاشچاينار بولسا بۇ تەرىپىدىن يوشۇرۇنۇپ كەلمەكتە ئىدى. (كېيىنرەك مەلۇم بولدىكى، تاشچاينار بوستون مىلتىق تۇتۇپ مۆكۈنۈپ ياتقان يەردىن سەل نېرىدىلا ئۆمىلەپ كېتىۋاتقانىكەن).

لېكىن بۇ ئەھۋاللار بىردىنلا مەلۇم بولغىنى يوق.

بوستون بۆرىلەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ئەتراپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتەتتى، لېكىن يىرتقۇچلارنىڭ قاياقتىن پەيدا بولىدىغانلىقىغا زادىلا ئەقلى يەتمەيتتى. ئەتراپ ئاجايىپ جىمجىت. قويلار دۇنيادىن بىغەم ئوتلاپ يۈرەتتى، قوزىلار چېپىشىپ ئويناقلايتتى، سېغىزغانلار شاراقلاشتىن توختىغانىدى. پەقەت نېرىراقتىكى تاغدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئېرىق سۈيىلا شىلدىرلايتتى، چاتقاللىقلاردا قۇشلار سايرىشاتتى. بوستون ساقلاۋېرىپ زېرىككەنىدى. ئەمما شۇ چاغدا بىردىنلا تاشلار ئارىسىدىن بىر كۆل رەڭ سايە لىپ قىلىپ ئۆتتى، قويلار دۈپۈرلەپ ئۆزلىرىنى بىر تەرەپكە ئاتتى ۋە خاۋاتىرلەنگەن

ھالدا نېمىنىدۇر كۈتۈپ، داڭ قېتىپ قېلىشتى. بوستۇننىڭ ئەسەبلىرى چىڭ تارتىلدى. بۆرىلەر ئادەمنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قويلارنى ئۈركۈتكەنىدى. بۇنداق چاغلاردا ھەر قانداق مالچى ۋارقىراپ، قىي - چۇ قىلىپ، قويلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرەيتتى، بۇ بوستۇنغا مەلۇم ئىدى. لېكىن شۇ پەيتتە ئۇنىڭ مولجال قىلغىنى باشقا بولغاچقا، ياتقان جايىدىن قىمىر قىلمىدى. شۇ چاغدا يوغان تاشلار ئارىسىدىن بىر كۆل رەڭ سايە لىپ - لىپ قىلىپ ئۆتتى ۋە ئۈركۈپ جېنى چىققان قويلارغا تاشلاندى. قويلارغا سەكرەپ قورقۇنچ سالغىنى ئەكبەرە ئىدى. بوستۇن مىلتىقىنى راستلاپ بۆرىنى مولجاللىغا ئالدى - دە، تەپكىنى باساي دەپ تۇرغىنىدا، كەينى تەرىپىدە نېمىدۇر شىلدىرلاپ كەتتى، ئۇ ئىختىيارسىز كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇ شۇ زاماتلا مولجاللىغىنى ئېلىپ ئۈلگۈرمەي، ئۆزى تەرەپكە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ھەيۋەتلىك يىرتقۇچقا ئوق ئۈزدى. ھەممە ئىش كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك بولغان ئارىلىقتا يۈز بەردى. تاشچاينار ئاسمانغا سەكرىگەن چاغدا ئوق يېگەنىدى. لېكىن ئۇ دەرھاللا يەرگە يىقىلمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى غەزەپ بىلەن ئالايتىپ، ھىڭگاك چىشلىرىنى ئېچىپ، ئۆتكۈر پەنجىلىرىنى ۋەھشىيانىلىك بىلەن ئالدىغا سوزغان پېتى بوستۇن تەرەپكە قەھرى بىلەن ئۇچۇپ باردى ۋە ئۇنىڭدىن نەق بىر قەدەم نېرى جايغا گۈپپىدە قىلىپ يىقىلدى. بوستۇن دەرھال مىلتىقىنى باشقا ياققا توغرىلىدى، لېكىن پۇرسەت كېتىپ قالغانىدى: ئەكبەرە چىشلىۋالغان قوينى تاشلاپ، ئۆزىنى تاشلارنىڭ ئارىسىغا ئاتتى. بوستۇن مىلتىقىنى تۇتقان پېتى، ئۇنى ئېتىشقا ئۈلگۈرگىلى بولىدۇ دەپ ئويلىدى، لېكىن ئەكبەرەنىڭ جىلغىدىن سەكرەپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدىلا كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئوق ئۈزدى، بىراق ئوقى زايە كەتتى...

بوستون نەپەسىنى رۇسلاپ، دېمى ئىچىگە چۈشكەن ھالدا ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ جىددىيلىكتىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئېغىر - ئېغىر ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى. ئۇ ئاساسلىق مەقسىتىگە يېتەلمىدى، ئەكبەرە قېچىپ كەتتى. ئىش ئەمدى تېخىمۇ چىگىشلەشتى، ئۇنى دۈچ كەلتۈرۈش ۋە ئېتىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ، بۆرە ئەمدى قۇيرۇقىنى تۇتقۇزمايدۇ. بوپتۇ، دەپ ئويلىدى بوستون، ئەگەر تاشچاينارغا ۋاقتىدا قارىمىغان بولسام، ئوقۇممۇ نىشانغا تەگمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا چاتاقنىڭ يوغىنى چىقاتتى. بوستون يۈز بەرگەن ۋەقەنى مۇلاھىزە قىلىپ ئولتۇرۇپ شۇنىڭغا ئىشەندىكى، يىرتقۇچلار قوي توپىغا يېقىنلىشىپ قالغان مەھەلدە خەۋپ بارلىقىنى سېزىپ، ئىككىسى ئىككى ياققا بۆلۈنگەن. تاشچاينار مىلتىقلىق ئادەمنىڭ پىستىرمىدىن خەۋەرسىز بولغان ئەكبەرەنى نىشانغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئويلاپ ئولتۇرمايلا دۈشمەنگە تاشلانغان...

بوستون قورقىنىدىن ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتكەن قويلارنى يىغىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆلگەن بۆرىنى كۆرۈشكە باردى. تاشچاينار سارغىيىپ كەتكەن يوغان ھىڭگاك چىشلىرىنى ئېچىپ، يانغا ئاغدۇرۇلغان پېتى ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى شىشىدەك قېتىپ قالغانىدى. بوستون تاشچاينارنىڭ بېشىنى تۇتۇپ كۆردى. بۇ باش ئاتىنىڭ كاللىسىدىن قېلىشمايتتى، يىرتقۇچنىڭ ئۇنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرگەنلىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. پەنجىلىرىچۇ؟ بوستون ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ بوداپ باقتى ۋە ئىختىيارسىزلا «قايىلمەن» دەپ تاشلىدى: نېمىدېگەن سالماقلىق ۋە قۇدرەتلىك بۇ پۇتلار. قانچىلىغان يوللارنى باسقان، قانچىلىغان جانىۋارلارنى نابۇت قىلغان ئۇلار!

بوستون سەل ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالماسلىققا قارار قىلدى. سەدىقە بولسۇن، گەپ تېرىسىدىمىدى، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ جۇپى تىرىك قالدى، خۇشال بولۇشقا تېخى بالدۇر.

بوستون يەنە بىر پەس خىيالغا چۆمۈپ تۇردى. ئاندىن قورسىقىنى بۆرە يېرىپ تاشلىغان قوينى مۈرىسىگە ئارتتى ـ دە، قويلارنى كەينىگە قايتۇردى.

سەل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ گۈرجەك ۋە جوتۇ كۆتۈرۈپ، بۇ يەرگە يەنە كەلدى. تاشچاينارنىڭ ئۆلۈكىنى كۆمۈش ئۈچۈن كۈن پاتقۇچە ئورەك قازدى، تاشلىق يەر بولغاچقا، خېلىلا قاتتىق ئىشلىدى. بوستون بەزىدە ئىشىنى توختىتىپ، كۈتۈلمىگەندە بۆرە كېلىپ قالمىسۇن دەپ، ئەتراپىغا نەزەر تاشلايتتى. ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدىغان بوستوننىڭ مىلتىقى يېنىدىلا تەييار تۇراتتى، قولىنى ئۇزارتسىلا قولىغا چىقاتتى...

ئەمما ئەكبەرە تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە كەلدى... يېڭى دۈۋىلەنگەن دۆڭچەك ئالدىدا سوزۇلۇپ يېتىپ، ئەزانغىچە شۇ يەردە بولدى. قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىغاندا، ئۇ غايىپ بولدى...

## VI

باھار كۈنلىرى ئۆتۈپ، ياز يېقىنلاشماقتا ئىدى. چارۋىچىلارنىڭ يازلىق يايلاقلارغا كۆچىدىغان پەيتى كەلدى. تاغ باغرىدا قىشلىغان قويچىلار تاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئېدىر ۋە سايلارغا، يېڭى تاغ ئوتلاقلىرىغا كۆچمەكتە ۋە بۇ يەرلەردىن ئاستا ـ ئاستا داۋانلارغا يېقىنلىشىپ بارماقتا ئىدى. قىر ـ داللاردا قىشلىغانلار بولسا، تېخى مال ـ ۋارانىنىڭ ئايىغى

تەگمىگەن زاپاس ساقلاپ قويۇلغان ئوتلاقلارغا چىقماقتا ئىدى. بۇ مالچىلارنىڭ تازا ئالدىراش پەيتى بولۇپ، ئۇلار مال ھەيدەيدۇ، يۈك - تاقلىرىنى توشۇيدۇ. ھەممىسىدىن ئېغىرراقى، قويلارنىڭ يۇڭىنى قىرقىيدۇ؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلغاندا، باش قاشلاشقىمۇ قول تەگمەي قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەممە ئادەم يازلىق مەنزىلگە تېزرەك بېرىۋالسامىكەن، ئوت - چۆپى مول يەرلەرگە ئورۇنلىشىۋالسامىكەن، دەيدۇ. قىسقىسى، ئىش دېگەن دۆۋىلىنىپ كېتىدۇ... ھەر كىمنىڭ تەشۋىشى ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدۇ...

ھەممە ئۆز ئىشى بىلەن بەند، لېكىن ئەكبەرەلا دۇنيادىن نائۈمىد ئىدى. ئەتراپتىكى قايناق ھاياتنىڭ ئۇنىڭغىلا دەخلىسى يوق ئىدى. ئادەملەرمۇ ئەمدى ئۇنى ئۇنتۇپ قالغانىدى؛ ئەكبەرە تاشچاينار ئۆلگەندىن كېيىن، قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيدىغان ھەتتا بوستوننىڭ قىشلىقىدىمۇ كېچىلىرى ھۇۋلىمايدىغان بولغانىدى.

ئەكبەرەنى ئېغىر، ئامال قىلغىلى بولمايدىغان دەرد قىينايتتى. ئۇ بوشىشىپ، ئېرىنچەك، چۈشكۈن بولۇپ قالدى. ئۇدۇل كەلگەن ئۇششاق - چۈششەك ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈردى. كۆپ ۋاقتىنى كۆزدىن يىراق بولغان جىمجىت يەرلەردە مەيۈسلۈك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. تاغلاردىن مىڭلىغان قوي - قوزىلار توپ - توپ ئۆتۈپ تۇراتتى، ئەنە شۇنداق قالايمىقانچىلىق ۋە شاۋقۇن - سۈرەن ئىچىدە تېنەپ قالغان بىرەر يېرىم قوي - قوزىنى ئېلىپ كېتىشتىن ئاسان ئىش يوق. لېكىن ئەكبەرە بۇلارغا قايرىلىپ قاراپمۇ قويمايتتى، ھەممىسىگە پەرۋا قىلمايتتى.

ئەكبەرەگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۇنيا ئۆز قىممىتىنى يوقاتتى. ئۇنىڭغا ئۆتكەن ئۆمرى ھەققىدە خاتىرىلەرلا

www.uyghurkitap.com

قالغانىدى. ئەكبەرە بېشىنى ئالدى پۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا قويۇۋېلىپ، كۈن بويى موينىقۇم چۆللىرىدە، ئالداش دالا ـ دەشتلىرىدە، مۇشۇ يەردە، ئىسسىقكۆل بويلىرىدا كەچۈرگەن خۇشاللىق ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتلەرگە تولغان كۈنلىرىنى ئەسلەيتتى. تاشچاينار بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى كۈنمۇ كۈن، ئايمۇ ئاي، سائەتمۇ سائەت كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى، ئۇ ھەر قېتىمدا ھەسرەت ـ دەردىنى ئەلەمگە پاتقان جېنىغا سىغدۇرالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى، ئەتراپلاردا لاغايلاپ يۈرەتتى، ئاندىن يەنە قايغۇرغان ھالدا قېرىغان بېشىنى پۇتلىرىغا قويۇپ، يەرگە سوزۇلاتتى. يەنە بالىلىرىنى ئەسلەپ كېتەتتى. بىردەم يېقىندا ئوغرىلاپ كېتىلگەن تۆت بالىسىنى، بىردەم موينىقۇمدىكى قىرغىنچىلىقتا ھالاك بولغانلىرىنى، بىردەم ئالداش بويىدىكى قومۇشلۇقتا كۆيۈپ كەتكەن بالىلىرىنى ئەسلەيتتى. ئۆزىنىڭ تاشچاينارىنى، كۈچلۈك ـ بەستلىك ۋە ساداقەتلىك ئەركەك بۆرىسىنى ھەممىدىنمۇ كۆپرەك ئەسلەيتتى. گاھىدا ياۋا كەندىرلىك ئىچىدە ئۇچراتقان ھېلىقى غەلىتە ئادەم يادىغا چۈشەتتى، ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن قىلچە ئېھتىياتمۇ قىلماستىن يالىڭاچ ھالدا ئويناشماقچى بولغانلىرى كۆز ئالدىغا كېلەتتى. ھېلىقى ئادەم ئەكبەرە كېكىردىكىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئۆزىگە ئېتىلغان چاغدا، قورقۇپ بېشىنى قوللىرى بىلەن چاڭگاللىغان پېتى يەرگە زوڭزىيىۋېلىپ، ئاندىن ئالدى ـ كەينىگە قارىماي بەدەر قاچقانىدى... كېيىن ئۇنى قىش باشلانغان چاغدا، موينىقۇم چۆلىدە تاڭ قاراڭغۇسىدا توغراققا ئېسىپ قويۇلغان ھالەتتە كۆردى. شۇ چاغدا ئەكبەرە ئۇنىڭ تونۇش چىرايىغا تازا تىكىلىپ، زەن سالغانىدى، ئاندىن ئۇ ئادەم قاپقىنى سەل ـ پەل كۆتۈرۈپ. ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دەپ شىۋىرلىغان ۋە جىمىپ قالغانىدى...

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا چۈشتەك، قايتىلانمايدىغان چۈشتەكلا تۇيۇلاتتى. لېكىن شۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ھېلىمۇ تېخى ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى، ئۈمىد ئەكبەرەنىڭ قەلبىدە ياشايتتى، بەزىدە ئاخىرقى جىگەر پارىلىرى ھېلىمۇ تېپىلىپ قالىدىغاندەكلا قىلاتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئەكبەرە كېچىلىرى بوستوننىڭ قورۇسى ئەتراپىدا ئوغرىلىقچە ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇ ئەمدى يۈرەكلەرگە ۋەھىمە سېلىپ ھۇۋلىمايتتى، پەقەت يىراقتا تۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تىڭشايتتى: بەلكىم، شاماللار بويىغا بوي قوشۇلغان بالىلىرىنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى ئېلىپ كېلەر، بەلكىم، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە تونۇش ھىدلىرىنى دىمىغىغا ئەپكېلىپ ئۇرار... ئاھ، شۇنداق مۆجىزە يۈز بېرىپ قالسا — ھە! ئۇ چاغدا، ئەكبەرە ھېچ نەرسىگە قارىمايتتى، يا ئادەملەردىن، يا ئىتلاردىن قورقۇپ ئولتۇرمايتتى، ئۆزىنى ئەزىز بالىلىرىغا ئاتقان، ئۇلارنى ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرغان، قانات — قۇيرۇق چىقىرىپ بۇ يەرلەردىن يىراق — يىراقلارغا، باشقا ماكانلارغا باشلاپ كەتكەن، بۆرىلەرگە خاس بولغان ئەركىن — ئازادە ۋە قىيىن — مۈشكۈل تۇرمۇش كەچۈرگەن بولاتتى، بۆرىلەرگە بۇنىڭدىن باشقا نەرسە لازىم ئەمەس...

شۇ كۈنلەردە بوستوننىڭ يۈگۈر — يېتىم ئىشلىرى كۆپىيىپ كەتتى. ئوتلاقتا كۆچۈش ئىشلىرى يېتىشمىگەنىدەك، بۇنىڭغا يەنە قانداقتۇر ئەخمىقانە ئىدارە ئىشلىرىمۇ قوشۇلدى. قوچقارباي بوستونغا پوپوزا قىلىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارغا ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت يېزىپ ئەۋەتتى، ئۇ يەردىن كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن كومىسسىيە ئەۋەتىلدى، لېكىن كومىسسىيە بىر پىكىرگە كېلەلمىدى. كومىسسىيىنىڭ ئايرىم

ئەزالىرى مالچى بوستون ئوركۈنچىيېۋنى پارتىيىدىن چىقىرىپ تاشلاش كېرەك، چۈنكى ئۇ پارتىيە گۇرۇپپىسى باشلىقىنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىپ، ئۇنى ھاقارەت قىلغان، شۇنىڭ بىلەن پارتىيىنىڭ ئۆزىگىمۇ مەنىۋى جەھەتتىن زىيان يەتكۈزگەن دېيىشسە، باشقا ئەزالار بۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى مالچى بوستون ئوركۈنچىيېۋ ئىشنى كۆزدە تۇتۇپ سۆزلىگەن، ئۇنىڭ تەنقىدى ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان، دېيىشەتتى. كومىسسىيە بازارباي نۇيغۇتوۋنىمۇ سوراققا تارتتى. ئۇنىڭدىن بوستون ئوركۈنچىيېۋ ئۇۋۇسىغا قايتۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغان بۆرە باللىرى ھەققىدە يازما ماتېرىيال ئېلىشتى... قىسقىسى، ھەممە قائىدىلەرگە رىئايە قىلىنغان قەغەزۋازلىق باشلاندى...

بوستون كېيىنكى ئىككى قېتىم چاقىرغاندا بارمىدى. ماللارنى تاغلارغا ھەيدىشىم، بالا - چاقىلىرىم بىلەن يازلىق يايلاققا كۆچۈشۈم كېرەك، ۋاقىت قىس. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بولمىساممۇ ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلىۋېرىڭلار. كومىسسىيە لازىم تاپقان ھەر قانداق جازاغا رازىمەن، دەپ خەۋەر بېرىپ قويدى. بوستوننىڭ بۇ قىلىقلىرى قوچقارباييېۋنىڭ تازا كۆتكەن جايىدىن چىققاچقا، ئۇ قاتتىق خۇشال بولدى.

لېكىن مالچىغا بۇنىڭدىن باشقا ئامالمۇ يوق ئىدى. يازلىق يايلاقلارغا كۆچۈش باشلانغان مۇشۇنداق پەيتتە، بوستون ئىشنى كەينىگە سۈرەشكە، كېچىكتۈرۈشكە زادىلا يول قويالمايتتى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ماللارنى بىر كۈن بۇرۇن ھەيدەپ كېتەتتى، ئاندىن مالچىلارنىڭ يازلىق يۈك - پۈكلىرىنى تاكى ماشىنا بارالايدىغان جايلارغىچە ماشىنا بىلەن يەتكۈزۈپ بېرەتتى، ئۇنىڭ ئۇ يېقىغا ئاتا - بوۋىلاردىن قالغان ئۇسۇل بويىچە يۈك - تاقلارنى ئات - ئېشەكلەرگە ئارتىپ جۆنەپ كېتەتتى. بۇ چارە

بىر تەرەپتىن ماللارنى كۆچۈرۈشنى يېپىنكلەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن تېزلەشتۈرەتتى. مانا، بوستونمۇ ئالدى بىلەن ماللارنى يازلىق مەنزىلگە يەتكۈزۈپ باردى، قونالغۇدا ئۆزىنىڭ ياردەم-چىلىرىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئاندىن كېچىچە يول يېسىپ كەي-نىگە ياندى، ئەتىسى يېڭى — تاقلارنى ماشىنىغا بېسىپ، پۈتۈن مالچىلار جەم بولۇپ، تاكۈز چۈشكۈچە تاغلارغا چىقىپ كېتىشى كېرەك ئىدى.

شۇ كۈن ئاخىر كەلدى...

لېكىن ئەكبەرە شۇنىڭدىن بىر كۈن ئاۋۋال كېچىسى كونا ئۆۋىسىغا قايتىپ باردى. ئۇنىڭ تاشچايىنار ھالاك بولغاندىن بېرى بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. يالغۇز قالغان قىيا تاش تېگىدىكى ئۆۋىسىغا يولسىمىغان بولسا بولاتتى. ئۇنىڭ ھۇۋلاپ تۇرغانلىقىنى، ئۆزىنى ئۇ يەردە ھېچكىم كۈتۈپ تۇرمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، كۆڭلىنىڭ بىرىدە قاتتىق قايغۇ — ھەسرەتكە چۆمگەن بۆرىنىڭ تونۇش يوللار، چاتقال ئارىلىرى، غار — كامارلاردىن ئۆتكۈسى كەلدى، قەدىردان جايلىرىنى سېغىندى. ئۇ يەردە باللىرى كېلىپ، ئۇنى ئارزىقىپ كۈتۈۋاتقان بولۇپ قالسىچۇ! ئۇ ئىچ — ئىچىدىن تاتىلاپ تۇرغان ۋەسۋەسىنى يېڭەلمىدى، ئالدىنىپ يۈگۈردى. ئەكبەرە يول تاللىماستىن، سۇلارنى كېچىپ، تاشلارنى بېسىپ، يازلىق يايلاقلاردا يېنىپ تۇرغان كېچىلىك گۈلخانلار، ۋەھشىي ئىتلارنىڭ يېنىدىن تەلۋىلەرچە يۈگۈرۈپ ئۆتەتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن مىلتىق ئاۋازلىرى ۋاكىلداپ كېتەتتى...

ئۇ ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرغان ئاي نۇرىغا كۆمۈلگەن تاغلاردا ئەس — ھوشىنى يوقاتقان ھالدا، يەككە — يېگانە چاپاتتى... ئۇ ئەتراپىنى يېگى ئوت — چۆپلەر ۋە زىرىق نوتىلىرى

چىرمىشىۋالغان، تونۇغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلگەن ئۈۋىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مىسكىن ۋە خېلى چاغلاردىن بېرى ئۇنتۇلغان ئۈۋىسىغا يۈرىكىنى توختىتىپ كىرەلمىدى... لېكىن ئۇنىڭ كەينىگە قايتىشقا، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقىمۇ ماجالى قالمىغانىدى. شۇ چاغدا ئەكبەرە يەنە بۆرىلەرنىڭ ئىلاھى — بۆرە ئانىغا نالە قىلدى، زارلاپ، ھۇۋلاپ ئۇزاق يىغلىدى، بەختسىز تەقدىرى ھەققىدە توختىماستىن ئەرز قىلدى، ئىلاھتىن ئۆزىنى ئايغا ئېلىپ كېتىشنى، ئادەم يوق يەرگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈندى...

بوستون شۇ كېچىسى يولدا ئىدى. ئۇ ماللارنى يازلىق يايلاققا يەتكۈزۈپ قويۇپ، كەينىگە قايتماقتا ئىدى. كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ، ئەتىگەندە قايتسىمۇ ئەلۋەتتە بولاتتى. لېكىن ئۇنداق قىلىدىغان بولسا، قوشقا كەچكە يېقىن يېتىپ كېلەتتى - دە، ئەتىسى يۈك - تاقلارنى بېسىپ ماللارنىڭ كەينىدىن يولغا چۈشۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ بۇنچىلىك ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايتتى. يەنە كېلىپ قورۇدا كىچىك بالىسى بىلەن گۈلىمخان ۋە يەنە بىر ئائىلىدىن بۆلەك ھېچكىم قالمىغان بولۇپ، ئۇلار يازلىق يايلاققا كۆچۈش ئۈچۈن، تەييار بولۇپ ئولتۇراتتى. ئەر خەقلەرنىڭ ھەممىسى مال ھەيدەپ كەتكەنىدى.

بوستون شۇ كېچىسى مانا شۇ سەۋەبتىن كەينىگە قايتماقتا ئىدى. بەختىگە يارىشا، دونكولىكىمۇ ئادەتتىكىچە جەدەل ۋە سالماقلىق يورتۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ يۈرۈشىگە ئادەمنىڭ زوقى كېلەتتى. چاققان ئات - تە بىر. نەسىللىك دون ئېتىنىڭ ياللىرى ۋە قۇلاقلىرى ئاي نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى، بەقۇۋۋەت تۆشىدىكى بۇلجۇڭ گۆشلەر كېچىدە جىلۋە قىلىپ تۇرغان سۇ دولقۇنلىرىدەك يالتىرايتتى. ھاۋا ئىسسىقمۇ

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس، مۆتىدىل ئىدى. ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ھىدى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. بوستون ھەر ئېھتىمالغا قارشى يەلكىسىگە مىلتىقىنى ئېسىۋالغانىدى، تاغدا كېچىسى نېمە ئىشلار بولمايدۇ دەيسىز. بوستون ئۆيگە بېرىپلا مىلتىقنى قوزۇققا ئىلىپ قويىدۇ، بەش تال ئوقى ئېلىۋېتىلمىگەن پېتى شۇ يەردە ئېسىقلىق تۇرىدۇ.

بوستون قوشقا بامدات ۋاقتىدا، سائەت بەشلەردە يېتىپ بېرىشنى مولجاللىغانىدى، ئۇنىڭ مولجالى خاتا چىقمىدى، شۇ كېچىسى ئۇ خوتۇنى بىلەن ئوغلىغا قانچىلىك قاتتىق باغلانغانلىقىغا ئېنىق ئىشەنچ ھاسىل قىلدى: بىر كۈن ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا ئۇلارنى سېغىنىپ قالدى، مانا ئەمدى ئالدىراش ئۆيگە قايتماقتا ئىدى. يولدا ھەممىدىن بەكرەك ئەكبەرە يەنە قورۇ ئەتراپىدا قۇتراپ، گۈلىمخان بىلەن كەنجەشنى قورقۇتۇپ دەھشەتلىك ھۇۋلاپ يۈرگەن بولمىغىيتتى، دەپ ئەنسىرىدى. بوستون تاشچاينار ئۆلگەندىن كېيىن ئەكبەرە كۆزدىن يوقالدى، ھەر ھالدا زۇۋانى چىقماي قالدى، دەپ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرەتتى.

بوستون شۇ كېچىسى بىكار ئەنسىرىمىگەنىكەن.

شۇ كېچىسى ئەكبەرە باشەت جىلغىسىدا، كونا ئۇۋىسى ئالدىدا بۆرە ئانىغا ئەرز ـ شىكايەت قىلماقتا ئىدى. مۇبادا، ئەكبەرە بوستونلارنىڭ قورۇسى ئەتراپىدا پەيدا بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ھېچكىمنى قورقۇتۇپ تەشۋىشكە سالمىغان بولاتتى، تاشچاينارنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، ئۇ ئادەملەر مەنزىلگاھىدىن كېلىشۋاتقان ئاۋازلارغا ھەسرەت بىلەن قۇلاق سېلىپ يۈرەتتى، خالاس...

شۇ كۈن ئاخىر كەلدى...

بوستون شۇ كۈنى ئەتىگەندە ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئاچقاندا،

كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. ئۇ تاڭ قاراڭغۇسىدا قوشقا يېتىپ كېلىپ، تۆت سائەتتەك ئۇخلىغانىدى. گۈلسىخان ئەتىگەندە كەنجەش دادىسىنى ئويغىتىۋەتمىسۇن دەپ خېلىلا تۇتتى، لېكىن كۆچۈش تەشۋىشى بىلەن ئاۋارە بولۇپ كېتىپ، ئوغلىدىن بىر مەھەل خەۋەر ئالالماي قالدى. بالا ئاللىنېمىلەرنى دەپ، ھەدەپ دادىسىنىڭ يۈزىنى سىلاپ، شاپىلاقلاشقا باشلىدى. بوستون كۆزىنى ئاچتى، كۈلگەن پېتى ئوغلىنى باغرىغا باستى، پۈتۈن جان ـ تېنى ئۇنىڭغا بولغان ئاجايىپ بىر مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن دولقۇنلاندى. ئۇنىڭ پۇشتىدىن تاڭغان كىچىككىنە، ساغلام بۇ بالىنىڭ نېمەتلىك بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقى، تېخى ئىككى ياشقا تولمىغان بولسىمۇ، زېرەكلىكى، ئاتا ـ ئانىسىنى سۆيۈشى، يۈزى، چىرايى، قىلىقلىرىنىڭ قۇيۇپ قويغاندەكلا ئۆزىگە ئوخشاپ كېتىشى، پەقەت قارىقاتتەك يالتىراپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ ئانىسىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشى ھەددىدىن زىيادە خۇشاللىق بېغىشلايتتى. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، بالا دېگۈدەك بالا ئىدى. بوستون ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ شۇنداق ئاجايىپ ئوغلى بارلىقىدىن پەخىرلىنەتتى.

— نېمە دەيسەن، ئوغلۇم؟ ئورنۇمدىن تۇرايمۇ؟ قېنى، قولۇمدىن تارتىۋەتكىنە؟ تارت، تارت، مانا، بارىكاللا! ئوھو، پالۋان ـ دە! مانا ئەمدى، قېنى، قېنى، ئەمدى داداڭنى بويىنىدىن بىر قۇچاقلىغىنا. ۋاھ ـ ۋاھ!

گۈلسىخان شۇ ئارىلىقتا ئۇننى قورۇپ، سۈت ۋە تۇز سېلىپ قويۇق ھۆمەلچاي ھازىرلىدى. ھۆمەلچاي ئېرىنىڭ جانىۇ تېنى ئىدى. شۇ تاپتا مال ـ ۋارانلارلا ئەمەس، ھەتتا ئىتلارمۇ يىراق تاغلارغا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئوركۇنچىيىۋلار ئائىلىسى خالىسا، بىمالال، خاتىرجەم ئولتۇرۇپ چاي ئىچسە بولاتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ھالچىلار ئائىلىلىرىنىڭ بۇنداق

راھەت ـ پاراغەتكە كەمدىن ـ كەم مۇيەسسەر بولالايدىغانلىقىنى ياخشى بىلمەيدۇ. چارۋىلارغا يىلبويى كېچە ـ كۈندۈز تىنىماي كۆز ـ قۇلاق بولۇپ تۇرمىسا بولمايدۇ، ئەگەر قوينى مىڭ تۇياق دەپ ھېسابلايدىغان بولساق، قوزىلىرى بىلەن قوشۇلۇپ بىر يېرىم مىڭ تۇياق دەۋېرىڭ، شۇڭا بۇنداق ئازادە ئولتۇرۇپ چاي ئىچىشكە چولىسى تەگمەيدۇ، مالچى ئائىلىلىرى بۇنى پەقەت ئارزۇلا قىلالايدۇ، ئۇلار كۆچۈش ئالدىدىلا خاتىرجەم ئولتۇرۇپ چاي ئىچەلەيدۇ. ئاندىن يازچە تاغلارغا چىقىپ كېتىشىدۇ. ماشىنا يېشىنگىچە يېتىپ كېلەتتى، شۇنىڭغىچە يىغىشتۇرىدىغاننى يىغىشتۇرۇپ، سەرەمجان قىلىپ قويۇش كېرەك.

— ۋاي، كۆزلىرىمگە زادىلا ئىشەنمەيۋاتىمەن، — دەيتتى گۈلمخان ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمىگەن ھالدا، — نېمىدېگەن ياخشى، جېنىڭ يايراپ كېتىدۇ، جىمجىتلىقىنى قاراڭ! سىزنىڭ قانداق ئويدا ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەيمەن. لېكىن مېنىڭ ھېچلا كەتكۈم كەلمەيۋاتىدۇ، ئۆيدىلا قالايلى. كەنجەشجان، داداڭغا دېگىن، ھېچنەگە بارمايلى.

كەنجەشجان نېمىلەرنىدۇر دەپ، بىردەم دادىسىنىڭ، بىر دەم ئانىسىنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالاتتى، بوستون بولسا مۇلايىملىق بىلەن ئايالىنىڭ گەپلىرىنى ماقۇللايتتى:

— شۇنداقمۇ؟ مەيلى، يازچە مۇشۇ يەردە ياشىساق نېمە بوپتۇ؟

— تازا گەپ قىلدىڭىز ـ دە، — كۈلەتتى گۈلمخان، — ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، قويلار نەدە سەن دەپ، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچىلا تىكشۈيتەرسىز، ئاندىن سىزنى دونكولىك بىلەنمۇ قوغلاپ يەتكىلى بولمايدۇ!

— راست، دونكولىكنى مىنىپمۇ يېتىشەلمەيسەن! — دەپ

تەستقلايتتى قانائەت تاپقان بوستون. ئۇ ئاندىن دىڭگىنىپ تۇرغان بۇرۇتىنى سىلاپ قويىدى. بۇ ئۇنىڭ كۆڭلى خۇش ۋاق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

ئۇلار يەرگە قويۇلغان جوزا ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، ئەنە شۇنداق چاي ئىچىشتى، بالىسى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا كېپىنەكتەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا بىر نىمە يېگۈزمەكچى بولاتتى، لېكىن بالا بۇگۈن شوخلۇقنى ئەۋجىگە چىقارغان بولۇپ، ئوينىاپ، چېپىپ، ئۇلارغا ئارام بەرمەيتتى. زادىلا جايىدا ئولتۇرۇش، تاماق يېيىش خىيالى يوق ئىدى. ئۇلار ئۆيىنىڭ ئىچى دىمىق بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئىشىكنى ئېچىپ قويغاچقا، كەنجەش بىردەم - بىردەم تاشقىرىغا يۈگۈرۈيتتى، ئىرغاڭلاپ ھويلىنى ئايلىناتتى، مېكىيانىڭ ئەتراپىدا پىلدىرلىشىپ يۈرگەن كىچىككىنە، ھۆرپىيىپ كەتكەن چۆجىلەرنى تاماشا قىلاتتى. بۇ كۆزەتچى قۇدۇرمەتنىڭ توخۇسى ئىدى. قۇدۇرمەتنىڭ ئۆزى يايلاققا چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى ئاسىلگۈل ئۇركۇنچىيىپ ۋلار بىلەن بىللە ماشىنىدا ماڭماقچى بولۇپ قالغانىدى. ئاسىلگۈل بايا ئۇلارنىڭكىگە كىرىپ، يۈك - تاق - لارنى يىغىشتۇرۇپ قويدۇم، توخۇنى چۆجىلىرى بىلەن سېۋەتكە سالسامىلا بولدى، بۇنى ماشىنا كەلگەندە قىلسامىمۇ بولار، ھازىر كىرلىرىمنى يۇيۇپ، قۇرۇتۇۋالاي، دېگەنىدى.

شۇ كۈنى سەھەر شۇنداق ئۆتمەكتە ئىدى. قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، خېلىلا قىزدۇرۇشقا باشلىدى. ھەممە ئادەم ئۆز ئىشى بىلەن ئاۋارە. بوستون خوتۇنى بىلەن يۈك - تاقلارنى، تۈگۈن - بوغچىلارنى چىگەتتى. ئاسىلگۈل كىر يۇماقتا ئىدى، ئارىلاپ - ئارىلاپ ئۇنىڭ تاشقىرىغا يۇندا تۆككەنلىكى ئاڭلىنىپ قالاتتى. كىچىككىنە كەنجەش بولسا خالىغىنىچە ئويناپ يۈرەتتى، بىردەم ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرەتتى، بىردەم

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

چېپىپ چىقىپ كېتەتتى، چۈجىلەرنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

شۇ ئارىلىقتا مېھرىبان كۆرۈك توخۇ چۈجىلىرىنى ھويلىنىڭ نېرى يېقىغا يەر تاتىلىتىشقا باشلاپ كەتتى. كىچىككىنە چۈجىلەر ئۇنىڭ كەينىدىن پايپاسلاپ يۈگۈردى، ئۇلار شۇنداق قىلىپ سارايىنىڭ ئېگىز تېمىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ يەردە قېرىقىز ۋە ئاتقۇلاقلار ئۆسۈپ كەتكەن بولۇپ، ياز كۈنلىرى بولغاچقا ئاجايىپ جىمجىتلىقتا چۆمگەنىدى. چۈجىلەر چىك - چىك قىلىشىپ ئەخلەت دۆۋىسىنى تاتىلايتتى، كەنجەش بولسا تىنماستىن چۈجىلەرگە گەپ قىلاتتى، پىخىلداپ كۈلەتتى، ئۇلارنى تۇتۇپ، ئالقانلىرى بىلەن سىلىماقچى بولاتتى. ئانا توخۇ كەنجەشتىن چۆچۈمەيتتى، بىراق بۇ يەردە تۇيۇقسىزلا ئاۋاز چىقارماستىن قەدەم تاشلاپ، ناھايىتى يوغان كۈل رەڭ ئىت پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇ توخۇ خاۋاتىرلىنىپ، قورققىنىدىن قاقاقلاشقا باشلىدى ۋە چۈجىلىرىنى بالا - قازادىن نېرىراق ئەپكېتىشنى ماقۇل كۆردى. كەنجەش كۆزلىرى ئاجايىپ كۆپكۆك بولغان يوغان بۇ ئىتتىن قىلچىمۇ تەپ تارتمىدى. بۆرە كىچىككىنە قۇيرۇقىنى دوستانىلىك بىلەن لىكىلدىتىپ، مۇلايىملىق بىلەن قارايتتى. ئۇ خېلىدىن بېرى قىشلاقتىكى قورۇ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنىدى.

تۈنۈگۈن ئاڭلىشامدىن بېرى ھويلىلار بوشاپ، ھۇۋلاپ قالغان بولۇپ، يا ئادەملەرنىڭ، يا ئىتلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى، مانا شۇ سەۋەبتىن ئەكبەرە ئادەملەر قارارگاھىغا شۇنچىلىك يېقىن كېلىشكە پېتىنغانىدى. ئۇ قەلبىدە ئۆلمىگەن ئانىلىق سېغىنىشى، ئارمان ۋە ئۈمىد بىلەن ھەممە قوتان ۋە ئېغىللارنى تولىمۇ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئايلىنىپ چىقىپ، يوقالغان بالىلىرىنىڭ نام - نىشانىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى،

شۇنىڭ بىلەن بىشى قىيىپ ئادەم بار جايغا ناھايىتى يېقىن كېلىپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەكبەرە كىچىككىنە كەنجەشنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ زادىلا چۈشىنەلمىدى — بۇنىڭ بالا ئەكەنلىكىنى نەدىن بىلدى؟ ئادەم سىياقىنى دېمەيدىغان بولسا، ئۆز باللىرىنىڭ بەئەينى ئۆزىلا تۇرامدۇ؟ بالا بۇ يوغان ياخشى ئىتنىڭ بېشىنى سىلىماقچى بولۇپ قولىنى سوزغاندا، ئەكبەرەنىڭ دەرد - ئەلەمدىن ئۆرتىنىپ كەتكەن يۈرىكى پارتلاپ كەتتى. ئۇ بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىنى يالىدى، كەنجەش ئۇنىڭ ئەركىلىتىشلىرىدىن خۇشال بولۇپ، پىخىلداپ كۈلدى - دە، بۆرىنى بويىنىدىن قۇچاقلىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئەكبەرە پۈتۈنلەي بوشىشىپ، بالىنىڭ پۇتلىرى تېگىگە سوزۇلدى - دە، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشىشقا كىرىشتى، ئۇنى ئېمىتكۈسى كەلدى، لېكىن بالا ئېمىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ ئۇستىگە مىنىۋالدى. ئاندىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى كەينىدىن ئەگەشتۈرۈپ ماڭماقچى بولدى. ئۇ «ماڭ! ماڭ!» دەپ كۈلگەن پېتى ئۇنى چاقىراتتى. ئەمما ئەكبەرەنىڭ نېرىغا قەدەم تاشلاشقا يۈرىكى پېتىنمايتتى، ئۇ ياقتا ئادەملەر بار ئىدى. بۆرە ئورنىدىن قىمىرلىماي، مەيۈس كۆزلىرى بىلەن بالىغا تەلمۈرۈپ ياتاتتى. شۇ چاغدا بالا يەنە كەينىگە يېنىپ، ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ - سىلاپ قويدى، ئەكبەرە بولسا ئۇنى يالايتتى، بۇ يالاشلار بالىغا تولىمۇ خۇش ياقتى. بۆرە يۈرىكىدە يىغىلىپ قالغان ھەممە مېھرىنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ، ئۇنىڭ بالىلىق پۇرىقىنى كۆكسىنى تولدۇرۇپ - تولدۇرۇپ پۇرىماقتا ئىدى، بۆرىنىڭ كاللىسىدىن، بۇ بالا مېنىڭ قىيا تاش تېگىدىكى ئۇۋامدا ياشىغان بولسا، قانداق ياخشى بولاتتى — ھە دېگەن ئوي ئۆتتى. شۇ چاغدا بۆرە بالىنىڭ نازۇك بويىنىنى جاراھەتلەندۈرۈپ قويمىسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن، چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن ئاستا چىشلىدى ـ دە، كەسكىن بىر ھەرىكەت بىلەن يالىنىڭ ئۈستىگە ئارتتى. بۆرىلەر قويلارنىڭ ئارىسىدىن قوزىلارنى شۇنداق يول بىلەن ئېلىپ قاچاتتى.

بالا خۇددى يارىلانغان توشقاندەك قىسقا چىرقىرىدى. لاپاسقا كىر يايماقچى بولۇپ كېلىۋاتقان ئاسىلگۈل كەنجەشنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ، ئالدىراشلىق بىلەن دوقمۇشقا كېلىپ قارىدى ۋە شۇ زاماتلا بوستوننىڭ ئىشىكىگە يۈگۈردى.

— بۆرە! بۆرە بالىنى ئەپقاچتى! چاپسان، چاپسان!

بوستون ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، تامدىن مىلتىقنى ئالدى، گۈلىمخان ئۇنىڭ كەينىدىن چېپىپ چىقتى.

— ئەنە! ئەنە! ئەنە، كەنجەش! ئەنە، بۆرە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ! — دەپ پەرياد قىلاتتى ئاسىلگۈل بېشىنى قوللىرى بىلەن چاڭگاللاپ.

بوستونمۇ ئەمدى بۆرىنى كۆردى، ئۇ ۋارقىراپ يىغلاۋاتقان بالىنى بويىنىغا ئارتقان پېتى سوكۇلداپ كېتىپ باراتتى.

— توختا! توختا، ئەكبەرە! توختا دەۋاتىمەن! — بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى بوستون ۋە بۆرىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

ئەكبەرە قاچتى. بوستون ئۇنىڭ ئىزىدىن مىلتىق كۆتۈرگەن پېتى يۈگۈرۈيتتى ۋە غەيرىي تەبىئىي بىر ئاۋازدا ھۆركىرەيتتى:

— توختا، ئەكبەرە! ئوغلۇمغا تەگمە! ساڭا ھېچقاچان يامانلىق قىلمايمەن! بالامنى قوي، ئۇنىڭغا تەگمە! ئەكبەرە! قۇلاق سالساڭچۇ، ئەكبەرە!

ئۇ شۇ تاپتا بۆرىنىڭ ئۆز سۆزىنى مۇتلەق چۈشەنمەيدىغانلىقىنى ئۇنتۇغانىدى. ۋارقىراش ـ جارقىراش ۋە قوغلاشلار

بۆرىنى تېخىمۇ قورقۇتۇۋەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى تېزرەك قاچقىلى تۇردى.

بوستون بولسا ۋارقىرىغىنىچە ئۇنى قوغلاشنى توختىمايتتى.

— ئەكبەرە! ئوغلۇمغا تەگمە، ئەكبەرە! — دەپ يالۋۇراتتى ئۇ.

ئۇنىڭدىن سەللا ئارقىدا گۈلىمخان بىلەن ئاسىلگۈل داد - پەرياد كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈشەتتى.

— ئات! چاپسانراق ئات! — دەپ ۋارقىرايتتى گۈلىمخان بالا كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بۆرىنى بوستوننىڭ ئاتمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ.

ۋارقىراش - جارقىراش ۋە قوغلاشلار بۆرىنىڭ قېنىنى قايناتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋەھشىي تەبىئىتى ئەسلىگە كەلدى، ئولجىسىنى قولدىن چىقارماسلىققا قارار قىلدى. بالىنى ياقىسىدىن چىڭ چىشلىگەن پېتى شىددەت بىلەن تاغلارغا قېچىپ، خېلىلا يىراقلاپ كەتكەن چېغىدا، كەينىدىن مىلتىق ئېتىلدى، ئوق بېشىنىڭ ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتكەندىمۇ ئولجىسىنى تاشلىمىدى. بالا داد سېلىپ ۋارقىرايتتى، دادىسى بىلەن ئاپىسىنى چاقىراتتى. بوستون بۆرىنى نېمە بىلەن قورقۇتۇشنى بىلمەي، يەنە ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى، لېكىن بۆرە بۇ قېتىممۇ قورقمىدى. ئەكبەرە تاشلىق دۆڭلەر تەرەپكە ئېتىلىپ يۈگۈرمەكتە ئىدى، ئۇ يەرگە يېتىۋالسىلا بولاتتى، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئىزىدىن تېپىنتىپ، كۆزدىن غايىپ بولالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. بوستوننىڭ يۈرىكى كەينىگە تارتىشىپ كەتتى: قانداق قىلسا بالىنى قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ؟ قانداق قىلىدۇ؟ بۇ دەھشەتلىك ئاپەت نەدىن كەلدى؟ ئۇنىڭ گۇناھى نېمە؟

— بالىنى تاشلا، ئەكبەرە! تاشلا، تاشلا دەيمەن، بالىمىزغا تەگمە! — بوستون ھالسىرىغان ئاتتەك ئېغىر - ئېغىر

نەپەس ئېلىپ ھاسىرايتتى، بۆرىگە ئىلتىجا قىلاتتى.

بوستون ئۈچىنچى قېتىم ئاسمانغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى، ئوق يەنە ۋەھشىي بۆرىنىڭ بېشى ئۈستىدە ۋىژىلداپ ئۇچتى. تاشلىق دۆڭ ـ ئويمانلار يېقىن قالدى. ئوقدانىدا ئىككى پايلا ئوق قالدى. بوستون يەنە بىر ئازدىن كېيىن ھەممىسى قولدىن كېتىدىغانلىقىنى سېزىپ، بۆرىنى ئېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، بۆرىنى مولجالغا ئېلىشقا باشلىدى. بۆرىنىڭ پۇتلىرىنى نىشانغا ئالدى. لېكىن زادىلا نىشانغا ئالالمايتتى، كۆكرىكى ھەدەپ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشەتتى. قوللىرى تىترەپ، ئۆزىگە بويسۇنمايتتى. ئۇ پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە ئىرادىسىنى يىغدى، كۆزىنى تىترەپ تۇرغان چەندىن ئۈزمەيتتى، بۆرە خۇددى شىددەتلىك دولقۇنلار ئىچىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، شۇ چاغدا ئۇ تەپكىنى باستى، تەگمىدى. ئوق بۆرىنىڭ يېنىدىكى تۇپراقنى توزۇتۇۋەتتى. بوستون مىلتىقىنى قايتىدىن بەتلىدى، ئوق ئاخىرقى ئوق ئىدى. ئۇ يەنە مولجالغا ئالدى، بۇ قېتىم ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، بۆرە بىر سەكرەپلا يېنىغا موللاق ئېتىپ چۈشتى.

بوستون مىلتىقىنى يەلكىسىگە ئارتقان پېتى يىقىلغان بۆرە تەرەپكە خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا پۇتلىرى يەرگە چاپلىشىپ قالغاندەك، زادىلا يۈگۈرۈپ يېتىپ بارغىلى بولمايدىغاندەك، بويپوش مۇئەللەق راۋاقتا ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى...

ھاۋا تۇيۇقسىزدىنلا سوۋۇپ كەتكەندەك، ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا مۇزدەك بولۇپ كەتتى ۋە تەسلىكتە يىقىلغان بۆرىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قەددى بىردىنلا يايدەك ئېگىلدى. داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ ئىرغاڭلاشقا باشلىدى. ئەكبەرە تېخى



www.uyghurkitap.com

تىرىك ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىلا كۆكسىنى ئوق تېشىپ ئۆتكەن بالا ئۆلۈك ياتاتتى...

زۇۋانسىز دۇنيا زۇۋان سۈرمەي ياتاتتى. دۇنيا غايىب بولدى، ئۇنىڭ ئورنىدا پەقەت ئوت يالقۇنلىرى گۇرۇلدەپ تۇرغان زۇلمەتلا قالدى. بوستون كۆزلىرىگە ئىشەنمەي مۈك چېيىدى ۋە يەردە قانغا مىلىنىپ ياتقان ئوغلىنى كۆتۈردى. ئۇنى باغرىغا باسقان پېتى كەينىگە مۇدۇرۇلدى. شۇ چاغدا ئۇ نېمە ئۈچۈن جان بېرىۋاتقان بۆرىنىڭ كۆزلىرى كۆك ئىكەنلىكىدىن ئەجەبلەندى. ئاندىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، غەم ـ ئەلەمدىن تىلسىز قېلىپ، ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاياللار تەرەپكە ماڭدى.

ئۇنىڭغا ئايالنىڭ بويى ئاسمانغا تاقىلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مانا، بويى ئاسمانغا تاقاشقان، غايەت يوغان يۈزى ئۆزگىرىپ كەتكەن، غايەت يوغان قوللىرى سوزۇلغان خوتۇن ئۇنىڭغا قاراپ كەلمەكتە.

بوستون ئۆزى ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ، خۇددى كۆزى قارىغۇ ئادەمدەك قەدەم تاشلايتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈپ، ھۆكرەپ يىغلاپ گۈلسىمخان سۆرىلىپ كەلمەكتە ئىدى، ۋاي ـ داد سېلىپ كېلىۋاتقان ئاسىلگۈل ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىۋالغانىدى...

ئەلەمدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويغان بوستون ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىدى. لېكىن بىردىنلا خۇددى قۇدرەتلىك شارقىراتما ئېگىزدىن ئېتىلىپ چۈشكەندەك قۇلىقى ۋاڭلا قىلىپ ئېچىلدى، دۇنيا شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولدى. ئۇ نېمىلەر بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى ۋە كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكىپ، دەھشەتلىك ۋارقىرىدى:

— نېمىشقا، مېنى نېمىشقا مۇنداق جازالايسەن؟

ئۇ ئوغلىنىڭ جەسىتىنى ئۆيدىكى كۆچۈشكە تەييارلاپ

www.uyghurkitap.com

قويۇلغان كىچىك كارىۋاتقا ياتقۇزدى. شۇ چاغدا گۈلسىخان جەسەتنىڭ يېنىغا تىزلىنىپ، خۇددى ئەكبەرە كېچىلىرى ھۆڭلىغاندەك يىغلاشقا باشلىدى.... ئاسىلگۈل ئۇنىڭ يېنىغا يەرگە چۆكتى...

بوستون بولسا مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ خۇددى ئۇرۇشقا كېتىۋاتقاندەك بىر دەستە ئوقنى مىلتىققا باستى، بىر دەستىسىنى يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن دونكولىكنى توقۇپ، ئۇنىڭغا سەكرەپ مىندى. يا خوتۇنىغا، يا ئاسىلگۈلگە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۆيدىن چىقتى...

قورۇدىن سەك نېرى بېرىپلا دونكولىكنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋەتتى، ئالتۇن رەڭلىك قۇلا ئات تامان قىشلىقى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. بۇ يولدىن ئۇ قىش ئاخىرلاشقاندا ئۆتكەنىدى.

ئۇ ئىزدەپ بارغان ئادەم دېگەن يېرىدە ئىكەن، ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇنى يەرنىڭ تېگىدىن بولسىمۇ تاپماي قويمايتتى.

شۇ كۈنى بازارباي ئۆيغۇتۇۋنىڭ ھويلىسىدىمۇ ماشىنىغا يۈك ـ تاق قاچىلاشماقتا، مال ـ ۋاراننى يازلىق يايلاققا كۆچۈرۈشمەكتە ئىدى. ئۆز ئىشلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئادەملەر قورۇنىڭ ئارقىسىدىن بوستوننىڭ كەلگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاتتىن چۈشۈپ، مىلتىقىنى قايتا بەتلىگەنلىكىنى، ئاندىن يەنە يەلكىسىگە ئېسىۋالغانلىقىنى بايقاشمىدى.

ماشىنىغا يۈك بېسىلىۋاتقان جايغا كەلگەندىلا، ئۇنىڭغا كۆزلىرى چۈشتى. بازارباي ماشىنا ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنىڭغا چەكچىيىپ قارىدى.

ــ نېمە دەيسەن؟ ــ دېدى ئۇ بوستوننىڭ كۆيۈپ تۈگىگەن چوچۇلدەك قارىيىپ كەتكەن يۈزىگە تىكىلىپ، گەجگى-

سىنى قاشلىغان ھالدا، — نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ نېمىشقا مۇنداق قارايسەن؟ — ئۇ بىر يامانلىقنى سېزىپ ساراسىمىگە چۈشتى، — يەنە بۆرە دەپ كەلدىڭمۇ؟ باشقا ئىشىڭ يوقمۇ؟ مېنىڭدىن سوراشقاندى، يېزىپ بەردىم، شۇ.

— تۇفىي، يېزىپ بەرگىنىڭگە، — قەھرى بىلەن دېدى بوستون ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى ئوقتەك تىكىپ، — ئىشىم يوق. سەن يورۇق دۇنيادا ياشاشقا لايىق ئەمەسسەن، ساڭا شۇنى ئېيتماقچىمەن، يېتەر ئەمدى!

بازارباي ھەتتا ئۆزىنى توسۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى. بوستون مىلتىقنى ئۇنىڭغا توغرىلاپ، مولجالغىمۇ ئېلىپ ئولتۇرماي تەپكىنى باستى. بازارباي سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، يۈك ماشىنىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنماقچى بولدى. لېكىن ئىككىنچى ئوق ئۇنىڭ نەق يەلكىسىگە تەگدى، بازارباي ئۈچ قېتىم سەندىرەكلىگەندىن كېيىن، بېشى كوزۇپقا تەگدى-دە، دۈم بولۇپ يىقىلدى ۋە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قارا يەرنى تاتىلىدى. ھەممە ئىش شۇنچىلىك تېز بولۇپ ئۆتتىكى، ئورنىدىن قىمىرلاپ قويۇشمۇ ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرمىدى. ئاخىرى، بىچارە كۆك تۇرسۇن داد-پەرياد سېلىپ ئۆزىنى ئېرىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. مانا شۇ چاغدىلا ھەممە قىي-چۇ قىلىشىپ، ئېتىلغان ئادەمنىڭ يېنىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى.

— قىمىرلاشما! — قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىرىدى بوستون ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ، — ھېچقايسىڭ جايىڭدىن قىمىرلاشما! — بۇيرۇق قىلدى ئۇ مىلتىقنى ھەممىگە بىر-بىردىن تەڭلەپ، — بارىدىغان جايغا ئۆزۈم بارىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقايسىڭ ئورنۇڭدىن قىمىرلاشما! بولمىسا، ئوقۇم ساماندەك! — ئۇ يانچۇقىغا ئۇرۇپ قويدى.

ھەممەيلەن چاقماق سوقۇۋەتكەندەك شاققىدە توختىدى،

www.uyghurkitap.com

نېمە گەپلىكىنى ھېچكىم چۈشەنمەيتتى، نېمە دېيىشنى بىلمەيتتى. تىللىرى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. بىچارە كۆك تۇرسۇنلا ئېرىنىڭ جەسىتى ئۈستىدە يالغۇز يىغلاپ قاقشىماقتا ئىدى.

— ئىتتەك ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، ئىتتىن پەرقىڭ يوق ئىدى! ئۆلتۈر، مېنىمۇ ئۆلتۈر، قاتىل! — بىچارە، شورلۇق كۆك تۇرسۇن ئۆزىنى بوستونغا ئاتتى، — مېنىمۇ ئىتتەك ئۆلتۈرۈۋەت. كۆزۈم زادىلا يورۇق دۇنيانى كۆرمىدى، بۇنداق ھاياتنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى! — ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر ۋارقىراپ دېيىشكە ئۇرۇندى، — بازاربايغا ئېيتتىم، بۆرە بالىلىرىڭغا تەگمە دېدىم. ياخشىلىقچا ئېلىپ بارمايدۇ دېدىم. لېكىن پەقەت قۇلاق سالمىدى. ھەتتا بۆرە بالىلىرىنىمۇ سېتىپ، پۇلىغا ھاراق ئىچتى.

ئاندىن ئىككى مالچى ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ، نېرىغا ئېلىپ كەتتى.

شۇ چاغدا بوستون ئەتراپىدا ئېسەنكىرەپ تۇرغانلارغا قەھرى بىلەن كۆز يۈگۈرتۈپ، ئاۋازىنى كۆتۈرمەي، لېكىن كەسكىن قىلىپ:

— بولدى، بارىدىغان جايغا ئۆزۈم بارىمەن، ھەممىسىنى ئۆزۈم ئېيتىمەن. ھەئە، ئۆزۈم ئېيتىمەن! سىلەر بۇ يەردىن قىمىرلىماڭلار. ئۇقتۇڭلارمۇ؟ — دېدى.

ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. ھەممە ئادەم بولۇپ ئۆتكەن ئىشتىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇراتتى. بوستون ئادەملەرنىڭ چىرايىغا بىر - بىرلەپ قاراۋېتىپ، مۇشۇ دەقىقىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئاللىقانداق سىزىقتىن ھالقىپ ئۆتكەنلىكىنى، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئاجراتقانلىقىنى چۈشەندى: مۇشۇ دەقىقىغىچە ئۇنىڭ ئەتراپىنى يېقىن ئادەملىرى قورشاپ تۇرغان، ئۇلار بىلەن بىللە ئايلار - يىللار يانمۇيان تۇرۇپ نەپەس

ئالغان، يەيدىغان ـ ئىچىدىغاننى تېپىشقا ئۇرۇنغان، كۆڭ
كەچۈرگەندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى، ئۇلارمۇ ئۇنى
ئوبدان بىلەتتى. ھەر بىرى بىلەن دادۇ مۇئامىلە قىلىشقانىدى،
لېكىن مانا ئەمدى ئۇلار پۈتۈنلەي ياتسىراپ قاراشماقتا.
مانا ئەمدى ئۇلاردىن مۇتلەق جۇدا بولدى، ئۇلار بىلەن
ھاياتنى باغلاپ تۇرغان يىپلارنىڭ ھەممىسى ئۈزۈلدى،
ئارىلىقتا ئەمدى گويا ھېچ نەرسە ۋە ھېچ ئىش قالمىدى، ئۇ
گويا ئۆلۈپ تىرىلگەندەك قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا
تېخىمۇ قورقۇنچلۇقتەك تۇيۇلاتتى. ئۇ شۇلارنى چۈشەندى.

بوستون ئېتىنى يېتىلەپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ
قارىمىدى. كۆل تەرەپكە، ئۆزى جاۋاب بېرىدىغان تەرەپكە
يول ئالدى. ئۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، كەينىدىن
سەل ئاقساپ، ئېگەر ـ جابدۇقلارنى شاراقلىتىپ ۋاپادار دون
كۆلنىك ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى.

ھايات زۇلمەتتى باشلانغانىدى...

— ماتا، دۇنيامۇ تۈگەشتى، — دېدى بوستون ئۆز
ئۆزىگە. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىر دەھشەتلىك ھەقىقەت ئايان
بولدى: مۇشۇ كەمگىچە يورۇق دۇنيا ئۇنىڭ ئۆزىدە جەملەن-
گەن ئىكەن، مانا ئەمدى شۇ دۇنيا تۈگىدى. ئۇ ئاسمان ئىدى،
ئۇ يەر ئىدى، ئۇ تاغلار ئىدى، ھەممە تىرىكلىكنىڭ بۈيۈك
ئانىسى پۈرە ئەكبەرە ئىدى، ئالامونگۇ مۇزلۇقلىرىدا ئەبەدىي
قېلىپ كەتكەن ئېرنەزەر ئىدى، ئۆز پۇشتىدىن تامغان ئاخىرقى
بىر پارچە گۆش، ئۆز قولى بىلەن ئېتىپ تاشلىغان كەنجەش
ئىدى، لەنەتكە قالغان، ئۆلتۈرۈلگەن بازارباي ئىدى. مۇشۇ

چاغقىچە نىمىلەرنى كۆرگەن، بېشىدىن نىمىلەرنى كەچۈرگەن بولسا، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۆز جاھانى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن ياشايتتى، ئۇنى دەپ ياشايتتى، مانا ئەمدى، گەرچە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن قانداق بولغان بولسا، شۇ پېتىچە باقىي قېلىشۋېرىدۇ، لېكىن ئەمدى بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۆزىلا بولمايدۇ. ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي باشقا ئالەم بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان، قايتىلانمايدىغان دۇنياسى بولسا ئەمدى يوقالدى، ئۇ ھېچقاچان، ھېچكىمدە تەكرارلانمىسۇن، ئۇ ئۇلۇغ ھالاكىتىگە يېتىپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا تامام بولدى.

كۆل بويىغا ئېلىپ بارىدىغان ئىنس - جىن بولمىغان دالا يولىدا بوستون بىردىنلا كەينىگە ئۆرۈلدى، ئېتىنى بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئېسىلدى ۋە ئەلەم بىلەن ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— ئاھ، دونكولىك، نېمە قىلىپ قويغىنىمنى سەنلا چۈشنىسەن! — دەپ ھۆركىرەپ يىغلىدى ئۇ پۈتۈن جىسمى تىترەپ، — مەن نېمە قىلاي؟ ئوغلۇمنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈردۈم. ئۇنى يەرلىكىدە قويماي كېتىۋاتىمەن، سۆيۈملۈك ئايالىممۇ يالغۇز قالدى.

ئاندىن ئۇ چۇلۋۇرنى ئورىدى، تىزگىننى دونكولىكنىڭ بويىنىغا باغلىدى، ئۇزەڭگىلەر ئاتنىڭ بىقىنىغا ئۇرۇلمىسۇن دەپ، ئۇلارنى ئېگەرنىڭ قېشىغا باغلىدى.

— بار، بارغىن، ئۆيگە بارغىن جانىۋار، مەيلى، نەنى خالىساڭ، شۇ يەرگە بارغىن! — ئۇ دونكولىك بىلەن ۋىدالاشتى، — ئەمدى بىزگە دىدار كۆرۈشۈش يوق!

ئۇ ئاتنىڭ ساغرىسىغا ئالقىنى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنى ھەيدىۋەتتى. ئات ئەركىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ، قورۇ ياققا مېڭىپ كەتتى.

بوستون يولغا چۈشتى...

ئىسسىقكۆلنىڭ كۆپكۆك قىرغىقى دارغانسىرى يېقىنلاشتى، ئۇ مانا شۇ بىر دەم غايىب بولۇپ، بىردەم يەنە ئۆز باغرىدىن ئۆزى يارىلىپ، دومىلاپ چېپىشىۋاتقان دولقۇنلاردەك كۆل باغرىدا بىراقلا يوق بولۇپ كەتسەم دەيتتى: ئۇ جېنىدىن تويغانىدى...